جالالدىن بەھرام

# ئاخىرقى دوقال

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

浑泉:第5部:维吾尔文/加拉力丁·巴合拉木著。一乌鲁木齐:新疆人民出版社,1999.9

ISBN7—228—05180—7

Ⅰ.浑… Ⅱ.加…Ⅲ.长篇小说一中国—当代一维吾尔语(中国少数民族语言)Ⅳ.1247.5

中国版本图书馆CIP数据核字(1999)第17486号

**浑泉(5)**(维吾尔文)

**最后的难关**

(长篇小说)

加拉力丁·巴合拉木 著

---

新疆人民出版社出版

(乌鲁木市解放南路348号 邮政编码830001)

新疆各地新华书店经销

乌鲁木齐市第十四中印刷厂印刷

850×1168毫米 32开本 18.875印张 7插页

1999年12月第1版 1999年12月第1次印刷

印数:1——5,000

---

ISBN7-228-05180-7/I·1953 定价:26.50元



جالالـدىن بەھرام

1996 - يىلى

## مۇندەرىجە


رەشىك ۋە كۆنداشلىق ئەسەبىيلىكى ...... 1

ساخاۋەتچىنىڭ پىغانلىق دەردى ...... 34

مەھكۇم بولغان سەبىي ...... 71

دوقال شەپىسى ...... 104

ئاخىرقى دوقال ...... 140

قەيسەر ئوغلانلا ...... 173

ساقايماس جاراھەت ...... 211

جەھەننەمدىكى جەننەتتەك كۆڭۈل ...... 246

قان تامچىغان قول يازما ...... 283

توزغان چېچەك ...... 319

يېتىمنىڭ تىلىكى، مەھكۇمنىڭ غەزىپى ...... 356

بورانلىق كېچىدە ...... 393

خەير ـ خوش بوستان ...... 428

كىندىك قان تۆكۈلگەن يەرلەر ...... 455

ئادەملەر ئۆچۈن ياشىغان ئادەم ...... 478

سولغان يۈرەك، ئۆچمەس داغ ...... 518

خوش دوستلار، خوش خوتەن ...... 562

# رەشك ۋە كۈنداشلىق ئەسەبىيلىكى

ۋاپاسىز قارا كۆڭۈلگە!

«ھېكمەت، مەن بۇ خەتنى يېزىۋاتقىنىمدا دەھشەتلىك ئىزتىراپتىن بېشىم گويا ۋاڭگىدە ئېتىلىپ كەتكۈدەك چىڭقىلىپ پۈتۈن تېنىم غەزەپ - نەپرەتتىن لەرزىگە كېلىپ، كۆزلىرىمدىن ئوت - چېقىنلار چاچراپ، پېشانەمدىن سوغۇق تەر تۆكۈلۈپ ئۆزۈمنى يوقاتقان ئەسەبىيلىك گىردابىدا تۇرۇۋاتىمەن! بىراق خۇداغا مىڭ قەتلە شۈكۈر ئەقىل - ئىدراكىمدىن ئايرىلىپ قالغىنىم يوق!… ئۇ ھېلىھەم بولۇپ ئۆتكەن ساختىلىقلارنى، بۈگۈنكى رەزىللىكلەرنى زەررىچە بولسىمۇ ئەسكە ئالالىغۇدەك كۈچ - مادارغا، تىرىك قالغان نېرۋىلارغا ئىگە ئىكەن !…

ھېكمەت، سىز مېنى ئۈرۈمچىگە بېسىم بىلەن ماڭدۇرغىنىڭىزغا (كۆزدىن يوقاتقان خۇشاللىقىڭىزغا) توپتوغرا ئۈچ يىلدىن ئېشىپتۇ، بۇ يىللاردا نېمىلەر بولۇپ ئۆتمىدى؟ قانداق پاجىئەلەر قارار تاپمىدى؟ ئەگەر مېنىڭ تۆككەن ياشلىرىم سەل بولۇپ ئاققىنىدا جاھاننى توپان سۈيى باسقان بولار ئىدى! ئاتەشلىك ئاھلىرىم سىڭگەن خەتلىرىم، سىزنىڭ قارا كۆڭلىڭىزدىن ئۆرتىنىپ كۆيگىنىدە ئالەم قىپقىزىل ئوت ئىچىدە تاۋلىنار ئىدى! مېنىڭ چەككەن پىراقلىرىمدىن گۈل - گىياھ، تالى - مەجنۇن، سەرۋى - چىمەنلەر سارغىيىپ بەرگى خازان پەسلىگە كىرگەن بولاتتى. بىراق، سىز غەيرىيلەرنىڭ تىكەنلىك باغلىرىدىن گۈل ئۈزۈپ زەھەر - زوقۇملىرىنى شەربەت دەپ بىلىپ بەخىرامان كۆڭۈل سەيلىسى قىلىپ يۈرگەچكە ھەممىنى ئۇنتۇدىڭىز! مەندەك بىغۇبار، پاك مەسۇمەنى قەلب بوستانىڭىز-

دىن يۇلۇپ تاشلىدىڭىز، كۆز قارىچۇقلىرىڭىزدىن ئۆچۈر-
دىڭىز، ھەتتاكى مەرھۇم ئاچامنىڭ ئۆلۈمى سىز ئۈچۈن بەجا-
يىكى توي، تەنتەنىلىك بايرام بولدى!...

مەن ئىمىدىگەن ساددا، ئەقىل لال قالغۇدەك ئەخمەقتۇر-
مەن! ئۆتكەن ئاشۇ يىللاردا سىزنى ئويلىمىغان بىرەر دەقىقە،
مىنۇتلىرىم بولمىدى! ... يازنىڭ زېرىكەرلىك ئۇزۇن كۈنلىرى،
قىشنىڭ ئادەم سەسكەنگۈدەك تاڭ ئاتماس تۈنلىرى سىز ھامان،
ھامان قېشىمدا ئىدىڭىز، ئۇيقۇ كارۋىنى بېسىپ، نەم كىرپىك-
لىرىم يۇمۇلىسىمۇ سىز يەنىلا كۆڭۈل قەسرەمدە كۈلۈپ تۇراتتى-
ڭىز. «ئەزىمەتنى باغرىمغا تېڭىپ، گۈلزىبا ئاچامنىڭ روھىنى
خۇش قىلىمەن!» دېگەن ئەھدىلەرنى قانچە - قانچە قېتىملاپ
زىكرى قىلغىنىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن. تىلەكلەرگە تولغان
خىياللار، مۇشكى - ئەمبەر پۇراق چاچقاندەك تاتلىق ئەسلىمىلەر
ھاياتىمنىڭ بىر بۆلىكى بولۇپ قالغاچقىمۇ چۈشلىرىمدىن چىقما-
مايتتىڭىز ... سىز ھامان ماڭا مەمنۇنىيەت بىلەن باش لىڭشى-
تىپ ئىللىق تەبەسسۇم قىلاتتىڭىز، ناۋادا بىرەركېچە چۈشلى-
رىمدە ئايان بولمىسىڭىز، گوياكى بۇ دۇنيادا ئۆزۈمنى يوقىتىپ
قويغاندەك بەختسىزلىك، ناتىۋانلىق مېنى ئۆز قۇچاقلىرىدا قىي-
نايتتى. شۇنداق، ئۇ چاغلاردا شېرىن ئارزۇ، تاتلىق ئۈمىدلى-
رىم دەريا بولۇپ ئاققانىدى! مانا ئەمدىلىكتە قەلبىم قۇپقۇرۇق،
كۆڭۈل باغلىرىم ياپراقسىز، گۈل - چېچەكسىز ھۇۋۇلداپ
قالدى!

ھېكمەت! مەن سىز ئۈچۈن ئاچچىق ياشلارنى تۆككىنىم،
تالاي - تالاي ھەسرەتلەرنى چەككىنىم راست. ئەمما، ھازىر
ئۇلارنى ئويلىسام پۈتۈن ۋۇجۇدۇم ئېچىنىشتىن ئوت بولۇپ
يانىدۇ. نېمىشقا دەمسىز؟ سىز ئۇ چاغلاردا ئوقۇمۇشلۇق، نا-
زۇك تەبىئەتلىك، شېرىن سۆزلۈك، رەسمىي يوسۇن تەكەللۇپ-
لەرگە تولىمۇ ئۇستا، ۋاپادار، ياخشى خۇيلۇق يىگىت ئىدىڭىز.

مەن سىزنىڭ دىيانەت، پاكلىق ئۇچقۇنى بىلەن يانغان، قەلبىڭىزنىڭ مېھىر - سەمىمىيىتى نۇر بولۇپ تۆكۈلۈپ، كىشىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدىغان ئاجايىپ كۆزلىرىڭىزگە ئىشىنەتتىم. لېكىن، ھەممىشەم ئىلھام، پىكىر، مۇھەببەتنىڭ تازا نۇرى بىلەن يانغان كۆزلىرىڭىزنىڭ تەكتى سەھراسىدا مۇناپىقلىق بىخلىرى بىخلانغانلىقىنى ئويلىمىغانىكەنمەن!

ئاچامنىڭ مەجبۇري تويى قىلىنغاندىن كېيىن، بۇ بىخ نوتا سۇرۇپ كۆزگە چېلىقتى. «توۋا بۇ تۆھمەتنى» دەپ ياقىڭىزنى تۇتماڭ! ئېسىڭىزدىمۇ، مەن يېڭىئېرىق سۇ ئامبىرىغا ئاچامنىڭ تويي خەۋىرىنى ئېلىپ چىققىنىمدا سىز راست - يالغاندىن لايغا ئۆزىڭىزنى ئېتىپ، يىغلاپ قاقشىغاندەك بولدىڭىز (ھەر ھالدا ئوخشاتتىڭىز.) مەن: «ھېكمەت ئاكا، ئەمدى قانداق قىلاي دەيسىز؟» دەپ سورىغىنىمدا، سىز ھېچ ئىش يۈز بەرمىگەندەك: «نېمە قىلىشنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن، قۇربان ھاكىم كەلگەندە بىر گەپ بولار» دەپ سۇسلا جاۋاب بەردىڭىز. ئۇ چ'ىدا مېنىڭ يولدا كەلگۈچە «ھېكمەت ئاكام بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ھوشىدىن كېتىدۇ، ھەتتا ئەسەبىيلەرچە شەھەرگە يۈگۈرىدۇ ۋە كېرىموفنىڭ ياقىسىدىن بوغۇپ چوڭ ھادىسە تۇغۇلىدۇ» دەپ ئويلىغانلىرىم كۆپۈككە ئايلانغانىدى. بىز ھەممىمىز كۈلپەت ئىچىدە ئۆرتىنىۋاتقان، گۈلزىبا ئاچام ئۆلۈم خېتى يېزىپ قويۇپ ياش ھاياتىدىن ئۈمىدى ئۈزۈلگەن ئازابلىق كۈنلەردە، سىز شەھەرگە كىرىپ تويي ئوينىدىڭىز. ئۇنتۇپ قالمىغانسىز، قۇربان ھاكىمنىڭ قىزى ماھىنۇرنىڭ تويىدا گۈلۋاغ رەستىلىرىنى چاك كەلتۈرۈپ گارمۇن چالدىڭىز، ناخشا ئېيتتىڭىز! بۇنداق كۆڭلى قارىلىق قىلىشىڭىزنى كىممۇ ئويلاپ يەتكەن؟! شۇ چاغدا بىچارە ئاچام دەرەخ دالدىلىرىدا، تام ياقىلىرىدا يۇم - يۇم ياش تۆكۈپ، سىزگە تەلمۈرۈپ يۈرگەنلىرىدە سىز ئۇنى ئويلاپ قويدىڭىزمۇ؟! ئەدناسى، ئۇنىڭ باغرىدىكى بالىڭىزمۇ

ئېسىڭىزدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەنمۇ؟! ئېھتىمال سىز ئۇنى «بۇلغاندى» دەپ كۆڭۈل دەپتىرىڭىزدىن ئۆچۈرۈۋەتكەن بولىغىيدىڭىز، بىراق، بىلىپ قويۇڭكى ئاچامنىڭ پاك مۇھەببىتى، سىزگە ۋاپادار دىيانەتلىك قەلبىنىڭ پىنھانلىرىدا، يۈرىكىنىڭ قات - قاتلىرىدا ئىدى! بىراق، سىز ئۇنىڭ ئەقىدىسىنى پايخان قىلىپ، ئۆزىنى خازان قىلدىڭىز. ئۇ سولدى، سارغايدى، قۇرۇدى، خەستە تۇپراققا ئايلاندى! ئەمما، گۈلنىڭ تونى قىرىق يارماق، يوپۇرماقلىرى يىرتىق بولسىمۇ، ھۆسنى پاكىز بولغىنىدەك ئاچامنىڭ بارلىق كۆرۈنۈشى پاك يۈرىكىدە ئىدى. ھېلىھەم ئېسىمدىن چىققىنى يوق، ماھىنۇرنىڭ تويى بولۇپ ئەتىسى ئەتىگەندە مەھبۇبە ماڭا ھەجىيىپ تۇرۇپ: «ئاخشام قاراشال يېپىنغان گۈلزىبا ئاچام بىر دەستە گۈلنى ھېكمەت ئاكامغا سۇنغانىدى، ئۇ قوبۇل قىلمىدى» دەپ مېنىڭ يۈرەك - باغرىمنى ئۆرتىۋەتتى. ئەجەبا ھەممىتىڭىزنىڭ ئاسمىنىنى شۇنچە تېز بۇلۇت قاپلاپتۇ. قېنى سىزدىكى سۆيگۈ ئىرادە يۇرۇقچىلىق سولىرىغا قاراپ قىلغان قەسەملىرىڭلار شۇ چاغدىلا ئېقىن بىلەن بىللە كەتكەنمۇ؟! دەرەخ غولىغا ئويۇلغان قوش يۈرەك ۋاپادارلىقنىڭ سىمۋولىمۇ ياكى ۋاپاسىزلىقنىڭ نىشانىسىمۇ؟!

ۋاپاسىز ھېكمەت! مەن «يۈرەكنىمۇ تۆمۈردەك دات باسىدۇ» دېگەن تەمسىلنى ئاڭلاپ ئەجدادلىرىمىزدىن كۈلگەن ئىكەنمەن. ئەمدى ئويلىسام ئۇلار توغرا ئېيتىپتىكەن. يۈرەكنى داتلا ئەمەس، بەلكى قۇرت يەيدىكەن، چىرىيدىكەن، ھەتتا بىر پارچە سېسىق گۆشكە ئايلىنىدىكەن! مەن شۇنىڭغا دىققەتمەنكى، گۈلچىنئاينىڭ بۆشۈك تويى بولغان كۈنى مەھبۇبە: «ھېكمەتكامنىڭ گارمۇنىنى ئاڭلىغۇم بار» دەپ يىلىنسا مەنمۇ ئۇنى بىللە ئېلىپ كەپتىمەن، ئۇنىڭ ھە دېسىلا ئىشىكتىن مارىشى، كۆزلىرىنى يالت - يۇلت ئوينىتىپ مېھمانخانىغا قارىشى، دېرىزىلەردىن بويۇنداپ قىزىرىپ كېتىشى مەندە غەيرىي خىياللارنى تۇغدۇرغا-

نىدى. دېگەندەك سىز مېھمانخانىدىن چىقىپ ھويلىدىكى كارىۋاتتا، ئۇششاق باللارنىڭ ئويۇنلىرىنى كۆرگەن بولۇپ ئولتۇردىڭىز. مەن ئىچىمدە: «گۈلزىبا ئاچامنىڭ يوقلۇقى ئەسەر قىلدى» دەپ ئويلىغاچقا، سىز ھەققىدە كۆڭلۈمدە ھېچقانداق شۈبھە كەچكەن ئەمەس ئىدى. لېكىن، ھازىر شۇ چاغدىكى سىزنىڭ ئاشخانىدا چىنە ـ قاچىلارنى يۇيۇۋاتقان مەھبۇبەگە كۆز قىرىڭىزدا قاراپ قويغان ھالەتلىرىڭىزنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرگىنىمدە، سىز مەقسەتلىك ھالدا «ئۇۋۇ» ئۇۋلاپ چىققان ئىكەنسىز! خۇددى باخشىنىڭ دېپى يېرىلسا، گەردىشى مايمۇنغا ئويۇنچۇق بولغىنىدەك، گۈلزىبا ئاچامنىڭ ئۆلۈمى ھەر ئىككىڭلارغا بايرام شادلىقى بولغان! ئېھتىمال سىز «مەھبۇبەنىڭ قارا نىيىتىدىن بۇرۇن راستىنلا خەۋىرىم يوق ئىدى» دەپ ئۆزىڭىزنى قاچۇرۇشىڭىز مۇمكىن. ئەجەبا، لوپتا ئېغىز ـ بۇرۇن يالىشىپ يۈرگەن چاغلىرىڭلاردىمۇ ئۇ ئىپلاس ئەزىمەت توغرولۇق زۇۋان سۈرمىدى! كېرىموف ھىيلە ـ مىكىر بىلەن پەيدا قىلغان توي خېتىنى قويىنىدىن چىقارغاندا، ئۇنىڭغا شاھىت بولغان ئۈچ قىزنىڭ ئىچىدە مەھبۇبەنىڭ بارلىقىنى بىلمەمسىز؟ ھەتتا بۇ ئىبلىسنىڭ بەرگەن گۇۋاھلىق خېتىنىڭ كاساپىتىدىن ئاچامنىڭ سوتتىن قان قەي قىلىپ چىققانلىقىدىن خەۋىرىڭىز يوقمۇ؟! سوتتىكى شۇ زەربىدىن كېيىن ئاچام كۈن تەگمىگەن گىياھتەك كۈندىن ـ كۈنگە سولىشىپ، سارغىيىپ ئۆرە بولالمىدى ...

ھېكمەت! سىزدە تۇراقلىق پىكىر، تەۋرەنمەس مەۋقە ئەسلا بولمىغان، بولمىسا مەھبۇبەنىڭ شۇنچە رەزىللىكلىرىنى بىلىپ تۇرۇپ توي قىلارمىدىڭىز؟ بوپتۇ، بۇرۇن «بىلمىدى» دەيمۇ پەرەز قىلايلى، لېكىن توي قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئەزىمەتنىڭ سېتىلىپ كېتىش پاجىئەسىدە مەھبۇبەنىڭ قولى بارلىقىنى بىلدىڭىز، شۇنداق تۇرۇقلۇق بىر چاياننى ھازىرغىچە قويىنىڭىزدا ساقلاپ كېلىۋاتىسىز، ھەتتا بىر قىزىڭىزمۇ بولدى. بىلىپ

قويۇق، ئۇ سىزنىڭ قىزىڭىز بولسا، ئەزىمەت كۆز ئېچىپ
كۆرگەن يۈرەك پارىڭىز، تاقەتسىز تەلپۈنگەن ئىككى قەلبىنىڭ
چىن مۇھەببەت مېۋىسى، تاتلىق شەربىتى ئىدى. ئەگەر مەھبۇبە
دېگەن نىيىتى بۇزۇق ئەزىمەتكە قىلغان سۇيىقەستىنى ئۆز ۋاقتىـ
ـدا دېگەن بولسا، ئانام ۋاقىتسىز ئۆلەرمىدى، ئۇكام نەبىنىڭ
ياشلىق چىرايى بۇزۇلۇپ، شۇنچە دىشۋارچىلىق تارتارمىدى،
ئەزىمەتمۇ ئۆز ۋاقتىدا تېپىلماسمىدى؟ شۇنچە قارا يۈزلۈكنى
قىلغان بۇ پاسكىنىنىڭ نەزىرىدە بىز «دېۋانىلەر»، «كېسەل
كۆرپىلىرى» بولدۇقمۇ، سىز قىلغان ھەممەتلىرىڭىزنى ماختىـ
ـنىپ ھېكايە قىلمىسىڭىز، بۇ رەسۋانىڭ ئاغزىدىن ئاشۇنداق
سېسىق پوق ئاقارمىدى؟!

ھېكمەت! جان - جىگەر ئوغلىڭىزنىڭ يوقاپ كېتىشى، ئۇنىڭ دەردىدە ئانامنىڭ ۋاقىتسىز ئالەمدىن ئۆتۈشى، نەبىنىڭ چۆل - باياۋانلاردا، يات يۇرتلاردا سەرسانە، دېۋانە، قەلەندەر بولۇپ ئۆكىسىنى ئىزدەپ تارتقان رىيازەتلىرى كۆز ئالدىڭىزغا كەلگەندە ۋىجدان ئازابى ھېس قىلمامسىز؟! بەلكىم سىز ئەزىـ ـمەتنىڭ يوقىلىپ كەتكىنىگە خۇش بولدىڭىز، ئەگەر ئەزىمەت بولغان تەقدىردىمۇ «چىرايلىق» خوتۇنىڭىزنىڭ ئالدىغا ئۇنى «سوغۇق زەللە» قىلىپ قانداق ئاپىراتتىڭىز؟! «چىرايلىقنىڭ نازى دېۋىنى پىلىك قىلالايدۇ» دېگەن تەمسىل بارغۇ. بولدى بەس، مەن بۇنداق سۆزلىسەم، سۆزنىڭ كاللەك يىپى ئۈزۈلمەي چۇۋۇلۇۋېرگۇدەك ... قىسقىسى، سىز بۇ دەلىللەر ئالدىدا دىيا- نىتىڭىزنى، پەزىلىتىڭىزنى ئەخلاق تارازىسىغا سېـ ـلىپ ئۆلچەپ كۆرۈڭ!»

خەتلەر تىترەپ تۇرغان قوللاردىن سىيرىلىپ يەرگە چېچىلـ ـدى. ھېكمەت گاراڭ بولۇپ قالغانىدى. ئۇنىڭ بىر كۆتۈرۈ- لۈپ، بىر پەسىيىپ تۇرغان كۆكرىكى بەئەينى زەربىگە ئۇچراپ تولغىنىۋاتقان يىلاننى ئەسلىتەتتى. دەرۋەقە، خەتتە يېزىلغانلار-

نىڭ ھەممىسى ھەقىقەتتەك، ئاشۇ ئىپلاسلىقلارنى ئۆزى قىلغان
گۇناھكاردەك، ۋىجدانىنى ئۆرتىمەكتە ئىدى. توۋا، ئايىغىدا
قۇرت ئۆلمەيدىغان، چۇمۇلىگىمۇ ئازار بېرىشنى كۆڭلى راۋا
كۆرمەيدىغان بىر ياۋاش قىزنىڭ ئۈرۈمچىگە بېرىپ تۆت
يىل بولا - بولمايلا زۇۋاندار بولۇپ كەتكىنىنى كۆرۈڭ. بۇ
گەپچە گۈلزىبانىڭ قاتىلى، بۇمەرەمخاننىڭ ئۆلۈمىنىڭ سەۋەب-
چىسى، ئوغلىنىڭ گۇناھكارى، نەبىنى سەرسانلىققا سالغان
ھېكمەت ئىكەن - دە، ئۇ ھازىر خالىق، كېرىموف، تۇردىلار-
دىنمۇ بەتتەر مەخلۇق بولۇپ قالمىدىمۇ! ؟ ھېكمەت خەت يازمى-
دى ئەمەس، ئۇ بۇنىڭدىن ئىككى يېرىم يىل ئىلگىرى ماھىگۈل-
نىڭ خېتىگە جاۋاب يازغانىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن پۈتۈن ئالەمنى
جەڭگە - جېدەل قاپلاپ كەتتى. ھەممە ئادەم ئۆز ھەلەكچىلىكى،
جان قايغۇسىدا بولۇپ قالغاندا خەتلەردىن گەپ ئېچىش مۇمكىن-
مۇ، ماھىگۈل بۇلارنى چۈشەنمەمدىكىنە؟ ئۇنىڭ يازغىنى خەت
ئەمەس گويا ئادەمنىڭ ئىچ - باغرىنى كۆيدۈرۈپ، كۆيۈندىگە
ئايلاندۇرغۇدەك ئوغىغۇ، ھېكمەتنىڭ ئۇنىڭسىزمۇ تارتقان كۈن-
لىرى ئازمۇ؟ گۈلزىبا، ئوغلى ئەزىمەت، ئاتا - ئانىسىنىڭ
جۇدالىق پىراقلىرىچۇ، ئەگەر مۇرات ھايات بولغان بولسا بۇ
خەتنى كۆرۈپ نېمىلەر بولۇپ كېتەر ئىدى؟! ئۇ بۇنداق ئىشلار-
غا زادىلا چىداپ تۇرالمايتتى.

بىردىنلا دوستى مۇرات ئېسىدىن كەچكەن ھېكمەتنىڭ كۆز
جىيەكلىرى قىزىرىپ، ئۆپكىسى ئۆرۈلدى. بۇ ئازابقا لەنىتى
خەتنىڭ زەھەر - زوقۇملىرىمۇ ئارىلىشىپ كەتكەن بولۇپ،
ئۇنىڭ يۈرەك - باغرىنى ساپان سالغان ئېتىزدەك تىلمۇۋەتكەن-
دى. ئۇ ماھىگۈلنى بۇنچىلىك قارا كۆڭۈللۈك قىلىدۇ، دەپ
ھەرگىز ئويلىمايتتى.

نېمە قىلارىنى بىلمەي قالغان ھېكمەت چېچىلىپ كەتكەن
خەتلەرنى بىر - بىرلەپ ئالدى. ئاندىن بىردىنلا ئېغىرلىشىپ

كەتكەن تېنىنى رۇسلاپ كامىلنىڭ ياتىقىغا ماڭدى. ئۇ بۇ نومۇسسىز، تۆھمەتلىك خەتتىن چەكسىز دەرد - ئەلەم ۋە غەزەپ - نەپرەتكە چۆمگەنىدى، شۇڭا يولنىمۇ پەرق ئېتەلمەي دېگۈدەك كېتىۋاتاتتى.

مەشكە قاقلىنىپ گېزىت كۆرۈۋاتقان كامىل ھېكمەتنىڭ بايىلا بىر ئوبدان تۇرغان چىرايىنىڭ تاتىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ دەرھال ئورنىدىن تۇردى - دە، گېزىتنى كارىۋات ئۇستىگە تاشلىدى. ئۇ دوستىنى كارىۋاتقا تەكلىپ قىلىپ، ئۇنىڭ قولىدىكى پۇرلەنگەن خەتلەرگە قارىدى. ھېكمەت بولسا يەردىن كۆز ئۈزمەي نېمىگىدۇر قادىلىپ ئولتۇراتتى. كامىلنىڭ كۆڭلىدىن «غۇلجىدىكى ئاپىسى ساقمىدۇ ياكى ئىسكىرىپكىچى قىز يەنە كونا ئوتلارنى پۈۋلىگەنمىدۇ ياكى زەيتۇنە ...» دېگەن خىياللار تىزىلىپ ئۆتتى. دوستىنىڭ تەقەززالىق ئىزتىراپىدا ئۆزىگە تىكىلىپ تۇرغانلىقىنى كۆرگەن ھېكمەت خەتنى كامىلغا سۇندى.

ياتاق ئىچىنى شۇنچىلىك جىمجىتلىق باستىكى، پەقەت ھېكمەتنىڭ ئېغىر تىنىشى بىلەن قەغەزنىڭ شىتىرلىغان ئاۋازىدىن باشقا ھېچقانداق تىۋىش يوق ئىدى. كامىل خەتنىڭ ئېغىر ۋەزنىلىك سەھىپىلىرىنى قايتا ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن ئۇستەلگە ئاستا قويدى - دە، خىيالغا پاتتى. ئۇنىڭ سەل قىسىلغان ئۆتكۈر كۆزلىرىدىن چېقىنلار چاچراپ، زاڭاق گۆشلىرى لىپىلدىدى ۋە «تۇزكور» دېگىنىچە جىمىپ كەتتى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن گۈلزىبانىڭ ۋەسىيەتنامىسى، ماھىگۈلنىڭ «ئوقۇشقا بارمىسام، ئەزىمەتتىن خەۋەر ئالسام، جېنىم كامىل ئاكا، مەن سىزدىن ئۆتۈنۈپ قالاي» دەپ يالۋۇرغان ۋاقىتتىكى قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرىدىن توختىماي تۆكۈلۈۋاتقان ياشلار ... يۈزلىرىنى ئالىقانلىرىدا توسۇۋېلىپ، تەتۈر قارىغىنىچە: «ۋاي خۇدايىم، ھېكمەت ئاكامدىن ئايرىلىش، بۇ ... بۇ نېمىدېگەن دەھشەت ... بەكمۇ كۆڭۈل قارىلىق» دېگەن چېغىدىكى دولىسىنىڭ تىترەش-

لىرى بىر - بىرلەپ ئۆتتى ... ماھىگۈلنى ئاقلاشقىمۇ، ئەيىب-
لەشكىمۇ ئورۇن يوق ئىدى! ئاتا - بوۋىلىرىمىز: «يېتىمگەدا كىم
ئولتۇرسا ۋاپادارلىق شۇ، بېشىڭنى كىم سىلىسا ماشايىقلىق شۇ»
دېگەنىكەن. ھېكمەت، گۈلزىبا بىلەن يۇرۇۋاتقان چاغلاردا ماھى-
گۈلنىڭ كۆڭلىرى كىرپىكتىكى قەترە ياشتەك تىترەپلا ئۆتتى.
ھەر قېتىم ئاتا - ئانىسىنىڭ يولسىزلىقلىرى، كېرىموفنىڭ
بېسىملىرى، ھېكمەتكە نىسبەتەن ھاقارەتلىرى يۈز بەرگىنىدە
ئۇ: «ئاچامنىڭ مۇھەببىتى جۇدۇندا قالارمۇ، دۇنيادا بىرلا
كۆڭۈل خۇشى بولغان ھېكمەت ئاكام سوۋۇپ كېتەرمۇ، ئاچامنى
داغدا قويارمۇ؟!» دەپ ئەنسىرەپلا ئۆتتى. شۇڭا، ھېكمەت
بىلەن گۈلزىبا كېچىلىرى يالغۇز - يېرىم ئۇچراشقانلىرىدا كۆڭ-
لى نېمىدىندۇر ئۆيگەندەك قوناقلىقلاردا، قانداقتۇر دالدىلاردا
يوشۇرۇن كۆزىتەتتى. بولۇپمۇ ھېكمەتنىڭ ھاياتى بىلەن ھېساب-
لاشماي ماھىگۈلنى قىمارۋازلار قولىدىن قۇتقۇزۇشى، ئۇنى تو-
لۇق سىنىپقىچە ئوقۇتۇشى، ئۇكىسى نەبىنى ئۆلۈم ئاغزىدىن
تارتىپ ئېلىپ چىقىشى، ئانىسىغا ھىممەت قولىنى سۇنۇشى،
ئاچىسىنىڭ دەرد - پىغانلىرىغا ئورتاق بولۇپ، بىللە ئازاب
چېكىشتەك ئىنسانىي پەزىلەتلىرى ماھىگۈلنىڭ قەلب ئابىدىسىگە
پاك پەرىشتە، مۇقەددەس پەدەرسىيماسىنى ئويغانىدى. شەپقەت-
لىك ئاتا شاپائىتىدىن مەھرۇم بولغان بۇ ناتىۋان قىز ھېكمەتنى
كۆڭلىدە شۇنچىلىك ئۇلۇغلايتتى، قەدىرلەيتتى، چوقۇناتت-
تى، ھەتتا ئۇ ئۆمرىنىڭ ئاخىرغىچە ئاشۇ شەپقەتلىك چىد-
رايغا، مېھرى ئىللىق كۆزلەرگە خىزمەت قىلىشنى چىن
دىلىدىن خالايتتى ... خەيرىيەت، گۈلزىبا بىمەھەل ئالەمدىن
ئۆتتى. ئەمدى ماھىگۈل قەلب ئابىدىسىگە ئويۇلغان ئاشۇ
ئۇلۇغ پەدەر، پاك پەرىشتە سىيمالىرىنى قانداقمۇ چىقىرىۋېتەلە-
سۇن، بىرولارغا ئۆتكۈزۈپ بەرسۇنمۇ يا؟! ياق ... ياق، زىنھار
ئۆتۈنمەيدۇ، ئاچىسى ۋەسىيەت قىلىپ ئۆزىگە قالدۇرغان گۆ-

ھەرنى قانداق قىلىپ يات بىرولارغا تاشلاپ بەرگۈدەك ... ماھىگۈل ھەرقانچە ياۋاش، سەممىي، سادda كۆڭۈل بولسىمۇ ئۇنداق ئەخمەقچىلىقنى قىلمايدۇ ...

كامىل بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇستەلدىكى خەتلەرگە ئېغىر نەزەر تاشلىدى. دەرۋەقە، ماھىگۈلنىڭ يۈرىكىدە بىخلانغان ھەسەت ئوتى ھېكمەتكە بولغان ئەقىدىسىنى بىكار قىلىپ، ئېتىقادىنى سۇسلاشتۇرۇۋەتكەنىدى. ئىنسانلار ھەمىشەم ھەق يولىنى ئەقلىنىڭ نۇرى بىلەن تاپقان، قىسمەت - قىسمەت مۇشكۇللەرنىمۇ ئەقىل بىلەن ھەل ئەتكەن. بىراق، رەشك ھەم كۇنداشلىق ماھىگۈلنىڭ كۆزىنى كور قىلىپ، ئىرادىسىنى سۇندۇرۇپ، ئەقلىنى ھېسسىياتقا يەم قىلىپ بەرگەن، نەتىجىدە غەزەپ - نەپرەت تەنتەنە قىلغان.

— ھېكمەت، كۆڭلۈڭنى بۇزما، — دېدى كامىل دوستىنىڭ ھەسرەتلىك چىرايىغا قاراپ، — ئەھۋالدىن قارىغاندا بىرەر كىم سېنىڭ ئەھۋالىڭدىن، يىگىنىنى تۇۋۇرۇك قىلىپ كۆرسىتىپ خەت يازغان ۋە ماھىگۈلنىڭ خامىنىغا ئوت قويغان.

— بولدى، ماڭا تەسەللىي بەرمە، — ھېكمەت ئەلەملىك كۈلدى، — ئۆزۈم ئەسكى، ئەسلىدە مەھبۇبە بىلەن توي قىلىمىسام بوپتىكەن.

— ھە، پۇشايمان قىلىۋاتامسەن؟ — كامىلنىڭ قاپاقلىرى تۈرۈلدى، — ماھىگۈلنى ئۆز ۋاقتىدا سايە قىلساق «ئۆز سىڭلىمدەك»، «ئوقۇغۇچىم...» دەپ ئۇنىمىدىڭ. ئىچىمدىكى گەپنى قىلسام، ماھىگۈلنى ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىڭ ئۈچۈنلا ئۇنى كۆزدىن يوقاتماقچى بولدۇڭ. ھە ئالىيسەنغۇ ...

— بولدىلا، ئۇ چاغلاردىكى ئىشلارنى كوچىلاشمايلى، — دېدى ھېكمەت قولىنى سىلكىپ، — ھەرقانچە ئاچچىقى كەلدى دېگەندىمۇ، شۇنچىلىك رەزىل تۆھمەتلەرنى قىلامدۇ؟

— ماڭا قارا ھېكمەت، — كامىل ئېغىر تىندى، —

بەختكە، مۇھەببەتكە ئەسەبىيلەرچە ئېتىقاد باغلىغان قىز، ئۆز كۆمۈچىگىلا چوغ تارتىپ، باشقىلارغا شەپقەتسىزلىك قىلىشتىن يانمايدۇ، كۈنداشلىق بالاسىغا مۇپتىلا بولغان ئادەم ھەتتا ئۆزد-ىنىڭ دۇنيادا بار - يوقلۇقىنىمۇ ئۇنتۇپ كېتىدۇ. ماھىگۈلنىڭ بۇ خېتى نەق رەشك ۋە كۈنداشلىق ئەسەبىيلىكىدىن تۇغۇلغان ۋەھشىيلىك. ئۇ بۇ ئارقىلىق ئىچىگە تۇشۇپ كەتكەن دەردلىرىنى تۆھمەت - بوھتانلار بىلەن ئىزھار قىلغان بولسى-مۇ، ئۆزىنىڭ سىنى مەجنۇنلارچە ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ئاش-كارىلاپ قويغان...

— قىزىق گەپ بولدى - دە، بۇ، — ھېكمەت زەردە بىلەن دىمىغىنى قاقتى، — ياخشى كۆرگەن ئادىمىنى «مۇنا-پىق»، «قارا كۆڭۈل» دەپ تىللىسا، «گۈلزىبانىڭ ئۆلۈمى سەن ئۈچۈن بەجايىكى بايرام بولدى» دەپ ھاقارەتلىسە...

— شۇنى ئېسىڭدىن چىقارما، ئەگەر ئادەمگە تەسەۋۋۇردىن ھالقىغان زەربە بېرىدىنلا ھۇجۇم قىلسا، — دېدى كامىل سەل ئويلىنىپ، — تەندىكى پۈتۈن نېرۋا سىستېمىلىرى تورمۇزلى-نىپ، ئەقىل خىرەلىشىدۇ - دە، ئۆزىنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىد-نى بىلەلمەيدۇ. خەتنى ماھىگۈلنىڭ قولى يازغان، ئەقىل ئۇنى باشقۇرالمىغان! بۇ خۇددى جۆيلىگەن ئادەمنىڭ كۆزى ئوچۇق ئۇخلاقلىق تۇرۇپ، شوتىغا يامىشىپ ئۆگزىگە چىققىنىغا ئوخشاش ئىش...

— مېنىڭچە ماھىگۈلگە خەتنى، — دېدى ھېكمەت ئوي-چان ھالدا، — مەھبۇبە يازدىمىكىن دەپ گۇمان قىلىمەن.

— نېمە، مەھبۇبە دېدىڭما؟، — كامىل كەسكىن رەت قىلدى، — بۇ خەت سىنىڭ كاللاڭنى ئىلەشتۈرۈپ قويدىمۇ قانداق؟ ھەرقانچە بولسىمۇ ئۆزىنىڭ ساختا توي خېتىگە شاھىت بولغىنىنى، سوتقا گۇۋاھلىق خەت بەرگىنىنى، ئەزىمەتنىڭ سې-تىلىپ كېتىشىدىن خەۋىرى بار تۇرۇقلۇق يوشۇرغانلىقىنى ئېي-

تىپ ئۆزىنى ئاشكارىلاپ يۈرمەس...
ماھىگۈلنىڭ خېتىدىن ئۆزىنى يوقىتىپ قويغان ھېكمەت بۇنداق نازۇك تەرەپلەرنى ئويلاپ يەتمىگەنىدى. ئۇلار خەتنى كىم يازغانلىقىدىن بىر ئاز تالاش - تارتىش قىلغان بولسىمۇ بىر پىكىرگە كېلەلمىدى. ھېكمەت خەتنى يانچۇقىغا سېلىپ ئورنىدىن تۇردى. لېكىن، كامىل ئۇنى توختىتىپ گېزىتنى قولىغا ئالدى ۋە ئۆزى ئاستىغا سىزىپ قويغان قۇرلارنى كۆرسەتتى، ئۇ قۇرلاردا مەملىكەت بويىچە بارلىق ئىدارە - ئورگان، مەكتەپ - كارخانا، زاۋۇت - فابرىكا ۋە تەتقىقات ئورۇنلىرىغىچە كۆپلەپ ھەربىي ئىدارە قىلىش خىزمەت گۇرۇپپىلىرى، ئىشچىلار تەشۋىقات گۇرۇپپىلىرى، كەمبەغەل - تۆۋەن ئوتتۇرادېھقان ۋەكىللىرى خىزمەت گۇرۇپپىلىرىنى چۈشۈرۈپ «ئۈچ خىل» يامان ئادەملەرنىڭ ئەدىبىنى بېرىش شەرھلەنگەنىدى.
ليەنجەن بۇدۇي قۇرۇلۇپ جايلاردىكى ئەلەم كۈرشىگە خاتىمە بېرىلگەنىدى. شۇنداقلا مەركىزىي مەدەنىيەت ئىنقىلابىي ئىشخانىسىدىن مەملىكەت بويىچە تارقىتىلىۋاتقان: «ئىنقىلابنى تۇتۇپ، ئىشلەپچىقىرىشنى ئىلگىرى سۈرۈش»، «ئوقۇشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، ئىنقىلاب قىلىش»، «دازاچاڭ (ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاش) نى دەرھال توختىتىش»، «جاھىللىق مەيداندا چىڭ تۇرۇۋالغان تەرەپباز تەشكىلاتلىرىنىڭ بۇزۇق كاتتىۋاشلىرىنى جازالاش» دېگەندەك ھۆججەت ۋە ماتېرىياللار بۇنىڭدىن كېيىنكى ئەمىنلىكتىن دېرەك بېرىپ، ئۆزئارا قىرغىنچىلىق، بۇلاڭ - تالاڭ، ئۇرۇش - چېقىشلارنىڭ دەردۇ - بالاسىنى يەتكۈچە تارتقان ئاۋام خەلقنىڭ تاتارغان چىرايلىرىغا قان يۈگۈرۈپ، يۈرىكى ئورنىغا چۈشكەندەك بولغانىدى. بىراق، بۇ ماقالە كەڭ زىيالىيلار ۋە ئىدارە - ئورگان رەھبەرلىرىنى باشقىدىنلا چوڭقۇر ئوي ۋە ئەنسىزلىككە سېلىپ قويدى. ھېكمەت، كامىل-

نىڭ جىددىيلەشكەن چىرايىغا بىر ھازا تىكىلىپ قالدى.

— ماقالىنىڭ روھىغا قارىغاندا، — دېدى كامىل جىددىي تەلەپپۇزدا، — ئەمدىكى ۋەزىيەتتە، ئۇرۇش مالىمانچىلىقىنىڭ ئورنىنى ئىدېئولوگىيە كۈرىشى ئىگىلەيدۇ، بۇ كۈرەش قۇربانسىز بولۇشى ناتايىن ...

— گېپىڭگە قارىغاندا، زىيالىيلار تاغلىقلارنىڭ ھەر ئىككىلا يۈزىنى ئۆرۈپ - چۆرۈپ پىشۇرىدىغان قوتۇرماق نېنى بولىدىكەنمىز - دە، — دېدى ھېكمەت زەردە بىلەن، — ئۆمرىمىزدە غەلۋە - غۇدۇرسىز، ھەرىكەتسىز، تىنچ دەۋرلەرنى كۆرىدىغان كۈنلىرىمىزمۇ بولارمىكىنتاڭ ...

ئەتىسى ئەتىگەندە مەشكە ئوت قالاپ، چاي قاينىتىشتىن ئېرىنگەن كامىل ھېكمەتنىڭ ئۆيىدە ناشتا قىلىش ئۈچۈن كەلدى، بىراق ئۆيدىن مەھبۇبەنىڭ يىغلىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدى. بۇ ئەسنادا يەنە ۋارقىراش - جارقىراشلار ئاڭلاندى. كامىل ئىشىكنى ئىتتىرىپلا كىرىپ كەلدى. مەشنىڭ ئالدىدا كىچىك ئورۇندۇقنى قويۇپ ئولتۇرغان مەھبۇبەنىڭ كۆزلىرى قىزىرىپ كەتكەنىدى. ئۈستەل ئۈستىدە ماھىگۈلنىڭ خەتلىرى چېچىلىپ تۇراتتى، جېدەلنىڭ تېگىگە يەتكەن كامىل كارىۋاتتا ئېگىشىپ ئولتۇرغان ھېكمەتكە ھومىيىپ قويدى.

ئەسلىدە ھېكمەت تۈنۈگۈن كەچ ئۆيگە ناھايىتى خاپا كىرىپ كەلدى، بىر ئېغىزمۇ زۇۋان سۈرمەي ئارقا - ئارقىدىن ئۇلاپ تاماكا چەكتى، مەھبۇبەنىڭ ھال سوراشلىرىغا قوپاللىق بىلەن «ھېچنېمە بولمىدى» دەپ جاۋاب بەردى ۋە تاماقمۇ يېمەي يېتىپ قالدى. لېكىن، ئۇ كېچىچە ئۇيان ئۆرۈلۈپ، بۇيان ئۆرۈلۈپ ياتالمىدى، تۇرۇپ - تۇرۇپلا «ئۇھ» دەپ ئېغىر تىناتتى. ئۇنىڭ نېمىدىندۇر ئازابلىنىپ ئۇخلىيالمايۋاتقانلىقىنى سەزگەن مەھبۇبەنىڭ كۆڭلىدىن كەچمىگەن ھېچنېمە قالمىدى. «ئوغلى

ئەزىمەتنىڭ خەۋىرىنى ئالغانمىدۇر ياكى غۇلجىدىن خەت كەلگەن بولسا، ئاپىمىز كېسەل بولۇپ قالغانمىدۇر؟» دېگەندەك باش ئۇچى يوق ئەنسىزلىكلەر ئىچىدە قالغان مەھبۇبە، سەھەر تۇرۇپ ھېكمەتنىڭ يانچۇقلىرىنى ئاختۇرۇپ ماھىگۈلنىڭ خېتىنى تېپىۋالدى.

— نېمە، ئەتىگەندىلا كۈرۈك توخۇدەك بىر-بىرىڭلارغا ھۈرپىيىشىپ قاپسىلەرغۇ، — دېدى كامىل ئاچچىقى بىلەن، — ئىككى تەرەپباز تەشكىلاتلارنىڭ ئۆدۈمى سىلەرگە ئۆتتىمۇ يا؟

— قاراڭ كامىلكا، — مەھبۇبە باشقىدىنلا يىغىنى باشلىۋەتتى، — ماھىگۈل دېگەن توقام شانىسى مېنى «چايان»، «نىيىتى بۇزۇق»، «ئىبلىس» دەپ تىللاپتۇ، چىشلەپ تارتمىغان قىزىم ئۇچقۇنئايمۇ قالماپتۇ. تېخى ھېكمەتنىمۇ «قارا كۆڭۈل»، «ۋاپاسىز»، «مۇناپىق» دەپ ھاقارەتلەپتۇ. بۇ كىشى مەن خۇددى بېشىدا كالتەك تەگلەپ تۇرۇپ تېگىۋالغاندەك: «سىز ئارقامغا كىرىۋالمىغان بولسىڭىز بۇ ئىشلارمۇ بولمايتتى» دەۋاتىدۇ ...

— سەنمۇزە ئەمەتنىڭ ئاچچىقىنى سەمەتتىن ئالىدىغان خۇيۇڭ باركەن، مەھبۇبەدە نېمە گۇناھ، — كامىل خەتلەرنى قاتلاپ كونۋېرتكە سالدى، — مەنچە، ماھىگۈلدىنمۇ ئاغرىنغىلى بولمايدۇ. ئۇ ئانىسىدىن، ئاچىسىدىن، ئەزىمەتتىن ئايرىلدى، ئۇكىسىنىڭ بېشىغا ئېغىر كۈنلەر كەلدى، ئائىلىسى ۋەيران بولدى ... بۇنداق ئېغىر پاجىئە ھېچ ئىش كۆرمىگەن بىر قىز بالىنىڭ ئەمەس، تۇرمۇشنىڭ ئىسسىق - سوغۇقىدا پىشقان، جاپا - مۇشەققەت ئوچىقىدا تاۋلانغان ئادەمنىڭ يەلكىسىگە ئارتىلسا، ئۇنىڭ ئەسەبىيلىك گىردابىغا بېرىپ قېلىشىنى تەسەۋۋۇر قىلماق ئانچە تەس ئەمەس، بەلكىم ماھىگۈلمۇ نېمە يېزىپ، نېمە قويغانلىقىنى ئۆزىمۇ ھېس قىلالمىسا كېرەك.

بىراق، بىز ھېكمەت ئىككىمىز ئويلىنىپ ھېچ تېگىگە يېتەلمەـ دۇق، كىممۇ خەت يېزىپ ئۇنىڭ ئۆتىنى تاشتۇرغاندۇ؟
— كىم بولاتتى، — مەھبۇبە شارتلا بېشىنى كۆتۈردى، — نەبى دېگەن لۈكچەك بولمامدۇ!
— نەبى؟!، — ھېكمەت بىلەن كامىل تەڭلا بىر ـ بىرىگە قاراشتى.
نەبى بوستاندىن ئاتلىق قاچقاندىن كېيىن، سۇ ئىدارىسىدىـ كى ئىسيانچىلارغا قېتىلىپ ئىنقىلاب قىلغۇاتقان كونىلەرنىڭ بىرىدە، ناھايىتى ئېغىر مەست ھالدا مەھبۇبەنىڭ ئۆيىگە بېسىپ كىردى. ئۇنىڭ بويىندا تۆمۈر پرۇكىلاتلىق قىسقا ئاپتومات، يېنىدا خەنجەر، قولىدا بىرغېرىچ كەڭلىكتە تۆت چاسا تاختاي بار ئىدى. ئۇ يەر دەسسەپ تۇرالمايتتى. نەبىنىڭ ئەلپازىنىڭ يامانلىقىدىن ئەنسىرىگەن موماي دوڭغاقلاپ كېلىشى قاتتىق بىر تېپىكتىن ئۆي بۇلۇڭىدا يېتىپ قالدى. مەھبۇبە چىرقىراپ يىغلاۋاتقان ئۇچقۇنئاينى باغرىغا باسقىنىچە ئانىسىـ نىڭ بېشىنى يۆلىدى.
— نەبى ئۇكام ... سىزگە ... سىزگە نېمە بولدى؟، — نەبىنىڭ كۆزلىرىدىكى قىساس ئوتلىرىنى كۆرگەن مەھبۇبەنى دەھشەت قورقۇنچ باستى، — جېنىم ئۇكام مەن ...
— ئۇكام؟! ... تۇفى! ... كىم سېنىڭ ... سېنىڭ ئۇكاڭكەن ... قارا بۇنىڭغا، — نەبى ئىككى يۈرەك ھەم «64.4.1» دېگەن سانلار ئويۇلغان، بۇ ئويمىلار گويا قەبرە تېشىدىكى قاپارتمانە خىشتەك تۇسكە كىرگەن تاختاينى ئېگىز كۆتۈردى، — بۇ ... بۇ يۈرەكلەر ئىچىدىكى ھېكمەت ئاكام بىلەن گۈلزىبا ئاچامنىڭ ... ئىسىملىرىنىڭ ھەرپلىرىنى كۆرۈۋاتامسەن؟ ... سەن... سەن ... ئاچامنىڭ قاتىلى ... پاك مۇھەببەتنىڭ جاللاتى ... ئا ... ئاچامنى ئۆلتۈرگەن سەن! ... مەن ھەممىنى ئاڭلىدىم ... ئۇ ... ئۇلار ماڭا دەپ

سـوتقا گـۆۋاھلىق ئىسپـات بېـ-
دى ... سەن ... سەن ... ساختا تـوي خېتىگـە
پ ... ئا ... ئاچـام قـان قۇستى! . ئاچامنى ۋايران
ۇ ... گـۇلـرۇز بىلەن شاھىت بولـۇپ ... ئەزدـمـەتنى
لدىڭ ... گـۇلـرۇز ئىكـكىـڭ بىرلىشىپ
اتتىڭ! ...
ئۇ ئىشلارنى ھېكمەتكە ...
— جېنىم نەبى ... مەن
— ئاغزىڭنى يۇم پاسكىنا! ، — نەبى سەنتۇرۇلۇپ ئالدى-
— سەن نىيىتى بۇزۇق گـۇلـرۇز
ﺎ شوخشۇپ كەلدى، — ھېكـمـەتـتىن ئۇمىد-
ـەزدـمـەتـنـى ئىلىپ مـاڭغانـدا: ھەرقانـداق
دىڭنى ئۇزسەڭ... مـەن ئۇنىڭ... ئىزىغا چۇشۇپ،
ئـامـال - چـاردىـەر بىلـەن ئـۇنـى قـولغا چـۇ ...
چـۇشـۇردـمـەن ... مۇشۇ ئەھدىدە تۇرالىساڭ، ئەزىمەتنى سات-
قىنىڭنى ھېچكىمگە تىنمايمەن ... مېنىڭمۇ ئۆگەي بالىغا، ئۆ-
گەي ئانا بولغۇم يوق ... » دېـگـەن گەپلىرىڭنى ئىقرار قىلدىڭ-
مۇ - ھە؟ ... ، ياق، يوشۇردۇڭ ... بۇنى ... گۇلرۇز دېگەن
مۇناپىق مۇشۇ ئاغزىدىن دېگەندە ئاڭلىدىم ...
— بۇ ... بۇ ... يالغان، مـەن گـۇلرۇز بىـلـەن
يـۇزلىشىمەن، — مەھبۇبە ئورنىدىن چاچراپ تۇردىيۇ، لېكىن
بىردىنلا ئۇنى ئىچىگە چۇشۇپ كەتتى. چۇنكى ئۇ، ھېكمەتنىڭ
بىر چاغدا «گۇلرۇز ئۆلدى» دېگەن سۆزىنى ئېسىگە ئالغانىدى.
— يۈزلىشىمەن؟! ... ھا - ھا - ھا...، — نەبى
تورۇسقا ئالىيىپ كۇلدى، — سەن ... ئۇ ... ئۇنىڭ بىلەن
دوزاختا يۈزلەش ... مەن ئۇ ... ئۇنى ئېتىۋەتتىم ... جەھەننەمگە
يولغا سېلىۋەتتىم ... مانا ... مۇنداق ...
نەبى ئاپتوماتىدىن تىرىلدىتىپ تام - تورۇسلارغا قارىتىپ
ئوق ئۇزدى ... ئۆينى بىردەمدىلا مىلتىق دورىسىنىڭ كۆكۈچ،
قاڭسىق ھىدى قاپلىدى. بىراق، ئۇنىڭ مەستلىكتە زەئىپلىشىپ
كەتكەن تېنى قورالنىڭ تېپىشىغا بەرداشلىق بىرەلمەي، ئارقىغا

شوخشىغانچە يەردە ئولتۇرۇپ قالدى. گۈلرۇزنىڭ قاتىلى ئۆز ئىنىسى نەبى ئىكەنلىكىنى بىلگەن مەھبۇبەنىڭ چوڭ كۆزلىرى تەئەججۇپ ھەيرانلىقتىن چەكچەيدى.

— ھە، كېرىموفنىڭ كۈچىكى ... — نەبى ئورنىدىن تۇرماي ئاپتوماتنى مەھبۇبەگە تەڭلىدى، — سەن سۈيىقەست بىلەن ئاچامنى ... ئەزىمەتنى كۆزدىن يوقىتىپ ... لوپتا ھېكمەت-كامنىڭ ئارقىسىغا لالما ئىتتەك كىرىۋالدىڭ ... ۋۇي پاسكىنا جاللاپ ... مەن ... سېنى ئېتىۋېتىمەن ...

موماي ئۆمىلەپ كەلگەنچە زەئىپ ئىڭراپ نەبىگە ئېسىلدى، بىراق يۈرىكىگە تىغدەك قادالغان تىل - ھاقارەتلەردىن غورۇرى ئەدەب يېگەن مەھبۇبە جان ئاچچىقىدا ۋارقىرىۋەتتى:

— ئــاذــا! ئۇنداق ياۋۇزغا يالۋۇرماڭ، ئــۆتــۈڭ بۇياق - قا، — مەھبۇبە مومايىنى بىر چەتكە تارتىپ، قىزىنى قوچاقلى-غانچە نەبىنىڭ ئالدىدا تىزلاندى، — گۈلزىبانىڭ قاتىلى، پاك مۇھەببەتنىڭ جاللىتى، ئەزىمەتنى ساتقان قارا كۆڭۈل، گۈلرۇز بىلەن بىرلەشكەن نىيىتى بۇزۇق، ئۇن ئالتە يېشىدىن تارتىپ ھېكمەتنىڭ ئىزىغا چۈشكەن پاسكىنا جالاپ ... مانا ئالدىڭدا تۇرۇپتۇ. ئەمدى ئاتامسەن ... ئات قېنى! ئەزىمەتنى يوقىتىپ يېرىم يۈرىكىدىن ئايرىلغان ھېكمەت، ئەمدى قىزىدىن ئايرىلىپ يۈرىكىنىڭ قالغان يېرىمىنى قارا تۇپراققا دەپنە قىلىۋەتسە نېمە بوپتۇ، ئۇنىڭ قىزى بىلەن مېنى بىللىلا ئات! ھېكمەتنىڭ سەندەك دىۋانىلەرنى بېقىپ چوڭ قىلىپ قاتارغا قاتقان، ئاناڭ-دەك كېسەل كۆرپىسىنى باققان ئەجرى ئۇچۇن بولسىمۇ ئۇنىڭ خوتۇن - باللىرىنى بىر - بىرلەپ يوقاتامسەن لۈكچەك! ئۆز ۋاقتىدا ئەزىمەتكە ياخشى قارىغان بولساڭ، ھېكمەت بۈگۈنكى كۈندە شۇنچە ئازاب - ئوقۇبەتلەرگە دۇچار بولارمىدى؟! توغرا، شۇ چاغدا مەنمۇ ياخشى قىلمىدىم ... لېكىن قانچىق گۈلرۇز ئاچاڭنىڭ خۇي - پەيلى ئۆزۈڭگە ئايانغۇ. ئۇن ئالتە - ئۇن

يەتتە ياشقا كىرگەن مەندەك قىز ئۈچۈنمۇ جان لازىم، بىلەمسەن، جان! ... مەن دەيدىغاننى دېدىم، ئەمدى ئاتامسەن ئات قېنى! سەن دەسلەپتە بوسۇغىدىن قەدەم ئالغىنىڭدىلا، جان قىيىش ئۈچۈن كەلگەنلىكىڭنى بىلىپ بولغانمەن ...

مەھبۇبە بارغانسېرى پەسلەپ كېتىۋاتقان ئاپتوماتنىڭ ئىستۈلىنى شارتلا تارتىپ ئۆزىگە توغرىلىدى. ئەمما، نەبى بىردىنلا ھۆڭرەپ يىغلىۋەتتى.

— جېنىم ئاچا، مەن قانداق قىلاي؟ سېنىڭ، ئەزىمەتنىڭ، ئانامنىڭ روھى خۇش بولارمىكىن دەپ بۇ يەرگە قان تۆكۈش ئۈچۈن كەلگەن ئىدىمغۇ! ... ئاچا، دېگىنە، بۇ ياۋۇزلۇقمۇ؟! ... مەن ئەمدى ياۋۇز بولدۇممۇ!؟ ... ساڭا بەرگەن قەسىمىمنى ئورۇندىيالمىدىمغۇ! ... مۇشۇنداق قىلسام دەرد ـ يىغانلىرىم مىسقالچە بولسىمۇ يېنىكلىنەر دەپ ئويلىغانىدىم ... كەچۈر مېنى ... كەچۈرگىن ... مۇشۇ بىر قېتىملا كەچۈر ...

يۈزلىرى ياش بىلەن يۇيۇلغان نەبى ئۆمىلەپ يۈرۈپ ئورنىدىن ئارانلا تۇردى ۋە ئىلەڭ ـ سىلەڭ مېڭىپ ئىشىك بوسۇغىسىغا كەلدى، ئاندىن ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ يەردە ياتقان تاختاينى ئالغىنىچە چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ دەھلىزدە كېتىۋېتىپ: «ئاھ خۇدا، بىزنى نېمىشقىمۇ قايىتتەك پۇشتى ـ پادىشاھنىڭ سۈيدۈكىدىن تامدۇرغانسەن، ئەمدى ‹دىۋانىلەر... كېسەل كۆرپىلىرى...› ئاتالدۇقمۇ ...» دېگەن غاراڭ ـ غۇرۇڭ ئاۋازى ئاڭلاندى.

مەھبۇبە ئاچچىق كۆز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە بولغان ئىشنى سۆزلەپ بولۇشى ئۆي ئىچىنى شۇنچىلىك جىمجىتلىق باستىكى، كامىل، ھېكمەتلەرنىڭ بىر خىلدا تىنىشى بىلەن مەش ئۈستىدىكى چۆگۈننىڭ غىڭشىپ ئېيتقان ناخشىسى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. مەھبۇبە ئورنىدىن تۇرۇپ مەشكە بىر ئۈچۈم مەدەك سالغاندىن كېيىن ئەمبەل تاختىدا ياڭاق مېغىزىنى ئېزىپ، ئۇنى تۇز سۈيى

بىلەن تەڭشىدى، ئاندىن ياڭاق چېيى تەييارلىندى.

— قېنى، ئۇستەلگە كېلىڭلار، گەپنى تولا قىلىپ قورسىقىڭلارنى ئاچۇرىۋەتتىم، — دېدى مەھبۇبە ھېكمەتنىڭ تۇتۇلۇپ كەتكەن چىرايىدىن ئەيمىنىپ، — ناشتا قىلىڭلار.

ئۈچى ئۈن - تىنىسىز چىنىلىرىگە نان چىلاپ يېيىشتى قورساقلىرى تويغاندىن كېيىن ياڭاق يۇقى قاچىلىرىغا قىزىق چايدىن قۇيۇپ چايقاپ ئىچىۋەتتى. كامىلنىڭ كۆڭلىدە مەسىلە ئايدىڭلاشقانىدى. مەھبۇبەنىڭ لوپتىكى، سوتتىكى ئىشلىرىدىن خەۋىرى بار قانداقتۇر كىشىلەر، نەبىنىڭ يېغىرىغا تېگىپ، كونا جاراھەتلەرنى تاتىلىغان، ئاچچىقىغا ھاي بېرەلمىگەن نەبى ھاراقنى بولدى دېگۈچە ئىچىپ مەھبۇبەدىن ئۆچ ئالغىلى بارغان. بىراق، مەستلىكتە ئۆزىنىڭ دېگەن تىل - ھاقارىتى بىلىنمەي، مەھبۇبەنىڭ بەزى سۆزلىرى يىگىتلىك غورۇرىغا تەگكەن. شۇڭا، ئاچچىقىدا ئاچىسى ماھىگۈلگە خەت يازغان ...

— تەسەۋۋۇرىڭ توغرا، — دېدى ھېكمەت مەھبۇبەگە ئالىيىپ قاراپ، — لېكىن بۇ خېنىمنىڭ نەبىنى «لۈكچەك»، «ياۋۇز»، «دىۋانە» دەپ تىللىشى خاتا. ئەڭ يامىنى بۇمەرەمخان ئانىنى ھاقارەتلىگىنى كاللامدىن زادىلا ئۆتمەيدۇ. نەبى ۋىجدانلىق بالا، ئۇ بۇنداق غورۇرىغا تېگىدىغان تىللارغا چىداپ تۇرالمايدۇ، ئەزىمەت يېتىپ كەتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ تارتقان ئازابلىرى ھەممىمىزنىڭكىدىن كۆپ ...

— قارىڭ كامىلكا، — مەھبۇبەمۇ سەكرەپ قوپتى، — مېنى شۇنچە قەبىھ تىللار بىلەن سەتلىسە، ئۇنىڭغا خاپا بولماي، يەنە شۇنىڭ دېپىنى چېلىۋاتقىنىنى ... سىز زادى مېنى ھازىرغىچە ئايالىڭىزدەك كۆرمىدىڭىز ... ، قىزىڭىزنىمۇ كۆڭلىڭىزدىن چىقىرىپ بىرەر قېتىم ئەركىلىتىپ باققان يېرىڭىز بارمۇ؟، — مەھبۇبە ئۈن سېلىپ يىغلىۋەتتى.

— بولدى قىلىڭ، پوتلا - مىشقىڭىزنى

ئېقىتماي، — ھېكمەت قاتتىق ۋارقىرىدى، — «دېۋانىلەر» دېگەن قانداق گەپ ئۇ؟! ...، توغرا، سىز باي ئەنجازلىقنىڭ قىزى، توققۇزىڭىز تەل، دەپى - دۇنيا ئىچىدە چوڭ بولغان، بىلىپ قويۇڭكى گۈلزىبا، ماھىگۈل، نەبىلەر نامراتچىلىق ئىچىدە يېتىلگەن ساپ گۆھەرلەر! سىز ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ: «قىيىنچىلىق چېكىپ ئادەم ھۆر بولۇر، سەدەپتە قامىلىپ قەترە دۇر بولۇر» دېگەن سۆزلىرىنى قۇلىقىڭىزغا سىرغا قىلىپ ئېسىۋېلىڭ! ...

— توختاڭ، — دېدى كامىل سۆزلەشكە تەمشەلگەن مەھبۇبەنى توسۇپ، — نەبى ئېغىر مەست، ئۇ نېمە دەپ، نېمە قويغىنىنى بىلمەيدۇ، ئەمما سىزنىڭ «دېۋانىلەر» دېگەن سۆزىڭىز سەل تاپتىن چىقىپ كېتىپتۇ، شۇنداق ئەمەسمۇ؟

ئەزەلدىنلا كامىلنى ھۆرمەت - ئىززەت بابىدا يۇقىرى بىلىدىغان مەھبۇبە قىزىرىپ يەرگە قارىدى.

— مەن...مەن يامان نىيەتتە دېمىگەن، — مەھبۇبە دۇدۇقلىدى، — ئاچچىقىمدا ئاغزىمدىن چىقىپ كېتىپتۇ ...

— ئۇ سۆزنىڭ سالمىقىنى تونۇغانلا بولسىڭىز بولدى. بۇ سۆزگە چىدالمىغان ماھىگۈل خېتىدە ئۆزىنىڭ ساخاۋەتچىسىنىمۇ ئاياپ ئولتۇرمىغان، — كامىل ھېكمەتكە باش لىڭشىتتى، — ئەمدى سەنمۇ بۇ ئىشلارنى تولا تەگەۋەرمە. نەبىنىڭمۇ مەھبۇبەنى ھاقارەتلىگىنى ھەددىدىن ئېشىپ كېتىپتۇ، ئۇنىڭ ئەدىبىنى ئۆزۈم بېرىمەن.

كامىلنىڭ ئاخىرقى سۆزلىرىدىن جۇدۇنى تېز، ئاچچىقى بوش مەھبۇبە ۋىللىدە ئېچىلدى. كامىل ئۇلارغا يەنە بىردەم نەسىھەت قىلغاندىن كېيىن چىقىپ كەتتى. لېكىن، «توي خاتىرىسى ئويۇلغان دەريا بويىدىكى دەرەخنى كىملەر كېسىۋەتكەندۇ؟ نەبى ئۇنى بىلمىسە قانداق قىلىپ خەت ئورنىنى ئويۇپ ئېلىپ قالغاندۇر؟» دېگەن ئوي ھېكمەتنىڭ يۈرىكىنى تۈگمەن تېشىدەك

بېسىۋالدى ...

ئەتىسى سەھەردە مەكتەپ ھويلىسىدىكى ئاق ئۈجمىگە ئېسىلغان داڭ ئۇرۇلدى. بۇ ئەلەم كۈرىشى باشلىنىپ بىرنەچچە يىللاردىن بېرى تۇنجى قېتىملىق ئوقۇتقۇچىلارنى چىللىغان تۇنجى ياڭراق ئاۋاز ئىدى. خۇددى شاكىلىدىن چىقىپلا يورۇق دۇنياغا چەكچىيىپ قارىغان چۈچىلەردەك ھەيرانلىق ئىلكىدە قالغان مۇئەللىملەر، ئىشچى - خىزمەتچىلەر بىر - بىرلەپ چوڭ ئىشخانىغا يىغىلىشتى. ئىشخانىنىڭ تاملىرى ھەر ئىككى تەرەپتىن ئىشىك ئورنىدەك يېرى ئۆرۈۋېتىلىپ ئۆتۈشمە قىلىنغان شورلاردىن خارابىلىككە ئايلانغان سىنىپ ۋە مۇدىر ئىشخانىسى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. تاملار ئوق زەربىدىن غەلۋىردەك ئۆتمۇ تۆشۈك بولۇپ، خىشلىرى قومۇرۇۋېتىلگەن تۇپلاردا قان داغلىرى قارىيىپ تۇراتتى. چوڭ ئىشخانىدا ئۈستەل - ئورۇندۇقلار بولمىغاچقا، بەزى ئوقۇتقۇچىلار خىشلارنى قاتلاپ ئولتۇرۇشتى، قالغانلىرى ئۆرە تۇرۇشتى. ئۇرۇش پاراكەندىچىلىكىدىن ھەر تەرەپكە توزۇپ كەتكەن، شەھەردە پاناھلىنىۋاتقان بىر قىسىم ئوقۇتقۇچىلار يېتىپ كەلمىگەچكە ئىشخانىنىڭ يېرىمىمۇ تولمىغانىدى. بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا ئوقۇتقۇچىلاردىن مۇرات، زۇمەرەت، رېخىم نۇرىلار قازا قىلغانىدى. تۆت كۈننى بۇزۇشتا «ئالتۇن زىبۇ زىننەت، مەرۋايىت، كەھرىۋالارغا ئىگە بولدۇم» دەپ خۇش بولغان رېخىم نۇرى خالىق تەرىپىدىن قاق سەنەمگە ئايلىنىشتىن سىرت قارام مىنبىڭلار قولىدا جېنىدىن ئايرىلغىلى تاسلا قالدى. شۇڭا، ئۇ شەھەرگە قېچىپ كىرىپ كېرىموفنىڭ تەشكىلاتىغا قاتناشقانىدى. بىراق، رېخىم نۇرى ئۆلجىلىرى توغرۇلۇق قورساق كۆپىكىنى ھەقەمسايىلىرىغا دەپ يۈرگەنلىكىنى ئاڭلىغان خالىق، بىر كېچىسى ئۆگزىدە قاراۋۇللۇقتا تۇرغان رېخىم نۇرىنىڭ يېنىغا تۈيدۇرماي بېرىپ، چاچتىن قامالىلاپ، ئارقا مېڭىسىگە تاپانچا بىلەن ئاتتى - دە، قۇم تىقىلغان

تاغارغا يۆلەپ قويدى. بۇنى بىر مىنبىلىك كۆرۈپ قالغان بولسىمۇ ئىچىمىزدىن چىقىرالمىغانىدى ...

ئىلمىي مۇدىر زىكرۇللاغوجى ۋەيرانلىقتا ئولتۇرغان ئوقۇتقۇچىلارغا كۆز يۇگۈرتكەندىن كېيىن، بارىغا شۇكۇر قىلىپ تۇنجى قېتىم خارابە ئىشخانىدا تەشكىللەش خىزمىتىنى باشلىدى:

— يولداشلار، ئۇرۇشقا خاتىمە بېرىلدى. ھازىر مەملىكەت بويىچە ھەربىر ئىدارە - ئورگان، كان - كارخانا، مەكتەپ ۋە زاۋۇتلاردا ئىككى تەرەپ بىرلەشكەن ئىنقىلابىي كومىتېتدىن ئىبارەت رەھبەرلىك گۇرۇپپىلىرى قۇرۇلۇۋاتىدۇ، — زىكرۇللاغوجى يانچۇقىدىن بىر پارچە قەغەزنى ئېلىپ ئالدىرىماي ئاچتى، — مانا بۇ خوتەن ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ ھۆججىتى. بۇنىڭغا «ئەگەر ئوخشاش كۆز قاراش بىلەن چەكلەنگەن. ئورۇنلار بولسا ئۆز ئىدارىسىدىكى كادىر ۋە ئىشچىلاردىن تەركىب تاپقان رەھبەرلىك گۇرۇپپىلىرىنى تەشكىللەش كېرەك» دېيىلگەن. ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسىدىن مېنى بارلىق ئوقۇتقۇچى ۋە ئوقۇغۇچىلار تولۇق يىغىلىپ، مەكتەپ ئىنقىلابىي كومىتېت رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلۇپ بولغۇچە تەشكىللەش خىزمىتىنى ئىشلەپ تۇرۇشۇمنى تاپىلىدى. ئەگەر يولداشلارنىڭ باشقا قارشى پىكرى بولمىسا مەن خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇمەن.

— قوشۇلىمىز...

تۇنجى بولۇپ مەمتىلى ئىبراھىم ۋارقىرىدى. ئۇنىڭغا ئۇلاپلا توختى قۇربان، كامىل، ھېكمەت، ئەخمەت ھوشۇر، زەينىدىن، ساجىتخان قاتارلىق بارلىق ئوقۇتقۇچى ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلەر بىردەك توۋلاشتى. قۇتبىرەم قاتارلىق بىرنەچچە ئوقۇتقۇچى شەھەردىكى لىيەنزۇڭ تەشكىلاتىدىن چېكىنىپ كەلمىگەچكە بۇ سورۇندا يوق ئىدى.

زىكرۇللاغوجى ۋەيران بولغان مەكتەپ توغرۇلۇق بىر ئاز قايناپ سۆزلىگەندىن كېيىن، يېزا - كەنتلەردىن ئوقۇغۇچى يىغىدىغان، ئۆرۈلگەن، بۇزۇلغان سىنىپ، ئىشخانا، ياتاق، ئاشخانىلارنى قايتا ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن مەكتەپتە قالىدىغان، ئۆتتۈرلۈق كەلگەن ئوقۇغۇچىلارنى ئورۇنلاشتۇرىدىغان ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئىسمىلىكىنى ئوقۇپ چىقتى. ئۇ سۆزىنىڭ ئاخىرىدا، سېرىق كەكە ساقال، كۆك كۆز، ۋىجىككىنە ھۆسۇ-يۇن ئاخۇن خارەتكە ئۇنلۇك بۇيرۇق قىلدى:

— ئىسيانچىلار قىز - ئوغۇللار ياتاقلىرىنىڭ تاختاي سۆكىلىرىنى قومۇرۇپ قالاپ بوپتۇ، شۇڭا سىلى ئەڭ ئالدى بىلەن ياتاقلارنى تەييار قىلسىلا. شال تىلىدىغان ئىشلارغا شېكەر قارىم، ئەمەت شۇلاقلار ياردەم قىلىدۇ. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياتنقى پۈتكەن ھامان مەكتەپ مەيدانىدىكى تەنتەربىيە ئەسلىھەلىرىنى دەرھال ئەسلىگە كەلتۈرسىلە.

ئۇرۇش باشلىنىشتىن بۇرۇنلا مەكتەپ مەمۇرىيىتى دۆلەت-نىڭ ئوقۇتۇشقا بېرىدىغان ياردەم، قوشۇمچە كىرىم، رېمونت، تاماق پۇلى قاتارلىق ئىقتىسادىنى ناھىيىلىك بانكا ھېسابىغا ئۆتكۈزۈۋەتكەنىدى. شۇڭا، ئەخمەت ھوشۇر بىر قىسىم پۇل ئاجرىتىپ، بالىماستىن خىش سېتىۋېلىش ۋە ئەينەك ئېلىپ بارلىق سىنىپ، ئىشخانا، ياتاقلارنىڭ دېرىزىلىرىگە ئەينەك سې-لىشقا مەسئۇل بولدى. ھېكمەت قاتارلىق بىر نەچچە ئوقۇتقۇچى مەكتەپنىڭ سىرچىلىق ئىشىنى ئۈستىگە ئالدى، ئاشخانا، ناۋاي-خانىلارنى رېمونت قىلىش، شور سېتىۋېلىپ تونۇر سېلىش دېگەندەك پارچە - پۇرات تۈزەش ئىشلىرىنى جۇمىراخۇن، ئەخ-مىتاخۇن ئۇستام قاتارلىق ئىشچىلار قىلماقچى بولۇشتى.

— ئاغىنىلەر، — دېدى زىكرۇللاغوجى قاپاقلىرى سې-لىنغان ھالدا، — بۇ ئۇرۇش مەملىكەت بويىچە نۇرغۇن بالايىئاپەتلەرنى كەلتۈردى. مەكتىپىمىزنىڭمۇ بىلىنى ئوشتى-

دى. شۇڭا، بىز ئەتىدىن باشلاپ ئون سائەتلىك ئىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، ئون بەش كۈنلۈك جاپالىق جەڭ قىلىمىز. بىرىنـ. چى باسقۇچتا سىنىپ، ياتاق، ئىشخانا، ئاشخانا، ناۋايخانىلارنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، ئاقارتىپ، سىرلاپ چىقىمىز، شۇنداقلا يەرلىك زەمبىرەك ئوقى ۋەيران قىلغان ئېتىز ـ ئېرىق، چوشقا قوتىنى، مال ئېغىلى، مەكتەپ مەيدانىدىكى ئورەكلەرنى تىندۇ. رىمىز. مېنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشۇم سەل چەكتىن ئېشىپ كەتكەنـ. لىكىنى بىلىمەن، ئەمما ئاشۇنداق قىلمىساق ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش ئىشىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولمايدۇ.

— جان دىلىمىز بىلەن ئىشلەيمىز! ... ، ـ «تىنچ هاياتقا قەدەم قويدۇق» دەپ خۇشال بولۇشقان ئوقۇتقۇچىلار بىردەك توۋلاشتى.

— ئەمگەك ئېغىر بولغاندىن كېيىن، — دېدى مەمە. تىلى ئىبراهىم گەددىنىنى قاشلاپ، ـ بىرە ـ ئىككى مال سويۇپ بېرەر ...

— ئىنقىلابچىلار مالچىغا قورال چىنەپ قورقىتىپ بىر مۇنچە كالا ـ قويلارنى يەۋېتىپتۇ، هازىر مالچىنىڭ قولىدا بىر تۇتام ئاق هۆججەت بار، شۇنداقتىمۇ قېپقالغان ئون نەچچە مالـ. دىن بىرەنى سويۇپ بېرىشكە بولىدۇ.

— مەندە بىر دانە پىكىر باتتى، دېسەم يەھمەيلەرگە خوپ كېلەمىكى مانا ...

ئىشخانىنىڭ ئەڭ چەت بۇلۇڭىدا توپىغا چۆكۈپ ئولتۇرغان رەجەپ بەنجاڭ، ئىككى قولىقى ساڭگىلاپ تۇرغان پاختىلىق كۆك قۇلاقچىسىنى قولىغا ئېلىپ ئورنىدىن تۇردى. ئۇنىڭ كۆن كۆرمىگەن مايسىدەك ئاپئاق ئىمجان چاچلاردىڭگىيىپ تۇرغان هال رەڭ بېشىدىن سۇس هور چىقىۋاتاتتى. داپ ساقىلى بولسا ئاقلىقتىن سارغىيىپ كەتكەنىدى.

— قېنى دېسىلە.

— ئەمدى بىز چوشقىلارنى بۇچاغقىچە ئىنقىلابچىلارنىڭ ئاشقان-تاشقان تامىقىنى ئېچىتىپ بېقىپ كەلگەن، — دېدى رەجەپ بەنجاڭ ھىجىيىپ قويۇپ، — ھازىر يېمەك-ئىچمىكى ئۆكسۈپ قالدى، قانداق قىلىمىز ئەمدى؟ ...

— بولىدۇ، ئەخمەت ھوشۇر بىر ئاز ئىقتىساد ئاجرىتىپ يەم-خەشەكنى تەييارلاپ بەرسۇن، — زىكرۇللاغوجى كۈلۈپ قويدى، — رەجەپئاكا، جەڭچىلىرىڭىز ئامان-ئېسەندۇ؟

— خوش، خوش، شۇغىنىسى ھېلىقى كۆتىدە پىلدىلىغۇچى بار ئوق مەست ئۆردەكتەك ئىرغاڭشىپ چۇشۇپ توققۇز جەڭچىمىز پەرسىدە بولۇپ كەتتى ... قالغانلىرى دىمىغىدا غىڭشىپ غەزەل ئېيتىپ يۈرىدۇ دېسىلە.

ھەممەيلەن خارابە ئىشخانىنى كۆتۈرۈۋۈەتكۇدەك كۈلۈشتى. زىكرۇللا غوجى مەكتەپنىڭ ۋەيرانچىلىقىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن ئوقۇتقۇچىلارنى باشلاپ ماڭدى. ئۇلار دەسلەپتە ئۆرۈلگەن تام تۆشۈكىدىن مۇدىر ئىشخانىسىغا چىقىشتى. قىبلە تام ئۆرۈۋېتىلگەچكە ئەخمەت ھوشۇرنىڭ بوغالتىر ئىشخانىسى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. مانا مەشەدە زۇمرەت كىرىموفنى پىلىموتقا تۇتۇپ ئېرى مۇراتنىڭ قان قىساسىنى ئالغانىدى. قان بىلەن بويالغان خىش دۆۋىلىرى، گەج سۇۋاقلىرى ھېلىمۇ قاپقارا داغ بولۇپ، بېغىرەڭ ئۈيۈتمىلار كۆزگە چېلىقاتتى.

ئوقۇتقۇچىلار كارىدۇر بىلەن ماڭماي باشتىكى سىنىپقا كىرىشتى. ئاندىن ئىنقىلابچىلار قوغلاشما جەڭ قىلىشقان ئۆتۈشمىلەر ئارقىلىق بىنانىڭ ئۇ بېشىغا چىقىشتى. ئاق توپىلاڭغا ئايلانغان سىنىپ، كارىدورلاردا دۆۋىلەنگەن خىشلارغا پۇتلىشىپ ماڭغىلى بولمايتتى. تەردىن قېتىپ كەتكەن پايتىما، كونا كۆڭلەك-ئىشتان، قارنى يېرىلىپ سامانلىرى چېچىلغان قاسماق تەكىيلەر، قاپقارا مازلىرى چۇۋۇلغان مەينەت يوتقان-كۆرپە پارچىلىرى قەدەمدە بىر ئۇچرايتتى. بەش ئاتار، پوقاق پىلىموت

ۋە باشقا ھەرخىل ئاپتوماتلارنىڭ مىشەكلىرى ھەممىلا يەرنى قاپلاپ كەتكەندى، بولۇپمۇ ئوق ئېتىش تۆشۈكلىرى ئاستىدا دۈۋىلەنگەن چوڭ - كىچىك، ئۇزۇن - قىسقا مىشەكلەر ساپسېرىق پارقىرايتتى. ھېكمەتنىڭ سىنىپ تاملىرىدىكى بەش بارماق قان ئىزى ۋە چاچرىغان، ساقىپ چۈشكەن قوڭۇرداغلارنى كۆرۈپ كۆڭلى ئەيمەندى. ئوقۇتقۇچىلار، قىز - ئوغۇللار ياتاقلىرى، كۆكتاتچىلىق ئېتىزلىرىنى چۆرگىلەپ مەكتەپ مەيدانىغا كەلدى. يەرلىك زەمبىرەك، گرانات زەربىدىن ۋاسكېتبول، ۋالىبول مەيدانلىرى، يىراقتا سەكرەش قۇم ئورەكلىرى گوداڭلىقتا ئايلانغانىدى. قوش تورنىك، يالاڭ تورنىك جازىلىرى ئۆرۈلۈپ گۈلەڭگۈچ تۈۋرۈكلىرى سۇنۇپ، ئۇنىڭ ئارقانلىرىنى كىملەردۇر ئوغرىلاپ كەتكەنىدى.

ئەتىسىدىن باشلاپ ئوقۇغۇچى يىغىشقا ماڭىدىغانلار ئاش - ئوزۇقىنى ئېلىپ دەرھال ئاتلاندى. ئەخمەت ھوشۇر ئېشەك ھارۋىسىدا بىر ئوقۇتقۇچىنى ھەمراھ قىلىپ شەھەرگە ماڭدى. ھۆسىيۈن ئاخۇن خارەت، جۇمىراخۇن ئۇستاملارمۇ ئۆز ئىشىغا كىرىشىپ كەتتى. قالدى ئوقۇتقۇچىلار زىكرۇللاغوجىنىڭ ھەمراھلىقىدا خىشلارنى كارىدور ۋە بىنا ئەتراپىغا دۆۋىلىدى. بىر قىسىملار بىكارلانغان سىنىپ، ئىشخانا تەكتىلىرىنى تۈزلەپ خىش ياتقۇزۇشقا تەييارلىدى. ھەركۈنى توپ - توپ كېلىۋاتقان ئوقۇغۇچىلارمۇ بۇ سەپكە قېتىلدى. ھويلىغا بىرنەچچە تراكتور خىش دۆۋىلەندى. ئەخمەت ھوشۇر سىنىپ، ئىشخانا دېرىزە رامكىلىرىنى ئۆلچەپ ئەينەكلەرنى كەسمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ 58-يىلى «ئوڭچى، يەرلىك مىللەتچى» قالپىقىنى كىيىپ رېجىم ئاستىدا ئىشلىگەن ۋاقتىدا ئۆگەنگەن «ئەينەكچىلىك» ھۈنىرى ئۆز كۈچىنى كۆرسەتتى. ھېكمەت بىلەن كامىل چېلەك - چېلەك سىرلارنى تەڭشەپ يېڭى بېكىتىلگەن دېرىزە رامى ۋە ئىشىكلەرنى سىرلىماقتا ئىدى. قىسقىسى، مەكتەپ ئىچى،

ئۇۋىسى چۇۋۇلغان ھەرىلەردەك، ئۇنى كۆتۈر، بۇنى
تۇشۇ، ياغاچنى قوي، تاشنى ئال دېگەندەك جىد-
دىيچىلىك بىلەن تولدى ...
مەكتەپ ئۈچ ھەپتە ئىچىدە بىر قۇر ئىسكەتكە كىردى،
ئوقۇغۇچىلارمۇ ئاساسىي جەھەتتىن تولۇقلاندى. ئىسلىشىپ
كەتكەن سىنىپ، ئىشخانا، ياتاقلارنىڭ تام تورۇسلىرىنىڭ سۇ-
ۋاقلىرى قىرىلىپ ئىككى قېتىم ئاقارتىلدى. ئون نەچچە ئوقۇت-
قۇچى، ھۆسيۈن ئاخۇن خارەتنىڭ يېتەكچىلىكى بىلەن مەكتەپ
مەيدانىغا تەنتەربىيە ئەسلىھەلىرى بېكىتىۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرد-
ە، مەكتەپكە ئوتتۇز ياشلار چامىسىدا ئوتتۇرا بوي،
ئۆڭى قارىغا مايىل، كۆزلىرى مۇلايىم بىر ئادەم ئۈچ
ھەربىينى باشلاپ كىرىپ كەلدى. بۇ ئادەم گۇڭشېغا يېڭىدىن
بەلگىلىنىپ كەلگەن كاتىپ ئابلىز بەكرى ئىدى. ئوقۇتقۇچى،
ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئىشخانىغا يىغىلدى. زىكرۇللاغوجى كا-
تىپ بىلەن كۆرۈشۈۋالغاندىن كېيىن گېلىنى قىرىپ قويۇپ
كۆپچىلىكنى تەرتىپكە چاقىردى.
— يولداشلار، — دېدى زىكرۇللاغوجى ھەربىيلەرنى
كۆرسىتىپ، — بۇلار يۇقىرىدىن كەلگەن جۇڭشۇەندۈي
(ھەربىي تەشۋىقات ئەترىتى) بولىدۇ، يەنى بۇنىڭدىن كېيىن
گۇڭشې ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ خىزمىتىنى تۇتۇپ ئىشلەيدى-
غان يېڭى رەھبەرلەر ...
كۆپچىلىك چاۋاك چېلىشتى. ھېكمەت مۇدىر، ئىلمىي مۇ-
دىر، بوغالتىرلارنىڭ ھۆرمەتلىك ئورنىدا ئولتۇرغان كۆك ئىش-
تان، سېرىق چاپانلىق ئۈچ ھەربىيگە قارىدى. ئەمدىلىكتە كا-
تىپ ئابلىز بەكرى ئۇلارنى ئايرىم - ئايرىم تونۇشتۇرۇۋاتاتتى.
باشتا ئولتۇرغان قىرىق بەش ياشلار ئەتراپىدىكى ئاق سېرىق،
سوزۇنچاق يۈزىنى ھال رەڭ داغلار قاپلىغان، پېشانىسى تاقىر،
دېقماقىراق كەلگىنى گۇڭشېنىڭ بارلىق خىزمىتىگە مەسئۇل ۋۇ-

جۇرىن ئىدى. ئۇنىڭ كۆزى بار ـ يوقىنىڭ ئورنىدا بولغاچقا
ئۇخلاۋاتقانلىقىنى ياكى كۆزىنى يۇمۇپ خىيال سۈرۈۋاتقانلىقىنى
بىلگىلى بولمايتتى. ئوتتۇرىدىكى يىگىرمە ئالتە ـ يىگىرمە يەتتە
ياشلارنىڭ قارىسىنى ئالغان، كۆكۈمتۇل تۇخۇم يۈزلۈك، بادام
قاپاقلىرى قىزارغان، ھەممىگە گۇمان بىلەن قارايدىغان، كۆز
قارىچۇقلىرى بىر يەردە جىم تۇرمايدىغان ئوتتۇرا بويلۇق يە-
گىت، گۇڭشېنىڭ ئىنقىلاب ئىشلىرىغا مەسئۇل لى گاڭ ئى-
دى. ياڭ پەيجاڭ دەپ تونۇشتۇرۇلغىنى ئېگىز، تەم-
بەل، چاسا يۈزلۈك خۇددى چېلىشچىلارغا ئوخشايدىغان، ئوتتۇز
بەش ياشلاردىكى كۈلۈمسىرەپلا تۇرىدىغان كىشى بولۇپ، ئۇ
گۇڭشېنىڭ ئامانلىق ساقلاش خىزمىتىنى ئىشلەيدىكەن.

1967 ـ يىلى ئەكسىيەتچى لۇشيەن كۈرەش قىلىنىپ،
پارتىيە ئىچىدىكى كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدارلارنى تار-
تىپ چىقىرىش باشلانغاندا پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلگەن خالىق
ۋاڭ لىمىڭ، تۇراپ ئىمىن قاتارلىق گۇڭشې شۇجىلىرىنى تار-
تىپ چىقىرىپ، بىر مەزگىل كۈرەش ۋە سازايى قىلىپ نەزەر-
بەنتكە ئالغانىدى. ئۇزۇن ئۆتمەيلا تەرەپباز تەشكىلاتلار ئوتتۇرى-
سىدا ئۇرۇش باشلىنىپ گۇڭشې ھوقۇقىنى ھېلى ئىسيانچىلار،
ھېلى قوغدىغۇچى ئىنقىلابچىلار تۇتتى. مانا شۇنىڭدىن تارتىپ
ۋاڭ لىمىڭ ۋە تۇراپ ئىمىنلەر كانارىدىكى گۆشتەك ئېسىپ
قويۇلۇپ خىزمىتى ئەسلىگە كەلمىدى. ئەمدىكى ئىدېئولوگىيە
جەھەتتىكى جەڭ باشلىنىش ئالدىدا گۇڭشې ھوقۇقى ھەربىي
ئىدارە قىلىنىشقا ئۆتكەنىدى.

ۋۇجۇرىن دىمىغىنى ئىچىگە تارتىپ قاتتىق بىر قىرغاندىن
كېيىن ئاياغ ئاستىغا شالاقىدا تۈكۈردى ـ دە، «ئىنقىلاب
غەلىبە قىلغاندىن كېيىنمۇ سىنىپىي دۈشمەنلەر يەنىلا مەۋجۇت
بولۇپ تۇرىدۇ، ئۇلار يېڭىلگەنلىكىگە ھەرگىز تەن بەر-
مەيدۇ ...» دېگەن ئۇزۇندىنى ئوقۇپ بولۇپ سۆزىنى باشلىدى.

ئابلىز كاتىپ بىرمۇبىر تەرجىمە قىلىپ تۇردى. ئۇنىڭ سۆزى-نىڭ مەزمۇنى مۇنداق ئىدى:
— جاھاننى زىلزىلىگە سالغان ئۇلۇغ پرولېتارىيات مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىنىڭ غەلىبە مېۋىلىرى ئۇزۇل - كېسىل قولغا كەلگىنى يوق. تاشقى جەھەتتىن جاھانگىرلار، ئىچكى جەھەتتىن ئەكسىيەتچىلەر تېخى قۇتراۋاتىدۇ. شۇڭا، بۇنىڭدىن كېيىنكى ۋەزىپىمىز مۇشكۈل ۋە شەرەپلىك، يەنى «ئىنقىلابنى چىڭ تۇ-تۇپ، ئىشلەپچىقىرىشنى ئىلگىرى سۈرۈش»، «ئوقۇشنى ئەس-لىگە كەلتۈرۈپ ئىنقىلاب قىلىش» ئاساسىي يۈنىلىشىمىز بول-دۇ. ھازىر ئىدارە - ئورگانلارغا چۈشۈشۈۋەن دۈي، بەزىلىرىگە گۇڭشۈەن دۈي (ئىشچىلار تەشۋىقات ئەترىتى) چۈشۈپ ئىنقىلابقا رەھبەرلىك قىلىۋاتىدۇ. شۇڭا، سىلەرگىمۇ يېقىندا پىڭ شۈەن دۈي (كەمبەغەل دېھقانلار تەشۋىقات ئەترىتى) چۈشمەكچى. شۇ-نىڭغىچە سىلەر ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىگە سادىق، ئۈچ قىزىل بايراقنى سۆيىدىغان، مەيدانى مۇستەھكەم ئوقۇغۇچى، ئوقۇتقۇچى، ئىشچىلاردىن تەركىب تاپقان ئۈچ تەرەپ بىرلەشكەن مەك-تەپ ئىنقىلابىي كومىتېتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنى قۇرۇپ چىقىشىڭلار كېرەك ...
ۋۇجۇرىن سۆزىنىڭ ئاخىرىدا ئىنقىلاب، ئىشلەپچىقىرىش، ئوقۇشنى چىڭ تۇتۇپ، مەكتەپنى ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى بىلەن قوراللانغان ئىنقىلابىي بازا قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ھەققىدە بىر ھازا سۆزلىگەندىن كېيىن كېتىپ قالدى.
ئەتىسى ئەتىگەن داڭ ئۇرۇلۇش بىلەن مەكتەپ مەيدانىدا بەش يۈزدىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەت-چىلەر رەت - رەت ئولتۇرۇشتى. ئۇلارنىڭ ئالدىدا چوڭ دوسكا تىكلەكلىك تۇراتتى. زىكرۇللا غوجى مەكتەپ ئىنقىلابىي كومى-تېتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنى سايلاپ چىقىش شەرتلىرىنى سۆزلىگەندىن كېيىن، مەمتىلى ئىبراھىم نامزاتلارنىڭ ئىسمىنى

تىزىشقا تەكلىپ قىلىندى. بۇ قېتىمقى سايلامغا توختى قۇربان
بالا يېغىشتىن تېخى كېلەلمىگەچكە قاتنىشالمىدى، كامىل گۈل-
چىنئاي كېسەل بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن شەھەرگە كىرىپ كەت-
كەندى.

كۆپچىلىكنىڭ كۆرستىشى بىلەن دوسكىغا ئون بىر ئادەم-
نىڭ ئىسمى يېزىلدى. ئاخىرىدا ئاۋازغا قويۇش ئارقىلىق بەش
ئادەم مۇقىملاندى. ئۇلار زىكرۇللاغوجى، مەمتىلى ئىبراھىم،
ئاشپەز جۇمىراخۇن، توختى قۇربان، ئوقۇغۇچىلاردىن ماخمۇت
(ماخمۇت ئەلەم كۇرشىدە مۇئاۋىن سىلىڭ بولغان يۇقىرى يىل-
لىق ئوقۇغۇچى) ئىدى. ئاخىرىدا كۆپچىلىك قىزغىن ئالقىشلار
بىلەن ئۇلارنىڭ تەستىقتىن ئۆتكەنلىكىنى ئىزھار قىلىشتى. بۇ
نامزاتلار ئۈچۈن زەينىدىن قولىنى ئىلاجىسىز كۆتۈردى. ھازىر
ئۇنىڭ مىسكىن چىرايىدىن، ئۇمچىيىپ تۇرغان بىچارىلىكىدىن
نېمىلەرنى ئويلاۋاتقانلىقى بىزگە قاراڭغۇ. ئۆزىنىڭ ئەمەل تاجى-
سىنى بۆلۈشۈپ كىيىۋالغان مۇنۇ بەش نامزاتقا ئوغىسى قايناۋا-
تامدۇ ياكى قىلغان - ئەتكەنلىرىگە پۇشايمان قىلىپ ئۆكۈنۈۋاتام-
دۇ بۇمۇ نامەلۇم. ھەر نېمە دېگەن بىلەن ئۇنىڭ، بىر ئېغىز
تەتۈر شوئار ۋاقىراپ قويۇپ مايلىق قاپاق بىلىدا، قارا قالپاق
بېشىدا سېپى ئۆزىدىن ئەكسىلئىنقىلابچى بولۇپ قالغانلىقى
راست. ھەي زەينىدىن، ھەممە بالايىبەتتەرلەر ئۆز خۇي -
پەيلىمىزدىن بولىدۇ. ئېسىڭدىمۇ؟ بىر چاغلاردا سەن باشقىلارنى
ئورىغا ئىتتىرىش كويىدا: «سادىغاڭ كېتەي ھۆكۈمەت، بىرەر
ھەرىكەت باشلىساڭ نېمە بولىدۇ» دەپ تىلىگەنىدىڭ، مانا تىلەك-
لىرىڭگە يەتتىڭ، لېكىن سەنمۇ ئوتنىڭ سىرتىدا قالمىدىڭ.
«باشقىلار ھۆكۈمەتنىڭ ئۆگەي بالىسى، مەن بولسام ئەركە بالى-
سى» دەپ ئويلاپ قالغان چېغىڭ بار، ھەرقانچە ئامراق بالىڭ-
مۇ ئاتىدىن تاياق يەيدىغان چاغلىرى بولىدۇ. قارىغىنا،
تەقدىر - قىسمەت سېھىرلىك كارامىتى بىلەن ئۆز بېشىڭنى

ئۆزۈڭگە تاتىلاتقۇزۇپ، ئاغزىڭدىن كەتتىڭ، شۇنچىلىكلا ئىش، دانىشمەنلەر: «كىمنىكى زۇلۇم قىلسا، ھالاكىتى يېقىن بولۇر» دەپ ھەممىمىزگە پەند ـ نەسىھەت قىلغان. سېنىڭدىن زۇلۇم تارتقانلارنىڭ غەزىپى كەلسە، چاشقاننىڭ تۆشۈكىنى مىڭ تىللاغا ئېلىپ مۆكۈۋالساڭمۇ قۇتۇلالمايسەن. رىۋايەتلەردە شۇنداق زىكرى قىلىنغان: بىر زالىم پادىشاھ تەقۋادار كىشىدىن سورىدى: «خۇداغا قايسى ئىبادەتنى قىلغان ياخشى؟» تەقۋادار جاۋاب بەردى: «ساڭا چۈشكىچە ئۇخلاش ھەممە ئىبادەتلەردىن ياخشى، چۈنكى ئۇ چاغقىچىلىق خەلق سېنىڭ ئازابىڭدىن قۇتۇلۇپ قالىدۇ» شۇنداق، ئىنسانلارغا شەرەپ ھەم ئۇلۇغلۇق بەرگەن سۆپەت ـ پەزىلەت ۋە دىيانەتتۇر! دەرۋەقە، سەن ھازىر بەكمۇ بىچارە ھەم ئاۋارە، ھورۇڭدىن كەتتىڭ، پېتىڭدىن چۈشتۈڭ، بۇرۇنقى پەيلىڭ، ناباب پېئىلىڭ قالمىدى ...

سايلام ئاخىرلىشىش بىلەن ھېكمەت سىنىپقا كىردى. ئۇ، قوشكۆلدە سۈرگۈندە يۈرگەن چاغلىرىدا ئۇنىڭ سىنىپى ئىككىنچى يىللىقنى پۈتتۈرۈپ بولغانىدى. ئارىلىقتا ئىككى يىلدەك ئەلەم كۆرۈشى تۈپەيلىدىن بۇ باللار ئوقۇشسىز قالدى. مانا ئەمدى ئۇلار ئۈچىنچى يىللىق ھېسابىدا چالا ـ بۇلا ئوقۇتۇلماقچى. ھېكمەت ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇش قۇراللىرىنى بىر قۇر تەكشۈرۈپ بولغاندىن كېيىن سىنىپ ھەيئەتلىرىنى قايتىدىن سايلاپ، تۈزۈملەرنى بېكىتىپ چىقىپ كەتتى. ئۇ چۈشلۈك تاماقنى مەكتەپ ئاشخانىسىدىن يەپ، ئۆيىگە ئەمدىلا كىرىشى ئارقىدىن كامىل كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ چىرايىدا جىددىيلىك ئالامەتلىرى بار ئىدى.

— ھېكمەت، بۈگۈن ئۈچ كۈن بوپتۇ، ساقچىلار نەبىنى تۇتۇپ كېتىپتۇ، — دېدى كامىل دىمىققاندەك بولۇپ، — مەن سەئىدە ئاچامدىن ئاڭلىدىم.

— نېمىشقا ئەمدى؟

— شەھەردە ھازىر تەرتىپ ئورنىتىپ، يۇقىرىنىڭ ھۆججىتىگە ئاساسەن ئۈچ خىل ئادەملەرنى تۇتۇۋېتىپتۇ ئەمەسمۇ.

— نېمە جىنايەت بىلەن تۇتۇپتۇ، ئاڭلىمىدىڭمۇ؟

— ئاۋغان كوچىسىغا بېرىپ قوشنىلاردىن تىڭتىڭلاپ باقسام ئۇلار «گۈلرۇزنى ئاتقانىكەن» دېيىشىدۇ.

— نېمە، گۈلرۇزنى ئاتقان، — ھېكمەتنىڭ قېنى بىردىنلا يۈزىگە تەپتى، — ئىككى - ئۈچ يىللىق ئەلەم كۈرىشىدە قانغا چىلىشىپ قالغان قانخورلار ئازما؟ بىر غېرىبچ مەگىنى[①] بار توڭگۈزلار تۇرغۇچىدا، شاپاڭشىپ قوڭغۇزنى قوغلايدىغان دېۋەڭلەر ... ئەمەدى ئاشۇ كىچىككىنە بالىغا كەپتۇما كەلگۈلۈك ...

— ھېكمەت قارا، نەبى گۈلرۇزنى ئاتقاندا ئىككىڭلاردىن باشقا ئادەم يوقكەن، — دېدى كامىل ھەيران بولۇپ، — ئۇلار قانداق بىلىپ قالغاندۇ ياكى نەبى مەستلىكتە بىرەر كىمگە دەپ سالغانمىدۇ؟

— ياق، نەبى ئۇنداق ئاغزى بوش بالىلاردىن ئەمەس، — ھېكمەت بىردىنلا قوقاسقا دەسسىۋالغاندەك سەكرەپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. چۈنكى، ئۇنىڭ ئېسىگە نەبىنىڭ مەستلىكتە مەھبۇبەنىڭ ئۆيىگە بېسىپ كىرىپ دېگەن گەپلىرى ئېسىگە كەلگەندى، — مەھبۇبە! ! ... چوقۇم شۇ ...

— يوقىلاڭ خىياللارنى قىلما، — كامىلمۇ تىڭىرقاپ تۇرۇپ قالدى، — بەلكىم نەبى ياشلىقىغا ئېلىپ، قوراللىق ئاغىنىلىرىگە ئۆزىنى كۆرستىپ ماختىنىپ دەپ سالغاندۇ.

— ياق، بىلمەيسەن، بىر ھەپتىدىن بېرى مەھبۇبەنىڭ ھەرىكەتلىرى نورمال ئەمەس، ئۇ، يۈزىنى مەندىن قاچۇرۇپلا يۈرۈيدۇ. مەن ھازىرلا شەھەرگە بېرىپ بىر ئامالLاپ نەبى بىلەن كۆرۈشىمەن.

---

① مەگەن - گۆشخور ھايۋانلارنىڭ قوزۇق چىشى.

— ئالدىرىما، كەچتە مەھبۇبە كېلىدۇ، — دېدى كامىل ئۆزىنى بېسىۋېلىپ، — ئۇنىڭدىن چىرايلىق سوراپ باققىن، ئۇرۇشۇپ قالما، ئاندىن ئەتە ئەتىگەن شەھەرگە ماڭ، سىنىپىڭغا مەن ئىگە.

تېخى يىگىرمە نەچچە كۈن ئىلگىرىلا ماھىگۈلنىڭ خېتى توغرۇلۇق چىققان جېدەلدە، «دىۋانىلەر» دېگەن ھاقارىتى ئۈچۈن كەچۈرۈم سورىغان مەھبۇبەنىڭ ئۆچمەنلىكتىن نەبىنى چاققانلىقىنى ياكى غەرەزسىز بىرەر كىمگە دەپ سالغانلىقىنى بىلەلمىگەن ھېكمەت، كەچتە، يېتىش ئالدىدا ئۆزىنى تۇتۇۋالغان ھالدا مەھبۇبەدىن سورىدى. ئەمما، مەھبۇبە بىردىنلا يىغلاپ سالدى. ئەسلىدە نەبىنىڭ كېچىدە ئۆيىگە بېسىپ كىرىپ قىلغان زوتالىقىدىن خورلۇق ھېس قىلغان مەھبۇبە ئەتىسى بىر دوستىغا ھالىنى تۆكۈپ كېچىدىكى جېدەلنى ئۇجۇر - بۇجۇرىغىچە سۆزلەپ بەرگەنىدى. بۇ سۆز ئېغىزدىن - ئېغىزغا كۆچۈپ، مەكتەپتىن سىرت مەھەللىگىمۇ يېيىلىپ كەتتى. شۇڭا، ھەپتىدىن بېرى ساقچىلار مەھبۇبەنىڭ مەكتىپىگە بېرىپ ئىسپات يېزىپ بېرىشكە قىستىغان ۋە ئانىسىنىڭ قول باسقان ئىسپاتنامىسىنى كۆرسەتكەن. مەكتەپ رەھبەرلىكىمۇ ئىدىيىۋى خىزمەت ئىشلەپ ئۇنى خېلى بەك چۈچۈتكەن، خۇددى ئېتىلغان ئوقنى قايتۇرۇۋالغىلى بولمىغىنىدەك مەھبۇبەمۇ ئۆز ئېغىزىدىن چىققان سۆزگە «ئىسپات يازمايمەن» دەپ ھۆددىسىدىن چىقالمىغان ...

ئېڭەككە چاك قىلىپ تەگكەن كاچاتتىن كۆزىگە قىزىللىق تىقىلغان مەھبۇبە كارىۋاتتىن يىقىلىپ يەردە ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇ بىر قولىدا ئېڭىكىنى سىلىغاچ، يەنە بىر قولىدا ئېچىلىپ قالغان ئاپئاق كۆكسىنى تۇسۇۋالدى.

— ئىپلاس، قارا كۆڭۈل! ... ، — ھېكمەت ئۆمرىدە ئۆزى يىرگىنىدىغان ئىشتىن بىرنى قىلدى. ئۇ ئايالىنى بىر كاچات سالدىيۇ لېكىن شۇ ھامان يۈرىكى ئېچىشتى ...

# ساخاۋەتچىنىڭ پىغانلىق دەردى

ھېكمەت ئەتىسى تۈرمىگە بېرىپ نەبى بىلەن كۆرۈشەلمىدى. تۈرمە باشلىقى ئۇنىڭغا «ھۆكۈم چىقىرىلمىغان جىنايەتچىلەرنى كۆرۈشتۈرۈشكە بولمايدۇ، پەقەت قانۇنغا مەسئۇل ھاكىمىنىڭ تەستىقى ئارقىلىق ئادۋوكاتلارلا كۆرۈشەلەيدۇ» دېگەن جاۋابنى بەردى، ھەتتا ئۇنىڭ ئېلىپ كەلگەن نان، گۆشگىردە قۇرۇق يەل - يېمىشلىرىنىمۇ ئالمىدى. ھېكمەتنىڭ كۆڭلىگە قۇربان ھاكىم كېلىش بىلەن ئۇمىد يولى ئېچىلغاندەك بولدى - دە، يېگىئېرىق سۇ ئامبىرىغا بېرىشنى نىيەت قىلدى. ئۇ، لاسكويغا قاتنايدىغان ماشىنىغا چىقىش ئالدىدا: «ھازىر بىرىنچى ئاينىڭ ئاخىرى، سۇ ئامبىرىدا ئەمگەكچىلەر بولمىسا كېرەك. شۇڭا، ئۆيىنى بىر يوقلاپ ئۆتەي» دېگەن خىيال كەچتى - دە، ھاكىمنىڭ ئۆيىگە باردى. دەرۋازا ھالقىسى شىرىقلىشى بىلەن ئۇنىڭ ئالدىغا ئالما ئۇرۇقى رەڭلىك ئەتلەس كۆڭلەك ئۈستىدىن قارا دۇخاۋا كەنجەر كىيگەن بىر قىز چىقتى. ئۇنىڭ بەدىنى، ھۆسنى تولغان بولۇپ، ئاپئاق رۇخسارى جىلۋىلىنىپ تۇراتتى. قاپقارا شەھلا كۆزلىرى، پارقىراپ تۇرغان قىرلىق بۇرۇنلىرى، تال - تال چېچىلىپ كۆزى ئاستىغا سايە تاشلىغان كىرپىكلىرىگىچە قۇربان ھاكىمغا ئوخشايتتى.

— ۋۇي سىز ھېكمەتئۇ!، — دېدى قىز ھۆپپىدە قىزىرىپ، — يۇرۇڭ ئۆيگە كىرىڭ، مەن ماھىنۇر ئەمەسمۇ…

— ھە، سىز قۇربان ھاكىمنىڭ قىزى ئىكەنسىز - دە، — ھېكمەت 64 - يىلدىكى توينى ئەسكە ئالدى، — بولدى، مەن

ئالدىرايمەن، قۇربان ھاكىمنى ئىزدەپ كېلىشمىتى.

— دادام تۈنۈگۈن يېڭىئېرىق سۇ ئامبىرىغا كەتكەن، بۈگۈن كەچتە قايتىپ كېلىدۇ.

— كەچتە قايتىپ كەلسە بارغىنىممۇ بىكاركەن - دە.

— ۋاي خۇدايىم گېپىڭىز بولسا ئۆيدە قىلىڭا، يۈرۈڭ، — ماھىنۇر بىر چەتكە ئۆتۈپ ھېكمەتنى باشلىدى، — قېنى مېڭىڭ، پاھ، پاھ ئەجەب سوغ - ھە؟

ئەمدى قارشىلىق قىلىشقا ئورۇن قالمىغانىدى. ھېكمەت تاختايلىق ئۆيگە قەدەم ئېلىشى يۈزىگە ھۆپپىدە ئىسسىق ئۇرۇلدى. لوغۇلداپ كۆيۈۋاتقان چويۈن مەشنىڭ ئىككى يۈزى سەھرا قىزلىرىنىڭ مەڭزىدەك قىزىرىپ كەتكەنىدى. ھېكمەت بۇ ئۆيگە 64 - يىل 4 - ئاينىڭ 1 - كۈنى كەلگەنلىكى، نەق شۇ كۈنى گۈلزىبا بىلەن نىكاھ رەسمىيىتى ئۆتكۈزگەنلىگىنى ئېسىگە ئالغاندا، بىردىنلا مەرھۇم ئايالى بۇرنىغا پۇراپ، پۈتۈن ۋۇجۇدىنى ئوتلۇق بىر ئەلەم ئالىقانلىرىغا ئالدى ...

— قېنى، ئۈستەلگە كېلىڭ، ئۇسساپمۇ قالغانسىز، مەن چاي دەملەي.

ھېكمەت بۇ ئۆيگە تۇنجى قېتىم كەلگەندە، چاپسانراق چىقىپ كېتىش تىلىكىدە يەر بېقىپلا ئولتۇرغاچقا ئانچە دىققەت قىلمىغانىدى. مېھمانخانا كەڭ، ئازادە بولۇپ ئۇدۇلدىكى تامغا كەڭ رامكىلىق، بىر غۇلاچ ئۇزۇنلۇقتا ماي بوياق مەنزىرە رەسىم ئېسىلغانىدى. پولغا سېلىنغان ئانار گۈللۈك گىلەم ئوتقاشتەك تاۋلىنىپ تۇراتتى. دېرىزە تەكچىلىرىدىكى قاتىرىسىغا تىزىلغان گۈل تەشتەكلىرىدە ھەرخىل گۈللەر ئېچىلىپ كەتكەنىدى. ماھىنۇر ئۈستەلگە بىردەمدىلا تاتلىق - تۈرۈملەرنى تىزىپ چاي ئېلىپ كەلدى.

— قېنى چاي ئىچىڭ، دادامدا بىرەر ئىشىڭىز بارمىدى؟ — ماھىنۇر ھېكمەتنىڭ چىنىسىگە بىر كاللەك

ناۋات سېلىپ قويدى، — ئەجەب ئېزدەپ قاپسىزغۇ؟

— بىر ئاز ئىشىم بار ئىدى، — ھېكمەت نەبى تۇغرۇلۇق سۆز قىلىشنى خالىمىدى، — ھاكىم كەلگەندە ئۆزىگىلا دەي.

— شۇ، مەنمۇ سەزدىم، دادام داۋاملىق گېپىڭىزنى قىلىدۇ، — ماھىنۇرنىڭ سۇلكەت قىلىپ ئولتۇرماي ئۇتتۇر گەپ قىلىشىدىن كۆڭلىنىڭ تۇزلىكى چىقىپ تۇراتتى، — لېكىن، سىز بىرەر قېتىممۇ يوقلاپ قوياي دېمىدىڭىز، بولمىسا باشقا كۈن چۈشكەندە تونۇشقان ئىلپەتلەردىن ئىدىڭلا.

— ئاڭلىشىمچە سىزمۇ ئوقۇتقۇچى ئىكەنسىز، — دېدى ھېكمەت كۈلۈپ، — ئوقۇتقۇچىلارنىڭ قانچىلىك ئالدىراش ئۆتىدىغانلىقىنى بىلىسىز، بولۇپمۇ يېزا ئوقۇتقۇچىلىرىغا تېخىمۇ تەس.

— ئۇغۇ شۇنداق، — ماھىنۇر تۇيۇقسىزلا كۈلۈۋەتتى، — قارىسام سىزمۇ پىشىپ يېتىلگەندەك كۆرۈنىسىز، ھېلىقى بىر چاغلاردا يۇمران تەرخەمەكتەك بالىدىڭىز، — ھەر ئىككىلىسى تەڭلا كۈلۈۋەتتى.

— تويىنى كۆچۈرۈپ ئاپارغان كۈنى، مەن سىزنى بىر قېتىملا كۆرگەن، — دېدى ھېكمەتمۇ چاقچاق قىلىپ، — ئۇ چاغدا سىز خۇددى ئاق ئۈجمىنىڭ بودىكىدەك ئوماق قىز ئىدىڭىز.

— توۋا، ۋاقىت ئاتقان ئوق، دەپ بىكار ئېيتماپتىكەن، — ماھىنۇر چوڭقۇر تىنىپ قويدى، — شۇ ئىشلارغىمۇ بەش يىلدىن ئېشىپتۇ، قاپقاراشالغا ئورۇنۇۋالغان گۈلزىبا ھېلىھەم كۆز ئالدىمدا تۇرىدۇ. كېيىن ئۆيلەنگەنلىكىڭىزنى ئاڭلىدىم، ھازىر...

— ماھىنۇر سىزنىڭمۇ بالىلىرىڭىز باردۇ؟ — ھېكمەت كونا جاراھەتلەردىن ئۆزىنى قاچۇردى، — بۇگۈن چوڭ ئۆيدە-

كىلەرنى يوقلاپ كەپسىز ـ دە؟
— نەدىكىنى، — ماھىنۇر بىر ھازا جىمىپ كېتىپ، ئۇلۇغ كىچىك تىنىپ قويدى، — مەن مۇشۇ ئۆيدە تۇرۇ-ۋاتىمەن.
ماھىنۇرنىڭ توي قىلغىنىغا بەش يېرىم يىل بولۇپ قالدى. بىراق، ئۇ ئېرى بىلەن بىر يىلدەك بىرگە ئۆتەلىدى. كېيىن ئېرى ئۆگزىگە چىقىپ كېتىۋېتىپ، شۇتىنىڭ بالدىقى سۇنۇپ يىقىلغان باھانە بولدى — دە، بىر پۇتى باسماس، بىر قولى تۇتماس بولۇپ قالدى. ئۇزۇن ئۆتمەي بۆرەك كېسىلى قوشۇل-دى. مانا شۇنىڭدىن تارتىپ ياستۇقنى قىرلاپ ياتقىنى ـ ياتقان. ماھىنۇر ئەتىگەن، چۈش، كەچتە ئېرىنىڭ تامىقىنى يېگۈزۈپ، خۇددى كىچىك بالىنى باققاندەك ئاغزى ـ بۇرنىنى سۈرتۈپ، ئاستىنى قۇرۇغدىغان، بىر تەرەپتىن مەكتەپكە يۈگۈرەتتى. ئېرىنىڭ كېسىلى پات ـ پات ئېغىرلىشىپ مىللىي شىپاخانا، ناھىيىلىك، ۋىلايەتلىك دوختۇرخانىلاردا نەچچە ئايلاپ يېتىپ چىق-قاتتى. بۇنداق چاغلاردا ئۇ، مەكتەپ، ئۆي، دوختۇرخانا ئوتتۇ-رىسىدا چېپىپ شۇنداق چارچاپ كېتەتتىكى كېچىلىرى بىر چاغ-لارغىچە ئىگىراپ ئۇخلىيالمايتتى. ھازىرمۇ ئېرى بالنىتسىدا يېتىپ قالغانلىقى ئۈچۈن دوختۇرخانىغا يېقىن دەپ ئاتا ـ ئانى-سىنىڭ ئۆيىدە تۇرۇۋاتاتتى. قىسقىسى ئۇ، ھاياتنىڭ خۇۋلىقىنى كۆرمەي ياشلىقى قۇمغا سىڭگەن ئېقىندەك بىكارغىلا ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى. ئاللا يۈرىكىگە پەزىلەت ۋە ديانەت شەربەتلىرىنى ئاتا قىلغان خۇتەن قىزلىرى ئەنە شۇنداق ۋاپادار، ئىخلاسمەن ھۆرلەردىن ئىدى. ئۇلار بىرەر ئەرنىڭ پېشىنى تۇتۇپ، جۈپتى ھالال بولۇشقىنىدا ئېرىنى يېرىم خۇدا دەپ بىلىشىدۇ. چەككەن رىيازەتلىرى، خاپىلىقلىرى ئېرىنىڭ بىر كۈلۈمسىرىشى بىلەن يۇيۇلۇپ كېتىدۇ.
— كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلىپ، ھەسرەتنى ئىچىڭىزگە

يۇتۇۋەرمەك، — تەڭلىكتە قالغان ھېكمەت ماھىنۇرغا تەسەللىي
بەردى، — سىزنىمۇ كېسەل چېقىپ قويمىسۇن، يولدىشىڭىز-
مۇ ساقىيىپ قالار، سىز تېخى ياش، بەختلىك كۈنلىرىڭىز
ئالدىڭىزدا...

— شۇنداق، مېنىڭ بەختلىك كۈنلىرىممۇ بولغان، —
ماھىنۇرنىڭ قېلىن ھەم ئۇزۇن كىرپىكلىرى ئارا ئۇششاق يال-
تىراق ئۈنچىلەر كۆرۈندى، — ئاشۇ يىللار سىزگە ھەم سىز-
نىڭ دوستلىرىڭىزغا قىلغان ئازغىنا ياردەملىرىم، مېنىڭ ئەڭ
سائادەتلىك، مەنىلىك ئۆتكەن كۈنلىرىم بولدى. مەن بەزىدە
سۆزسىز، ھەرىكەتسىز ياتقان يولدىشىمغا قاراپ خىيالغا پېتىپ
كېتىمەن، قۇلىقىم تۇۋىدە بىردىنلا مۇڭلۇق گارمۇن ئاۋازى،
مىسكىن كۈيلەر تەكرارلانغاندەك بولىدۇ، ئۇنداق چاغلاردا كۆ-
زۈمگە يىغا يامىشىدۇ. كىمگىدۇر ئېسىلىپ قانغۇچە يىغلىۋال-
غۇم، پىغانلىرىمنى تۆككۈم كېلىدۇ. ئويلاپ بېقىڭ، مەنمۇ
ئېستېتىك تۇيغۇلارغا ھېرىسمەن بىر ياشقۇ ... ۋاي تووۋا، مەن
نېمىلەرنى دەپ كەتتىم، كەچۈرۈڭ ھېكمەت، ئۇزۇن بوپتىكەن
مەن بىر ئادەمگە ھال تۆكمىگىنى ...

— بۇمۇ ياخشى بولدى، كۆڭۈل كۆكسىڭىز بوشاپ قال-
دى، — دېدى ھېكمەت ئەينى يىللاردىكى ساخاۋەت-
چىگە قاراپ، — بىر تەرەپتىن يىغىمۇ ياخشى نەرسە، كۆ-
ڭۈلدىكى ئاچچىق زەرداپلار ياش بىلەن يۇيۇلۇپ كېتىدۇ.

ھېكمەت يېڭىئېرىق سۇ ئامبىرىدا سۇرگۇندە چاغدا ماھىنۇر
داۋاملىق دادىسىدىن ئۇنىڭ ئەھۋالىنى سوراپ تۇراتتى ۋە: «دا-
دا، ھېكمەتنىڭ بۇ يەردە ھېچنېمىسى يوق مۇساپىر، ئۇنىڭغا
كۆڭۈل بۆلۈڭ، تۇرمۇشىدىن خەۋەر تېپىپ قويسىڭىز ساۋاب
بولىدۇ، قاتتىق ئىشقا سالماڭ» دەپ دادىسىغا يىلىناتتى.
ھېكمەت دوستلىرى بىلەن چايخانا مەكتەپكە سولانغاندىن كېيىن
ئۇلارنى سىرتتىكى دوستلىرى بىلەن ئالاقىلەشتۇرگەنمۇ ماھىنۇر

ئىدى. ئۇ دادىسىنى بالاغا تېقىپ قويماسلىق ئۈچۈن بارلىق مەخپىي خەتلەرنى ئۆزى يېزىپ بەزىدە دادىسى ئارقىلىق كىر- گۈزسە، بەزىدە ئاشپەز هاملاخونغا بىۋاستە تاپشۇراتتى. ئەينى ۋاقىتتا هېكمەت بۇ سىرلىق ساخاۋەتچىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى مۆراتتىن چالا - پۇچۇق بىر ئاڭلىغان بولسىمۇ بۇنچىلىك دەرد- جىدە ئىكەنلىكىنى هېس قىلمىغانىدى.

هېكمەت دەردمەن ماهىنۇرنىڭ جاراهەتلىك يۈرىكىگە مەل- هەم بولغۇدەك سۆهبەتتە بولۇپ بىردەم ئولتۇرغاندىن كېيىن، كەچتە كېلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ ئورنىدىن تۇردى. ماهىنور دەر- ۋازا ئالدىغا چىققاندا «پات - پات كېلىپ تۇرۇڭ، كۆڭۈل ئازادىلىك بىلەن مۇڭدىشىش ئادەمگە مەدەت بولىدىكەن» دەپ ئۇنى ئۇزىتىپ قويدى.

چۈش ۋاقتى بولۇپ قالغانىدى. هېكمەت قىزىق دەرۋازىنى ئايلىنىپ ئاۋغان كوچىسىغا كەلدى. نەبى ۋە ئاقمولللا ئىمامنىڭ دەرۋازىلىرىغا قۇلۇپ سېلىنغانىدى. دەرۋازا يوچۇقىدىن گۈلزد- بانىڭ هۇجرىسىنىڭ قاپقالىق دېرىزىسى، هويلىدىكى تونۇر، ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى دۆۋىلەنگەن كۈل ۋە كۆسەيلەرگە ئۇزۇن قاراپ تۇرغان هېكمەت كۆزى قىيمىغان هالدا كەينىگە ياندى. ئۇنىڭ قېينانىسىنىڭ ئۆيىگە زادى كىرگۈسى يوق ئىدى. گەرچە مەهبۇبەنى بىر كاچات سالغان بولسىمۇ دەردى چىقمىغاندەك قىلاتتى. بىراق، كۆرمىگىنى بىر ئايدەك بولغان قىزى ئۈچقۇن- ئاينى سېغىنىش ئوتى ئۇنى ئىختىيارسىز كۆمۈر بازىسى تەرەپكە سۆرەپ ماڭدى. هازىر ئەنجان تاملىق بۇ هەيۋەتلىك قورۇنىڭ هېچقانداق ئىسكەتى قالمىغانىدى. لېيەنجەن بۇدۇي قوراللارنى جىددىي يىغىۋاتقان مەزگىلدە تەرەپباز تەشكىلات ئاخىرقى ئۇس- تۇنلۇكىنى تالىشىپ غالجىرلارچە ئۇرۇش باسقۇچىغا كىردى. شۇ چاغدا ئىسيانچىلار بىلەن قوغدىغۇچىلار بۇ يەردە شىددەتلىك ئېلىشقاندا ئاهالىلەر ئۆي - ۋاقىلىرىنى تاشلاپ شەهەر سىرتىغا

چىقىپ كەتكەنىدى. قوغدىغۇچىلار ئۆزلىرىگە توسالغۇ بولۇۋاتقان قورۇ - ئۆيلەرگە بېنزىن چېچىپ ئوت قويۇۋەتكەچكە ئەتراپ خارابىلىككە ئايلىنىپ، مەھبۇبەنىڭ قىلىن ئەنجان تاملىق ئىككى ئېغىز ئۆيى ساق قېلىپ، قالغان تۆت تەرەپنى قورشاپ تۇرغان ئامبار، ئوتۇنخانا، قازناقلارنىڭ ھەممىسى كۆيۈپ كەتكەچكە، قورۇنىڭ ئارقا تەرىپى ئوچۇق ئىدى.

ھېكمەت ئالدى بىلەن ئارقىسى يوق قورۇ ئىچىگە كىرگەندە مەھبۇبەنىڭ: «بۈگۈن چۈشتە ھېكمەت كېلىدۇ، لەڭمەنگە تەييارلىق قىلىپ قويۇڭ دېسەم شويلا قىپسىز» دېگەن ئۈنلۈك ئاۋازى ئاڭلاندى. ئەمما، ئۇ تاختايلىق پەلەمپەيگە قەدەم ئالغىندا بۇ ئاۋازمۇ بېسىقتى. مەھبۇبە چۈشلۈك تامىقىنى ئانىسى بىلەن يېگەچكە داۋاملىق چوڭ ئۆيدە بولاتتى. چويۈن مەش يېنىدا ئولتۇرۇپ، قازاندىكى شويلىنىڭ تۇزىنى تېتىۋاتقان موماي ھېكمەتنى كۆرۈپ، بېلىنى ئارانلا رۇسلاپ ئورنىدىن تۇردى.

— ھامىسلا بالام ...

— ياخشىدى، ئۆزلىرى ئوبدان تۇردىلىمىكىن؟

مەھبۇبەنىڭ قۇچىقىدىكى ئون ئايلىق بولغان ئۈچقۇنئاي بۇدرۇق قوللىرىنى سوزۇپ، ۋىلىقلاپ كۈلگىنىچە دادىسىغا تەلپۈندى. ھېكمەت قىزىنى قولىغا ئېلىۋېتىپ مەھبۇبەنى كۆزىدە ئۆردى. چۈنكى، ئۇنىڭ كېچىدىن بېرى زادى ئاچچىقى يانماي تۇراتتى. مەھبۇبە نېمە ئۈچۈن ساۋاق ئالمايدۇ؟ ئۆز ۋاقتىدا گۈلزىبانى كۆزدىن يوقىتىش ئۈچۈن گۈلرۇزىنىڭ چوماقچىسى بولدى. كېرىمۇفقا شاھىت بولۇپ، سوتلارغا يالغان ئىسپاتنامە بەردى؛ تۇغۇلۇپ ئاتا - ئانا مېھرىگە قانمىغان سەبى ئەزىمەتنىڭ تەقدىرىنى بىلىپ تۇرۇپ سۈكۈت قىلدى، ھېكمەتنىڭ قان - زەرداپ ياشلىرىنى تۆكۈپ ئەندىر دەريالىرىغىچە ئوغلىنى ئىزدەپ سەرسان بولۇشىغا، نەبىنىڭ نەچچە يىللاپ «ھۆۋ» تارتىپ

يىغلاپ بېشىنى ئېلىپ چىقىپ كىتىشىگە سەۋەب بولدى، مانا بۇ قېتىم يەنە شۇنىڭ كاساپىتىدىن نەبى قولغا ئېلىندى.

تاماق كۆڭۈلسىزلا يېيىلدى. دەستىخان يىغىشتۇرۇلغاندىن كېيىن مەھبۇبە مەكتىپىگە مېڭىشقا تەرەددۇتلىنىپ ئورنىدىن تۇردى.

— ھېكمەت، بۈگۈن مەكتەپكە چىقىپ كېتەمسىز، — سورىدى مەھبۇبە، — مەنمۇ بالدۇرراق يېنىپ كېلەي بىللە ماڭايلى.

— ياق، كەچتە قۇربان ھاكىمنىڭ ئۆيىگە بارىمەن، ئەتىگەن بارسام قىزى ماھىنۇر بارىكەن. ئۇ، «دادام كەچتە كېلىدۇ» دېگەن، شۇڭا قاچان قايتىپ كېلىشىم ناتايىن، — ھېكمەت قىزىنى مومايغا بەردى، — ھازىر شەھەردىكى ئاغىنىلەرنى يوقلاپ كېلەي دەيمەن.

ماھىنۇرنىڭ گېپى چىقىش بىلەن مەھبۇبە، ھېكمەتكە يەر ئاستىدىن لەپپىدە قارىۋالدى، كۆڭلى نېمىدىندۇر ئۆيگەندەك قىلدى. ئۇلار كوچىغا بىللە چىقىشتى. ۋېلىسىپىت يېتىلىۋالغان مەھبۇبەنىڭ چىرايى سەل تاتارغان بولۇپ يەر بېقىپ كېتىۋاتاتتى. چۈنكى، «ھېكمەت ئەسلى تۇرمىگە بېرىپ نەبى بىلەن كۆرۈشمەكچىدى، نېمە ئۈچۈن قوربان ھاكىمنىڭ ئۆيىگە بارغاندۇ؟» دېگەن خىيال ئۇنىڭ كۆڭلىنى خىرە قىلىپ تۇراتتى. دېمىسىمۇ مەھبۇبە ھەر قېتىم مەكتەپتىن قايتقاندا، ئېرىگە تاماق ئېلىپ كېتىۋاتقان ماھىنۇر ئۇچراپ ھېكمەتنىڭ ئەھۋالىنى سورايتتى. «قانداقراق تۇرۇۋاتىسىلەر؟» دېگەندەك سۆزلەرنى قىلاتتى. بولمىسا مەھبۇبە ئۇنى تونىسىمۇ ئانچە يېقىن دوستلاردىن ئەمەس ئىدى.

— ئەتىگەن بارغىنىڭىزدا ماھىنۇر يالغۇزمىكەن؟ — سورىدى مەھبۇبە بېشىنى كۆرتۈرمەي.

— ھەئە، يالغۇزكەن ...

— نېمىلەرنى دېيىشتىڭلار؟...

— ھەي، ئۇ بىچارىنىڭ دەردى خېلى ياركەن. تۆت يىلدىن ئېشىپتۇ، ئېرىنىڭ ئۇرۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغىنىغا...

— شۇلىما؟

— شۇلىما دەيسىزغۇ؟

— يا ئەمدى دەيمىنا، چۇشكىچە ئولتۇرغاندىن كېيىن...

— سىز نېمانداق ئىلمەك گەپلەرنى قىلىسىز؟ — ھېكمەت تېرىكتى، — ئۇ، سىزگە ئوخشاش تىلىدا تىكەن تېرىپ يۈرىدىغان قارا كۆڭۈللەردىن ئەمەس. بىلىسىزغۇ. دوستلارنىڭ بېشىغا كۈن چۈشكەندە جېنىنى ئالقىنىغا ئېلىپ قويۇپ، ئۇلارنى قوغدىغان، ياردەم بەرگەن.

ئۇلار قىزىق دەرۋازىغىچە بىللە ماڭغاندىن كېيىن، مەھبۇبە ھېكمەتنىڭ ناھىيىلىك دارىلمۇئەللىمىنگە بېرىپ شادىمان بىلەن كۆرۈشىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ ۋېلىسىپىتنى ئېرىگە بەردى ۋە «خوشمۇ» دېمەي كېتىۋاتقان ھېكمەتكە بىردەم قاراپ تۇرغاندىن كېيىن ئەخماتجان كوچىسىغا كىرىپ كەتتى.

دارىلمۇئەللىمىننىڭ ئوقۇتقۇچى- ئوقۇغۇچىلىرى ئەلەم كۆرىشى كەلتۈرۈپ چىقارغان ۋەيرانچىلىقنى ئوڭلاپ، سىنىپ، ياتاق، مەيدانلاردا ئەمگەك قىلىۋاتاتتى. شادىمان يىراقتىنلا كۆلۈپ كەلدى، كىتابخانىلارغا مەلۇم بولسا كېرەك، شادىمان ئۆزىنى تۇتۇۋالغان، ئېغىر - بېسىق، قاراشلىرى مۇلايىم، ئېستېتىك زۇقلارغا باي لىرىك شائىر بولۇپ، ئۇنىڭ بۇغداي ئۆڭ چېھرىگە بىر ئىللىق تەبەسسۇم ھامان يار ئىدى.

شادىمان ھېكمەت بىلەن ھال - ئەھۋال سوراشقاندىن كېيىن ئۆيىگە باشلىدى. ئۇنىڭ ئۆيى ئوقۇتقۇچىلار ئولتۇراقلاشقان، ئالدىدىكى تال بوستانلىرى كۆمۈلۈپ جازىلىرىلا تىكلىنىپ تۇرغان ئۇزۇن بىر قاتار ئۆيلەرنىڭ چېتىدىرەك بولۇپ، مېھمانخانا ئۆي ئانچە چوڭ بولمىسىمۇ چىرايلىق جابدۇلغانىدى. ئۇ

تامدىن بۇ تامغا تولدۇرۇپ ياسالغان تاختاي سۇپىغا ئىران نۇسخا گىلەم سېلىنغان بولۇپ، ئىچكىرىدە يەنە بىر ھۇجرا بار ئىدى.

— قېنى يۇقىرىغا چىقىڭ، چاپاننى سېلىۋېتىڭ، مەن چاي تەييارلاي، گۈلباھار مەكتەپكە كەتكەن.

— ئۆيلەنگىنىڭىزنى ئاڭلىدۇق، لېكىن تەبرىكلەپ كېلەلمىدۇق.

— ئىككى يىللىق ئۇرۇش ھەممىنى تۈزۈتىۋەتتى، — دېدى شادىمان چەينەككە چاي سېلىۋېتىپ، — يىراق - يېقىندىكى دوستلارنى چاقىرغىلى بولمىدى. گۈلباھارنىڭ ئاتا - ئانىسى زامان رەپتاردىن ئەنسىرەپ ئالدىراتقىلى تۇردى، شۇڭا مەكتەپتىكىلەر بىلەنلا تويىنى تۈگىتىۋالدۇق.

— ئالىمجان، ئامانىللالار بىلەن كۆرۈشۈپ تۇرالىدىڭىزمۇ؟ — سورىدى ھېكمەت چاپىنىنى سېلىۋېتىپ، — ئۇلار قانداقراق تۇرۇۋاتىدۇ؟

— ئىككى تەرەپنىڭ ئۇرۇشى راسا جىددىيلەشكەن يىللاردا پەقەتلا كۆرۈشەلمىدۇق، — دېدى شادىمان چىنىلەرگە چاي قۇيۇۋېتىپ، — ئۇرۇش توختىغاندىن بېرى دىدارلاشقىنى بولدى، سۇ ئىدارىسى يەتمىش كۈن قورشاۋدا قالغاندا مەلىكىخان ئانىمىز قازا قىلدى .

— مەلىكىخان ئانىمىز تۈگەپ كەتتى؟ — ھېكمەتنىڭ بېشى بىردىنلا چۈشۈپ كەتتى — رەھمەتلىك تولىمۇ شەپقەتلىك، مېھرىبان ئايال ئىدى. ئامانىللانىڭ تويىنى قىلىۋالسام ئارمىنىم يوق دەپ ئارزۇ قىلاتتى.

— ئامانىللا ھازىر توي تەرەددۇتىنى قىلىۋاتىدۇ، قېنى ھېكمەت، ئېلىڭ، — شادىمان تۇغاچلارنى ئۇشتۇپ قويدى، — بەلكىم توي كېلەر ئاينىڭ ئاخىرلىرى، ھاۋا ئىللىغاندىراق بولۇپ قالارمىكىن. بىراق، ئالىمجان ئايالى بىلەن ئانچە ئەپ ئەمەس...

— مەن ئۆز ۋاقتىدىلا لۇتپىيەنىڭ خاراكتېرى يۇقىرى قىز ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغانىدىم، لېكىن ئامانللا بىلەن روشەننىڭ توي قىلىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ كۆڭلۈم ئېچىلىپلا قالدى، ھېلىمۇ ئۈزۈلمەس غەلىيانلار تۈپەيلىدىن بەكمۇ كېچىكتى، — دېدى ھېكمەت چايدىن ئوتلاپ قويۇپ، — ھازىر شەھەرنىڭ ۋەزىيىتى قانداق؟

— ھەي…، — تىزلىنىپ ئولتۇرغان شادىمان داستىخاندىكى نان ئۇۋاقلىرىنى تېرىپ، پەتنۇسقا سالغانغا قەدەر بېشىنى ئىرغىتىپ ئۈنچىقمىدى، — بىز زىيالىيلار تۈگمەننىڭ ئىككى تېشى ئوتتۇرىسىدا قالغان داندەك ئۆمرىمىز ئېزىلىپ، تاسقىلىپلا ئۆتىدىغان ئوخشايمىز، ئەمدى «كۈرەش قىلىش، پىپەن قىلىش، ئۆزگەرتىش» دېگەن بىر ھەرىكەت ئېلىپ بېرىلارمىش، ھازىر بۇ ھەرىكەتكە مۇناسىۋەتلىك ھۆججەت، ماتېرىياللارنى ئۆگىنىۋاتىمىز.

— كۈرەش قىلىش، پىپەن قىلىش، ئۆزگەرتىش دېگىنى زادى قانداق ھەرىكەتكەن، ئۇنىڭدا نېمىنى ھەل قىلىدىكەن؟

— مەدەنىيەت ئىنقىلابىنى باشلاپ، «ئۆزئارا ئۇرۇشۇڭلار، قان تۆكۈڭلار، بۇلاڭلار، تالاڭلار، چېقىڭلار، بۇزۇڭلار» دەپ قويۇپ بەردى، — شادىمان ئىستېھزابىلەن كۈلدى، — ئەمدى ئاچچىق ئۈچەينى سىيرىغاندەك بىر باشتىن سىيرىپ، كۈرەش، تەنقىد، ئۆزگەرتىش ئارقىلىق ئەدىبىنى بېرىدىغان گەپ…

ھېكمەت ئويغا پاتتى، چۈنكى نەبىمۇ ئەنە شۇ «سىيرىش»نىڭ تۇنجى قۇربانى بولغانىدى، ئەمدى بۇ ياش ئۆسمۈرنىڭ بېشىغا نېمە كۈنلەر كېلىشنى بىلىپ بولمايتتى. ھېكمەت شەھەرگە نېمە سەۋەبتىن كىرگەنلىكى ۋە قۇربان ھاكىم بىلەن كۆرۈشمەكچى بولغانلىقىنى ئېيتىپ ئورنىدىن تۇرماقچى بولۇۋىدى. شادىمان گەپ باشلاپ قالدى.

— نەبى ئۇچۇن ئالىمجان زىھرۇللا ئىەڭ ياخشى ئاد-
ۋوكات بولالايدۇ، — دېدى شادىمان ئىشەنچ بىلەن، — ئۆت-
كەن ھەپتە ئاممۇۋى كىنوخانىنىڭ يازلىق كۇلۇبىدا بولغان ئو-
چۇق سوتتا ئۇ قاتىللىق جىنايىتى بىلەن ئەيىبلەنگەن ئون سەك-
كىز ياشلىق بىر بالىنى ئاقلاپ، ھەممىنى تاڭ قالدۇردى،
ئۇنىڭ بۇ ئۇچىنچى قېتىملىق ئاقلىغۇچى بولۇشى، لېكىن ھەر
قېتىمدا ئوچۇق سوتقا قاتناشقان ئامما، سوت كوللېگىيىسىنى
قايىل قىلىۋەتتى.
ھېكمەت كۆڭلى تەسكىن تاپقان ھالدا شادىمان بىلەن خوش-
لىشىپ يولغا چىقتى. ۋاقىت تېخى بالدۇر ئىدى. شۇڭا، ئۇ
ئالدى بىلەن ئۆلۈملۈك بولغان ئامانىللانىڭ ئۆيىنى پەتىلەشنى،
ئاندىن ئالىمجانىنىڭكىگە بېرىشنى كۆڭلىگە پۈكتى.
ھېكمەت ئامانىللا بىلەن ئۇرۇش يىللىرىدىكى مالىمانچىد-
لىق، ئۆيىنىڭ ئىككى نۆۋەت تېنتىلگەنلىكى، غازاخۇن ئاكىنىڭ
«ئۆگىنىش كۇرسى » دا قانداق قىيىن - قىستاقلارغا ئېلىنغاذ-
لىقى قاتارلىق سۆھبەتلەردە بولۇپ كەچ بولۇپ كەتكەنلىكىنى
تۇيماي قالدى. ئۇ ئالىمجانىنىڭ ئۆيىگە ئەتە بېرىشنى پىلانلاپ،
ۋېلىسىپىتىنى ھاكىمنىڭ ئۆيگە توغرىلىدى.
قۇربان ھاكىم بىلەن ھېكمەت بوسۇغىدىلا قۇچاقلىشىپ
كۆرۈشتى. ماھىنۇر ئانىسى بىلەن دوختۇرخانىغا كەتكەنىدى.
قىزىدىن ھېكمەتنىڭ كەچتە كېلىدىغانلىقىنى ئاڭلىغان ھاكىم،
ماھىنۇر تەييارلاپ بەرگەن بىر تەخسە تۇخۇم، بىر تەخسە ياڭيۇ
بىلەن گۆش قورۇمىسى ۋە توغرالغان نانلارنى ئۈستەل ئۈستىگە
تەل قىلىپ ئۈستىنى داستىخاندا يېپىپ قويغانىدى.
— قېنى ئاۋۋال تائام، ئاندىن كالام دەپتىكەن، — دېدى
كەيپى چاغ قۇربان ھاكىم، — قورسىقىڭمۇ ئاچقاندۇر، ئاۋۋال
قورساقنى ئەستەرلىۋېلىپ ئاندىن پاراڭلىشىمىز.
ئۇلار «قېنى ئەمىسە» ، «ئال - باق» دېگەندەك تەكەللۇپ-

لار بىلەن تاماق يېيىشتى. قىزىق دەملەنگەن چايدىن ئوتلىشىپ پاراڭغا چۈشتى. ھېكمەت نېمە ۋەجىدىن كەلگەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى. قۇربان ھاكىم باش لىڭشىتىپ ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن ئالدىرىماي ئۆزىنىڭ ئويلىغانلىرىنى سۆزلىدى.

— قانۇن - ھۆكۈم چىقىرىلمىغان جىنايەتچىلەرنى ھەر قانداق كىشى بىلەن ئۇچراشتۇرۇشنى قەتئىي مەنئى قىلىدۇ، ھەتتا نەرسە- كېرەكلەرنىمۇ قوبۇل قىلمايدۇ، بۇ تۈزۈمنى مەنمۇ بۇزالمايمەن، — دېدى ھاكىم يۈز- خاتىر قىلماي، — لېكىن ئادۋوكاتلار ساقچىنىڭ رەسمىيىتى ۋە مېنىڭ تەستىقىم ئارقىلىق جىنايەتچى بىلەن كۆرۈشەلەيدۇ ۋە سوئال سورىيالايدۇ.

— ئۇنداقتا ئادۋوكاتلىقتا ئالىمجان زىھرۇللانى تەكلىپ قىلسام سىزچە قانداق؟

— ھەببەللى، مەنمۇ ئاشۇ ئاغىنەڭنى ئويلاپ تۇراتتىم، — ھاكىم ھېكمەتنىڭ دولىسىغا ئۇرۇپ قويدى، — ئۇ ئىشتىن سىرت ئادۋوكاتلىق قىلىپ بىرنەچچە ئەنزىنى ئاقلاپ، جازادىن ئادەم ھەيران قالغۇدەك يېنىكلەشتۈردى. مەن ئۇنىڭغا ساقچىدىن رەسمىيەت ئېلىپ، تەستىق سېلىپ بېرەي، سەن ھەرقانداق گېپىڭ بولسا ئالىمجانغا دېگىن، ئۇ يەتكۈزۈپ قويسۇن، بولامدۇ؟

— قۇربانكا نەبى ئېغىر كېسىلىپ كەتمەس، — ھېكمەت يەنىلا خاتىرجەم ئەمەس ئىدى، — ئۇنىڭ مەندىن بۆلەك ھېچ- نېمىسى يوق قارا يېتىم دەڭا.

— قانۇن پاكىتقا ھۆرمەت قىلىدۇ، — قۇربان ھاكىم بونداق ئىشلارغا بەكمۇ ئەستايىدىل ئىدى، — نەبىنىڭ گۈلزۇز- نى ئېتىشى پىلان بىلەن قىلىنغان قەستەنلىكمۇ ياكى سەۋەنلىك- مۇ؟ يا بولمىسا ئۆزىنى قوغداش يۈزىسىدىن بولغانمۇ؟ بۇلار جىنايەتچىنىڭ تەقدىرىنى ھەل قىلىدىغان مۇھىم ئامىللار .

ھېكمەت گۇلىرۇزنىڭ قانداق شارائىتتا ئېتىلغانلىقىنى تەپ-
سىلىي سۆزلەۋاتقاندا قۇربان ھاكىمنىڭ چىرايى جىددىي تۈس
ئالدى.

— قارا ھېكمەت، ساڭا ئوچۇق دېيىشىم كېرەك، نەبىنى
قولغا ئېلىش رەسمىيىتىگە مەن قول قويغان، ئۇنىڭ ئاتقىنى
گۇلىرۇزلا ئەمەس جۇمۇ، ئۇ بوستاندىن قاچقاندا قوغلاپ كەلگەن-
لەرگە ئاسمانغا قارىتىپ ئوق ئېتىپ ئۆزىنى قوغدىغان، لېكىن
گۇڭشي دەرۋازىسى ئالدىدىكى قاراۋۇللار يولنى توراپ ئوق ئۈز-
گەنلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭ مۈرىسى يارىلانغان، شۇڭا بىرىنى ئېتىۋ-
ۋەتكەن.

ھېكمەت بېشىنى چاڭگاللاپ ئولتۇرۇپ كەتتى. ئەمدى ئىك-
كى ئادەم ئۆلتۈرگەن نەبىنىڭ تەقدىرى نېمە بولۇپ كېتەر؟
ئۇنىڭغا قانات ياپىدىغان ئانىسى، ئاچىسى ئۆلۈپ كەتتى، ماھى-
گۇلدىن تىرىك ئايرىلدى، قايىت بولسا تۈرمىدە، گۇلىرۇزنى
بولسا ئۆزى ئېتىۋەتتى. ئاھ خۇدا، پۈتۈنسۈرۈك بىر ئائىلىنى
ئىنقىلاپ ۋەيران قىلىۋەتتى...

— تۇلا غەم يەپ كەتمە، — دېدى ھاكىم ھېكمەتكە ئىچى
ئاغرىپ، — ھەر ئىككىلىسى ئۆزىنى ۋە باشقىلارنى قوغداش
يۈزىسىدىن بولغان يوللۇق تەدبىر، ئاۋوكات ئىنچىكە تەكشۈ-
رۈپ، پاكىتلارنى ئىگىلىيەلىسە نەبىگە ئېغىر جازا كەلمەيدۇ،
2 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ئوچۇق سوت بولماقچى، تېخى يېرىم
ئاي ۋاقىت بار.

— جازا بېكىتىلگەندىن كېيىن يەنە سىزنىڭ ئالدىڭىزدىن
ئۆتىدىغۇ؟

— نېمە ئارقا ئىشىك قىل دېمەكچىمۇ؟، — ھاكىم
كۈلۈۋەتتى، — بەك چوڭقۇر ئويلاپ كېتىپسەن، خاتىرجەم
بول، نەبىدە ئېتىلغۇدەك جىنايەت يوق.

— توۋا، ئاشكارا بولغانلىرىنىغۇ جازالايدىكەن، — دېدى

هېكمەت ئاچچىقىدا، — ئاشكارىلانمىغان نۇرغۇن قانخورلار قا-
نۇنىنىڭ سىرتىدا بەخىرامان يۈرسە، بۇ قانداق ئادالەت...
قۇربان ھاكىمنىڭ ئاخىرقى «خاتىرجەم بول» دېگەن سۆزد-
ىن كۆڭلىدە كىچىككىنە ئۈمىد چىرىغى يېقىلغان ھېكمەت
كېتىش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇردى. لېكىن، ھاكىم تۇيۇقسىزلا
ۋارقىراپ كەتتى:
— نەگە بارىسەن، سەن ھاجىتىڭنى دېيىش ئۈچۈنلا كەل-
گەنمىدىڭ؟ بىز تېخى مۇڭداشمىدۇققۇ، سايەڭنى كۆرسىتىپ
قويۇپلا كەتمەكچىمۇ سەن؟
قوربان ھاكىم چېچىلىپ ۋارقىراۋاتقاندا ئىشىك ئېچىلىپ
ماھىنۇر ئانىسى بىلەن كىرىپ كەلدى، ئۇلارنى كۆرگەن ھاكىم
باشقىدىنلا ئەزۋەيلەپ كەتتى:
— مانا، مانا قىزىم بىلەن ئانىسىمۇ كېلىپ قالدى، قاراڭ-
لار بۇنى، ئىزا تارتماي نەچچە يىلدا بىر كېلىشى، شۇنداق
تۇرۇقلۇق ئورنى ئىسسىماي تۇرۇپلا ئورنىدىن تۇرغىنىنى ...
هېكمەت قىرىق ئىككى - قىرىق ئۈچ ياشلار چامىسىدىكى
ئېگىز بوي، چوڭ ئۈرۈم چاچلىرىنى ئارقىسىغا بانتىلىۋالغان،
بۇغداي ئۆڭ، كۆز ئەينەكلىك ئايالغا سالام قىلدى، بۇ سالاپەت-
لىك ئايالمۇ ئۆيگە كىرىپلا ھوردىشىپ كەتكەن كۆز ئەينىكىنى
قولىغا ئالدى - دە، سەل ئېگىلگىنىچە ھېكمەتنىڭ قاملاشقان
بوي - تۇرقىغا باشتىن - ئاياغ سەپسالدى.
— نېمانچە ئالدىرايسىز، بۇ ئادەممۇ راسا ئىشلەپ چارچىد-
ى. يېڭىئېرىق سۇ ئامبىرىدىن كەلسىلا سىزنىڭ گېپىڭىزنى
قىلىدۇ، بەلكىم قۇلىقىڭىزمۇ قىزىغاندۇ، — دېدى ئايال كۇ -
لۇپ، — بۇگۇن ماھىنۇردىن كەلگىنىڭىزنى ئاڭلاپ خۇشاللىد-
قىدىن تېرىسىگە پاتمايلا قالدى، ئىشكاپنىڭ نەلىرىدىدۇر ئۇنتۇ-
لۇپ قالغان زەمزەملىرىنىمۇ ئىزدەپ تاپتى.
— ھە مانا، نۇرگۇلنىڭ گېپىنى ئاڭلىغانسەن، — دېدى

ھاكىم باشقىدىنلا جانلىنىپ، — سەن ئۇنداق يۈزسىزلىك قىلما، بولمىسا نەبى ئوكاڭنىڭ ئىشى بىلەنمۇ كارىم بولمايدۇ.

ھېكمەت گەرچە ھاكىمنىڭ ياسالما ئاچچىقلىنىشلىرىنى چۈشىنىپ تۇرغان بولسىمۇ، ئۆزىمۇ ئىزا تارتىپ قالدى. دېمىسىمۇ بېشىغا كۈن چۈشكەندە سايىۋەن بولغان بۇ خەيرخاھ باشپاناھنى سۇ ئامبىرىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن بىرەر قېتىم ئىزدەپ بارالمىغانىدى.

— قۇربانكامنىڭ خاپا بولۇشى يوللۇق، — دېدى ھېكمەت قىزىرىپ، — بۇ قالايمىقان يىللاردا ئۆز ھەلەكچىلىكمىز بىلەن بولۇپ كېتىپ ئىزدىيەلمىدىم، ھەر قايسىڭلارنىڭ ئالدىدا بەكمۇ ئۆزۈرلۈكمەن.

— دادام سىزنىڭ كەلگىنىڭىزنى ئاڭلاپ، قوشنىلاردىن دۇتارمۇ ئاچىقتۇردى، — دېدى ماھىنۇر كۈلۈپ قويۇپ، — مەنمۇ سىلەرنى ئولتۇرىدۇ دەپ ھەممىنى تەييار قىلىپ قويغان ئىدىم.

— ھە ئاڭلىغانسەن، — دېدى ھاكىم قىزىغا شەرەت قىلىپ، — قېنى ماھىنۇر، ئۈستەلنى بىر قۇر يىغىشتۇرۇپ، تەييارلىغان نەرسىلىرىڭىزنى ئېلىپ كېلىڭ.

ماھىنۇر يۈگۈرۈپ يۈرۈپ ئۈستەللەرنى يىغىشتۇردى، ئاندىن بىرنەچچە تەخسە گۆش قورۇملىرىنى ئۆستەلگە تىزىپ، قىزىق چاي دەملەپ ئېلىپ كەلدى. ھاكىم «شىفدىلىڭ» ھارىقىنىڭ ئاغزىنى ئاچتى. ئۇ سىركايىلارغا تەڭشەپ قويغاندىن كېيىن قىزى بىلەن ئايالىغا: «قېنى، سىلەرمۇ كېلەمسىلەر؟» دەپ قويدى. ئۇنىڭغا جاۋابەن نۇرگۈل كۈلۈپ: «بىز سىلەرنىڭ پەيزىڭلاردىن زوق ئالساق كۇپايە» دەپ قويدى. ۋە ياندىكى ھوجرا ئۆيگە كىرىپ ئىشكىنى چوڭ ئېچىۋەتتى.

— سېنىڭ بىلەن ئۇرۇش باشلانغاندىن بېرى كۆرۈشەلمى-

دۇق، ــ ھاكىم سىركايىنى ھېكمەتكە سۇنۇپ، ئۆزىمۇ قولىغا
ئالدى، ــ قېنى بۇنى نېمە دەپ ئىچىمىز، ئۆزۈڭ بىر نېمە دە.
ــ شۇنچە غەلىيانلاردىن كېيىن ئامان- ئېسەن كۆرۈشكەن-
لىكىمىز ئۈچۈن!
ــ خوش، ئامان بولايلى!
سىركايىلار بىر - ئىككى قېتىم ئايلاندى. هاراققا ئۆزىنى
ئانچە ئۇرۇپ كەتمەيدىغان ھاكىم نېمە ئۈچۈندۇر تېز- تېز قۇيۇ-
ۋاتاتتى، ئۆزىمۇ ھەۋەس ۋە ئىشتىياق بىلەن ئىچەتتى. لېكىن،
چىرايى ھەسرەتلىك ئىدى. ئۈچىنچى قېتىملىق سىركايىنى
«ھايىنىغا قالغان جان ئۈچۈن ئىچەيلى» دەپ قولىغا ئالدى، بۇ
گەپ ھېكمەتكىمۇ تەسىر قىلدى، دېمىسىمۇ تەرەپباز
تەشكىلاتلارنىڭ ئۇرۇشلىرىنى ھەرقانداق ئۇرۇشلارغا ئوخ-
شاتقىلى بولمايتتى. ھەر ئىككىلا تەرەپ ئەسىرلىرىنى قىيناققا
ئېلىشتا ياپون باسقۇنچىلىرى، گىتلېر فاشىستلىرىدىن قېلىش-
مايتتى. «پاچاق چېقىش»، «گاڭزىغا بېسىش»، «سىم بىلەن
بوغۇپ تىرىك كۆمۈش»، «تۇرۇسقا ئېسىپ داغلاش»، «جان
يەرلىرىگە توك ماڭدۇرۇش» دېگەندەك ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمەيدى-
غان قىيناقلار بىلەن نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ جېنىغا زامىن بولۇش-
تى. دەرۋەقە مۇشۇنداق تەلۋىلەرچە ئېلىپ بېرىلغان ئىنقىلابتىن
ساق قالغان جان ھايىنىغا قالغان جان ئىدى، ھېكمەت دوستلى-
رىنى ياد ئېتىپ بىر - بىرلەپ سۆزلىدى، غازاخون ئاكا،
نائىبى، مۇرات . گۈلزىبا، نەفىسە، زۇمرەتلەر بۇ ئىنقىلابنىڭ
ناھەق قۇربانلىرى بولدى، ئەھلى دىيانەتلىك، ئىستېداتلىق،
ئەلنىڭ مەشئەل چىراغلىرى ئىدى! بىز بۇ ئىنقىلابتىن نېمىگە
ئىگە بولدۇق، نېمىلەرنى يوقاتتۇق؟ كىشىلەر ئارىسىغا چېچى-
ۋەتكەن بۇ نىزا - يېغىلىقلارنىڭ ئادالەتسىز فورمۇلىسىنى كىم
شەكىللەندۈرگەن؟!
ــ قېنى، بونى ئىچىۋېتەيلى ھېكمەت، ــ ھاكىمنىڭ

چىرايى غەزەپلىك ئىدى، — گەپلىرىڭ يوللۇق ئىنىمنىڭ يىگىرمە ياشقا كىرگەن بىر ئوغلى لەنتى ئۇرۇشنىڭ قۇربانى بولدى. مىنىڭ كىچىك قىزىم ماھىرە ئەمدىلا ئون سەككىز ياشقا كىرگەن ئىدىغۇ...

67 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى «كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇق-دارلارنى» تارتىپ چىقىرىش بورىنى كۆتۈرۈلۈش بىلەن كوچا ـ كويىلاردا ۋارقىرىشىپ ـ قىزىشىپ، ھەتتا ياقىلىشىپ قىلىنىدىغان مۇنازىرىلەر بىردىنلا ئەلەم كۈرىشىگە ئايلاندى. ئاز ئۆتمەي تەرەپباز تەشكىلاتلار زامانىۋى قوراللار بىلەن قوراللاندى. بۇ چاغدا «تيەنبىڭ» سىلىڭبۇسى تارقىلىپ بوستان ئوتتۇ-را مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى مەكتىپىگە قايتىپ كەتكەنىدى. شۇ-نىڭدىن باشلاپ ئوقۇتقۇچىلارنىڭ كۆنى قىيچىش، يوشۇرۇنۇش. سەرسانلىق، پاتىپاراقچىلىق بىلەن ئۆتتى. بۇ چاغدا ناھىيىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى ساۋۇر رۇزىنىڭ قول تىقىشى ئارقىلىق قوربان ھاكىمنى: «كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدار» دىگەن جىنا-يەت بىلەن تارتىپ چىقىرىپ كۈرەش قىلدى ھەم ئۇنىڭغا «ئەك-سىيەتچىلەرنىڭ «قوغدىنىش كۈنلۈكى» ، «يىشىل چىراغ يې-قىپ بەرگۈچى» » دىگەندەك قالپاقلارنى كىيگۈزدى، بۇ چاغلاردا گۈلباغ رەستىسى ئىككىگە بۆلۈنۈپ بىر ـ بىرىنى كىچە ـ كۈندۈز ئوققا تۇتۇپ تۇراتتى قوربان ھاكىم ئۈچ ئايغىچە ناھىيە-لىك كومىتېت ئىچىگە سولىنىپ ئۆيىگە كېلەلمىدى. دادىسىنى سېغىنىپ كەتكەن ماھىرە بىر كۈنى يامغۇردەك يېغىۋاتقان ئوق-لارغا قارىماي ناھىيىلىك كومىتېت ئالدىغا بېرىشى ئوق تەگكە-نىدى.

ھېكمەت بېشىنى ئەگكىنىچە كۆزلىرىنى يۇمدى. قۇربان ھاكىمنىڭمۇ سىركايىنى تۇتۇپ تۇرغان قوللىرى تىترەپ، كۆز-لىرى سۇۋاي مانانلاشقانىدى. ھۇجرىنىڭ ئۇدۇل ئىشىكىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان ماھىنۇر، تىكىش ماشىنىسىغا جەينەكلىگىنىچە

يىغلاۋاتاتتى.

— قۇربانكا بۇ هاراقنى ئاشۇ ناھەقچىلىك قۇربانلىرى ئۈچۈن ئىچەيلى! — ئاۋازى ئارانلا چىققان ھېكمەت ماھىنۇرغا قارىدى، — ماھىنۇر دۇتار بار دەۋاتاتتىڭىزغۇ...

سىڭلىسىنىڭ پىراق ھەسرىتى، ئۆزىنىڭ بەختسىزلىك نادا-مەتلىرى يامغۇر بولۇپ تۆكۈلۈۋاتقان ماھىنۇر دۇتارنى ئېلىپ چىقتى، ھېكمەت ئۇنى سازلاپ تەڭشەۋېتىپ ئىككى چېكىسىنى قاماللاپ، جىمىپ كەتكەن ھاكىمغا قاراپ يۈرىكى دەپ ئېيتقۇ-سىز ئېچىشىپ كەتتى.

— قۇربانكا كۆڭۈللىرىنى بۇزمىسىلا...بۇ سىلىگىلا كەل-گەن دەرد - ئەلەم ئەمەسقۇ...

— بولدى چالغىنا، — ھاكىم بېشىنى كۆتۈرۈپ قۇرۇق سىركايىلارنى ئالدىغا ئالدى، — ئاشۇ ۋاقىتسىز كەتكەنلەر ئاڭلىغۇدەك، بىزدەك باغرى يارىلارنىڭ يۈرىكىنى كۆرگۈدەك چال. بۈگۈن سېنى كۆرۈپ پۈخانىم ئۆرلەپلا قالدى.

نۇرگۈل بىلەن ماھىنۇر مېھمانخانىدا چىقىپ چوڭ ئۇس-تەلدىن ئورۇن ئالدى. ماھىنۇر ھېكمەتنىڭ ۋە دادىسىنىڭ سىر-كايىلىرىغا چاي قۇيغاندىن كېيىن ئانىسى بىلەن ئۆزىگىمۇ قۇيـ-دى. چېھرىنى بىردىنلا ئەلەملىك تۇمانلار قاپلىغان ھېكمەت دۇتارنى مۇڭ بىلەن چېلىۋەتتى:

قانچە ئادەملەر ئۆلۈپ كەتتىغۇ،
تىرىكلەرنى قان - يىغلىتىپ.
مۇرادىغا يەتتىمۇ ئىنسان،
ھاياتلىقتا شۇنچە قېيىغىتىپ.
ۋادەرىخا، قىسقا ئىكەن ئادەمنىڭ ئۆمرى.

ياش دىمىدى ۋە يا مۇيسىپىت،
ئىلىپ كەتتى ئەجەل تاللىماي.
قول قوشتۇرۇپ يىغلاپ قىلىشتۇق.
بۇ ئۆلۈمگە چارە قىلالماي.
ۋادەرىخا، بىۋاپا ئىكەن ئالەم...

قۇربان ھاكىم چىقىش چىقىۋاتقان كۆزلىرىنى نەگىدۇر تىكىپ قېتىپ قالغانىدى، نۇرگۇل ئۈنسىز ياش تۆكۈۋاتاتتى، جەينەكلىرىگە بېشىنى قويۇۋالغان ماھىنۇر توختىماي ئىسەدەپ يىغلايتتى، بىراق، ھېكمەت دوستى مۇراتقا تەسەللىي بىرىۋاتقاندەك، «ھامان بىر كۈنلىرى سېنىڭ بىلەن دىدارلىشىمەن» دەپ ئەھدۇ - پەيمان قىلىۋاتقاندەك مۇڭ ئىقىنلىرىغا چۆككەنىدى، ئۇ بىردىنلا ئاۋازىنى كۆتۈردى ...

كېلىدىكەن يىراق كەتكەنلەر،
كەلمەيدىكەن كەتمەنلەنگەنلەر.
ئۆلۈپ كەتسە بولدى رەھمەتلىك،
تىرىكلىكتە سەن - پەن دېگەنلەر.
ۋادەرىخا، كەچۈرۈڭلار مېنى دوستلىرىم...

ياشىمايلى مەيلى قانچىلىك،
ئاخىرى بىر كۈن ئۆلۈپ كېتىمىز.
ئايرىلساقمۇ بىر - بىرىمىزدىن،
ئۇنىڭ قەدرىگە شۇ چاغ يېتىمىز.
ئاھ دەرىخا، تەقدىر - قىسمەت شۇنچىلىكمىدى؟!...

ماھىنۇر ئۇن سېلىپ يىغلىغىنىچە ھۇجرىغا كىرىپ كەتتى. ئۇ سىڭلىسى ماھىرەگە شۇنچىلىك ئامراق بولسىمۇ، بەزى

چاغلاردا «سەن - پەن» دېيىشىپ قېيىدىشىپمۇ قالاتتى. مانا ئەمدى ئۇنىڭ قەدرى ئۆتۈلدى، بىراق ئۇ بۇ يورۇق دۇنيادا يوق ئىدى!...

خۇددى تۇپراق ئادەم يەپ تويمىغاندەك، لېيى تۇپراقتىن يارالغان ئىنسانمۇ، دۇنيادا ھېچنېمىگە تويماي، قانائەت قىلماي، بايلىق، مەنپەئەت، ئۈستۈنلۈك كويىدا بىر ئۆمۈر پايىپېتەك بولۇپ ئۆتىدىكەن، بۇ يولدا ئەڭ يېقىن دېلكەشلىرىنى، ۋاپادار ھەمراھلىرىنى، ھەتتا بىر قورساقتا بىللە يېتىپ، بىر ئەمچەكنى تەڭ تالىشىپ ئەمگەن قان - قېرىنداشلارنىمۇ ھېچ ئايانماي گۆرگە ئىتتىرىدىكەن ... ئۇلار بىر - بىرىگە قان چېچىشىپ ئېرىشكەن ئاشۇ دەپ - دۇنيالار باقىيدىمۇ ئەسقاتارمۇ؟! ... ياق! كۆڭۈل شىشىسىدەك نازۇك نەرسىنى سۇندۇرغانغا چۇشلۇق ئىش يوق! پەقەت سېنى بىرنەچچە ۋاقىتلا ئالدايدۇ، خالاس، ئۇنىڭدىن كېيىنچۇ؟ ئاشۇ قىسقىغىنا بەرگەن ھۇزۇر- ھالاۋىتى ئۈچۈن مەڭگۈلۈك بەدەل تۆلەيسەن! دۇشمەنلىشىپ، سەتلىشىپ ئاراز ئۇرۇقلىرىنى چېچىپ ئېرىشكەن مەئىشەتنىڭ چاڭدەك توزۇپ تۈگەيدۇ، ئەمما رەنجىتكەن، رەنجىگەنلەر قالىدۇ. بىراق، ئۇلارنىڭ يۈرىكىگە تاڭلا مەھشەرگىچە ئۆچمەيدىغان داغ ئورناپ كېتىدۇ، بۇنى ئەقىللىقلار ھېس قىلىپ ئازابلىنىدۇ، ئەقىلسىزلار دەلدۈش ساراڭلاردەك بەخىرامان يۈرۈۋېرىدۇ. ئەمما، شۇنى ئۇنتۇمىغىنكى، پۇشايمان، ئۆكۈنۈش، ۋىجدان ئازابى، يۈرەكلەرنى چاك - چاك يارغۇدەك توۋۇلىرىڭنى يۇدۇپ ئۇ دۇنياغا كېتىسەن، لەھەت ئېچىدىكى ئورۇنغىلا تۆكۈلۈپ قالغان بىر دۆۋە سۆڭەكلەرنىڭ بەزىلىرى نېمە ئۈچۈن ئاپئاق؟! بەزىلىرى نېمە ئۈچۈن ساپسېرىق سارغىيىپ كەتكەن؟! دانالار بۇنىڭغا: «ئاقلىرى - ئاق كۆڭۈللەرنىڭ ئاقلىقى، زەپىرانلىرى پۇشايمانلىق زەرداپلىرىنىڭ تاڭلا قىيامەتكىچە قالدۇرغان داغلىرى» دەپ تەبىربەرگەن. ئەقەللىي

مىسال، قارىغىنا، ماھىنۇر سىڭلىسى ھايات چېغىدا ئارىدىن ئۆتكەن ئازغىنە كۆڭۈلسىزلىكلەرنى ئويلاپ قانچىلىك ئازابلاندى؟

ھېكمەت بۇ ناخشىنى ئۇ ئۆزى ئۇچۇن ئېيتىۋاتاتتى. بايا ئۇستەلگە بىر بوتۇلكا ھاراق قۇنغان ھامان ئۇنىڭ بۇرنىغا مۇرات پۇراپ كەتتى، كۆڭلىدىن كەچمىگەن ئوي قالمىدى. دوستىنىڭ چاقچاق - ھەزىللىرى. ھالال ھېيلىگەرلىكلىرى، ئۆزىنى تېرىكتۇرۇپ ئارقىدىن قۇچاقلاپ سۆيۈشلىرى، بىر چاغلاردا ھېكمەتنى دەپ ياش تۆكۈشلىرى كۆز ئالدىغا كېلىپ تۇرۇۋالدى. قۇربان ھاكىم بىرىنچى قەدەھنى سونغاندىلا ھېكمەت ئىچىدە: «مۇرات بۇ سېنىڭكى» دەپ پىچىرلىدى. بۇ ھەسرەتكە ھاكىمنىڭ كىچىك قىزىنى ياد ئېتىپ: «ئۇ تېخى ئەمدىلا ئون سەككىز ياش ئىدىغۇ» دېگەن پىغانلىق نىداسى قوشۇلدى. شۇڭا، ئۇ بىئىختىيار بۇ قان - ياشلار ساقىپ تۇرغان ئەلەملىك ناخشىنى باشلىۋەتكەنىدى. شۇنداق، ئۇ ھازىر مۇرات، نائىبى، گۈلزىبا، زۇمرەت، نەفسەلەرنىڭ قېشىغا مۇڭداشقىلى كەتكەنىدى، ئۇلار بىلەن دىدارلىشىپ دوستلىرىغا قانمايۋاتاتتى... ناخشىنىڭ ئاخىرقى سەھىپىلىرى يوقىرى كۆچىنىش لېكىن ئازابلىق نالە بىلەن ئاخىرلاشتى:

بۈگۈن كەلدىم قېرىنداشلىرىم،
مۇڭداشقىلى قاتارىڭلارغا.
ئەجەل بەرسە شۇ دەمدە پۇرسەت،
قېنىۋالاي دىدارىڭلارغا.
ۋادەرىخا، يېگانە قالدىمغۇ نىتەي...

ھېكمەت چوڭقۇر، ئۇلۇغ - كىچىك تىندى - دە، جىمىپ قالدى. كۆزلىرى قىزىرىپ كەتكەن ماھىنۇر ھۇجرا ئۆيىدىن چىقتى. ئۇ ئورنىغا كېلىپ ئولتۇرۇۋېتىپ ھېكمەتكە

لەپپىدە بىر قـاراپ قويـدى. ئـۆينىڭ ئىچىنى ئىغىر سۈكـۈت چىرمىۋالغانىدى. ھېكمەت بىر چاغدىلا ئۆزىگە - ئۆزى سۆزلەۋاتقاندەك:

— بۇ ناخشىنى دوستۇم مۇرات ھەقدادىغا يەتكۈزۈپ ئىيتىدىغان، — دەپ قويدى.

— قېنى ھېكمەت، بۇنى ئىچمۇيتەيلى، مەن بۇگۈن قىزىم ماھىرە بىلەن بىر مۇڭدىشىۋالدىم، — دېدى ھاكىم سىركايىنى سۇنۇپ، — ئەمدى ئىلى ناخشىلىرىدىن بەھرە ئالايلى.

ھېكمەت يېنىپ كەتكەن تارنى سازلىغاندىن كېيىن، ئۆزى چالالايدىغان ئىلى ناخشىلىرىدىن باشلىدى:

ئاقتۇر بىلىكىڭ ئاقتۇر،
ياردىن تەلىيىم يوقتۇر.
ياردىن تەلىيىم بولسا،
ئۆلسەم ئارمىنىم يوقتۇر.
يار سېنىڭ دەردىڭ يامان ...

ھاكىم بېشىنى لىڭشىتىپ، دۇتار پائۆزىسىغا كەلتۈرگىنىدە ھېكمەتكە ئەگىشىپ بوش ئاۋازدا ناخشىغا ياندىشىۋاتاتتى:

بارغۇلۇقەي بارغۇلۇق،
تامدىن قاراپلا يانغۇلۇق.
بەندىلىكتە چارە يوق،
ياقا تۇتۇپ يىغلاغۇلۇق.
ئاھ بىۋاپا ئىكەن يارلار ...

ھاراق كەيپىدىن قىزىپ قالغان ھېكمەت، ناخشىنىڭ ئار-قىسىدىن ناخشا ئۇلاپ. «كۆچ - كۆچ». «ھارۋىكەش» ۋە «سا-

دىر پالۋان» ناخشىلىرىنى ئېيتىپ، قىزىق چاقچاق - يۇمۇرلارنى سۆزلەپ ئوتتۇرا كېچە بولۇپ كەتكىنىنى تۇيمايلا قالدى. ئۇ رەھمەت ئېيتىپ ئورنىدىن تۇردى. ھاكىم ئۇنى قونۇپ قال، دەپ قاتتىق تۇرغان بولسىمۇ ئۇزۇر سوراپ ئۇزاپ چىقتى.

— رەھمەت ساڭا ھېكمەت، بۈگۈن مېنى ھەم يىغلاتتىڭ ھەم كۈلدۈردۈڭ، — دېدى ھاكىم قول ئۇزىتىپ، — سەن يېڭىئېرىق سۇ ئامبىرىدىن ئايرىلغاندىن بېرى مەن بۇنچىلىك خۇماردىن چىققۇدەك ئولتۇرۇپ باقماپتىمەن، پات - پات كېلىپ تۇرغىن.

— شۇنداق قىلىڭ، — دېدى نۇرگۈل مېھماندوستلۇق كۆرسىتىپ، — بۇ ئادەمدىن ماھىنۇردىن گەپلىرىڭىزنى تولا ئاڭلىغان، خۇش پېئىل، ئوبدان بالىكەنسىز، سىزنىڭ «قان ۋە سۇ» ناملىق ئوچېركىڭىزنى ئوقۇپ سىزنى بىر كۆرۈش ئىستىكىم بار ئىدى.

— راست، ئۇ ئەسىرىڭ مېنى بەكمۇ ھاياجانغا سالدى، — دېدى ھاكىم قولىنى تۇتۇپ، — مەن شۇنچە يىل دېھقانلار بىلەن ئىشلەپ ئۇلارنى سېنىڭچىلىك چۈشەنمەپتىكەنمەن، بولۇپمۇ بوزاقلىق كېرىم بوۋاينى ئاجايىپ يېزىپسەن.

— ھېكمەتنىڭ، — دېدى ماھىنۇر، — «دېھقان ئوغلى» دېگەن ھېكايىسىمۇ شۇنداق تەسىرلىك يېزىلغان، مەن سىنىپتا ئوقۇغۇچىلارغا ئوقۇپ بەردىم ...

— خوش ئەمىسە، رەھمەت سىلەرگە، — ھېكمەت خوشلىشىپ ماڭغاندىمۇ، ئۆزىگە مېھىر بىلەن قاراپ تۇرغان ماھىنۇرغا تىكىلىپ قارىمىدى ...

ھېكمەت يولدا كېتىۋېتىپ: «نەبى ھازىر تىزلىرىنى قۇچاقلاپ قاراڭغۇ، زەي گۈندىخانىدا ئولتۇرامدىغاندۇ» دەپ ئويلىدى. ئويلىغانسېرى گۆدەكلىكىدىن تارتىپ ھاياتىنىڭ غەلۋىرلە-

ىردە تاسقىلىپ، ھېچ خوۋلۇق كۆرمىگەن نەبىنىڭ ئاچچىق كەچـ
مىشلىرى، يۈرەكنى زىدە قىلغۇدەك ئازابلىرى بىر ـ بىر تىزىدـ
لىپ ئۆتتى. ھازىر ئۇ ھەممە ـ ھەممە نېمىسىدىن ئايرىلدى.
ھېكمەتتىن باشقا «ھالىڭ نىچۇك؟» دېگۈدەك بىرەر ھەمدىمى
قالمىدى. ئۇ ھېلىقى شۇۋىرغان ھۇۋلىغان زىمىستان كېچىسى
تاۋۇت ئىچىگە كىرىپ ئىگىراپ ياتقىنىدا نېمىلەرنى ئويلىغان
بولغىيتتى؟ ئېھتىمال گۈلزىبا، ھېكمەت ئۇنىڭ غۇبارسىز،
كىرسىز قەلبىدە شام چىراغدەك يېنىپ تۇرغاچقا كېسەلگە،
سوغۇققا، قايىتنىڭ سالغان دەردۇ ـ بالالىرىغا بەرداشلىق بەرـ
گەندۇ. لېكىن ھازىرچۇ؟ ياش ھاياتىدىن ئۈمىد ئۈزۈلگەن يەردە
ئۇنىڭدا ئۈمىد، ئارزۇ ـ ئارمان نېمىش قىلسۇن؟! مەھبۇبەنىڭ
بىر ئېغىز سۆزى بىلەن ئۇنىڭ ياش ئۆمرى نابۇت بولارمۇ ياكى
ئۆمۈر بويى زۇلمەتلىك گۇندىخانىدا ئۆتەرمۇ؟ ئۇ ھازىر ئەڭ
چارىسىز دىۋانىدىن بەتتەر ئۈمىدسىزلىكتە ...

بۇ ئەنسىز خىياللار ھېكمەتنىڭ يۈرىكىدە مەھبۇبەگە نىسبەـ
تەن نەپرەت ۋە ئۆچلۈك تۇيغۇسىنى ئويغاتتى. لېكىن، ئۇ ماھىدـ
نۇرنىڭ زىل مەنالارغا تولغان كۆزلىرىنى «مېنىڭمۇ بەختلىك
كۈنلىرىم بولغان»، «مەنمۇ ئېستېتىك تۇيغۇلارغا ھېرىسمەن
بىر ياشقۇ» دېگەن سۆزلىرىنى ئەسكە ئالغىنىدا، بىردىنلا ئۇنىڭـ
غا نىسبەتەن ئوتلۇق بىر مېھىر قوزغىلىپ، ئىچى ئاغرىپ
قالدى، كەيىپ بولۇپ قالغان ھېكمەت: «ئەقىل ـ ئىدراك
بىلەن ھېس - تۇيغۇنى، ئىنسانىي پەزىلەت بىلەن ئىنسانپەرۋەرـ
لىكنى، كۆڭۈل بىلەن ۋىجداننى ئارىلاشتۇرۇپ قويۇۋاتىمەنمۇ
قانداق؟» دەپ ئۆزىدىن ئۆزى سورايتتى. بەلكىم بۇ مەھبۇبەنىڭ
سەۋەنلىكىدىن ھېكمەتتە پەيدا بولغان ئاچچىق زەرداپ ئازابىنىڭ
كۆڭۈل ئاينىتىشىدۇ. ئەمما، ھېكمەت كۆڭلىدە ئۆزىنى ئەمەس
ماھىنۇرنى ئاقلايتتى. ئادەم دېگەن تاش ـ تۇپراق ياكى ياغاچتىن
ياسالغان ھېسسىز، تۇيغۇسىز نەرسە ئەمەس، ئادەم كائىناتتىكى

بارلىق مۆجىزاتلارنىڭ جەۋھىرى. بىراق، ئۇنىڭ ئۆمرى تولىمۇ
قىسقا، ئاشۇ بىر نەپەس ئۆمرىدە ئىچكەن بەخت زەمزىمى گوياكى
بىر قەترە سۇ، كۆرگەن مالامەتلىرى بولسا بەجايىكى دېڭىزدۇر!
ئاشۇ ئازابلىق دېڭىزدا بىر چۆكۈپ، بىر چىقىپ غەرق بولۇش
ئالدىدا، بەختتىن ئىبارەت بىر تامچە تاتلىق سۇغا تەشنا بولۇپ
تەلپۈنگەن مەخلۇق ئادەمدۇر. ئەمما، ئۇ شادلىقتىن خاپىلىقى
تولا بۇ ھاياتقا ئامراق، يەنە كېلىپ ئۇنى سۆيىدۇ. بۇ پانىيدا
ئۆزىنىڭ تۆت كۈنلۈك مېھمان ئىكەنلىكىنى ئويلاپمۇ قويمايدۇ.
شۇنداق ئىكەن، كېلىپ ـ كەتكۈچە بۇ دۇنيا مەئىشەتتىدىن
كۆپرەك بەھرىمەن بولۇشنى، ئاللا بىر قېتىملا ئاتا قىلغان
ئۆمرىدە ئۆزى ئارزۇ قىلغان گۈللەرنى ھىدلاپ ھۇزۇر ئېلىش-
نى، ئۆز رىجىسىغا يېتىشنى خالىمامدۇ! ئەلۋەتتە، قاراڭغۇ
گۈندىخانىدا ياتقان مەھكۇممۇ پەنجىرە رۇجەكلىرىدىن چۈشكەن
يىڭنە كۆزىدەك نۇرغا تەلپۈنىدىغۇ. ياشلىق قانلىرى تومۇرلىرىدا
ئۇرغۇپ، شېرىن ـ لەزىز تىلەكلەرگە تەلپۈنۈپ، بۇلبۇلسىز
ياقىسى چاك ئېچىلمىغان گۈللىرى چاڭقاپ تۇرغان ماھىنۇر ئۆز
بەختىنى ئىزدەشكە، ئۇنىڭغا ئېرىشىشكە ھەقلىق. ئۇنىڭغا تەڭ-
رىمۇ مەدەتكار! بولمىسا بۇ جاھان ئۇنىڭغا باقمايدۇ. ئۆمۈر
ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئاللا: «يارىتىشنى مەن ياراتتىم، يارىلىش
ئۇزۇڭدىن» دېدى. ئەۋلىيا دانىشلىرىمىزنىڭ: «زەپ بىۋاپا ئاي-
جامالدۇر جاھان قىزى، ھېچ كىشىدە توختىمىدى ئۆمۈر بويى»
دەپ بىزگە بېشارەت بەرگىنىمۇ يېتىپ ئاشار!

ھېكمەت گۈلۋاغ رەستىسىدە تېڭىرقاپ بىردەم تۇرۇپ قال-
دى، مەھبۇبەنىڭ قېشىغا بېرىشقا مەيلى يوق ئىدى. ئۇنداقتا
يېرىم كېچىدىن ئاشقاندا كىمنىڭ ئىشىكىنى قاقار؟ ئۇيان ئويلا
بۇيان ئويلا ئاخىرى ئۇ يەنىلا قېينانىسىنىڭ ئۆيىگە قاراپ ماڭ-
دى. قانداقتۇر بىر ناخشىنىڭ ئاھاڭىنى دىمىغىدا غىڭشىپ
كېلىۋاتقان ھېكمەت قىزىق دەرۋازىسىنىڭ توپىلاڭ يوللىرىدا،

جامەنىڭ ئېگىز كۆك خىشلىق تاملىرى تۈۋىدىن گىلدىڭلاپ مىـ
ڭىپ ئەنجان قورۇسى ئالدىغا كەلدى. دەرۋازا بوسۇغىسىدا مەھـ
بۇبە شۇمشىيىپ ئولتۇراتتى. ئۇ، توڭلاپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن
مۈرىلىرى سۈس تىترەۋاتاتتى.

— كەلدىڭىزما، — مەھبۇبە ئورنىدىن تۇردى، —
سىزدىن ئەنسىرەپ ئولتۇرۇپ مۈگدەپ قاپتىمەن. ۋاي خۇدايىم،
مەست بولۇپ قاپسىز، سىز خېلى ئۇزۇن بولغان تاشلىۋەتكەنتىـ
ڭىزغۇ؟

— تولا كاپشىما، — ھېكمەت لىڭشىپ تۇرالـ
مايۋاتاتتى، — كىم دەيدۇ مېنى ھاراقنى تاشلىۋەتتى دەپ ...
ئەمدى كۆر ئىچكىنىمنى ... زەھەر، ئوغا بولسىمۇ
ئىچىمەن ...، بولسا كۈچۈلا يەپ قېتىپ قالغۇم بار ...

مەھبۇبە قۇچاقلاپ ماڭماقچى بولۇۋېدى ھېكمەت ئۇنى ئىتـ
تىرىۋەتتى ۋە «نېرى تۇر، سەن نەبىنى ۋەيران قىلىۋەتتىڭ...
ئۇنى قەستلىدىڭ ...، ۋۇي قارا كۆڭۈل ... خائىن ...» دېگىنىـ
چە سەنتۈرۈلۈپ ھويلىغا كىردى. ھېكمەت مەھبۇبەنىڭ باشلىشى
بىلەن ياندىكى كىچىك ھۇجرىغا كىرىپ چاپىنىنى سالدى - دە،
كات ئۈستىدىكى بۆشۈككە ئېسىلدى. ئۇ يوپۇقنى ئېچىپ بىر
تاتلىق ئۇخلاۋاتقان قىزىنى سۆيدى ۋە «قىزىم سەنمۇ ئەزىمەتتەك
يېتىملىك كوچىسىدا قالارسەنمۇ ...» دېگىنىچە كىيىملىرىنىمۇ
سالماي خورقىراپ ئۇخلاپ قالدى ...

يوتقاندا تىزلىرىنى يۆگەپ، كاتقا يۆلىنىپ ئولتۇرغان مەھـ
بۇبە مۆل - مۆل ياش تۆكۈپ بىر چاغلارغىچە ئۇخلىيالمىدى.
ماھىگۈلنىڭ خېتى ئۇنى ئازابلىسا، ئەزىمەت توغرۇلۇق ئۆتكۈزـ
گەن سەۋەنلىكى ۋىجدانىنى ئۆرتەيتتى. ئىنسان كۆڭلى ھەرقىـ
سىما زەئىپلىكلەردىن خالىي ئەمەس. شۇڭا كونىلار: «خام
سۈت ئەمگەن ئىنسان» دەپ قويۇشىدۇ. بولۇپمۇ مەھبۇبەنىڭ
ئەزىمەت ئىشىدا خاتا قىلغانلىقى راست. ئۇ، بۇنىڭ دەردى -

بالاسىنى يەتكۈچە تارتتى. نومۇس ۋەجىدىن ئېيتقاندا گويا پۈتد-
نى قويۇپ بېشىدا ماڭغۇدەك هالغا كەلدى. هەتتا ياخشى كۆرد-
دىغان ئېرىدىن ئايرىلىپ قالغىلى تاسلا قالدى. ئون بەش -
ئون ئالتە يېشىدىن تارتىپ هېكمەتنىڭ سايىسىنى قوغلاشقان
مەهبۇبە نېمىشقىمۇ ئۇنىڭغا بىرەر كۆڭۈل سۆيۈنگۇدەك ياخشى-
لىق قىلاي، دەپ ئويلاپ باقمىدىكىنە! بۇ نادان قىز شۇنى
ئىقرار قىلالماي تۇرالمايدۇكى، ئۇ چاغلاردا هېكمەتنى، پەقەت
هېكمەتنىلا قارىغۇلارچە سۆيۈپ ئۇنىڭ ئارزۇ - ئىستەكلىرى،
ئۈمىد - تەلپۈنۈشلىرى، دىل پىنهانلىرىدىكى خۇپپىيانە سىرلد-
رى، ئازابلىرى بىلەن هېسابلاشماپتۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا ئۇنىڭ
ئاۋۋال كۆڭلىنى ئۇتۇپ، ئاندىن ئۆزىگە هۇجۇم قىلىسچۇ، كاش-
كى. ئالايلى: ئەينى يىللاردا ئەزىمەتنىڭ خەۋرىنى بېرىش هېك-
مەت ئۈچۈن يەتتە جەننەت هۇزۇرىغا تېگىشكۈسىز ساۋابلىق ئىش
ئىدى. ئۇنىڭ بىلەن بىللە بالىنى تېپىش، بۇ يولدا جەبر -
جاپا، ئازاب - ئوقۇبەت چېكىش، هەتتا ئاچ - زار دەشتى
چۆللەردە هەمراھ بولۇش، مانا بۇ هەقىقىي مۇهەببەت ئىدى.
شۇنداق مۇرۇۋۋەتلىك، ساۋابلىق، خەيرلىك ئىشلارنى قىلغان
قىزنى باغرىغا باسمىغان يىگىتنىڭ يۈرىكىنى نېمە دېيىش كې-
رەك؟! مەهبۇبە ئەجەب نادانلىق قىپتۇ، نۇرغۇن ئەپلىك پۇر-
سەتلەرنى بىهۇدە ئۆتكۈزۈۋېتىپتۇ. شۇم قىسمەت هېكمەتنىڭ
بېشىغا ئاجايىپ سەۋدالارنى سېلىش ئارقىلىق مەهبۇبەگە كۆڭۈل
ئۇتۇشنىڭ ئىشىكلىرىنى كەڭ ئېچىپ بەرگەن بولسىمۇ، ئۇنى
بىلمەپتۇ. قوشكۆلگە سامسا ئېلىپ بارسا، سامسىنى يەۋېلىپ
هەيدىۋەتتى، قوللىرىنى مايدا كۆيدۈرۈپ، قىيما، خېمىرلىرىغا
تۇجۇپىلەپ ئىشلەپ قىلغان ئەجرى پۇچەك پۇلغىمۇ يارىمىدى.
كېيىن هېكمەتنىڭ دوستلىرىنىڭ كەينىگە كىرىۋېلىپ، خۇددي
مۇزلىغان گۆشنى سۇغا سالسا تېشى ئېرىپ ئىچى توڭ تۇرغاند-
دەك، سىرتى ئىللىق، ئىچى مۇز، چېهرىدە كۈلكە، كۆڭلىدە

يىغا، لەۋلىرى ھۆل، قەلبى قۇرۇق ھېكمەتكە تېگىشالدى ... مۇنداقچە ئېيتقاندا مەھبۇبە ھېكمەتنىڭ قەلبىنى ئەمەس، بەلكى جىسمىنى ئىگىلىدى. ھېكمەت: «مەھبۇبە ئېيتىڭا، گۈلرۇز سىزدىن نېمانچە قورقىدۇ؟» دەپ ئۇمىدلىك كۆزلىرىنى تىككەن-دە، نېمە ئۈچۈن راست گەپنى قىلمىغان بولغىيتتى؟ ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئەزىمەتنى ئىزدەپ جاھاننىڭ ئۇ چېتىگە بولسىمۇ بېرىش، باغرىنى ئىللىتىش نېمىشقىمۇ ئەقلىگە كەلمىگەن بولغىيتتى؟ ھەي ... قارىغۇلارچە ياخشى كۆرۈش ئۇنى ئەقلى يوق دېۋەڭگە، نېنى يوق تەۋەڭگە ئايلاندۇرۇپ قويۇپتۇ.

— زىبا ... زىبا ... ھەئە ... يا ... ياق، — ھېكمەت جۆيلۈدى، — ھېچكىم كەسمەيدۇ ...، ئۇ تاختاي ئەمەس ... ەە ... دەرەخ ...

ھېكمەت ئوڭدىسىغا ئۆرۈلدى. ئۇ يەنە كىمنىڭدۇر ئىسمى-نى ئاتىغاندەك غودۇڭشىپ ئۇخلاپ قالدى. ئۇنىڭ «ماھىگۈل» ياكى «ماھىنۇر» دېگەنلىكىنى پەرق ئېتەلمىگەن مەھبۇبە دېرى-زىدىن چۈشكەن ئاي نۇرىدا ئېرىنىڭ ئىككىلا يۈزىدە پار-قىراپ تۇرغان يول - يول سىزىقلارنى كۆردى. ھېكمەت يىغلىغانىدى ...

ئېرىگە چىن كۆڭلىدىن ئىچ ئاغرىغان مەھبۇبە: «مېنى كەچۈرۈڭ» دەپ پىچىرلىدى - دە، ياشلىق يۈزىنى ياشلىق يۈزلىرىگە ياقتى. ئۇ «مېنى كەچۈرۈڭ» دېگەن بۇ سۆزنى قانچىلاپ تەكرارلىغاندۇ؟ ئەزىمەت توغرۇلۇق سورىغان كەچۈ-رۈملىرىنى ئۆزىمۇ دەپ بېرەلمەيدۇ. ئەدناسى نەبىنى «دىۋانە-لەر» بۇمەرەمخان ئانىنى «كېسەل كۆرپىسى» دەپ تىللىغان ھاقارىتى ئۈچۈن كەچۈرۈم سورىغىنى تېخى بىر ئايمۇ بولمى-دى. مانا ئەمدى نەبىنىڭ قولغا ئېلىنىشىغا سەۋەب بولدى. ئۇ يەنە كەچۈرۈم سورىسۇنمۇ، بۇ «كەچۈرۈم سوراشنىڭ» ھۆرمەت - ئىناۋىتى قالمىدىغۇ! ...

ھېكمەت ئادەتتە مەھبۇبەنى سەنلىمەيدۇ، غەزىپى تاشقاندا قوپاللىق قىلىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن بىر ياستۇققا باش قويغاندىن بېرى قاتتىقراق تىل ئىشتىپ باقمىغان مەھبۇبە بىر شاپىلاق تاياق يېدى، «قارا كۆڭۈل، خائىن» بولدى. ھەتتا ئۇنىڭ «زەھەر، ئوغا بولسىمۇ ئىچىمەن» دېگىنى مەھبۇبە بىلەن بىر ئۆيدە ئولتۇرغاندىن كۆرە ئۆلۈمنى ئەۋزەل كۆرگىنىدە! «قىزدىم سەنمىسۇ بىر كۈنى ئەزىمەتتەك يېتىملىك كوچىسىدا قالارسەنمۇ؟»، بۇ نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق گەپ! ياق، ياق، مەھبۇبە ھەرگىز ئاجراشمايدۇ. ئۇ ياخشى كۆرگەن ئېرىدىن ئايرىلىپ قېلىشتەك ئاقىۋەتكە قالغىنىدىن ئۆلگىنى تۈزۈك! لېكىن ھېكمەت «كۈچۈلا يەپ قېتىپ قالغۇم بار» دېگۈدەك سەسكەنگەنىكەن، ئۇ چۇقۇم مەھبۇبەنى تاشلىۋېتىدۇ. بۇ چاغقىچىمۇ يىلمان ئەر، يىلمان ئاتا بولۇپ كەلدىغۇ ياكى ئۇ بىرىنى ... توغرا، بايا چۆيلۈگەندە «ماھىگۈل» دېدىمۇ «ماھىنۇر» مۇ؟ راست، ماھىنۇرغا يېقىن بىر نېمە دېگەندەك قىلدى. «ئۇ قىز سىزدەك تىلىدا تىكەن تېرىپ يۈرۈيدىغان قىزلاردىن ئەمەس» ھېكمەت ئۇنى بىكارغا ماختىمىغانىكەن ـ دە، ۋۇي ئەر دىۋانىسى جالاپ، پالاچ ئېرىڭگە قانماي، خەقلەرنىڭكىگە كۆز قىزارتىپ يۈرۈپسەن ـ دە، قېنى، ھېكمەتنى ساڭا بەرگىنىمنى كۆر! ھېكمەتنىڭ باغرى يۇمشاق، كۆڭۈلچەك، ئۇنىڭدىن يىغلاپ تۇرۇپ ئەپۇ سورىسام، ئۇ ھەرقانداق كۆز ياشقا تاقەت قىلالمايدۇ.

مەھبۇبە زىددىيەتكە تولغان خىياللار بىلەن خېلى ئۇزۇن تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدى ۋە ئىچىدە: «بۇ قېتىم مېنى كەچۈرەرمۇ؟» دەپ ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە پىچىرلىدى.

ھەي مەھبۇبە، مەھبۇبە! سەن نېمانداق ئايىغى چىقماس خىياللارنى كۆپ قىلىدىغانسەن، سېنى چۈشەنمەك نېمانداق تەس، بەلكىم ئۆزۈڭمۇ، ئۆزۈڭنى چۈشىنەلمىسەڭ كېرەك!

كىشى بىر قارىسا شۇنداق ئاق كۆڭۈل ساددىسەن، بەزى قىلىق-لىرىڭنى ئويلىسام تۇلكىگە ئىمام بولغۇدەك. ئۇنىڭغا ساۋاق بەرگۈدەك قۇۋسەن. پىقىرنىڭ سەن ۋە سەندەكلەرگە ئىككى كەلىمە سۆز ھەدىيە قىلغۇسى كېلىپ قالدى، بىلمىدىم تەبىئى-تىڭگە خوپ كېلەمدۇ، يوق! ...

ئادەمنىڭ ئۆزىگە ئىشەنچ قالمىغان يەردە، سىنىڭدىن كۆ-ڭۈل قالغانلاردىن ئۇمىد باغلىماق بىھاجەت! ئەلۋەتتە، ئەيىب قىلىشتىن، ئەيىبنى ئىقرار قىلماسلىق يامان. بىراق، توۋا قىلىپ ئىشتا سەۋر ۋە سالماق كېرەك، ئاغزىم بار، تىلىم بار دەپ ئۆز مەيلىگە قويۇۋەتمە! بىلىپ قوي، شەيتان ئادەمنى ھەرۋاقىت ۋەسۋەسىگە سېلىپ تۇرىدۇ. رىۋايەتتە شۇنداق زىكرى قىلىنىدۇ: بۇرۇن ئاغزى ئىتتىك، ئۆزى تەنتەك بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن، ئۇ ئۆزىنىڭ ئاشۇ ئىللەتلىرى تۈپەيلى خەلقى ئالدى-دا رەسۋا بولىدىكەن، ئەۋلىيا ـ ئەمبىيالار مەسخىرە قىلىشىدى-كەن، سەكەردىلىرى ئالدىدا يۈزى قالماپتۇ. ھەتتا خوتۇن بالا ـ چاقىلىرى چېغىدا كۆزگە ئىلمايدىكەن. خۇددى ھەزرىتى سۇلايمان پادىشاھ ئۆزۈكىگە: «بۇمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ» دېگەن خەتنى ئويدۇرۇپ، بېشىغا دەرد ـ ئەلەم كەلگەندە ئۇ خەتلەرگە قاراپ ئۆزىگە تەسكىنلىك تاپقىنىدەك، ھېلىقى تەنتەك پادىشاھمۇ ياقۇت كۆزلۈك ئۈزۈكىگە «ئاقىۋىتى قانداق بولار؟» دېگەن سۆزنى نەقىش قىلىپ چەكتۈرۈپ، ھەربىر ئىش ۋە سۆزنى قىلىشتىن بۇرۇن ئاشۇ ئۈزۈكنى ئايلاندۇرۇپ كۆرىدىكەن. شۇنداق، مەھبۇبە سەنمۇ «ئاقىۋىتى قانداق بولار؟» دېگەن سۆز-نى بوينۇڭغا تۇمار قىلىپ ئېسىۋال، قۇلىقىڭغا سىرغا قىلىپ تاقىۋال. ئۆلىمالىرىمىز: «كىشىنى ئۆز سىرىنىڭ شىرى ئۆل-تۈرىدۇ» دەپ بىكار ئېيتمىغان. قارىغىنا، نەبى مەستلىكىدە ئۆز سىرىنى ئاشكارىلىۋىدى، ئاقىۋىتى نېمە بولدى؟ لېكىن سەنچۇ؟ سەنمۇ ئۇيغۇر ئەخلاق ـ پەزىلەت مىزانلىرىدىكى: «كى-

شىنىڭ سىرىنى پاش قىلماق ۋە سىر ئېيتماق كاتتا ئەيىب
ۋە چوڭ نۇقساندۇر» دېگەن ئۇلۇغ ئەقلىيە دۇردانىسىغا خا-
ئىنلىق قىلدىڭ! مەن ساڭا بۇزۇكلىرىمىزنىڭ مۇنۇ جەۋھەرلە-
رىنى تەقدىم قىلاي:

سورىدىم مىڭ بىر كىشىدىن: «قايسىدۇر نىجات يولى؟»
جام ئېلىپ ئىلىكىدە ئېيتتى: «سىرنى پىنھان
ساقلىماق»

تاڭ سەھەردە قاتتىق ئۇخلاپ قالغان مەھبۇبە، ھېكمەتنىڭ
قاچانلاردا چىقىپ كەتكىنىنى تۇيماي قالدى. يانۋارنىڭ ئاخىرلى-
رى بولۇپ ھاۋا ئىنتايىن سوغۇق ئىدى. كوچىدىكى قاپاق تې-
رەك چوقاتماق سۆگەتلەرنىڭ بۇلتۇرقى شۆڭلىرى، ئۆگزىدىكى
شاخ ـ شۇمبىلار، تېلېگراف سىملىرىغىچە ئاپئاق قىرو ئاستىدا
قالغانىدى. كوچىدا بامدات نامىزى ئۆتەش ئۈچۈن جامەگە كېتىد-
ۋاتقان ئادەملەر ئۇچرايتتى. قۇلاقچىسىنىڭ قۇلاقلىرىنى چۈشۈ-
رۈپ ياقىسىنى كۆتۈرۈۋالغان ھېكمەت ئۇدۇل دەريا بويىغا بار-
دى. بىراق، ھېلىقى دەرەخ يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئورنىدا چوڭقۇر
بىر ئازگال تۇراتتى، كىملەردۇر ئۇنى يىلتىزى بىلەن قومۇرۇپ
ئېلىپ كېتىپتۇ! ھېكمەت بىر تامچىمۇ سۈيى يوق دەريا قىرغى-
قىنى ئايلىنىپ، بىر چاغلاردا گۈلزىبا بىلەن كېچە تۈنىگەن
يەرگە كەلدى. لېكىن، ئۆز پىنھانى بىلەن مېھمان قىلىپ ئوراپ
تۇرغان ئازغان شاخلىرىمۇ چېپىلىپ، كۆتمەك تۈپىلا قالغان-
دى. روھى چۈشكەن، سولغۇن ھېكمەت ئارقىغا قايتىپ قەب-
رىستانلىققا كەلدى. ئۇ، ئۇرۇش باشلانغاندىن بېرى كېلەلمى-
گەچكە، گۈلزىبانىڭ قۇرۇق، ياۋا ئوتلار قاپلىغان قەبرىسىنىڭ
يېنىدىلا يەنە بىر كىچىك قەبرىنىڭ چوقچىيىپ تۇرغانلىقىنى
كۆرۈپ ھەيران بولدى. ئۇنىڭغا سانچىلغان تاختايدا: «ئەزىمەت
ھېكمەتنىڭ ئوغلى، ئىككى يېرىم ياش» دېگەن خەتلەر يېزىلغا-
نىدى. بۇنى نەبىنىڭ قىلغانلىقى ئېنىق ئىدى. بەلكىم ئۇ،

«ئاچا ئوغلۇڭ باغرىڭدا» دېگەن تىلەك بىلەن ئۆزىنى بەزلەپ، كۆڭلىنى تەسكىن تاپقۇزغاندۇر. شۇنداقتىمۇ ھېكمەت ئوغلىنىڭ ھايات ئىكەنلىكىگە ئىشىنەتتى.

— گۈلزىبا، مەن كەلدىم! ... ، — ھېكمەت قەبرە بېشىدا يۈكۈندى - دە، تارامىلاپ ياشلىرى تۆكۈلدى، — ئۇزۇن زامانلار بولدى سىزنى يوقلالمىدىم، بەلكىم مەندىن رەنجىگەنسىز، ئامالىم قانچە؟! سىز مەندەك بىر بەختى قارىنى بۇ دۇنيانىڭ خارابىخانىسىدا تەنھا ھەم ھەمدەمسىز قالدۇرۇپ كەتتىڭىز، بىلەمسىز، مەندەك ياقا يۇرتلاردا ھېچ نەرسىسى يوق مۇساپىر ئۈچۈن ئىخلاسلىق ھەمراھ ۋە خالىس يارانلاردىن قىممەتلىكرەك ھېچقانداق نەرسە يوقكەن. گۈلزىبا، بۇ ئايرىلىشنى ئەقلىم تەن ئالسىمۇ، كۆڭلۈم ھازىرغىچە تەن ئالمىدى! گويا سىز يېنىمدا باردەك، ھەممە ئىشلىرىمغا زەن سېلىپ تۇرغاندەكلا بىلىنىسىز. راست ئەمەسمۇ؟ سىز ھەممىنى كۆرۈپ يېتىپسىز ...

ھېكمەتنىڭ كېچىدە جۆيلۈشى بىكار ئەمەس ئىدى. ھىلپىرلەپ تۇرغان ئاپئاق لىباسقا پۈركەنگەن گۈلزىبا، ھېكمەتكە غەزەپلىك كۆزلىرىنى تىكىپ تۇرغۇدەك. ئۇ، «قارىڭا بىزنىڭ بىردىنبىر شاھىدىمىزمۇ نابۇت بوپتۇ» دەپ ئالىقاندەك تاختاينى كۆرسىتىۋاتقۇدەك، تاختايدىكى قوش يۈرەكتىن قان ساقىپ تۇرغۇدەك، ھېكمەت: «زىبا ... زىبا ...» دەپ چاقىرىشى ئۇ ئاپئاق تۇتۇنگە ئايلىنىپ غايىب بوپتۇمىش ...

— راست گۈلزىبا، سىز ئېيتقاندەك ھەممە - ھەممە نېمىلەر نابۇت بولدى! سىز كەتكەندىن كېيىن مېنىڭ ئۆتمۈشۈم، بۈگۈنۈم ھەم كەلگۈسىممۇ نابۇت بولدى. كۆز ئېچىپ كۆرگەن ئوغلىڭىزنى گۈلرۇز سېتىۋەتتى، ئۇ قەيەرلەردە بويۇن قىسىپ يۈرىدىغاندۇ. ئەزىمەتنىڭ پىراقىدا ئانىڭىز ئالەمدىن ئۆتتى، مانا ئەمدى نەبى ئەرىكسىز مەھكۈمغا ئايلاندى. لېكىن،

مەنچۇ؟ سىزنىڭ ئۆلۈمىڭىز مەن ئۈچۈن بەجايىكى توي، بايرام بولدى! سىزنىڭ دۈشمىنىڭىز ھازىر مېنىڭ رەپىقەم، قان - قان ياش تۆكۈشىڭىزگە سەۋەب بولغان ياتلار يۈرەك قاتلىرىمغا بېسىپ كىردى! سىزنىڭ نەسىھىتىڭىزنى ئاڭلىماي يامان قىلدىم، دەريا بويىدىكى قەسەملىرىم ئېقىن بىلەن كېتىپ قالدى، ئەپۇ قىلىڭ مېنى ... ئەپۇ قىلىڭ! ...

يۈرەك - باغرى ئېزىلگەن ھېكمەت باشتىن - ئاخىر ماھىگۈلنىڭ خېتىنى بوينىغا ئالغان ھالدا گۈلزىبانىڭ قەبرىسى ئالدىدا نالە قىلدى. ئۇ ئۈيۈشۈپ قالغان پۇتلىرىنى ئۈۋۈلاپ ئورنىدىن تۇرغاندا، ئارقىسىدا قەبرە دالدىسىدا بىر ئادەم بېشىنى مەيدىسىگە چۆكۈرۈپ سۈكۈتتە ئولتۇراتتى.

ھېكمەت قەبرىستانلىقتىن ئايرىلغاندا قوياش قىپقىزىل ئوتلۇق شاردەك ئەمدىلا كۆتۈرۈلگەنىدى. كوچىلاردا ئادەم شالاڭ بولۇپ، پەقەت يېزىلاردىن يۈلگۈن، بەقەم، توغراقلارنى باسقان ھارۋا، ئۇلاغلار بىر - بىرلەپ كىرمەكتە ئىدى. ھېكمەت چاغانا مەكتەپ ئالدىدىن قايرىلىپ، گۈلۋاغ تەرەپكە ماڭدى. ئۇ ئالىمجان زىھرۇللانىڭ ئۆيىگە كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئۆيى مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ ئىچىدە بولۇپ، بۆك - باراقسان باغنىڭ خىش يېيىتىلغان يولى بىلەن بارغىلى بولاتتى. بۈگۈن يەكشەنبە بولغاچقا ئالىمجان ئۆيىدە ئىدى. ئۇرۇش باشلانغان يىللاردىن تارتىپ دىدارلىشالمىغان دوستلار قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى. بىر چاغلاردا جەمئىيەت، تۇرمۇش، مائارىپ ۋە ئەدەبىياتنىڭ ھەرخىل ژانىرلىرى ھەققىدە ئىلمىي مۇنازىرىلەر قىزىيدىغان بۇ ئىككى ئېغىزلىق ئۆي، ھازىر ئوغرى كىرگەندەك، نەرسە - كېرەكلەر تولىمۇ شالاڭ ئىدى. ئالىمجان ھال - ئەھۋال سورىغاچ بىردەمدىلا چاي دەملەپ ئۆزىمۇ ئۇستەلگە كەلدى. كىتابخانىغا مەلۇم بولسا كېرەك، ئالىمجان شىنجاڭ ئىنستىتوتىنىڭ تارىخ - جۇغراپىيە فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەن، كەمسۆز، ئۆزىنى تۇتۇۋالغان، كۆزگە

چېلىقىپ تۇرىدىغان بىردىنبىر ئالاھىدىلىكى خۇشخۇي، بىروغا
گەپ قىلىۋېتىپمۇ بويۇنلىرىغىچە قىزىرىپ كېتىدىغان ھايا-
لىق يىگىت ئىدى. ئۇلار ئەلەم كۆرىشى، جەمئىيەتتىكى قالايمى-
قانچىلىق، ھۆكۈمەتسىزلىك دېگەندەك ۋەزىيەت ھەققىدە ئېچى-
نىشىپ سۆزلەشتى. گەپ ئارىلىقلىرىدا ھېكمەت ئۇنىڭ تۇر-
مۇش پاراكەندىچىلىكىدىنمۇ خەۋەر تاپتى. شادىمان سۆزلەپ بەر-
گىنىدەك، لۇتپىيە راستىنلا ئاجرىشىش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا
قويغانىدى. ئۇ بىر كۈنى ئالىمجاننىڭ يوق پۇرسىتىدىن پايدىلى-
نىپ ئۆيدىكى دېرىزە، ئىشىك پەردىلىرى، گىلەم دېگەندەك
نەرسىلەرنى ھارۋىغا بېسىپ ئانىسىنىڭ ئۆيىگە بىرىۋاپتۇ. ئالتە
ياشتىن ئېشىپ قالغان ئوغلى ئابدۇلەتىپ بولسا ئالىمجاننىڭ
ئانىسىنىڭ ئۆيىدە ئىدى. ئۇ نەبىنىڭ قولغا ئېلىنغانلىقىنى
بۇرۇنلا ئاڭلىغاچقا، ھېكمەتنى كۆپ گەپ قىلدۇرمىدى.
— بەكمۇ ساۋابلىق ئىشقا بەل باغلاپسىز، — دېدى
ئالىمجان — نەبىنىڭ قانداق شارائىتتا گۈلرۇزغا ئوق چىقار-
غانلىقى ھەققىدە ماڭا تەپسىلىي ماتېرىيال يېزىپ بېرىڭ، چۈنكى
ئۇ مەيداندا سىلەر ئۈچلا ئادەم بار. قالدى تەپسىلاتىنى ۋە بوستان-
دىكى ئادەم ئۆلۈش ۋەقەسىدىكى جەريان، شۇنداقلا تىرىك شا-
ھىتلارنى نەبىدىن ئېنىقلاپ چىقىپ ئۇلارنىڭ گۇۋاھلىق ئىسپاتى-
نى ئالىمەن.

— ئالىمجان، جاپا چېكىدىغان بولدىڭىز، — ھېكمەت
خاتىرجەم ئەمەس ئىدى، — ئېيتىڭا، نەبىنى قۇتقۇزۇپ قالغى-
لى بولارمۇ؟

— ھېكمەت، ئويلاپ بېقىڭ، بۇ ئىككى ئادەمنىڭ ھاياتى
مەسىلىسى، — ئالىمجان ھېكمەتنى ئالداشنى خالىمىدى، —
چارىنى يېنىكلىتىشكە بولىدۇكى، قۇتقۇزغىلى بولمايدۇ. بى-
راق، مەھبۇبەنىڭ ئانىسىنىڭ گۇۋاھلىق ئىسپاتى مېنى چۆچۇ-
تۇپ تۇرۇۋاتىدۇ. بىلەمسىز، ئۇ قەستەنلىككە كىرىدۇ.

ئالىمجان ھېكمەتنىڭ ئەنسىرەۋاتقان خىيالىنىڭ نەق ئۈس-
تىدىن چۈشتى. ساقچىلار دەسلەپتە موماي بىلەن سۆھبەتلەشكە-
نىدى. ئۇ: «نەبى ئۆيگە قوراللىق باستۇرۇپ كىرىپ مېنى
ئۇردى، مەھبۇبەنى ئاتماقچى بولۇپ كىرگەنلىكىنى ئېيتتى»
دېگەندەك تاققا-تۇققۇ سۆزلەپ ئىسپاتقا قول قويۇپ بەرگەنىدى.

— ئالىمجان، ئۇ ئىسپات كۈچكە ئىگە بو-
لۇپ كېتەرمۇ؟، — سورىدى ھېكمەت.

— ئىسپات بەرگۈچى، — دېدى ئالىمجان چۈ -
شەندۈرۈپ، — دەسلەپكى غەزەپ ئاچچىقىدا دەردىنى چىقىرىۋې-
لىش، ئۆچ ئېلىش، شۇنداقلا غەيرىي مەقسەتلەر تۈپەيلىدىن
ھەققانىيەت تەرەپتىن ئەمەس، بەلكى قارشى تەرەپتىن يوقى-
تىش، كۆيدۈرۈش يۈزىسىدىن ئىسپات بېرىدۇ. شۇڭا، قانۇن
بۇنداق ئەنزىلەردە بىر ئەمەس بىرقانچە قېتىم ئىسپات ئېلىپ،
ئۇنىڭ سۆزلىرىنىڭ ئوخشاش ياكى ئوخشاش ئەمەسلىكىنى
سېلىشتۇرىدۇ.

— بولدى، چۈشەندىم، — ھېكمەتنىڭ كۆڭلى تىنغان-
دەك بولدى.

ھېكمەت نەبىگە قىلىدىغان نەسىھەتلىرىنى ئالىمجانغا دېگەن-
دىن كېيىن خوشلاشتى. ئۇ ئۇدۇللا قېيىنانىسىنىڭ ئۆيىگە كەل-
دى. مەھبۇبە مەكتەپتىن تېخى كەلمىگەنىدى. موماي ئۇچقۇن-
ئايىنى بۆلەپ قويۇپ، بالىنىڭ يۆگەك لاتىلىرىنى يۇيۇۋاتاتتى.
ئۇ ھېكمەتنى كۆرۈپ ئارانلا تۇردى. بۈگۈن تاڭ سەھەر ھېكمەت
ئۆيدىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، مەھبۇبەدىن ھەممە ئىشنى
ئاڭلىغان موماي خۇددى ئون يىللىق قېرىپ كەتكەندەك زەئىپلى-
شىپ كەتكەنىدى.

— ھېكمەتجان بالام، — دېدى موماي رومىلىنى كۆزلى-
رىگە بېسىپ، — قېرىغىنىمدا بىر نەۋرىنى تەكتى زىندانغا
مۇپتىلا قىلىپ گۇناھى كەبىر (چوڭ گۇناھ) ئۆتكۈزدۈم. ئۇ

چاغدا ئۆتۈم تېشىپ تۇرغاچقا ئارتۇقچە گەپلەرنى قىلىشىپتىمەن ... ئەلۋەتتە يىقىلغاننى تەپمەك يوق، نەبىجان بالام ھەممە نەرسىدىن ئايرىلغان يېتىم ئەمەسمۇ ...

— بۇنى سىلىدىن كۆرگىنلى بولمايدۇ ئانا، — دېدى ھېكمەت تەسەللىي بېرىپ، — ئەگەر مەھبۇبە بۇ ئىشنى تالا - تۈزلەردە يېيىپ يۈرمىگەن بولسا ساقچىلار سىلىنى ئىزدەپ كېلەرمىدى؟

ھېكمەت مومايغا دېيىشكە تېگىشلىك گەپلەرنى ئۇقتۇرغاندىن كېيىن ئورنىدىن تۇردى. ئۇ قىزنى گويا كۆز قارىچۇقلىرىغا كۆچۈرۈۋاتقاندەك تىكىلىپ ئۇزۇن قارىغاندىن كېيىن، ئۆيدىن ئاستا چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ بوستان يولىدا كېتىۋېتىپ: «نەبى ئۇ تاختايدىن نەگە قويغاندۇ؟» دېگەن ئوي كۆڭلىدىن ئۆتتى ...

# مەھكۇم بولغان سەبىي

بىر ئايدەك دەرس ئوقۇغان ئوقۇغۇچىلار قىشلىق تەتىلگە قويۇپ بېرىلدى. بوستان ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى ئادەت-تىكى خىزمەت مەشغۇلاتى بويىچە ئىشخانىغا توپلىنىپ پۈتۈن كۈن ئۆگىنىش ئېلىپ بېرىۋاتاتتى. «بۇرژۇئا تەرەپبازلىقىنى ئۈزۈل - كېسىل يوقىتايلى!» ، «چوڭ بىرلىشىشتى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، ئورتاق دۈشمەنگە قارشى تۇرايلى!» ، «ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاشنىڭ بالاخورلىرىغا قەتئىي زەربە بېرەيلى!» ، «كۆرەش قىلىش، پىپەن قىلىش، ئۆزگەرتىشنى چوڭقۇرلاشتۇ-رۇپ، دوست - دۈشمەننى ئايرايلى!» دېگەندەك مەزمۇنلاردىكى ھۆججەت، ماتېرىياللارنىڭ روھىغا قارىغاندا، ئوقۇتقۇچىلار يەنە بىر دوقال سىنىقىغا دۇچ كەلگەندەك قىلاتتى. قۇيرۇقى ئۈزۈل-مەي كېلىۋاتقان گېزىت، ھەرخىل ھۆججەت، ماتېرىياللارنىڭ روھىدىن قانداقتۇر بىر ھەرىكەتنىڭ پۇرىقى كېلىپ تۇراتتى. ھەر كۈنلۈك ئۆگىنىشتە مەمتىلى ئىبراھىم چوڭ ئاۋازى بىلەن ماتېرىيال ئوقۇيتتى. مەكتەپ ئىنقىلابىي كومىتېتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىدىكى رەھبەرلەردىن زىكرۇللا غوجى، توختى قۇر-بان، جۇمىراخۇن، ماخمۇتلار رەھبەرلىك ئۇستىلىدىن ئورۇن ئېلىپ ئۈندىمەي ئولتۇرۇشاتتى.

ئۆگىنىش جىددىي كېتىۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە ھېكمەت ئالىمجان تەلەپ قىلغان ماتېرىيالنى تەييار قىلىپ شەھەرگە ئەكىرىپ بەردى. ئۇنىڭدا تۆت يۈزدەك ئوقۇتقۇچى لىيەنزۇڭ تەرىپىدىن ئەسىرگە ئېلىنىپ لاسكويغا يالاپ ئېلىپ كېلىنگەنلى-كىنى، ئەسىرلەرنىڭ قەيەرگە سولانغانلىقى، شۇنداقلا ئەرچە

ياسانغان گۈلرۇزنىڭ ھېكمەتنى ئېلىپ چىققاندىن كېيىنكى تەپ-
سىلاتلار ئېنىق يېزىلىپ، شۇ چاغدىكى گۇۋاھچىلارنىڭ ئىسمى-
لىرىمۇ بار ئىدى.

ھېكمەت تاقەتسىز كۈتكەن 2 - ئاينىڭ 12 - كۈنىمۇ يېتىپ كەلدى. چۈنكى، شۇ كۈنى خوتەن ئاممۇۋى كىنوخانىنىڭ قىشلىق كۈلۈبىدا ئوچۇق سوت ئېچىلماقچىدى. ئەمما، 2 - ئاينىڭ 11 - كۈنى گۈگۈشتە ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ «1 - نومۇرلۇق» ئۇقتۇرۇشى كېلىپ، ئۇنىڭدا 12 - چېسلا بوستان ئوتتۇرا مەكتەپكە چۈشىدىغان «كەمبەغەل دېھقانلار تەش-ۋىقات ئەترىتى» نى كۈتۈۋېلىش چوڭ يىغىنى ئېچىلىدىغانلىقى، بۇنىڭغا بارلىق ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئەستاي-دىل پوزىتسىيە تۇتۇشى، بىرمۇ ئادەمنىڭ رۇخسەت سورىشىغا ۋە قاتناشماي قېلىشىغا بولمايدىغانلىقى يېزىلغانىدى. ھېكمەت زىكرۇللا غوجىغا ئەھۋالنى ئېيتقانىدى. ئۇ: «مەن بۇنىڭغا بىر نېمە دېيەلمەيمەن، ۋۇ جۇرىن مېنى چاقىرىپ كىمكى قاتناش-مىسا، ‹كەمبەغەل دېھقانلارغا تۇتقان پوزىتسىيە، مەيدان مەسىلىسى› دەپ قالپاق تەگلەۋاتىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى. شۇڭا، ھېكمەت شۇ كۈنىلا شەھەرگە كىرىپ ئالىمجانغا ئەھۋالنى ئېيتىپ قويۇپ يېنىپ چىقتى. ئۇ كەچلەپ يېنىپ كەلگەندە مەكتەپ ئىچىنى تونۇيالا قالدى. چوڭ دەرۋازىنىڭ ئۈستى ھەم ئىككى يېنىغا قىزىل پلاكاتلار ئېسىلغان بولۇپ، بىنا تاملىرى، دەرەخ غوللىرىغا ھەرخىل رەڭدىكى لوزۇنكىلار چاپلانغانىدى. ئوقۇتۇش بىناسىغا ئېلىپ بارىدىغان يولنىڭ ئىك-كى تەرىپىدىكى دەرەخلەردىمۇ پلاكاتلار ئېسىقلىق تۇراتتى. ئۇلار «كەمبەغەل دېھقان، تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلارنىڭ مەكتەپ باشقۇ-رۇشىنى قارشى ئالىمىز!»، «دېھقانلارنىڭ قايتا تەربىيىسىنى قوبۇل قىلىمىز!»، «ئوقۇشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ ئىنقىلاب قىلايلى!»، «خۇسۇسىيلىققا قارشى تۇرۇپ شىۋجىڭجۇ-

يېنى پىپەن قىلايلى! » دېگەندەك شوئارلار يېزىلغانىدى.

ئەتىسى ئەتىگەندە ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچى ۋە مەكتەپتە قالغان بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلار مەكتەپ دەرۋازىسىدىن ئوقۇتۇش بىناسىغا بارىدىغان يولدا ئىككى قاتار بولۇپ تىزىلىشتى. ھەممىنىڭ كۆزى گۇڭشې يولىدا ئىدى. بىراق، «كەمبەغەل دېھقانلار تەشۋىقات ئەترىتى» نىڭ قارىسى كۆرۈنمەيتتى. قارشى ئېلىشقا چىققانلارنىڭ پۇتلىرى مۇزلاپ، بەللىرى تېلىپ ئاغرىشقا باشلىدى. ئاخىرى كۈن ئارغامچا بويى كۆتۈرۈلگەندىلا گۇڭشې تەرەپتىن بىر توپ ئادەم كۆرۈندى، بىر قاتار تىزىلغان ئوندەك ئادەمنىڭ ئىككى يېنىدا ۋۇ جۇرىن، لى گاڭ، ياڭ پەيجاڭ ۋە ئابلىز بەكرىلەر كېلىۋاتاتتى. ۋۇ جۇرىن ئۇلارغا مەكتەپكە «ھەيۋەت» بىلەن كىرگۈلار دەپ بۇيرۇق قىلغاچقا، ئەڭ ئالدىدا كېلىۋاتقىنى «مېنىڭ باشلىق ئىكەنلىكىمنى بىلدۈالسۇن» دېگەندەك پاكار، ۋىجىك گەۋدىسىنى كېرىپ مەيدىسىنى چىقىرىپ غادىيىۋالغانىدى. ئۇ ھەر قېتىم پۇتىنى كۆتۈرگەندە رېزىنكا ئايىغىنىڭ يىرتىقىدىن ئىتىنىڭ تىلىدەك چىقىپ قالغان پايتىمىسى پالاقلاپ چاۋاك چالاتتى. ئۇنىڭ خام تېرىدىن تىكىلگەن تەلپىكى بىر تۇتامىۇ تۈكى قالماي ياغاقلىشىپ كەتكەچكە، خۇددى پۇچۇق قاپاقنى چۆكۈرۈپ كىيىۋالغاندەك كۆرۈنەتتى. پاختىلىق يەكتىكىنىڭ يىرتىقلىرىدىن چىقىپ تۇرغان مازلار ئېسىلىشىپ قارىداپ كەتكەن بولۇپ، كۆزلىرى چېكەتكىدەك ئاسمانغا تىكىلىپ قالغانىدى. بۇ چالا كۆرەڭ چېكەتكىنىڭ ئارقىسىدا شوتىدەك ئېگىز، بىر قوينىڭ تېرىسىنى ئارتىۋالغاندەك سالۋا تەلپىكى، يۇزى، كەتمەن ساقىلى، ھەتتا يەكتىكىمۇ قاپقارا بىر دېھقان بار ئىدى. ئۇ ساۋاتسىزلارنىڭ زىيالىيلارغا تەربىيە بېرىشىدەك كارامەتكە ئەقلى يەتمىگەندەك ھاڭقايغىنىچە قىزىل كۆن ئۆتۈكىدە يەر مۇشتلايتتى.

دېھقانلار دەرۋازا ئالدىغا كېلىش بىلەن چاۋاك باشلاندى.

ئۇلارنىڭ يۇك ـ تاق، خۇرجۇن قاچىلىرى ئارتىلغان بىرنەچچە
سالپاڭ قۇلاق ئېشەكلەر تاكاسلاپ ئۆتۈپ بولغۇچە چاۋاكلار توخ-
تىمىدى.

پلاكات ۋە لوزۇنكىلار بىلەن زىننەتلەنگەن چوڭ ئىشخانا
ئادەم بىلەن تولدى. ۋۇ جۇرىن قولىنى كۆتۈرۈپ ھەممىنى
تەرتىپكە چاقىرغاندىن كېيىن، كاتىپ ئابلىز بەكرىنىڭ تەشۋى-
قات ئەترىتىدىكىلەرنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى.
قۇلاقلىرىغىچە قىزىرىپ كەتكەن كاتىپ سومكىسىدىن بىر پارچە
قەغەزنى ئېلىپ ئۇستەلگە يايدى ـ دە، قىسقا يۆتىلىپ قويۇپ،
تونۇشتۇرۇشنى باشلىدى. «جۇرىن نىزاخۇن موللەك» دېگەن
ئىسىم چىقىش بىلەن بايا توپنىڭ ئالدىدا ماڭغىنى «باشلىقىڭنى
تونۇۋېلىش» دېگەندەك ياغاق تەلپىكىنى قولغا ئېلىپ ئورنىدىن
دەس تۇردى ـ دە، ئالدى ـ ئارقىسىغا قايرىلىپ قولىنى
پۇلاڭلاتتى. بۇ بەدىنىڭ بېشى خۇددى خەرتىگىلا ئوخشايتتى،
تېزەك ئۇستىگە ئۇنۇپ قالغان كۇدىدەك ئۇ يەر ـ بۇ يەردىكى
چاچلىرىنىڭ ئارىلىقلىرى قىپقىزىل پارقىراپ تۇراتتى. ئۇنىڭ
ھەرىكىتى تېز، كۆزلىرى تىنىمسىز پىلدىرلاپ تۇرغاچقىمۇ،
كېيىنچە «چېكەتكە» دېگەن لەقەم سىڭىپ قالدى. «مۇئاۋىن
جۇرىن ساتتار سوپى» دېگەن ئىسىم توۋلانغاندا «قارا كۆسەي»
لەقەملىك ھېلىقى ھەممە يېرى قارا، شادىپاچاق ئورنىدىن قد-
ىرلاپمۇ قويماي ھومىيىپ ئولتۇرىۋەردى. «روزاخۇن يول-
ۋاس» دەپ تونۇشتۇرۇلغىنى كۆزلىرى كۆپكۆك، قوۋۇزلىرى
ئىچىگە ئولتۇرۇشقان، ئورا كۆز ئادەم بولۇپ، تۇرقىدىن ياۋا
مۇشۇككىلا ئوخشايتتى. ئۇنىڭ چىرايى سېرىقلىقتىن ھالغا ئاي-
لىنىپ، كەتكەچكە باشقىلار ئۇنى «خام ئۆپكە» دەپ ئاتىشاتتى.
«بانىخ ن باقى» دېگەن ئايال ئېگىز، بەستلىك، مىس رەڭ
چىراي، ئاتيۇزلۇك بولۇپ، ئاستىنقى قېلىن كالپۇكى يەر سۇ-
پۇرىدىغاندەك پەسكە ساڭگىلاپ تۇراتتى. كەنتتىكى خوتۇنلار ئۇ-

نى كىيىنچە كېلەڭسىزلىكىدىن «بانىخان باداڭ» دەپ ئاتاشتى. قالغانلىرى ياش مىنبىڭلار ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە بوستان ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، شەھەر تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكە ئوقۇشقا كەتكەن تۆمۈر نىياز، شۇنداقلا قىلمىغان ئەسكىلىكى قالماي بوستان ئوتتۇرا مەكتىپىدىن ھەيدەلگەن «تەلۋە» لەقەملىك غوجى بەردىمۇ بار ئىدى.

تونۇشتۇرۇش ئاياغلىشىش بىلەن ۋۇ جۇرىن گېلىنى قىرىپ قويۇپ ئىچكى - تاشقى ۋەزىيەت ھەققىدە بىر ئاز توختالغاندىن كېيىن، مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىنىڭ نەتىجىلىرىنى قىسقىغىنا يەكۈنلەپ، بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىنقىلاب يۆنىلىشىنى كۆرسىتىپ ئۆتتى. ئۇ مەملىكەت بويىچە مىليونلىغان سىنىپىي قوشۇن تازىلانغان بولسىمۇ، يەنىلا ئىنقىلابنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، تورنى كەڭ يېيىپ، سىنىپىي يات ئۇنسۇرلار، ئەكسىيەتچى زىيالىيلار، ئوقۇتقۇچىلار ئىچىگە يوشۇرۇنغان جىن - شەيتانلار، مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاشقا قاتناشقانلار، ھۆكۈمەتسىزلىك شامىلىدىن پايدىلىنىپ خۇسۇسىيلىق بىلەن شۇغۇللانغاندىن ئىبارەت يامان ئادەم، ئىشلارغا قارىتا «كۈرەش قىلىش، پىپەن قىلىش، ئۆزگەرتىش» ئېلىپ بېرىلىدىغانلىقىنى شەرھلەپ ئۆتتى. ئۇ يەنە «كەمبەغەل دېھقانلار تەشۋىقات ئەترىتى» نىڭ مەكتەپكە ئومۇميۈزلۈك رەھبەرلىك قىلىدىغانلىقى، ئوقۇتقۇچىلار ۋە مەكتەپ ئىنقىلابىي كومىتېت رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىدىكىلەرنىڭ ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى قوللاش ۋە رەھبەرلىكىگە بويسۇنۇش ھەققىدە قاتتىق تەكىتلەپ ئۆتتى.

ۋۇ جۇرىن تاقىر بېشىنى سىيلاپ، يېنىدا ئولتۇرغان لى گاڭغا قاراپ قويدى. بادام قاپاقلىرى قىزارغان، كۆكۈمتۇل توخۇم يۈزلۈك لى گاڭ ھەممىگە گۇمان بىلەن قارايدىغان كۆزلىرىنى ئولتۇرغانلارغا تىكتى. ئۇنىڭ سۆزلىرىنى كاتىپ ئابلىز بەكرى تەرجىمە قىلىپ تۇردى.

— بىز هازىر ئۇلۇغ پرولېتارىيات مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىلىرىنى مۇستەھكەملەيدىغان «كۈرەش قىلىش، پىپەن قىلىش ئۆزگەرتىش» باسقۇچىغا كىردۇق، — دېدى لى گاڭ ئالدىدىكى تېزىسقا قاراپ، — بۇ ھەرىكەت شەھەردىكى ئىدارە - ئورگانلاردا بىرىنچى باسقۇچنى تۈگىتىپ، ئىككىنچى باسقۇچقا قەدەم قويدى. ئۇنىڭ يۈنىلىش باسقۇچلىرى مۇنداق بولىدۇ. بارلىق ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئۆزىنىڭ شيۇجېڭجۇيىلىق ئىدىيە، خاتا كۆز قاراش، يامان ئىش - ھەرىكەتلىرىنى قالدۇرماي يېزىپ چىقىپ، ھەممەيلەن بىر قاتاردىن «يۈيۈنۈپ» چىقىدۇ. بۇ بىرىنچى باسقۇچ، بۇ باسقۇچتىن ئۆتەلمىگەنلەر نۇقتىلىق تەكشۈرۈلىدىغانلار قاتارىغا كىرىدۇ، ئىككىنچى باسقۇچ ۋەئۈچىنچى باسقۇچ سىنىقىدىن ئۆتكەنلەر ئىنقىلابنىڭ تايانچ كۈچلىرى ھېسابلىنىدۇ ...

ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلەر گويا لاتقىلىق سودا تۇنجۇقۇپ قالغاندەك ئۇنى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. شيۇجېڭجۇيىغا قارشى ھەرىكەت، چايخانا مەكتەپتىكى تېررورلۇق تىغلىرى، قوشكۆلنىڭ ئازاب - ئاسارەتلىرى، ئورۇشنىڭ ھەسرەت - نادامەتلىرى پەيدا قىلغان جاراھەتلەر ئوقۇتقۇچىلارنىڭ يۈرىكىدىن كۆچمەي تۇرۇپلا، يەنە جەھەننەم دوزىقىغا تاشلىنىپ كۆلدە - كۆمەچ بولارمۇ؟! ئۇلارنى يەنە قانداق تەقدىر - قىسمەتلەر كۈتۈپ تۇرىدىغاندۇ؟ ئادەمنى ئىككەكتەك غاجاپ ئۈپرىتىپ تۈگىتىدىغان بۇ تۈگىمەس غەليانلارنىڭ زادى ئاخىر - چېكى بارمۇ، يوق؟! ئىدېئولوگىيىگە ئائىت بۇنداق ئىنچىكە سىياسىي كۈرەش ئېتىغا قانداقتۇر ساۋاتسىزلارنى مىندۇرۇپ قويسا، ئۇلار قامچىسىنى كىملەرنىڭ قېنىغا تويۇندۇرۇپ، كىملەرنىڭ بېشىدا ئوينىتار؟!

ئىشخانا ئىچىدە ئەنسىز سالغان يۈرەكلەرنىڭ دۈپۈلدىشىدىن باشقا ھېچقانداق تىۋىش ئاڭلانمايتتى. ۋۇ جۇرىن ياڭ پەيجاڭغا

قارىغانىدى، ئۇ «سۆزۈم يوق» دېگەندەك بېشىنى چايقىدى. ئەمما، لى گاڭ نىزاخۇن تازىغا باش ئىشارىتى قىلىشى بىلەن، ئۇ لىككىدە ئورنىدىن تۇرۇپ، چېكەتكىدەك كۆزلىرىنى ھەممىگە تەڭ پىلدىرلاتتى:

— ئۇلۇغ داھىمىز ماۋجۇشى بىزگە: «كۆچەتنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى ئېشەك» دەپ تەلىم بەرگەن، — دېدى نىزاخۇن ھېچكىم ئاڭلىمىغان ئۈزۈندىنى ئوقۇپ، — شۇنىڭغا ئوخشاش ...

سۇرلۇك سۇكۇنات ئىسكەنجىگە ئالغان ئىشخانىدا ئۆزىنىڭ تەقدىر ئىقبالىدىن ئەنسىرەپ ئولتۇرغان ئوقۇتقۇچىلار، ساغرىسىغا بىرلا ئۇرۇپ تاپقان بۇ ئۈزۈندىدىن كۈلۈۋېتىشكە تاسلا قالدى. ئەگەر بۇ سورۇندا مۇرات بولغان بولسا ھېچ ئەيمەنمەي: «تازىنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى چىۋىن» دېيىشتىن يانمايتتى.

— ھە، شۇنىڭغا ئوخشاش، — سۆزىنى تەكرارلىدى نىزاخۇن، — ئىنقىلابنىڭ دۈشمىنى — دۈشمەنلەر ... ئېشەك كۆچەتنى غاجاپ راھىنا قىلغاندەك، بۇ پېسەندىلەرمۇ ئىنقىلابنى تىماغداپ ئالا - پاساق قىلىدۇ، بىز كەنت - يېزىلاردا دادۇيجاڭ، سېكلتاي دېگەن ھەشقلارنى كۈرەش قىلىپ، گەجگىسىگە مۇشتلاپ، چىچقاق مۇزايدەك قىلىۋەتكەندەك، ئوتتۇرا مەكتەپتىمۇ كايامىتىمىزنى كۆيستىمىز ... ھە، مېنىڭ گەپ كالىچىم ھازىرچە تۈگىدى ...

يىغىن ئاخىرىدا ۋۇ جۇرىن كەمبەغەل دېھقان تەشۋىقات ئەترىتىدىكى ياش مىنبىڭلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، قالغانلىرىنىڭ دادۇي، شىياۋدۇيلەردە پىشقان، يېتىلگەن، ئىنقىلاب سىناقلىرىدىن ئۆتكەن ئاۋانگارتلار ئىكەنلىكى ۋە تۆھپىسى ئالاھىدە زور بولغانلىرىنى تاللاپ بۇ شەرەپلىك ۋەزىپىنى تاپشۇرغانلىقىنى قىستۇرۇپ قويدى.

يىغىن ئاخىرلاشتى. ھېكمەت ئوقۇغۇچىسى تۆمۈر نىياز

بىلەن كۆرۈشۈشنى كۆڭلىگە پۈككۈپ تۇرۇشى، ئۇ ھېكمەتكە غىل - پاللا قاراپ قويۇپ سىرتقا چىقىپ كەتتى. چۈش بولۇپ قالغانىدى. ھېكمەت بىر قاچا سۇيۇقئاشنى ئۆيگە ئاپىرىپ نان چىلاپ ئىچتى. بۇ ئەسنادا ئىشىك ئېچىلىپ تۆمۈر نىياز كىرىپ كەلدى. ئۇ، ئېگىز بوي، كۆزلىرى چوڭ، سوزۇق يۈزلۈك بالا بولۇپ ئۆڭى قارا بولغاچقىمۇ كۆز ئېقى بىلەن چىشلىرى كۆزگە ئاپئاق چېلىقاتتى تۆمۈر نىياز ھېكمەت بىلەن ئالدىراپ كۆرۈشتى - دە، ئىشىك تەرەپكە قاراپ قويدى.

— مۇئەللىم، بايىقى ئەدەپسىزلىكىمنى كەچۈرسىلە، — تۆمۈر نىياز نېمىدىندۇر ئەنسىرەپ تۇراتتى، — باشلانغۇچ مەكتەپ ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ جۇرىنى تۇردى سىلىنى، كامىل مۇئەللىمنى ۋۇ جۇرىن، لى گاڭغا چىقىپ بەك يامان كۆرسىتىۋەتتى. بايا تونۇشلۇق بەرمىگىنىمنىڭ سەۋەبى شۇ ئىدى.

— كېرەك يوق، ھەممىمىز ئېھتىيات قىلمىساق بولمايدۇ.

— مەن چىقاي مۇئەللىم، بۇنىڭدىن كېيىن قانداقلىكى ئىش بولسا سىلىگە يەتكۈزۈپ تۇرىمەن.

— رەھمەت ساڭا ...

تۆمۈر نىياز چىقىپ كەتتى. تۇردى دالتەكىنىڭ «جۇرىن» بولغانلىقىنى ئاڭلىغان ھېكمەت قۇلاقلىرىغا ئىشەنمەيلا قالدى. ئەمەلنىڭ ئۇۋۇقى پوقىقا چۈشۈپ كەتسە، پۈۋلىمەي ئاغزىغا سالىدىغان بۇ يىرگىنىشلىك مەخلۇق بىچارە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بېشىغا يەنە نېمە كۈنلەرنى سالار؟ ھېكمەت چېكىسىنى ئۇۋۇلىغىنىچە ئولتۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭ يەنە بىر ئەنسىرەۋاتقىنى شەھەردىكى ئوچۇق سوت ئىدى. بايا پۈتۈن يىغىن جەريانىدا ئۇنىڭ كۆڭلى زادىلا ئارامىغا چۈشمىدى. «نەبى نەچچە يىل كېسىلگەندۇ، ھۆكۈم تۇگىگەن ھامان كېرىيە ئۆزگەرتىش مەيدانىغا ئېلىپ كەتكەنمىدۇ؟ ئۇ مېڭىشتىن بۇرۇن بىر كۆرۈشۈۋالسام ئوبدان

بولاتتى، مەن ئۇ ئەكىرىپ بەرگەن نەرسىلەرنى ئالىمجان تاپشۇ-
رۇپ بەرگەنمىدۇ؟» ئۇ ئەنسىز خىياللار ئىلكىدە يىغىندا ئولتۇ-
رالمايلا قالغانىدى. بىردىنلا ھېكمەتنىڭ كۆز ئالدىدا پۈت —
قوللىرى باغلانغان نەبىنى ئېتىش ئۈچۈن ئاقتاشتىكى جىگدىلىك-
كە ئېلىپ كېتىۋاتقان بىر قورقۇنچلۇق كۆرۈنۈش پەيدا بولدى.
ئۇ ئورنىدىن چاچراپ تۇردى — دە، زىكرۇللا غوجىنىڭ ئۆيىگە
كىردى ۋە ھەقىقىي ئەھۋالنى ئېيتىپ شەھەرگە يۈگۈردى. توپا
يولدا قەدىمىنى بىردەممۇ ئاستىلاتماي «پو ··· پو» غا دەسسەپ
كېتىۋاتقان ھېكمەتنىڭ پۈتۈن بەدىنىدىن سۇ قۇيۇلماقتا ئىدى.
نەبىنىڭ قارا تەقدىرى كۆڭلىدىن كەچكەنسېرى مەھبۇبەگە بول-
غان غەزىپى ئۆرلەيتتى. ھېكمەت شەھەردىن قايتىپ كەلگەننىڭ
ئەتىسى مەھبۇبەنىڭ پۈتۈن كىيىم — كېچەكلىرىنى چامادانغا
قاچىلاپ، مەكتەپنىڭ ئېشەك هارۋىسىدا ئانىسىنىڭ ئۆيىگە كەت-
كۈزۈۋەتكەنىدى. ھېكمەت ئۇنىڭغا:
— ئاجراشمايمەن دەپ مۇشۇنداق تۇرۇۋالسىڭىز يەنە مەي-
لى، مەنمۇ ئاخىرغىچە چىدايمەن. بىراق، ياخشىراق خېرىدار
چىقىپ قېلىپ ئەرگە تەگمەكچى بولسىڭىز مېنى ئىزدەپ كې-
لىڭ، — دېدى.
مەھبۇبە كامىلنىڭ قېشىغا دادلاپ باردى. لاسكويدىكى ئە-
سىرلەرنى، گۈلرۇزنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغان ھېكمەتنى، خا-
لىقنىڭ گۈندىخانىسىدا ئۆلۈمنى كۆتۈرۈپ ياتقان كامىلنى ۋە
نەفسەلەرنى قۇتقۇزۇشتا، ھاياتى ۋە تەقدىرىنى ئويلىمىغان نەبى-
نىڭ قولغا ئېلىنىپ كېتىشىدىن يۈرىكى ئېچىشىپ تۇرغان
كامىل مەھبۇبەگە قاپىقىنىمۇ ئاچمىدى.
— مەن ئۆز ۋاقتىدا ھېكمەتنى مەجبۇرلىغىنىمغا پۇشماي-
مان قىلىۋاتىمەن، — دېدى كامىل ئۇستەلگە ئۇرۇپ، —
ھەر خىل ۋاستىلەر بىلەن ئەزىمەتنىڭ ئىشىنى ھېكمەتنىڭ
قاللىسىدىن ئۆتكۈزۈپ تۇرساق، نەبىنى غۇرۇرىغا تېگىدىغان

تىللار بىلەن تىللاپ ماھىگۈلنىڭ ھاقارىتىگە قويدىڭىز، ئۇنىڭغا بوپتۇ دېسەك ئەمدى نەبىنى سولىتىۋەتتىڭىز، زادى سىزنىڭ مەقسىتىڭىز نېمە؟ ھەتتا ھېكمەت، گۈلزىبانى قەستلەش ئىشىغا قاتناشقانلىقىڭىزنىمۇ كەچۈرۈۋەتتى، بۇ ئاسانمۇ؟ ئەمدى بۇ ئىشلار ئۇنتۇلغىچە ئۇنىڭ كۆزىدىن نېرى تۇرۇڭ، ئۇنىڭ دەردىمۇ ئۆزىگە يېتىپ ئاشىدۇ ...

ھېكمەت يۈرەكنى زىدە قىلىدىغان خىياللار بىلەن يۆگۈرۈپ شەھەرگە يېتىپ كەلدى. ئۇ ئالىمجاننىڭ ئۆيىگە كىرگەندە چاچلىرىدىن سۇ تامچىلاپ، پۈتۈن بەدىنىدىن ھور كۆتۈرۈلۈۋاتاتتى. ئۇ دوستى قۇيۇپ بەرگەن بىر چىنە سوغۇق چاينى ئىچىپ بولغاندىن كېيىن سەل ئەكسىگە كەلگەندەك بولدى - دە، ئالىمجاننىڭ ئاغزىغا قارىدى، ئوچۇق سوتتا نەبىنى ئاقلاش ئاسانغا چۈشمىگەن، ھەتتا ئاقلىغۇچى بىلەن قارىلىغۇچى ئۇستەل مۇشتلاش دەرىجىسىگە بارغان، شۇنداقتىمۇ ئالىمجاننىڭ دەلىل - ئىسپاتلىرى، قانۇن - نىزاملاردىن كەلتۈرگەن نەقىللىرى ئارقىلىق نەبى ئۆن يىللىق كېسىلگەنىدى.

— ئوچۇق سوتتىن كېيىن، كېسىلگەن ئون يەتتە ئادەمنى ماشىنىغا سېلىپ كېرىيە ئۆزگەرتىش مەيدانىغا ئېلىپ كەتتى، — دېدى ئالىمجان ئېغىر تىنىپ، — ھە راست، سىز بەرگەن يوتقان - كۆرپە، ئەدىيال ۋە كىيىملەرنى تاپشۇرۇپ بەردىم، شۇنداقلا بۇ ئىشقا سىزنىڭ قانداق ئەجىر قىلغانلىقىڭىز، نەسىھەتلىرىڭىزگىچە يەتكۈزۈپ قويدۇم.

— نەبىنىڭ كەيپىياتى قانداقراق؟

— كۆزىدىن ياش تۆكۈلۈپلا تۇرىدۇ. ئەمما ئۇ: «ھېكمەت ئاكام خاتىرجەم بولسۇن، ئۇنىڭ يۈزىنى يەرگە قارىتىدىغان ئىشنى قىلمايمەن»، دېدى.

ئىچى ئاچچىق بولۇپ قالغان ھېكمەت بوستانغا قايتتى. ئۇ يولدا كېلىۋاتقىنىدا نەبىنىڭ باللىق چاغلىرى بىر - بىرلەپ

كۆز ئالدىدىن ئۆتتى. قىمارۋاز قايتىنىڭ دومبا - تېپىكلىرى، ئانىسىغا سالغان زۇلۇم - سىتەملىرى، هازازۇل گۈلرۇزنىڭ ئاچىسى گۈلزىباغا قىلغان تۆهمەت - سۇيىقەستلىرى، كىچىك نەبىنىڭ غورباسىز قەلبىدە يامان ئادەملەرگە قارىتا نەپرەت ۋە ئۆچمەنلىك ئۇرۇقلىرىنى بىخلاندۇردى. ئۇنىڭ كېرىموفنىڭ تۇمشۇقىنى تەتۈر ئۆرۈپ، يۈزلىرىنى چارلاشتۇرۇۋېتىشى، گۈلرۇزغا تېۋەززۇن، پىچاقلارنى ئېتىپ، كۆسەيلەردە ئۇرۇشى، گۆدەك قەلبىنىڭ ساددا ئۆچ ئېلىشى ئىدى. لېكىن، ئۇ سوغۇق زىمىستاندا جىنازىدا يېتىپ ئۆلۈشكە رازى بولدىكى، قايىت بار ئۆيگە كىرىشنى خالىمىدى. شۇنداق، هېكمەت كىچىكىدىن تارتىپلا لەگلەك، پىرقىرىغۇچ ۋە قەغەزدە ياسالغان هەرخىل ئويۇنچۇقلارغا ئامراق نەبىنىڭ كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئۆزىگە قانات بولۇپ قېلىشىنى ئويلىمىغان. ئۇ چايخانا مەكتەپتە تەقىپ ئاستىدا قالغاندا، نەبى ئەزىمەتنى كۆتۈرۈپ هەر كۈنى دېگۈدەك دەۋازا، رېشاتكا ئەتراپلىرىدا چۆرگىلەيتتى. يىراقتىن بولسىمۇ ئوغلىنى كۆرگەن هېكمەت ئۇنىڭدىن قانچىلىك رازى بولغاندى - هە؟! ئوغلىنى ۋېلىسىپىتتا ئولتۇرغۇزۇپ قوشكۆلگە ئېلىپ كىرىشلەر، يۇرۇڭقاش دەريا بويلىرىدا تۆگە تايلاق بولۇۋالغان ئەزىمەتنىڭ قولىدىكى ناننى چىشلەپ ئاكىسىنىڭ ئاغزىغا سېلىشى ··· مارجاندەك تىزىلىپ ئۆتكىنىدە، هېكمەتنىڭ كۆزلىرىنى سۈزۈك ياش پەردىسى قاپلىۋالدى، بولۇپمۇ نەبىنىڭ يۈزلىرىدىكى تارتۇق ۋە كۆيۈك داغلىرى ئەزىمەت ئۈچۈن بېسىلغان تامغا ئىدى.

هېكمەت مەكتەپكە قايتىپ كەلگەندە، كامىل ياتىقىدا بىر نېمە يېزىۋاتاتتى. پىلڭ شەندۇي ① ئوقۇتقۇچىلارنى ئۆزىنىڭ

① پىلڭ شەندۇي —— كەمبەغەل دېهقانلار تەشۋىقات ئەترىتى. شۇ دەۋرلەردە بۇ سۆز ئاتالغۇغا ئايلىنىپ قالغاچقا ئاپتورمۇ ئاشۇ ئاتالغۇنى قوللىنىشنى لايىق تاپتى.

ئۆتكۈزگەن «جىنايەت»، «خاتالىق»، «خىيانەتچىلىك»، «كەمچىلىك» لەرنى يېزىپ چىقىش ئۈچۈن يېرىم كۈنلۈك مۆھلەت بەرگەنىدى. چۈنكى، «غەلۋىر»، «شالاڭ ئەلگەك»، «قېلىن ئەلگەك» لەردىن ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن «ئۈگۈت»، «ياما»، «ئۆن» بولمىسا بولمايتتى. ھېكمەت كامىلنىڭ يازغانلىرىنى بىر قۇر كۆرۈپ چىقىپ ئاچچىق كۈلدى. ئۇ ئىنقىلاب، ئۇرۇش يىللىرىدا قورال كۆتۈرۈپ ئەلەم كۈرىشىگە قاتناشمىغانلىقى، ئىنقىلابچىلارنىڭ ئۈپچە تاماقخانىسىدىن ھېچ نېمە ئالمىغانلىقى، (چۈنكى ئاشلىق، مايلار ئاشلىق پونكىتىدىن بۆلاپ كېلىنگەن) ئۇرۇش، چېقىش، بولاشقا قاتناشمىغان قاتارلىق نەتىجىلەرنى يازغانىدى.

— ھەي، ھېلىقى چېكەتكىنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلىمىدىڭمۇ؟ ئۇلارغىچۇ پۈتۈنلەي خاتالىق ھەم جىنايەت كېرەك، — دېدى ھېكمەت كامىلغا، — سەنزە ئۆزۈڭنى ماختاپ چىقىپسەنغۇ.

— نېمە جىنايەت، نېمە خاتالىقكەن ئۇ؟ — كامىلنىڭ كۆزلىرى چەكچەيدى، — يوق نېمىنى يازامدۇق ... مەن ئۇنداق قىلمايمەن ...

ئەتىسىدىن تارتىپ، «يۇيۇنۇش» باشلىنىپ كەتتى. نىزاخۇنغا گۇڭشېدىن لى گاڭ يەل بېرىپ تۇرغاچقىمۇ، ئۇ ئەڭ ئالدى بىلەن تايانچى ئاكتىپلار قوشۇنىنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن ئىشنى خاتالىقىمۇ، نەتىجىسىمۇ بولمىغان يىلمان ئوقۇتقۇچىلاردىن باشلىدى. چۈنكى، ئۇلار غەلۋىر ئەمەس قېلىن ئەلگەكتىنمۇ ئۆتۈپ كېتىدىغانلاردىن ئىدى. ھەر كۈنى تەكرارلىنىۋاتقان خىيانىتىڭنى ئېيت، چوڭ يەپ، چوڭ ئىگىلىگىنىڭنى سۆزلە، ئەلەم كۈرىشىگە قاتناشتىڭمۇ يوق، سىياسىي خاتالىقىڭنى پاش قىل ... پىلڭ شەندۈيدىكى دېھقانلار ۋە يۇيۇنۇپ بولغان تايانچىلار پۇكانلىرىنى ئېسىپ ۋارقىرايتتى، ئاغزىنى بۇزۇپ تىللايتتى.

ھەتتا قېنى قىزىپ كەتكەن مىنبىگلار يۇگۇرۇپ چىقىپ پىشاند-
لىرىنى نوقۇپ، دۇشكەلەپ پاق ـ پۇق ئۇرۇپمۇ قويائتى. ئۆزد-
نى تەكشۇرگۇچى ھېچ گەپ تاپالماي: «دەرستىن چۇشكۇچە،
كەلگۇچە مەكتەپ بىغىدىن بىرەر تال شاپتۇلنى يەپ سالغان»
دىگەن ھامان يەنە بىرى: «ھەي، سەن بىرنىلا يەمتىڭ؟ ...»
دەيتتى. «ئىككىنى يىگەندىمەن» دىسە، «تۇزۇك گەپ قىل،
سەن ئىككىگە توياممتىڭ ...» دىيىش ئارقىلىق ئاخىرى يىمىگەن
شاپتۇل بەش ياكى ئونغا چىقاتتى. شۇنىڭ بىلەن «كەلگەندە
ئونىنى، قايتقاندا ئونىنى يىسەڭ، ھەر كۇنى مۇنچە قېتىم قاتىند-
ساڭ، ئېيىغا مۇنچە، يىلىغا قانچە» دەيتتى ـ دە، بىرنەچچە
يىللىق شاپتۇل ھىسابلىنىپ پۇلغا سۇندۇرۇلاتتى. بۇنداق شاپ-
تۇللا كۇز، قىش، ئەتىيازدىمۇ ئۇزۇلمەي پىشىپ تۇرىدىغان
مۆجىزىلىك شاپتۇللاردىن ئىدى!

ئۇرۇش، تىللاش، ژارقىراشلار بىلەن 3 ـ ئايمۇ كىرىپ
قالدى. جۇمىراخۇن، ئەخمىتاخۇن، ئەمەت شۇلاق، مەمتىلى
ئىبراھىم، ساجىتخان، قۇتبىرەم قاتارلىق ئوقۇتقۇچى، ئىشچى-
لار يۇيۇنۇپ، تازلىنىپ بولدى. بىراق، ھېكمەت، كامىل،
ئەخمەت ھوشۇر، زەينىدىنلەرنى سېمىز قويلارنى قۇربانلىققا
ئاتاپ قويغاندەك، ئۇلارغا تېخى شامال تەگمىگەنىدى. بىر كۇنى
تاختىپەرگە شىكەر قارىم چىقىپ قالدى. مەكتەپتە تاڭشىر قاي-
نىتىدىغان بۇ ئادەم ھۆرمەتلىك كىتابخانلىرىمىزغا مەلۇم بولسا
كېرەك. ئۇنىڭ بېشى ئۇچلۇق، جۇغى كىچىك، ساپسېرىق
قوشۇقتەك چىرايى خۇددى دەزمال سالغاندەك سىدام بولۇپ،
تۇكى چۇشۇپ كەتكەن سەللە تۆپىسى قىش ـ ياز بېشىدىن
ئېلىنمىغاچقا، بەكمۇ كونىراپ كەتكەنىدى. ئۇ ياپما قاپاقلىرى
ئاستىدىكى تېرىنىڭ يىرتىقىدەك كىچىك چېقىر كۆزلىرىنى
توختىماي چىمچىقلاتقىنىچە نىزاخۇنغا قاراپ ھىجايدى. ئۇنىڭ
ئۇششاق ئاراچ چىشلىرى خام تاڭشىرنى تولا تېتىپ قارىداپ

كەتكەنىدى. ئۇ ئالدىنقى قېتىم مەيدانغا چۈشكەندە «شېكەر قارىم، سېنىڭ جىن - شەيتانلارنىڭ نېمىنى تاڭشىرغا شۇڭغۇتۇپ بەرگىنىڭ راستمۇ؟» دېگەن سوئالغا «توۋا دېسىلە جۇرىن، دىلىدا ئىمانى بار ئادەمنى جىن - شەيتان دېسە، ئاغزى مايماق كېتىدىيا... ئۇلار دېگەن مۆئەللىم تۇرسا ...» دەپ تۇرۇۋالدى، «جىن - شەيتان» دېگەن سۆزگە زادى قايىل بولمىدى. «ھەر قېتىمدا قانچىلىك تاڭشىر كەتكەندۇ؟» دەپ سورىسا، «پىتكى» دەپ چىمچىلاق قولىنى چىقىرىپ تۇرۇۋالدى. مانا ھازىرمۇ ئۇ، ساۋاتسىز بولغاچقا «جىنايىتىنى» ئېغىزدىلا سۆزلەشكە باشلىدى:

— ئەمدى ئۇتنى سىڭايىنى قالاپ تاڭشىرنىڭ پۈچىقى قىسماق باغلاپ كۆيەپ كەتكەن ئىشلارمۇ بولدى ئەينا ...

— ھەي، ھەي قارىم، ئەڭ ئالىي يولىيۇرۇقتىن بىرنى ئوقۇۋېتىپ سۆزلىسىلە دەيمەن، — نىزاخۇن قولىنى شىلتىدى، — يارلىقتا تەخەي قوغلىغاندەك شاببۇلاڭغا سۆزلىمەي ...

— ئەمدى ... — ئەزەلدىن ئۇزۇندە يادلاپ باقمىغان شېكەر قارىم نېمە دېيىشىنى بىلمەي ئۇزۇنغىچە كىچىك كۆزلىرىنى پىلدىرلىتىپ تۇرۇپ قالدى، — ئەمدى يەنە بىر خاتالىقىم قىزىلچىلارنىڭ مۇندىكىنى ئالماي ...

— ھاي، ھاي، مەن ئېشەكنىڭ قۇلىقىغا سەتە چالمىدىم، — ۋارقىرىدى نىزاخۇن، — ئۇزۇندىن بىرنى ئوقۇپ ئاندىن ...

— ئەمدى، ئۇلۇغ داھىيمىز تەلىم بېرىپ، — شېكەر قارىم گويا ئۇزۇندە چۈشىدىغاندەك تۇرۇقسا بىر ھازا ئالايدى، — «ئۇتنى سىڭايان قالىسا تاڭشىر كۆيەپ كېتىدۇ» دېگەن ...

ئىشخانىنى كۆتۈرۈۋەتكۈدەك كۈلكە كۆتۈرۈلدى. نىزاخۇن

ئاچچىقىدا ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

— ھەي، چاۋاش گاداي، ئاشۇنداق ئۇزۇندە بولامدا، قانداق مەتۇ ھىشىق بۇ ...

— ئا ... جۇرىن تە بولمىسىلا، ئەمدى «كۆچەتنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى ئېشەك» دېگەن يەردە، بۇنىمۇ دەپتۇ بولا ...

گۈلدۈرلەپ كۈتۈرۈلگەن كۈلكىدىن ئىشخانىنىڭ دېرىزىلىرىمۇ دىرىلدەپ كەتتى. غەزەپتىن يېرىلىپ كەتكۈدەك بولغان نىزاخۇن جۇرىدىن ۋارقىراپ - جارقىراپ ئىشخانىدىن بېشىغا كىيىدى. دېمىسىمۇ ئۇ خەلق ئىچىدىكى تەمسىل - ماقالىلەرنى «بىزگە تەلىم بەرگەن» دەپ ئۇزۇندە قىلىپ ئوقۇۋېرەتتى. بەزىدەلى گاڭ ئۆگىنىش ئەھۋالىنى كۆزەتكەچ قاتنىشىپ قالاتتى. بىر كۈنى ئابلىز بەكرى نىزاخۇن جۇرىنىڭ ئۇزۇندە دەپ ئوقۇغان سۆزلىرىنى لى گاڭغا تەرجىمە قىلىپ بېرىۋىدى، ئۇ چىچاڭشىپ كەتتى - دە، نىزاخۇننى كارىدۇرغا ئېلىپ چىقىپ تاناۋىنى تارتتى:

— «تۆگىنى بوران ئۇچۇرسا، ئۆچكىنى ئاسماندا كۆرۈڭ»؛ «سەركە سۇغا سەكرىسە، قوينى قايىنامدىن تېپىڭ» دېگەن قانداق ئۇزۇندىلەر ئۇ، قالايمىقان سۆزلەرنى ئۇزۇندە ئورنىدا ئىشلىتىش بۇ بىر سىياسىي خاتالىق! ...

مانا شۇنىڭدىن كېيىن نىزاخۇن جۇرىن ئاغزىغا كەلگەن گەپنى ئۇزۇندە قىلىپ سۆزلىمەيدىغان بولدى. لېكىن، لى گاڭنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئابلىز بەكرى ئۇنىڭغا قىسقا - قىسقا ئۇزۇندىلەرنى ئۆگىتىپ قويدى.

قىشلىق تەتىل ئاياغلىشىپ ئوقۇغۇچىلار يىغىلىشقا باشلىدى. مەشغۇلات ئۆزگىرىپ ئەتىگەندىن چۈشكىچە دەرس ئۆتۈلۈپ، چۈشتىن كېيىن ئوقۇتقۇچىلار «يۈيۈنۈش» ئۈچۈن ئىشخانىغا كىرەتتى. ئوقۇغۇچىلار بىرنەچچە ئىشچىنىڭ باشقۇرۇشىدا ئېتىز - ئېرىق بىلەن مەشغۇل بولاتتى. شەنبە كۈنى ئوقۇغۇچى-

لار دەم ئېلىشقا قويۇپ بېرىلدى. پىلىڭ شەندۈيدىكىلەرمۇ مەكتەپنىڭ ئاق نانلىرىنى خورجۇنلىرىغا قاچىلاپ ئۆيلىرىگە قايتىشتى. ھېكمەت ئىككى كۈن بۇرۇن تەييارلاپ قويغان نان، ئاشلىق بىلىتى، گۈلە - قاق، قۇرۇق ئۈزۈم، ياڭاقلار قاچىلانغان سومكىنى ئالدى ۋە زىكرۇللا غوجى تامغا بېسىپ قېلىپ بەرگەن تونۇشتۇرۇشنى يانچۇقىغا سېلىپ شەھەرگە يۈرۈپ كەتتى. ئۇ گارازغا يېتىپ بارغاندا كېرىيەگە ماڭىدىغان قارا ماشىنىنىڭ كوزۇپى توشۇپ قالاي دېگەندى. ھېكمەت بىر كىشىلىك ئورۇننىڭ چىققىنىغا خوش بولۇپ ئەڭ ئاخىرىدا قىسىلىپ ئولتۇردى. ماشىنا لوپ ناھىيىسىدىن ئۆتۈش بىلەن جاققا - جۇقاڭ، گۈلدۈر - غالاپ قىلىپ، توپا - توزاننى پۇرقىرىتىپ كېتىپ باراتتى. ھېكمەتنىڭ ئۈچەي - باغرى بىر يەرگە يىغىلىپ قالغاندەك پۈتۈن ئەزايى - بەدىنى سانجىقلىشىپ كەتكەندى. بۇ يوللارنى «تاشيول» دېگەندىن كۆرە «تاش تاشلىغان يول» دېگەن تۈزۈك ئىدى. ماشىنا سۇ ئېلىپ كەتكەن گوداڭلاردا شۇنداق ئىرغىتىپ تاشلايتتىكى، پانا قاققاندەك ئولتۇرۇشقان ئادەملەر تەكشى كۆتۈرۈلۈپ، گۈپپىدە ئورنىنى قاڭدايتتى ...

ماشىنا چەكسىز چۆللۈكنى بېسىپ چىرا ناھىيە بازىرىغا كىرگەندە، ئاللىقاچان قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتكەندى. شوپۇر «ھاجەت قىلىدىغىنىڭلار قىلىۋېلىڭلار» دېگەن بولسىمۇ، ھەممە ئادەم ئورنىنى تاپالماسلىقتىن ئەنسىرەپ يەرگە چۈشۈشمىدى.

ماشىنا يەنە جىددەللەپ يۈرۈپ كەتتى. ئاي كۆتۈرۈلۈپ قالغانىدى. يولنىڭ چېتىدىكى بۆك چاتقاللىقلار، يۇلغۇن. جىدغان، توغراق، يەر بېغىرلاپ شاخاراپ كەتكەن بەقەملەر ھاۋارەڭ نۇر ئىلكىدە سىرلىق سۈكۈناتقا چۆمگەنىدى. گەرچە مارتنىڭ ئوتتۇرىلىرى بولۇپ قالغان بولسىمۇ كېچىلىرى دول قورىغۇدەك سوغۇق بولاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ماشىنىنىڭ تېزلىكىمۇ سوغۇقنى ھەسسىلەپ كۈچەيتىۋەتكەنىدى. ھەر ھالدا ماشىنا تۈن

نىسپىي بولاي دېگەندە كېرىيە گاراژىغا يېتىپ كەلدى. پۆت،
قول، بەللىرى ئۇرۇپ چىقىۋەتكەندەك ئاغرىپ كەتكەن ھېكمەت
يەرگە چۈشۈپ ئارانلا قەدەم ئالالىدى. ئۇنىڭ ئۈستۈبېشى ئاپئاق
توپا بولۇپ، بۇرۇن، قۇلاق تۆشۈكلىرى پۈتۈپ كەتكەنىدى.
قاپاقلىرىغا تىنىپ كەتكەن توپىدىن كۆزلىرى ئارانلا پىلدىرلايت-
تى. ھېكمەت يولۇچىلار دەپ بەرگەن بىر ئىككى دەڭگە باردى.
دەڭجا ھويلا ئىچىدىلا، «ئورۇن يوق» دەپ ۋارقىراپ دەرۋازىنى
ئاچمىدى. ئۇ كېرىيە بازار رەستىلىرىنى ئايلىنىپ بىر ئۆستەڭ
بويىغا كەلدى ـ دە، يۈز ـ بويۇنلىرىنى يۇيۇپ بىر ئاز يېنىك-
لەشكەندەك بولدى، لېكىن ئېغىر ھاردۇقتىن كۆزلىرى يۇمۇ-
لۇپ كېتىۋاتاتتى. بۇ ئەسنادا ئەگرى ـ بۈگرى رەستە ئارا بىر
ئۆيىنىڭ دېرىزىسىدىن ۋىلىلدە چىراغ يورۇقى كۆرۈندى. ھېك-
مەت ئورنىدىن ئارانلا تۇرۇپ باردى ۋە ئىشىكنى ئاستا چەكتى.
ھايال ئۆتمەي قوللىرى خېمىر يۇقى ئاق ساقال بىر ئادەم چىق-
تى. ھېكمەت ئۇنىڭغا سالام قىلغاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ خوتەن-
دىن كەلگەنلىكى، كېرىيەدە تۇغقانلىرى بولمىغاچقا كوچىدا قال-
غانلىقىنى ئېيتىپ، «بىرەر كېچە قونۇۋالغۇدەك ئۆي بولسا
پۇلىنى بەرسەم» دېدى. ئاق ساقال دەرھال ئۇنى ئۆيىگە باشلى-
دى. بۇ ئەسلىدە ناۋايخانا ئىدى. بوۋاي سەھەردە ياقىدىغان
ناننىڭ خېمىرىنى يۇغۇرۇپ قويۇش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇرغاند-
كەن.

— مۇساپىركەنلا بالام، مۇساپىرنىڭ ھاجىتىدىن چىقىش
ساۋاب ... قېنى ئىچكەركى قازناقتا بىر كات بار. ئىككىمىز
كەڭ كۇشادە ياتىمىز ... يۇرسىلە ...

بوۋاي پاكىز چىت يوتقاننى ھېكمەتكە بېرىپ، بىر سامان
تەكيمۇ قويۇپ بەردى. بوۋايغا ھېچنېمە قالمىغانلىقىنى سەز-
گەن ھېكمەت خىجىل بولۇپ قالدى.

— چوڭ دادا، ئۆزلىرىگە يېپىنغۇدەك ...

— ۋايىم يېمىسىلە بالام، چاپىنىمنى يېپىنىپ، تەلپەكىمنى قاتلاپ بېشىمغا قويسام بۇجاڭدەك ئۇخلايمەن دېسىلە ...

بوۋاي شۇنداق دەپ قويۇپلا چىقىپ كەتتى. ھېكمەت بوۋاي ئىشىنى تۈگىتىپ كىرگەندە «ئۆزگەرتىش مەيدانى نەدە؟ قەيەر بىلەن ماڭىدۇ؟» دېگەنلەرنى سورىۋالاي دەپ قانچە قىلىپ باققان بولسىمۇ چارچاپ كەتكەنلىكتىن تېزلا ئۇخلاپ قالدى. ئۇ ئەتىگەن تۇرغاندا بوۋاي چوڭ تونۇر سۇپىسىدا پىرقىراپ يۈرۈپ بەقەم چوغلىرىنى چوقال بىلەن تونۇرنىڭ ئوتتۇرىسىغا يىغىۋاتاتتى. ئوتنىڭ تەپتىدىن ئۇنىڭ يۈزلىرى قىپقىزىل تاۋلىنىپ، پېشانە، بويۇنلىرىدىن چىپىلداپ تەر قۇيۇلاتتى.

— كېچىدىن كىرسەم مەلەختەك بۇخاراغا كېتىپلا ـ ھە، كېرىيەگە نېمە ۋەجىدىن كەلگەنتىلە؟

ھېكمەت ئەھۋالنى سۆزلەپ بەرگەندىن كېيىن، بوۋاي ئىچ ئاغرىتقان ھالدا، ئۆزگەرتىش مەيدانىنىڭ ئات ھارۋىسى سەي ـ كۆكتات، تۇز، چايدەك يېمەكلىكلەرنى ئالغىلى ھەر كۈنى كېلىدىغانلىقى، ئۇنىڭدىن باشقا دېھقانلارنىڭ ئات ـ ئۇلاغ، ھارۋىلىرىمۇ مېڭىپ تۇرىدىغانلىقى، ھارۋىكەشكە ئاززاق نەپ بەرسە چۈشكىچە ئاپىرىپ قويىدىغانلىقىنى چۈشەندۈردى.

— ئەتىگەندە ماڭسا چۈشتە بارامدا؟ — ھېكمەت ھەيران بولۇپ سورىدى، — ئارىلىقى خېلى بارئىكەن ـ دە؟

— تۆت، بەش پوتەي كېلىدۇ دېسىلە، — بوۋاي كاساڭدىكى تاش تۇز سۈيىنى قولدا ئىلەشتۈردى، — ئۆزگەرتىش مەيدانىنىڭ ھارۋىسى كېچىدىن كېلىپ ئاتلارنى دەڭدە بىر كېچە ئارام ئالدۇردى، مانا شۇ تۇرقۇم كۆكتات بازىرىغا باردى دېسىلە ...

ھېكمەت بوۋايغا رەھمىتىنى ئېيتىپ، ئۇنىڭ دەپ بەرگەن يوللىرى بىلەن كۆكتات بازىرىغا باردى. دېگەندەك ئۇزۇن كەتكەن بىر كوچا ئەتىگەندىلا ۋاڭ-چۇڭغا تولغانىدى.

ئات-ئۇلاغ، هارۋا، تراكتورلاردا يېزا - كەنتلەردىن ئېلىپ
كىرگەن كۆكتاتلار يول ئۈستىلىرىگىلا دۆۋىلىۋېتىلگەنىدى.
كۆكتات ئامبارلىرىدا ساقلانغان كاللەك سەي، يىسۋىلەك، ياڭ-
يۇ، چامغۇرلارنىڭ تەڭدىن تولىسى سېسىغان ياكى قورۇلۇپ
پۇرلەشكەنىدى. هېكمەت باشقىلاردىن سوراپ ئۆزگەرتىش مەيدا-
نىدىن كەلگەنلەرنى تاپتى. قىرىق ياشلار ئەتراپىدىكى ساقچى
فورمىسى كىيگەن بىر ئادەم، ئورۇق، ئېگىز بىر بالا بىلەن
تاغارلارغا قاچىلانغان كۆكتاتلارنى ئىنجىقلىشىپ هارۋىغا بېسىۋا-
تاتتى. هېكمەت سومكىسىنى قويۇپ ئۇلارغا ياردەملەشتى.
هەر هالدا ساقچى هېكمەتنى هارۋىغا سېلىۋالدى. ئۈچ ئات
قاتقان رېزىنكە چاقلىق هارۋا يولغا چىقتى. نەبىنىڭ ئىجتىمائىي
جىنايەتچىلەر 6 - جۇڭدۇيىدە ئۆزگىرىۋاتقانلىقىنى ئالمىجاند-
دىن ئاڭلىغان هېكمەت ساقچىغا ئىنىسىنىڭ ئەهۋالىنى
سۆزلەپ بەردى تۇرمە ساقچىسى گەرچە قاپىقى ئېچىلمايدىغان
ئادەم بولسىمۇ تۇز كۆڭۈل ئىدى. ئۇ هېكمەتنىڭ بىرىنچى
قېتىم ئىنىسىنى يوقلاشقا كېلىۋاتقانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن،
بېجىرىشكە تېگىشلىك ئىشلارنى ئېرىنمەي ئۇقتۇرۇپ ماڭدى.
ئۇلار سەهەردىلا يولغا چىققانلىقى، ئاتلارنىڭ ئايىغى تېز بولغاند-
لىقى ئۈچۈن، ئىككى سائەتتىن كېيىن چەكسىز يالاڭلىقتا خۇد-
دى سېپىلدەك ئېگىز خىش تام قورغىنى كۆرۈندى. قورغاننىڭ
هەربىر دوقمۇشلىرىدا، قاپ بەللىرىدە، قاراۋۇلخانىلار چوقچىد-
يىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ تۆت ئەتراپىنى كۆزىتىدىغان تۆشۈكلىرد-
دىن چىقىپ تۇرغان ئەجەل ئېغىزلىرى ئادەمنىڭ تېنىنى ئەيمەند-
دۈرەتتى. ئېگىز قورغان ئۈستىدە ئۆتۈشۈپ يۈرگەن قوراللىقلار
ۋە قاپقارا دەرۋازا، ئۇنىڭ ئىككى يېقىنىدىكى قېتىپ قالغاندەك
تۇرغان تۆت قاراۋۇل بۇ يەرنىڭ ئۆزگەرتىش مەيدانى ئىكەنلىكد-
دىن دېرەك بېرىپ بەكمۇ سۈرلۈك ئىدى. هېكمەت يېتىپ
كەلگەنلىكىنى هېس قىلىپ بويۇنداپ قاردى ۋە ساقچىدىن

«كەلدۇقمۇ؟» دەپ سورىدى. ساقچى، بۇ يەرنىڭ سىياسىي جىنايەتچىلەر تۇرۇشلۇق 3-جۇڭدۇي ئىكەنلىكىنى دەپ بەردى. ئۇلار 3-جۇڭدۇيدىن ئىككى كىلومېتىردەك ماڭغاندىن كېيىن كۆك خىشلىق، ئەمما ئانچە ئېگىز بولمىغان بىر كىچىك قورغانغا يېتىپ كەلگەندە، ساقچى ھارۋىنى توختىتىشقا بۇيرۇق قىلدى.

— ئەمدى سەن قولۇڭدىكى تونۇشتۇرۇشنى ئاشۇ قورۇغا ئېلىپ كىرىپ تەستىقلىتىپ چىق، — دېدى ساقچى ھېكمەتكە، — بولمىسا 6 - جۇڭدۇيگە بارغاندا ئىنىڭنى كۆرەلمەيسەن.

— نېمە، تېخى كەلمىدۇقما؟

— ھەي، بۇ دېگەن جىنايەتچىلەرنى ئۆزگەرتىش دېھقانچىلىق مەيدانى باش شتابى، — دېدى ساقچى قوللىردىنى شىلتىپ، — تېز بول دەيمەن، توختىغىنا، مەنمۇ بىللە باراي، ساڭا قويۇپ بەرسە تىمىسقىلاپ يۈرگۈدەكسەن ...

ساقچى ھېكمەتنى باشلاپ كىرىپ كېتىپ بىر ئاز ھايال بولغاندىن كېيىن قايتىپ چىقىشتى. ئاندىن ھارۋىكەش قامچىسىنى ئوينىتىپ - دە، يۈرۈپ كەتتى. ھېكمەت ئەتە دۈشەنبە مەكتەپكە ئۈلگۈرۈپ بارمىسا بولمايتتى. شۇڭا، ئۇ ھەدېسە، بارغانسېرى تىكلىشىۋاتقان كۈنگە قاراپ ئېغىر تىناتتى. ھەر ھالدا ئۇلار چۈش پېشىندىن ئاشقاندا 6 - جۇڭدۇيگە يېتىپ كېلىشتى. گەرچە بۇ ئۆزگەرتىش مەيدانى سىرتقى جەھەتتىن 3 - جۇڭدۇينىڭ كۆرۈنۈشىدىن ئانچە پەرقلەنمىسىمۇ قورغان سېپىلىنىڭ ھەربىر بۇلۇڭلىرىدا بىردىن قاراۋۇلخانا بولۇپ، قوراللىقلار ئۇنداق كۆپ ئەمەس ئىدى. ھېكمەت بىلەن كەلگەن ساقچىنىڭ كۆرسىتىپ قويۇشى ئارقىلىق ئالاقىلىشىش ئورنىغا كىرىپ رەسمىيەت بېجىردى، ئاندىن مەيداننىڭ ئۇدۇلىدىكى كۆرۈشتۈرۈش ئۆيىنىڭ ئالدىدا ساقلىدى. ئارىدىن يېرىم سائەت ئۆتەر - ئۆتمەي نەبى بىر ساقچىنىڭ ھەمراھلىقىدا قارا

دەرۋازىدىن چىقىپ كەلدى. ئۇ ئۆزىگە كۈلۈمسىرەپ قاراپ تۇر-
غان ھېكمەتنى كۆرۈش بىلەن «ئاكا» دېگىنىچە ئېتىلىپ كەل-
دى. ھەر ئىككىلىسى قۇچاقلىشىپ بىر پەس تۇرۇپ قېلىشتى.
نەبىنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىنىڭ تىترەۋاتقانلىقىدىن ئۇنىڭ ئۈنسىز
ياش تۆكۈۋاتقانلىقى ئېنىق ئىدى.

— مۇئەللىم، قانداق ئەھۋاللىرى؟ — ھېكمەت چۆچۈپ
بېشىنى كۆتۈردى. ئۇنىڭ ئالدىدا نەبىنى يالاپ ئېلىپ چىققان
ساقچى تۇراتتى، — قانداق مېنى تونۇمىدىلىما؟

— سەيدۇللا! — ھېكمەت ۋارقىرىۋەتتى. ئۇ سەيدۇللانى
قۇچاقلىماقچىدى. ئەمما، سەيدۇللانىڭ ئىشارىتىدىن ئۆزىنى تۇ-
تۇۋالدى. چۈنكى، دەرۋازا ۋە قورغان ئۈستىدىكى ساقچىلار
كۆرۈپ قالسا بولمايتتى. قائىدە - تۈزۈم بويىچە ساقچىلارنىڭ
مەھبۇسلار ئائىلە تاۋابىئاتى بىلەن يېقىنچىلىق قىلىشىغا يول
قويۇلمايتتى.

— مۇئەللىم، ئۆزلىرىنى بىرەر كۈنمۇ
ئۇنتۇغىنىم يوق، — دېدى سەيدۇللا ئوقۇتقۇچىسىغا
مېھىر بىلەن قاراپ، — بۇ يەردە كۆرۈشۈپ قالارمەن دەپ
ئويلىماپتىمەن ... ھە، نەبى نېمىلىرى بولىدۇ؟

— گۈلزىبانىڭ ئۇكىسى ئەمەسمۇ.

— مۇنداق دېسىلە.

— ئابدۇللا بىلەن ئىككىڭلار مەكتىنىڭ جېفاڭجۇن دېھقان-
چىلىق مەيدانىدا ئەمەسمىدىڭلار؟

— ئانام ياشىنىپ قالغاچقا يۆتكىلىپ كەلگەن، — سەي-
دۇللا قارا دەرۋازا تەرەپكە قاراپ قويدى، — قېنى، سىلەر
پاراڭلىشىڭلار، مەن مەشەدە بار.

65 - يىلى ئابدۇللا بىلەن سەيدۇللانى ھەربىي سەپكە
سىراجنى شۇپۇرلۇققا تونۇشتۇرۇپ بەرگەن ھېكمەت، ئەر بولۇپ
يېتىلگەن ئوقۇغۇچىسىنى كۆرۈپ كۆڭلى بۆلەكچىلا شادلىققا

چۆمدى. ئۇ نەبىنىڭ باشلىشى بىلەن كۆرۈشتۈرۈش ئۆيىگە كىر-
دى ۋە باشقىدىنلا قۇچاقلاشتى. ھېكمەت سومكىدىكى نان، قۇ-
رۇق يەل - يېمىش دېگەندەك يېمەكلىكلەرنى ئۈستەلگە تۆكتى.
ئاندىن خېلى ئۇزۇنغىچە ئەھۋاللاشتى. نەبى نېمە ئۈچۈندۇر
كۆزىنى قاچۇرۇپلا تۇراتتى. ۋە قانداقتۇر خىجىللىق ئىلكىدە
تىكىلىپ قارىيالمايتتى. ئۇ ئەسلىدە «ئېتىلىپ كېتىمەن» دەپ
ئىشەنچىسىنى يوقاتقانىدى. لېكىن، ئالىمجان بىلەن بىرنەچچە
قېتىم سۆھبەتلىشىش جەريانىدا، ھەممە ئىش ئۇنىڭغا ئايان
بولدى. ھېكمەت كۆپ يوللارنى مېڭىپ، ئۇنىڭغا چىقىش يولى
ئېچىپ بەردى. مانا ھازىرغىچە ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرۇپتۇ.
بىراق، نەبى ھېكمەتكە يۈز كېلەلمەيدىغان ئىشنى قىلىپ قويغى-
نىغا ۋىجدان ئازابى تارتىۋاتاتتى. ماھىگۈلنىڭ ھاقارەتلىك خېتى
ئۇنىڭ يۈرىكىنى غاجاپ بىرەر كۈنمۇ ئاراملىق بەرمىدى. ئۇ نېمە
پوق يەپ ھاراق ئىچكەن بولغىيتتى، قانداق شەيتان ئازدۇرۇپ
مەھبۇبەنىڭ ئۆيىگە كىرگۈزدى؟ ھېكمەت ئاكىسىنى يامانلاپ،
ماھىگۈلگە ئەۋەتكەن ئاشۇ لەنىتى خەتنى قانداق نەس باسقان
كۈنى يازغاندۇ؟ مانا، ھېكمەت ھازىر مەھبۇبە ۋە قىزىدىن
ئايرىلىپ يەنە يالغۇزلۇق ئازابىدا قالدى.
نەبى سۇ ئىدارىسىدا تۇرۇۋاتقان كۈنلەردە، بىر مۇنچە قو-
راللىقلار بىلەن ھاراق سورۇنىدا بىللە بولۇپ قالدى. ھەممەيلەن-
نىڭ كەيپى كۆتۈرۈلگەنسېرى ئىدىرىس ئىسىملىك بىرى لوپتا
جىن - شەيتانلارنى ئازاد قىلىشتا مەھبۇبە ئىسىملىك بىر قىزغا
كۆيۈپ قالغانلىقى، لېكىن ئۇ ھېكمەت دېگەن بىر غۇلجىلىق
بىلەن ئېغىز - بۇرۇن يالىشىپ، كېچىلىرى ئۆستەڭ بويى،
قاراڭغۇ كوچىلاردا تاڭ ئاتقۇچە ياتاقتا كىرمەي بۇزۇقچىلىق
قىلغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى.
— غۇلجىلىق ھېكمەت دەمسەن؟ مەن ئۇنى بى -
لىمەن، — دېدى بىر قورالliق، — مەن سوتتا ئىشلىگەن

ۋاقىتلىرىمدا گۈلزىبا ئىسىملىك بىر خانىم كېرىموف ئۈستىدىن ئەرز قىلىپ كەلدى. ئەسلى مۇنداق ئىشكەن ـ دە شۇ چاغدا ئاشۇ مەھبۇبە دېگەن قىزمۇ گۈلزىبانىڭ ئۈستىدىن گۇۋاھلىق ئىسپات بەرگەن ... شۇ چاغدا گۈلزىبا خانىم قان قوسۇۋەتتى، ھەتتا مەھبۇبە، گۈلرۇز دېگەن دوستى بىلەن سوتىمىزغا ئىككىنچى قېتىم كېلىپ توي خېتى ھەققىدە قايتا گۇۋاھلىقتىن ئۆتتى. ئۇ ھېكمەت دېگىننىڭ راسا ئۇچىغا چىققان ئالا قانات بىر نېمە ئوخشىمامدۇ؟ گۈلزىبانى ئەخمەق قىلىپ قويۇپ، مەھبۇبەنىڭ پەيزىنى سۈرۈدىغان! ...

نەبى شۇ كېچىسىلا مەھبۇبەنىڭ ئۆيىگە بېسىپ كىردى. ھەددى ـ ھېسابسىز ئازابلارنىڭ قۇربانى بولغان ئاچىسى گۈلزىبانىڭ دەردى ـ پىراقى كۆڭلىدىن كۆتۈرۈلمىگەن نەبى ئەتىسى ئۆيدە يەنە هاراق ئىچتى. ئۇ ئېغىر مەستلىكتە ئاچىسىنىڭ كارىۋىتىدا دۈم يېتىپ ھۆركىرەپ يىغلىدى. مەھبۇبەنىڭ ئاچىسىغا قىلغان سۈيىقەستلىرى، گۈلرۇز بىلەن ئەزىمەت توغرۇلۇق دېيىشكەنلىرى، ھېكمەتنىڭ لوپتىكى «بۇزۇقچىلىق» لىرى، ئۆزىنىڭ تارتقان سورۇقچىلىقلىرى كۆز ئالدىدىن تىزلىپ ئۆتكىنىدە، چاچراپ تۇرۇپ كەتتى ـ دە، قېرىنداشنى قولىغا ئالدى ۋە «دىۋانىلەر»، «كېسەل كۆرپىلىرى» دېگەن ھاقارەتنىڭ تۈرتكىسى، ۋەسۋەسىگە سېلىشى ئارقىسىدا ماھىگۈلگە خەت يازدى. غەزەپ ئاچچىقىدا قەغەز يۈزىگە چۇشۇۋاتقان ئىرماچ-چىرماچ، ئەگرى ـ بۈگرى خەتلەر ئۇنىڭ مەست ـ ئەلەس كۆزلىرىگە خۇددى چۇۋۇلۇپ كەتكەن پايپاقنىڭ يىپلىرىدەك كۆرۈندى.

ــــ ھېكمەتكا، بەلكىم سىز مېنىڭ ماھىگۈلنىڭ خېتى، مەھبۇبەنىڭ ھەيدىلىش جەريانلىرىنى نەدىن بىلگەندۇ، دەپ ئويلاپ قالغانسىز، ــــ نەبى بېشىنى كۆتۈرۈپ چوڭقۇر تىندى، ــــ بۇ بىر ئاي ئىچىدە مەھبۇبە ئاچام ئىككى

قېتىم كەلدى ...

— نېمە، مەھبۇبە ئىككى قېتىم كەلدى؟! ...

— شۇنداق، بىرىنچى قېتىمدا مېنى يوقلاپ كەپتىكەن نۇرغۇن يېمەكلىك، ئىچ كىيىم، قاچا - قۇچىلارنى ئەكەپتۇ. قارىسام چىرايى تولىمۇ ئوسال، — نەبى تەڭلىك ئىسكەنجىسىدە قىينىلىۋاتقاندەك قىلاتتى، — ئەسلىدە مەستلىكتە ئۇنى تىللاپ ھاقارەتلىگەن مەن ئىدىم. لېكىن ئۇ: «قوپال گەپلەر بىلەن دىلىڭىزنى رەنجىتتىم» دەپ مەندىن كەچۈرۈم سورىدى. مەن ئۇنىڭ: «ماھىگۈلنىڭمۇ كۆڭلىنى ئاغرىتتىم، مېنى ھەر نېمىلەرگە ئوخشىتىپ تىللىغىنى خاتا ئەمەس» دېگەن سۆزلىرىدىن ماھىگۈلدىن خەت كەلگەنلىكىنى، ئۇنىڭدا قانداقتۇر بىر شۇملۇقلارنىڭ يېزىلغانلىقىنى ھېس قىلدىم - دە: «خەتنى ماڭا ئەكېلىپ بەرمىسىڭىز سىزنى كەچۈرمەيمەن ...» دەپ جاھىللىق قىلدىم، — نەبى ئوتقاچتەك قىزارغان كۆزلىرىنى ھېكمەتكە تىكتى، — مەھبۇبە ئاچام كېتىپ ئارىدىن ھەپتە ئۆتمەيلا ئىككىنچى قېتىم يەنە كەلدى ...

— نەبى، ماھىگۈلدىن رەنجىسەك بولمايدۇ، ئۇنىڭمۇ دەردى ئۆزىگە يېتىپ ئاشقۇدەك بار، — دېدى ھېكمەت ئۆزىنى تۇتۇۋالغان ھالدا، — ئۆيدىن ئايرىلمىغان بىر قىزنىڭ ياقا يۇرۇتلاردا مۇساپىر بولۇپ يۇرمىكى ئاسانمۇ؟ شۇنداق چاغلاردا ئانىسىنىڭ ئۆلۈمى، ئەزىمەتنىڭ يوقىلىپ كېتىشى، ئۇنىڭغا قوشلاپ دەرد كەلتۈردى، ئۇزۇن ۋاقىت كېسەل ئازابىنى تارتتى ...

— ئانامنىڭ ئۆلۈشى، ئەزىمەتنىڭ يىتىپ كېتىشى مېنى ئازابقا سالمىدىما؟، — نەبى بىردىنلا ھۆرپەيدى، — توغرا، مەن ئۆسەك سۆزلەرگە ئىشىنىپ مەھبۇبە ئاچامنى يامانلاپ يازغىنىم راست ... لېكىن ئۇ تۇزكور خېتىدە قانچىلىك شالتاقلارنى چاچرىتىپتۇ ... ئۇرۇمچىدە تۆت يىل تۇرۇپلا شۇنچە زۇۋاندار

بولۇپ كېتىپتىما؟! خەپ، ئەگەر ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىش نېسىپ بولسا ...

— نەبى ئۇكام قاننى - قان بىلەن يۇغلى بولمايدۇ، — ھېكمەت گەرچە شۇنداق دەۋاتقان بولسىمۇ، ماھىگۇلنىڭ تىغدەك تىللىرى يۈرىكىگە سانجىلىپ تۇراتتى، — ئۇمۇ سېنىڭ خېتىڭنى كۆرگەندىن كېيىن يازدى - دە ...

— سىزگە دېدىمغۇ ھېكمەت ئاكا، — نەبىنىڭ كۆزلىرى چەكچەيدى، — مەن پەقەت مەھبۇبەنىڭ لوپتىكى، سوتتىكى ئىشلىرىنى، گۇلرۇز بىلەن بىرلىشىپ قىلغان سۇيىقەستلىرىنى يازغاندىم. لېكىن، ئۇ سىزنى ...

— كېرەك يوق، ئۇمۇ ئاچچىقىدا ئۆزىنى تۇتالمىغاندۇ ...

— مەن مەھبۇبە ئاچامنىڭ خېتىنى ئوقۇغاندىن كېيىنلا كۆزۈم يورۇپ، ھەممە ئىشنىڭ تېگىگە يەتكەندەك بولدۇم.

— نېمە، مەھبۇبە ساڭا خەت يازاغانمىدى؟

— ئۇ قايتىدىغان چېغىدا بىر خەتنى قولۇمغا تۇتقۇزۇپ، يىغلىغانچە كېتىپ قالدى ...

— قېنى ئۇ خەت؟

— ياتاقتا قاپتۇ، كېيىن كەلگىنىڭىزدە بېرەي ...

ھېكمەت بۇنىڭدىن كېيىن كېلىش - كېلەلمەسلىكىگە ئۆزىمۇ ئىشىنەلمەيتتى. شۇڭا، ئۇ مەكتەپ ئېلىپ بېرىلىۋاتقان كۈرەش قىلىش، پىپەن قىلىش، ئۆزگەرتىش ھەرىكىتىنىڭ قاچان ئاياغلىشىدىغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ تەقدىر - ئىقبالىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلمەيدىغانلىقىنى پۇرىتىپ ئۆتتى. ئىشىنىڭ تەكتىگە يەتكەن نەبىنىڭ بىردىنلا پۈتۈن قېنى يۈزىگە ئۇرۇلۇپ، غەزەپتىن چىشلىرى غۇچۇرلاپ، زاڭاق گۆشلىرى لىپىلداپ كەتتى.

— ھەممىمىزنى ئۆزئارا ئۇرۇشقا سالدى، — دېدى نەبى نەگىدۇر تىكىلىپ، — ئەمدى «نېمشقا ئۇرۇش-

تۇڭ؟» دەپ ئـۆزلـىرى ئـۇرسا ... زادى بـۇ گۈيلارنىڭ نېمە مـەقسىتـى باركىنتاڭ ...

كەچ كىردى قۇياش ئۆزگەرتىش مەيدانىنى قورشاپ تۇرغان چەكسىز ئېتىزلىقلارغا يەردىن تۆتلىك كۆتۈرۈلگەن بۇغداي مايسىلىرىغا، ئاق يەر قوناقلىرىغا قىيپاش نۇرلىرىنى چېچىپ «يېڭى هايات»[1] كەنتىگە ئولتۇرۇپ كېتىۋاتاتتى.

— هېكمەت ئاكا، سەيدۇللا ئوقۇغۇچىمىز بولغاچقا بىزنى ئازادە سۆزلىشىشكە قويدى، — دېدى نەبى كۈلۈپ، — بولمىسا بەزى ساقچىلار يېرىم سائەت بولماي تۇرۇپ ئادەمنى ئالدىرىتىدۇ.

ئۇلار ئۆيدىن چىقىشتى، سەيدۇللامۇ يېتىپ كەلدى. ئۇ نەبىنى قورغان ئىچىگە ئەكىرىپ قويۇپ، هېكمەتنى «يېڭى هايات» كەنتىدىكى بىر تونۇش دېهقاننىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ قويدى. ئۇ قايتىدىغان چېغىدا «ئەته ئەتىگەن سائەت سەككىزدە مەيدان ئالدىغا ئۇلگۇرۇپ كەلسىلە، نەبى بىلەن كۆرۈشۈشكە پۇرسەت يارىتىپ بېرىمەن» دەپ قويۇپ كېتىپ قالدى.

هېكمەت ئەتىسى دېگەن ۋاقىتتا مەيدان ئالدىغا ئۇلگۇرۇپ كەلدى. سائەت سەككىز بولۇشى بىلەن قارا دەرۋازا ئېچىلىپ، ئون ـ ئون بەشتىن تىزىلغان مەهبۇسلار كەتمەن ـ كۈرەكلىرىنى كۆتۈرۈپ ئىشقا مېڭىشتى. هەر بىر ئەترەتنىڭ ئىككى يېنىدا تۆت ـ بەشتىن قورallıq ساقچى بار ئىدى. هېكمەت بىردىنلا مەهبۇسلار ئارىسىدا قايتىنى كۆرۈپ قالدى، ئۇ كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ تا ئۇزاپ كەتكۈچە ئارقىسىغا قاراپ ماڭدى. ئارىدىن كۆپ ئۆتمەي بىر قاتار تىزىلغان مەهبۇسلار ئىچىدە نەبى كۆرۈن-

[1] «يېڭى هايات» ـ ئۆزگەرتىش مەيدانىدىن جازا مۇددىتى توشۇپ قويۇپ بېرىلگەن بەزى جازاسى يېنىكلەر يۇرتىغا قايتماي ماكانلاشقان كەنت.



ـدى، سەيدۇللا قورالـلىق ساقچىلارنىڭ بىرىگە نىمىدۇر دېگەنـ-
ـدى، ئۇمۇ بېشىنى لىڭشىتتى.

چىرايىدىن بىر خىل مىسكىنلىك كەتمىگەن نەبى كەتمىنـ-
ـنى كۆتۈرۈپ ھېكمەتنىڭ قېشىغا كەلدى. نەيزىلىك مىلتىق
تۇتقان سەيدۇللا يىگىرمە قەدەم ئارىلىقتا تەتۈر قاراپ تۇراتتى.

— نەبى، مەن قايىتكامنى كۆردۈم، — دېدى ھېكمەت
ھەيرانلىق ئىلكىدە، — قانداق، ئۇنىڭ بىلەن ياخشى ئۆتۈۋاتـ-
قانسەن؟

— ياق، ئۇ مېنى تونۇمىدى، مەنمۇ تونۇشلۇق بىرىشنى
خالىمىدىم، — نەبى خۇشياقمىغاندەكلا جاۋاب بەردى، — بۇ
يەردە يېڭى كەلگەنلەرنى كونىلار بوزەك قىلىدىغان ئىش بار
ئىكەن. بۇ دەيۇز دەسلەپتە مېنى ئانى تېپىپ، مەيداندىن بەرگەن
كۆڭلەك، ئىچ كىيىم، تاماق قاچىلىرىمنى تارتىۋېلىشتىن
سىرت كانىيىمنى بوغۇپ «بۇنىڭدىن كېيىن كەچتە تاماق ئەتسەڭ
بىر كىشىلىك بىرىسەن، بولمىسا ئانا ـ ماناڭنى كۆزۈڭگە كۆر-
ستىمەن» دەپ بىر كاچات سالدى. گەپ قىلمىدىم. كېيىن بىر
كەچتە ئوماچ چېلىۋاتسام «نېمىشقا ئۆزۈڭگە تۇشلۇق ئەتتىڭ»
دەپ كورامنى تېپىپ ئۆرۈۋەتتى.

— قول ياندۇرمىغانسەن، — سورىدى ھېكمەت.

— ياق ئۇرۇشقا قولۇم بارمىدى، لېكىن ئۇنى بىر كۈنى
خالىي جايغا چاقىرىپ ئەكېلىپ كانايدىن، ئىشتان بەلۋېغىدىن
تۇتۇپ باش ئۈستىگە ئالدىم ـ دە يۇندا كۆلچىكىگە تاشلىۋەتتىم
ۋە: «بىلىپ قوي، مەن ئىككى ئادەم ئۆلتۈرگەن قاتىل، ئەمدى
ئۈچ بولۇپ قېلىشنى خالىمايمەن» دېدىم. شۇنىڭدىن بېرى ئۇ
ماڭا چېقىلالمىدى.

— قارا سېنىڭ قىلغان ئىشىڭنى، — ھېكمەت سەل خاپا
بولدى، — تونۇشلۇق بەرگەن بولساڭ ئۇ ئەسكىلىكمۇ قىلماس
ئىدى.

— ۋاي ھېكمەتكا، ساددىكەنسىز، ئۇنىڭ بۇ يەردىكى ئىسمى «ھۆرۈن ئېشەك». تونۇشلۇق بەرسەملا پۇتۇن جاخۇ - جاۋەننى ئارتىۋالىدۇ. بىر كىمنىڭ يۇكىنى بىر كىم كۆتۈرىدىغان يەر ئەمەس بۇ، ھەممىمىز تەڭ ئۆزگىرىدىغان گەپ ...

سەيدۇللانىڭ قاراپ - قاراپ قويۇشىدىن ئەندىككەن ھېكمەت دەيدىغان گەپلىرىنى تېز - تېز دېيىشكە باشلىدى، ئەلۋەتتە، نەبى ياخشى ئىشلەپ، باشقىلارغا ئۈلگە بولارلىق ئۆزگەرسىلا ئۇنىڭ جازا مۇددىتى يېنىكلەيتتى. ھېكمەت پۇرسەت بولسىلا، نەبى تۈرمىدىن چىققۇچە ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرىدىغانلىقىنى ئېيتقىنىدا نەبىنىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلدى. ھېكمەت خوشلىشىدىغان چاغدا ئەللىك سوم تەڭلىۋىدى، ئۇ زادىلا ئالغىلى ئۇنىمىدى.

— بولدى ھېكمەتكا، ئۆتكەندە ئالمىجاندىن كىرگۈزگەن پۇلىڭىزنى ئاياپ خەجلەۋاتىمەن ... — نەبى مەيدە يانچۇقىنى سىلاپ قويدى، — ھازىرمۇ بار ...

— ئال، ئارتۇقلۇق قىلمايدۇ، — ھېكمەتنىڭ كۆزلىرى چەكچەيدى، — ئاڭلىسام بۇ يەرگە دېھقانلار ئاشلىق، قورۇق يەل - يېمىش، نان دېگەندەك نەرسىلەرنى ئېلىپ كېلىدىكەن، قوشۇمچە قىلمىساڭ قورسىقىڭ قانداق تويىدۇ؟

— تۈرمىدە چاغدا خەجلىگىلى بولمايتتى، ئۆزگەرتىش مەيدانىدا بولسا ئۇنى - بۇنى ئالغىلى بولىدىكەن ...

— مەكتەپتىكى ئۆگىنىش تۈزۈمى چىقىپ كەتتى - مىسىلا، — ھېكمەت ئەللىك سومنى نەبىنىڭ يانچۇقىغا سېلىپ قويدى، — مەن سېنى پات - پات يوقلاپ تۇرىمەن. ھە راست، سەن مەھبۇبەنىڭ ئۆيىگە كۆتۈرۈپ كىرگەن تاختاينى نەدىن ئالدىڭ؟

ھېكمەت چايخانا مەكتەپتە تەقىپ ئاستىدا قالغان چاغلار ئىدى. ماھىگۇل ئۇرۇمچىگە مېڭىشتىن بىر كۈن ئىلگىرى ئۇ-

كىسى نەبى بىلەن ئەزىمەتنى كۆتۈرۈپ دەريا بويىغا چۈشتى. خەت ۋە سانلار ئويۇلغان دەرەخنىڭ خاسىيەتلىك شاھىت ئىكەنلىكىنى ئاچىسىدىن ئاڭلىغان نەبى، ئەزىمەت يېتىپ كەتكەنگە قەدەر پات ـ پاتلا دەريا بويىغا بېرىپ ئۇنى يوقلايتتى. كېيىن ئۇ سۇ ئىدارىسىدا ئىنقىلاب قىلىۋاتقان مەزگىللەردە ئىسيانچىلار ئاشخانا، ياتاقلارغا قالاش ئۈچۈن ئەتراپتىكى دەل ـ دەرەخ، ھەتتا ئاھالىلەرنىڭ مېۋىلىك كۆچەتلىرىنى كېسىپ باغلىرىنى قاقىراملىقتا ئايلاندۇرۇۋەتتى. بىر كۈنى نەبى ئاشخانا ئالدىغا تاشلاپ قويغان بىرنەچچە تۈپ دەرەخنىڭ ئىچىدە ئۆزىگە تونۇش دەرەخنى كۆرۈپ ئىچى سىيرىلىپ كەتتى. ئۇ شۇ چاغدا كېرەكلىك يەرنى ھەرىدەپ كېسىپ ئېلىۋالغانىدى.

— ھېكمەت ئاكا، ئۇ تاختاي گۈلزىبا ئاچامنىڭ قولى تەگكەن تەۋەررۈك ئىكەنلىكىنى بىلىپ، مېھمانخانىنىڭ تورۇس لىمىنىڭ ئۈستىگە يوشۇرۇپ قويدۇم، سىز ئېلىپ كېتىڭ، — دېدى نەبى ھېكمەتنىڭ قولىنى تۇتۇپ، — بۇ ئىمام دادام ھەم بىزنىڭ ئۆينىڭ ئاچقۇچلىرى ...

نەبى چاپىنىنىڭ پېشىنى سۆكۈپ بىر تۇتام ئاچقۇچنى ئالدى ـ دە، ھېكمەتنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى ۋە ئىككىسى مەھكەم قۇچاقلاشتى. سەيدۇللا ئوقۇتقۇچىسىنى كۆتەلمىگەنلىكىدىن ئۆزۈر سورىدى ۋە كېچىدىن ھېكمەت ئۆيىدە قونغان دېھقان ئۇنى ئېشەك ھارۋىسىدا ناھىيە بازىرىغا ئەكىرىپ قويىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، نەبى بىلەن كېتىپ قالدى ...

ھېكمەت چۈشكە قالماي ناھىيە بازىرىغا كىرىپ بېكەتكە باردى، بۇ قېتىم ئۇنىڭغا قارا ماشىنىنىڭ خېلى ئالدىدىن ئورۇن تەگدى. ھېكمەت كوزۇپ تاختىيىغا يۆلىنىپ مۈگدەپ قالغاندەك ئولتۇراتتى. لېكىن، ئۇ ئۇخلىمىغانىدى. بىر ـ بىرىگە ئىرمىشىپ ـ چىرمىشىپ كەتكەن خىيال تورلىرى ئىچىدە قايىت، نەبى ماھىگۈل، ئايالى مەھبۇبە، ئوقۇغۇچىلىرى ئابدۇللا، سىراجى، سەيدۇللا خىرە ـ شىرە كۆرۈنۈپ يەنە غايىب بولاتتى. تەقدىر قىسمەتنىڭ ئويۇنلىرى نېمىدېگەن كۆپ ھەم غەلىتە! ئۇ

خالىسا ئادەملەرنى ئالىقاندىكى ياڭاقتەك ئوينىتىدىكەن، خالىمىسا چىنىدەك يەرگە ئۇرۇپ چاقىدىكەن. ئىختىيار ئىنساننىڭ قولىدا بولمىغانىكەن، ئۇنىڭغا ھەممىگە كۆنۈك كالا بولماقتىن باشقا نېمە چارە؟! ئەينى يىللاردا قايىت قەرز ئىگىلىرىدىن قورقۇپ «مېنى بىرنەچچە كۈن سولاپ قويساڭ» دەپ جامال توختىغا يىلىنغانىدى، تىلىكى ئىجابەت بولۇپ كۆزلىگەن رىجىسىغا يەتتى. ئۇ ھېلىمۇ باشقىلارنى بۇلاپ - تالاپ، قاقشىتىپ يۈرۈپتۇ، شۇنىڭغا قارىغاندا تەڭرى يامانلارغا يېقىن، ياخشىلارغا يىراق ئوخشايدۇ. نەبىنىڭ ھېكمەتنى، ئۆزىنى قوغداش يۈزىسىدىن گۇلرۇزنى ئاتقىنى راست. بوستاندىن قاچقاندا، يول ئۈستىدە توغرا تۇرۇپ ئۇنى يارىلاندۇرغان ھېلىقى قوراللىقا ئوق ئۈزگىنىمۇ راست، ئەگەر نەبى ئاتمىسا ئۇلار نەبىنى بەرىبىر ئۆلتۈرىدىغۇ، بۇ بىر يوللۇق قوغدىنىش ئىدى. لېكىن، تاياق-- توقماق، كەكە، لوم تۆمۈرلەردە ئۇرۇپ، سوراقخانىلاردا ھەرخىل ئۇسۇلدا قىيناپ تىرىك كۆمۈپ جانغا زامىن بولغان، ئەلەم كۈرىشىدە قورال تۇتۇپ نەچچە ئونلاپ ئادەم ئۆلتۈرگەنلەرمۇ، ئۆردەككە سۇ يۇقمىغاندەك يۈرۈشمەمدۇ! لېكىن پايپاقنىڭ بىر يىپىنى سۇغارسا ئۇن يىپى چۇۋۇلۇپ چىققاندەك، مەھبۇبەنىڭ بىر ئېغىز سۆزىدىن نەبىگە ھەممە توقۇناق بالا ئارتىلدى. نەبى ئەقىل - ئىدراكلىق بالا، ئۇ كىچىك بولسىمۇ بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنىڭ تېگىگە يېتەلمىگۈدەك يەردە ئەمەس. گۇلزىبا بىلەن ھېكمەتنىڭ مۇرادىغا يېتەلمەسلىكى، ئەزىمەتنىڭ سېتىلىشى، ئۆزىنىڭ قىلىنىپ - سوقۇلۇپ ئۆتكەن باللىق، جاپا - مۇشەققەت سەندەللىرى ئاستىدا ئېزىلىپ ئالەمدىن ئۆتكەن ئانىسى ... قاتارلىق يۈرەكنى خۇن قىلىدىغان نۇرغۇن - نۇرغۇن ئىشلار قارا يۈرەك قايىتنىڭ رەزىللىكىدىن ئاپىرىدە بولدى. نەبى دادىسىنىڭ يۈكى ئارتىلىپ قېلىشىدىن قورقىدىغان بالا ئەمەس. پەقەت پۈتۈن تېنىگە ئوغىدەك ئۇيۇپ كەتكەن نەپرەت، ئۆچمەنلىك، قايىتقا يېقىنلىششقا، ھەتتا تونۇشلۇق بېرىشكىمۇ ئىجازەت بەرمىدى ...

ھېكمەت ئوقۇغۇچىسى سەيدۇللانى كۆرۈپ كۆڭلى تەسكىن تاپقاندەك بولدى، چۈنكى ئوقۇتقۇچىسىنىڭ يۈزىنى قىلىپ بولسىمۇ، نەبىگە قانات يېيىشى ئېنىق ئىدى. ئوقۇتقۇچىنىڭ ئەجىر - ھىممىتى ئۇلۇغ ھەم ساۋابلىقتۇر. ئانا «بالا تۇغدۇم» دەپ ئون سەككىز مىڭ ئالەم شادلىقىغا چۆمىدۇ. بىراق، ئۇنىڭ تەۋەللۇت قىلغىنى بالىمۇ ياكى بالامۇ؟ بۇنى يارانقان ئىگىسى بىلىدۇ. لېكىن، ئوقۇتقۇچى ئۇنى قايتىدىن دۇنياغا «ئادەم» قىلىپ تۇغىدۇ، شۇڭا ئۇستاز مېھنىتى دۇنيادىكى بارلىق كەشىپ ۋە تۆھپىلەرنىڭ ئانىسىدۇر! كائىناتقا ھاياتلىق بەخش ئەتكۈچى سۇ ۋە ھاۋادۇر! دەرۋەقە، ئۇستازنىڭ ئەجرىدىن نۇر ئەمگەن شاگىرت ئىبلىسنى ئۆزىگە دوست تۇتمىسا، كۆڭۈل قارىلىقتىن نېرى بولۇر، ئاللا ئۆز پەزلى كەرىمى بىلەن دىيانەت ۋە پەزىلەتنى ئۇنىڭغا مەڭگۈ يار قىلغۇچىدۇر. قاراڭ، نەبى تىلەمچىلىك كوچىلىرىدا يىلىڭ - يۇپۇڭ، ئاچ - زار يۈرگىنىدە سىراجى ئۇنىڭ بېشىنى سىلىدى، ھېكمەت قولىنى سۇندى. ھېكمەت ئابدۇللاغا ئىككى ئېغىز نەسىھەت قىلىۋىدى ئۇ قارا چاپلانغان ئامىنەنى ئاقلاپ مەيداندا يۈز - ئابرۇيىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. بۇ توغرۇلۇق خەۋەرنى ئاڭلىغىنىدا ھېكمەت ئوقۇغۇچىسىدىن قانچىلىك رازىمەند بولدى - ھە! كۆڭۈل دېگەن شۇنچىلىكلا نەرسىكەنغۇ، چىۋىننىڭ قانىتىدەك ھېممەتتىن تاغدەك شادلىققا چۆمۈدىكەنمىز، قارىمۇقنىڭ قاسىرىقىدەك كۆڭۈل ئاغرىقىدىن ئازاب دېڭىزىغا غەرق بولىدىكەنمىز، شۇڭا كونىلار كۆڭۈل شېشىسىدەك نازۇك نەرسە يوق دەپ بىكار ئېيتمىغانىكەن. شۇنچە چوڭ ئىشنى تېرىپ قويغان مەھبۇبەنىڭ نەبىنى يوقلاپ ئىككى قېتىم بارغانلىقىنى ئاڭلىغان ھېكمەتنىڭ كۆڭلى ۋىللىدە يورۇپ قالمىدىمۇ ... راست ئۇ نەبىنى قايىل قىلغۇدەك قانداق خەت يازغاندۇ؟ ...

ھېكمەت خىياللارنىڭ باشلىنىشى بىلەن نە - نەلەرنى كېزىپ، شەھەرگە كىرىپ قالغانلىقىنى تۇيمايلا قالدى. قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتكەنىدى. ئەسلىدە بۈگۈن ئەتىگەن مەكتەپكە يېتىپ

بىرىشى كىرەك ئىدى، ئەمما بىر كۈن كىچىكتى، نىزاخۇن جۈرىن نېمىلەرنى دەپ كېتەر؟ نېمە دېسە دېمەمدۇ، باشقىلارنى قۇرۇق غاجاشتىن نەبىنى يوقلاپ كەلگىنى چوڭ ئىش بولدى. ھېكمەت بىكەت ئالدىدا بىردەم تېڭىرقاپ تۇرغاندىن كېيىن نەبىنىڭ ئۆيىگە يول ئالدى. چۈنكى، ئۇنى ئالىقاندەك تاختاي تەقەززار قىلىپ تۇراتتى.

ھېكمەت ئاۋغان كوچىسىدىكى قوشقاناتلىق دەرۋازا ئالدىغا كەلگەندە بىردىنلا يۈرىكى سىلىپ كەتتى. گويا گۈلزىبا ھويلىدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ بوينىغا ئېسىلىدىغاندەك، ناز ھەم ئىستىغنا بىلەن «ھارماڭ» دەۋاتقاندەك بىلىندى. ئۇ دەرۋازىنى ئېچىپ كىرگەندە بۇ تۇيغۇ قىيامىغا يەتتى. ھېكمەت بىر چاغلاردا، بۇمەرەمخان ئانا «كۆزى يامانىنىڭ كۆزىدىن، سۆزى يامانىنىڭ سۆزىدىن» دەپ پىچىرلاپ، گۈلزىبا ئىككىسىنى ئىسرىقدىغان ھويلا ئوتتۇرىسىغا قارىدى ۋە كۆز ئالدىغادەمۇ دەم لاپ قىلىپ ئېلىپ قاچقان ئاھۇ كۆزلەر، ئوت بولۇپ يانغان ئايدەك يۈزلەر، چوغدەك قىزارغان ياقۇت لەۋلەر ئايان بولدى. ھە، شۇنداق، ئاقمۇللا ئىمام نىكاھ ئوقۇغاندىن كېيىن، ئۇلار يۈرۈڭقاش بويىغا بېرىپ ھېلىقى دەرەخكە يادنامە پۈتتى، ئانا دەريا سۈلىرىغا قاراپ قەسەم، ئەھدىلىرىنى ياد ئېتىشتى، ئاندىن ھېكمەت گۈلزىبانى دەس كۆتۈرۈپ مانا مۇشۇ ھۇجرىغا ئېلىپ كىرگەنىدى ...

يۈرەككە شادلىق ۋە ھەسرەت داغلىرىنى سالغان ئەسلىمىلەر ئىلكىدە شاپپىدە بوشىشىپ كەتكەن ھېكمەت مەيۇس ھالدا مېھمانخانىغا كىرىپ، ئويۇقتىكى قارا چىراغنى ياندۇردى. گۈلزىبانىڭ ئاتەش تىنىقلىرى سىڭگەن بۇ ئۆي ھېكمەت ئۈچۈن ھېلىھەم شۇنچە قەدىرلىك ئىدى. ئۇ ئۆينىڭ ھەممە بۇلۇڭلىرىغا تەلمۈرۈپ قارىدى، ئەمما بىرۋلارنىڭ سەرۋى سىيماسى كۆرۈنمىدى.

ھېكمەت تورۇستىن ئالىقاندەك تاختاينى، ياق، گۈلزىبانىڭ يۈرىكىنى تېپىپ باغرىغا باستى. يېنىش - يېنىشلاپ سۆيدى ... ئۇ ھەسرەتلىك ۋاپادارنىڭ ھۇجرىسىغا

كىرگەندە قىرغاقلارنى بۆسۇپ، يامراپ كەلگەن قىيان سۇدەك كۆز ياشلىرىنى تۇتۇپ قالالمىدى. ھاياتىنىڭ ئەڭ سائادەتلىك كۇنلىرىنىڭ گۇۋاھچىسى بولغان كارىۋاتقا كېلىپ ئولتۇردى ۋە بىردىنلا ئاپئاق ئۇقادەك يۇمىلاق مۇرىلەرگە تەر- تىپسىز چېچىلىپ تۇرغان قوندۇزدەك چاچلار، مارجاندەك تۇكۇ- لۇۋاتقان سۇزۇك قەترىلەر، «سىز كەتمەڭ، مەندەك ھىماتسىز ناتىۋانغا ئىچىڭىز ئاغرىسۇن» دېگەن نالىلەر ئاڭلانغاندەك، كۆ- رۇنگەندەك بولدى! …

يۇرىكى قان ـ زەرداپقا تولغان ھېكمەت قولىدىكى تەۋەرۇك تاختاينى قول ياغلىقىغا ئوراپ چىگدى، ئاندىن ھۇجرىغا يەنە بىردەم قاراپ تۇرغاندىن كېيىن ئاستا چىقىپ كەتتى …

# دوقال شەپىسى

بوستان ئوتتۇرا مەكتىپىدىكى كۈرەش قىلىش، پىپەن قى-
لىش، ئۆزگەرتىش ھەرىكىتى باشلىنىپ بىر ئاي بولمايلا، تار-
تىپ چىقىرىلغانلارنىڭ سانى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ يېرىمىنى تەشكىل
قىلدى. ھېكمەت، كامىل، ئەخمەت ھوشۇر، زەينىدىن قاتار-
لىقلار ھەر كۈنى نۆۋەت بىلەن مەيدانغا چۈشۈپ ساۋىلىپ، تۇگى-
مەس ۋارقىراش - جارقىراش، شوئارلار ئاستىدا خام تالاش
قىلىناتتى. زىكرۇللاغوجى، توختى قۇربانلار ئەكسىيەتچى لۇش-
يەن ۋاقتىدىكىدەك «كېڭەيتىۋتىش» خاتالىقى ئۆتكۈزۈپ قوي-
ماسلىق ھەققىدە بىرقانچە قېتىم سۆزلىگەن بولسىمۇ، ئىنقىلاب
«نېمەتلىرىگە» ئېرىشىپ دەندەپ قالغان نىزاخۇن جۈرىن «سى-
نىپىي كۈرەش» نىزاملىرىدىن نەقىل كەلتۈرۈپ ئۇلارنى بايرىقى
روشەن بولماسلىقى، مەيدانى مۇستەھكەم ئەمەسلىكى، سىنىپىي
كۈرەش كۆز قارىشىنىڭ تۆۋەنلىكى ھەققىدە گەپ سېتىپ ئەيىب-
لىدى. ئۇ خۇددى سىنىپىي دۈشمەنلەرنى پاتراق يوقىتىۋېتىپ،
«كوممۇنىزمنى» ئۆزى بىر قوللۇق قۇرۇپ چىقىدىغاندەك ھېلى
ناۋايخانا، ئاشخانىلاردىكى ئىشچىلارغا ۋەز - نەسىھەت ئوقۇسا،
ھېلى سىنىپلارغا ئۆسۈپ كىرىپ ئوقۇغۇچىلارغا سىنىپىي كۈ-
رەشنىڭ مۇرەككەپلىكى ھەققىدە بىر - بىرىگە باغلاشمىغان گەپ-
لەرنى قىلاتتى. ئۇ سەي - كۆكتاتلىرى مول، ئۈچ ۋاق تامىقى
جايىدا، قوتانلىرىدا قوي، ئامبارلىرىدا ئاشلىق، تاغشىر، ماي
زاپاس ساقلانغان بۇنداق مۈلكى خەزىنىنىڭ بارلىق ئۇششاق-
چۈك ئاچقۇچلىرىنى ئىشتان كارىكىگە چىگىشىنىلا ئويلىغاچقا،
باشقا گەپ - سۆزلەر قۇلىقىغا كىرمەيتتى. ھەرقانداق گال-

ۋاڭ، دېدى يوق ئادەممۇ مەنپەئەت توقۇنۇشىغا دۇچ كەل-
گەندە ھېلىگەر، قۇۋ، زوۋاندار بولۇپ كېتىدىكەن. نىزاخۇن
جۇرىن قانات - قۇيرۇقىنى راسلاپ تېخىمۇ ئېگىز ئۇچۇشنى
ئويلايتتى، ئۆزىگە كىملەرنىڭ قىلتاق قويۇۋاتقانلىقىنىمۇ ئوبدان
چۈشىنەتتى. بىر كۈنى گۇڭشېدىن لى گاڭ كەلدى. ئۇ مەكتەپ
ئىنقىلابىي كومىتېت رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ «ئىنقىلاب ۋە-
زىيىتى ۋە تەقەززاسىغا ماسلىشالمىدى» دېيىشى ئارقىلىق ئۇلار-
نى قايتىدىن «يۈيۈنۈش»قا سالدى. نىزاخۇن كۆزلىگەن رىجە-
سىغا يەتتى. زىكرۇللاغوجى، توختى قۇربانلار مەكتەپ ئىنقىلا-
بىي كومىتېت رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىدىن قالدۇرۇلۇپ، ئۇلا-
رنىڭ جۇرىن ۋە مۇئاۋىن جۇرىن ئەمەللىرىنى نىزاخۇن بىلەن
ساتتار قارا قوشۇمچە ئۈستىگە ئالدى. نەچچە ۋاقىتتىن بېرى
مەكتەپنىڭ سەركىسى بولۇشنى ئويلاپ ئالاۋاراق باشلىرى قى-
زىرىپ كەتكەن نىزاخۇننىڭ كۆزلىرى ماي سالغان چايدەك پار-
قىراپ كەتتى. ئەمدىلىكتە مەتنىلى ئىبراھىم، جۇمىراخۇن،
ماخمۇتلار ئۇنىڭ ئىزىدىن ماڭىدىغان قويلارغا ئايلان-
غانىدى.

ئەسلىدە «كۆرەش قىلىش، پىپەن قىلىش، ئۆزگەرتىش»
نىڭ كۆزلىگەن نىشانى، مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىي جەريانىدا
ئەلەم كۆرۈشكە قاتنىشىپ يامان ئىش قىلغان، ئادەم ئۆلتۈر-
گەن، ئۇرۇش، چېقىش، بولاشقا قاتناشقان، ھۆكۈمەتسىزلىك-
تىن پايدىلىنىپ دۆلەت ۋە كوللېكتىپ مۈلكىنى ئوغرىلىغان،
قاقتى - سوقتى قىلغان يامان ئادەملەرنىڭ ئەدىپىنى بېرىش
ئىدى. بىراق، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئاز سانلىقلىرىنى ھېسابقا ئال-
مىغاندا، قالغانلىرى بۇنداق ئىشلاردىن مۇستەسنا بولسىمۇ،
نىزاخۇن جۇرىن خىيانەت، چوڭ يەپ - چوڭ ئىگىلەشنى خاتا
ھالدا چىڭ تۇتۇۋالدى. شۇڭا، ئوقۇتقۇچىلار مەكتەپ ئاش-
خانا، ناۋايخانىلىرىدىن نان، تاماق ئېلىپ كىنىشكىسىگە ياز-

دۇرمىغان، بىسوراق يەل - يېمىشلەرنى يەۋالغان، ئېتىزدىن كۆكتاپ ئېلىپ كەتكەن، دەرسكە كېچىككەن، تەييارلىق قىلمىغان، بالىلارنى ئۇرۇپ قويغان دېگەندەك مەسىلىلەر بىلەن كۆرەشكە تارتىلدى.

تارتىپ چىقىرىلغانلارنىڭ ئىچىدە ھېكمەتنىڭ مەسىلىسى ھەممىدىن ئېغىر ئىدى. ئۇ مەدەنىيەت ئىنقىلابى جەريانىدا گۇڭشې بويىچە مەكتەپلەر، دادۇي، شياۋدۇيلەرنىڭ تەشۋىقات رەسىملىرى ۋە ماۋجۇشىنىڭ چوڭايتىلغان سۈرەتلىرىنى سىزغانىدى؛ ھەتتا ئۇنى گۇڭشې ئاتلاپ ئېلىپ كېتىشەتتى. ماۋجۇشىنىڭ چوڭايتىلغان رەسىملىرىنى ئېسىش ئىنقىلابىي لوشيەندە چىڭ تۇرغانلىقنىڭ ئىپادىسى بولغاچقا، چوڭ ئورگانلاردىن تارتىپ ئەڭ تۆۋەن قاتلاملارغىچە، ھەممىلا يەرگە، ئەدناسى خامان، ئېتىز، يول بويلىرىغا سېمونتتىن قوپۇرۇلغان تاملارغا، گۇڭشې، مەكتەپ، دادۇي، ئىدارە - جەمئىيەت ھويلا تاملىرى، دەرۋازا، ئىشىكلەرگىمۇ ماۋجۇشىنىڭ سۈرىتى ۋە ئۇزۇندىسى چاپلىناتتى. قىش كۈنلىرى رەسىم سىزماق تېخىمۇ تەس ئىدى. رەسىم سىزدۇرغان ئورۇنلار ئوتۇن، قۇرۇق يەل - يېمىش ئېلىپ كېلىپ ھېكمەتكە ئۆزىنىڭ مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرەتتى. بەزىلىرى ھەرخىل ماي بوياق ۋە رەسىم ماتېرىياللىرىنى تاپالمىغانلىقىنى ئېيتىپ يالۋۇراتتى. دېمىسىمۇ ئۇ چاغلاردا ماي بوياق، ئاق سۈرۈپ ئۈستىگە سۇۋۇلىدىغان لاك تېپىلمىغاچقا، ھېكمەت ئۆزىنىڭ ماتېرىياللىرىنى ئىشلىتەتتى. ئۇ تورۇسقا تاقاشقۇدەك رامكىلارغا رەخت تارتىپ، مىقلاپ بولغۇچە قوللىرى قاناپ كېتەتتى. ھېكمەت ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىنىڭ تۆۋەنلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، بوياق ھەققى ئۇچۇنلا ئوتتۇز - ئوتتۇز بەش سوم ئالاتتى، مىق، لاك، بېنزىن، سىزىش ھەققىلىرىنى ھېسابلىمايتتى. لېكىن، نىزاخۇن جۇرىن ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بوياقنى ئېلىنغان پۇل ۋە ئوتۇن، يەل - يېمىش قاتارلىقنىڭ ھەممى-

سىنى خىيانەت ھېسابلاپ، بىرنەچچە يىل سىزىلغان نۇرغۇنلىغان رەسىملەرنىڭ پۈلىنى ئادەم ئەقلى يەتمەيدىغان دەرىجىگە كۆتۈرۈۋەتتى. نىزاخۇن بۇنىڭغا قانائەت قىلماي، پىلىڭ شەندۇيدىكى ئالاقانات قوغلاندى ئوقۇغۇچى غوجى بەردى بىلەن مەمتىلى ئىبىراھىمنى يىراق - يېقىن گۈڭشېلارغا ھېكمەتنىڭ سىزغان رەسىم، يېگەن تاماق، ئالغان پۇللىرىنى ئىنىقلاشقا ئەۋەتتى. سىزىلغان رەسىملەرنىڭ سۈرۈشتە قىلىنىشىدىن يۈرىكى ئەزىلىككە چۈشكەن مەمتىلى ئىبراھىم بارغانلا يېرىدە بىرگە ئوننى قوشۇپ «خىزمەت كۆرسىتىش» يولىغا ماڭدى. ئۇ بىر قېتىملىق كۆرەش يىغىنىدا ئورنىدىن سەكرەپ تۇردى.

— ئىنقىلابىي يولداشلار، — دېدى ئۇ تۇخۇمدەك پۈلتىيىپ چىققان كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ، — بۇ ئەكسىيەتچىنىڭ خوتۇنى مەھبۇبەنىڭ ماختىنىپ سۆزلىگىنىگە قارىغاندا، ھېكمەت ئىلى ھەربىي رايونى، ئىلى قۇرۇلۇش شىركىتى، ئىلى ھاراق زاۋۇتلىرى قاتارلىق ئىدارىلەرگە بەش ئايدەك رەسىم سىزىپ بېرىپ نۇرغۇن پۇل تاپقان، ئۇنىمۇ ياۋاشلىق بىلەن پاش قىلىشى كېرەك ...

پىلىڭ شەندۇي ھېكمەتنىڭ ئىقرارىغا ئىشەنمەي، شۇ ئورۇنلارغا گۈڭشېنىڭ تامغىسى بېسىلغان ئالاقە ئەۋەتتى. ئارىدىن ئون نەچچە كۈن ئۆتكەندە پىلىڭ شەندۇيدىكى تۆمۈر نىياز ھېكمەتنى چەتكە تارتىپ: «مۇئەللىم، ئىلى ھەربىي رايون، قۇرۇلۇش شىركەت، ھاراق زاۋۇتلىرىدىن تېلگرامما كەلدى. ئۇنىڭدا تاماق، ياتاقلىرىنى بىز ئورۇنلاشتۇردۇق، لېكىن ھېكمەت ئىلى ماۋجۇشى تاللانما ئەسەرلىرى ۋە ئىزناكلىرىدىن باشقا ھېچنېمە ئالمىدى. بىز ئۇنىڭ ئامانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ ئەر - خوتۇن ئىككىسىنى ھەربىي ماشىنىدا ئۈرۈمچىگىچە ئۇزىتىپ قويدۇق. مەكتەپ تەشكىلىگە ۋە ھېكمەتكە تەشەككۈرىمىزنى بىلدۈرۈمىز» دەپ يېزىپتۇ، ئەسلىرىدە چىڭ تۇتسىلا، دەپ قويۇپ كېتىپ

قالدى.

ھېكمەت ئىلىدىكى ئاشۇ ئىدارىلەرنىڭ كەڭ قورساق، ئاق كۆڭۈل رەھبەرلىرىگە چىن كۆڭلىدىن رەھمەت ئېيتتى، چۈنكى، ئۇلار خېلى كۆپ ئىشلارنى يوشۇرغانىدى. شۇنداقتىمۇ پىلىڭ شەن دۈيدىكىلەر تاماق، ياتاق، تاللانما ئەسەرلەر، ھەتتا ئۇرۇمچىگىچە ئەكېلىپ قويغان ماشىنا كىراسىنىمۇ ھېسابلاپ ئادەم چۆچۈگۈدەك بىر سان چىقاردى. نىزاخۇن يەيدىغان نەرسە پاش قىلىنسىلا كوچىلاپ چىلىڭ تۇرۇۋالاتتى ۋە بەكمۇ ئىنچىكە ھېسابلايتتى.

— سىلەر ئويلاپ بېقىڭلار، — دېدى نىزاخۇن بىر قېتىملىق كۈرەش يىغىنىدا، — ئۇ كاتتا ئىدارىلەر ئۇنى ئۇنداق - مۇنداق باقامتا؟ ياق! بىر ۋاقلىق تامىقىدا بىر جىڭ گۆش يېدى دېگەن تەقدىردىمۇ، كۈنىگە ئۈچ جىڭ يەيتۇ، بەش ئايدا قانچە بوتا؟ مانا بۇ ھالالىباغ دادۈينىڭ قىلىپ بەرگەن ئىسپاتى، — نىزاخۇن بىر پارچە قەغەزنى باش ئۇستىدە پۇلاڭ - لاتتى، — ئۇنىڭدا بىر يۈز ئەللىك توخۇ، بەش يۈز تۇخۇم، بىر يۈز توقسان جىڭ ئاش يەپسەن، شۇنداقما؟ ئۇ يەردە سەن نەچچە ئاي تۇردۇڭا؟

— يىگىرمە سەككىز كۈن، — جاۋاب بەردى ھېكمەت زەھەردەك ئاچچىق كۈلۈپ.

— يىگىرمە سەككىز كۈندە شۇنچە بىرەمىنى يەپ بولغان ئادەم، ئىلىدا رەسىم سىزغان بەش ئايدا قانچىلىك بىرەمە يەيسەنا؟

— گەپ قىلە، ياۋاش بول، — ۋارقىرىدى غوجى بەردى قاتارلىق بىرنەچچە مىنبىڭ.

— ھوي، تويماس ئەمەرمەدىكىراپ، — ساجىتخان قاپاقلىرىنى بىر چىرايلىق سوزۇپ، قوللىرىنى شىلتىدى، — گەپ قىلمامسەن، يەيدىغاننى يەپ - يەۋېلىپ ئەمدى زۇۋا-

نىڭ تۇتۇلدىمۇ؟ ھىم، خوپ بولدى ··· قۇسماق ئاشۇنداق تەس ···

— مەن نېمە دەيمەن، — دېدى ھېكمەت غەزەپ ئاچ-
چىقىدا، — ھەرقېتىمدا يېرىمىدىن يىگىرمە سەككىز
كۈن ئىچىدە ئۈچ قېتىم تۇخۇ شورپىسى قىلىپ بەردى.
بىر قېتىم تۆت دانە تۇخۇم پىشۇرۇپ ئېلىپ كىرىپتىكەن،
ئىككىسىنى تاماق ئېتىدىغان ئايالنىڭ بالىسىغا بەردىم. بىر
ئادەمنىڭ بىر ئايلىق نورمىسى يىگىرمە سەككىز جىڭ بولۇۋاتقان
بۈگۈنكى كۈندە، مەن قانداق قىلىپ بىر يۈز تۇقسان جىڭ
ئاشلىقنى يەپ بولاي ···

— جاھىللىق قىلىشقا يول قويمايلى! — غوجى بەردى
شوئار توۋلىشى بىلەن ھەممە بىردەك قول كۆتۈرۈشتى.

— ئىنقىلابىي يولداشلار، — مەمتىلى ئىبراھىم ئورنى-
دىن تۇردى، — بۇ ئىلىدا يېگەن، ئىچكەن، ئالغان نەرسىلە-
رىنى تولۇق پاش قىلمىدى. مەھبۇبەنىڭ دەپ بېرىشىگە قارىغان-
دا، ئىلى ھەربىي رايوندىكىلەر بۇنىڭ ئانىسىنى يوقلاپ بېرىپ
ئىككى خالتا ئاق ئۇن، سەكسەن جىڭ ئاشلىق بېلىتى، يەنە بىر
لەۋھە تەقدىم قىلىشتىن سىرت، سەككىز تونىنا كۆمۈر چۈشۈ-
رۈپ بەرگەن، ئۇنىڭدىن باشقا ھاراق زاۋۇتىدىكىلەر ئىككى يە-
شىك ھاراق سوۋغا قىلغان ···

بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى راست ئىدى. ھېكمەت ھەربىي
رايوندا رەسىم سىزىۋاتقان چاغلىرىدا ھەربىيلەر ئۇنى ھەپتى-
دە بىر - ئىككى نۆۋەت كىچىك ماشىنىدا ئائىلىسىگە ئەكېلىپ
قوياتتى ۋە ئاپىسىدىن، ھەربىيلەرنىڭ يوقلاپ كەتكەنلىكىنى،
«بالىڭىز سەككىز يىلدا بىر قېتىم كەلگىنىدە يېنىڭىزدا تۇرال-
مىدى» دەپ ئەپۇ سورىغانلىقىنى ۋە نېمىلەرنى سوۋغات قىلغان-
لىقىنى ئاڭلايتتى. گەرچە ھېكمەت ھاراق زاۋۇتىغا ئىككى چوڭ
رەسىم سىزىپ بەرگەن بولسىمۇ، ماتېرىيال ئۆزلىرىنىڭ بول-

غاچقا بىر تال يىپ قاتارلىق نەرسە ئالمىدى. لېكىن، ئۇلار
نەدىن ئاڭلىغان، ھېكمەت دوستلىرىغا خوشلىشىش چېيى بې-
رىشتىن بىر كۈن ئىلگىرى ئىككى يەشىك ھاراق ئەكې-
لىپ بەرگەنىدى ... بۇ ئىشلارنى گەرچە ئاشۇ ئىدارىلەر تىلغا
ئالمىغان بولسىمۇ، مەھبۇبە ئاللا بۇرۇن يېيىۋەتكەنىدى. بەل-
كىم، ھېكمەتتىن پەخىرلىنىپ ئۇ كۆرگەن ھۇزۇر - ھالاۋە-
تىدىن ماختىنىپ دېگەندۇ. ئەمما، بۇ ئىشلار ھازىر ھېكمەت-
نىڭ بېشىغا تاغدەك ئارتىلىپ قالدى.
— ئۇلۇغ داھىمىز ماۋجۇشى بىزگە: «خۇسۇسىيلىققا
قارشى كۈرەش قىلىپ، شيۇجېڭجۇيىنى پىپەن قىلىش كېرەك»
دەپ تەلىم بەرسە، بۇ ئوغرى ئۇنىڭغا قارشى ھالدا ئىلىدا بەش
ئاي خۇسۇسىيلىق بىلەن شۇغۇللانغان، — ئىزاخۇن چېكەتكى-
دەك كۆزلىرىنى زەينىدىنگە قادىدى، — ھەي ئەكسىلئىنقىلا-
بىي شوئار توۋلىغا شاۋۇچى، بۇنىڭغا رۇخسەتنى سەن بەرگەنما؟
— يوقسۇ، يوقسۇ، — زەينىدىن قورقىنىدىن
ئاقىرىپ كەتتى، — يوقسۇ جۇردىن، مەن ئۇ
چاغدا جىن - شەيتان ئىدىم ...
— بۇ، مۇنداق ئىش، — تارتىپ چىقىرىلغانلارنىڭ
قاتارىدا ئولتۇرغان زىكرۇللاغوجى سۆز قىستۇردى، — ھېك-
مەت ئەسلى قىرىق كۈنلۈك رۇخسەت بىلەن كەتكەن. ئىلى
ھەربىي رايون ئۇنى تەشۋىقات ئىشلىرىغا سېلىۋاتقاندا ھېكمەت
«ۋاقتىم توشتى، كېتىمەن» دەپ تۇرۇۋالغاچقا، ئۇلار ئۆز
سىستېمىسى بويىچە خوتەن شۆبە ھەربىي رايون بىلەن ئالاقىلەش-
كەن. بۇ ئىشنى ئىككى ھەربىي مەسئۇل يولداش مەك-
تېپىمىزگە كېلىپ ئوقتۇرغاندىن كېيىن، بىزمۇ ما-
قۇل بولغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ چاغلاردا ئوقۇشلار توختاپ
ھەممىسى ئۆز جېنى بىلەن قالغانىدى ...
ھېكمەت ئەتىسى بىر كۈن مەسلىسىگە قايتا تەييارلىق

قىلىش ئۈچۈن ئوقۇغۇچىلار ئويۇشمىسىغا سولاپ قويۇلدى. ئەمما، شۇ كۈنى بوغالتىر ئەخمەت ھوشۇرنىڭ «خىيانىتى» ئۈچۈن ئۆيى بۇلاڭ - تالاڭغا ئۇچرىدى. گىلەم، كىگىز، يوتقان - كۆرپە، ساندۇق، ھەتتا ئەخمەت ھوشۇرنىڭ قولىدىكى سائەتمۇ تارتىۋېلىندى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىنلا زەيىندىن قاتارلىق بىرنەچچە ئوقۇتقۇچى قىش - ياز پىشىپ تۇرىدىغان شاپتۇل، كۆكتات، نانلار ئۈچۈن ئۆي مۈلۈكلىرىنى ئۆتكۈزدى.

ئىنقىلاب مېۋىلىرىدىن چېيى چېچەكلىگەن ئىزاخۇن ئەتىسى مەمتىلى ئىبراھىمنى ئەۋەتىپ مەھبۇبەنى شەھەردىن ئېلىپ چىقتى. غوجى بەردى ھېكمەتنىڭ دۇمبىسىدىن ئىتتىرىپ ئىشخانىغا ئېلىپ كىرگەندە، مەھبۇبەنىڭ چىرايى تاتىرىپ ھوشىدىن كەتكىلى تاسلا قالدى. ياقىلىرى كىرلەشكەن، چىرايى سولغۇن، كۆزگۆھەرلىرى ھەممىگە ئېتىبارسىز قارايدىغان بۇ ئادەم راستىنلا مەھبۇبەنىڭ سۆيۈملۈك ئېرىمىدۇر؟! ھەتتا ئۇ خوتۇنىنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ، كۆزلىرىدە نە مۇھەببەت، نە نەپرەت زەرلىرى كۆرۈلمىسە، گويا قانداقتۇر ئېتىبارسىز بىرەر نەرسىگە قاراپ تۇرغاندەك نەزەرىگىمۇ ئالمىسا! ئۇ كۆڭلى تارتىپ ئەمەس ئېھتىياج تۈپەيلىدىن بولسىمۇ ئانچە- مۇنچە شېرىن خاتىرىلەرنى قالدۇرغان خوتۇنىنى تونۇمىدىمىكىنە...

— ھازىر مەھبۇبە، — دېدى ئىزاخۇن كۆپچىلىككە قاراپ، — چەك چېگرانى ئاجراتقان ھالدا ئېرى ھېكمەتنىڭ مەسىلىلىرىنى پاش قىلىدۇ...

مەھبۇبە ئولتۇرغان ئورنىغا مىقلىنىپ قالغاندەك، كۆزلىرى چەكچىيىپ قېتىپلا قالغانىدى. ئۇ «پاش قىل»، «تۇرە ئورنۇڭدىن» دېگەن گۇرگىرەشلەردىن كېيىنلا چۈشتىن ئويغىنىپ كەتكەندەك چۆچۈپ ئورنىدىن تۇردى. ۋە «ياق! ... ياق! ...» دېگىنىچە ئېتىلىپ چىقىپ ھېكمەتكە ئېسىلدى ...

— ياق، ياق، ئۇ ھېچنېمە ئالمىدى، ئاپىمىز ئالغان سوۋغاتلارغىمۇ ئۇ ئاچچىقلىغان ... ئۇلار بەش ـ ئالتە يۈز سومغا سىزدۇرالمىغان رەسىملەرنى ئۇ بىكارغا سىزدى ... ئۇ ... ئۇ ... دېگەن ماۋجۇشىنىڭ رەسىمى، بىلەمسىلەر؟ سىلەر بۇلاڭ ـ تالاڭدىن كەلگەن ئاشنى يەپ، باشقىلارنى ئۇرۇپ ـ سوقۇپ، مۆمىن بىچارىلەرنى قاقشىتىپ يۈرگەندە، ئۇ كېچە ـ كۈندۈزلەپ ئىشلىدى، كەسپى بىلەن شۇغۇللاندى ... بۇ راستقۇ، ئېيتىڭلا ھېكمەت ...

مەھبۇبە ئېرىنى سىلكىشلەپ، مەيدىلىرىگە ئۇستى، لېكىن ھېكمەت يېڭى تىككەن كۆچەتتەك لىڭشىپ، ئايالىغا قاراپمۇ قويمىدى.

— ھاي بوزۇق خوتۇن، — ۋارقىرىدى نىزاخۇن، — سەن ئەكسىيەتچى بىلەن بىللە گۇمران بولماقچىمۇ؟

— بوزۇق؟! — مەھبۇبە نىزاخۇنغا مىقتەك قادالدى، — بوزۇق دېگەن سەن، ۋۇي شېخىڭ قۇرۇغۇرتاز، بولاڭچى، ئاق نانچى، دېھقان تەلەتسى يوق لالما ئىت. دېھقانلارنى بولاپ ـ تالاپ ئەمدى ئوقۇتقۇچىلارنى غاجىلىماقچىمۇسەن؟ ۋۇي يېشىل گەدەن، ئالاۋاراق تاز ...

— بۇنى ئاچچىقۇۋېتىڭلار، — «تاز» نىڭ تەكرارلىنىۋېرىشىدىن گەدەنلىرىگىچە قىزىرىپ كەتكەن نىزاخۇننىڭ كۆكەرگەن كالپۇكلىرى تىترەۋاتاتتى، — بۇ قانجۇقنىڭ مەكتىپىگە دەرھال ماتېرىيال يوللاش كېرەك ...

يۇپۇرلۇپ كەلگەن بىرنەچچە مىنبىڭنى ئىتتىرىۋەتكەن مەھبۇبە ھېكمەتنى قۇچاقلىۋالدى. لېكىن، بۇ چاغدا ئارقا ـ ئارقىدىن گۈلدۈرلەپ كۆتۈرۈلگەن شوئار ئاۋازىدىن قورقۇپ كەتكەن مەھبۇبە سىيرىلىپ يىقىلدى ـ دە، ھېكمەتنىڭ پۇتلىرىنى قۇچاقلىغىنىچە ھوشىدىن كەتتى. ئىشخانا ئىچى ئۇپۇر ـ توپۇر بولۇشۇپ كېتىشتى، كامىل ئۇچقاندەك چىقىپ مەھبۇبەنى

يۆلىۋالدى.

— سەنلەر، — دېدى كامىل پىلى شەندۈي ئەزالىرىغا
قاراپ، — مەكتەپنىڭ خىزمىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرگىلى كى-
لىشتىڭمۇ ياكى ئوقۇتقۇچىلارنى نابۇت قىلغىلىمۇ؟ بىلىپ قو-
يۇش، ھەرقايسىنىڭ ھۆكۈمەتنىڭ ئاشلىقلىرىنى بۇلاپ يەپ، ئاش-
لىق پونكىت، سودا سارايلارنى ئاق توپىلاڭغا ئايلاندۇرۇۋەتكەن
چېغىڭلاردا ھېكمەت تىنماي ئىشلىدى. بىر تال شاپتۇل، بىر
كاللەك سەي ئۈچۈن ھەممىنى خىيانەتچىگە چىقىرىۋېتىشتىڭ،
سەنلە ھەر شەنبە ئۆيۈڭگە توشۇۋاتقان سومكىلاپ، خورجۇنلاپ
نان، كۆكتات، تاڭشىرلار خىيانەتكە كىرمەمدىكەن؟

كامىلنىڭ ئاچچىقى كەلگەندە كۆزىگە ھېچنېمە كۆرۈنمەيت-
تى ھەم ئۆزىنىڭ نېمە بولۇپ كېتىشىنىمۇ ئويلىمايتتى. ئۇ
ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئاغزىدىن چىقىرالمايۋاتقان قورساق كۆپۈكلى-
رىنى بىر يوللا پاش قىلىۋەتتى. نىزاخۇن، ساتتار قارا قاتارلىق
پىلى شەندۈيدىكىلەرمۇ بۇ گەپتاندىن ھەزەر ئەيلەپ قالغانىدى،
ئۇنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ چىقىپ كۈرەش قىلىشقىمۇ ئەيمىنەتتى.
بىرنەچچە قېتىملىق كۈرەشلەردە بۇرنىغا يېگەن نىزاخۇن ئۇنىڭ-
دىن سەل تەپ تارتىپ قالدى. بولۇپمۇ «سومكىلاپ، خورجۇن-
لاپ» توشۇلغان نەرسىلەر تىلغا ئېلىنغانىكەن، ئەمدى تىلىنى
يىغمىسا، ئۇنىڭدىن يوغىنى چىقىشى تۇرغانلا گەپ ئىدى. شۇ-
ڭا، ئۇ، كامىل بىلەن زىكرۇللاغوجى مەھبۇبەنى كۆتۈرۈپ ئې-
لىپ چىقىپ كېتىپ بارغاندىمۇ غىڭ قىلالمىدى.

مەھبۇبە كامىل ئۆيىگە ئەكىرىپ ياتقۇزغاندىن كېيىن ھو-
شىغا كەلدى. كامىل، زىكرۇللاغوجى ئىككىسى ئۇنىڭغا سۇ
ئىچۈرۈپ پېشانىلىرىنى ئۇۋۇلىدى، ئۇ ئەسلىگە كېلىپ: «ھېك-
مەت ... ھېكمەت ...» دەپ يىغلىۋەتتى.

— مەھبۇبە، سىز ھېكمەتتىن خاتىرجەم بولۇڭ، ئۇ-
نىڭغا ھېچنېمە بولمايدۇ، — دېدى كامىل ئۇنىڭ

دىن تاپالمىدى، ئۇ ئاخىرى مەش ئۈستىدىكى قازاننى ئېلىشى
بىلەن چۆچۈپ كەتتى، تۆت چاسا تاختاي شەكلىنى يوقاتمىغان
هالدا قارا كۆيۈندىگە ئايلانغانىدى. بۇ ئۆيگە مەھبۇبە ھوشىدىن
كەتكەن كۈنى كىرگەندىن بۆلەك ھېچكىم ئاياغ باسمىغانىدى.
مانا ئەمدى مىسكىن كۆڭۈلنى ئاۋۇندۇرغۇدەك، دىلخەستە دەقى-
قەلەردە بەختىيار كۈنلەرنى ئەسلىگۈدەك، بىراۋلارنىڭ ھايالىق
چىھرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، كۈچ ـ مادار تاپقۇدەك ئاخىر-
قى خاتىرىمۇ يوقالغانىدى. ھېكمەت گۈلزىبانى قەلب قەسرىسى-
دىن يەنە بىر قېتىم يىتتۈرۈپ قويدى ...
ئىشخانىدىكى بىر ـ بىرىنى تالاش، نومۇسسىزلارچە بوھ-
تان قىلىش داۋاملىشىپ ئۈچىنچى ئايمۇ چىقىپ كەتتى. ئاپرېل-
نىڭ ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەندە يېزا كەنتلەردىن، ئىدا-
رە ـ جەمئىيەتلەردىن تۆتتىن تىزىلغان ئادەملەر توپى گۈڭشې
ئالدىدىكى چوڭ مەيدانغا ئېقىشقا باشلىدى. ئەسلىدە ئاھالىلەر
ئورۇنلاشقان بۇ يەردىن ھەممىسى كۆچۈرۈلۈپ، ئورنى يىغىن
سەھنىلىرى بولغان مەيدانغا ئۆزگەرتىلگەنىدى. ئوتتۇرا مەكتەپ-
نىڭ ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچى، ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرى، پىڭ
شەندۈينىڭ ئەڭ ئالدىدا يول باشلىشى بىلەن يېتىپ كەلدى.
مەيداننىڭ تۆت ئەتراپى ۋە سەھنە قىزىل پلاكات ـ لوزۇنكىلار
بىلەن قاپلانغان بولۇپ، ئۇلارغا: «بىرگە زەربە بېرىپ، ئۈچكە
قارشى تۇرۇشنى ئاخىرغىچە ئېلىپ بارايلى!»، «پرولېتارىيات
دىكتاتورىسىنى كۈچەيتىپ، ئەكسىلئىنقىلابچىلارغا ئەجەللىك
زەربە بېرەيلى!» «ئىقرار قىلغانلارغا كەڭچىلىك، جاھىللىق
قىلغانلارغا قاتتىق چارە كۆرۈلىدۇ!» «ئەكسىلئىنقىلابچىلارغا
قارشى ئون ئىككى بال تەيپۈڭ بورىنى چىقىرىپ، ئۇزۇل ـ
كېسىل باش كۆتۈرەلمەس قىلىۋېتەيلى!» دېگەندەك شوئارلار
يېزىلغانىدى.
تۆت تەرەپنى قورشاپ تۇرغان ئىككى قاتار مىنبەگلار يىغىن

مەيداننى كۆزىتىپ تۇراتتى. سەھنىنىڭ ئالدىدا يالاڭئۋاشتاق
قىلىنغان گۈڭشې رەھبەرلىرىدىن ۋاڭ لىمىڭ، تۇراپ ئىمىن
قاتارلىقلار توپىدىلا ئولتۇراتتى. سەھنىدە كۆك ئىشتان، سېرىق
چاپانلىق ھەربىيلەر خېلىلا كۆپ ئىدى. سەھنە ئالدى ۋە ئىككى
ياندىكى دەرخلەرگە بېكىتىلگەن يۇقىرى ئاۋازلىق كانايلاردىن
«دېڭىزدا پاراخوت رولچىقا تايىنىپ ماڭار» دېگەن ناخشا ياڭراپ
تۇراتتى. لى گاڭ مىكروفون ئالدىغا كېلىشى مەيدان تىمتاس
جىمجىتلىققا چۆمدى.

— ئۇلۇغ داھىمىز ماۋجۇشى بىزگە: «ئەكسىلئىنقىلابى-
چىلار مەغلۇپ بولغاندىن كېيىمۇ ئۆز مەغلۇبىيىتىگە تەن بەرمەي-
دۇ، ئۇلار پۇرسەت تاپسىلا تىرىلىشكە ئورۇنىدۇ...» دەپ تەلىم
بەرگەن، — كانايلاردىن ياڭراۋاتقان قاتتىق ئاۋازدىن بوستان
بازىرى بىر پەس زىلزىلىگە كەلدى، — ھازىر ئۇلۇغ پرولېتا-
رىيات مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىنىڭ ھالقىلىق باسقۇچى «بىرگە
زەربە بېرىپ، ئۈچكە قارشى تۇرۇش» ئېلىپ بېرىش ھەققىدە
ۋۇجۇرىن سەپەرۋەلىك دوكلاتى بېرىدۇ...

مەيداندا «ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرايلى!»، «باش
كۆتۈرەلمەس قىلىۋېتەيلى»، «ئۆلۈمگە مەھكۇم»،
«ئەكسىلئىنقىلابچىلار ھوشۇڭنى تاپ» دېگەندەك شوئار-
لار ئارقا - ئارقىدىن گۈلدۈرلەپ تۇردى. كۆپچىلىك ئارىسىغا
سىغدۇرۇۋەتكەن ئاكتىپلار قولىدىكى شاپىگراف باسمىسىغا قا-
راپ بەس - بەستە توۋلىماقتا ئىدى. ۋۇ جۇرىن تاشقى جەھەتتىن
سوۋېت شوجېڭجۇيىچىلىرىنىڭ ئېلىمىزگە قارىتا ئېغۋاگەرچىلى-
كى، ئىچكى جەھەتتىن ئەكسىلئىنقىلابچىلارنىڭ قۇتراتقۇلۇقى
چېكىگە يەتكەنلىكىنى مىساللار بىلەن كۆرسىتىپ ئۆتتى. ئۇنىڭ
سۆزىنىڭ ئورانىدىن ھەممىلا يەرنى ئەكسىلئىنقىلابچىلار قاپلاپ،
ھېچبىر ياخشى ئادەم قالمىغاندەك ۋەھىمە بار ئىدى. مەيدان
ئىچى ئېغىر سۈكۈتكە چۆمگەن بولۇپ، ئارىلاپ توۋلىنىپ

تـۇرغـان شـوئار ئـاۋازلـرى ئـۆز تـەقـدىـرلىرىدىـن ئەن-
سىـرەپ ئولتۇرغانلارنى چۆچۈتۈپ، يۈرىكىنى مۇجۇيتتى. ۋۇ
جۇرىنىڭ ھەربىر ئىدارە - جەمئىيەت، كان - كارخانا ۋە تۆۋەن
قاتلاملارغىچە ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى قېزىپ چىقىرىش، يەر بى-
لەن يەكسان قىلىپ، مەڭگۈ قەد كۆتۈرەلمەس قىلىۋېتىش،
باستۇرىدىغانلارنى باستۇرۇش، قامايدىغانلارنى قاماش، خەلق نا-
زارىتىگە تاپشۇرىدىغانلارنى ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش دېگەن
خىتابلىرى پۈتۈن بوستان بازىرىغا ئاڭلىنىپ تۇراتتى.
— ھازىر خوتەندە نۇرىيوف ① ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھى
قولغا چۈشتى، — دېدى ۋۇ جۇرىن مۇشتۇمىنى كۆتۈ-
رۈپ، — ئۇنىڭ جايلاردىكى تارماقلىرى ۋە غوللۇق ئونسۇرلى-
رىنىڭ ئىسىملىكلىرىمۇ بىزنىڭ قولىمىزدا. سەنلەر ھوشۇڭنى
تېپىپ دەرھال ئۆزلىرىڭنى مەلۇم قىل، چىقىش يولۇڭنى تاللا!
پرولېتارىيات دىكتاتورىسىنىڭ پولات مۇشتۇمى ھەرگىز رەھىم
قىلمايدۇ، سەنلەرنىڭ ئاقىۋىتىڭ كوچىدىن ئۆتكەن چاشقان
ئۇر-ئۇرغا قالغىنىدەك ئۆلۈم يولىدۇر! ...
ۋۇ جۇرىن خوتەن ۋىلايەتلىك سىفەن، تولۇق ئوتتۇرا ۋە
باشقا ئىدارە - ئورگانلاردا قۇرۇلغان قانداقتۇر ئەكسىلئىنقىلا-
بىي تەشكىلاتلارنىڭ پاش قىلىنغانلىقى، بوستاندىمۇ تەشكىلى ئاپ-
پاراتى، پروگراممىسى، مەقسەت نىشانى بولغان ئەكسىلئىنقىلا-
بىي تەشكىلاتنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى پۈرىتىپ ئۆتتى.
سەپەرۋەرلىك يىغىنىدىن كېيىن ئادەملەر بىردىنلا گۇماد-
خور، جىمغور، ئۇندىمەسلەرگە ئايلاندى. ھەممىسى بىر - بى-
رىگە ئىشەنمەسلىك بىلەن قارايتتى، بىر - بىرىدىن قاچاتتى،
بىر يەرگە توپلىنىپ ئادەتتىكى تۇرمۇش پاراڭلىرىنىمۇ قىلىش-
تىن قورقاتتى، بەجايىكى جاھاننى قاراڭغۇلۇق قاپلاپ كەتكەن-

① نورىيوف — شۇ چاغدىكى خوتەن ۋىلايەتلىك ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ ۋالىسى.

دەك تېمىسقىلاپ ماڭالمايتتى. پۈتۈن ئىدارە ـ جەمئىيەت ھەر
كۈنى ماتېرىيال ئۆگىنىش، ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى تارتىپ چىد-
قىرىشقا كىرىشىپ كەتتى. ھۆججەت ـ ماتېرىياللارنىڭ روھىغا
قارىغاندا، مەملىكەت خەلقى يەنە بىر دوقال سىنىقىغا دۇچ كەل-
گەندەك قىلاتتى. شىنجاڭ گېزىتىدە قۇيرۇقى ئۈزۈلمەي ئېلان
قىلىنىۋاتقان ماقالىلەر، باھالار خەلق گېزىتىدىن ئېلىناتتى،
كۆپلىرى يەككە ھەم كوللېكتىپ ھالدا يېزىلاتتى. بۇ ماقالىلەردە
ئۇزۇن يىللىق ئازادلىق ئۇرۇش ۋە ياپونغا قارشى ئۇرۇشلاردا
ئىسسىق قانلىرىنى تۆككەن، ئاجايىپ تۆھپىلەر ئارقىلىق خىز-
مەت كۆرسەتكەن دۆلەت رەھبەرلىرى كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان
ھوقۇقدار ۋە ئەكسىلئىنقىلابچى قىلىپ قويۇلغانىدى.

سەپەرۋەرلىك يىغىنى ئېچىلغان كۈنى كەچتە ئىككى مىن-
بىڭ ھېكمەتنى ئالدىغا سېلىپ گۆڭشېغا ئاپاردى. ئۇنى ئېلىپ
كىرگەن ئۆي خالىقىنىڭ ئىشخانىسى ئىدى. جۈپلەپ قويۇلغان
ئۈستەلنىڭ ئىككى تەرىپىدە لى گاڭ بىلەن ۋۇ جۇرىن ئولتۇرات-
تى. ياڭ پەيجاڭ بولسا خۇشياقمىغاندەك پەستىكى ساپادا تىمىقد-
نى ئېلىۋاتاتتى. ھېكمەت كۆرسەتكەن ئورۇندۇقتا ئولتۇرماي
ئۆرە تۇردى. ھىيلىگەر لى گاڭ ۋۇ جۇرىنغا كۆز ئىشارىتى
قىلغاندىن كېيىن، ۋۇ فامىلىلىك قىسقىغىنا يۆتىلىپ قويۇپ
ھېكمەتكە قارىدى. ئۇ سوۋېتتىكى زەيتۇنە بىلەن بولغان
خەت ـ ئالاقە، ئۇنىڭ قۇترىتقۇلۇق قىلىشى، تۇراپ تۆلەدىن
كىتاب ئەكەلدۇرۇش، سوۋېت ناخشىلىرىنى ئېيتىش، «دوست-
لۇق» نىقابى ئاستىدا نىشانلىق ئويۇشۇشقا ئوخشاش يىلتىزلىق
گەپلەرنى ئايلاندۇرۇپ، ھېكمەتنى تېگى كۆرۈنمەس ھاڭ لېۋىگە
سۆرەۋاتاتتى. ۋۇ فامىلىلىكنىڭ سەپەرۋەرلىك يىغىنىدا سۆزلە-
گەن سۆزى، سوراۋاتقان سوئاللىرى، شۇنداقلا «دوستلۇق نىقا-
بى» دېيىش ئارقىلىق نېمىگە يەتمەكچى ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ
يەتكەن ھېكمەت، دەسلەپتە ھودۇققاندەك بولسىمۇ، بىراق ئۆزد-

نى بېسىۋېلىپ ئۆتتۈرلۈق جاۋاب بېرىپ تۇردى. ئۇنىڭ «تۇغ-
قانچىلىق مۇناسىۋىتى» ، «بۇرۇن ئېنىقلانغان» ، «ئىنقىلابىي
دوستلۇق» دېگەن جاۋابلىرىنى ئاڭلىغان لى گاڭ تىرناقتەك
قاتلانغان قەغەزنى ۋۇجۇرىنىڭ ئالدىغا تاشلىدى. ئۇ باغاقچىنى
كۆرگەندىن كېيىن بىردىنلا ھىجايدى:

— بىزنىڭ قولىمىزدا دەلىل - ئىسپاتلار تولۇق، بىز
سىنى پەقەت قۇتۇلدۇرۇۋېلىش ئۈچۈنلا بۇ يەرگە چا -
قىرتتۇق، — ۋۇ باغاقچىغا كۆز قىرىنى تاشلىدى، —
ئەگەر سەن بوستاندىكى ئەكسىلئىنقىلابىي تەشكىلاتنى ۋە ئۇنىڭ
ئەزالىرىنى پاش قىلىپ خىزمەت كۆرسەتسەڭ ھېلىمۇ كېچىك-
مەيسەن. بىز مەخپىيەتلىكنى ساقلايمىز، سېنىڭ ئامانلىقىڭنى
قوغدايمىز ھەم مۇكاپاتلايمىز.

ھېكمەتنىڭ كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپ ھەممە نەرسە سوۋا-
رى بولۇپ كۆرۈندى. ئۇ گۇمان قىلغان رەزىل پاجىئە ئاخىرى
يالىڭاچ قويۇلدى. بۇ كېچىدىكى مەخپىي سوراق ئادەتتىكى ئەھ-
ۋال ئوقۇشۇش ئەمەس، بەلكى ھايات - ماماتلىق ئېلىشىش،
تەقدىر - ئىقبال ئۈستىدە بولۇۋاتقان سودا ئىكەنلىكىنى چۈشەن-
گەن ھېكمەت غەزىپىنى تەستە باستى. بولۇپمۇ «مەخپىيەتلىكنى
ساقلايمىز» ، «ئامانلىقىڭنى قوغدايمىز» ، «مۇكاپاتلايمىز.»
دېگەن سۆزلەر ئۇنىڭ يۈزىگە نىجاسەت سۈۋۈغاندەك ۋىجدانى
ئۆرتەندى ...

— مەن ئۆمرۈمدە بىرلا تەشكىلاتقا كىرگەن، — دېدى
ھېكمەت ئۆزىنى ئارانلا تۇتۇپ، — ئۇ بولسىمۇ «ياشلار ئىتتى-
پاقى» ئۇنىڭدىن باشقا ھەرقانداق تەشكىلاتنى بىلمەيمەن

— جاھىللىق قىلىش ئۆلۈم يولى ئىكەنلىكى
ساڭا ئايان، — ۋۇ قولىنى شىلتىدى، — ھەقىقەتكە
قايتىپ، ئارقىغا قارىتىپ نەيزە ئۇرامسەن ياكى ئەكسىيەتچىل
مەيداندا تۇرۇپ پاتقاققا پاتامسەن؟ بۇ سېنىڭ ئالدىڭدىكى ئىككى

يول، قايىسىنى تاللاش مەيدانىڭغا باغلىق.

— مەن پاتقاقتا پاتقۇدەك يامان ئىش قىلمىدىم، — دېدى ھېكمەت زەردە بىلەن، — شۇنداقلا ئارقىمغا قارىتىپ نەيزە ئۇرغۇدەك دۇشمەنلىرىممۇ بولغان ئەمەس...

لى گاڭ باغاقچىدىن يەنە بىرنى تاشلىدى. ئۇنىڭ سوراق باشلانغاندىن بېرى باغاق تاشلاپ، قول، كۆز، باشلىرى ئارقىلىق ئىما - ئىشارەت قىلىشىغا قارىغاندا، خىچىرنى ئېشەك يېتىلەپ مېڭىۋاتقانلىقى ئېنىق ئىدى.

— نۇرىيوف ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھى بىلەن قانداق ئالاقەڭ بار، — ۋۇ باغاقچىغا يەنە قاراپ قويدى، — ئۇ ساڭا نېمە يولىيورۇقلارنى بەرگەن؟

— مەن ئادەتتىكى يېزا ئوقۇتقۇچىسى، — ئۆزىنى تۇتۇۋالغان ھېكمەت تەمتىرىمەي جاۋاب بەردى، — مېنىڭ چوڭ ئەمەلدارلار بىلەن كۆرۈشۈشكە سالاھىيىتىم توشمايدۇ. ئۇنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاپ، ئۆزىنى كۆرمىگەن يەردە تەشكىلاتىنى نەدىن بىلەي...

— باجىگاخۇندەن[1]، — ۋۇ فامىلىلىك ئۇستەلگە بىرنى ئۇردى، — سەن ھەممە پاكىتلاردىن ئۆزۈڭنى قاچۇرۇۋاتىسىنا...

— ماۋجۇشى: «ئادەم تىللاش ئاجىزلىقنىڭ ئالامىتى» دەپ تەلىم بەرگەن، — ھېكمەتنىڭ ئوقۇغان ئۇزۇنۇندىسى ۋۇنى تەمتىرىتىپ قويدى، — ھەممە پاكىتلار قولىڭىزدا بولغاندىن كېيىن شۇ بويىچە چارە كۆرىۋەرمەمسىز.

— سەن ئالدىرماي تۇر، — ۋۇ ماتېرىيال خالتىسىنىڭ ئۇستىگە ئۇردى، — سېنىڭ بوستاندا قۇرغان تەشكىلاتىڭ، ئۇنىڭ نۇرىيوف جىتىۋەنى بىلەن بولغان ئالاقىسى، ئەزالىرىڭغا قەدەر پاكىتلار قولىمىزدا، قېنى دەبباقىنا، ئېزىز تارمۇش

[1] باجىگاخۇندەن - بۇ ئەبلەخنى.

بىلەن قانداق ئىجتىمائىي مۇناسىۋىتىڭ بار؟
— دوستلۇق ...
— دوستلۇق، قانداق دوستلۇق؟
— قانداق دوستلۇق بولاتتى، ئىنقىلابىي دوستلۇق! نېمە بىر ئوقۇتقۇچى دېھقان بىلەن دوستلۇق ئورناتسا بولمامدىكەن؟
— تولا خۇپسەنلىك قىلما، — لى گاڭ تۇنجى قېتىم مەيدانغا چۈشتى، — سەن ئەكسىيەتچى تەشكىلاتنىڭ زۇڭتۇ-ڭى، كامىل تەشۋىقات بۇجاڭى، ئېزىز تارمۇش مالىيە بۇجاڭى ئىكەنلىكىنى كىم بىلمەيدۇ. يەنە تېخى باشقىلارمۇ بار ...
— بىز دەك توپا-چاڭغا مىلىنىپ، بور يەپ، هاك كېكى-رىپ يۈرگەن يېزا ئوقۇتقۇچىلىرى، — دېدى ھېكمەت مەسخى-رىلىك كۈلۈپ، — شۇنچە چوڭ ئەمەل ئاتلىرىغا مىنگىنىمىز-دە، ھەرقايىسىڭلارنىڭ نېمە بولۇپ كېتىشىڭلارنى تەسەۋۋۇر قىلا-ماق تەس ...
—تامادى ! — ۋۇ قولىنى كۆتۈرۈشى، ياڭ پەيجاڭ ئالايغىنىچە ئىشىكتىن قاڭقىپ چىقىپ كەتتى. ئىشخانىنىڭ ئى-چىنى تەنلەر ئەيمەنگۈدەك سۈر باستى. ھېكمەت دېرىزىدىن كۆ-رۈنۈپ تۇرغان زۇلمەتلىك ئاسمانغا قادىلىپ قالغانىدى. كۆكتە ئۇنىڭغا قاراپ تۇرغان بىر يۇلتۇز خۇددى مەھكۇملارنىڭ نەملىك كۆزلىرىدەك پىلىلدايتتى. ئۇنىڭ بۇنداق مىسكىن قارىشى ھېك-مەتكە ئامەتتىن ئەمەس، بەلكى ئاپەتتىن بېشارەت بېرىپ تۇراتا-تى.
ياڭ پەيجاڭنىڭ ئىشىكنى زەرب بىلەن يېپىپ چىقىپ كېتى-شىدىن بېسىم ھېس قىلغان لى گاڭ بىلەن ۋۇ فامىلىلىك، خۇددى ئىككى قاغا بىر - بىرىنىڭ قارىلىقىغا ھەيران قالغاندەك ئۆزئۆزىدىن - ئۆزئۆن بىر - بىرىگە قاراپ ئولتۇرۇشتى .
— ھېكمەت، سەن ئوبدان ئويلىنىپ باق، — ۋۇنىڭ گرادۇسى بىردىنلا چۈشۈپ كەتكەنىدى، — سەن ئۆزۈڭنى

ئۆيلىمىغان تەقدىردىمۇ قىزىڭنى، ياش ئايالىڭنى ئايىشىڭ كېرەك، ئۇنىڭ ئۈستىگە سەن بۇ يەرلىك ئەمەس ... ئالمادىس بىرەر پېشكەللىككە ئۇچراپ قالساڭ سېنىڭدىن خەۋەر ئالىدىغان ئاتا - ئاناڭ، ئۇرۇق - تۇغقان، قېرىنداشلىرىڭ يوق ...

— بۇلارغا سىز ۋايىم يېمىسىڭىزمۇ بولىدۇ، — ھېكمەت ھەممە بالا - قازانى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ بولغانىدى، — قىزنى، ئايالنى سۆيمەيدىغان ئەر يوق، بۇ قانداشلىقتا ياتىدىغان روھىي تۇيغۇ، بۇنى قانداقمۇ ھەقىقەت ھەم ۋىجدان بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويغىلى بولسۇن، — ھېكمەتنىڭ چىرايىدا ئىستىھزالىق تەبەسسۇم جىلۋىلەندى، — مەن سىزگە شۇنىمۇ دەپ قوياي، بۇ يەرلەر بىزنىڭ ئانا تۇپرىقىمىز، ئانا تۇپراقتا «بۇ يەر، ئۇ يەر» دەپ ئايرىلمايدۇ. ھەممىسىنىڭ يىلتىزى بىر تۇتاش ئەزىز يەرلەر! شۇڭا خوتەنمۇ ئانا تۇپرىقىم بولغىنىدەك، خەلقىمۇ مېنىڭ ئاتا-ئانام ھەم قېرىنداشلىرىم ...

ھېكمەت چىقىپ كەتتى. ئاي قاراڭغۇسى ئىدى. پەقەت ئاسماندىكى سانسىزلىغان يۇلتۇزلارنىڭ چاقنىشى ھاۋارەڭ نۇر پەردىسىگە ئايلانغانىدى. ناگان - ناگاندا ھۇرۇن ئىتلارنىڭ سوزۇپ - سوزۇپ قاۋاپ قويۇشىنى ھېسابقا ئالمىغاندا بوستان بازىرى گۆرۇستان جىمجىتلىقىدا چۆككەنىدى. ھېكمەت باشلانغۇچ مەكتەپتىن ئۆتۈپ ئۆستەڭ بويىغا كەلگەندە لاسكوي يولىغا قايرىلدى. ئۇ، بۇ كېچىدە ئېزىز تارمۇش بىلەن سۆزلەشمەكچىدى. كىچىك قوشقاناتلىق ئەگۈنىنىڭ ھالقىسى خېلى بىر ۋاققىچە شاراقلىغاندىن كېيىن نازىلخان چىقتى. ئۇ ھېكمەتنى كۆرۈپلا يىغلىۋەتتى. چۈنكى، ئىككى كۈننىڭ ئالدىدا ئېزىز تارمۇشنى گۇڭشې مىنبىگلىرى تۇتۇپ كەتكەنچە قايتىپ كەلمىگەنىدى.

— نېمە ئۈچۈن تۇتۇپ كەتكەنلىكىنى ئۇقا -

لىدىڭىزمۇ؟ — سورىدى ھېكمەت ئەتراپىغا قاراپ قويۇپ.

— ئەكسىيەتچى تەشكىلات ئۇچۇن ئاشلىق يوشۇرغان دەيدۇ…

ھېكمەت نازىلخانغا تەسەللى بېرىپ مەكتەپكە كەلدى. ئۇ كامىلنىڭ ياتىقىنى بوشراق قاقتى. ئىشىكنىڭ دەرھال ئېچىلغىنىغا قارىغاندا ئۇنىڭ ئۇخلىمىغانلىقى ئېنىق ئىدى. كامىل ئۇستەلدىكى شامنى يېقىپ بولۇپ، يەنە پۈۋلەپ ئۆچۈرۈۋەتتى.

— بولدى، مۇشۇنداقلا پاراڭلىشايلى، — دېدى كامىل، دېرىزە پەردە ئارىلىقىدىن سىرتقا قاراۋېتىپ، — سېنى ئېلىپ كەتكەندىن كېيىن كۆزۈمگە زادىلا ئۇيقۇ كەلمىدى. ھە، ئۇلار نېمە دەيدۇ؟

ھېكمەت سۆھبەت ئەھۋالىنى ئەينەن سۆزلەپ بەرگەندىن كېيىن، ئېزىز تارمۇشنىڭ ئۆيىگە بارغانلىقىنىمۇ قوشۇپ قويدى. ئۇلار خېلى ئۇزۇنغىچە ئۈن - تىن قىلىشمىدى. دېرىزىدىن چۈشكەن گۇڭگا نۇردىن، كىرىمسەن كۆرۈنۈپ تۇرغان ئىككى قارا كۆلەڭگە، شۇنداقلا ئېغىر تىنىق ئاۋازلىرىدىن بۇ قاراڭغۇ ياتاقتا ئادەم بارلىقىنى بىلگىلى بولاتتى.

— ئېزىز تارمۇشنىڭ دېھقانلارنى سېرىق تال ۋاقتىدىكى ئاچارچىلىقتىن قۇتقۇزۇش يولىدىكى جان پىدالىقى ئاخىرى بېشىغا چىقتى، — دېدى كامىل خورسىنغان ھالدا، — قارا، ھېكمەت، بۇ قېتىمقى «بىرگە زەربە بېرىپ، ئۈچكە قارشى تۇرۇش» ھەرىكىتى، بۇنىڭدىن بۇرۇنقى ھەرىكەتلەرگە ئوخشىمايدۇ، بەلكىم چايخانا مەكتەپتە ئالاقىلەشكەندەك پۇرسەتلەر بولماسلىقى مۇمكىن، ئىككىمىزنى ئايرىپ تەكشۈرۈشى ئېھتىمالغا يېقىن، ھەتتا بىز كۆرەش مەيدانىدىمۇ بىللە بولالمايمىز. شۇڭا، ھازىرقى ئۈچرىشىشىمىز تېپىلغۇسىز غەنىيمەت…

— خالىق، كېرىموف، زەينىدىنلەر يوقالدى دەپ ئويلىغان ئىكەنمىز، — ھېكمەتنىڭ قېلىن قارا قاشلىرى ھېمىر-

لىپ يىغلىدى، — ئەمدى ئۇلارنىڭ ئورنىنى ۋۇ، لى، نىزا-
خۇنلار ئىگىلىدى. قېنى ئۇلار بىلەن تونۇشۇپ كۆرمەيمىزمۇ.
گويا ئاچ قالغان قانجۇق بۆرە لوقما ئىزدەپ كەنتكە كىرگەن-
ندە كۈچۈكلىرى ئارقىدىن سوكۇلداپ كەلگىنىدەك، بىر -
بىرىگە ئۇلىشىپ كېلىۋاتقان ھەرىكەتلەرنىڭ قۇربانى بولۇپ كەل-
گەن ئىككى دوست يەنە بىر كۆرەشكە تەييارلاندى! ئۇلار گويا
ھەربىر دوقال تاشلىرىدا بىلەنگەنسېرى ئىتتىكلىشىپ يالتىراي-
دىغان زۇلپىقارغا، زامانىنىڭ ئوت يالقۇنلىرىغا چۇشكەنسېرى
تاۋلىنىدىغان پولاتقا، ئۆزىنى قىپقىزىل ئاتەشكە ئۇرۇپ، قايتى-
دىن ياشىرىپ چىقىدىغان قىقۇنۇسلارغا ئوخشايتتى. ئەمما، بۇ
قېتىمقى توپان بالاسىدىن قايسىسىنىڭ ئامان قېلىپ، كىمنىڭ
كېتىپ قىلىشى بىزگە قاراڭغۇلۇق!
تۈن نىسپىدىن ئۆتتى. ھېكمەت بىلەن كامىلنىڭ سۆھبىتى
تۈگەيدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ئۇلار تۇراپ تۆلەدىن ئەكەلدۇرگەن
كىتابلار، زەيتۇنەنىڭ خەتلىرى، ئەخلاق - پەزىلەت دەرسلىكى،
مەدەنىيەت يۇرتىدىن كىتابلارنى قۇتقۇزۇپ چىقىش، چەت ئەل-
نىڭ سىلاۋيان يېزىقىدىن ئۇيغۇر يېزىقىغا ئاغدۇرۇلغان كىتاب-
لاردىن ئوقۇغان شېئىر، داستانلار، سىزغان ماي بوياق ئەسەر-
لىرى قاتارلىق ... ئازغىنە ھاياتىدا قىلغان بارلىق ئەجىر -
مېھنەتلىرى ئۈستىدە پىكىر بىرلىكىگە كەلدى. ھەتتا تۇرمۇش-
تىكى ئاددىي بىر سۆھبەت، ھەزىل - چاقچاقلارمۇ ئۇلارنىڭ
نەزەر دائىرىسىدىن سىرتقا قالمىدى.
— سېنىڭ مەيدەڭدىكى زەيتۇنە قالدۇرغان داغ، — دېدى
كامىل، ئىشىك سىرتىغا بىر قاراپ كىرگەندىن كېيىن، —
بۇ قېتىم بىرەر پاجىئەنىڭ ھامىيسى بولۇپ قالمىغىدى، دەپ
ئەنسىرەيمەن، چۈنكى بۈگۈنكى يىغىندىن كېيىن تارقىتىلغان
بىر بەتلىك تەشۋىق ۋەرىقىدە چەت ئەل ئىشپىيونلىرىنىڭ بەلگى-
لىرى دەپ ئون بىر تۈرلۈك بىر نېمە يېزىلىپتۇ. ئۇنىڭدا:

«بەدىنىگە خەت ۋە گۇللەر چېكىلگەن، ھەر خىل ئىسىم قويۇلا-
غان» دېگەندەك گەپلەر بارئىكەن ...

— ئامال قانچە؟ ئۆزۈممۇ ھەر قېتىم كۆرگىنىمدە بىئارام
بولىمەن، — ھېكمەت كامىلغا يېقىن كېلىپ ئاستا شىۋىرلى-
دى، — يىغىندا ئىسمى ئاتالغان ئىدارىلەردىكى ئەكسىيەتچى
تەشكىلاتلارنىڭ كۆپلىكىگە ئەقلىم يەتمەيدۇ. بۇ راستمىدۇ؟

— قۇرۇق گەپ، سەن پلاكاتتىكى «كاپىتالىزم يولىغا
ماڭغان ھوقۇقدارلارنىڭ ھەممىسى سېپى ئۆزىدىن ئەكسىلئىنقى-
لابچىلار» دېگەن شوئارنى كۆرمىدىڭمۇ، — كامىلمۇ پەس
ئاۋازدا شىۋىرلىدى، — شۇنىڭغا قارىغاندا، مەركەزدە بەزى
دۆلەت رەھبەرلىرىنى مۇشۇ قاپقانغا دەسسىتىپ يوقىتىشنى مەق-
سەت قىلغان يامان نىيەتلىك ئادەملەر بار، چۈنكى بۇ قالپاقنى
كىيگەنلەر مەڭگۇ قەد كۆتۈرەلمەيدۇ.

— ئۇنداقتا بۇ قېتىم نۇرغۇن زىيالىيلار قىرقىلى-
دىكەن - دە؟

— زىيالىيلار ھەم پارتىيە - ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىدىكى
رەھبىري خادىملارمۇ بار ...

— سەن بۈگۈن سەھنىنىڭ ئارقىسىدا ئولتۇرغان، ھېچ-
قانداق بەلگىلىرى يوق ھەربىي فورما كىيگەن بىر ئادەمگە دىق-
قەت قىلدىڭمۇ؟ ئۇ، نەق تۇردى ھېكىم ...

— تۇردى ھېكىم؟ — كامىلنىڭ قاپاقلىرى
تۈرۈلدى، — تۆمۈر نىيازنىڭ دېگىنىچە بار ئىكەن - دە،
بىز توغرۇلۇق قارا ماتېرىيال يەتكۈزگىنىمۇ شۇ.

باش توخۇ چىللاپ، تاڭ ئالدىدىكى قاراڭغۇلۇق چۈشكەنى-
دى. ھېكمەت خوشلىشىپ ئىشىك تۈۋىگە كەلدى. ئۇ دوستىنى
بۇنىڭدىن كېيىن كۆرەلمەيدىغاندەك قاراڭغۇلۇقتىكى ئۇنىڭ
سىيماسىغا ئۇزۇن تىكىلىپ قالدى.

— ھېكمەت، — دېدى كامىل دوستىنىڭ قولىنى تۇ -

تۇپ، — ئۇلارنىڭ بىزنى «زۇڭتۇڭ»، «بۇجاڭ» دېگەنلىرىگە قارىغاندا، بۇ قېتىمقى كۇرەش هايات ـ ماماتلىق ئىلىششى بولىدۇ. بىز تۇرمىدىن تارتىپ تا ئۆلۈمگىچە بولغان ئارىلىقتىكى بارلىق پاجىئەلەرنى كۆزدە تۇتقان هالدا تەييارلىقىمىز بولۇشى كېرەك.

ئىككى دوست بوسۇغىدىلا قۇچاقلاشتى.

تاڭ ئېتىشقا ئازلا قالغانىدى. هېكمەت ئۆيگە كىرىپ شامنى ياندۇردى ـ دە، بۈگۈن ئۆتمەكچى بولغان ئەدەبىيات دەرس تەييارلىقىنى قايتىدىن كۆرۈپ چىقتى. ئۇ ئەتىسى ئىككىنچى سائەت دەرسكە كىرىپ ئوتتۇرلاشمايلا، نىزاخۇن، ساتتار، روزاخۇن، غوجى بەردىلەر سىنىپقا بوراندەك ئۇسۇپ كىرىپ دۈمبىسىدىن ئىتتەرگەنچە ئېلىپ چىقىپ كەتتى. ئۇنى ئىتتىپاق ياچېيكىسىغا ئېلىپ كىرگەندىن كېيىن نىزاخۇن قولىنى شىلتىپ تۇرۇپ:

— چۈشتىن كېيىن كۇرەشكە تارتىلىسەن، هازىردىن تارتىپ غىلتاڭ سىياسىي مەسىلەڭگە تەييارلىق قىل، بۇ قېتىم هىيلىگەرلىك قىلىپ ئۆتۈپ كېتىمەن دەپ خام خىيال قىلما! — دېدى ۋە ئىشىكنى سىرتىدىن قۇلۇپلاپ چىقىپ كەتتى.

بىر نەرسە يېزىشقا قولى بارمىغان هېكمەت دېرىزە ئالدىغا كېلىپ كۆچەتلىككە قارىدى. باهار سوۋغا قىلغان ياش يوپۇرماقلار يەرگە شالاڭ سايە تاشلاپ تۇراتتى. بىر توپ قۇشقاچلار يۇمران تاللار ئارا جاۋلىدىشاتتى. كۆچەتلىكنىڭ ئارىسىدىن كۆرۈنگەن كۆكتاتلىقلار مايسارەڭ تون يېپىنغانىدى. هېكمەت بىردىنلا كۆچەت غوللىرى ئارىسىدىن بايىقىلارنىڭ كامىلنى هايداپ كېتىۋاتقانلىقىنى غىل ـ پاللا كۆرۈپ قالدى. شۇڭا، ئۇ ئورۇندۇق ئۈستىگە چىقىپ دېرىزىنىڭ ئۈستۈنكى كۆزنىكىدىن قاردى. بۇ يەردىن ئېتىزلىقلارنىڭ ئاخىرقى چېكىدىكى بىر ـ

بىرىگە گىرەلىشىپ كەتكەن جىگدە قاتارلىرىمۇ كۆرۈنەتتى. كا-
مىلنى ئوغۇللار ياتىقىنىڭ ئەڭ چېتىدىكى مۇراتنىڭ رېپىتسىيە
ئۆيىگە ئەكىرىپ كەتتى. ئارىدىن خېلى بىر چاغ ئۆتكەندىلا
نىزاخۇن، ساتتار قارا، غوجى بەردىلەر قايتىپ چىقتى ـ دە،
ئىشىككە قۇلۇپ سالدى.
هېكمەت خىش يېپىتىلغان يەرگىلا ئولتۇرۇپ تامغا يۆلەندى
ۋە «كەتكىنىڭلارمۇ ياخشى بوپتىكەن» دەپ ئاستا شىۋىرلىدى.
ئۇنىڭ كۆڭلىدىن دوستلىرى — مۇرات، نائىبى، زۇمرەت،
نەفىسە، ئايالى گۈلزىبا كەچكەندى. ئۇلار بۇدۇنيا غەلىيانلىرد-
ىنىڭ مەڭگۇ ئاياغلاشمايدىغانلىقىنى بىلگەندەك بالدۇرلا كېتىۋاپ-
تىكەن. راست ئەمەسمۇ، پانىينىڭ شادلىقى ياز كېچىسىدەك
قىسقا، ئازاب ـ ئوقۇبىتى قىش تۈنلىرىدەك ئۇزۇن بولىدىكەن.
ئىنسان دۇنياغا بىر قېتىم كەلگەن ئۆمرىدە «ئادەمدەك ياشار-
مەن» دېگەن ئۈمىد بىلەن تېرىكچىلىك قىلىدۇ. ئۆز تائىپىسى
ئۈچۈن يازاتقان ئازدۇر ـ كۆپتۇر مەئىشتى بىلەن شادلىنىدۇ.
هۇزۇرلىنىدۇ، ئىپتىخارلىنىدۇ، ياشناپ كۆكلەيدۇ. مانا بۇ
روهى مۇهەببەت، مەنۋى ئوزۇق ئارقىلىق هايات بېغىنى ياشار-
تىدىغان ئادەمنىڭ مەخلۇقتىن پەرقلىنىدىغان ئۆزگىچە ئۇلۇغلۇ-
قى! بىراق زامان ئۇنىڭ ئاشۇنچىلىك ئەقەللىي تەلىپىنى قاندۇ-
رۇش بۇياقتا تۇرسۇن، ئۇنىڭغا ئازاب ـ ئوقۇبەت، ئەركىسىز-
لىك، غەم ـ غۇسسە، قان يۇتۇشتىن باشقا ياشاش پۇرسىتى
بەرمىسە، بۇنىڭدىن ئۆلۈم ئەلاغۇ! بۇ توغرىدا ئۇلۇغلىرىمىز
مۇنداق تەبىر بەرگەنىكەن:

گەر هاياتىڭ بولسا هەر دەم غۇسسە بىلەن قان يۇتۇش،
ياخشىراقتۇر ئۇ هاياتتىن گۆر ئىچىدە يەر تۇتۇش …

ئۇلار گويا ئۆز ئەۋلادىنىڭ قىسمەت كەچمىشلىرىنى، قارا
تەقدىرلىرىنى، مەهكۇملۇق ئەركىسىزلىكلىرىنى كارامەت كۆر-
گەندەك بۇ خۇلاسە كالامنى قالدۇرۇپتىكەن ئارقىمىزغا قايرد-

لىپ، بېسىپ ئۆتكەن يوللىرىمىزغا نەزەر سالساق، ئاچچىق
ياشلىرىمىز نادامەتلىك ئىزلىرىمىزنى نەمدەپ مېڭىپتۇ، ھەر
باسقان قەدەملىرىمىزدە قان داغلىرى يالتىرايدۇ. نىمجان تەنلەر
كۆمۈلگەن تۇپراقلاردىن قىزىل يۇلغۇنلار ئۈنۈپتۇ، ئاھ، بۇ
ئازابلىق يوللار نېمانچە ئۇزۇندۇ، ئۇنىڭ ئاخىر مەنزىلى بارمى-
دۇر ياكى تاڭلا مەھشەرگە تۇتىشامدۇ؟! ...
ئۇزۇن مۇددەت نامراتلىق ئىسكەنجىسىدە قالدۇرغان ھەم-
كارلىق گۇرۇپپا، كوپىراتسىيە، گۇڭشېلىشىشتىن ئىبارەت
كوللېكتىلىپىشىش دېھقانلىرىمىزنى تۇيغۇدەك نانغا، ئۇچىسىنى
ياپقۇدەك كېپەنگە ئىگە قىلالىدىمۇ؟ ئەكسىچە يىلمۇ يىل تاغدەك
باسقان ئوماچ قەرزى ئۇلارنى خۇرجۇنسىز دىۋانىلەرگە، كېپەن-
سىز ئەرۋاھلارغا ئايلاندۇردى. «ئۇچگە قارشى»، «بەشكە قار-
شى»، «كەڭ ئېچىلىپ سايراش»، «ئىستىل تۈزىتىش»،
«ئوڭچى، يەرلىك مىللەتچىلەرگە قارشى كۈرەش»، «سوتسىيا-
لىستىك تەربىيە»، «شىۋجېڭجۇيىغا قارشى تۇرۇش» دېگەندەك
ئايىغى ئۈزۈلمەس ھەرىكەتلەر خۇددى «كۆمەچ پىشۇرۇش» رو-
ھى بويىچە ئۇ ياقنى ئۆرۈپ كۆيدۈرۈپ، بۇ ياقنى ئۆرۈپ چارلاش-
تۇرۇپ، زىيالىيلارنى ئەرزىمەس كۆيۈندىلەرگە ئايلاندۇردى. ئۇ
تارىخىي زەربىلەرنىڭ دەردى ـ بالاسىدىن قەددى يادەك ئېگىلگەن
خەلقىمىز، بىلىنى رۇسلىيالماي تۇرغىنىدا «مەدەنىيەت ئىنقىلا-
بى»، «كۆرەش قىلىش، پىپەن قىلىش، ئۆزگەرتىش»،
«بىرگە زەربە بىرىپ، ئۇچكە قارشى تۇرۇش» تىن ئىبارەت
ئاغزى قان بۆرىنىڭ ئالدىغا دۇچ كەلدى. ھالىمىز مىڭ يىللىق
مازاردەك ۋەيرانە! شۇنداق ئىكەن، ئىگىلىكىمىزنى تىكلەش،
كۆزنىمىزنى ياخشىلاشنىڭ ئورنىغا ئۆمرىمىز ئۇرۇش ـ جېدەل،
ئىتتەك تالىشىش، بىر ـ بىرىمىزنى بوغۇش بىلەن ئۆتەمدىغان-
دۇ؟! بۇ پاجىئەنى كەلتۈرۈۋاتقانلار، دۆلەتنىڭ قۇدرەت تاپماي
ھالسىزلىنىۋاتقانلىقىنى، خەلقنىڭ نامراتلىق، قاششاقلىق تۇ-

پەيلىدىن «شەرقتىكى كىپسەلمەنلەر» دېگەن نومۇسسىز ئاتاققا قېلىۋاتقانلىقىنى ئويلىمامدىغاندۇ؟! زادى بۇنىڭ ئاخىر چېكى بارمۇ، يوق!؟ هالال ئەمگەكنىڭ مېغىزىنى چىقىپ، ئەجرىنى كۆرىدىغان، ئەركىن - ئەمىن ياشايدىغان دەۋرلەرنىمۇ كۆرەرمۇ كىشى!

هېكمەت ئازابلىق خىياللار يۈكى ئاستىدا ئېزىلىۋەرگەنمۇ بولاتتى. بىراق، ئىشىك قۇلۇپى شاراقلاپ ئېچىلىپ تۆمۈر نىياز بىر ئاياق ئوماچ كۆتۈرۈپ كىردى.

— مۇئەللىم، تاماق يەۋالسىلا، — تۆمۈر نىياز ئاياقنى هېكمەتنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى، — چۈشتىن كېيىن سىلىنى كۆرەشكە سالىدىغان ئوخشايدۇ. تەييارلىق قىلىپ قويدىلىمۇ؟

— ياق.

— نېمىشقا ئەمدى؟ ئۇلارنىڭ ئەلپازى بەك يامان ...

— يامان، هېهې، — هېكمەت دېمىغىنى قاقتى، — يامىنى كەلسە جاننى ئالىدىغاندۇ، مەن ئۇچۇن بەربىر ...

چۈشتىن كېيىنكى كۆرەش يىغىنى تۆمۈر نىياز ئېيتقاندىن-مۇ سۈرلۈك بولدى. تەلۋە غوجى بەردى بىلەن خام ئۆپكە روزا-خۇن، هېكمەتنىڭ گەجگىسىدىن ئىتتىرىپ ئىشخانىغا ئېلىپ كىرگەندە گۈلدۈرلىگەن شوئار ئاۋازلىرى ئۈزۈنغىچە توختىمى-دى. ئىنقىلابىي ئاممىا ۋە قۇتقۇزۇۋېلىشقا بولىدىغان مەسىلىسى بارلار ئورۇندۇق، بەندىڭلەردىن ئورۇن ئالغان بولۇپ، ئالدىدى-كى ئىنقىلاب سەركەردىلىرى نىزاخۇن چېكەتكە، ساتتار قارا، بانىخان بادالڭ، مەمتىلى ئىبراھىملارغا قاراپ ئولتۇراتتى. توخ-تى قۇربان، زىكرۇللا غوجى، ئەخمەت هوشۇر، زەينىدىن قاتار-لىق تارتىپ چىقىرىلغان ئوندىن ئارتۇق مۇئەللىم باشتاق قىلىن-غان هالدا بۇلۇڭدىكى زەي يەردىن ئورۇن ئالغانىدى. ئۇنىڭ ئىچىدە كامىل كۆرۈنمەيتتى. هېكمەتنى هەممە كۆرۈپ تۇرۇش ئۇچۇن جىن - شەيتانلارنىڭ ئالدىغا تۇرغۇزۇپ قويۇشتى، نىزا-

خۇن چېكەتكە لى گاڭدىن دەشنەم يېگەندىن كېيىن ئىككىلا ئۇزۇندە يادقا ئالالىدى. ئۇ بولسىمۇ دېمەككە ئاسان بولغان: «ياۋ دوسى، پىشۇ» (خۇسۇسىيلىققا قارشى تۇرۇپ، شيۇجىڭجۇيىنى پىپەن قىلايلى) ۋە «ئىنقىلاب قىلىش زىياپەت بېرىش ئەمەس» دېگەنلەر ئىدى. بىراق، بەزى چاغلاردا ئۇ: «ئىنقىلاب قىلىش پولۇ يېيىش، سۇيۇقئاش ئىچىش ئەمەس» دەپ سالاتتى. شۇڭا، ھازىر ئۇ ئاسانراق بولغان: «خۇسۇسىيلىققا قارشى تۇرۇپ، شيۇجىڭجۇيىنى پىپەن قىلايلى» نى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، گەپ تاپالماي قوللىرىنى بىر ھازا ھاۋادا شىلتىدى:

— ئىنقىلابىي يولداشلار، مانا بۇ ئالدىمىزدا تۇرغىنى سوۋېتكە قېچىش تەشكىلاتىنىڭ زۇڭتۇڭى ئەشەددىي شيۇجىڭجۇيىچى ئونسۇر ھېكمەت ئىلى، — چېكەتكە يەنە گېپىنى تاپالماي، كۆزلىرىنى پىلدىرلاتتى، — بۇ ئونسۇرنىيەت ئۆلۈمگە مەھكۇم، ھە ... مانا ... ئۇ تەشكىلاتىنى پاش قىلسۇنما؟ ! ...

— قىلسۇن!

— يوقالسۇن ئەكسىيەتچىلەر!

ئارقا - ئارقىدىن توۋلانغان شوئارلار خىلىغىچە تەكرارلىنىپ تۇردى، بۇنداق چاغلار ھېكمەت ئۇچۇن ئاز بولسىمۇ ئارام ئېلىش پۇرسىتى ئىدى.

— ھەي ئەشەددىي شيۇجىڭجۇيىچى، تەييارلىقىڭنى ئېلىپ سۆزلىمەمسەن؟ ، — ۋلرقىرىدى بانىخان باداڭ.

— تەييارلىق قىلمىدىم.

— نېمە! تەييارلىق قىلمىدىم؟ ! ، — چېكەتكە چاچراپ تۇردى، — ھەي ئەكسىيەتچى ئوغرى، نېمىشقا تەييارلىق قىلمىدىڭا؟

— تەييارلىق قىلغۇدەك مەسىلەم يوق.

— ئەكسىيەتچى ھېكمەتنىڭ جاھىللىق قىلىشىغا يول

قويمايلى!

— ئىت كالللىسىنى مىجىپ تاشلايلى!

شوئارلار تووۋلىنىش جەريانىدا غوجى تەلۋە ۋە رووزاخۇن ئۆپكە قاتارلىق بىرنەچچە مىنبىك يۇگۇرۇپ چىققىنىچە ھېكمەت-
ننىڭ دۇمبە، قورساق، باشلىرىغا قارا - قويۇق ئۇرۇپ كەتتى.

جاۋغىيىدىن قان ساقىپ تۇرغان ھېكمەت چۇۋۇلغان چاچ-
لىرىنى بارماقلىرى بىلەن ئارقىغا تاراپ، تامدىكى قانداقتۇر داغقا قارىغىنىچە ئۇندىمەي تۇردى. قان قىپقىزىل يول قالدۇ-
رۇپ ئېقىپ بوينىغا كىرىپ كەتتى. قۇتبىرەم ھاياجان شادلىقىدا قىزىپ كېتىپ مەيدانغا ئېتىلىپ چىقتى:

— ھەي شيۇجېڭجۇيىچى ...

— هاي خانىم، — ۋارقىرىدى نىزاخۇن، — «ئەشەد-
دىيسى» قالدىيا!

— ۋاي خـودايىم خـاتا قىپتىمـەن، خاپا بولمىسىلا جۇرىن، — قۇتبىرەم غەلىتىلا ھىجايدى، — ھەي ئەشەددىي شيۇجېڭجۇيىچى، «تەييارلىق قىلغۇدەك مەسلەم يوق» دەيسىد-
ىنا، زەيتۇنە دېگەن جالىپىلىك «قىچىڭلار» دەپ تەشكىلاتىڭغا بۇيرۇق بەرگىنى يالغانما؟ ئۇلۇغ داھىمىز ماۋجۇشى: «ھوشيار-
لىقنى ئۆستۇرۇڭلار» دەپ تەلىم بەرگەچكە مەن شۇچاغدىلا خەتنى ئېچىپ كۆرۇپ، گوڭشېغا مەلۇم قىلغان، سەن ئۇ خەتتىن تېنىپ ئالالمايسەن، ھەتتا سەن سوۋېتنىڭ ئىشپىرۇنى ① قۇلۇڭدا، مەيدەڭدە خەت بايا، يولداشلار ئاچسۇنما؟

— ئاچسۇن! ...

تىل - ئاھانەت، ھەتتا ئۇرۇشلارنىمۇ قېتىغا ئالمىغان ھېكمەت، كۆڭلىكىنى سىلىپ بەدىنىنى كۆرستىشتىن ئىنتا-
يىن نومۇس قىلاتتى. چۈنكى، بۇ مەيداندا ئۇستازلىق سۇپىتى

---

① ئىشپىرۇن - ئىشپىيون ,

بىلەن دەرس بەرگەن قىز - ئوغۇل ئوقۇغۇچىلار ۋەكىللىرىمۇ
بار ئىدى. يوپۇرلۇپ كەلگەن بىرنەچچە مىنىبىگلار قانچە ھەپتە-
لەشكەن بولسىمۇ ھېكمەت بوي بەرمىدى. ئىشخانىدا ئىدىچى
ئۆرە - تۆپە بولۇشۇپ كەتتى.
— ئا ... قانداق گەپا، — مەكتەپكە پىلك شەندۈي چۈشۈپ
بىر ئېغىز مۆرەپ باقمىغان قاپىقى يامان ساتتار قارا بوم ھەم
خىرقىراق ئاۋازدا قاتتىق ۋارقىرىدى، — ئەركىشىنىك مەيدە-
سىنى كۆرۈپ نېم كەپتا ... رەنىدە سالغان تاختى-
دەك بوتۇئەينا ... ياخوتۇن كىشىدەك بىجىقى بولمى-
سا...، — ساتتار قارا قۇتبىرەمگە قاراپ سەتلا
ھىجايدى، — كۆرسە مانىا مۇنداق، بىجىقىغا بۆك
كىيگۈزۈدىغان ئۇزخانىمنىڭكىنى كۆرسە بوتۇ ...
— ئوۋۇش ماسەت قارۋاتقۇنىك قېلىنلىقىنى، — قۇتبى-
رەم مەيدانغا قانداق تېز چىققان بولسا، شۇنداق تېز ئۆرۈلۈپ
كىرىپ كەتتى، چۈنكى كۈرەش سورۇنى ئىچىدە تۇمشۇقىنى
تۇتۇپ پىخىلداپ كۈلۈۋاتقانلارمۇ بار ئىدى. ھېكمەت ئۈندىمەس،
تولى چىراي ساتتار قارىدىن شۇنچىلىك مىننەتدار بولدىكى ئۇنىڭ
ئاشۇ قوپال سۆزلىرى ئۈچۈن قانچە بەدەل تۆلىسىمۇ رازى ئىدى.
ھېكمەت بىلەن كامىلنى نۆۋەتلەشتۈرۈپ كۈرەش قىلىش
مانا شۇنداق داۋاملاشماقتا ئىدى. ھەركۈنى تەكرارلىنىۋاتقان
تۇراپ تۆلە بىلەن بولغان ئەكسىيەتچى مۇناسىۋەت، زەيتۇنە ئار-
قىلىق ئەۋەتكەن مەخپىي ئاخبارات، تەشكىلاتنىڭ ئېزىز تارمۇشقا
تاپشۇرغان ۋەزىپىسى، كىملەر قانداق مەسئۇلىيەتنى ئۆز ئۈستى-
گە ئالغان، نۇرىيوف بىلەن قانچە قېتىم ئالاقە باغلىغان، نېمە
يولىيۇرۇقلارنى بەرگەن دېگەندەك بىر - بىرىدىن قورقۇنچلۇق
سوئاللارنى قانچە قېتىم تەكرارلانسىمۇ بەربىر جاۋابسىز قالاتتى
ياكى ئۈستىلىق بىلەن دەككىسى بېرىلەتتى.
بىر كۈنى كۈرەش سورۇنى يۇقىرى بالداقتا كۆتۈرۈلۈپ ،

«ئىتامسەن» ، «دېمەمسەن» «بول چاپسان»، «ياۋاش بول»
بىلەن جىددىيلىشىپ، قىيىن - قىستاق باشلاندى. مىنبىڭلار-
نىڭ قول بېغىشلىرى ئاغرىپ، ئالىقانلىرى ئىچىشىپ كەتتى.
بۇ رەھىمسىز فرونتتا يەنىلا قۇتبىرەم باش قەھرىمان ئىدى.
ئۇ پاكىتلار ئارقىلىق بۇرنىغا يېسىمۇ ماڭقىسىنى سۇرتۇۋېتىپ
تۇرىدىغانلارنىڭ تىپىدىن ئىدى. ھېكمەتنىڭ يۇزلىرى داغ - داغ
كۆكۈرۈپ، كالپۇك ۋە قاپاقلىرى قاناپ كەتكەندى. لېكىن،
ئۇ جاراھەتلىرىنىڭ ئاغرىقىنى زادىلا سەزمەيتتى. پەقەت يۇرىكى-
نى ئوتلۇق ئامبۇردا قىسقاندەك ئازابلاۋاتقىنى قۇتبىرەمنىڭ
تۆھمىتى ئىدى. ئۇنىڭ: «زەيتۇنەنىڭ خېتىدە پارتىيىگە،
سوتسىيالىزمغا، ماۋجۇشىغا قىلىنغان ھاقا-
رەتلەر بار ئىدى. لېكىن، ھېكمەت شۇ خەتكە ئوخشىتىپ،
ئۆزىنى ئاقلايدىغان بىر خەت ياساپ چىقتى» دې-
گەن قاپقارا تۆھمىتى ئۇنى تاياق - توقماقتا قويغانىدى.
— يولداشلار، — كۆكۆمتۇل چىرايىدىن شۇملۇق يې-
غىپ تۇرغان قۇتبىرەم ئورنىدىن تۇردى، — بۇ ئەشەددىي
شيۇجېڭجۇيىچى بىر كۇنى ياڭيۇ قېزىۋېتىپ توختى قۇربان،
كامىل، زىكرۇللا غوجى، ئەخمەت ھوشۇر، زەينىدىنلەرگە:
«سوۋېتكە قاچقاندا، ماڭغان يولىمىزغا ئۇۋاق لازا چېچىپ ماڭ-
ساق ساقچى ئىتلىرى ئىزىمىزغا چۇشەلمەيدۇ. چۇنكى، يولنى
پۇرىغان ھامان بۇرنىغا لازا كىرىپ ئىچىشىپ كېتىدۇ - دە،
ئاسمانغا قاراپ چۇشكۇرۇپ تۇرۇۋالىدۇ» دېگەن ··· مانا بۇ تەش-
كىللاتىدىكى ئەزالىرىغا قېچىشنىڭ پىلانلىرىنى كۆرسەتكىنى بول-
ماي نېمە؟
— گەپ قىلە دەيۇز! — غوجى تەلۋە بىگىز بارمىقىدا
ھېكمەتنىڭ بۇرنىنى ئىلىۋەتتى.
ھېكمەتنىڭ ئىچىدە بىر يېرى شۇۋ قىلىپ ئېرىپ كەتكەن-
دەك بولدى. بىراق، بۇ شادلىقتىن بەرگەن بېشارەت ئىدى.

قۇتبىرەم ئۆزى ئاغزىدىن تۇتۇلۇپ يانپاشقا چىققانىدى. ئەمدى ئۇنىڭغا رەھىم - شەپقەت قىلىش شەرىئەت نىزامىغا خائىنلىق قىلىش بىلەن باراۋەر بولاتتى. چۈنكى، «شەرىئەت ئىزلىسەڭ ئۆلتۈرىيلاننى» دېگەن شەرئى جازامۇ بار ئىدى.

— قۇتبىرەم خانىم، — ھېكمەت كۆزلىرىنى خەنجەردەك قادىدى، — مەن ئاشۇ سۆزلەرنى دېگەندە سىزمۇ ئارىمىزدا بارتۇرۇقلۇق، نېمىشقا بۇرۇن پاش قىلمىدىڭىز؟

— ياق ... مەن ئاراڭلاردا نېمىش قىلىمەن ... — چۆچۈپ كەتكەن قۇتبىرەم ئەتراپىغا ئالاق - جالاق قارىدى، — ماڭا تۆھمەت چاپلىما ... مەن دېگەن ئاڭلىغان ...

— كىمدىن ئاڭلىغان؟

— ھە راست، كىمدىن ئاڭلىغان؟ — نىزاخۇننىڭ پىت كۆزلىرى چەكچەيدى، — سىلى شۇ سورۇندا بولمىسىلا قانداق بىلىدىلا؟

— مەن دېگەن دېرىزە تۈۋىدە تۇرۇپ يوشۇرۇن ئاڭلىغان ...

— ياڭيۇ قازغان يەردە دېرىزە بارمىكەن؟ — ھېكمەت بىرقەدەم ئالدىغا سۈرۈلدى، — ئەمدى سىلىمۇ جاھىللىق قىلمىسىلا، مەنمۇ سىلىنى مەڭگۈ قانات ئاستىمغا ئالالمايمەن ...

— بۇ نېمە دېگىنىڭ، ئوچۇق سۆزلە، — نىزاخۇن ھېكمەتنىڭ گېپىدىن تۇتۇۋالغانىدى.

ئويلىماي قىلغان سۆز ئۆز بېشىڭغا ئۇرۇلغان كالتەككە ئوخشايدۇ دېگەندەك، بۇ بىر ئېغىز سۆز ھېكمەتنى ۋەيران قىلىدىغان بىردىنبىر پاكىت ئىدى. لېكىن، ئۇ قەستەن شۇنداق دېدى. دانالارنىڭ: «ئەقىللىق كىشى دۈشمەننىڭ سۇيىقەستىدىن ۋاقىپ بولسا، ھەرىكەت قىلىشى كېرەك، بولمىسا ئۆز خۇنىغا شېرىك بولىدۇ» دېگەن ئەقلىيە سۆزىنى ئۇنتۇمىغان

هېكمەت، سۆيىقەستكە سۆيىقەست بىلەن جاۋاب بېرىشنى كۆڭلىگە پۈككەندى ...

— بولىدۇ، بەرىبىر ئىش بۇ دەرىجىگە يەتتى، يوشۇرۇپ بولالمىغۇدەكمەن، — بىر چاغلاردا كامىل تۇردى هېكمىنى ئۆز سۆزىدىن مات قىلغىنىدەك هېكمەتمۇ قۇتبىرەمنى ئاياپ ئولتۇرمىدى، — قۇتبىرەمنىڭ مېنىڭ ئارقامغا كىرىۋالغىنى هەممىگە ئايان، ئۇ زەيتۇنەنىڭ خېتىنى ئېچىپ ئوقۇغاندىن كېيىن بىر كۈنى ماڭا: «ئەگەر مەن بىلەن توي قىلسىڭىز سىز بىلەن بىللە سوۋېتكە قاچىمەن» دېدى. مەن ئۇنى سىناپ بېقىش ئۈچۈن «چېگرا جەڭچىلىرىنىڭ كونتروللۇقىدىن ئۆتمەكنىڭ تەسلىكىنى دېگىنىمدە، ئۇ بايىقى «لازا چېچىش» ئۇسۇلىنى سۆزلەپ بەرگەن ...

— ۋاي خۇدايىم، ئۇ ساراڭ بوپتۇ، ساراڭ، — قۇتبىرەم ئەسەبىيلەرچە ۋارقىراپ كەتتى، — يالغان، هەممىسى يالغان ... ئۇ يالغان ئېيتىدۇ ...

— هىم قۇتبىرەم خانىم، مۇنداقمۇ ئىش بار دېسىلە، — ئەزەلدىن پۈرچىقى پىشمايدىغان مەمتىلى ئىبراهىم ئۈچ ئېلىش پۈرستىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى هېس قىلىپ يەتتى، — سىلىنىڭ هېكمەتكە تېگىش ئۈچۈن نېمە ئويۇنلارنى ئوينىغانلىقلىرىنى كىم بىلمەيدۇ، ۋۇي ئەرسىراپ قالغان جالاپ ...

— مەن ئازراق پىكىر قىلسام بولامدۇ؟ — هېكمەت نىزاخۇنغا قارىدى.

— قېنى سۆزلە ...

— قۇتبىرەمنىڭ ئەكسىيەتچى نىيىتى ئۇلا ئەمەس، — دېدى هېكمەت كۆپچىلىككە قاراپ، — ئۇ بىزنىڭ چېگرا جەڭچىلىرىمىزنى دېۋەڭ، هېچنېمىنى ئاڭقىرالمايدىغان، ساراڭ دەپ هاقارەت قىلدى. ئەگەر ئىتلار بۇرنىغا لازا كىرىپ ئاسمان باقتى بولۇپ قالغىنىدا، جەڭچىلىرىمىز چېچىلغان لازىنى بويلاپ،

قاچقانلارنى تۇتالماسما؟! ...

— ھوي يا سۈي، — دېدى بانىخان باداڭ ئۆلتۈرغان يېرىدە قىمشىپ قويۇپ، — مۇشۇ پاخپاقنىڭ سۆزىگە چۈمپۈ-تۈپ ئولتۇرغان بىزمۇ ئەخمەق ...

بىردىنلا ئىشخانا ئىچىدە قاتتىق كاركىرغان شوئار ئاۋازى ياڭرىدى، بۇ مەمتىلى ئىبراھىم ئىدى:

— ئارىمىزدىكى يوشۇرۇنغان ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى تار-تىپ چىقىرايلى! ...

بىر يىللىرى زەينىدىن يولۇققان پاجىئەگە، قۇتبىرەم دۇ-چار بولدى. دانىشمەنلەر: «يامانلىق قىلما يامانلىق كۆرەرسەن، ئازگال كولىما ئۆزۈڭ يىقىلۇرسەن» دېگەنىكەن. ھاياتلىقتىكى بۇ مىزانى ئىبرەتنى. قەلب دەپتىرىدىن يۇيۇۋەتكەن ھەرقانداق ئادەم ئەنە شۇنداق ئاقىۋەتكە قالىدۇ. بۇ مانا مۇشۇنداق جۇدۇن - چاپقۇنلۇق يىللاردا ھەر دائىم ئىسپاتلىنىپ تۇرغان ھەقىقەت! شۇڭا ئاتا - بوۋىمىز: «خۇدانىڭ ئارغامچىسى ئۇزۇن بىر كۈنى تارتىدۇ، ئۆزۈڭ تۇيماي قالىسەن» دەپ بىكار ئېيتمى-غان.

سىن - سىپاتىدىن بىردەمدىلا چۈشۈپ كۆزلىرى مۆلۈلدەپ قالغان قۇتبىرەم باشتاق قىلىنىپ تارتىپ چىقىرىلغانلار قاتارىغا ئۆتكىنىدە، يېنىدا مۈكچىيىپ ئولتۇرغان زەينىدىن ئۇنىڭغا يەر ئاستىدىن قاراپ ھىجىيىپ قويدى. بۇ ئۇنىڭغا خەيرخاھلىق قىلغىنىمۇ ياكى ئۆز سېپىنىڭ كۆپەيگەنلىكىدىن خۇشال بولغى-نىمۇ بىلگىلى بولمايتتى. ئىش قىلىپ زەينىدىننىڭ چىرايىدىن سەمىمىيلىك چىقىپ تۇراتتى. چۈنكى، ئۇنىڭ كۆڭلىگە شۇۋى قەدرى نۇرى چۈشكەندەك ۋىللىدە يورۇغانىدى. ھايات تارازىسىدا قېقىلىپ - سوقۇلۇپ، ئاچچىق - چۈچۈكنى تېتىپ، دۇنيادا ياخشىلىقتىن ئۆزگە تالاشقۇدەك بىر نەرسىنىڭ يوق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ يەتكەن زەينىدىن كۆڭلىدە: «توۋا، تەڭرىگە شەك

كەلتۈرگىنىم بولماپتۇ» دەپ ئويلىدى. خەيرىيەت، ھېلىقى يە-
لى ئۇ مۇراتقا تۆھمەت قىلىپ تارتىپ چىقىۋىدى، شۇ ھامان
ئۆزىمۇ ئۇنىڭدىن بەتتەر سۇپۇرگىدەك ياغلىنىپ، سەپنىڭ ئالدى-
دا دۈڭغايدى. مانا قۇتبىرەممۇ ھېكمەتكە سۈيقەست ئىشلە-
تىپ، كۆز يۇمۇپ ئاچقۇچە ئۆزىنى گوداڭدا كۆردى. كونىلار-
نىڭ: «خۇدايىم گۇناھى كەبىر[1] ئۆتكۈزگەنلەرگە دەرھال غەزەپ
نەزەرىنى سالىدۇ. گۇناھى سەغىر[2] سادىر قىلغان، لېكىن
نىيىتى دۇرۇس بولمىغانلارنى ئارغامچىنى ئۇزۇن قويۇپ بې-
رىپ، ئەل ئالدىدا شەرمىسار، دوست - يارەن ئالدىدا خاكىزار،
ئاخىرقى ئۆمۈر مەنزىلىدە زەبۇن قىلمىقى بەرھەقدۇر ···» دېگەن
دۇردانىلىرىنى نېمىشقىمۇ ئۇنتۇپ قالغاندۇر!

زەينىدىنىنىڭ نېپىز كالپۇكلىرى ئۇزۇنغىچە مىتىلداپ
تۇردى. چۈنكى، ئۇ ئىچىدە: «تووۋا قىلدىم، تووۋا قىلدىم»
دېگەن سۆزنى ئۇزمەي زىكرى قىلىۋاتاتتى. ھەي دەرىخا، تەڭرى-
نىڭ بەندىلىرىگە سەلتەنەت تەختى ئاتا قىلىپ، بېشىغا تاج
كىيگۈزۈشى، قولىغا ساپاي، ئۇچىسىغا جەندە - كۆلا كىيگۈزۈپ
قەلەندەرلىك كوچىلىرىغا تاشلىشى، ئازاب - ئوقۇبەت، مۇشكى-
لى گىرىۋانلاردا قىينىشى، بەندىلىرىنىڭ قايسىسى ساپ گۆھەر،
قايسىسى ئەرزىمەس داشقال ئىكەنلىكىنى سىنايدىغان سىناق تارا-
زىسى ئوخشايدۇ. بېشىغا تاج كىيىپ چاتىرقىغا پاتماي كەتكەن-
لەرمۇ، جاپا - مۇشەققەتتىن قەددى پۈكۈلگەنلەرمۇ ئەبەدىلىك
ئەمەستۇر، شۇڭا دەرۋىشلەرنىڭ «بۇ بەخت سەندە مەڭگۇ قال-
ماس، بۇ مېھنەت مەندە مەڭگۇ تۇرماس» دەپ ھۆكمەت ئوقۇغان-
لىرى بىكار ئەمەس. بۇ دۇنيادا ئۆلمەيدىغان بىرلا نەرسە
بار، ئۇ بولسىمۇ ياخشىلىق، يەنىلا ياخشىلىقتۇر. ما-

---

① گۇناھى كەبىر - چوڭ گۇنا.
② گۇناھى سەغىر - كىچىك گۇنا.

نا، ھېكمەتنىڭ بىر ئېغىز سۆزى بىلەن بىقۇل بىچارىلەر بىر ئاپەتتىن قۇتۇلمىدىمۇ! ...

ئىشخانىغا كاتىپ ئابلىز بەكرى كىرىپ كەلگەندە، زەيند- دىنىنىڭ كالپۇكلىرى مىدىرلاشتىن توختىمىغانىدى. كاتىپ ھېكمەتنىڭ يۈزلىرىدىكى قاننى كۆرۈپ ئەندىككەندەك بولدى - دە نىزاخۇنغا ئالىيىپ قارىدى. ئۇ ئەتە ئەتىگەن شەھەردىكى خەلق مەيدانىدا «كەڭچىلىك قىلىش، ۋە قاتتىق چارە كۆرۈش» چوڭ يىغىنى ئېچىلىدىغانلىقى، شۇڭا ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچى، ئىش- چى - خىزمەتچىلەرنىڭ سائەت سەككىزگە ئۈلگۈرۈپ كىرىشنى ئۇقتۇرۇپ قويۇپ چىقىپ كەتتى.

# ئاخىرقى دوقال

1970 - يىل 4 - ئاينىڭ 7 - كۈنى خەلق مەيدانى① ئۇن مىڭ ئادەم بىلەن تولدى. ۋىلايەتلىك ۋە ناھىيىلىك ئىدارە - ئورگان، كان - كارخانا، زاۋۇت، مەكتەپ، دوختۇرخانىلاردىن سەپ تارتىپ كەلگەن ئادەملەر شۇنچە چوڭ مەيدان يۈزىنى داستىخاندەك يېپىپ ئولتۇراتتى. ئىزغىرىن شامالدا يەلپۈنۈپ تۇرغان قىزىل بايراقلار سان - ساناقسىز ئىدى. بايراق، پلاكات، لوزۇنكىلار بىلەن بېزەلگەن يىغىن سەھنىسى خېلىلا يىراق بولسىمۇ، ئېگىز كۆتۈرۈلۈپ سېلىنغاچقا پۈتۈن مەيدانغا كۆرۈنۈپ تۇراتتى. سەھنە بېشىدىكى «كەڭچىلىك قىلىش ۋە قاتتىق چارە كۆرۈش چوڭ يىغىنى» دېگەن خەت يىگىرمە مېتىردەك قىزىل خەسگە يېزىلغاچقا، مەيداننىڭ ئەڭ چەتلىرىگىمۇ ئايدىڭلا كۆرۈنەتتى. ھەربىر ئورۇن ئۆزىنىڭ تارتىپ چىقارغان «قارايىپ» لىرىنى باشتاق ھالدا ئوتتۇرىغا ئالغان، «نىشانلىق» لىرىنىڭ يېنىغا بىر - ئىككىدىن مىنبىڭ قويغانىدى. ئادەم دېڭىزىغا ئايلانغان شۇنچە چوڭ مەيدان تەنلەر ئەيمەنگۈدەك تىپتىنچ بولۇپ، بىرەر تىۋىش ياكى سادا ئاڭلانمايتتى. ئادەملەر يان - يېنىغا قاراشقىمۇ پېتىنالمايتتى. چۈنكى، مەيداننىڭ تۆت ئەتراپىغا سانجاق تىزىلىپ كەتكەن ھەربىي ماشىنىلار، ئۇنىڭ كەينىلىرىگە تىكلەنگەن ئىككى پۈتلۈق پىلىموتلار، تانكا تۆشۈكلىرىدىن چىقىپ تۇرغان قاپقارا ئەجەل ئىغىزلىرى، ئەتراپ-

---

① خەلق مەيدانى - ھازىرقى «قىزىل يۇلتۇز» كىنوخانىسى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئىدارە، ئاھالىلەر ئورنىغا توغرا كېلىدۇ.

تىكى ئۆگزىلەرگە بېكىتىلگەن ئېغىر زامانىۋى قوراللار، ھەتتا زەمبىرەكلەر مەيدانغا قارىتىلغانىدى، ئېنىقكى، بۇ ھەيۋە پۈتۈن مەيدانغا دەھشەتلىك سۈر پەيدا قىلغانىدى.

ئەتراپلارغا ئورنىتىلغان يۇقىرى ئاۋازلىق كانايلار بىردەك ياڭرىدى. سەھنىدىكى مىكروفون ئالدىدا بىر ھەربىي يىغىننىڭ باشلانغانلىقىنى ئېلان قىلىپ، كىمنىدۇر سۆزگە تەكلىپ قىلدى. كۆك ئىشتان، سېرىق چاپان كىيگەن ئېگىز، ئورۇق ھەربىي مىكروفون تۇمشۇقىنى يۇقىرىغا قارىتىپ گېلىنى قاتتىق بىر قىردى. ئۇ ھەربىر سۆزىنى غۇلاچلاپ سوزۇپ «ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى سەن يوقاتمىساڭ ئۇ سېنى يوقىتىدۇ» دېگەن ئۇزۇندىنى ئوقۇغاندىن كېيىن، خەلقئارا ۋەزىيەت ئۈستىدە ئازراق توختالدى. ئاندىن پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئىنقىلاب يۈنىلىشى، ئىنقىلاب تەقەززاسى، سىنىپىي كۈرەشنىڭ يېڭى يۈزلىنىشىنى سۆزلەپ ئۆتتى. بولۇپمۇ شىنجاڭنىڭ ئىنقىلاب ۋەزىيىتى مەسىلىسىدە ئەكسىلئىنقىلابچىلارنىڭ ئىتتىنىڭ تۈكىدەك كۆپ ئىكەنلىكىنى غەزەپ بىلەن ۋارقىراپ سۆزلىدى، ئۇ ھەربىر تىنىغاندا ئۇزۇنغا سوزۇلغان شوئارلار توۋلىنىپ تۇردى.

— قاتتىق سۆڭەك ئىنقىلابچىلار! — ۋارقىرىدى ئېگىز ھەربىي، — ئۇلۇغ داھىمىز ماۋجۇشى بىزگە: «شىنجاڭغا ئاساسىي خەۋپ سوۋېت شيۇجېڭجۇيىچىلىرىدىن كېلىدۇ.» دەپ تەلىم بەرگەن. شىنجاڭدىكى ئەكسىلئىنقىلابچىلار، شيۇجېڭجۇيىچىلار، سوتسىيال جاھانگىرلىكنىڭ غالچىلىرى بىلەن ئېغىز - بۇرۇن يالىشىپ، چوڭ ئەكسىلئىنقىلابىي تۇپىلاڭ كۆتۈرمەكچى! خەلقئارادىكى جاھانگىرلار، ئەكسىيەتچىلەر، شيۇجېڭجۇيىچىلار، دۆلىتىمىزدە ئېلىپ بېرىلغان ئۇلۇغ پرولېتارىيات مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىنى قارغاپ ئومۇمىي خور باشلىۋىدى، ئېلىمىزدىكى ئەكسىلئىنقىلابچىلارمۇ ئۇلارغا ماسلىشىپ داقا - دۇمباق چېلىپ مەيدانغا

چىقتى. ئۇلۇغ داھىمىز ماۋجۇشى: «ھەرقېتىم تەيفېڭ شامىلى چىقىپ، يامغۇر ياغقۇچە چۇمۇلە ئۇردىسىدىن چىقىدۇ، ئۇلارنىڭ ‹بۇرنى› ناھايىتى سەزگۈر، ئۇلار ھاۋارايى ئىلمىنى بىلىدۇ ...» دەپ بىزنى بۇرۇنلا ئەسكەرتكەندى ...

مەيداندا يەنە شوئار ئاۋازلىرى ياڭراپ خېلىغىچە تۇختىمىدى ...

— خوتەندە ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھ ئۇيۇشتۇرغان، پەردىنىڭ ئالدى - كەينىدە قۇتراتقۇلۇق قىلغان ئەكسىيەتچىلەر، سەنلەر بىر توپ چەرەندى - پەرەندىلەردىن ئىبارەت خالاس، — يوقىرى ئاۋازلىق كانايلار قايتىدىن ياڭرىدى، — پارتىيىمىزنىڭ سىياسىتى ئەزەلدىن شۇنداق بولۇپ كەلدى، «ئىقرار قىلغانلارغا كەڭچىلىك، قارشىلىق قىلغانلارغا قاتتىق بولۇش»! شۇنىمۇ دەپ قويايكى، جاھىللارغا ئۆلۈم يولىدىن باشقا يول يوق. مەن ھەرقايسىڭغا ۋاقىت بېرىمەن، پۇرسەتنى غەنىيمەت بىل، دەرھال سەھنىگە چىقىپ ئۆزۈڭنى مەلۇم قىل! ...

— ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرايلى! ...

— تەنبەي سۇڭ كۆەن، كاڭجۇ سۇڭ يەن[1]، — خەنزۇ شوئارچىلىرىمۇ ھەدەپ تۈۋلىماقتا ئىدى.

— قېنى ئەمىسە، بەش مىنۇت ... ئۈچ مىنۇت ... بىر مىنۇت ... ، — كانايدىن بىردىنلا دەھشەتلىك بۇيرۇق ئېلان قىلىندى، — خوتەندىكى ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھنىڭ باشلىقى نۇرىيوف قولغا ئېلىنسۇن! ...

بىر توپ ساقچى ۋە مىنبىگلار نۇرىيوف ۋالىينىڭ قول ۋە گەجگىلىرىدىن قاماللاپ، ئۇچقاندەك سۆرەپ ماڭدىكى مەيداندىكى توپىلار پۇرقىراپ، ھەتتا ئۇلار كۆرۈنمەي قالدى. بىردەمدىلا چەمبەرچاس باغلانغان نۇرىيوف سەھنىگە ئېلىپ چىقىلىپ

---

① ئىقرار قىلغانلارغا كەڭچىلىك، قارشىلىق قىلغانلارغا قاتتىق بولۇش.

ئەڭ ئالدىغا دۆڭغايتىپ قويۇلدى. ئىككى مىنىتىڭ ئۇنىڭ گەج-گىسىدىن بېسىپ تۇردى.

كانايدىن بەش مىنۇت، ئۈچ مىنۇت بىر مىنۇت ... دېگەن سۆزلەر بىرنەچچە قېتىم تەكرارلىنىش بىلەن ئابلىز مۇھەممىدى ۋالىي، سابىق سۆي ۋالىي قاتارلىق بىرنەچچە رەھبەرلەر ئارقا - ئارقىدىن سەھنىگە ئېلىپ چىقىلدى. بولۇپ-مۇ پارتىيە مەكتىپىنىڭ مۇدىرى زاكىر زىيانى توپا - چاڭغا مىلەپ، دارقىرىتىپ سۆرەپ ماڭغاندا، بىر پاي ئايىغى نەدىدۇر چۈشۈپ قالغاچقا، بىر پۇتى يالاڭ ئاياغ ئىدى. ھېكمەت ئارقى-سىدا بىرنەچچە قاتار نېرىدا ئولتۇرغان كاملغا چاندۇرماي قاراپ قويدى. ئۇنىڭ بىر كۆزى قاپقارا قان ئۇيۇپ كەتكەن بولۇپ، پېشانىسى تېڭىقلىق تۇراتتى. غوجى تەلۋە، روزاخۇن ئۆپكىلەر، تارتىپ چىقىرىلغانلارنىڭ دۈمبە، بېقىنلىرىغا تېپىپ: «سەھنى-گە چىقمامسەن، ئۆزۈڭنى مەلۇم قىلمامسەن» دەپ قىستايتتى.

— بەش مىنۇت ... — كانايدىكى ۋەھىملىك ئاۋاز ئۈزلۈكسىز ياڭرىماقتا ئىدى، — نۇرىيوف ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھىنىڭ پەردە ئالدىدىكى پىلانلىغۇچىسى جارۇللا ئەخمىدى قولغا ئېلىنسۇن! ...

بىر توپ چاپارمەنلەر جارۇللا ئەخمىدىنىڭ قوللىرىنى قاي-رىپ ئېلىپ مېڭىشتى، جارۇللا ئەخمىدى خوتەندىكى ئەڭ يىرىك زىيالىيلارنىڭ بىرى بولۇپ، ئاتاغلىق شائىر ۋە ژۇرنالىست ئىدى. ئۇنىڭ يازغان شېئىر، داستان، ئىلمىي ماقالىلىرىنى شىنجاڭ خەلقى سۆيۈپ ئوقۇيتتى. بولۇپمۇ ياش قەلەمكەشلەر ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ ئۇستازى دەپ بىلەتتى ...

چۈشكىچە داۋاملاشقان «كەڭچىلىك قىلىش، قاتتىق چارە كۆرۈش» يىغىنى تۈگەپ ھەممە ئورۇنلار تارقاشقا باشلىدى. قولغا ئېلىنغان پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى، زىيالىيلار، ئادەتتىكى ئىدارە باشلىقلىرى لاتا پىكاپلاردا ئېلىپ كېتىلدى.

خوتەن تارىخىدا بولۇپ ئۆتكەن بۇ ئېچىنىشلىق پاجىئەدىن بىر
كۈن ئۆتتى. 4 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى خوتەن ناھىيىسى ئۆز
ئالدىغا «كەڭچىلىك قىلىش، قاتتىق چارە كۆرۈش» چوڭ يىغىد-
ىنى ناھىيىلىك تراكتور پونكىتىدا داغدۇغىلىق باشلىدى. بۇ
يەردىمۇ ناھىيە دەرىجىلىك رەھبىرىي خادىملار، زىيالىيلار،
ئوقۇتقۇچىلار، مەمۇرىي خادىملار «بەش مىنۇت ...، بىر مىد-
نۇت» نىڭ قۇربانى بولدى. بۇلارنىڭ قاتارىدا جارۇللا ئەخمىدد-
ىنىڭ ئون ئالتە ياشلىق ئوغلى ئىھسانمۇ بار ئىدى. بولۇپمۇ
ھېكمەتنى ھەيران قالدۇرۇپ، كۈچ ـ مادار ئاتا قىلغىنى تەۋەك-
كۇللۇك دوختۇر يىگىرمە تۆت ياشلىق بىلىقىز[1]نىڭ جاسارىتى
بولدى. ئۇنىڭ چاچلىرى چۇۋۇلغان، ئاغزى ـ بۇرنى قانىغان
بولسىمۇ، تارتىپ ئېلىپ چىققۇچە، ھەتتا سەھنىدىمۇ مۇنازىرد-
ىلىشىپ، تىللاپ، ئىنقىلاپ چاپارمەنلىرىنى تىترىتىۋەتتى ...
ئىككى چوڭ يىغىنىنىڭ تۈرتكىسى، مەدىتى، ئىلھامى،
گويا قۇرۇق قاقشال ئورمانلىققا چۈشكەن ئوت ـ چېقىن رولىنى
ئۆتىدى. جايلاردا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان بىرگە زەربە بېرىپ،
ئۇچكە قارشى تۇرۇش ئادەم تەسەۋۋۇر قىلالمىغۇدەك ۋەھشىي،
يىرتقۇچ غالجىر ئىتقا ئايلاندى. تارتىپ چىقىرىلغانلارنى ئاسماق-
قا ئېسىش، گاڭزىغا بېسىش، ئىچىگە شىغىل تولدۇرۇلغان
كۇلا كىيگۈزۈپ سازايى قىلىش، راكېتا ئۇچۇرۇش، كۈن چۈش-
مەس زەي زىندانلارغا سولاش، ئىنچىكە سىم بىلەن بويىنىغا چوڭ
تاختايلارنى ئېسىش قاتارلىق جازالار ۋە ھەرخىل قىيناقلار ئار-
قىلىق مەجبۇرىي ئىقرار قىلدۇرۇش ھەقدادىغا يەتتى.
ھېكمەتنىڭ، دېرىزىلىرى كېسەك بىلەن ئېتىۋېتىلگەن،
ئىشىك سىرتىغا قارا كىگىز تارتىلغان قاراڭغۇ ئىتتىپاق ياچېي-

[1] بىلىقىز تۇرمىدىمۇ ئاخىرغىچە باش ئەگمەي، ئېسىلىپ ئۆلۈۋېلىش بىلەن ياش ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇردى.

كىسىدا ياتقىنىغا ئىككى ھەپتە بولدى. دەسلەپتە ئۇنى كامىل بىلەن نۆۋەتلەشتۇرۇپ ئون كۈندەك كۆرەشكە سالدى. بىراق، ئۇلارنى «ئىما ـ ئىشارىلەر ئارقىلىق پىكىر بىرلىكىگە كېلىۋالىدۇ» دەپ ئويلىدىمۇ، كېيىن قايسىسى كۆرەشكە تارتىلسا بىرى قاتناشماي مەسىلىسىگە تەييارلىق قىلىدىغان بولدى. ھېكمەت ھەركۈنى ئۇرۇش، تىللاش، قالايمىقان ۋارقىراش ـ جارقىراشلار ئىچىدە چۇشۇۋاتقان سوئاللارنى يېزىپ ئۈلگۈرتەلمەيتتى. گەرچە ئۇلارنىڭ ھەرقېتىمدا قويغان سوئاللىرى بىرەر يۈزدىن ئاشسىمۇ مەزمۇنى ئەكسىيەتچى تەشكىلات مەسىلىسىلا يەنى «تەشكىلاتىڭغا قانچىلىك ئەزا قوبۇل قىلدىڭ؟»، «قانچە قېتىم ئەكسىيەتچى يىغىن ئاچتىڭ؟»، «تەشكىلاتىڭنىڭ پروگراممىسى نېمە؟» دېگەنلەردىن ئىبارەت ئىدى. ھېكمەت ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن قايتۇرغان جاۋابلىرىنى يادلىۋېلىپ قايتا تەكرارلايتتى.

بەش كۈندىن بېرى يالغۇز كۆرەشكە تارتىلىۋاتقان ھېكمەت، كامىلنى نەگە ئاپىرىۋەتكەنلىكىنى بىلمەي ئىچى تىت ـ تىت بولۇپ گۆردەك قاراڭغۇ ئۆيدە ئۇياقتىن ـ بۇياققا ماڭاتتى. ئۇ ئەمادەك تېمىسقىلاپ بۇلۇڭدىكى نەم خىشقىلا سېلىنغان يوتقان كۆرپىسىنى ئارانلا تاپاتتى ـ دە، تۇرۇقسقا قادىلىپ ياتاتتى. ۋەھىمىلىك خىياللار يۈرىكىنى قىسىپ، يەنە ئورنىدىن تۇراتتى. ئۇ ھەردائىم كۆرەشتىن چۈشۈشى بىلەنلا، ئىككى مىنىبىڭ نۆۋەتلىشىپ بېشىدا تىكىلىنىپ تۇرغىنىچە مەسىلە يازدۇراتتى. بىر كۈنى ئۇ شام يورۇقىدا ئىشىك تاختىيىدىكى تىرناقتەك يۇتاق ئىزىنى كۆرۈپ قالدى. ۋە ھەر كۈنى بورا ياغىچىدا ئۇنىڭ چۆرىسىنى كولاپ، يىلىملىرىنى چۇشۇرۇۋېتىپ كېيىن دۇپدۇگىلەك بىر كۆز ئاچتى. ئۇ بەزىدە ئاشۇ تۆشۈككە ئاغزىنى تۇتۇپ ساپ ھاۋانى سۈمۈرگەندىن كېيىن يۇتاقنى كۆزگە يەنە كەپلەپ قوياتتى.

تۆيۇقسىزلا كارىدوردىن يۆتەلگەن ئاۋاز كەلدى. بۇ تۆمۈر نىيازنىڭ «مەن نۆۋەتچىلىككە ئالماشتىم» دېگەن شەپىسى ئىدى. كۆڭلى ۋىللىدە يورۇغان ھېكمەت پۈتاق كۆزىگە تۇمشۇقىنى چاپلاپ:

— تۆمۈر نىياز، بەكمۇ تاماكا چەككىم كەلدى، — دەپ شىۋىرلىدى.

ئىشىككە يېپىلغان كىگىز قايرىلىشى ھامان تۆشۈكتىن ساپ ھاۋا بىلەن تەڭ تىرناقتەك نۇر سىزىقى ئېقىپ كىردى ۋە ھېكمەتنىڭ قان داغلىرى بىلەن بۇلغانغان كۆڭلىكىنى يورۇتتى. ئارقىدىن تاماكىنىڭ شوراش ئۇچى كۆرۈندى، ھېكمەت ئۇنى تىرناقلىرىدا قىسىپ تارتىۋالدى. تۆمۈر نىياز بەزى چاغلاردا يېرىم چېكىلگەن تاماكىنى تۆشۈككە تىققىنىدا شوراش ئۇچى بۇ تەرەپكە ئۆتمىگەچكە، ھېكمەت كۆزگە تۇمشۇقىنى يېقىپ شوراپ چېكەتتى.

— كامىل كۆرۈنمەيدىغۇ، — شىۋىرلىدى ھېكمەت.

— كامىلنى ھەربىيلەر باشلانغۇچ مەكتەپكە ئېلىپ كەتتى، شۇ يەردە كۈرەشكە تارتىلىۋاتىدۇ، ئۆزى ئاشلىق پونكىتىنىڭ يەر ئاستى قازنىقىدا ياتىدۇ، — جاۋاب بەردى تۆمۈر نىياز.

ھەرھالدا تۆمۈرنىياز ئۇنىڭ جېنىغا جان قوشۇۋاتاتتى. ھېكمەتكە تۇرمۇش پۇلى ئۇچۇن بېرىلگەن ئون بەش سومنىڭ يېرىمىنى تاماققا تۇتۇپ قالاتتى. ئەتىگەن - كەچ ئەكىرىپ بېرىدىغان يېرىمدىن زاغرا، چۈشتىكى بىر ئاياق ئوماچقا تويمىغان ھېكمەت، ھەر يەكشەنبە ھەممىسى دەم ئېلىشقا كەتكەندە تۆمۈر نىيازغا بىرنەچچە سوم بەرسە بازاردىن گۆلە - قاق، جىگدە، مۇنەك ئەكىلىپ بېرەتتى. بۇ نەرسىلەر ھەپتىگىچە قوشۇمچە ئوزۇق بولاتتى. بولۇپمۇ ھېكمەت يەكشەنبە كۈننى ھېيت - بايراملاردەك كۈتۈۋالاتتى. چۈنكى، تۆمۈر

نىياز ئوقۇتقۇچىسىنى دەپلا دەم ئېلىش كۈنىدىكى نۆۋەتچىلىكنى ئۆز ئۈستىگە ئالاتتى. ئۇ، تەرەتخانىغا ئاپىرىش باھانىسىدە هېكمەتنى سىرتتا خېلى كۆپ دەم ئالدۇراتتى، هېكمەت كۈرەشنىڭ يۈزلىنىشى، كامىلنىڭ ئەھۋالى توغرۇلۇق خېلى ئۇچۇرلارنى بىلىۋالاتتى. هازىر كامىل ئاشلىق پونكىتىنىڭ يەرئاستى قازنىقىدا تۇراپ ئىمىن بىلەن بىللە سولانغانىدى، ئەھۋالدىن قارىغاندا بۇ ئىككى رەقىپ خېلىلا چىقىشىپ قالغانلىقى مەلۇم.

چۈشتىن كېيىن غوجى تەلۋە بىلەن روزاخۇن ئۆپكە هېكمەتنىڭ گەجگىسىدىن بېسىپ كۈرەشكە ئېلىپ ماڭدى. ئۇلار ئىشخانا ئالدىغا كەلگەندە ئىشىكتىن لى گاڭ چىقتى ـ دە، شارتلا بۇرۇلۇپ كېتىپ قالدى. ئۇ هەركۈنى ئەتىگەن ـ كەچ كېلىپ كۈرەش ئەھۋالىنى، هېكمەتنىڭ نېمىلەرنى پاش قىلغانلىقىنى سورايتتى. شۇنداقلا كۈرەش قىلىشنىڭ، دىكتاتورا ئىشلىتىشنىڭ، قايسى مەسىلىلەرنى چىڭ تۇتۇشنىڭ مۇھىملىقى، چارە ـ تەدبىرلىرى هەم ئۇسۇلىنى كۆرسىتىش ئارقىلىق ئۇلغۇماچنى چىڭىتىپ قويۇپ كېتەتتى. دېگەندەكلا هېكمەتنى ئىشخانىغا ئېلىپ كىرىشكىنىدە شوئار ئاۋازلىرى ئادەتتىكىدىن قاتتىق هەم سۈرلۈك بولۇپ هەممىنىڭ پەيلى يامان ئىدى. قىزدىرىپ كەتكەن كىچىك كۆزلىرىنى ئالايتقان نىزاخۇن ئورنىدىن تۇردى ـ دە، تەردىن مايلاشقان شاپاق دوپپىسىنى قولىغا ئالدى. بۇنىڭغا قارىغاندا ئۇنىڭ راستتىنلا ئاچچىقى كەلگەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى. چۈنكى، ئۇ غەزىپى تاشقاندا شاپاق دوپپىسىنى كىرىشكەن بارماقلىرىدا غىجىمداپ ئالا ـ پاساق تاز بېشى بىلەن كارى بولمايتتى.

ــ يولداشلار، ئۇلۇغ داهىمىز ماۋجۇشى بىزگە: «ئىنقىلاب قىلىش پۇلا يېيىش، لەگمەن ··· ياق، ياق، زىياپەت بېرىش ئەمەس ···» دەپ تەلىم بەرگەن ··· ، ــ داۋاملىق ئىزىپ تۇرىدىغان چېكەتكە هېلىمۇ ئاداشقانىدى، ــ بىز بۇگۈن «سو-

ۋېتكە قېچىش ئەكسىيەتچى تەشكىلاتى» نىڭ زوڭتوڭى، ئەشەددىي شىۋجېڭجۇيىچى ئونسۇر ھېكمەتنىڭ، تەشكىلاتىغا ئادەم كۆپەيتىش، قانداق ئۇسۇللاردا باشقىلارنى ئۆزىگە جەلب قىلىش جىنايىتىدىن ھېساب ئالىمىز! شۇڭا ئىنقىلابچىلىرىمىز ھوشيارلىقىنى ھەسسىلەپ ئاشۇرۇپ، دۈشمەنگە نەق، ئەجەللىك زەربە بېرىشىمىز كېرەك.

چېكەتكىنىڭ سۆزىدىن كېيىن كۆتۈرۈلگەن شوئارلار بىر - بىرىگە ئۇلىنىپ بىر چاغقىچە توختىمىدى.

— گەپ قىلە! ...

— شاببۇل دەيمە ! ...

نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئالدىغا دوقال بولۇپ كېلىۋاتقان بۇ سوئال، كۈرەشتىكى قالايمىقانچىلىق، ۋارقىراش، تىللاش، ئۇرۇش ئىتتىرىشلەر بىلەن ئۇنتۇلۇپ قالاتتى. لېكىن، كاتتا خىزمەت كۆرسىتىپ، پاتراق ئىنقىلابچىلارنىڭ سېپىگە قېتىلىش ئۈچۈن بارغانسېرى غالجىرلىشىۋاتقان زەھەرخەندە قۇتبىرەم بۈگۈن بۇ سوئالغا چىڭ يېپىشىۋالدى. ئۇ، ھەدېسىلا كامىل، زىكرۇللاغوجى، توختى قۇربان، ئەخمەت ھوشۇر، زەينىدىن قاتارلىق يىگىرمىدەك ئەر - ئايال مۇئەللىملەرنى چىشلەپ تارتىپ، ئادەم ئەقلى يەتمەيدىغان تۆھمەتلەرنى ئەپلەپ توقۇپ، ھەممىسىنى سىنىپىي دۈشمەنلەرگە ئايلاندۇرۇپ قويۇۋاتاتتى. دېمى ئىچىگە چۈشۈپ، تاياق - توقماققا قېلىۋاتقان بۇ كىشەنسىز تۇتقۇنلار قۇتبىرەمنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ قالغاندى. ھېكمەت ھەر قېتىم كۈرەشكە چۈشكەندە، ئۇنىڭ ئاغزىنى قانداق تۇۋاقلاش لازىملىقىنى ئويلايتتى. ئۇ بۈگۈن قۇتبىرەمنى ئۇستىلىق بىلەن يەرچىشلەتمەكچىدى، بىراق لى گاڭ ئاكتىپلارنىڭ قۇلىقىنى راسا تولغاپ، بىگىزىنى جان يېرىگە تىققانمۇ ئۇلار مۇشۇ بىر سوئال ئۈستىگە يېلىمدەك چاپلاشقانىدى. «يوق تەشكىلاتقا قانداق ئەزا قوبۇل قىلاي» دېسە، ھەپسىلىسى پىر بو-

لۇپ، غالجىر ئىتقىلا ئوخشاپ قالغان بۇ كىشىلەر ئەلپازىنى
بۇزۇپ، ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتمىگەندىمۇ مېيىت قىلىپ قويۇشتىن
يانمايتتى. باشقىلارغا زىيانكەشلىك قىلىش بۇ سىياسىي يانچۇق-
چىنىڭ تەبىئىتى ئىدى. تا ھازىرغىچە ئايىم نۇرى ئىسىگە كەل-
سىلا ھېكمەتنىڭ كۆزلىرىدىن ئوت ياناتتى. ئۇ سەپداشلىرىنى
كۆيدۈرىدىغان بۇنداق ئىپلاسلىقنى يۈرىكىگە سىغدۇرالمايتتى.
لېكىن، بۇ ئەسنادا ئېتىلىپ كەلگەن قۇتبىرەم ئۇنىڭ ياقىسىغا
ئېسىلىپ كاچىتىغا بىرنى سالدى ـ دە، تۇكۇرۇكلىرىنى چاچىرى-
تىپ چالۋاقاپ كەتتى:
— ھەي، زىكرۇللاغوجى، توختى قۇربانلار ماھىگۇل ئار-
قىلىق يېڭىئېرىق سۇئامبىرىغا، ئەلنامىغا خەت ئەۋەتىپ كامىل
ئىككىڭلار بىلەن ئالاقە قىلغىنى يالغانما؟ — قۇتبىرەم ھېكمەت-
نىڭ ياقىسىدىن تارتىپ سىلكىدى، — زەينىدىن رېجىم ئاستى-
دا ئۆزگىرىۋاتقان مۇراتقا ئەجەب بىر دەرىجە مائاش بەرگۈسى
كېلىپ قالدا ... ئەخمەت ھوشۇر ئۈچ گېزەندىنىڭ مائاشلىرىنى
ۋاقتىدا ئەۋەتىپ ھالىدىن خەۋەر ئالدىغۇ... — قۇتبىرەم كۆپ-
چىلىككە يۈزلەندى، — يولداشلار، بۇ ئەكسىيەتچىلەر ئەزەل-
دىن بىر جاڭگالنىڭ بۆرىلىرى، ھەتتا ھېكمەت، كامىللار قاي-
تىپ كەلگەندە زىكرۇللا غوجى ئۇلارغا مېھمان قىلىش باھانىسى-
دا توختى قۇربان، ئەخمەت ھوشۇر، زەينىدىن مۇشۇ قاتارلىق
ئولتۇرغان ئەكسىيەتچى تەشكىلات ئەزالىرىنى ئۆيىگە يىغىپ يى-
غىن ئاچتى ...
قۇتبىرەمنىڭ سۆزى ئاخىرلاشمايلا ئالتە ـ يەتتە قارام مىن-
بىڭلار يوپۇرۇلۇپ كەلدى ـ دە، پۇت ـ قوللىرى بىردەك
ھەرىكەتكە كەلدى. يەردىلا ئولتۇرۇپ قالغان ھېكمەت قوللىرىدا
بېشىنى توسۇپ پۈكۈلۈپلا قالدى. مىنبىڭلار ئۇنىڭ ئۈتتۈر
كەلگەن يېرىگە مۇشت سالاتتى، يېقىن كېلەلمىگەنلىرى پۇتلار
ئارىسىدىن بېقىنلىرىغا تېپەتتى. دۇمبا ـ تېپىك توختايدىغاندەك

ئەمەس ئىدى. قەيىرىدۇر ئېچىشىپ، ئىچى قاراڭغۇلىشىپ كې-
تىۋاتقان ھېكمەتنىڭ كاللىسىدىن قىلدىن ئىنچىگە، قىلىچ تى-
غىدىن ئىتتىك بىر مېكىر سىرغىپ ئۆتتى ـ دە، ئۇ «قۇرغان»
دەپ ۋارقىرىدى. نىزاخۇن قولىنى كۆتۈرۈشى «جاللاتلار» ئار-
قىغا داجىشتى.

— قېنى ئېيتە، كىملەر بىلەن قۇرغان؟ — نىزاخۇن
ئۇنىڭغا ئېڭىشتى.

— مەن ... — كۆڭلەكلىرى يىرتىلىپ، يۈزلىرىدىن
قان ساقىپ تۇرغان ھېكمەت قوللىرىغا تايىنىپ ئاراڭ-
لا تۇردى، — مەن ... قۇتبىرەم بىلەن قۇرغان ...

قۇتبىرەمنىڭ قۇلاقلىرىغا چىۋىن كىرىۋالغاندەك غوڭۇلداپ
كەتتى. ئۇ ئاڭلىغانلىرىغا ئىشەنمەيۋاتقاندەك «مەنما؟» دەپ
سەكرەپ تۇرۇشى، غوجى تەلۋە: «ئولتۇر جالاپ» دېدى ـ دە،
گەجگىسىگە بىر مۇشت سېلىپ يەرگە مىقلىۋەتتى.

— ماۋۇ قارا يىپ ئەكسىيەتچىلەرچۇ؟ — نىزاخۇن بىر
بۇلۇڭغا تىقىلىشىپ، باشتاق ئېڭىشىپ ئولتۇرۇشقان ئون نەچ-
چە مۇئەللىمنى كۆرسەتتى، — گەپ قىلە، ياۋاش بول ...

— زىكرۇللا غوجى، توختى قۇربانلار پارتىيە ئەزالىرى
ھەم ئۇزۇن يىللىق نەمۇنىچى ئاكتىپلار، ئۇلارغا قانداقمۇ ئىشە-
نىپ بىر نېمە دېگىلى بولسۇن، — قورسىقىنى تۇتۇپ
ئېڭىشىپ قالغان ھېكمەتنىڭ ئاۋازى ئارانلا چىقاتتى، —
ئەخمەت ... ئەخمەت ھوشۇرنىڭ بولسا قالپىقى بار ... داۋاملىق
قانۇننىڭ نەزەربەنتى ئاستىدىكى بۇنداق ئادەمنى تارتىش ئەخمەق-
لىق ... ھەممىڭلارغا ئايان، كاملىنىڭ توقسانگە كىرگەن موما-
سى، ئاچىسى، بېقىۋالغان قىزى بار. ئۇ، بۇ ئىشنى ئاڭلىسا
ئاغزىمغا سېلىشتىن يانمايدۇ ...

ھېكمەت سۆزلەۋاتقاندا قورقىنىدىن كۆزلىرى چەكچىيىپ
ئۆپكىسى بوغۇزىغا كەپلىشىپ، پۈتۈن بەدىنى قۇلاققا ئايلانغاندەك

تىكىلىپ تۇرغان بىچارىلەر «ئۇھ» دېگىنىچە يۈرىكى ئورنىغا
چۈشتى، ئەمما زەينىدىنىنىڭ كۆزلىرى مۆلۈلدەپ، كالپۇكلىرى
تىترەپ، يىغلىغاندەك ئۇمچىيىپ ئولتۇراتتى. پۇرسەت ياكى
كىچىككىنە يـوچـۇق چىقسا سـۈيىقـەسـت قىلىش، تۆھمەت
چاپلاش، بىر-بىرىنى ئورنىغا ئىتتىرىش ئەۋج ئالغان بۇ زاماندا،
ھېكمەت ئۆچ ئالماي قالارمۇ؟ دېمىسىمۇ زەينىدىن ئۇنى قانچى-
لىك دىشۋارچىلىقلارغا سالمىدى! توغرا، ئۇ ھەممە ئۆچ- ئادا-
ۋەتنى بىر يولىلا ئالسا، دەردىنى چىقارسا يوللۇق، بۇنىڭغا
زەينىدىن نېمىمۇ دېيەلىسۇن، ئۆزىگە ئاز، كىم ئۇنى شۇنچىۋالا
چېتىنغا پاتماي قالسۇن دەپتۇ! ...
— ئەمىسە زەينىدىنچۇ؟ — نىزاخۇنىنىڭ ئاۋازىدىن زەي-
نىدىن چۆچۈپ كەتتى، — ئەگەر چىقىش يولۇمنى تاپمەن،
كەڭچىلىككە ئېرىشىمەن دېسەڭ ئۇنى دەرھال پاش قىل ...
ھېكمەت زەينىدىنگە قارىدى، قارىغاندىمۇ كۆز گۆھەرلىرى
ئېقىپ كەتكۈدەك قارىدى. زەينىدىنىنىڭ ئۆچ دوستىنى يوقىتىش
ئۈچۈن قىلغان ھىيلە - مىكىرلىرى ھېكمەتنىڭ كۆڭۈل ئېكرا-
نىدىن بىر - بىرلەپ ئۆتتى. ئەمما، بېشى گەجگىسىگە چۈك-
كەن، ئىككى قولى تىزلىرىنى قۇچاقلىغان، كۆز نۇرلىرى خۇ-
نۇكلەشكەن زەينىدىن «بارلىق ئۈمىد - ئارزۇيۇم، ئىقبال -
تەقدىرىم سىنىڭ قولۇڭدا، ماڭا ئەمەس بالىلىرىمغا رەھىمىڭ
كەلسۇن» دېگەندەك ئۇنىڭغا مۆلۈلدەپ قاراپ تۇرۇپتۇ. ھېكمەت-
نىڭ بىردىنلا ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىپ قالدى. لېكىن، كىمدۇر
بىرى ئۇنىڭغا: «ۋۇي، بۇ ساڭا نەدىن ياماشقان قۇللۇق، رەھىم
قىلما، ئەڭ بولمىسا ئاشۇ ناتىۋان گۈلزىبانىڭ ئۆچىنى ئال»
دېسە، يەنە قانداقتۇر بىر ئاۋاز: «ئىگىلگەن باشنى قىلىچ كەس-
مەس، نام - نەسىۋەڭنى بولغىما» دەپ ئەسكەرتەتتى ...
— مەن زەينىدىننى تەشكىلاتىمغا تارتقىلى ئەخمەق ئە-
مەس، — دېدى ھېكمەت قەددىنى رۇسلاپ، — ئۇ ... ئۇ

دېگەن نەق ئەكسىلئىنقىلابچى تۇرسا ... بۇنداق پېشانىسىدا قاشـ
قىسى بار ئادەمنى تارتسام ئۆزۈمنى ئورنىغا ئىتتەرگەن بولىمەنـ
مەن ... ئۇ يوق ...

زەينىدىن مىچىلداپ يىغلىۋەتتى. يىغلىما زەينىدىن، بىھۇ-
دە ياش تۆكمە! بىلەمسەن، يىغا دېگەن قىرىق كۆڭلۈك يەردىن
كېلەرمىش. قارىغاندا ئاشۇ باللارنىڭ ياققان شام ـ چىراغلىرى
قارا كۆڭلۈكنى يورۇتقان چېغى، سەن ئەمدىلا «ئادەم» دېگەن
ئۇنۋانغا قەدەم ئېلىۋاتساڭ كېرەك. ئانام مېنى «ئادەم» دەپ
تۇغقان دېيىشىڭ مۇمكىن، كونىلار: «ئانىنىڭ قورسىقىدىن
ئارغامچا، توقۇناقتىن باشقا ھەممە نەرسە چۈشىدۇ» دەپ بىكار
ئېيتمىغان، شۇڭا ئىككى پۇتلاپ ئۆرە ماڭغاننىڭ ھەممىسى ئادە-
ھېسابلىنىۋەرمەيدۇ. سەندە مەنسەپ ـ ئاتاقتىن باشقا ئۆز قوۋ-
مىڭگە مېھىر ـ مۇھەببەت بولمىسا، «رەھىمسىزلىك» تىن
ئىبارەت گۆھىرىڭ بىلەن ئادەملىك خىسلىتىڭنى يوقاتقان تۇر-
ساڭ، سېنى قانداقمۇ «ئادەم» ھېسابلىغىلى بولسۇن؟! بۆرە
چېغىدا ئۆز توپىغا خىرىس قىلمايدىغۇ، قارىغىنا، ھېكمەت ئۆزد-
نى قۇربان قىلىش ھېسابىغا دوستلىرى، سەپداشلىرى ھەتتا
سەنـدەك ئىبلىسنىڭ يولىنى تۇتقان ناباب بەندىنىمۇ
قۇتقۇزدىغۇ؟! ئويلاپ باق، ھېكمەتمۇ ياش ئىدىغۇ، كىم
بىلىدۇ قەلبىدە ئاجايىپ ئارزۇ ـ ئۇمىدلىرى بار بولغىيتتى.
بۇنداق چوڭ بەدەل تۆلەشنىڭ تېگىگە يېتەلمەيسەن! نېمە ئۇ-
چۇن؟ چۈنكى سەن «ھەقىقىي ئادەمىيلىك» ئىتاپلىرىدىن بەكمۇ
يىراقتا ... سېنىڭ مەنپەئەت، ئەمەل غېمىدا ئۆز قېرىنداشلىـ
رىڭنىڭ باشلىرىغا نېمە كويلارنى سالغىنىڭ ئېسىڭدىدۇ؟ شۇنى
ئېسىڭدىن چىقارما، ئەمەل، ئاتاق، مەنپەئەت تاڭدىكى تۇمان،
سۇ ئۈستىدىكى كۆپۈكتەك نەرسە، ۋاقتى كەلگەندە زامانىنىڭ
ئازغىنا چىققان تەتۈر شامىلى، شاھىنىڭ بىر ئېغىز لەۋزى بىلەن
توزغاقتەك تۇزۇپ كېتىدۇ. لېكىن، مېھىر ـ مۇھەببەت مەڭگۈ

ئۆلمەستۇر ... چۈنكى، سىنى خەلقىڭ ئۇنتۇمايدۇ، ئانا تۇپراق باغرىغا باسىدۇ! بۇ «ئادەم» دېگەن مەخلۇققا بېرىلگەن ئازغىنا تەبىر. قىسقىسى، ئادەمىيلىكنىڭ ئەقەللىي مىزانى دىيانەت ۋە پەزىلەتتۇر، بۇ ئىككى گۆھەر ھەمراھ بولغان ھەرقانداق ئادەم ياخشىلىققا مايىل بولىدۇ، يامانلىققا يار بولمايدۇ! ...

كۈرەش مەيدانىدىكى ئاكتىپلار بولسۇن، قارا يىپلار بولسۇن بويۇنلىرىنى سوزۇشۇپ، بىر خىلدا ئېسەدەپ، خىرتىلداپ يىغلاۋاتقان زەيىنىدىنگە قاراشتى. لېكىن، نىزاخۇن چېكەتكىنىڭ دەزكەتكەن تەشتەكتەك چىققان خىرقىراق ئاۋازى ھەممىنى چۆچۈتىۋەتتى:

— ھەي ئوغرى، ئىقرا قىلىشىڭ قىلدىڭ، لېكىن ئەزاسى يوق تەشكىلات بولامدا؟ — نىزاخۇن دېۋەيلەپ كەلدى، — ساڭا بىر شەپشەك، شاخابىجىق، سېسىق خوتۇندىن باشقىسى تېپىلمىدىما؟ ...

— قانداق قىلىمەن تۇزۇكرەك ئادەم تېپىلمىغاندىن كېيىن، — دېدى ھېكمەت كالپۇكىدىكى قاننى يېڭىدا سۈرتۈپ، — ئەمدى قارا تەشكىلات بولغاندىن كېيىن، نەدىكى سۈيىقەستچى، تۆھمەتخور، بېشەم، ئەرسىراپ قالغان قانجۇقلارنى تاپىدىغان گەپكەن ...

— ھوي ... مېنىڭ پىكرىم بار، — دېدى ساجىتخان تۇمشۇقىنى ئۇچلاپ، — بۇ ئەشەددىي شيۇجېڭجۇيىچى نۇرغۇنلىغان گۇڭشې، دادۈي، شياۋدۈيلەرگىچە ماۋجۇشىنىڭ رەسىملىرىنى سىزىپ بېرىشنى نىقاب قىلىپ، كۆپلىگەن ئەزالارنى قوبۇل قىلغان، ئۇنىڭ شېكەر يالىتىلغان زەمبىرەك ئوقىغا ئۇچرىغانلار بىزنىڭ مەكتەپتىمۇ بار ...

«رەھبەر» بولۇشنى خام تەمە قىلىپ يۈرگەن ساجىتخان، مەكتەپ ئىنقىلابىي كومىتېت رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىدىكى مەمتىلى ئىبراھىمغا نەشتىرىنى سانجىدى، ئۇنىڭسىزمۇ بۇ ئىشنىڭ

تىلغا ئېلىنىپ ئۆزىنىڭ ئاشكارىلىنىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ يۈرگەن بۇ گال قىمارۋىزى، نەيزىنى ئارقىغا قارىتىپ ئۇرۇش ۋاقتىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى ھېس قىلىپ يەتتى.

— يولداشلار، ئەڭ، ئەڭ، ئەڭ قىزىل قوياشىمىز ماۋجۇ-شى بىزگە: «خاتالىقنى تۈزەتسىلا ئۇ ياخشى يولداش» دەپ تەلىم بەرگەن، — دېدى مەمتىلى ئىبراھىم ئورنىدىن تۇرۇپ، — بۇ ئەبلەخ مېنى ئۆز تەشكىلاتىغا تارتىش ئۈچۈن، ماڭا ماۋجۇشىنىڭ رەسىمىنى سىزىپ بەرگەن، مەن شۇ چاغدا ھەيران بولۇپ سورى-سام، ئۇ: «ئۇششاق باللىرىڭ بار، قىش-قىرولاردا توڭلاپ قالمىسۇن، ھازىر يېقىلغۇ ھەل قىلماق بەك تەس، شۇڭا دادۈي-لەردىن ئوتۇن ھەل قىلىۋال» دېدى. قاراڭلار ئۇنىڭ ھىيلىگەر-لىكىنى ... ماڭا شۇنداق قىلغان يەردە يالۋۇرۇپ كەلگەنلەرنى تەشكىلاتىغا تارتماي قالامدا؟

— گەپ قىلە؟

— مات بولدۇڭمۇ؟

مانا شۇنىڭدىن تارتىپ رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىدىكى ئورنى لىڭشىپ قالغان مەمتىلى ئىبراھىم دەھشەت سولدىن چىقىپ، نەيزىنى ئارقىغا قارىتىپ ئۇرۇشقا باشلىدى. ئۇ ھەركۈنى ھەر-ياڭزا پاكىتلارنى ئويدۇرۇپ چىقىرىپ، ئاۋازى پۈتۈپ، كاركى-راپ قالغۇچە ۋارقىرايتتى، چالۋاقايتتى. ئۇنىڭ ھېكمەتكە بول-غان زىيانكەشلىكى چېكىگە يەتتى. بىر كۈنى ئۇ، بالدۇرلا ئورنىدىن تۇردى.

— دۈشمەنلەرگە نىسبەتەن بېشىدا مۈڭگۈزى، بەدىنىدە تىكىنى، ئاغزىدا لىپمۇلىپ زەھىرى بار ئىنقىلابچىلار، — مەمتىلى ئىبراھىمنىڭ بۇ مەدھىيىسىدىن قىپيالىڭاچ خۇشامەت-چىلىك چىقىپ تۇراتتى، — بۇ ئەكسىيەتچى بىر يازلىقى توختى قۇربان بىلەن بوز يەرگە ماقالە يېزىش باھانىسىدە كىرىپ، تەكلىماكان قۇملۇقلىرى ئارقىلىق سوۋېتكە قېچىش يوللىرىنى

كۆرۈپ كەلگەن، بۇ ئىككىسىگە رۇخسەت قىلغىنى نەق زەينىدىن بىلەن زىكرۇللا غوجى.

— روخسەت قىلغىنىڭ راستمۇ؟ — نىزاخۇن زەينىدىنگە ۋارقىرىدى.

— خوش ... خوش ... لېكىن ئۇ ئىككىسى ياخشى ئىش قىلغان تۇرسا ...

— هەي پىسەندى، چەتكە قېچىشمۇ ياخشى ئىشمۇ؟ — روزاخۇن ئۆپكە زەينىدىننىڭ گەدىنىگە بىرنى سالدى، — ماۋۇ زىكرۇللا دېگەن ئېشەك قوشقىنىمۇ زوۋانىدى ئاچمايدا ...

— بۇ ئەسلى مۇنداق ئىشتى، — دېدى زىكرۇللا غوجى ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن، — ۋاڭ لىمىڭ شۇجى بوز يەرنىڭ گۈللىنىش تەرەققىياتى ۋە ئۇ يەردىكى ياخشى ئىش - پائالىيەتلەرنى يېزىشنى تاپىلىغان ... شۇڭا هېكمەت بىلەن توختى قۇربان كىرىپ: «بوز يەردە يىلتىز تارتقان دۆيگۈفەن»، «قومۇشلۇقتىن - بوستانلىققىچە» قاتارلىق ئەدەبىي ئاخبارات ۋە ماقالەلەرنى يېزىپ كەلگەن ...

— ئۇ ئەكسىيەتچى ماقالىلەر هازىر نەدە؟ — سورىدى غوجى تەلۋە.

— ئۇلار ئۈيغۇرچە، خەنزۇچە خوتەن گېزىتى، شىنجاڭ گېزىتلىرىگە بېسىلغان، — پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلگەن زىكرۇللاغوجى مەمتىلى ئىبراھىمغا قامچە سالدى، — بۇ ماقالەلەر توغرۇلۇق شەھەردە ئېچىلغان ئۈچ دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنىدا خۇاڭ چىڭ شۇجى زەينىدىننى «قولىڭىزدىن ئىش كېلىدىكەن، قەلەمكەشلەرنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپسىز، بۇ چاغقىچە بوز يەر توغرۇلۇق تۈزۈك بىر نېمە يېزىلمىغان، ماقالىلەر مېنى بەكمۇ تەسىرلەندۈردى...» دەپ ماختىدى.

زىكرۇللاغوجى سۆزلەۋاتقاندا، يېنىدىكى بانىخان باداڭ بىلەن قىچىغدىشىپ ، خىرقىرىشىپ كۈلۈۋاتقان ئىزاخۇن گەپ توختىشى بىلەنلا كونا تامدىن تارشى چۈشكەندەك تۇيۇقسىزلا ۋارقىرىۋەتتى:

— ھەي توختى قۇربان ئەكسىيەتچى، سەن «قومۇشلۇقتىن - بوستانلىققىچە» دەپ يېزىپسەن، قومۇشلۇق بىلەن بوستانلىق ئوتتۇرىسىدا ئاناڭنىڭ قوڭى بارما؟

— بوز يەر ئەسلى ياۋا قومۇش قاپلىغان قۇملۇق ئىكەن، — دېدى ئاچچىقىنى ئەستە يۇتقان توختى قۇربان، — دېھقانلار ئون نەچچە يىل قان - تەر ئاققۇزۇپ بوستانلىققا ئايلاندۇرغان. ئەدەبىي - ئاخباراتتا بوز يەرنىڭ گۈللىنىش تەرەققىياتى يېزىلغان، ئۇ يەردە ئانامنىڭ قوڭى نېمىش قىلسۇن.

مەتنىلى ئىبراھىمنىڭ قىزىل تون كىيىپ پەيدا قىلىۋاتقان پاكىتلىرى خېمىغا يېنىپ تۇرسىمۇ پەيلىدىن يانمىدى. بارغانسېرى ئەسەبىيلىشىپ، «ھېكمەتنىڭ تەشكىلاتى نۇرىيوف ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھى بىلەن بىرلىشىپ توپىلاڭ كۆتۈرۈش، غەلىبە قىلالمىسا سوۋېتكە قېچىش» ، «شەھەردىكى دوستلىرىنىڭمۇ تەشكىلات قۇرغانلىقى» ، «سىزىلغان ماي بوياق رەسىملەرنىڭ ئەكسىيەتچى ماھىيىتى» دېگەندەك نەرسىلەرنى كۆتۈرۈپ چىقتى. ئۇ تېرىقتەك ھوقۇق ئورنىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن پۈتۈن رەزىللىكلەرنى قىلىشقا قادىر قەھرىمانغا ئايلانغانىدى.

ھېكمەت كەچتە ئىتتىپاق ياچېيكىسىغا سولاندى. ھەركۈنى تەكرارلىنىۋاتقان ئادەت بويىچە ئۇنىڭ مەسىلە تەييارلىق قىلىشىنى كۆزىتىش ئۈچۈن ئىككى مىنىبىڭ كىرەتتى. ئۇلار ئىككى سائەتتىن ئالمىشىپ قارىغاچقا، بىرى ھېكمەتنىڭ يوتقان - كۆرپىلىرىگە كىيىم - كېچەك، ئۆتۈكلىرى بىلەنلا كىرىپ ئۇخلايتتى، يەنە بىرى بولسا ھېكمەت مەسىلە تەييارلىق قىلىۋاتقان

ئۇستەل يېنىغا بەندىڭنى تارتىپ شام يورۇقىدا «باسمىچىلار»
نى تازىلايتتى. مانا ھازىرمۇ روزاخۇن ئۆپكە ھېكمەتنىڭ ئورنىدا
دۇم چۈشۈپ خورەكنى باشلىۋەتتى. غوجى تەلۋە بولسا كۆڭلىكىد-
نى ئۇستەل ئۈستىگە ئېلىۋېلىپ باسمىچىلارنى قوغلىماقتا ئى-
دى. ھېكمەتنىڭ كۆڭلى ئىلەشكەنسېرى قۇلىقىغا «تارس»،
«تىرىس» قىلغان ئاۋازلار كىرىپ تۇراتتى ... غوجى تەلۋە قىپ-
قىزىل قانغا بويىلىپ كەتكەن تىرىنىقىغا «توفى» دەپ تۈكۈرۈ-
ۋېتىپ ئىككى يوتىسىغا سۈۋايتتى، ئاندىن پارقىراپ تۇرغان
«قاتىللىق قورالى» غا ھەۋەس بىلەن قارىۋېتىپ، يەنە جەڭگە
ئاتلىناتتى ...

بۇ لەنتىلەرنىڭ دېھقان تەلەتى يوق ئىدى. ھەركۈنى كېچىد-
دە ئۇلار يېرىم كېچىگىچە نۆۋەتلىشىپ ھېكمەتنىڭ بېشىدا تىك-
لىنىپ تۇرۇشىدۇ، قىلغان سۆزلىرى ھەممىسىلا ئىشتاننىڭ
ئىچىدىن نېرى كەتمەيدۇ. تېخى ئۈچ كۈننىڭ ئالدىدا ساتتار قارا
بىلەن بانىخان باداڭغا نۆۋەتچىلىك كەلگەنىدى. ئۇلار ھېكمەتنىڭ
يوتقانلىرىنى چەيلەپ ئولتۇرۇپ پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى. ساتتار
قارا كەنتتىكى قايسى چوكاننىڭ ئۇزلىقى، خۇلقىنىڭ پەيزىلىد-
كى، نازىنىڭ يامانلىقى ھەققىدە سۆزلىدى، ئاندىن ئاشنىسى
بارلارنى بىر - بىرلەپ ساناپ چىقتى. ئاخىرىدا ئۇ، دادۇي
شۇجىسىنىڭ خوتۇنىغا كۆيۈپ قالغانلىقىنى، بىراق ھېچ ئامال
قىلالمىغانلىقى، بۇ قېتىم شۇجى تارتىپ چىقىرىلغاندىن كې-
يىن، خوتۇنىنىڭ پەيزىنى سۈرگەنلىكىنى ماختىنىپ سۆزلەپ
بەردى. ئاغزىنى قويۇپ بېرىشتە ساتتار قارا بانىخان باداڭغا
ياماقچى بولالمىدى. بىر ماخۇچى (ئات باقار) بانىخانغا ئامراق
بولۇپ قاپتۇ. ئۇ داۋاملىق بىرەر قېتىم بولسىمۇ ھاجىتىمدىن
چىققىن، دەپ تۇرۇۋالىدىكەن. بىر كۈنى ئىككىسى مەسلىھەتلى-
شىپ ئېغىلنىڭ ئۆگزىسىگە چىقىپتۇ - دە، پىچان دۆۋىسىگە
شۇڭغۇپتۇ. بىراق، خېلى ۋاخ ئۆتكەن بولسىمۇ ئىشنىڭ تايىنى

يوقمىش، بانىخان: «ھەي گاداي مەيدە ۋازلىق قىلىۋەرمەي، شاپ بولمامسىلە ... سۇمباتلىق قامچاڭلار، جىگدىلىك باغچىدا قارس چىقىرالامدا ...» دېسە، ماخۇچى سەتلا ھىجىيىپ: «ئۆز. لەدىن ھېتىقاۋاتسا كېرەك، خىيالىي ئۇخلاۋاتامدا بۇ ھىشىق» دېگۇدەك. شاپاڭگىدا تۇرۇپ كەتكەن بانى. خان: «ۋۇي خاخازا تۇڭگاننىڭ لەڭپۇڭى لامزەللە ... شۇ ھالىڭ. غا يىگىرمە بالداق شوتىغا ياماشتۇردۇڭما؟ ...» دەپ ئۆگزىدىن چۈشۈپ كېتىپتۇ ...

مانا بۇلار ئاتاقتا «كەمبەغەل دېھقانلار تەشۋى. قات ئەترىتى»، ئوقۇتقۇچىلارغا تەربىيە بېرىدىغان، ئۆزگەر. تىدىغان، رەھبەرلىك قىلىدىغان، ماڭىدىغان يولىنى بەلگىلەيدى. غان ئىلغار گۇرۇھ. ئۇلارنى دېھقان دېيىشنىڭ ئۆزى ــ دېھقان. لارغا ھاقارەت! بۇ تەييار تاپ پارازىت قۇرتلار خۇدايىم بىرەر «ھەرىكەت» بەرسە دەپ شۇملۇقنى تىلەيدىغان قارا نىيەتلەر! ئۇلار جاھان سەل مالىمان بولدىمۇ يىڭنى شىمايلاپ چىقى. دۇ، توپىلاڭدىن توقاچ ئوغرىلايدۇ، دېھقانلارنى زار ــ زار قاقشىتىپ قەرز سۇيلەيدۇ، ئۆيىگە بېسىپ كىرىپ كىگىز ــ كېچەك، يوتقان ــ كۆرپە، قوي ــ ئۆچكە، توخۇلىرىنى بۇلاپ ــ تالاپ مېڭىشىدۇ، ھەتتا ئايالىلارنىڭ قۇلىقىدىكى زېرە ــ ھالقا، كۈمۈش بىلەزۈكلەر، ئاخىرقى تۆت تال دېنىنىمۇ رەھىمسىزلەرچە يۇلۇپ چىقىدۇ ... ئوماچ قەرزى، جەرىمانە، ھاشار ھەققى ئۇچۇن دۇئاغا كەتكەن بۇ نەرسىلەرنىڭ يېرىمى دادۇي تەشكىلىگە بارسا «ئەلھەمدۇلىللا شۇكرى» دېيىشكە توغرا كېلىدۇ. ئاخىرقى ھېسابتا ئالا قانات چاپارمەنلەر «تايانچ كۈچ»، «ئاكتىپلار قوشۇنى»، «جەڭگىۋار ئەترەت» دېگەن چىرايلىق قالپاقلارنى كىيىپ جاھانغا پاتماي قىلىشىدۇ ...

زىيالىيلارنىڭ تەقدىرى بىلەن ئوينىشىپ، ھاياتىنى خەۋپ بازغىنىدا ئىزىۋاتقان بۇ چۈپرەندىلەرگە ھېكمەت تولىمۇ ئۆچ

ئىدى. بولسا كۆزى كۆرمىسە، ئېتىقسىز سۆزلىرىنى ئاڭلىمى-
سا، بەتبەشىرە ۋەھشىي چىرايلىرىغا قارىمىسا ... ئادەم قىيىن
شارائىت، ئېغىر مۇھىت، تار زاماندا ياشىغانسېرى ئۇنىڭغا
نىسبەتەن قارشىلىق، ھىيلە - مىكىر، چارە - تەدبىرلىرىمۇ
ئېشىپ ماڭىدىكەن. ئىككى سائەتتە بىر - بىرىنى ئويغىتىدىغان
بۇ گۇندىپايلار ھېكمەتتىن سائىتىنىڭ قانچە بولغانلىقىنى سورد-
سا، ئۇ ۋاقىتنى ئالدىغا سۇرۇپ قويغان سائەتنى كۆرسىتىپ
ئالدايتتى ياكى كۆيۈۋاتقان پىلىكنىڭ يېنىغا قانداقتۇر بىرەر
كۆيۈندىنى چاپلاپ قويۇپ شامنى يار ئالدۇرۇۋېتەتتى، پىلىكى
يۆگىمەچ گۇلىنىڭ يىپىدەك بىر تەرەپكە تولغىشىپ قالغان شام-
نىڭ بىردەمدىلا بىر تەرىپى كۇنتەكلىشىپ ئۆچۈپ قالاتتى،
ئاندىن «كۆز - قۇلاق» لار شامنى «ئەنئەنىڭنى ھىشىق، ياركې-
تىپتىيا» دەپ تىللىغىچە كۆزدىن يوقىلاتتى. ئۇلار چىقىپ
كېتىشى بىلەن ھېكمەت يوتقان پاختىسىنى ئېلىپ پىلىك ئېشەت-
تى. ئۇستەلدە ئۇيۇپ قالغان شام قالدۇقلىرىنى ئاجرىتىپ،
باشقا كۇنلەردە يىققانلىرىغا قوشاتتى - دە، پىلىكنى ئوتتۇرىغا
ئېلىپ ئىككى ئالىقىنىدا شام ياسايتتى. ئۇ ئورۇنغا كىرىپ
ياتقاندا ئالىقانلىرىدا ھورداپ ئىسسىتىپ، قېلىپتا قۇيغاندەك
شام چىقىراتتى. ھېكمەت سولانغاندىن بېرى مۇشۇ ئۇسۇل بىلەن
«ئۇنتۇلغان قەلب» ناملىق پوۋېستىنى پۈتتۈرۈپ «ئۆمۈر خاتى-
رىلىرى» دېگەن ئەسلىمىسىنى باشلىغانىدى. ئۇ بەزىدە تاڭ
ئاپئاق ئېتىپ، خورازلار چىللاپ، سىرتتا يۆتەلگەن، ماڭغان
ئاۋازلار كەلگەنگە قەدەر يازاتتى. قول يازمىلارنى بىر بەت، بىر
بەتتىن قاتلاپ ئۇششاق تۇمارچىلارغا ئايلاندۇرۇپ، يوتقان،
كۆرپە، ياستۇقنىڭ يىرتىقلىرىدىن ئىچىگە شۇڭغۇتىۋېتەتتى ...
ئۇزۇلمەس قىيىن - قىستاق، قىيناش، گۆردەك قاراڭغۇ
سولاقخانىدا پىغان چېكىشلەر، ئايىغى ئۇزۇلمەس ھەسرەتلىك
خىياللار ئىلكىدە چاچ - ساقاللىرى ئۆسۈپ كەتكەن ھېكمەت

ماي ئايلىرىنى كۈتۈۋالدى. ئۇنىڭ شادلىقى، زارىقىپ كۈتكەن
يارى، ئۈمىد - ئارزۇسى يەكشەنبە كۈنى ئىدى. بۇ تۇتىيا كۈندە
تۆمۈر نىياز ئۇنى ئىختىيارىغا قويىاتتى. بۇ كۈنى مەكتەپ پىلىڭ
شەندۇيىسىز ئەركىن نەپەس ئالاتتى، قۇياشمۇ باشقىچىلا نۇرلىـ
ـنىپ زەرچاچقۇلىرىنى چاچاتتى. چەكسىز
كەتكەن كۆكتاتلىقلار، قىز - ئوغۇللار ياتاقلىرى، مېۋىـ
ـلىك باغلار، «سالام مۇساپىر بالا» دېگەندەك چاۋاك چېلىۋاتقان
قوناقلىقلار، ھەتتا رەجەب بەنجاڭنىڭ چوشقا قوتانلىرىغىچە ئۆزـ
ـگىچە ھەم لاتاپەتلىك بولۇپ كېتەتتى. ئاھ يېشىللىق ...
ياشلىقتا، شادلىقتا، ھاياتتا، گۈزەللىككە سىيما بولغان يېشىلـ
ـلىق! ھېكمەت ئەتراپقا قاراپ تۇيمايتتى، كۆك ئاسمانمۇ شۇنچە
پەسلەپ ئۇنىڭ بېشىنى سىلىغاندەك بولاتتى! ھېكمەتنىڭ ئۆپكىـ
ـسى ئۆرلەپ، كۆزلىرىنى سۈزۈك ياشلار قاپلايتتى. ئۇنىڭغا
ئاشۇ ئېرىق بويىدىكى گىياھ، بىر تال تاش، سۇنغان شاخمۇ
شۇنچە يېقىن، شۇنچە قەدىرلىك ئىدى، ھەئە، بىر چاغلار بۇ
يەرلەر گۈل ھەرىلىرى، كېپىنەكلەر، ھەسەل ھەرىلىرى، گۈلـ
ـخۇمار ھاشارەتلەر بىلەن تولغان باغى ئىرەم ئىدى. ئۇلار شىرـ
ـنىلەر يىغاتتى، نادىر ئەتىۋارلىق گۈللەر ئۇلارغا ئۆز باغرىدا
يېتىلدۈرگەن قىيامى - شەربەتلىرىنى ئايىماي بېرەتتى. قېنى
شۇ چاغلار، نەلەرگە يوقالغاندۇ ئاشۇ شادىمان چاغلار؟! دىل
بۇلاقلىرىدىن ئېتىلىپ چىققان مۇڭلۇق ناخشىلارچۇ! مەرىپەت
مەشئەللىرىدىن نۇر ئەمگەن پەرۋانىلەرنىڭ خۇشال كۈلكىلىرى
نەلەردە قالدى؟! كۆڭۈل باغلىرى چۆلدەرەپ، يۈرەك ئوردىلىـ
ـرى خارابىلىككە ئايلاندى، قەلب سارايلىرى يېتىمسىرىدى.
قانداق بوران ئۇ، كۆڭۈل بوستانلىرىدىن مېھىر - مۇھەببەتنى،
خۇشاللىقنى ئۆچۈرۈپ ئېلىپ كەتكەن، كىم ئۇ ئاتەش ھايات
گۈلخانلىرىغا زېمىستان چىللاپ كەلگەن! ئەي چەرخى پەلەك،
سادا چىقماس قەبرىلەردەك بولۇپ قالغان مەرىپەت جەننەتلىرىنى

كۆرۈۋاتقانسەن، سۇنۇق دىللارغا رەھىمىڭمۇ كەلمىدى! سەن ھەممىگە باراۋار شاپائەتچى ئىدىڭغۇ؟ ساخاۋەتلىك قولىرىڭنى سۇن، غېرىبلار كۆلسۇن! مەرھەمىتىڭنى ئايىما، مىسكىن ـ بىچارىلەر بېشىغا سايىۋەن بولسۇن! بىز بەندىلەر ئەنە شۇنداق بىقۇل، بىنەزەر ئىكەنمىز...

ھېكمەت بۇنداق ئەنقانىڭ سۇتىدەك تىپىلماس يەكشەنبە كۈنلىرىنىڭ ھەربىر دەقىقە ـ مىنۇتلىرىنى تۇتۇپ ئالغۇسى، قويۇپ بەرگۈسى كەلمەيتتى. ئەگەر قۇدرىتى يەتسە قۇياشنى ئىتتىرىپ تۇغۇلغان ئۇۋىسىغا ئاپىرىپ قويسا، ئەڭ بولمىسا تۇرغان جايىدا بىرەر سائەت بولسىمۇ توختىتىپ، ئەتراپنى كۆپ-رەك كۆرۈپ كۆز قارىچۇقلىرىنى نۇرغا تولدۇرسا ... ساپ ھاۋادىن قانغۇدەك ھىدلىسا ... بۇ نەقەدەر ساخاۋەتلىك ھەم كارامەتلىك ئىش بولار ئىدى ـ ھە! ...

ھېكمەت ئېگىز ئۆسكەن ئاپتاپپەرەسلىك قىرىدا ئېگەك تى-رەپ ئولتۇراتتى. بۇ يەردە ئۇنىڭ خىياللىرىغا ھېچكىممۇ دەخلى قىلمايتتى. بۇ پىنھان جايدىن چوشقا قوتىنىنىڭ ئالدىدىكى تول-مۇ ئېگىز، شىپتىراڭغۇ ئۆسكەن بىر قارىياغاچ كۆرۈنۈپ تۇرات-تى. ئۇ ھەر يەكشەنبە چىققاندا مۇشۇ يەردە ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ تەلپەك كىيىۋالغاندەك پاخپاق بېشىغا تىكىلگىنىچە تەگسىز خى-ياللار ئىچىگە شۇڭغۇيتتى. بۇ قارىياغاچنى ھېكمەت ھەرخىل نەرسىلەرگە ئوخشىتىپ باقاتتى. ئۇنىڭ غوللىرىدىكى شاخلىرى پۇتىۋېتىلگەچكە تۇۋىدىكى شوڭلار كۆكلەپ كەتكەندى، شوڭا ئۇ پۆپۈكى بار پايپاقلىق توخوغىلا ئوخشايتتى. مانا شۇ تۇرقىدا ئۇنىڭ پاخپاق پۇپۇكى ئۇستىدە بىر قۇش قاناتلىرىنى كېرىپ، سەيلانە ئۇزمەكتە ئىدى. ئۇنىڭغا ھېچكىم توسالغۇ بولمايتتى، نەگە بارسا، نەدە تۇرسا بولىۋېرەتتى. ھەي ئەركىنلىك ... ھېچنېمىگە تەڭ قىلغىلى بولمايدىغان ئەركىنلىك! شائىرلارنىڭ «ئەرك ئۇچۇن كۆرەش ...» دەپ شېئىر يېزىشلىرى بىكار

ئەمەسكەن ـ دە! . دەرۋەقە، ئادەم قولدارسىز قول، كىشەنسىز مەھكۇم بولمىغۇچە ئەركىنلىكنىڭ قەدرىگە يېتەلمەيدۇ ھەم ھېس قىلالمايدۇ.

ھېكمەتنىڭ كۆڭۈل ئەينىكىدىن، ئەركىنلىك ئۇچۇن كۈرەش قىلىپ، بۇ دۇنيادىن ۋاقىتسىز كەتكەن دوستلىرى نائىبى، مۇرات، گۇلزىبا، نەفىسە، زۇمرەتلەر بىر ـ بىرلەپ ئۆتتى، ئۇلار ئەرك قۇربانلىرى ئىدى. قوشكۆلدىكى مۇئەللىم ۋە مۇئەللىمەلەر، يېگىنىبرىق سۇ ئامبىرىدىكى قارا تەرگە چۆمۈلۈپ ئىشلەۋاتقان دېھقانلار، قۇمقايىخاندىكى ئورمىلىقلار، ئانارلىق باغدىكى ئايدىڭ كېچە، قۇرۇم كۆلىدىكى يالغۇز ئارال، پاك كۆڭۈللەرنىڭ قوشۇلۇشى، بەلگىچە سۇغا پاتقان گۇلزىبا ...
«بۇرەزىل دۇنيانى بىلمەيسەن» دەپ قورساقتىكى بالىغا قىلغان نالىلەر، ئوت ـ خەسلەرنى يۇلۇپ: «دوستۇم ھېكمەت، ئۇلار سېنىڭ بالاڭنى ئۆلتۈرمەكچى! » دەپ يىغان قىلىۋاتقان مۇرات، زەنجىر ـ كىشەنلەرگە چىرمالغان زۇمرەت، كىتابلارنى قۇتقۇزغاندىكى ھاياجانلىق دەقىقىلەر، چايخانا مەكتەپتىكى مەخپىي ئالاقىلەر، يۇرۇڭقاش بويىدىكى ئۇنتۇلغۇسىز خاتىرىلەر، شىۋېرغانلىق كېچىدە تاۋۇت ئىچىدە ياتقان نەبى، دوك موماينىڭ ھاقارەتلىرى قاتارلىق نۇرغۇن، نۇرغۇن كەچمىشلەر ئارقا ـ ئارقىدىن تىزىلىپ، ھېكمەتنىڭ ئالدىدا ئاجايىپ مۇڭلۇق ھەم غەزەپلىك، تاتلىق ۋە ئاچچىق ئەسلىمىلەر مۇجەسسەملەنگەن ھايات سىمفونىيىسى پەيدا بولاتتى. ھېكمەتنىڭ تومۇرلىرىدا قانلىرى مەۋج ئۇرۇپ قايناتتى، يۈرىكى تېپچەكلەپ نېمىگىدۇر ئالدىرايتتى، ھېس ـ تۇيغۇلار ئىدراك ئۈستىدىن غالىب كېلىپ تاقەتسىز ئىزتىراپتا تىترەيتتى. بىردىنلا ئۇنىڭ نەق يۈرىكىگە بىردەستە نۇر چۈشكەندەك قەلبى يورۇپ كەتتى. چۈنكى، دوستلىرى ـ كامىل، مۇراتلار بىلەن يېڭىئېرىق سۇ ئامبىرىدىكى ئۇنتۇلغۇسىز بىر كېچە ئېسىدىن كەچكەنىدى. قۇم دۆۋىسى

ئۇستىدە يۇلتۇزلارغا قاراپ ياتقان ھېكمەت: «كەلگۈسىدە بىرەر يازغۇچى مۇشۇ ۋەقەلەرنى يازسا قانچىلىك تەسىرلىك رومان چىقار ئىدى ـ ھە ...» دېگىنىدە، كامىل بىلەن مۇرات: «بۇنى سەن يازىسەن ... سەندە شۇنداق ئىقتىدار بار ...» دېگەنىدى.
بىراق، ئەجەل ئىغىزىدا ئۆلۈم كۈتۈپ ياتقان ھېكمەت ئۆزىگە ئىشەنچ قىلالمايتتى. خۇدا ئۇنىڭغا ئاشۇ ساخاۋەتلىك ئىشلارنى قىلغۇدەك ھوما بىرەرمۇ؟ ئەي قىسمەتلىرى جاپا ـ مۇشەققەت لېيىدىن يۇغۇرۇلغان ھېكمەت! سەن زېھنىياتىڭدىن چىقارمى-غىنكى، قىسمەت ئۆزىگە يېقىن تۇتقان، پېشانىسىغا ساۋابى مۇرۇۋۋەت نۇرىنى ئاتا قىلغان بەندىلىرىگە ئەقىل لال قالغۇدەك دىشۋارچىلىقلارنى سېلىپ، بۇ دۇنيادىلا سىرات كۆۋرۈكىدىن ئۆتكۈزىدۇ. كۆڭلۈڭنى كەڭ تۇت. چەرخى پەلەك ساڭا خەيرلىك كۈنلەرنىڭ بىرىدە نۇرى ئىھسان ئاتا قىلىدۇ!...
ئۆزىگە ئۆزى تەسەللى بېرىپ، كۆڭلى تەسكىن تاپقان ھېك-مەت ئورنىدىن تۇردى. قۇياش «تەلپەكلىك» قارىياغاچنىڭ ار-قىسىدا قىپقىزىل چوغدەك تاۋلىنىپ تۇراتتى. مەكتەپ يوللىرى-دا ئوقۇغۇچى ـ ئوقۇتقۇچىلار بىرە ـ ئىككىدىن پەيدا بولۇشقا باشلىدى. ئوقۇتۇش بىناسىنىڭ ئارقىسىدىكى كۆچەتلىكتە ساق-لاپ تۇرغان تۆمۈرنىياز، ھېكمەتنى كۆرۈش بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭ ئالدىغا باردى.
كېچىچە «تۆمۈر خاتىرىلىرى» ئەسلىمىسىنى داۋاملاشتۇر-غان ھېكمەت، داقا ـ دۇمباق، ئويۇر ـ تويۇر ئاۋازلاردىن ئويغىنىپ كەتتى. بۇ سولاقخانىغا يىگىنە كۆزىدەك يەردىن نۇر-چۈشمىگەچكە سائەت نەچچە بولغانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى. ھېكمەت سىپاشتۇرۇپ يۈرۈپ كىيىملىرىنى كىيگەندىن كېيىن، تۆمۈر نىياز ئەكىرىپ بەرگەن جامدىكى سۇدا يۈزلىرىنى يۇدى. تولىمۇ قىممەتلىك بۇ سۇ ئۇسسىغاندا ئىچىلىپ، بولمىسا تازىلىققا ئىشلىنەتتى.

دۇمباقلارنىڭ ئاۋازى ئەۋجىگە كۆتۈرۈلدى. بۇ تارتىپ چىـ
قىرىلغانلارنى سازايى قىلىشتىن بېشارەت ئىدى. كۇرەش باشلىـ
نىپ جىن - شەيتانلار ئىككى قېتىم سازايى قىلىندى. سازايىـ
نىڭ تەرتىپى، بوينىغا تاختا ئېسىلغانلارنىڭ ھەر بىرىنى ئىككى
مىنبىڭ قوللىرىنى ئارقىسىغا قايرىپ، ئەڭ ئالدىدا دوڭغايتىپ
ماڭاتتى. ئارقىدا تۆت قاتاردىن تىزىلغان ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇـ
چىلار قوشۇنى توختىماي شوئار توۋلاپ، دۇمباقلارنى گۇمبۇرلىـ
تىپ چالاتتى. ئۇلار بوستان بازىرىنى بىر ئايلاندۇرۇپ ئەكىلىـ
گەندىن كېيىن سازايى قىلىش ئاياغلىشاتتى ...

ئىشىك ئېچىلىپ تۆمۈر نىياز ئاياقتا چاي كۆتۈرۈپ كىرـ
دى. ئۇ قويىنىدىكى بىر زاغرىنى ھېكمەتكە بېرىپ: «مۇئەللىم
تېزرەك يەۋالسىلا، ھېلى سازايى باشلىنىدۇ» دەپلا ئارقىسىغا
قايرىلىشى ھېكمەت چاقىرىپ قالدى.

— ئۇكام، ئۆتكەنكىلەردەك قولنى قايرىپ ئېلىپ چىقامىـ
دۇ ياكى باغلاپمۇ؟ — دېدى ھېكمەت ئالدىراپ، — قولنى
قايرىپ ئېلىپ چىقسا غوجى دېگەن تەلۋە قەدەمدە بىر ئۇستىگە
قايرىپ جاننى قاقشىتىۋېتىدىكەن. ئەڭ ياخشىسى باغلاپ ئېلىپ
چىقسا قول بىر خىلدا تۇرامدىكىن دەيمەن، بولسا مېنى سەن
ئېلىپ ماڭغان بولساڭ ...

— مۇئەللىم، سازايى قىلىش ئىشىدا غوجى تەلۋە بىلەن
روزاخۇن ئۆپكىنى مەخسۇس سىلىگىلا بەلگىلەپ قويغان، باشقىـ
لىرى بىر نېمە دېيەلمەيدۇ. تېزرەك نانلىرىنى يەۋالسىلا، بولـ
مىسا يولدا ئېلىپ ماڭغاندا قورساقلىرىغا ئۇرسا، ئېچىلىرى
قاراڭغۇلىشىپ يىقىلىپ قالىدىلا ...

ھېكمەت، زاغرىنى چىلاپ ئەمدى يېرىمىنى يەپ بولۇشى
غوجى تەلۋە بىلەن روزاخۇن ئۆپكە ئىتتىلىپ كىرىپ كەلدى -
دە، قوللىرىنى قايرىپ يوگۇرتكىنىچە ھويلىغا ئېلىپ چىقتى.
قاراڭغۇ ئۆيدىن بىردىنلا يورۇققا چىققان ھېكمەت بىر چاغقىچە

كۆزىنى ئاچالماي قالدى. ئۇ بىر يەرگە توپلىشىپ تۇرغان كامىل، توختى قۇربان، زىكرۇللاغوجى، ئەخمەت هوشۇر، زەينىدىن قاتارلىق يىگىرمىدەك سازايى قۇربانلىرىنى كۆردى. هېكمەت كامىلنى كۆرمىگىنىگە قىرىق ئالتە كۈن بولغانىدى. ئىككى دوست بىر - بىرىگە كۆز سالىمى قىلىشتى. كامىل مەيدىسىدىكى تۈگمىسىنى ئەتكەن بولۇپ، مۈشتۈمىنى تۈگدى ۋە باشمالتىقىنى چىقىرىپ قويدى. ئۇنىڭ بۇ ئىشارىتىدىن «قورقما، چىڭ تۇر، قۇتبىرەمنىڭ ئەدىپىنى بەرگىنىڭ ياخشى بوپتۇ...» دېگەن مەنىنى چۈشەنگەن هېكمەت كۈلۈمسىرەپ قويدى. ئاندىن ئۇ ئېرىق بويىدىكى دەرەخلەرگە يۆلىنىۋەتكەن تاختايلارغا كۆز قىرىنى سالدى. ئەڭ باشتىكى ئىشىكتەك يوغان تاختاي هېكمەتنىڭ بولۇپ، ئۇنىڭغا «ئەكسىلئىنقىلابچى ۋە شيۇجېڭجۇيىچى ئونسۇر هېكمەت ئېلى» دەپ يېزىلىپ، خۇددى ئۆلۈم جازاسى بەرگەندەك قىزىل رەڭدە چىلىك ئۇرۇۋەتكەنىدى...

قىزىل بىنانىڭ ئوتتۇرا ئىشىكىدىن چىققان نىزاخۇن شىپىلداپ يېتىپ كەلدى. ئۇنىڭ پۇتلىرى يالاڭ ئاياغ بولۇپ تاپانلىرى يېرىلىپ كەتكەنىدى. ئۇ ئىككى جاۋغىيى ئەتراپىدىكى دىردىيىپ تۇرغان شالاڭ تۈكلەرنى سىلاپ قويۇپ تاختايلارغا ئېگىشىپ قارىغىلى تۇردى. ئۇنىڭغىچە قېشىغا جۇغى بىر - بىرىدىن ئانچە پەرقلەنمەيدىغان ئىككى مۇئەللىم سوكۇلداپ يېتىپ كەلدى. ئۇنىڭ بىرى جۇغراپىيە مۇئەللىمى مەتسىيىت، يەنە بىرى بوتانىكا مۇئەللىمى هەسەن قارىيى ئىدى. بۇ ئىككىسى ئىگىسىگە سوۋۇنۇپ نېرى كېتەلمىگەن پىستە كۈچۈكلەردەك، جۇرىنىنىڭ ئارقىسىدىن قالماي كېلىۋاتاتتى. نىزاخۇن هېكمەتنىڭ تاختىيى ئالدىغا كەلگەندە ئېگىشىپ قارىدى - دە، كىچىك كۆزلىرى مېتىلداپ كەتتى:

— بۇنىڭدىكى خەتنى قايسىڭ يازدىڭا؟ — سورىدى نىزاخۇن.

— مەن، جۈرىن ••• مانا مەن، — مەتسىيىت پۈكۈلگە-نىچە جاۋاب بەردى.
— مەنمۇ يازدىميا! — ئالايدى ھەسەن قارىي.
ئۆزلىرىنىڭ يازغان خۇش خەتلىرىنى «ماختايدۇ» دەپ شە-رەپ تالاشقان مەتسىيىت بىلەن ھەسەن قارىي: «مەن يازدىميا دېسە مەن يازدىم» دېيىشىپ ۋارقىرىشىپ كېتىشتى. نىزاخۇن ئاچچىقىدا: «زادى قايسىڭ يازدىڭ» دەپ قاتتىق توۋلىدى. ئىككىسى چۆچۈپ كېتىپ، قوللىرىنى سىلىپ دىققەت تۇرغان-دەك قېتىپ قېلىشتى.
— مەن يازدىم، — دېدى مەتسىيىت.
— مەن يەڭ (رەڭ) تۇتۇپ بەردىميا •••
— سەن يازدىڭما؟، — نىزاخۇن مەتسىيىتنىڭ كاچىتىغا چاڭگىدە بىرنى سالدى، — ھەي ھىشىق ئەپەندى، قىنا ئۇنىڭ «ئەشەددىيسى» ؟ ! •••.
مەتسىيىت ھېكمەتنىڭ تاختىيىغا قارىدى - دە، چىرايى ئۆڭۈپ كەتتى ئۇ: «ۋاي ئۆلەي، ۋاي ئۆلەي، ئەشەددىيسى چۇشۇپ قاپتا ئەمەسما ••• » دېگىنىچە ئېچىشىپ تۇرغان يۈزىنى ئۆزى كاچاتلىدى.
نامايىشچىلار قوشۇنى مەكتەپتىن چىقار - چىقمايلا دۇمباق-لىرىنى گۇمبۇرلىتىپ، شوئارلىرىنى باشلىۋەتتى. سەپنىڭ ئەڭ ئالدىدا غوجى تەلۋە بىلەن روزاخۇن ئۆپكە ھېكمەتنى دوغدايتقى-نىچە قوللىرىنى قايرىپ ئېلىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئارقىسىدا بويۇنلىرىغا تاختا ئېسىلغان كامىل، زەينىدىن، ئەخمەت ھو-شۇر، توختى قۇربان، زىكرۇللا غوجى قاتارلىق يىگىرمىدەك مۇئەللىملەرنى مىنبەگلار قوللىرىنى ئارقىسىغا قايرىپ ئېلىپ كېتىۋاتاتتى. زەينىدىننىڭ ئالتە ياشلارچامىسىدىكى ئوغلى دادى-سىنىڭ قېشىدا: «دادا ••• دادا•••» دېگىنىچە يىغلاپ، پىلدىرلاپ كېلەتتى. زەينىدىننى ئېلىپ ماڭغان مىنبەگلار ئۇنى بىر -

ئىككى قېتىم تېپىۋەتكەن بولسىمۇ، ئاغزى - بۇرنى توپا - لاي بولۇپ كەتكەن بالا يەنە ئورنىدىن تۇرۇپ دادىسىنىڭ ئارقىسىدىن قالمايتتى.

ھېكمەتنىڭ بويىندىكى تاختاي ھەممىدىن چوڭ بولسىمۇ، ئېسىلغان سىمى شۇنچە ئىنچىكە ئىدى. شۇڭا، ئۇنىڭ بوينى قىيىلىپ كەتكەچكە سىم ياقىلاپ ئاققان قان تاختاي يۈزىگە تاماتتى. غوجى تەلۋە بىلەن روزاخۇن ئۆپكە قەدەمدە بىر دېگۈدەك ھېكمەتنىڭ قولىنى قايرىپ ئۈستىگە ئۆرىدىگەندە، ئوخرەكلىرى سۇنۇپ كەتكەندەك جاننى قاقشىتىۋېتەتتى، شۇنىڭ بىلەن باش، بويۇن، يۈزلىرىدىن چېلەكتە قۇيۇلغاندەك تەر قۇيۇلاتتى. غوجى تەلۋە پات - پاتلا ھېكمەتنىڭ بېشىنى غەزەپ بىلەن باسقاچقا، يۈزى تاختاي قىرىغا تېگىپ ئاغزى - بۇرنىدىن ئاققان قان تاختايغا چاپلانغان قەغەز يۈزىنى بويىۋەتكەنىدى. كوچىنىڭ ئىككى تەرىپىگە توپلاشقان بازارلىقلار باشلىرىنى چايقاپ، ياقىلىرىنى تۇتقان ھالدا خەيرخاھلىق قىلىشاتتى.

بىردىنلا توپ ئارىسىدىن «ھېكمەت! ...» دېگەن ئايانچلىق ئاۋاز ئاڭلاندى. قىسماقتەك ئىگىلگەن ھېكمەت يەردە سۆرۈلۈپ كېلىۋاتقان تاختاينى زور بىلەن يېرىم كۆتۈرۈپ، بېشىنى يانغا بۇرىدى. بۇ چاغدا ئۇچقۇنئاينى كۆتۈرۈۋالغان مەھبۇبە ھوشىدىن كەتكەن بولۇپ، بالا بىلەنلا يول چېتىدىكى ئېرىقتا ياتاتتى، ئۇزاپ كېتىۋاتقان ھېكمەت ئىككىنچى قېتىم قولتۇق ئاستىدىن قارىغىنىدا ئېزىز تارمۇشنىڭ قوشنىسى شىرىپاخۇن بوۋاي مەھبۇبەنى قولتۇقلاۋالغان بولۇپ، ئۇچقۇنئاي بولسا مومايىنىڭ قولىدا قىرقىراپ يىغلاۋاتاتتى ...

نامايىشچىلار قوشۇنى گۈڭشې ئالدىغا كەلگەندە ۋۇجۇرىن، لى گاڭ، تۇردى ھېكىملەر كۆۋرۈك ئۈستىدە قولىنى ئارقىسىغا قىلغان ھالدا گىدىيىپ تۇرۇشاتتى. لېكىن، ياڭ پەيجاڭ كۆرۈنمەيتتى. بوستان بازىرىنىڭ ئۇ چېتىگە چىققۇچە كېسىلىپ

كەتكەن بويىنىنىڭ ئىچىشىپ ئاغرىشى، قول ئوخرەكلىرىنىڭ سىرقىراشلىرىغا چىدىيالمىغان ھېكمەت، دوختۇرخانا ئالدىغا كەلگەندە پۈتلاشقان بولۇپ بويىنى قاتايتقىنىچە تاختاينىڭ ئوتتۇرىغا دەسسىدى. تاختاي پارە - پارە بولۇپ يەرگە تۆكۈلدى. ھېكمەتنىڭ پۈتلىشىشى غوجى تەلۋىنىڭ ئىتتىرىشىگە توغرا كەلگەنلىكى ئۇچۇن ھېچنېمە دېيەلمىدى. روزاخۇن ئۆپكە تاختايلارنى يىغىپ ھېكمەتنىڭ قولتۇقىغا قىستۇرۇپ قويدى. ھەر ھالدا بىر قولى بولسىمۇ ئازاد بولغانىدى.

سازايى قىلىش ئاخىرلىشىپ، نامايىشچىلار مەكتەپكە قايتىپ كەلدى. كامىلنى ئىككى مىنبەنىڭ ئالدىغا سېلىپ ئاشلىق پونكىتىغا، ھېكمەتنى ئىتتىپاق ياچېيكىسىغا ئېلىپ كەتتى. قالغانلارنى تەجرىبە سايمانلار چىقىرىۋېتىلىپ سوراقخانا قىلىنغان تەجرىبىخانىغا سولاشتى. يول بويى يىغلاپ دادىسىدىن بىر قەدەممۇ نېرى كەتمىگەن زەينىدىنىنىڭ ئوغلى سولاقخانا ئىشىكى ئالدىدا يەنە ئىسەدەپ تۇراتتى. ئۇنىڭ يۈزلىرى شالتاق ھەم پۈتلا بىلەن بۇلغانغانىدى.

ئاخشام مەكتەپتىكى ئۆيىگە كېلىپ قىزى بىلەن بىر كېچە قونغان مەھبۇبە، ئەتىسى ئەتىگەندە ئىنقىلابىي كومىتېت قىلىنغان مۇدىر ئىشخانىسىغا كىرىپ كەلدى، قانداقتۇر بىر ئىشنى جىددىي مۇزاكىرە قىلىشۋاتقان نىزاخۇن، ساتتار قارا، بانىخان باداڭ، مەمتىلى ئىبراھىملار ئۇنىڭغا كېلىشىۋالغاندەكلا قاراشتى. مەھبۇبە بىر پارچە ئىلتىماسنى ئېلىپ ئۈستەل ئۈستىگە قويدى. ئۇلار بىر - بىرلەپ كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن، كۆز قىيقىشىۋالدى.

— ئانامنىڭ كېسىلى ئېغىر، — دېدى مەھبۇبە يىغلامسىراپ، — ئۇ، «ھېكمەتكە قىلىدىغان سۆزۈم بار» دەپ كۆزى ئىشىكتە، ئىشەنمىسەڭلا ئادەم قوشۇپ قويۇڭلار ...

— سىز چىققاچ تۇرۇڭ، — دېدى نىزاخۇن

مەھبۇبەگە، — بىز مۇزاكىرىلىشىپ باقايلى.

ئۇلار مەھبۇبە چىقىپ كەتكەندىن كېيىن بىر پەس كۇسۇرلاشتى. بولۇپمۇ مەمتىلى ئىبراھىم قوللىرىنى شىلتىپ قانداقتۇر پىلانلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، تېزلىك بىلەن بىر پارچە قەغەزگە خەت يېزىپ چىققاندىن كېيىن سىرتقا قاراپ «كىرىڭ» دەپ ۋارقىرىدى. مەھبۇبە دەرھال ئىشخانىغا كىردى. ھەممىسىنىڭ چىرايى بىردىنلا ئىللىقلىشىپ قالغاندەك قىلاتتى.

— ئىلتىماسىڭىزغا قارىغاندا ئانىڭىزنىڭ بىرنەچچە كۈنلۈكى قالغان ئوخشايدۇ، — نىزاخۇن چىرايىغا ئىچىنىش تۈسىنى بەردى، — باشقا ئەر تۇغقانلىرىڭىز بولمىغاندىن كېيىن سىزگە راستىنلا ئېغىر كېلىدۇ. بىز ئىككى مىنبىڭ ھەمراھلىقىدا ھېكمەتنى كىرگۈزۈشنى ئويلاشتۇق، لېكىن ...

مەھبۇبە نىزاخۇننىڭ شەرتلىرىنى ئاڭلىغانسېرى پۇت - قوللىرىدا جان قالمىغاندەك سەنتۈرۈلۈپ بېرىپ تامغا يۆلىنىپ قالدى. ئۇنىڭ بەدىنىدىكى قاننىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى بىلىپ بولمايتتى. چۈنكى، يۈرىكىمۇ سۇسىز قالغان بېلىقتەك تولىمۇ زەئىپ لىپىلدايتتى. ئۆزى ياخشى كۆرگەن ئېرىنى، «سوۋېتكە قاچماقچى بولغاندا، مەن بىلىپ قالغانىدىم ... ھېكمەت، ئەگەر تەشكىلگە چاقىدىغان بولساڭ سېنى ئۆلتۈرۈۋېتىمەن، دەپ ئۇرۇپ ئىچىمدىن خۇن كەتكەن ...» دېگەن ئىسپاتقا قول قويۇش شەرتى بىلەن ھېكمەتنى شەھەرگە ئېلىپ كېرىش! توۋا، بۇ ئادەملەر شۇنچىلىك زەھەرخەندىلىك قىلىپ نېمىگە ئېرىشمەكچى، كىمگە خۇشامەت تەخسىسىنى سۇنماقچى؟! دۇنيادا ئادەمدەك نومۇسسىز ئىپلاس، ئاجىز مۇناپىق بىر نەرسە يوقكەن، خوجايىنلىرىنىڭ ئالدىدا تىرناقتەك بولسىمۇ نەزەرىدىن ئۆتۈش ئۈچۈن ھەممە پاسكىنىچىلىقلارنى قىلىشتىن يانمايدىكەن ... دەر - ھەقىقەت، مەھبۇبە قارىغۇ مۇھەببەت ئالدىدا خېلى كۆپ يامانلىقلارنى قىلدى. ئەمما، بۇن-

داق خائىنلىق ئۇنىڭ كۆڭلىگە سىغمايدۇ، ھېلىغۇ ئانىسىنى
ئەزرائىل خۇدانىڭ دەرگاھىغا ئېلىپ كېتىش ئالدىدا تۇرۇپتۇ،
ئەگەر مۇشۇ ئادەم تونىنى يېپىنىۋالغان مەلئۇنلار ئانىسىنىڭ
جېنىنى قىلىچ بىلەن قىيناپ ئالسىمۇ غۇرۇر، ۋىجدان ئۇچۇن
مىت قىلىپ كۆزىدىن ياش چىقارمايدۇ.
— سىلەر مېنى نېمە كۆرۈۋاتىسىلەر، — مەھبۇبە بالد-
سىنى ئۇ قولىدىن بۇ قولىغا يۆتكىدى، — مەن مۇشۇ نارەسىدە
قىزىمنىڭ گۆشىنى يېيىشكە رازىمەنكى ئۇنداق ئىپلاس ئىشنى
قىلمايمەن. سەنلەرنىڭ نەرىڭ ئادەمگە ئوخشايدۇ، دېھقان دېگەن
ئاق كۆڭۈل، ساددا، مۇلايىم، رىزقىنى توپىدىن تېپىپ يەيدى-
غان ھالال ئادەملەر. سەنلەرچۇ بىر توپ ھۇرۇن، گال قىمار-
ۋازلىرى، دۆلەتنىڭ ئاق نان، تاماقلىرىغا دەندەپ قالغان لالما
ئىتلار! ئاشۇ مەئىشەتتىن ئايرىلىپ قالماسلىق ئۇچۇن خوجايىن-
لىرىغا خوتۇن، قىزلىرىڭنى سولاپ بېرىشتىن يانمايدىغان غو-
رۇرسىز چۈپرەندىلەر! ھەي مەتىلى ئىبراھىم، — مەھبۇبە
مەتىلى ئىبراھىمغا قولىنى شىلتىدى، — ھېكمەت ساڭا نېمە
يامانلىق قىلغان؟ «ئۇششاق باللىرىم بار» دەپ يىغلاپ، چۇ-
كۇلداپ بارغىنىڭدا ھېكمەت جازا، رەخت، مىق، ماي، بوياقلار-
نى يېنىدىن چىقىرىپ جېنىڭغا جان قاتتى. نەچچە ھارۋا ئوتۇن،
مەدەك، كىسىم ياغاچلارغا ئىگە بولدۇڭ، بۈگۈنكى كۈنلۈكتە
كۆتۈڭنى ئېلىپ يۈزۈڭگە چاپلاپ، نېمە شۇملۇقلارنى قىلىدۇۋا-
تىسەن؟ بۇ ھەرىكەتمۇ تۈگەيدۇ، سەن بىلەن بىز قالىمىز،
كېيىنكى ۋاقىتلاردا قانداقمۇ ئىسسىق سالاملاشقىلى بولار؟!
بۇرادەرلىرىڭ، ئەۋلادىڭ ئالدىدا قانداقمۇ يۈز كۆتۈرۈپ
يۈرەرسەن؟ ...

مەھبۇبە يىغلىغانچە چىقىپ كەتتى. ئۇ تۈنۈگۈنلا ھېكمەت-
نىڭ نەگە سولانغانلىقىنى بىلگەچكە، ئۇدۇل ئىتتىپاق ياچېيكى-
سىنىڭ كىگىز بىلەن چۆمكەلگەن ئىشىكى ئالدىغا كەلدى. غو-

جى تەلۋە ئۈچ قىرلىق كالتەكنى تۇتۇپ، ئىتتىپاق پاچىيكىسى ئەتراپىنى ئايلىنىپ يۈرەتتى. ھېكمەت بىلەن كۆرۈشتۇرمەيدى-غانلىقىنى بىلگەن مەھبۇبە ئىشىك تۈۋىدىگە كېلىپ ئاستا چاقىردى:

— ھېكمەت ... ھېكمەت ... ھېكمەت! ... — مۆلدۈر-لەپ تۆكۈلۈپ تۇرغان مەھبۇبە قانچە چاقىرسىمۇ ئىچكىرىدىن جاۋاب كەلمىدى، — ھېكمەت مەن سىزنى يوقلاپ كەلدىم (ئۇ ئانىسىنىڭ كېسەللىكىنى ئېيتىپ، ئېرىنىڭ كۆڭلىنى پاراكەندە قىلىشنى خالىمىدى)، — مەھبۇبە كەينى - كەينىدىن چاقىر-غان بولسىمۇ ئۈن - تىنىش بولمىدى.

— بىلىمەن ھېكمەت، سىز مېنى كەچۈرمەيسىز ... مەندەك بىۋاپا ئايالىڭىزنى ئۇنتۇدىڭىز ... شۇنداقتىمۇ ئازغىنە بىللە ئۆتكەن ئەر - خوتۇنچىلىقىمىزنىڭ يۈزىنى قىلىپ گەپ قىلىڭچۇ؟! مەن سىزنىڭ ئاۋازىڭىزنى بولسىمۇ ئاڭلاي، ھېكمەت ... جىنىم ھېكمەت! ...

ئىچكىرىدىن سادا يوق ئىدى. مەھبۇبە قىزىنى ئېڭىشتۇ-رۇپ ئىشىككە يېقىن ئېلىپ كەلدى.

— ئۇچقۇن قىزىم، دادا دەڭ ... ھە قېنى دادا دەڭ ... داداش ئېيىيە بار ... سىزگە ئۇممە بېرىدۇ ...

— دەددە ... دە ... دەددە! — بىر ياشتىن ئاشقان قىز گۈگۈردى. شۇ ھامان ئىشىككە بىر نېمىنىڭ گۈلۈپپىدە ئۇرۇلد-شىدىن چۆچۈپ كەتكەن بالا دەرھال ئانىسىنىڭ بوينىنى قۇچاق-لىدى، دەقىقە ئۆتمەي ئىچكىرىدىن بۇقۇلداپ يىغلىغان ئاۋاز كەلدى. بوش ئەمما ھەسرەتلىك ئۇزۇك - ئۇزۇك، بىراق پىغان-لىق چىقىۋاتقان بۇ يىغا چۆلدە تەنھا قالغان بوتىلاقنىڭ بوزلىشى-غا، ئوق تەگكەن ئاھۇنىڭ نالىسىغا ئوخشاپ كېتەتتى.

— قىزىم ... بۇنىڭدىن كېيىن ... كەلمەڭ ... — نادامەتلىك ئاۋاز ئىسەدىگەن ھالدا ئاڭلاندى، —

ئەمدى ... ئەمدى ... مېنى ئۇنتۇپ كېتىڭ! ... ھېكمەت ئاتلىق ... باغرى جاراھەت دادىڭىز ... بۇ دۇنيادا يوق! ... مېنىڭ ... دۇنيادا بىرلا ئازابىم ... سىزگە ئاتىلىق مېھرىمنى بېرەلمىدىم ... مەندەك بىقۇلنى كەچۈرۈڭ ...

— ھېكمەت! ... ھېكمەت!! ... ، — مەھبۇبە ئۈن سېلىپ يىغلىۋەتتى، — ئۇنداق دېمەڭ ... مەن سىزنى چاچلىرىم ئاقىرىپ، كۆز گۆھەرلىرىم تۆكۈلگۈچە ... بەللىرىم پۈكۈلۈپ، تەندە مادارىم تۈگىگۈچەساقلايمەن ... قاچانكى گۈلزىبا يۈرىكىڭىزنى قايتۇرۇپ بەرگۈچە، سىزگە بولغان ئەقىدەمنى يوقاتمايمەن ... ھېكمەت ... ھېكمەت!! ... ، ھېكمەت!!! ...

جاۋاب بولمىدى، قاراڭغۇلۇق تېقىلغان ئۆي جىمىپ كەتتى.

# قەيسەر ئوغلانلار

گۈڭشېنىڭ ئالدىدىكى چوڭ مەيدان بۈگۈن يەنە ئادەم دېڭىـ
زىغا ئايلاندى. تىقىلىشىپ ئولتۇرغان دېھقانلار، ئوتتۇرا ـ باشـ
لانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلىرى، ئىدارە ـ جەمئىـ
يەت كادىرلىرى، گويا ئەزرائىل، كىم گەپ قىلسا جېنىنى
ئالىدىغاندەك سۈكۈتتە ئىدى. ئۇلار ئۈنلۈكرەك يۆتىلىشكە،
چوڭقۇرراق تىنىشقىمۇ ئېھتىيات قىلاتتى. بىرەر يىغىن ياكى
يىغىلىش بولۇپ قالغىنىدا گۈلە ـ قاق، جىگدە مۇنەكلىرىنى
ماكاشلىتىپ يەيدىغان، ياڭاقلىرىنى ئۆتۈكنىڭ كاللىگىسىگە
(پاشنىسىغا) قويۇپ، چىقىپ، بىلىگە تۈگۈۋالغان زاغرىلىرىغا
قوشۇپ مەززە قىلىدىغان دېھقانلارمۇ روزى تۇتقاندەك ئېغىزلىـ
رىنى چىڭ يۇمغىنىچە چاتىرقىغا ئېڭىشىپ ئولتۇراتتى. بىراق،
بۇ قەبرىستان جىمجىتلىقىنى يۇقىرى ئاۋازلىق كانايلاردىن ئۇـ
زۇلمەي كېلىپ تۇرغان «قىزىل قۇياش» ناخشىسى بۇزۇپ تۇـ
راتتى. ھەممە ئادەمنىڭ قىزىل پلاكاتلار بىلەن يۆگەلگەن سەھنە
بېشىدىكى «كەڭچىلىك قىلىش ۋە قاتتىق چارە كۆرۈش چوڭ
يىغىنى» دېگەن خەتتىن يۇرىكى سىرقىرايتتى. يىغىننىڭ كۈن
تەرتىپى، باشلىنىشى، سۆزلەنگەن نۇتۇقلار يەنىلا ۋىلايەتلىك
خەلق مەيدانى ۋە ناھىيىلىك تراكتور پونكىتىدا ئېچىلغان يىغىنـ
غا ئوخشاپ كېتەتتى. ئارقا ـ ئارقىدىن تۇۋلىنىۋاتقان شوئار،
ئەتراپقا ئېسىلغان ۋە چاپلانغان لوزۇنكا، پلاكاتلاردىكى تەشۋىقات
مەزمۇنلىرىمۇ بىردەك ئىدى. ئوخشىمايدىغان بىرلا يېرى، جىـ

نايىتىنى تاپشۇرۇپ ھەقىقەتكە قايتقانلارنى مۇشۇ مەيداندىلا قو-يۇپ بېرىپ، پارتىيىنىڭ ئىخرار قىلغانلارغا كەڭچىلىك قىلىش سىياسىتى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىلدىغانلىقى ئۇقتۇرۇلدى. كا-تىپ ئابلىز بەكرى ۋۇ جۇرىننىڭ نۇتقىنى سۆزمۇ سۆز ئۆرۈپ تۇراتتى.

— بەشىنچى باشقۇرۇش رايون، ئىككىنچى دادۈي، تۆتىن-چى شياۋدۈينىڭ ئامبارچىسى مەتسۇپى توختىنىڭ خاتالىقى چوڭ، خاراكتېرى ئېغىر بولسىمۇ، — دېدى ۋۇجۇرىن ھەربىر سۆزىنى سوزۇپ، — مەسىلىسىنى پاش قىلىپ ھەقىقەتكە قايتقانلىقى ئۈچۈن پارتىيىنىڭ ئۇلۇغ سىياسىتى بويىچە قويۇپ بېرىلدى. ھازىر ئۇ پارتىيە، ماۋجۇشىغا بولغان يۈرەك سۆزلە-رىنى ئوتتۇرىغا قويماقچى ...

ۋۇ جۇرىن ئىسمىنى ئاتىغان بۇ ئادەمنىڭ نەلىك ئىكەنلىكى ھەممىگە ئايان ئىدى. ئۇ تۇرغان دۈينىڭ بىر قىسىم ئادەملىرى ئەجدادىدىن تارتىپ ۋايىز (مەدداھ) لىق قىلىپ كەلگەچكە ئۇلار تۇرۇشلۇق ئورۇننى «ۋايىزلار مەھەللىسى» دەپ ئاتىشاتتى. ئۆلكە ئازاد بولۇپ خېلى ئۇزۇنغىچە ئۇلار «دۈشەنبە» ، «سەيـ-شەنبە» ، «چارشەنبە» ، «ئازنە» دېگەن بازارلاردا «ھۈنەر» قىـ-لىپ تاپاۋەت قىلاتتى. ھەتتا ئەمگەكتىن قېچىپ «مېنى قوشۇمـ-چە كىرىمگە چىقىرىۋەتسەڭلا» دەپ ئەترەت باشلىقلىرىغا شەرت قويغانلىرىمۇ بار ئىدى. مۇئەللىملەرمۇ بۇ مەھەللىدىن ئوقۇغۇ-چى قوبۇل قىلىشقا قېرىق ئىدى. چۈنكى، باللىرى گەپنى ئاھاڭغا سېلىپ بەكمۇ ئۇزۇن سوزۇپ قىلغاچقا، ئوقۇغۇچىلار كۈلۈپ دەرس ئىنتىزامى بۇزۇلاتتى. بىر قېتىم ھېكمەت دەرس ئۆتۈپ بولۇشى بىر ئوقۇغۇچى ئورنىدىن تۇرۇپ: «ھوي ... مـۇئـەلـ ... لـىم! ... ھـە ... مـانـا ... مـېـنـىـڭ چـۈشـەنمىگەن ... سو ... ئالىم باتتى! ...» دېيىشى بىلەن

ئوقۇغۇچىلار سىنىپنى كۆتۈرۈۋەتكۈدەك كۈلۈشكەندى. شۇنداق تۇرۇقلۇق بۇ ۋايىز ئامبارچىنىڭ قانچىلىك چوڭ جىنايىتى باردۇر؟

مەتسۇپى توختى مىكروفون ئالدىغا كېلىپ نېمە دەپ، نېمە قويۇشنى بىلمەي تۆت ئەتراپىغا ئالاق - جالاق قارىغىنىچە تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ بويى جوتۇ سېپىدەك پاكار، دىقماق بولغاچقا لى گاڭ مىكروفوننى پەسلىتىپ قويدى.

— هو ··· ي ··· يولداش ··· لار! ··· هە مانا مەن شۇدۇينىڭ ··· سەككىز چارەك قونىقى، ئالتە چارەك بۇغدىيى، ياڭاقلىرىنى پاساڭدىغان ئوغرىمەن ··· — مەيداندىكى مىڭلىغان ئادەملەر بويۇنلىرىنى سوزۇشۇپ، پىخىلداپ كۈلۈشكىنىچە قاردىماقتا ئىدى، — گۇناھ ··· لىرىم ··· ئېغىردۇر ··· سەۋەنلىرىم ··· ئۇندا ··· بار ··· شۇنداقىنام ئەپۇئەتتى ··· هۆكۈمەت ··· قايىشمىكەن ··· پارتىيە··· مەندەك بىر قارا يۈزنى ··· ئازاد قىلدى ··· ئارمىيەم! ···، هە مانا ··· نومۇس ··· ۋەجىدىن ··· قارايدىغان كۆزۈم يوق ··· سۆزلەيدىغان سۆزۈم يوق ··· قىزىرىدىغان ··· يۈزۈم يوق ··· ئۇلۇغ يەھمەيلىرىمىزگە تەشەككۈيگە تىلىم يوق! ···

مەيداندا بىردىنلا كۈلكە كۆتۈرۈلدى، ھەتتا تەقدىردىن ئەنسىرەپ ئولتۇرغانلارمۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالالمىدى، مەتسۇپى توختىنىڭ ۋايىزلىقىغا «دوست» تارتىپ بېرىدىغان ئادەملا كەم ئىدى. بۇنداق جىددىي كەيپىياتنىڭ بىر كۈلكە بىلەنلا سۇسلىشىپ قېلىشىدىن قاتتىق ئەنسىرىگەن ۋۇ جۇرىن، لى گاڭلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ كەتتى. ئابلىز بەكرى ئەھۋالنى چۈشەندۈرگەن هامان مەتسۇپى توختىنىڭ دۈمبىسىدىن ئىتتىرىپ، سەھنىنىڭ ئارقىسىدىن چۈشۈرۈۋەتتى.

تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن بۇ ئەھۋال ۋۇجۇرىن، لى گاڭلارغا

قاتتىق زەربە بولدى بولغاي، «كەڭچىلىك» قىلغان بىرنەچچە دېھقان، كادىرلارنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ «مىننەتدارلىق» سۆزى قىلغىنى قويمىدى. لى گاڭ ئاممىنى تەرتىپكە چاقىرىش نۇتقى سۆزلىگەندىن كېيىن ۋۇ جۇرىن «بەش مىنۇت ... بىر مىنۇت» نى باشلىۋەتتى.

— نۇرىيوف جىتمۇەنى ۋە بوستاندىكى ئەكسىلئىنقىلابىي قارا تەشكىلات ئۈچۈن، — ۋۇجۇرىن بار ئاۋازىنى ئىشقا سالدى، — يوشۇرۇن ئاشلىق توپلىغان نەق ئەكسىلئىنقىلابچى ئېزىز تارمۇش قولغا ئېلىنسۇن!

تۆت مىنبىڭ ياۋۇزلارچە ئېتىلىپ كېلىپ، ئېزىزتارمۇشنى توپىلارغا پۇچىلاپ سۆرەپ ماڭدى - دە، بىردەمدىلا باغلاپ سەھنە ئالدىغا دوڭغايتىپ قويدى.

— ئەكسىلئىنقىلابچىلار، شيۇجېڭجۇيىچىلار، بۇزۇق ئۇنسۇرلار دەرھال سەھنىگە چىقىپ ئۆزۈڭنى مەلۇم قىلىش! — ۋۇجۇرىننىڭ بۇيرۇقى كانايلاردىن يەنە ياڭرىدى، — جاھىللىق قىلىش ئۆلۈم يولىدۇر، بەش مىنۇت ... ئۈچ مىنۇت ... بىر مىنۇت ... ئەكسىيەتچى تارىخ يازغان ھەم ساقلىغان بۇزۇق ئۇنسۇر نۇردۇن ئابدۇمۇلۇك قولغا ئېلىنسۇن.

چۈشكىچە داۋاملاشقان «بەش مىنۇت، بىر مىنۇتتا» ئىدارە - جەمئىيەت ۋە يېزا كادىرلىرىدىن ئون بىر ئادەم مەيدانغا تىزىلدى. ئەڭ ئالدىغا ئەكېلىپ ئولتۇرغۇزۇپ قويغان ھېكمەت ئۆزىنى مەلۇم قىلغۇچىلار قاتارىدا سەھنىگە چىقمىدى. بىراق، ئۇ ئىچ كىيىم، تاش كىيىملىرىنى يېڭىلاپ تولۇق تەييارلىق بىلەن كەلگەنىدى. ئۇ ئەتىگەن تۆمۈر نىيازغا: «بۈگۈن مېنى قولغا ئالىدۇ، يوتقان - كۆرپە، ياستۇقلىرىمغا سەن ئىگە بولۇپ، يېزىدىكى ئۆيۈڭدە ساقلا، باشقىلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتمىسۇن» دەپ تاپىلاپ قويغانىدى. ۋۇجۇرىن، لى

گاڭلار ھېكمەتتەك «يىلان بېشى»نى بوستاندا قالدۇرۇپ ئاخىر بىر كۈن خىزمەت كۆرسىتىمىز» دەپ چوت سوققانمۇ، ئۇنىڭغا زەھەرلىك قولىنى سوزمىغانىدى. ھېكمەت ئالدىدا دوڭغىيىپ تۇرغان ئېزىز تارمۇشقا قارىدى. ئۇنى «بىرىنچى باغلاق» تا باغلىغانلىقى ئۈچۈن بىلەك تومۇرلىرى پۈلتىيىپ، تىرناقلىرى كۆكۈرۈپ كەتكەنىدى. بۇنى بىلگەندەك سەھنە ئالدىدا ئايلىنىپ يۈرگەن ياڭ پەيجاڭ ئۇنىڭ باغلىقىنى يېشىپ خېلىلا بوشىتىۋەتتى.

يىغىن تۈگەش بىلەن قولغا ئېلىنغانلارنى ماشىنىغا سېلىپ شەھەرگە ئەكىرىپ كەتتى. توپا - توزانلار ئىچىدە: «ئېزىز! ... ئېزىز!» دەپ بالىسىنى كۆتۈرۈپ ماشىنا ئارقىسىدىن ئاتچۇي ئىلەكلىرىگىچە يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقان نازىلىئاينىڭ پىغانلىق سىيماسىنى ھېكمەت نەچچە يىللارغىچە ئۇنتالمىدى. بۇ يىغىندىن ئىككى كۈن ئۆتۈپ گۇڭشېنىڭ قىشلىق كۇلۇبىدا «ھەيۋە سۇندۇرۇش» چوڭ يىغىنى ئېچىلدى. گەرچە بۇ يىغىندا قولغا ئېلىش بولمىغان بولسىمۇ، ھەممە ئورۇنلار تارتىپ چىقارغان «ئەكسىلئىنقىلابچى»لىرىنى باغلاپ ئېلىپ كېلىشتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئېگىز كۆتۈرمە سەھنىگە تىزىلدۇرۇلدى. قاتتىق باغلانغان ھېكمەت، كامىل، توختى قۇربان قاتارلىق ئوتتۇرا مەكتەپتىن ئېلىپ كېلىنگەنلەر ئالدىنقى قاتاردا ئىدى. ئەڭ ئاخىردا گۇڭشې ئىدارىسىنىڭ مىنبىڭلىرى ۋاڭ لىمىڭ تۇراپ ئىمىن قاتارلىق سابىق گۇڭشې رەھبەرلىرىدىن ئالتە ئادەمنى باغلاپ ئېلىپ كەلدى، بۇنىڭ ئىچىدە تولىمۇ ئىچىنىشلىقى تۇراپ ئىمىن ئىدى. ئۇ، ئېغىر ئاشقازان كېسىلى بىلەن تاماق يېمەي بەكمۇ ئاجىزلاپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ئىتتىك ماڭالمايتتى. قىپقىزىل بېشى رەڭسىز يۈزى، قورۇق باسقان بويۇنلىرىدىن تەر قۇيۇلۇۋاتقان تۇراپ ئىمىننىڭ ئايىغى سالدۇرۇۋېتىلگەنىدى. بۇ يەردىمۇ ياڭ پەيجاڭ سەھنىدىكى «ئەكسىلئىنقىلابچى»

لارنى ئارىلاپ، باغلاقلارنى كۆرۈپ، خېلى كۆپلىرىنىڭ ئارغامچىلىرىنى بوشىتىپ قويدى. ئۇ ھېكمەتنىڭ باغلىقىنى بوشىتىۋاتقاندا غوجى تەلۋە: «بۇشىڭ ياڭ پەيجاڭ، تا پەن گىمىڭيا»[1] دېۋىدى، ياڭ پەيجاڭ قاتتىق ئالايدى - دە: «بىندەن[2]» دەپ غودۇڭشىدى. غوجى تەلۋە گەرچە ئۇنىڭ سۆزىنى ئۇقالمىغان بولسىمۇ، ئالىيىشىدىنلا ئەندىكىپ غىڭ قىلالمىدى. لېكىن، ياڭ پەيجاڭنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان ھېكمەت ئىچىدە: «بىز ھەقىقەتەن دۆت ئىكەنمىز» دەپ ئويلىدى.

يىغىن پۈتۈن ئورۇنلارنىڭ تايانچ ئاكتىپلىرىنىڭ، ئۆزلىرى تارتىپ چىقارغان ئادەملىرىنىڭ «جىنايەتلىرىنى» پاش قىلىش بىلەن ئاياغلاشتى. ھېكمەت مەكتەپكە قايتىپ كەلگەندە تۆمۈر نىياز ئۇنىڭ باغلىقىنى يېشىپ سولاقخانىغا ئەكىرىپ قويدى. ئەمما، يېرىم كۈن باغلاقلىق تۇرۇپ ئۇيۇشۇپ كەتكەن قوللارنى ئۆزۈنىچە ئالدىغا ئەكەلگىلى بولمىدى.

شەھەردىكى ئىككى يىغىن خوتەن دىياردا ئېلىپ بېرىلغان «بىرگە زەربە بېرىپ ئۈچكە قارشى تۇرۇش» قا چىقىلدۇرغۇچ ئوت رولىنى ئۆتىگەن بولسا، بوستاندا ئېچىلغان ئىككى يىغىن گويا روھلاندۇرۇش ئوكۇلى سالغاندەك تايانچ ئاكتىپلارنى ھەددىدىن زىيادە ۋەھشىيلەشتۇرۇۋەتتى. بوستان بازىرىدا ھەركۈنى دېگۈدەك سازايى بولۇپ تۇراتتى. باشقۇرۇش رايون، كەنت، ئەترەتلەردىن ئىشقا چىقالمىغان. ئېتىز - ئېرىقلاردىن قوغۇن، كۆكۋاش، يەل - يېمىش ئوغرىلىغان، ئاكتىپلارغا يانغان، قەرز تۆلىمىگەن «ئەكسىلئىنقىلابچى» لارنىڭ بويۇنلىرىغا كونا داس، تاكان كەتمەن، ئەسكى سېۋەت، يىرتىق غەلۋىرلەرنى ئېسىپ سازايى قىلىشاتتى. بەزى كەنتلەرنىڭ تايانچ ئاكتىپلە-

---

① بولمايدۇ ياڭ پەيجاڭ، ئۇ ئەكسىلئىنقىلابچى تۇرسا.

① بىندەن - دۆت، قاپاق.

ری: «ئېشەك ئېشەكتىن قالسا قۇلىقىنى كەس» روھى بويىچە
سازايىنى ئاشۇرۇۋېتەتتى. ئۇلار «ئەكسىلئىنقىلابچى» لارغا ئۆل-
تۈرمەي تۈرۈپلا كېپەن كىيگۈزەتتى، خام ياكى ئاق خەسىدىن
تىكىلگەن ئۇزۇن خالتىلارنى كىيگۈزۈپ بويىنىدىن بوغاتتى.
ئاستىدىكى تۆشۈكتىن پۇتلىرى ئارانلار چىقىپ تۇرغان بۇ مەھ-
كۇملار چېتىق سېلىنغان كالىدەك چوڭراق قەدەم ئېلىپ ماڭال-
مىغانسېرى، گەجگىسىدىن ئۇرۇپ - دۆشكەلەپ ئىتتىرەتتى.
يەرگە دۈم چۈشۈپ ئاغزى - بۇرنى لاي - قان بولۇپ
كەتسىمۇ دۈمبالاش توختاتمايتتى. ھەركۈنى سازايىنىڭ دۈم-
باغ، شوئار ئاۋازلىرىنى ئاڭلىغان ۋۇجۇرىن، لى گاڭ، تۇردى
ھېكىم قاتارلىق ئىنقىلاب سەركەردىلىرى دەرۋازا ئالدىغا چىقىپ
ئۇلارنى «پارات» تىن ئۆتكۈزەتتى. سەپنىڭ ئالدى - كەينىدە
پالاقلاپ يۈگۈرۈپ، ھەر خىل بۇيرۇقلارنى بېرىپ يۈرگەن «تا-
يانچ» لار گۆشى ئالدىغا كېلىش بىلەن مەيدىسىنى چىقىرىپ،
بېشىنى ئارقىغا قاتايتىپ، قوللىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ شوئار
توۋلاپ، ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئۆزىنىڭ ساداقىتى ۋە خۇشامىتىنى
ئىپادىلەيتتى، بۇ سەركەردىلەرنىڭ قولىنى كۆتۈرۈپ باش لىڭ-
شىتىپ قويۇشى ئۇلار ئۈچۈن ھەج ساۋابىدىن ئارتۇق بىلىنەت-
تى. شۇڭا، ئۇلار كېچىچە كىرىپىك قاقماي سازايى قىلىشنىڭ
يېڭىدىن يېڭى «كەشپىيات» لىرىنى ئويلاپ چىقاتتى. تېخى
ئىككى كۈننىڭ ئالدىدىلا ئۆزۈنىغا سوزۇلغان نامايىشچىلار قوشۇ-
نى بىر توپ «ئەكسىلئىنقىلابچى، بۇزۇق ئونسۇر» لارنى سازايى
قىلىپ بوستان بازىرىغا كىرىپ كەلدى، ئۇلارنىڭ ئەڭ ئالدىدا
كېلىۋاتقان يىگىرمە بەش - يىگىرمە ئالتە ياشلار چامىسىدىكى
ئېگىز، ئاتيۇزلۇك بىر يىگىتنىڭ بېشىلا چوقچىيىپ قالغان
بولۇپ، بويىنىدىن پۇتىنىڭ ئۈچىغىچە جۇمبۇ - جاۋەن، قۇش-
قۇن، لىڭگىرچاق، توقۇم، تاسمىلار ساڭگىلاپ تۇراتتى. ئېغىر
يۈكتىن ئىرغاڭلاپ ماڭالمايۋاتقان بو يىگىت ئەترەتنىڭ ھارۋىسى-

نى ھەيدەيتتى. ئۇ دەريا ئەمگىكىگە شاخ ـ شۇمبا توشۇش جەريانىدا ئىچ ئاتنىڭ پۇتىنى ئاقسىتىپ قويۇپ «ئەكسىلئىنقى-لابچى» بولۇپ قالغانىدى.

نىزاخۇن چىكەتكىمۇ مەكتەپ ئىچىدە «يەردەسسەيمۇ ؟ دەسسىمەيمۇ» دېگۇدەك قانات ـ قۇيرۇقىنى رۇسلاپ، نوپۇزلۇق ئەربابلار پەدىسىدە سالاپەتلىك يۆتىلىپ قويۇپ، ھەيۋىتىنى ھەس-سىلەپ ئاشۇردى، ئالا ۋاراق بېشىغا چاچمۇ قويدى. ئۇ كۇرەش-نىڭ گرادۇسىنى كۈندىن كۈنگە ئۆرلىتىپ تۇرغاچقا، تارتىپ چىقىرىلغان مۇئەللىملەرنىڭ بەدەنلىرىدە كۆكەرمىگەن، ئىشى-شىمىغان، قانىمىغان يەر قالمىدى. نىزاخۇن كۇرەش يىغىنلى-رىدا: «بۇ جاھىل ئونسۇرغا پرولېتارىياتنىڭ مۇشتىكىنى تونۇ-تۇپ قويايلى» دېگەن ھامان، تەلۋە مىنبەگلار يوپۇرلۇپ كېلىپ قاتتىق ئۆتۈكلىرىدە تېپىپ، قوللىرى ئاغرىپ كەتكىنىنى تۇي-ماي ئۇلتۇراتتى. «كۇرەشنىڭ ۋەھشىيىتىنى ئاشۇرۇپ، ئەكسى-يەتچىلەرنىڭ ھەيۋىسىنى سۇندۇرۇش» دېگەن «دانا» پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويغان نىزاخۇننىڭ ھېكمەتكە سالمىغان زۇلمى قالمىدى.

كۇرەش باشلىنىشتىن ئىلگىرى ئىككى مىنبىڭ ھېكمەتنىڭ قوللىرىنى ئارقىسىغا قايرىپ، قىسماقتەك ئېگىشتۇرگىنىچە كا-رىدوردىن ئۇچقاندەك يۈگۈرتۈپ ماڭاتتى ۋە ئىشخانىغا ئوقتەك ئېتىلىپ كىرىشى بىلەن گۈلدۈرلىگەن شوئارلار توختاپ بولغۇ-چە ھېكمەتنى ئىشخانىنىڭ ئوتتۇرىسىدا چاقپىلەكتەك چۆرگىلى-تەتتى. ۋارقىراشلار پەسىيىپ باشقىلار پەسكارىغا چۆشكەندىلا بىلىنى رۇسلىغان ھېكمەتنىڭ پۈتۈن بەدىنىدىن يامغۇردەك تەر-قۇيۇلاتتى. ئالدىنقى ھەپتە نىزاخۇن ھېكمەتنى تۆت كۈن ئۇخلات-مىدى. كۈندۈزى كۇرەشتە ئۆرە تۇرغان ھېكمەت سولاقخانىغا كىرىشى بىلەن چۈشكەن سوئاللارغا جاۋاب يازاتتى. ئوتتۇر كې-چىگىچە نۆۋەتچىلىك قىلغان مىنبىڭ يەنە بىرىنى ئويغىتىپ ئىسمىنا ئالمىشاتتى. تۆت كۈن كىرپىك قاقمىغان ھېكمەت بىر

قىسمىلا ئىلىشاڭغۇ بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ تورلىشىپ كەتكەن كۆزلىرى ۋارقىرىشىۋاتقانلارنى بىر كۆرۈپ - بىر كۆرمەيتتى. ئالدىغا دېۋەيلەپ قوللىرىنى شىلتىشىۋاتقانلارنىڭ گۇڭگا سىيماسى ئەلەڭلەپ تۇرغان سايىدەك كۆرۈنەتتى، ھەتتا ئۇ كۆزى ئوچۇق تۇرۇپ ئالدىدىكى نەرسىلەرنى كۆرەلمەس بولۇپ قالدى. بەشىنچى كۈنى نىزاخۇن نۆۋەتچىلىك قىلىش ئۈچۈن تۆمۈر نىيازنى باشلاپ كىردى. ئۇ: «ئوتتۇر كېچىگگە سەن كۆزەت، تاڭ ئاتقۇچە مەن كۆزىتەي» دېدى - دە، ھېكمەتنىڭ يىغىلمىغان يوتقىنىنىڭ ئۈستىگە دۈم چۈشۈپ ئۇيقۇغا كەتتى. قاپاقلىرى گۆردەك ئولتۇرۇشۇپ، كۆز جىيەكلىرى يۇمۇلۇپ كېتىۋاتقان ھېكمەت كۆزلىرىنى يىرتىپ ئېچىپ لەپپىدە قارايتتى - دە، ئالدىدا ئولتۇرغان تۆمۈرنىيازنىڭ غۇۋا كۆلەڭگىسىنى كۆرەتتى. بىرەر سائەت بولمايلا نىزاخۇن چېكەتكىدەك چىرىلداپ، ئارقىدىن داپ چېلىپ، سۇناي پۈدىگىلى تۇردى.

— تۆمۈر نىياز، — دېدى كۆزلىرى ئېلىشىپ تۇرغان ھېكمەت، — نىزاخۇنغا دەپ باققىن، بىر سائەت ئۇخلىۋالاي، بولامدۇ؟ پەقەتلا بولالمىدىم ...

تۆمۈر نىياز نىزاخۇننى تۇرتۇپ، ۋارقىراپ يۇرۇپ ئاران ئويغاتتى.

— جۆرىن، ھېكمەت ...

— ھېكمەت؟! — ئىنقىلابچى دېگەن ئۇيقۇلۇق تۇرۇپمۇ سىياسەتتىن ئازمايدىكەن، جۆرىن دېمىغىنى قاقتى، — ھې، «ئەكسىلئىنقىلابچى» دېگىن ...

— ھە، ئاشۇ «ئەكسىلئىنقىلابچى» زادى بولالماي قاپتۇ ... بىر سائەت ئۇخلىۋالسام دەيدۇ ...

— بۇمايدۇ ... — نىزاخۇننىڭ بېشى گۇپلا ياستۇققا چۈشتى. ئەمما، ئۇ ئۇيقۇ ئارىلاش غودۇڭشىدى، — ئەكسىيەتچىلەرگە ... رەھىم قىلىش، ئىنقىلابقا ... خائىنلىق قىلىش

بولىدۇ ... مەن ۋۇجۇرىنغا ... قانداق ... يۈز ...

— مۇئەللىم، — ئىزاخۇن ئۇيقۇغا كەتكەندىن كېيىن، تۆمۈر نىياز ئاستا شىۋىرلىدى - ئۇستەلگە باشلىرىنى قويۇپ ئۇخلاۋەرمەملا، بۇ گادايىنىڭ بېشىغا سىيىسمۇ ئوخشىمايدۇ ... لېكىن ...

— نېمە دېمەكچىسەن؟

— لېكىن، سوئاللىغا تەييارلىق قىلىدىمىسىلا ئەتە ...

— بۇ مىنىڭ قېتىم چۈشكەن سوئاللار دېگىنە، ھەممىنىڭ جاۋابى خاتىرىدە بار، نەچچە ۋاقىتتىن بېرى شۇلارنى كۆچۈرۈپ تەكرارلاپلا كېلىۋاتىمەن ...

— ئەمىسە، مېنىڭ خېتىم سىلىنىڭ تېز يازغان خەتلىرىگە ئوخشاپ كېتىدۇ ...

— سوئاللار بويىچە كۆچۈرۈپ قويساڭلا بولىدۇ ...

تۆت كۈن ئۇيقۇغا زار بولغان ھېكمەت بەشىنچى كۈنى ئوقۇغۇچىسىنىڭ شاپائىتى بىلەن ئىككى سائەتتەك ئۇخلىۋالدى. لېكىن، ئەتىگەندە مىنبەڭلار تارتىپ چىقىرىلغانلارنى «ئىبرەت ئېلىش» كۆرەش يىغىنىغا قاتناشتۇرۇش ئۈچۈن باشلانغۇچ مەكتەپكە ئېلىپ كېتىشتى. بوستان باشلانغۇچ مەكتىپى كىتابخانىنىڭ مۇبارەك خەتىدە بولسا كېرەك، ئوتتۇرا مەكتەپتىن ئۈچيۈز قەدەمچە نېرىدا بولۇپ، بوستان بازىرىنىڭ بېشىغا توغرا كېلەتتى. ئۇنىڭ كۆك رىشاتكىلىق قورۇسى ئىچىدىكى تەتۈر سۆگەت چوكان - تاللار ئارىلىقلىرىدىن ئۇدۇلدىكى ئاقارتىلغان بىر قاتار سىنىپلار كۆرۈنۈپ تۇراتتى. سول تەرەپتىكى پاكار ئۆيلەر ئۇرۇش مەزگىللىرىدە ئەسىرلەرنى ئۇرۇپ قىينايدىغان، سولايدىغان گۇندىخانا رولىنى ئۆتىگەنىدى. نەفسە نەبىنىڭ ياردىمى بىلەن ئاشۇ ئۆيلەرنىڭ بىرىدىن كامىلنى قۇتقۇزۇپ ئېلىپ قاچقانلىقى ئەمدى ئېسىگلارغا كەلگەن بولسا كېرەك.

ھېكمەت، توختى قۇربان، زىكرۇللاغوجى، ئەخمەت ھوشۇر، زەينىدىن قاتارلىق «ئىبرەت» ئالغۇچىلار سىنىپقا قەدەم ئېلىشى، قوللىرى ئارقىسىغا باغلانغان كامىلنىڭ تورۇستىكى لىم ياغاچقا ئېسىلىپ پۇلاڭلاپ تۇرغانلىقىنى كۆردى. ئىشىكنىڭ ئۇدۇلىدا ئانچە ئېگىز بولمىغان كەڭ سۇپا بار بولۇپ، بالىلارنىڭ دوسكىغا بويى يەتمەي قالماسلىقى ئۈچۈن ياسالغانلىقى ئېنىق ئىدى. ئىبرەت ئالغۇچىلار سۇپا ئۈستىگە ئۈچ قاتار تىزىلدى. پارتا - ئورۇندۇقلار چىقىرىۋېتىلگەن شۇنچە كەڭ - ئازادە سىنىپتا تۇردى ھېكىم باشچىلىقىدا بەش - ئالتە مىنبىڭ بار ئىدى. ئۇلارنىڭ قوللىرىدا تاسما بەلۋاغ، تاياق، ئۇچى كاللەكلەنگەن ئارقانلار تۇراتتى. ئىككى مىنبىڭ كامىلنى ئاسقان ئارغامچىنى تارتىپ، تىرەجىگىنىچە تەرلەپ كەتكەنىدى، سىنىپ بۇلۇڭىدا قىيسىپ قالغان بىر ئەبجەق كارىۋات بولۇپ، پۇتۇنلەي قان داغلىرى بىلەن بۇلغانغانىدى. ئاغزىدىن قان ساقىپ تۇرغان كامىل ئېسىلىپ يەرگە قاراپ تۇرغاچقا، كۆز قىرىدا دوستلىرىغا قارىدى - دە، بىلىنەر - بىلىنمەس كۈلۈمسىرىدى. دوستىنىڭ ھالىنى كۆرۈپ يۈرىكى ئېچىشىپ كەتكەن باغرى يۇمشاق ھېكمەتنىڭ كۆزلىرىنى ياش قاپلىۋالدى.

— تەشكىلاتىڭنى ئېيتامسەن - يوق؟! — ۋارقىرىدى تۇردى ھېكىم قولىدىكى تاسمىنى ئويىنىتىپ، — سەن جاھىللىق قىلغىنىڭ بىلەن شېرىكلىرىڭ ھەممىسىنى پاش قىلدى ...

ئەڭ ئالدىدا بېشىنى سىلىپ تۇرغان ھېكمەت، بىر چاغدا كامىل بەلگە بەرگىنىدەك، تۈگمىسىنى تۇتقان بولۇپ مۇشتۇمىنى تۈگۈپ قويدى. بۇ ئۇنىڭ «خاتىرجەم بول» دېگەن بېشارىتى ئىدى.

— ئېيىت! ...

— بول چاپسان!

بىر پۈتى قىسقا بىر مىنبەنىڭ دىكوسلاپ كەلگىنىچە قولىدى-
كى تاياق بىلەن قارا - قويۇق ساۋاشقىسا باشلىدى. قاپقارا دوك
بىرى ئۈچى تۇرمەللەنگەن ئارقاندا، كامىلنىڭ يۈز - باش-
لىرىغا ئۇرۇۋەتتى. كامىلنىڭ پېشانە، يۈزلىرىدىن قان تەپ-
چىرەپ چىقتى...
— ۋۇي ئىتىنىڭ بالىسى، — پۇلاڭلاپ تۇرغان كامىل
زورۇقۇپ گەپ قىلاتتى، — مەن دوست تاللاشتا خاتالىشىپ
باقمىغان، ئۆمرى غالچىلىق بىلەن ئۆتكەن سەندەك نىجىستا
دوستلۇقنى چۈشىنىش ئىقتىدارى نېمىش قىلسۇن!
تۇردىنىڭ بىرلا ئىشارىتى بىلەن مىنبەڭلار كاناردىكى
گۆشنى تالان - تاراج قىلغاندەك ئېتىلىپ كېلىپ ئۇرۇپ كې-
تىشتى. بۇ قېتىم قاش ئارىسىدىن ۋە كالپۇكتىن شۇرقىراپ
چۈشكەن قان كامىلنىڭ يۈزلىرىنى بويىۋەتتى.
— ھەي فاشىستلار! — پۇلاڭلاپ تۇرغان كامىل خېلى
بىر چاغدا ئەسلىگە كەلدى، — بىلىمەن ... سەنلەر مېنى ...
ئۆلتۈرۈۋېتىسەن ... لېكىن مېنىڭ ئىنتىقامىمنى ئالىدىغان ئا-
دەملەر چىقىدۇ ... مەن ... مەن قاتىللىرىمنىڭ كىم ئىكەنلىكى
توغرىسىدا سىرتقا خەت چىقىرىۋەتتىم ...
كامىلنىڭ بۇ سۆزلىرىدە ئۆزىنى قوغداش ۋە قورقاق سې-
لىش تەھدىتى بار ئىدى. تۇردى ھېكىم ئالچاڭلاپ سىرتقا چى-
قىپ كەتتى. ھېكمەت ئۇنى دېرىزىدىن كۆرۈپ قالدى. ئېرىق
بويىدىكى دەرخكە يۆلىنىپ تۇرغان لى گاڭ قولىلىرىنى شىلتىپ
نېمىلەرنىدۇر دەۋاتاتتى. كامىلمۇ كۆز قارىچۇقلىرى تارتىلىپ
دېرىزە تەرەپكە قارىدى. بېشىنى ئۈمۈلاقمان گىلدىڭلىتىپ مىڭ
بىر ماقۇللۇقنى بەرگەن تۇردى ھېكىم قۇللارچە ئىگىلىپ،
خوجايىنى نان تاشلاپ بەرگەن خاۋازا كۈچۈكتەك، كۆرەڭلىگەن
ھالدا قايتىپ كىردى.
— قېنى ئېيىت، چەت ئەلگە قانداق

قاچماقچى بولغان؟! مەن بىلمەن، سەن دېگەن
ئەگەشكۈچى — تۇردى دالتەك باشقىدىنلا جانلىنىپ
كەتكەندى، — ئەگەر سەن پاش قىلساڭ ساڭا جىنايەت ئارتىل-
مايدۇ …
— مەن … مەن نەگە قاچماقچى ئىكەنمەن … مېنىڭ
كىندىك … قېنىم … تۆكۈلگەن … ئۆسۈپ
يېتىلگەن … ئانا تۇپرىقىم بۇ! … — كامىل بىردىنلا بۇلجۇ-
نۇپ بېشىنى كۆتۈردى - دە، دېرىزە تەرەپكە قاراپ قاتتىق
ۋارقىرىدى، — لى گاڭ! لى گاڭ دېگەن مۇناپىق! بىلىپ
قوي، بۇ دېگەن مېنىڭ ئانا يۇرتۇم! … مېنىڭ ۋەتىنىم! …
تۇردى بېشىنى لىككىدە ئېتىپ قويۇپ تالاغا چىقىپ كېتى-
شى مىنبىگلار كامىلنى ۋاقىلدىتىپ سالغىنى تۇردى. بەدىنى-
نىڭ ھەممە يېرى زىدە، قان بولۇپ كەتكەن كامىل ۋارقىراش
ئەمەس ئىڭراپمۇ قويمايتتى. ھاسىراپ كەتكەن مىنبىگلارنىڭ
بەزىسى: «جان دېگەن يامان يەرگە يوشۇرۇنۇۋالغان مەزمۇت نېمە
ئوخشايدۇ … بۇ ئەكسىيەتچىنىڭ ئىسلىغىنىغا ئون توققۇز كۈن
بولدىيا …» دېسە، يەنە بەزىسى: «ۋايجان، دەپ بىرنى ۋارقىرى-
سىمۇ ھاردۇقىمىز چىقىپ قالاتتى» دەپ ۋايسايتتى. خوجايىنى-
نىڭ يولىيۇرۇقىنى ئېلىپ كىرگەن تۇردى «توختاش» دەپ
ۋارقىرىدى، ئاندىن ئارغامچىنى تارتىپ تۇرغان ئىككى مىنبىگغا
ئۇنلۇك بۇيرۇق قىلدى.
— ئارغامچىنى قويۇۋەت!
ئارغامچىنىڭ قويۇپ بېرىلىشى بىلەن تەڭ كامىل تېلغى-
نىپ كەتكەن توپىغا دۈملا چۈشتى. ئەمدىلىكتە ئۇنىڭ قان يۈزى
بىر قەۋەت لاي بولۇپ كەتكەندى.
— ئۇنى يېشىپ، قايتىدىن بىردىنچى باغلاقتا
باغلاش، — تۇردى ھېكىم قولىدىكى تاسمىنى شىلتى-
دى، — قېنى ئۇنىڭ «ۋايجان» دېمىگىنىنى، «جان ئاكا»

دەپ يالۋۇرمىغىنىنى مەن بىر كۆرەي …
كامىلنى يېشىپ جايىدىلا يەنە باغلاشقا باشلىدى. ئوتتۇرى كىرمەكلەنگەن ئارغامچىنىڭ كىرمىكىنى گەجگىسىنىڭ ئەڭ ئۈستىدىكى ئومرۇتقىغا ئېلىپ كېلىپ، قوللىرىنى بوغمايىلاندەك چىرماپ چىقىشتى. ئاندىن ئارغامچىنىڭ ئىككى ئۇچىنى كىرمەك ئىچىدىن ئۆتكۈزۈپ شۇنداق چىڭ تارتتىكى قولى گەجگىگە كۆتۈرۈلۈپ، تاغاقلار غاراسلاپ كەتتى. لېكىن، تىزلىنىپ ئولتۇرغان كامىل لەۋلىرىنى چىشلەپ قانتىۋەتتىكى «ۋاي» دېگەن ئاۋازنى چىقارمىدى.
— ھەي لامزەللە ھەزىلەكلەر! — تۇردى تەرلەپ كەتكەن ئىككى مىنبىگىنىڭ يوتىسىغا تاسما بىلەن سالدى، — مەن ئۇنىڭ ئۇچىسىنى سىلاپ، توپىسىنى قاق دېمىدىم، باغلىساڭ تۈزۈك باغلىمامسەن، تارتە بۇ ئەكسىيەتچىنى …
كامىلنى سۆرەپ ئەبجەق كارىۋات يېنىغا ئېلىپ كېلىپ، تىزلاندۇرغىنىچە مەيدىسىنى كارىۋات بوزۇسىغا تېرىدى، ئاندىن خۇددى ئۇلاققا ئارتىلغان ئوتۇننى دېسىلاپ تۇرۇپ چىڭىتقاندەك، ئۇنىڭ دۈمبىسىگە ئىككى مىنبىك دەسسەپ تۇرۇپ شۇنداق تارتتىكى، كامىلنىڭ چىرايى دەسلەپتە كۆكىرۈپ، كېيىن ئاقىرىپ كەتتى. پېشانىسىدىن پۇژۇلداپ چىققان تەر بۇرۇن ئۇچى، ئىڭەكلىرىدىن تارامىلاپ تۆكۈلدى، لېكىن ئۇ ۋارقىرىمىدى! …
— يەنە تارت دەيمەن ھېجىقىزلار، — ۋارقىرىدى تۇردى تاسمىنى شىلتىپ.
تەرلەپ كەتكەن ئىككى مىنبىك شۇنداق چىڭقىلىپ تارتتىكى «چارس» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ سول قول بىلىكىنىڭ يىگىنى بىر سۆڭەك تېشىپ چىقتى. كۆزلىرى چانىقىدىن چىقىپ كەتكەندەك بولغان كامىل ۋارقىراپ سالماسلىق ئۈچۈن، دەرھال كارىۋات بوزۇسىنى چىشلىدى … چىشلىرىنى تېخمۇ

قاتتىق پاتۇردى! كېيىن چىرىس چىرىس قىلغان ئاۋاز ئاڭلاندى، ئاندىن «چارس» قىلدى - دە، كارىۋات بۇزۇسىدىن بىر پارچە ياغاچ سۇنۇپ كامىلىنىڭ ئاغزىدا قالدى. ئۇنى ئاشۇ سۇنغان قول بىلەن ئىسىۋاتقاندىمۇ ھېلىقى ياغاچ يەنىلا چىشلەگلىك تۇراتتى.

زېھنى ئۆتكۈر، ئەقىللىق كىتابخانلىرىم، دوستلىرىم، سىلەر بۇ سەھىپىلەرنى ئوقۇۋاتقان چېغىڭلاردا مېنى «مۇبالىغە قىلىشقا»، «يالغان ئېيتىشقا»، «توقۇشقا» ئۇستا ئىكەن دەپ ئەيىبلىشىڭلاردىن تولىمۇ ئەنسىرەيمەن. مەن شۇ دەۋرلەردىكى «تېررورلۇق»، «فاشىستىك» قىلمىشلارنى ئەينەن يازالىدىممۇ، يوق» دەپ ئۆز - ئۆزۈمدىن سوراۋاتقان چاغلىرىمدا، ئەكسىچە مېنىڭدىن گۇمان قىلساڭلار، بۇ ئادالەت بولماس! توغرا، سىلەرنى ئەيىبلىگىنى بولمايدۇ، چۈنكى سىلەر يېڭى دەۋردە تۇغۇلۇپ ئۆستۈڭلار، تەرەققىي تاپقان زاماندا ياشاۋاتىسىلەر، بۇنداق پاجىئەلەرنى تەسەۋۋۇر قىلىشىڭلار تەس. سىلەر ئۇرۇش تېما قىلىنغان كىنولارنى كۆرگەن، ئەسىرگە ئېلىنغان جەڭچىلەر، قولغا چۈشۈپ قالغان يەر ئاستى مەخپىي خادىملارنى قانداق قىيىنغانلىقلىرىنى كۆردۈڭلار، قىپقىزىل تاۋلانغان تۆمۈرلەردە بەدەننى داغلاش، گاڭزىغا بېسىش، تىرناق ئاستىغا بامبۇك قىيىندىلىرىنى تىقىش، ئېسىپ ئۇرۇش قاتارلىق فاشىستىك قىيناش ئۇسۇللىرىدىن تىنىڭلار ئەيمىنىپ ئازابلانغان بولۇشۇڭلار مۇمكىن. ئەمما، «ۋۇي، بۇ دېگەن كىنو، قىيناققا ئۇچرىغانلار ئارتىس، ئۇلارنىڭ ئالدىدا سۈرەتكە ئېلىۋاتقان ئوپېراتور بار» دېگەن ئۇقۇم كۆڭلۈڭلارنىڭ بىر يېرىدە بولغاچقا ئۆزۈڭلارغا تەسكىن تاپالايسىلەر، بىراق باشلانغۇچ مەكتەپتە ئېلىپ بېرىلغان ئەنە شۇ كۆرۈنۈشلەر ئالدىدا ئوپېراتور يوق، قىيناققا چۈشۈۋاتقانلارمۇ قانداقتۇر ئارتىس بولماي، بەلكى مەرىپەت مەشئەللىرى ئىدى!

ھېكمەت شۇ كۈنى بىر كېچە ئۇخلىيالمىدى. دوستى كا-
مىل مەرمەردىن ئويۇلغان ھەيكەلدەك، گىگانت ئادەمدەك ئۇنىڭ
كۆز ئالدىدا تىكلىنىپلا تۇراتتى. ئۇ يالغان ئېيتىشنى، ھەقىقەت
ئۈچۈن بولسىمۇ ھىيلە - مىكىر ئىشلىتىشنى زادىلا بىلمەيتتى.
ھېكمەتتەك: «ئويلىنىپ باقاي، تەكشۈرۈپ باقساڭلار» دېيىش
ئارقىلىق ياكى كۆپچىلىك قىزىقىدىغان تۇرمۇشتىكى قانداقتۇر
ئىشلارنى خاتالىقىم دەپ سۆزلەپ قويۇپ، ئاساسي سوئاللاردىن
ئۆزىنى قاچۇرۇش ئارقىلىق قىيىن ئۆتكەل، كېلىپ - كېتەر
بورانلاردىن ئۇستىلىق بىلەن ئۆتۈۋېلىشنى بىلمەيتتى. كونىلار:
«زامان ساڭا باقمىسا، سەن زامانغا باق» دەپ بىزنى ئاللا بۇرۇنلا
مۇشۇنداق زۇلۇم - ستەملەردىن ئاگاھ بولۇشنى، ئەقىل بىلى-
يىدە ھىيلە نەيزىلىرىنى بىلەشنى، نازۇك يالغانلار ئارقىلىق
دۇشمەننى بىخۇدلۇق بۆشۈكىدە تەۋرىتىشنى ئۆگىتىپ كەلگەن.
ئۆزۈڭنىڭ ئارزۇ - ئىستەكلىرىڭ، كەلگۈسى ئۇلۇغۋار پىلانلى-
رىڭ، دوستلىرىڭنى ئاھ نادامەتتە قالدۇرماسلىق ئۈچۈن بولسى-
مۇ ۋىجدان ئۆرتەنمەيدىغان ئۇسۇللاردا ئۆز ئۆزۈڭنى قوغدىشىڭ،
ئاسرىشىڭ كېرەك، ھەتتا رەزىللىككە رەزىللىك بىلەن جاۋاب
قايتۇرىدىغان چاغلارمۇ بولىدۇ. ھېكمــەت يوق تەشكىلاتقا قۇت-
بىرەمنى تارتىــپ ئەكىرىپ، باغلاقتىكــى ئىتقا ئايلاندۇرۇپ
قويدى ۋە نۇرغۇن بىگۇناھ ئوقۇتقۇچىلارنى قۇتقۇزۇپ قالدى.
تۇرمۇشتا توشقانمۇ بۆرىگە قىلتاق قويىدىغان ئىشلار بولىدۇغۇ،
قارىغىنا مۇراتقا، كۈرەش يىغىنلىرىنى كۈلكە - چاقچاق سورۇن-
لىرىغا ئايلاندۇرۇۋېتىپ، ئۆردەككە سۇ يۇقمىغاندەك تۇرۇۋال-
دۇ، ئۇنى بىر كىم «ئۇنداقچى، مۇنداقچى» دەپ تۆھمەت چاپلى-
سا ئۇ: «راست، مەن شۇنداق، ئىنقىلابچى دېگەننىڭ كۆزى
ئۆتكۈر، پۇت - قولى ئىتتىك، ئاغزى چىۋەر بولىدىكەن، مانا
بىر قاراپلا مەندەك دۇشمەننى بىلىۋالدى» دەيتتى. ۋە كۈرەش-
نىڭ يۈنىلىشى، ئىنقىلابچىلارنىڭ كەيپىياتى، چۈشۈۋاتقان سو-

ئاللارنىڭ خاراكتېرىگە قاراپ، ھىيلە - مىكىرلىرىنى، ھەييار-
لىقىنى ئۆزگەرتىپ تۇراتتى. شۇ ئارقىلىق ئىتتىك كەلگەن
بورانلاردىن ئۇستىلىق بىلەن ئۆزىنى قۇتقۇزۇپ قالاتتى.

خوش، ئەمىسە كامىلنىڭ بۇ جاھىللىقىنى قانداق چۈشى-
نىش كېرەك؟ ئەقىل بىلەن ئويلىغاندا بۇنى «جاھىللىق» دې-
يىشمۇ خاتا ئىدى. بۇنى ئىرادە، ۋىجدان ئالدىدىكى جاسارەت
دېسە ئەڭ مۇۋاپىق بولىدۇ. كىشىلەر چىللىمىسىمۇ كوچىدا
قالغان ئابدالدەك ئىشىك قاقىدىغان «سىنىپىي كۈرەش» ھەركۈ-
نى، ھەر سائەت دوكۇلداپ كېلىپ ھەممىنى ۋەيرانە، ھىلىم
دېۋانىدەك قىلىۋاتقان بۇ زاماندا، مەن - مەن دېگەن جاھىللارمۇ
«بۈگۈنكىنى دەيمۇ، تۈنۈگۈنكىنىمۇ، ئانامنىڭكى دادامنىڭكىدىن
ئىشىپ كەتتى» دەپ پىلىكتەك يۇمشاپ كەتمىدىمۇ. بۇشۇكتىكى
بۇۋاقنىڭمۇ «ئانا» دەپ تىلى چىقماي، «ياشىسۇن» دەپ چىقىدى-
غان بۇ غەلىتە دەۋردە، ھەممىلا ئادەم ھۆكۈمەتنىڭ ئىشەنچلىك
پۇقراسى بولۇپ بىر چىشلەم نېنىنى تېپىپ يېيىشنى، زاماننىڭ
قامچىسىدىن ئۆزىنى قوغداپ قېلىشنىلا ئويلايتتى. ئايىغى ئۈ-
زۈلمەس ھەرىكەت ۋە ئۇزۇن يىللىق سىنىپىي كۈرەشنىڭ ئاسا-
رىتىدە يۈرىكى مۇجۇلۇپ كەتكەن بۇ ئادەملەر ياۋۇزلۇقى، ۋەھ-
شىيتى، دەھشىتى بىلەن سۈرلۈك بولۇپ كەتكەن بۇنداق سو-
رۇنلاردا قورققىنىدىن ھېچ ئايانمايلا يېقىنلىرىنى سېتىۋېتەتتى.

كامىل ئۆز ھاياتىنى ئويلىمامدۇ، ئويلايدۇ. لېكىن، ئۇ
كىچىكىدىن تارتىپ كلاسسىكلىرىمىزنىڭ دۇرى - گۆھەرلىرى
بىلەن دىل خەزىنىسىنى يورۇتۇپ، ئەجدادلىرىمىزنىڭ قورق-
ماس، راستچىل، مەردانە، ئۆلۈمنىمۇ مەردلىك بىلەن كۈتۈۋا-
لىدىغان پەزىلىتىنى ئۆزىدە يېتىلدۈرگەن. قىسقىسى، ھەرقان-
داق گۈلنىڭ پۇرىقى ئۆزگىچە بولغاندەك مەردلەرنىڭمۇ ھەقىقەت-
نى قوغدىشى، ئىنتىلىشى ھەم ئۇنىڭغا يېتىش ۋاستىسى ئوخ-
شىمايدۇ!

لى گاڭ بىر كۈنى ئەتىگەندىلا ئابلىز كاتىپنى باشلاپ ئوتتۇ-را مەكتەپكە كەلدى، ئۇ بارلىق ئاكتىپ ۋە تايانچىلارنى يىغىپ «بىرگەزەربە بىرىپ، ئۈچكە قارشى تۇرۇش» نىڭ ماھىيىتىنى قايتا چۈشەندۈردى. زەربە بېرىدىغان «بىر» ئەكسىلئىنقىلابچى-لار بولۇپ، قارشى تۇرىدىغان «ئۈچ» مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا ئەلەم كۆرىشكە قاتنىشىپ ئادەم ئۆلتۈرگەن، ئۇرۇپ چېقىش، بۇلاشقا قاتناشقان، خاتا سۆز ـ ھەرىكەتلەردە بولغانلارنى كۆر-سىتەتتى. ئەمدى «بىر» گە زەربە بېرىشنىڭ ئۇسۇلى، ۋاسىتى-سى، قوللانغان تەدبىرلەرنىڭ چېكى بولمىغاچقا ئىقرار قىلدۇ-رۇشتا ھەرقانداق چارە ـ ئاماللارنى قوللانسا بولىۋېرەتتى. «دا» دېگەن خەنزۇچە خەتنىڭ ئۆزىمۇ «ئۇرۇش» ، «زەربە» ، «بې-سىم» دېگەندەك نەچچە خىل ئۇقۇمنى ئىچىگە ئالغانىكەن، زەربە دائىرىسىنىڭمۇ چېكى بولماسلىقى كېرەك، ئەلۋەتتە ...

لى گاڭنىڭ سۆزىدىن مەدەت ئالغان نىزاخۇن، غوجى تەل-ۋە، روزاخۇن، مەمتىلى ئىبراھىملار خۇددى مەجۇن يەۋالغان-دەك روھلىنىپ، ھېكمەتنىڭ روھىنى سۇندۇرۇش، ھەيۋىسىنى چۈشۈرۈش، جىسمانىي جەھەتتىن جازالاش ئۇسۇللىرىنى قايتا مۇزاكىرە قىلىشتى. بىرى: «كۆلگە كېچە ـ كۈندۈز چىلاپ قويساق، سۇ ماغدىرىنى تارتىپ، كامشۇكىدا چىۋىن قورۇغۇدەك ئاجىزلاپ كېتىدۇ» دېسە، بىرى: «بولمايدۇ، كۆلگە سىيىۋەت-سە، ئۇنىڭ سۈيدۈكىنى ئىچەمدۇق» دەيتتى. ھەتتا ھېكمەتنى رەجىپاخۇننىڭ قوتىنىدا ياتقۇزسا، سېسىقچىلىق ھەم چوشقىلار-نىڭ خارتىلدىشىدا ئۇخلالماي ئازابلىنىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قو-يۇشتى، لېكىن بۇ ئۇسۇلمۇ بولمىدى. چۈنكى، ئەكسىلئىنقىلاب-چى ھېكمەت چوشقىلارغا زەھەر بېرىۋەتسە ياكى جان ئاچچىقىدا پاسىل تامنىڭ تۈۋىنى كولاپ چوشقا جانىۋارلارنى باستۇرۇۋەتسە بۇنىڭ مەسئۇلىيىتىنى كىم ئۈستىگە ئالىدۇ؟

— بىر ئامال بار، — دېدى روزاخۇن ئۆپكە ھال رەڭ

يۈزلىرىنى سىلاپ، — ئاشۇ سولانغان ئۆينىڭ تورۇسىغا بىر ياغاچ بېكىتىپ ئېسىپ قويساق قانداق؟
— بۇ‌مۇ‌مايدۇ، — دەرھال قارشى چىقتى غوجى تەلۋە، — ياڭ پەيجاڭ ھېكمەتنىڭ قولىنى بوشىتىپ قويىدۇ‌دى، مەن: «ئۇ پەن گىمىڭيا» دېسەم قاپىقىنى تۈرۈپ بىر مۇنچە گەپ قىلدى - دە، ئاخىرىدا «بىندەن» دەپ قويىدى. مەن ئۇنىڭ نېمە مەزمۇندا ئىكەنلىكىنى ئاغىنىلەردىن سورىسام، بىرى «قاپاقۋاش» دېسە، بىرى: «ئۇساغاق» دېگەن گەپ دەيدۇ ...
— ھە راست، ۋۇجۇرىن، لى گاڭلار ياڭ پەيجاڭنىڭ بىرمۇنچە ئەكسىيەتچىلەرنىڭ قولىنى بوشىتىۋەتكەنلىكىنى تەن - قىدلىگەنىكەن، — دېدى روزاخۇن ئۆپكە، — ياڭ پەيجاڭ «تومۇرلاردا قان يۈرۈشمەي قېتىپ كەتسە قول كاردىن چىقمامە‌دۇ، ياپون باسقۇنچىلىرى، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىدىن ئە‌سىرگە چۈشكەنلەرنىمۇ ئۇنداق قىلمىغان» دەپ تاكاللىشىپ قاپ‌تۇمىش ...
— شۇڭا مېنى «ئۇساغاق» دەپ تىللاپتىكەن - دە، — غوجى تەلۋىنىڭ جېدەلخور كۆزلىرى ئالايدى.
— ئۇنداقتا چوڭقۇر گەمە كولاپ ئاغزىغا ئىشىك بېكىت‌سەك قانداق؟، — دېدى مەمتىلى ئىبراھىم ئاقىلانە تەدبىر كۆرسەتكەنلىكىدىن گىدىيىپ، — بۇ يەرلىك زىنداندا ھېكمەت تۆت كۈندىلا نىمجان قۇرتتەك بولۇپ قالمىسا قولىقىمنى ساپالدا كېسىپ بېرەي.
قارار بېكىتىلدى. ئۇلار شۇ كۈنىلا ئۇندىن ئارتۇق چوڭراق ئوقۇغۇچىلارنى باشلاپ، ئائىلىلىكلەر بىناسىنىڭ ئارقىسىدىكى چامغۇر، تۇرۇپ، كۆدە تېرىلغان ئېتىزلىققا چىقتى. شاخمات تاختىسىدەك تارتىلغان قىرلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا كۆتەرمە قىلىپ سېلىنغان ئەر - ئايال ئوقۇتقۇچىلار تەرەتخانىسى بار ئىدى.

«يەرلىك زىندان» تەرەتخانىغا يانداپلا كولاندى. كەسمە سىزىق
بويىچە يىلان باغرى كولانغان زىندان يولىنىڭ ئۈستى ئوچۇق
بولۇپ، بىر غۇلاچتىن ئارتۇق چوڭقۇرلىغاندىن كېيىن، ئادەم
ئېڭىشىپ كىرگۈدەك تۆشۈككە قېلىن تاختايلاردىن ئىشىك بې-
كىتىلگەنىدى. ئىشىكتىن كىرىپلا بارغانسېرى چوڭقۇرلىشىۋات-
قان قاراڭغۇ، زەي زىندان «كارىدور»ىدا تۆت ـ بەش قەدەم،
مېڭىپ سولغا قايرىلغاندا ئۇزۇنلۇقى بىر غۇلاچ، كەڭلىكى ئىك-
كى قەدەم كەلگۈدەك ئۈستى تار «ياتاق ئۆيى» بار ئىدى. بۇ
ياتاق ئۆي نەق تەرەتخانىنىڭ ئاستىغا توغرا كېلەتتى.
    ھېكمەت «يېڭى ئۆي»گە كۆچكەندىن كېيىن كۆڭلىرى تەس-
لىشىپ كەتكەن بولسىمۇ، روھى يەنىلا ئۈستۈن ئىدى. چۈنكى،
بۇ پىنھاندا ئۇنىڭ خىيال قىلىشىغا ھېچكىم توسالغۇ بولمايتتى.
ئىتتىپاق ياچېيكىسىدا ياتقىنىدا كارىدوردىن تاراقلاپ مېڭىۋات-
قان، ۋارقىرىغان ئاۋازلار، تۇرۇپ ـ تۇرۇپلا گۈلدۈرلەپ كۆتۈ-
رۈلگەن شوئارلار ئۇنىڭ پىكىرلىرىنى چېچىپ كۆڭلىدە قۇراش-
تۇرۇۋاتقان ئاجايىپ لەزىر قۇرۇلمىلارنى، دوستلىرى بىلەن
بولغان غايىۋانە سۆھبەتلەرنى، مەڭگۈ ئۇنتۇلماس خاتىرىلەرنى
قاياققىدۇر ئېلىپ قاچاتتى. مانا بۇ قاراڭغۇ زىنداندا خىيالىڭغا
كەلتۈرگەنلەرنىڭ ھەممىسى كۆز ئالدىڭدا ئايان بولىدىكەن، يو-
رۇقلۇقتا كۆز قارىچۇقلىرىڭ ئەتراپىڭدىكى ھەممە نەرسىنى كۆ-
رۈپ تۇرغاچقا دىققىتىڭ چېچىلىپ، ھەرقانچە تىرىشساڭمۇ خى-
ياللىرىڭ ئەتىياز پەسىللىرى شۇرمەلدە ئېقىپ كەلگەن مۇزلار-
دەك پارچىلىنىپ كېتىدىكەن، شۇڭىغا قارىغاندا خىيالنىڭ
دوستى تۈن، دۈشمىنى كۈن ئىكەن ـ دە! ھازىر ئۇنىڭ خىيال-
لىرىنىڭ دۈشمىنى بۇ زىنداندا يوق، پاھ، ئۇنىڭ قەلب ئەيند-
كىدە ئايان بولغانلىرىنى كۆرۈڭ ... ئەنە كامىل، نەفىسەلەر
كلاسسىك ئەسەرلەرنى ئۇيغۇر تىلىغا يەشمە قىلىۋاتىدۇ، تۇۋا،
نېمە ئۈچۈن ئۇلارنىڭ كۆزلىرى ئۇچراشسىلا كامىل يەر باقىدۇ،

نەفسە لالىدەك قىزىرىدۇ، ۋۇي ئۇلار فۇجى تاغلىرىدا نېمىش
قىلىدىغاندۇ؟ كامىل تال چىۋىقتەك ئەۋرىشىم بەلنى قۇچاقلىدى
ۋە تۇنجى قېتىم لەۋلىرىدىنى جىندەستىدەك ئوماق لەۋ-
لەرگە باستى ... بىرنەچچە دەقىقىلەر ئۆتتى، ئۇلار شېرىن جان-
لىرىنى ئالماشتۇرۇۋاتقاندەك، لەۋلىرى ئارقىلىق يۈرەكلىرىگە
ئۇن سەككىز مىڭ ئالەم ھۇزۇرىنى بېرىۋاتقاندەك، چەكسىز
چاڭقاق قەلب باغلىرىغا جەننەتنىڭ شەربەتلىرىنى باشلىغاندەك
قېتىپ قىلىشتى. «ئاھ خۇدا، لەۋلىرىڭىز چەشمەزىلال، جەن-
نەت بۇلاقلىرىدىن ئىكەن. خۇدايا، بۇ نېمەتتىن مېنى ئايرىما-
غاي» ، ئاھ قۇرۇم كۆلى، ئەنە ئۇزاق سۆيۈشتىن نەپەس ئالال-
ماي قالغان قىز نومۇستىن قىزىرىپ، يىگىتنىڭ كۆكرىكىگە
يۈزلىرىنى يېقىۋالدى ... شەربەت تېمىپ تۇرغان ھال رەڭ لەۋ-
لەر لەززىتىدىن مەست بولغان يىگىت، كۈلۈپ قارىغان بەختىنىڭ
قۇربانى بولۇشقا رازى ئىدى. توختاڭلار، بۇ ئورماندا بىر جۈپ
قىز ـ يىگىت قوغلىشىپ يۈرۈيدىغۇ، يىگىتنىڭ چاققانلىقىنى
كۆرۈڭ، قىزنى بىر تۈپ چىنار تۈۋىدە تۇتۇۋالدى، قىز قۇندۇز-
دەك يالتىراق چاچلار قاپلىغان بېشىنى، قىن ـ قىنىغا پاتماي
چاۋاك چېلىۋاتقان يۈرەك ئۈستىگە قويدى.

— قانداق ئوتتۇم، يامانمىكەن؟ — قىز شىۋىرلىدى ...

— بەك كۆيدۈرۈۋەتتى، — يىگىت پىچىرلىدى ...

تاماكا ئوتىنى يېقىپ قاشقىنى شوخ زۇمرەت، ئاۋۇ قوغلى-
غىنى ھىيلىگەر مۇراتقۇ!

— لېكىن، سەن ... شىمالىدىقىنى ئەسلىمەيدۇ ... نېمە، تېرىكمەيسەنغۇ؟

— ئەسلىمىسە مەيلى ... سەنلا ساقىيىپ كەتسەڭ ... نېمە بولسام مەيلى ...

— مەن ... مەن ... ساڭا قىيالمايمەن ... سىندىڭ

گەپ - سۆزلىرىڭ ... يۇرۇش - تۇرۇشلىرىڭ ...
قاراشلىرىڭ ... كۈلۈشلىرىڭ ... ھەتتا ... ھەتتا ئاچ-
چىقلىساڭمۇ شۇنچە ... سە ... مىمىي ...

— مۇرات! دوستۇم مۇرات، مۇساپىر دوستۇڭنىمۇ بىللە
ئېلىپ كەتسەڭ بولمامدۇ ... مەن ئەمدى قانداق قىلاي ...
پاھ، بۇ بۇۋۇدىم مازىرىڭغۇ، قەبرە توپىلىرىغا يۇزلىرىڭنى
سۈۋاپ يىغلاۋاتقىنى كىم؟ ... ئىزلىرىڭنى قەيەردىنمۇ
تاپاي قېرىندىشىم! ... ئارىمىزدىكى بىر چىنار ئىدىڭ دوس-
تۇم! ... چىنار يىقىلدى. دەپ يىغلايمۇ ئەمدى ...
شاخلىرىم قايرىلدى دەپ پەرياد چېكەيمۇ مەن ... ئاھلىرىم خۇ-
داغا يەتمەسمۇ مېنىڭ ... مۇرات! ! مۇرات ! ! ! ...

زىنداندا ياتقان ھېكمەت مۇراتنىڭ ئىسمىنى قايتا - قايتا
ۋارقىراپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. بۇ گۆرى زىندان يېڭىنە
سانجىسا ئۆتمىگۇدەك قاراڭغۇ ھەم دىمىق ئىدى. ئۇ ياشتىن ھۆل
بولۇپ كەتكەن يۇزلىرىنى يېڭى بىلەن سۇرتتى. بىر چاغلار نەبى
تېرىك تۇرۇپ جىنازىغا كىرىپ ياتقان بولسا، ھېكمەت ئۆلمەي
تۇرۇپ لەھەتكە كىرگەنلىكىنى ھېس قىلدى! ئۇ ئۆزىنى سەل
بېسىۋالغاندىن كېيىن، تۆمۈر نىياز بەرگەن سەرەڭگىنى چاقتى
لەھەت ئىچى ۋىللىدە يورۇدى. قولى بىلەن ئويۇپ ياسىۋالغان
ئويۇقتىكى كالا مۆڭگۈزى قارا چىرىغىنىڭ پىلىكىنى سەل تار-
تىپ قويۇپ ياندۇردى، ئاندىن يەنە ئويۇققا ئاۋايلاپقىنا قويدى.
بۇ قارا چىراغ مەسلىسىگە تەييارلىق قىلىش ئۈچۈن بېرىلگەن-
دى. بىراق، ھېكمەت كېيىنكى كۈنلەردە چۈشكەن سوئاللارغا
ھېچنېمە يازمايدىغان بولدى. ئۇلارنىڭ سورايدىغانلىرى نەچچە
مىڭ قېتىم چاينىلىپ، يادا بولۇپ كەتكەن ئىشلار بولغاچقا،
خاتىرىدىكى بۇرۇنقى تەييارلىقلىرىنى تەكرارلايتتى.

ھېكمەت گۆڭگا چىراغ نۇرىدا لەھەتنىڭ تاملىرىغا بارمىقى
بىلەن ئويۇپ يېزىۋەتكەن كلاسسىكلارنىڭ شېئىرلىرىنى ئۈنلۈك

ئوقۇدى، ئوقۇغانسېرى روھى كۆتۈرۈلدى ھەم سۇندى! بۇ شېئىرلارنىڭ بەزىلىرى ھەسرەت - نادامەت دەريالىرىدا ئاقتۇرسا، بەزىلىرى غەزەپ - نەپرەت ئۇچقۇنلىرىنى چاچرىتاتتى ... ھېكمەت ھەر قېتىم كۈرەشتىن چۈشكىنىدە ئېسىدىن كەچكەن بۇ دۆردانىلارنى تامغا ئويۇپ قالدۇراتتى. تام نەم ھەم يۇمشاق بولغاچقا يۆلىنىپ ئولتۇرسا دۈمبىلەر ھۆل بولۇپ، بەل ئاغرىپ كېتەتتى، ئۆرە تۇرسا باش تاقىشىپ قالاتتى. شۇڭا، ئۇ نەملىشىپ كەتكەن يوتقانلىرىنى گۆرنىڭ ئوتتۇرىسىغا قاتلاپ قويۇپ، تىزىدا «ئۇنتۇلغان قەلب» پوۋېستىنى داۋاملاشتۇرۇۋاتاتتى.

لەھەتنىڭ ئىچى بىردەمدىلا قاپقارا ئىسقا تولدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۈستى تەرەپ تەرەتخانا بولغاچقا قانداقتۇر بەدبۇي پۇراق كېلىپ تۇراتتى. ھېكمەت قۇلاق، بۇرۇنلىرىنىڭ ئىس بىلەن توشۇپ كەتكەنلىكىنى نەپەسنىڭ قىيىنلاشقانلىقىدىن بىلەتتى. ئۇ قاراچىراغنى ئۆچۈرۈپ قوللىرىدا سىپاشتۇرغىنىچە ئايلانما «كارىدور» دىن ئوتتى - دە، زىندان ئىشىكى ئالدىغا كېلىپ ئولتۇردى. بۇ ئىشىكنى قانداق لەنتى ياسىغان بولغىيتتىكىن، ھەممە يېرى بەكمۇ ھىم ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئاستى تەرەپتىن پىچاق بىسىدەك يوچۇقتىن يورۇق ھەم ساپ ھاۋا كىرەتتى. ھېكمەت قىسماقتەك ئېگىلىپ تۇرۇپ يوچۇققا ئاغزى، بۇرنىنى تۇتۇپ ساپ ھاۋادىن نەپەسلەندى. ئۇ ئىنچىكە قىزغۇچ نۇرغا قاراپ «قۇياش ئولتۇرۇۋېتىپتۇ» دەپ مۇسەللىدى. ھېكمەت كىمنىڭ قاراۋۇل تۇرغىنىنى بىلىش ئويىدا بوشراق يۆتەلدى. لېكىن، چالمىمۇ ياكى داشقالمۇ بىر نېمە ئىشىككە زەرب بىلەن تېگىپ ئۇنى چۆچۈتىۋەتتى. بۇنداق قارا كۆڭۈللۈك پەقەت غوجى تەلۋە بىلەن روزاخۇن ئوپكىنىڭ قولىدىنلا كېلەتتى.

ھېكمەتنىڭ كۈنلىرى مانا شۇنداق ئۆتمەكتە، ئۇنىڭ خۇشاللىقى، سىردىشى، مۇڭدىشى يەنىلا خىيال ئىدى. گەرچە ئۇنىڭ خوتەنگە كەلگىنىگە تېخى ئون يىل بولمىغان بولسىمۇ

بىسىپ ئۆتكەن يوللىرىنى، كۆرگەن كۈنلىرىنى، قالدۇرغان شېرىن خاتىرىلىرىنى ئويلىغاندا، ئارىلىقتىكى مەنزىل ئون مىڭ يىلدەك بىلىنەتتى. بەختىيار چاغلىرىڭدا ئۆمۈر مەنزىلى ئۇچقۇر شاماللاردەك كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە ئۆتۈپ كېتىدىكەن، نادامەتكە ھەمراھ بولغىنىڭدا ۋاقىت خۇددى زەنجىر كىشەنگە چىرمالغان مەھكۇمدەك تولىمۇ ئاستا ئۆتىدىكەن. بىراق، ھېكمەت ئۆكۈنگىنى يوق! ئۇ ھەركۈنى ئۆزىنىڭ قەلب قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىنغان دوستلىرى بىلەن سۆزلىشىدۇ، ئەۋلادلارغا يادنامە بولغۇدەك خاتىرىلەرنى ئەسلىشىدۇ، بىردە مۇڭغا تولسا، بىردەم شادلىنىدۇ. شۇنداق، دوستلىرىنىڭ ئەنە شۇ كەچمىش - قىسمەتلىرى خىياللار ئارقىلىق توپلىنىپ، ئۆچمەس ئابىدىلەر تىكلىنىپ، كۆڭلىدە گۈل - چېچەكلەرگە پۈركەنگەن بوستانى ئىرەم پەيدا بولاتتى، بۇ بوستانى ئىرەمدە كۆز ياشلىرىدىن ياشارغان چىمەنزارلار، قان - تەرلەردىن توپلانغان سۈزۈك كۆللەر، شادلىق ۋە شادىمانلىقتىن سايرىغان بۇلبۇللار بار ئىدى. لەرزان يەلپۈنگەن مەجنۇنتاللار ئاشۇ ھايالىق ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ چاچلىرى، قەد كۆتۈرگەن چىنارلار ئاشۇ ئوت يۈرەك يىگىتلەرنىڭ سىيماسى! ئەمىسە بۇ باغى ئىرەمدە قانداقتۇر سايىلەر ئەلەڭلەپ يۈرۈشىدىغۇ، دەپ ھەيران بولماڭ، ئۇلار زېمىستان چىللايدىغان زاغ، ساپ مۇھەببەتنىڭ كۈشەندىلىرى بولغان ئوغرى تىكەنلەرنىڭ شۇم كۆلەڭگىسىدۇر.

زىندان ئىشىكى تاراقلاپ ئېچىلىپ «چىق بۇياققا» دېگەن بۇيرۇق ئاڭلاندى. بىر - بىرىدىن لەزىز خىياللار بەھرىدىن كۆزلىرى نۇرلىنىپ كەتكەن ھېكمەت، كامارىدىن چىقىپلا يۇلتۇزلار سوۋارى قاپلاپ كەتكەن نىل رەڭلىك ئاسمانغا قارىدى. ئۆپكىسىنى تولدۇرۇپ نەپەس ئالدى ۋە مەمتىلى ئىبراھىم، غوجى تەلۋە، روزاخۇن ئۆپكە، تۆمۈر نىيازلارنىڭ ئالدىغا چۈشۈپ ماڭدى. ئادەتتە ئۇنى كېچىدە كۈرەشكە تارتمايتتى. ھېك-

مەتنى يەنە قانداق شۇملۇق كۈتۈپ تۇرىدىغاندۇ ياكى ۋۇجۇرىن،
لى گاڭلار ئۇنى ئايرىم سوراق قىلماقچىمۇ؟ ئېھتىمال قىيناق
بولسا كېرەك، كېچىدە ئېلىپ ماڭغىنىغا قارىغاندا يېڭىدىن
كەشىپ قىلىنغان قىيناق تۈرلىرىنى سىناق قىلىپ كۆرسە كې-
رەك، ئەگەر بۇنىڭدىن كېيىنكى قىيناقلاردىن ساق چىقالمىسام
پىلانلىرىم ئۆزۈم بىلەن تەڭ كۆمۈلۈپ كېتەرمۇ؟ ھېلىقى قول-
يازمىلارچۇ؟ ۋاي بولدىلا، خۇددى بېشى چېپىلىش ئالدىدا تۇر-
غان ئادەم، چېچىدىن ئەنسىرىگەندەك ئويلاردا بولۇپ كەتكىنىم-
نى قارا، بۇ ئىشلارنى ئەۋلادلارغا قالدۇرغۇدەك ئادەم چىقماس-
مۇ؟ چىقىدۇ، چوقۇم چىقىدۇ.

ئۇلار بىناكارىدورىغا كىرگەن ھامان ھېكمەتنىڭ قوللىرى-
نى قايرىپ 3 ـ يىللىق 1 ـ سىنىپقا ئېلىپ كىرىشتى. بۇ
ھېكمەتنىڭ سىنىپى بولۇپ، بۇ يىل ئوقۇش پۈتتۈرۈش ئالدىدا
تۇراتتى. بىر نەچچە لامپۇچكا يېقىلغان يوپيورۇق سىنىپقا
مەكتەپ بويىچە قىز ـ ئوغۇللاردىن تەركىب تاپقان چوڭ باللار
يىغىلغانىدى. ئەمما، كۈرەش مەيدانىدا ئۇنى ئېلىپ كىرگەنلەر
بار بولۇپ، باشقىلار كۆرۈنمەيتتى. بۇ چاغقىچە ئوقۇغۇچىلار
ئوتتۇرىسىدا كۈرەشكە تارتىلمىغان ھېكمەتكە كىرىپ كېتەي دې-
سە يەر قاتتىق، چىقاي دېسە ئاسمان يىراق ئىدى. بۇ زادى
كىمنىڭ ئويلاپ تاپقان پىلانى دېگەن ئوي گويا سىڭمىگەن
تاماقتەك ئۇنىڭ كۆكسىنى قاماللىۋالدى.

مەمتىلى ئىبراھىم ئارقا ـ ئارقىدىن ئون نەچچە شوئارنى
ئۆزى توۋلاپ قوللىرىنى ئېگىز كۆتۈردى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆ-
پىنچىسى توۋلىمىدى، توۋلىغانلىرىنىڭ ئاۋازىمۇ بوش ئىدى.
مەمتىلى ئىبراھىم قانچە كۈچەپ، پىشاڭ سېلىپ باققان بولسى-
مۇ بىرمۇ ئوقۇغۇچى ئۈندىمەي تۇرۇۋالدى. شۇڭا، ئۇ يالغۇز
ئۆزىلا ھېكمەتنىڭ «جىنايەت» لىرىنى بىر ـ بىرلەپ ئوتتۇرىغا
قويۇشقا باشلىدى. مەمتىلى ئىبراھىم ئۆزىنىڭ ئىنقىلابقا سا-

دىق، جىرىڭلاپ تۇرىدىغان پرولېتارىيات جەڭچىسى ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىش ئۈچۈن بولسا كېرەك، ئىككى قولىنى غەزەپ بىلەن باش ئۈستىدە شىلتىپ، ئۆپكىدەك ئىسسىلىپ، كۆزلىرىنى تۇخۇمدەك پۇلتايتىپ، ھېكمەتنىڭ نۇرىيوف ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھىنىڭ غوللۇق ئەزاسى ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ «سوۋېتكە قېچىش تەشكىلاتى»، «تۇراپ تۆلە ۋە زەيتۇنەلەرگە يوللىغان ئاخباراتى»، «مەيدىسىدە جاسۇسلۇق بەلگىسىنىڭ بارلىقى» قاتارلىق كۆرەشتە كۆپ تەكرارلانغان ئويدۇرمىلارنى ياغدۇرۇۋەتتى.

— ئەگەر سىلەر ئىشەنمىسەڭلار، — دېدى مەمتىلى ئىبراھىم تۇكرۇكلىرىنى چاچرىتىپ، — ھازىر ئۇنىڭ مەيدىسىدىكى ئىشپىيونلۇق بەلگىسىنى سىلەرگە كۆرسىتىمىز …

ئۇلار خۇددى كېلىشىۋالغاندەكلا ھېكمەتكە ئېسىلدى. ئۇزۇن ۋاقىت زەي زىنداندا يېتىپ، شۇنداقلا يېرىم ئاچ يۈرۈپ ئاجىزلاپ كەتكەن ھېكمەت قانچە ئېلىشىپ باققان بولسىمۇ كۈچ ئىلىشالمىدى. ئۇنىڭ كۆڭلىكىنى بېشىدىن سۇغۇرۇۋېلىپ بىر چەتكە تاشلىدى. يەردە ھاسىراپ، تەرلەپ بىدەرمان ئولتۇرۇپ قالغان ھېكمەتنىڭ قوللىرىنى قايرىپ تۇرغۇزۇپ يالىڭاچ بەدىنىنى ئوقۇغۇچىلارغا كۆرسەتتى …

ئۇلار ئەقلىنى يوقىتىپ قويغاندەك بولۇپ قالغان ھېكمەتنى زىندانغا قايتۇرۇپ كېلىپ سولىۋەتكەندىن كېيىن، تۆمۈر نىيازنى قاراۋۇللۇققا بېكىتىپ قويۇپ كېتىپ قېلىشتى. ھېكمەت زىندان ئىشىكى تۈۋىدىلا ئولتۇرۇپ قالدى، ئۇ توختىماي ئىڭىرايتتى، ھاسىرايتتى، بىر چاغدا سىرتتا بىر كىمنىڭ ماڭغان تىۋىشى كەلدى.

— مۇئەللىم، كۆڭۈللىرىنى يېرىم قىلمىسىلا، — بۇ تۆمۈر نىيازنىڭ ئاۋازى ئىدى، — ئوقۇغۇچىلار ئۆزلىرىنى توغرا چۈشىنىدۇ. بۇ مەمتىلى ئىبراھىمنىڭ تاپقان ئويۇنى،

مەھبۇبە ئۇنى ئىشخانىدا پاش قىلىۋەتكەندىن كېيىن سادادىقىتنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئوقۇغۇچىلار ئالدىدا كۆرەش قىلىشنى ئۆزى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالدى …

— ئاھ مۇرات … دوستۇم مۇرات … سەن توغرا دەپتىكەنسەن! …

ھېكمەتنىڭ بۇقۇلداپ يىغلىغىنى ئاڭلاندى. ئۇ كۆرەشكە تارتىلغاندىن بېرى ھازىرقىدەك روھى سۇنمىغانىدى. ئۇنىڭ، يالىڭاچ بەدىنىنى ئوقۇغۇچىلىرى ئالدىدا كۆرسىتىش ئەڭ نومۇسسىز، ئەخلاق مىزانلىرىغا سىغمايدىغان ئىشقۇ، مەمتىلى ئىبراھىم ئۇنىڭ نومۇس قىلىشتەك ئەڭ نازۇك ئاجىزلىقىنى بىلىۋالدى، ئەمدى بۇ ھايۋانلار ئۇنى يالىڭاچلاپ قويۇپ كۆرەش قىلىشتىن، مەكتەپ بويىچە ئوقۇغۇچىلار ئالدىغا تاشلاپ بېرىشتىن يانمايدۇ، ئۇنىڭ مەيدىسىدىكى خەتنىڭ ئەسلى مەزمۇنىنى بىلمىگەن ئوقۇغۇچىلار نېمىلەرنى ئويلىشىپ كېتەر؟!

كۆڭلىدىن نازۇك بىر خىيال كەچكەن ھېكمەت تۆمۈرنىيازنى چاقىرىپ ئۇنىڭغا دوختۇرخانىغا بېرىپ، ئىككى سائەتكە قالماي قايتىپ كېلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ يالۋۇردى. ۋەزىيەتنىڭ قىلدىن ئىنچىكە، شەمشەر تىغىدىن ئىتتىك بىر پەيتىدە، ئەگەر بىرەر ئەھۋال يۈز بېرىپ قالسا، تۆمۈر نىيازنىڭ بېشى ئون ئەمەس - دە. تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ قايتا تەربىيە ئېلىۋاتقان بىر بالا ئۈچۈن ئىستىقبال مۇھىم ئىدى. ئۇ ئاشۇ ساۋاتسىز يېزا كادىرلىرىنىڭ نەزەرىدىن ئۆتمەي شۇلارنىڭ ماقۇللۇقىسىز يۇقىرىدىن بىرەر خىزمەت ياكى ئوقۇشقا بېرىش سانى كېلىپ قالسا ئۇنىڭغا تېگەمدۇ؟.

— تۆمۈر نىياز، خاتىرجەم بول، مەن ئۆز ئوقۇغۇچىمنى ئوتقا ئىتتىپ بېرىپ جېنىمنى قۇتقۇزۇۋالىدىغان ئۇنداق ئىپلاسلىقنى قىلمايمەن، — دېدى ھېكمەت يالۋۇرۇپ، — ماڭا ئىشەنگىن، كۆپ بولسا ئىككى سائەت، بولمىسا بىر سائەتكە قالماي

قايتىپ كېلىمەن ...
— مەن سىلىگە ئىشىنىمەن مۇئەللىم، لېكىن سائەت ئىككىدە نۆۋەت ئالمىشىمەن. ئورنۇمغا روزاخۇن كېلىدۇ. شۇ چاغقىچە ئۈلگۈرۈپ كېلەلامىلا ...
— ئىشىم پۈتسۇن، پۈتمىسۇن چوقۇم قايتىپ كېلىمەن.
ھېكمەت زىندان ئىشىكىدىن چىقىپ، «خاتىرجەم بول» دېدى - دە، ئېزىز تارمۇشىنىڭ ئۆيىگە بارىدىغان ئارقا يول بىلەن دوختۇرخانىغا مېڭىپ كەتتى. بازار ئىچى جىمجىت ئىدى. پەقەت بىرنەچچە ئىت بازار رەستىلىرىدە قوغلىشىپ يۈرەتتى. ھېكمەت گۇڭشى ئالدىدىن تېز قەدەملەر بىلەن ئۆتۈپ كەتتى - دە، دوختۇرخانىنىڭ ئالدىدىكى ئۆينىڭ پەس دېرىزىسىنى چەكتى. چېكىش ئىككىنچى قېتىم تەكرارلانغاندا، ئۆي ئىچىدىن «كىم ئۇ» دېگەن ئايال كىشىنىڭ ئۇيقۇلۇق ئاۋازى كەلدى.
— ئابلىمىت دوختۇر بارمىكىن ... ئېغىر كېسەل كېلىپ قالغان ...
— بۈگۈن ئۇنىڭغا نۆۋەتچىلىك كېلىپ قاپتىكەن، دوختۇرخانىدا ...
قەۋەتلا خۇشال بولۇپ كەتكەن ھېكمەت: «بۇ ئىشنىڭ ئوڭغا تارتقىنىنى» دەپ ئويلىدى - دە، دوختۇرخانا دەرۋازىسىنىڭ كىچىك قانىتىدىن كىردى. كۆرۈش ئۆيىدە ئولتۇرغان ئابلىمىت ئۈستەلگە بېشىنى قويۇپ مۈگدەپ قالغانىدى. ئۇ ھېكمەتنى كۆرۈپ قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرىنى چەكچەيتتى.
— سىزنى يەر ئاستى گەمىگە سولاقلىق دەپ ئاڭلىغان، قانداق كەلدىڭىز؟ ، — دېدى ئابلىمىت ھودۇققاندەك بولۇپ، — قېچىپ كەپسىز - ھە؟
ھېكمەت ئەھۋالنى قىسقىلا بايان قىلىپ، مەيدىسىدىكى خەتنى كېسىپ ئېلىۋېتىشنى ئۆتۈندى.

— مەن بىر چاغدا بەدىنىڭىزدىكى پىچاق ئىزلىرىنى داۋا-لىغاندىلا كۆرۈپ ئەنسىرىگەنىدىم، مانا ئەنسىرىگىنىمدەك ئىش بوپتۇ، — ئابلىمىت ھېكمەتنىڭ چىرايىغا قاراپ ئېچى ئاغرىپ قالدى، — ئەمما، دېزىنفېكسىيىلەنگەن ئەسۋابلار قويۇلغان ئۆينىڭ ئاچقۇچى مەندە يوق. بايىلا سېسترانى ئاكىسى «ئايالىمى-نىڭ تولغىقى تۇتۇپ قالدى» دەپ ئېلىپ كەتكەن، ئۆيى سومىي كەنتىدە.

— قۇلۇپنى چاقايلى، پۇلىنى مەن تۆلەي، — ھېكمەت يېنىدىن پۇل ئالدى.

— ئۇ يەرلىك قۇلۇپ ئەمەس، تۈز قۇلۇپ تۇرسا ...

— نېمە قىلىسىز قىلىڭ، سىزدىن ئۆتۈنۈپ قا - لاي، — ھېكمەت سائىتىگە قارىدى، — مېنى ساقلىغان مىنىبىڭنىڭ تەقدىرى مېنىڭ قولۇمدا بولۇپ قالدى. پىچاقتا كېسەمسىز، قايچىدا قىيامسىز، ئوتتا داغلامسىز ... ئىش قىلىپ مەيدەمدىكى مەرەزنى يوقىتىڭ، مەن ھەمە-مىگە چىدايمەن ...

تەڭلىكتە قالغان ئابلىمىت دوختۇر ھېكمەتنى تېڭىق بۆلۈ-مىگە باشلاپ كىردى. نۆۋەتچى سېسترا ئىشلەنگەن سايمانلارنى دېزىنفېكسىيە قازىنىغا سېلىۋېتىپ كەتكەنىدى. پەقەت كىچىك ئىشكاپتىن تىغ، قىسقۇچ، يوت، داكا، ئىسپىرت لامپىسى، قان توختىتىدىغان ئاق تالقان دورىلار تېپىلدى. چىرايى مىژژىدە تۇرۇلگەن ئابلىمىت بېشىنى چايقىدى.

— ھېكمەت مۇئەللىم زادى بولمىغۇدەك، مەيدىڭىزدىكى خەت نەق يۈرەك ئۈستىدە، — ئابلىمىت راستتىنلا ئەنسىرەپ تۇراتتى، — تېرە ئاستىنى نار كوز قىلمىساق ئاغرىققا بەرداش-لىق بىرەلمەيسىز ...

— چىدايمەن، قەتئىي چىدايمەن، تېز ... تېز بولۇڭ، قانچە تېز بولسا شۇنچە ياخشى ...

ھېكمەت كۆڭلىكىنى سېلىۋېتىپ تېڭىق بۆلۈمىنىڭ كىر-لىنكا قاپلانغان تار كارۋىتىدا پۈتىنى ئۇزۇن سۇنۇپ ياتتى. ئىلاجى قالمىغان ئابلىمىت بىرنېتىۋانى تىغ قىسقۇچقا قىسىپ، ئىسپىرت لامپىسىدا داغلىدى، ئاندىن ئىسپىرت پاختىسىدا سۈر-تۈپ بولغاندىن كېيىن، ھېكمەتنىڭ قول - پۇتلىرىنى تاسما باغدا باغلىدى. ئۇ، قاننى سۈرتۈش ئۈچۈن پاختا، داكا قاتارلىق-لارنى تەييارلىۋېلىپ خەت ئورنىنى ئىسپىرتتا بىر ھازا ئۇۋۇل-دى، ئاندىن ھېكمەتنىڭ يۈزىنى ئاق لاتىدا يېپىپ قويدى.

تېرىنى كېسىش باشلاندى. مۇچىنىدەك بىرنېمىدە چىمدىپ تارتىش، كىرتىلدىغان تىغ ئاۋازى بىلەن تەڭ ھېكمەت ياتقان يېرىدە زەربىگە ئۇچرىغان يىلاندەك تولغانماقتا ئىدى. كېسىش تېزلەشكەنسېرى ھېكمەتنىڭ يۈرىكى سوقۇشتىن توختاپ خۇددى ياپراقتىكى تامچىدەك دىر - دىر تىترەيتتى. گوياكى بىر كىم ئىچ - باغرىنى سۇغۇرۇۋېلىپ قانداقتۇر بىر نېمىدە قىسىپ ئېزىۋاتقاندەك بىلىنەتتى. دەھشەتلىك ئاغرىقتىن باغلانغان قول - پۇتلىرى تىپىرلايتتى. ھەر تەرەپكە ئۆرۈلۈۋاتقان بېشى بىر كۆتۈرۈلۈپ يەنە گۇپپىدە جايىغا چۈشەتتى. ھېكمەت تەردىن ھۆل بولۇپ كەتكەن يۈزىدىكى لاتىنى چىشلەپ سىلكىۋەرگەچكە مۇشتۇمدەك كاللەكلىشىپ قالغانىدى. پېشانە، يۈز، بويۇنلىرى-دىن ئاققان تەر پارقىراق كىرلىنكىغا چۈشۈپ، ساقىغىنىچە ئاستىنى ھۆل قىلىۋەتتى. ھېكمەت گاھ - گاھىدا قان سۈرتۈل-گەن داكا، پاختىلارنى تازىلىق چېلەككە تاشلاۋاتقان ئابلىمىتقا بىسەرەمجان كۆزلىرىنى تىكەتتىيۇ، بىلىنەر - بىلىنمەس كۆ-لۈمسىرەپ قوياتتى. ئابلىمىتمۇ مۇنچاق - مۇنچاق تەرلەپ كەت-كەن پېشانىلىرىنى پات - پات خالات يېڭىدە سۈرتۈپ قوياتتى.

ئوپېراتسىيە قىرىق مىنۇت ئەتراپىدا ئاياغلاشقان بولسىمۇ ھېكمەتنىڭ يېرىم جېنى قالغانىدى. ئابلىمىت تېرىسى سويۇۋې-لىنغان جاراھەت ئورنىنى پاكىز تازىلىغاندىن كېيىن، سىقماق

ماي سۇرتتى، ئۇنىڭ ئۈستىدىن قان توختىتىدىغان تالقان دورىنى تەكشى چاچتى، ئاندىن ئالدىرماي قولتۇق، مۈرىلەردىن ئالماشتۇرۇپ ئاق داكا بىلەن چىرماپ تېڭىۋەتتى.

— كامىلنىڭ سۇنغان قولى خاتا تۇتۇپ قالغان ئوخشايدۇ، — دېدى ئابلىمىت ھېكمەتنى يۆلەپ تۇرغۇزۇۋېتىپ، — تۈنۈگۈن ئەتىگەن ياڭ پەيجاڭ مېنىڭ قېشىمغا كەپتىكەن، ئۇنىڭغا ئاتا ئىسلام توغرۇلۇق سۆزلەپ بىرىۋىدىم، ئۇنى تاپمىسام بولمايدۇ، دەپ چىقىپ كەتتى ...

— نېمە دېگەن ۋەھشىي يىرتقۇچلار، سۇنغان قول بىلەنمۇ ئاستى. لېكىن، ياڭ پەيجاڭ بولىدىغان ئادەمكەن، — كۆزلىرى ئېلىشىپ زەئىپلەشكەن ھېكمەتنىڭ كۆپ گەپ قىلىشقا مادارى يەتمىدى، — ئابلىمىت، رەھمەت سىزگە، خاپا بولماي كېسىلگەن تېرىلەرنى، ھەم بىرتىۋانى بىر قەغەزگە يۆگەپ بەرسىڭىز ...

— نېمىش قىلىسىز ئۇنى؟

— بۈگۈن كېچە سىز مېنى مەن سىزنى...كۆرمىگەن بولاي...

ئابلىمىت چۈشەندى، ئۇ دەسلەپتە بۇ ئىشنىڭ جاۋابكارلىقىنى ئويلىغان بولسىمۇ، بىراق ھېكمەتنىڭ بىچارە ھالىتىدىن تەڭلىكتە قېلىپ ئاغزىدىن چىقىرالمىغانىدى. ئۇ مۇشۇ ھالەتتىمۇ باشقىلارنىڭ تەقدىرىنى ئويلاۋاتقان ئوقۇتقۇچىنىڭ ساپ ھەم پاك قەلبىنى كۆرگەندەك بولدى.

ھېكمەت بىر پارچە قەغەزگە ئورالغان قانلىق تېرە بىلەن بىرتىۋانى ئېلىپ ئەلەڭلەپ ماڭغىنىچە دوختۇرخانىدىن چىقىپ كەتتى. ئىيۇلنىڭ ئاخىرلىرى ئىدى. يۇلتۇزلار قويۇقلىشىپ، تومۇز ئىسسىقتىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى. ئىزغىرىن شامال بوستان باغلىرىنىڭ شور تاملىرىدىن يازلىق مېۋىلەرنىڭ ھىدىنى گۇپۇلدىتىپ، دىماغلارغا ئۇراتتى. چامغۇرلۇق قىرلىرى ئارا كۆكرىكىگە ئالىقانلىرىنى قويغان ھېكمەتنىڭ ئىلەڭ - سىلەڭ،

سەنتۇرۇلۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن تۆمۈر نىياز، ئالدىغا
يۈگۈرۈپ بېرىپ ئۇنى يۆلىۋالدى. ئىككى سائەتكە يەتمىگەن
ۋاقىت ئىچىدە خۇددى ئون يىل كېسەل تارتقان ئادەمدەك ئۆزگى-
رىپ كەتكەن ھېكمەتنى كۆرگەن تۆمۈرنىيازنىڭ قورقىنىدىن
قوللىرى سۇس تىترىمەكتە ئىدى.
— سەن ··· نېۋەتچىلىك قىلىغان ··· پۇرسەت
ئىچىدە ··· — دېدى ھېكمەت دەممۇدەم يۇقىرىغا تېنىپ، —
زىنداندىن چىۋىنمۇ··· ئۇچۇپ چىقمىدى··· بۇنى ئىسىڭدە چىڭ ساقلا ···
— چۈشەندىم مۇئەللىم ···، — تۆمۈر نىياز ئۇنى كىر-
گۈزۈۋېتىپ ئىشىكنى قۇلۇپلاپ قويدى.
ھېكمەت زىندان تېمىغا يۆلىنىپ ئىككى پۇتىنى ئۇزۇن
سۇندى. ئۇنىڭ كۆكرىكىنى تۆمۈر تىرناقلار قاماللاۋالغاندەك
سىرقىراپ، تېلىقىپ، زىڭىلداپ ئاغرىسا يۈرىكى ھېلىمۇ سىماب-
تەك دېرىلدەپ تېترىمەكتە ئىدى.
— خەپ مەمتىلى ئىبراھىم، مەن سىنى ئۆلسەممۇ
ئۇنتۇمايمەن، — غەزەپلىك ئىگرىدى ھېكمەت، — ئاتا -
ئانامنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن قاتىللارنى كەچۈرسەممۇ سېنى كەچۈر-
مەيمەن ··· ئەۋلادىمدىن - ئەۋلادىمغا سەندەك تۇز كور مۇناپىقنى
نەپرەت بىلەن قارغاپ تۇرۇشنى ۋەسىيەت قىلىمەن. مېنىڭ ساڭا
قىلغان ھېممىتىمنىڭ جازاسىمۇ بۇ، «ياخشىلىقىنىڭ مۇ -
كاپاتى — يامانلىق···» دېگەن سۆزلەرگە ئەمدى ئىشەندىم···
ھېكمەت بۇ زۇلمەتلىك لەھەت ئىچىدە مەمتىلى ئىبراھىم-
نى غايىۋانە قارغاپ ئولتۇرغىنىدا، ئاشلىق پونكىتىنىڭ يەر
ئاستى قازنىقىدا قولىنى بوينىغا ئېسىۋالغان كامىل، ھۆركىرەپ
يىغلاۋاتقان تۇراپ ئىمىنگە قايناپ سۆزلەۋاتاتتى؛
— سىلى پېشانىلىرىدا چاقنىغان يۇلتۇز مەڭگۈ كۆچمەيدى-
غاندەك، ھەتتا باقىيدىمۇ نۇر چاچىدىغاندەك، كىبىر ۋە تەمەننا-
نىڭ قۇلى بولدىلا، تەقدىرنىڭ ئىرادىسى سىلىنىڭ ئىرادىلىرىگە

باقمايدۇ. مانا بۈگۈنكى كۈنلۈكتە سىلى قېرىنداشلىرىغا سالغان زۇلۇمنى ئاللا ئۆزلىرىگە كۆرسىتىۋاتىدۇ. سىلىمۇ دېھقان نەسلىغۇ، دېھقانىنىڭ پۇشتىدىن تۆرەلگەنغۇ، ئاشۇ دېھقانىنىڭ يەردىن تاپقان نېمىتى بىلەن كامال تاپتىلا، شۇنداق ئەمەسمۇ؟!

— خوش ... خوش ... مەن پوق يېگەن، كەم ئەقىللىق قىلغان، كامىل ئەپەندىم، — مەيدىسىنى تۇتۇپ، ئىككى پۈكۈلۈپ قالغان تۇراپ ئىمىن شام يورۇقىدا تېخىمۇ كىچىكلەپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى، — مانا سىلى بىلەن تۆت ئاي ھەمراھ بولۇش بىلەن نۇرغۇن ئىشلارنىڭ تېگىگە يەتكەندەك بولدۇم، خالىق دېگەن نائەھلىنى ئۆستۈرۈپ، ئەتىۋارلاپ ئىشلەتسەم مېنى تارتىپ چىقىرىپ نېمە كۈنلەرگە سېلىۋەتتى. ئۇنى مەتمۇسا كۆيدۈرۈۋېتىپ خوپ قىپتۇ. ھەي مۇئەللىم، كېيىنكى ۋاقىتلاردا ھەرقايسىلىرى ئۇنىڭ بىلەن يېقىن ئۆتۈشۈپتىكەنلا، ئۇنىڭدىن بىرەر خەۋەر يوقمۇ؟

— يوق، ئۇنىڭ مەلىكە ساھىبخان بىلەن بالىسىنى ئېلىپ كەتكىنىگە قارىغاندا يېراقلارغا سەپەر قىلدى. بولغاي، — دېدى كامىل مەتمۇسانىڭ خوشلىشىپ كىرگەن ۋاقتىدىكى دېگەن سۆزلىرىنى ئېسىگە ئېلىپ، — مەتمۇسا خالىقنىڭ ئىزىدىن مېڭىپ، قاباھەت يولىغا كىرىپ قالغانلىقىنى مۇرات بىلەن دوستلىشىپ «ئادەمىيلىك» نىڭ ئۇلۇغلىقىنى چۈشەنگەندىن كېيىنلا، دىيانەت ۋە پەزىلەت يولىغا ماڭدى. ئۇ مۇشۇ يولدىن تايمىسىلا خەلق ئۇنى ئىچىگە سىڭدۈرۈپ كېتىدۇ.

— ھەي ... مەن ئازغۇن بەندە، — تۇراپ ئىمىن مەيدىسىنى تۇتۇپ يۆتىلىپ كەتتى، — خالىقنىڭ كەينىگە كىرىپ، دېھقانلاردىن قانچىلىك ئۇزاپ كەتكىنىمنى، ئارىمىزدا چوڭقۇر ھاڭ پەيدا بولغانلىقىنى ئەمدىلا بىلىۋاتىمەن.

— شۇنداق. سىلى يامانغا يان تاياق بولۇپ، خەلقنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ كەتتىلە، خەلق سىلىنى قېتىغا ئالماس بو-

لۇپ قالدى، — كونا ئىشلار يادىدىن كەچكەن كامىل، تۇراپ ئىمىننى ئاياپ ئولتۇرمىدى، — بەزى ئادەملەر ھەققانىيەتنىڭ قۇربانى بولۇپ دىشۋارچىلىق تارتىدۇ، بۇنداق ئادەملەرنى خەلق ھىمايە قىلىدۇ، باغرىغا تارتىدۇ، ئاسرايدۇ …

كامىل ئەلنامە، يېڭىئېرىق سۇ ئامبىرىدىكى دېھقانلارنى ياد ئېتىپ، ئۇلارنىڭ سەممىي خەيرخاھلىقى توغرىسىدا كۆز چاق-ناتقۇدەك مىساللارنى سۆزلىگىنىدە، تۇراپ ئىمىننىڭ كۆزلىرى-دىن ياش چىقىپ كەتتى.

— يەنە بىر قىسىم ئادەملەر ئۆز قىلمىشىنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ، بۇ تەڭرىنىڭ ئىرادىسى، ئازاب چەككەن خەلقنىڭ ئارزۇسى، تارىخنىڭ توغرا يەكۈنى. مەرھۇم خان ئانام: «ھە-قىقىي تۇرمە ئەلنىڭ غەزەپلىك قارىشىدۇر، ھەقىقىي جازا ئەل-نىڭ نەپرىتىدۇر» دەيدىغان …

— ئالتۇندەك گەپلەر ئىكەن … ئالتۇندەك، — دېدى تۇراپ ئىمىن يىغلامسىراپ، — مانا مەن ھازىر خان ئانىلىرى ئېيتقاندەك ھەقىقىي تۇرمە، ھەقىقىي جازاغا ئۇچرىدىم، دېھقان-لارغا سالغان زۇلمىمنىڭ دەردۇ - بالاسى ئۆزۈمگە ياندى. لېكىن، مەن خام كاللا مۇشۇنداق قىلسام «سوتسىيالىستىك تۈزۈمىمىز چىڭىيدۇ» دەپ خاتا ئويلىغانىكەنمەن. ئەمما، مېنى پارتىيە، سوتسىيالىزمغا قارشى دېسە قانداق بولىدۇ؟ ئەگەر مەن ئاشۇنداق قارا نىيەت بولسام 56 - يىلى بوۋاي قەمبەردە دېھقانلار توپىلاڭ كۆتۈرگەندە، ۋاڭ شۇجىنى ئاتنىڭ ئالدىغا ئېلىپ قا-چامتىم، ئۇنى قۇتقۇزۇپ قالامتىم؟ …

تۇراپ ئىمىن ئىچ - قارنىنى بوشىتىپ، دەردىنى يەنە تۆكۈۋەرگەنمۇ بولاتتى. لېكىن، ئىشىك شاراقلاپ ئېچىلىپ ياڭ پەيجاڭ بىلەن ئاتا ئىسلام كىرىپ قالدى. ئاتا ئىسلام بەگئېرىق گوڭشېدىكى پېشقەدەم ئوقۇتقۇچى بولۇپ «تېڭىقچىلىق» تىبابەت-چىلىكىدە داڭقى بار ئىدى. كامىلنىڭ قولى سۇنغاندىن كېيىن،

ھاۋىنىڭ ئىسسىقىدا سۇنغان يەر شەلۋەرەپ، يىرىڭداپ كەتكەندى. شۇڭا، مىنىبىڭلار ئىچىدىكى كۆڭلى يۇمشاقنىڭ بىرى كونا لاتىلار بىلەن تېڭىپ قويدى. بىراق، سۆڭەك جايىغا چۈشمەي خاتا تۇتۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن قول ئىششىپ، كامىلنىڭ قىزىتمىسى ئۆرلەپ كەتتى. بۇنى ئاڭلىغان ياڭ پەيجاڭ قازناق ئۆيىگە كىرىپ ئەھۋالنى تەكشۈرگەندىن كېيىن، گۇڭشې دوختۇرخانىسىغا باردى. ئابلىمىت دوختۇر ئۇنىڭغا ئاتا ئىسلام ھەققىدە سۆزلەپ بەرگەندىن كېيىن، ئۇ گۇڭشېنىڭ ئېتىنى مىنىپ بەگئېرىق گۇڭشې باشلانغۇچ مەكتىپىگە باردى ۋە ئاتا ئىسلامغا ئەھۋالنى ئېيتىپ باشلاپ كەلگەندى. بۇگۈن ئەتىگەن ئاتا ئىسلام كامىلنىڭ قولىنى تەكشۈرۈپ كۆرۈپ، خاتا تۇتۇپ قالغان سۆڭەكنى قايتا ئاجراتمىسا بولمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ، كامىلغا سېرىقماي يېگۈزدى ۋە پىيازنى ئېزىپ، سېرىق ماي بىلەن ئارلاشتۇرۇپ، سۇنغان يەرگە چاپلاپ تىڭىۋەتكەندى، ھازىر ئۇ، سۇنغان يەرنى ئاجرىتىپ، ئورنىغا چۈشۈرۈش ئۈچۈن كىرگەندى.

ئاتا ئىسلام كامىلنىڭ قولىغا تېڭىلغان لاتىلارنى يېشىپ ئېلىۋەتكەندىن كېيىن بىلەكنى سىلاپ، بوش مۇجۇپ كۆردى. جەينەكتىن تۆت ئىلىك ئاستىدا گۇلە قاقتەك بىر مونەك نەرسە پۇلتىيىپ تۇراتتى. مانا بۇ سۆڭەكنىڭ ئىلگىرى - كېيىن تۇتۇپ قالغان يېرى ئىدى. شۇڭا، كامىلنىڭ سول قولى دوناي تۇراتتى.

— ياڭ دارىن، ئۆزلە كامىلنى ئورۇندۇقتا ئولتۇرغۇزۇپ ئارقىسىدىن چىڭ قۇچاقلاپ تۇرسىلا، — ئاتا ئىسلام خەنزۇچىنى ئوبدان بىلمىسىمۇ مەقسەتنى ئۇقتۇرالايتتى، — مەن سۇنۇقنى ئورنىغا چۈشۈرۈمەن.

— نېمە، مەن مۇشۇنىڭغا ئۆزۈمنى تۇتقۇزامدىم، — كامىل ياڭ پەيجاڭنى يېقىن كەلتۈرمىدى، — بولدى، ئۆزۈم چىداپ ئولتۇرۇپ بەرسەم بولمىدىمۇ.

— مۇئەللىم، سىلىمۇ زە ئاق - قارىنى پەرق ئەتمەيدى -

كەنلا، — دېدى ئاتا ئىسلام سەل تىرىككەن قىياپەتتە، — بىز ئوقۇغۇچىلارنى تەتىلگە قويۇۋەتكەن، بۇ ئادەم مېنى مەكتەپتىن تاپالماي نەچچە كەنت، ئەترەتلەردە تىنەپ يۈرۈپ ئاران تېپىپ بېرىپتۇ ...

ئاتا ئىسلامنى ياڭ پەيجاڭ باشلاپ كەلگەنلىكىدىن كامىلنىڭ خەۋىرى يوق ئىدى. ئۇ مەيداندا ئېلىپ بېرىلغان «كەڭچىلىك قىلىش ۋە قاتتىق چارە كۆرۈش» يىغىنىدا ئېزىزتارمۇشنىڭ قولىنى بوشىتىپ قويغانلىقى، قىشلىق كۆلۈبتىكى «ھەيۋەت سۆزدۆرۈش» تىمۇ شۇنداق قىلغانلىقىنى ئويلاپ خىجىل بولۇپ قالدى. شۇڭا، «دۆيبۇچى» (كەچۈرۈڭ) دەپ قويدى. بېشى قازناق تورۇسى بىلەن تەڭلا تۇرغان قاۋۇل ھەم تەمبەل ياڭ پەيجاڭ بېشىنى «كېرەك يوق» دېگەندەك يېنىككىنە سىلكىپ كۈلۈپ قويدى.

ئاتا ئىسلام ياڭ پەيجاڭ قۇچاقلاپ ئارقىغا تارتىپ تۇرغان كامىلنىڭ سول قول بېغىچىنى ئىككى قولى بىلەن تۇتۇپ بىر نەچچە قېتىم ئاستىن - ئۈستۈن مىدىرلىتىپ تۇيۇقسىزلا ئالدىغا بىرلا سىلكىپ تارتىۋىدى، «چىرس» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ كامىل ۋارقىرىۋەتتى، ئاندىن ئاتا ئىسلام ئالىقانلىرىدا ھەم باش بارمىقىدا سۇنغان يەرلەرنى ئۇۋۇلاپ، مۇجۇپ يۈرۈپ قاقتەك مۇنەكنى يوقىتىۋەتتى.

— سۆڭەك جايىغا چۈشتى، — دېدى ئاتا ئىسلام كامىلنىڭ قولىنى تېڭىۋېتىپ، لېكىن ۋىلايەتلىك دوختۇرخانىغا ئاپارمىسا بولمايدۇ، چۈنكى سۇنغان سۆڭەك زىدە قىلىۋەتكەن يەر يۇقۇملىنىپ قاپتۇ، دەرھال تازىلاپ داۋالىمىسا قول يەنىلا كاردىن چىقىدۇ.

— مەن ... — ياڭ پەيجاڭ تەرەببا بىر نېمە دېيەلمىدى، — ئەتە ئەتىگەن بىر ئامالىنى قىلاي ...

ياڭ پەيجاڭ بىلەن ئاتا ئىسلام چىقىپ كەتتى، تىزلىرىنى

قۇچاقلاپ بېشىنى چىۋىسىگە چۆكۈرۈپ، قۇرتتەك تۈگۈلۈپ ئولتۇرغان تۇراپ ئىمىن تولىمۇ بىچارە ئىدى. بابا قاتتىقراق گەپ قىلىشىۋەتكەنلىكىدىن ئىچى ئاچچىق بولۇپ قالغان كامىل، ئۇنىڭ سۇنۇق كۆڭلىگە مەلھەم بولغۇدەك، نىمجان تېنى تەسكىن تاپقۇدەك گەپ قىلىپ قويۇشنىڭ لازىملىقىنى ئويلاپ ئاستا كەلدى ـ دە، تۇراپ ئىمىننىڭ ئورۇق دۈمبىسىگە قولىنى قويدى...

بۇ دۇنيا شۇنداق غەلىتە دۇنياكەن، ئاللا بىرسىگە بايلىق ئاتا قىلسا، سەخى ـ ساخاۋەتنى قىسىپ قالىدىكەن، گاھى بىرلىرىنىڭ كۆزلىرىنى ئەمەل ـ ئىمتىيازلىرى بىلەن كور قىلىپ، ئىنساپ ـ دىيانەت مەلھەمىنى بەرمەيدىكەن، بەزىلىرىگە ئەقىل ـ ئىدراكنى يار قىلسىمۇ، نامراتچىلىق، دىشۋارچىلىق دەشتلىرىدە قىينايدىكەن، يەنە قانداقتۇر كىشىلەرنىڭ خۇي ـ پېئىلىنى يامانلىققا ھەمراھ قىلىپ، ئاخىرىدا پۇشايمان ئوچىقىدا كۆيدۈرىدىكەن! بۇدۇنيا سارىيى ھادىس سىرلىق سەھنە ئىكەن، ئادەملەر ئۆزىنىڭ نەدىن كېلىپ، نەگە كېتىدىغانلىقى، جاھاندا ھەممە ئىشنىڭ پايانى يوقلۇق ئىكەنلىكى، زۇلۇم سېلىش، مەئىشەت كويىدا گۇناھقا ھامىي بولۇش، تۆت كۈنلۈك راھەت ئۈچۈن ساتقىنلىق قىلىش، بىر ـ بىرىنى غاجاشلارنىڭ ھەممىسى جان ساكراتىدا بىر تىنىققا ئەرزىمەيدىغانلىقىنى ئويلىمامدىغاندۇ؟! بۇ پەلەكنىڭ ھۈنىرى دائىما بۇزۇش، بىز بەندىلەرنى ئويۇنچۇق ئېتىپ ئويناش ئىكەنلىكى ئېنىققۇ! ئۇسكەندىن تاش تۆشۈكىگە تۆكۈلگەن دانىغا قاراڭ، قانچە ئېگىز سەكرىگەنلىرى شۇنچە تېز ئىزىلىپ ئۇن بولۇپ كەتتى! ھەي ئادەم شاشما، زورمۇزو كۈچىنىپ گۇناھقا پاتما! بۇ توغرىدا ئۆمەر ھەييام ھەزرەتلىرى ھەسرەت بىلەن شۇنداق دېگەن:

خاھلىغان ئىشىمنى خالىماس خۇدا،
قاچان ئىستىكىمنى ئەيلەپتۇ بەجا.
ئۇنىڭ ئىستەكلىرى توپتۇغرا بولسا،
مېنىڭ ئىستەكلىرىم بارچىسى خاتا.

شۇڭا، بىز قايتا زىكىر قىلىمىزكى، دۇنيادا «ياخشىلىق» قا يېتىدىغان يەنە بىر ئۇلۇغ ساۋابلىق يوق! كۆر-گەنسەن، مەتمۇسادەك بىر يامان تەبىئەتلىك ئادەم مۇراتقا يېقىن-لىشىشۇىدى مۇرۇۋۋەت ئىگىسىگە ئايلاندى. ھېكمەت زەيىنىدىنىنى ئاپەتتىن قۇتقۇزۇپ قېلىشۇىدى، قارا كۆڭلى يورۇپ «ئادەمىي-لىككە» قەدەم قويدى. تۇراپ ئىمىنچۇ؟ مۇشۇنداق باغرى تاش، يىلان تىمسالى ئادەممۇ، كامىل بىلەن تۆت ئاي گۇندىخانىدا يېتىپ پۈتۈن ھاياتىغا توغرا باھا بەردى، چىن ئېتىقادى بىلەن پۇشايمان زەردابلىرى ئىچتى. بۇنىڭدىن كۆرۈپ تۇرۇپتىمىز-كى، يامانلىق گەرچە بىر مەزگىل تەنتەنە قىلسىمۇ، ئاخىرقى ھېساباتتا يەنىلا ياخشىلىق غالىب كېلىدۇ، ئەڭ بولمىسا ياخشى-لىق ۋە مۇرۇۋۋەتكە نائىل بولغان ئادەم جان بېرىشۇتىپمۇ خاتىر-جەم كۆز يۇمىدۇ. مەن بىر مۇيسىپىت ئەھلى ئىلىمدىن مۇنداق بىر ئىشنى سوردىغىنىم ئىسىمدە: «نېمە ئۈچۈن بەزى كىشىلەر جان ئۈزگەندە دەھشەت قىينىلىپ، ئازابلى-نىپ كېتىدۇ؟ بەزىلىرى خۇددى ھاياتتەك، بىر كىمگە كۈلۈمسىرەپ تۇرغاندەك جان بېرىدۇ؟» مۇيسىپىت ئىلىمدار ئېيتتى: «ئەزرائىل ئۆمرىدە يامانلىق ۋە گۇناھقا پات-قان بەندىنىڭ ئىچىگە تىكەننى سىلىپ، تەتۇر تارتىپ جېنىنى ئالىدۇ. ساۋابلىق ۋە ياخشىلىقنىڭ ھامىيسى بولغان بەندىسىنىڭ بۇرنىغا جەننەت گۈللىرىنى پۇرىتىپ تۇرۇپ جېنىنى ئالغاچقا، مۇشكى - ئەمبەرھىدلىرىدىن بەھرە ئالغان بەندە كۈلۈپ تۇرۇپ جان بېرىدۇ»

# ساقايماس جاراهەت

«ئاۋغان» كوچىسىنىڭ ئەگرى - بۈگرى تار كوچىسىدىن
كېلىۋاتقان بىر قىز، ئاقمۇللا ئىمامنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا
كەلگەندە بىردەم تېڭىرقاپ تۇردى - دە، دەرۋازا يوچۇقىدىن
ئىچكىرىگە قارىدى ۋە بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىغد-
نىچە ئون قەدەمدەك مېڭىپ، قايتىنىڭ قورۇسى ئالدىدا توختى-
دى. ئۇ، داتلىشىپ كەتكەن قارا قۇلۇپنى تۇتۇپ بىردەم تۇرغان-
دىن كېيىن، قوشقاناتلىق ئەگۈننى ئىتتىرىپ قول پاتقۇدەك
يوچۇق پەيدا قىلدى. قىز يوچۇقتا يۈزىنى يېقىپ بەكمۇ ئۇزۇن
تۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭ ئەگۈن قانىتىنى بېسىپ تۇرغان قوللى-
رى، چىرايلىق مۈرىلىرى بىلىنەر - بىلىنمەس تىترەۋاتات-
تى. قىز بېشىنى كۆتۈرۈپ قەددىنى رۇسلىدى، ئۇنىڭ
قاشتېشىدەك سۈزۈك ئاي يۈزى هۆل بولۇپ كەتكەن بولۇپ،
چىرايلىق چوڭ كۆزلىرىدىن توختىماي ياش تۆكۈلۈپ تۇرغاچقا،
ئۇزۇن قايرىلما كىرپىكلىرىدە قەترە ئۈنچىلەر ئېسىلىپ تۇرات-
تى. ئېگىز بويلۇق قاپقارا قاشلىرى كەڭ پېشانىلىرىدە قىياق-
تەك ئېگىلگەن، ئارقىسىغا چېلىڭ تارتىپ ئۆرۈلگەن بىر ئۆرۈم
تۇم چېچى يوتىلىرىدا يىلاندەك سويلاپ تۇرغان، هۆسنى كامالدا
بەر قارار بۇ قىززادى كىم؟! ...

گۈل يۈزىنى تامچە - تامچە ياشلار خۇددى كۈنداشلىق
قىلغاندەك بەس - بەستە سۆيۈپ چۈشۈۋاتقان بۇ قىز - كىتابخان-
لىرىم خېتىنى كۆرۈپ، تۆت يىلدىن بېرى ئۆزىگە ئىنتىزار
بولغان ماهىگۈل ئىدى.

ماهىگۈل تۈنۈگۈن كەچكە يېقىن خوتەن دىيارىغا قەدەم

ئالدى. ئۇ قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتكىنىگە قارىماي، گۈلباغ رەستىلىرىگە، شېرىن خاتىرىلەرنىڭ ئىزلىرى قالغان چايخانا مەكتەپكە تويماي قاراپ، قىزىق دەرۋازىغا يېتىپ كەلدى. ئۇنىڭ يۈرىكى بىر تۇغقان قېرىندىشى، بىر تاللا يۆلەنچۈكى، ئائىلىسىنىڭ تەۋەررۈك گۆھىرى بولغان جانجىگەر قېرىندىشى نەبىنى باغرىغا بېسىش، كۆز ياشلىرىنى يامغۇردەك تۆكۈپ، ئۇنىڭ چۆلسىرەپ كەتكەن يېتىملىك باغلىرىنى سۇغىرىش ئىستىكىدە ياناتتى. كېسەلخانىغا تاماق ئېلىپ كېتىۋاتقان ماھىنۇر ئۇنىڭ ئالدىنى توستى.

— ۋۇي، خاتا تونۇمىغانلا بولسام، سىز ماھىگۈلغۇ دەيمەن، — ماھىنۇر سەمىمىيلىك بىلەن كۈلۈپ تۇراتتى، — ۋاي خۇدايىم نېمانچىلا چىرايلىق بولۇپ كەتتىڭىز، ئۆرۈمچىنىڭ ھاۋاسى قىز - چوكانلارغا ياقىدۇ، دېگەن گەپ بىكار ئەمەسكەن - دە.

— مەن سىزنى ... — ماھىگۈل پەقەتلا يادىغا ئالالمىدى، — كەچۈرۈڭ، تونۇيالمىدىم ...

— توغرا، سىز مېنى تونۇمايسىز، — ماھىنۇر تاماق قاچىسىنى ئۇ قولىدىن بۇ قولىغا يۆتكىدى، — لېكىن مەن سىزنى كۆپ كۆرگەن. سىز ئەزىمەتنى كۆتۈرۈپ چايخانا مەكتەپ ئالدىغا داۋاملىق كېلەتتىڭىز، ھەر يەكشەنبە كەچ بىر بوپىنى قولتۇقلاپ بوستانغا ماڭاتتىڭىز، ھە راست، بىر چاغلاردا ئىككىنچى مەكتەپكە تاماقمۇ توشۇدىڭىزغۇ دەيمەن.

— مەن سىزنى بۇرۇن كۆرمەپتىكەنمەن، ئۆزىڭىز كىم بولىسىز؟

— ۋاي خۇدايىم، مەن تېخى ئۆزۈمنى تونۇشتۇرماپتىمەن ئەمەسمۇ، — ماھىنۇر تولىمۇ قىزغىن ئىدى، — مەن قۇربان ھاكىمنىڭ قىزى ماھىنۇر بولىمەن، باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى.

ماھىگۈل يېڭىئېرىق سۈئامبىرىغا ھەر قېتىم كىرگىنىدە
كۆپ مېھماندوستلۇق قىلغان قۇربان ھاكىمنى كۆز ئالدىغا كەل-
تۈردى. بۇ ئادەم ھېكمەت، كامىل، مۇرات، گۈلزىبا، زۇم-
رەتلەرگە دەپ ئېيتقۇسىز ياخشىلىقلارنى قىلغانىدى، شۇڭا ما-
ھىگۈل بىردىنلا خىجىل بولغىنىدىن كەچۈرۈم سورىدى.

— كەچۈرۈڭ، ماھىنۇر ئاچا، مەن سىزنى بۇرۇن كۆر-
مىگەچكە ئەدەپسىزلىك قىلىپ قويۇپتىمەن.

— ياقەي، — ماھىنۇر ماھىگۈلنىڭ نېمىگىدۇر ئالدى-
راپ، تەقەززا بولۇۋاتقانلىقىنى سېزىپ قالدى، — نېمە، بۇ
كېچىدە ئالدىراپ بۇياققا مېڭىپسىزغۇ؟

— ئۇكام نەبى بىلەن كۆرۈشۈشكە ئالدىراپ ...

— ۋۇي، تېخى خەۋىرىڭىز يوقما؟ — ماھىنۇر دەپ
سالغان گېپىگە ئۇكۇنۇپ گېپىنىڭ ئاخىرىنى يۇتۇۋەتتى.

— نېمە، نەبىگە بىر ئىش بولدىما؟ — ماھىگۈلنىڭ
چوڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ، يۈرىكى سىيلىپ
كەتتى، — ئېيتىڭا ماھىنۇر ئاچا، زادى نېمە
بولدى؟ مەن سىزدىن ئۆتۈنۈپ قالاي ...

— مەن سىزنى ئاڭلىغاندۇ، دەپ ئاغزىمدىن چىقىپ كې-
تىپتۇ، ئەمدى سىز بۇنداق قىستاپ تۇرۇۋالغاندىن كېيىن ئاما-
لىم قانچە ...

ماھىگۈل نەبىنىڭ قولغا ئېلىنىپ ئون يىللىق كېسىلىپ
كەتكەنلىكىنى ئاڭلىغاندا، بېشى ئايلىنىپ يىقىلىپ چۈشكىلى
تاسلا قالدى. قورقۇپ كەتكەن ماھىنۇر ئۇنى يۆلەپ يولنىڭ
چېتىدىكى دۇكان سۇپىسىغا ئولتۇرغۇزدى. ماھىگۈل ئانىسىنىڭ
ھەم گۈلرۇزنىڭ قانداق ئۆلگەنلىكىنى نەبىنىڭ خېتىدىن ئوقۇ-
غانىدى. ئەلەم كۈرشىدە ئادەم ئۆلتۈرگەنلەر ئازمۇ، گۈلرۇز
ئۆلگەن يەردە ھېكمەت بىلەن نەبىدىن باشقا ئادەم بولمىسا بۇنى
كىم مەلۇم قىلىپ قويغاندۇ؟ ماھىنۇرنىڭ لەپپىدە قىلىپ كۆزد-

نى ئېلىپ قاچقانلىقىدىن گۇمانسىراپ قالغان ماھىگۈل،
كۆز - ياشلىرىنى توككىنىچە يالۋۇرۇپ - يىلىنىپ تۇرۇۋالدى،
تەڭقىسلىقتا قالغان ماھىنۇر نەبىنىڭ بىر كېچىدە مەست ھالدا
مەھبۇبەنىڭ ئۆيىگە بېسىپ كىرگەنلىكى ۋە بولۇنغان گەپ -
سۆزلەرنىڭ ھەممىسىنى سۆزلەپ بەردى.

— مەنمۇ ئېنىق بىر نېمە دېيەلمەيمەن. ئاڭلىشىمچە
مەھبۇبە چېقىپ قويغان ئوخشايدۇ، — دېدى ماھىنۇر ئەتراپىغا
قاراپ قويۇپ، — قالغىنىنى قولۇم - قوشنىلاردىن ئۇقۇشۇپ
باقارسىز ...

پۈتۈن ۋۇجۇدىنى قىنىقماس غەزەپ ھەم ئۆچمەنلىك قاپلى-
ۋالغان ماھىگۈل، شۇ تۇرقىدىلا مەھبۇبەنىڭ ئۆيىگە بېسىپ
كىرىپ، چاچلىرىدىن يۇلۇپ ئۇرغىسى، بوغۇپ ئۆلتۈرۈۋەتكۈ-
سى كەلدى. شۇنداقتىمۇ ئۆزىنى بېسىۋېلىپ، ئەتىسى كۈندۈ-
زى قولۇم - قوشنىلارغا سالام بەرگەچ ئەھۋال ئۇقۇشنى كۆڭ-
لىگە پۈكۈپ خوتەن مېھمانخانىسىغا قايتتى. شۇڭا، ئۇ بۈگۈن
ئەتىگەندىلا بىرنەچچە قوشنىلارنىڭ ئۆيلىرىگە كىرىپ پەتىلىدى.
گەپ ئارىلىقلىرىدا، ئۇكىسى نەبىنىڭ تەقدىرىگە ئائىت مۇھىم
ئىشلارنى ئۇقتى. ماھىگۈل كۆرۈشكەن قوشنىلارنىڭ بەزىلىرى
«مەھبۇبەنىڭ يېقىندىلا ئانىسىنىڭ قىرىق نەزىرىسىنى بەرگىنى-
نى بىلىمىز، قالغىنىدىن ئانچە خەۋىرىمىز يوقكەن» دېگەن بول-
سىمۇ، كۆپلىرى «ئاشۇ يۈندىسىنى ئىت كۆرمەيدىغان باي ئەن-
جانلىقنىڭ قىزى بولمامدۇ، تېخى ئانىسى دېگەن جادى ئۆلۈشى-
نى بىلگەندەك، ئون نەچچە مەدىكارنى ئىشلىتىپ ھويلىلىرىنى
ئەرەختەم - پەرەختەم قىلىپ كۆمۈلگەن ئالتۇن - كۈمۈشلەرنى
ئىزدىدى» دەپ ئېچىتسا، بەزىلىرى: «نەبى خويمۇ ئوبدان بالا
بولغان، خۇدايىم كۆز تەگكەندەكلا بولدى» دەپ ماھىگۈلنىڭ
غەزەپ يالقۇنىغا ماي چاچتى ...

ماھىگۈل ئاۋغان كوچىسىدىكى ھويلىسى ئالدىدا، داتلاشقان

قۇلۇپنى تۇتۇپ بىر هازا تۇردى. ئۇنىڭ ئاچىسىنىڭكىگە ئوخشاپ
كېتىدىغان قاشلىرى بىر - بىرىگە قوشۇلۇپ لەۋلىرىنى چىشلى-
دى، كۆزلىرىدىن رەشك، كۇنداشلىق هەم غەزەپ ئۇچقۇنلىرى
چاچرىدى. ئەزىمەتنىڭ يوقىلىشىغا سۇكۇت قىلغان، ئانىسىنىڭ
ئۆلۈمىگە سەۋەب بولغان، ئىنىسىنىڭ ئىككى يىل ۋەيران بولۇ-
شىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان، ئاچىسى گۇلزىباغا باشتىن - ئاخىر
زىيانكەشلىك قىلغان، لوپتا هېكمەتنى ئازدۇرغان ئىشلىرى ئاز
كېلىپ، ئەمدى ئىنىسىنىمۇ تۇرمىگە سولىتىۋەتكەن مەهبۇبە
ماهىگۇلنىڭ كۆز ئالدىدا ئەڭ رەزىل دۇشمەن سىياقىدا ئايان
بولدى! ئۇ يۈرىكىدىكى بارلىق قان - زەرداپلىرىنى بىر يولىلا
چىقىرىش كويىدا تېز قەدەملەر بىلەن مېڭىپ كەتتى.
ماهىگۇل خارابىلىككە ئايلانغان قورۇ ئىچىگە قەدەم ئالدى.
قوشنىلارنىڭ ئېيتقىنىدەك هويلا ئىچى ئويمان - چوڭقۇر ئو-
رەكلەر بىلەن تولغان بولۇپ، ماڭغۇدەك يولىنىڭمۇ تايىنى يوق
ئىدى. ئۇ پەلەمپەيلەرنى تاقىلدىتىپ ئۆيگە كىرگەندە، قۇچىقى-
دىكى قىزىغا تاماق يېگۈزۈۋاتقان مەهبۇبە، ئېگىز بوي، غەزەپ-
لىك رۇخسارىدىن پاكىزلىق ۋە نۇر تېمىپ تۇرغان قىزغا قاراپ
چۆچۈپ كەتتى. مەهبۇبە ماهىگۇلنى تونۇدى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ
مەيدە ۋە يەڭ ئۇچلىرىغا رېشلىيە بېسىلغان بېدە گۇلى رەڭ
سارجا كۆڭلىكى بەكمۇ تونۇشلۇق ئىدى. ماهىگۇلنىڭ ئوقۇشقا
مېڭىش هارپىسىدا «بۇ كۆڭلەكنى هەم پەلتو، چامادانلارنى
هېكمەت ئاكام يوللۇق تۇتتى، سەل ئۇزۇنكەن» دېگىنى مەهبۇ-
بەنىڭ هېلىغىچە ئېسىدە تۇرۇپتۇ. ئۇ بۇ كۆڭلەكنى كۇشەندىسى-
گە كۆرستىش ئۇچۇنلا قەستەن كىيىپ كەلگەندەك قىلاتتى.
ماهىگۇل چىرايلىق مۇرىسىگە ئېسىلغان ئۇزۇن باغلىق خورما-
رەڭ پوپكىسىدىن ئاپئاق قول ياغلىقىنى ئېلىپ، ئۇششاق تەر-
لەپ كەتكەن بۇرۇن ئۇچىنى ئېرتتى، ئەمما ئۇ بىر ئېغىز گەپ
قىلماي تىنكىلىپلا تۇراتتى. مەهبۇبە ئۇنىڭ هاقارەتكە تولغان

خېتىنى بىرەر دەقىقىمۇ ئۇنتۇپ قالمىغانىدى.
— هارماڭ! ، — بېشىدىن قارىلىق ياغلىقىنى تېخى ئې-لىۋەتمىگەن مەھبۇبە ئورنىدىن تۇردى.
«ياخشىدى» دېگەن جاۋاب سادالچىقمىدى. ماھىگۈلنىڭ ئەل-پازىنى كۆرگەن مەھبۇبە پايپېتەك بولۇپ «ۋاي» دەپ كەتمىدى، پەقەت يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان ھەممە ئىشقا ھازىرلاندى.
— كېپقاپسىز؟ ...
— كەلمىسەم بولامتى؟ ! — ئۆزىنى تۇتۇپ ئالالمىغان ماھىگۈل گەپنىڭ پوسكاللىسىدىلا قوپال تەگدى، — شۇنچە ئەسكىلىكلەرنى قىلىپ تۇرۇقلۇقمۇ «كېپقاپسىز» دەپ سوراي-سەنغۇ، ئۆزۈڭچە «دىۋانىلەر» نى، «كېسەل كۆرپىلىرى» نى، «لۆكچەكلەر» نى بىر - بىرلەپ يوقىتىپ، كۆزلىگەن غەرىزىمگە يەتتىم، دەپ كۆرەڭلەپ كەتكىنىڭمۇ بۇ؟ بىلىپ قوي، بۇنىڭ ھېسابىنى ئالىدىغان مانا مەن بار ...
— ماھىگۈل، كېلىڭ ئولتۇرۇڭ، بىز چىرايلىق پاراڭ-لىشايلى، — دېدى مەھبۇبە ئۆزىنى بېسىۋېلىپ، — سىز دېگەن ئۇ گەپلەر ئۇچۇن ئۆز ۋاقتىدىلا ھېكمەت، نەبىلەردىن كەچۈرۈم سورىغانمەن، نەبى ئېغىر مەست بولغانلىقى ئۇچۇن ئۇنىڭ ھاقارەتلىرىنى كۆڭلۈمگە ئالمىدىم. لېكىن، سىز مەن-دىن، ھېكمەتكە قىلغان تۆھمەتلىرىڭىز ئۇچۇن كەچۈرۈم سورى-ماي تۇرۇپ بۇنداق قوپاللىق قىلسىڭىز، سىزنىڭ بىلىملىك سالاھىيىتىڭىزگە خوپ كەلمەس ...
— نېمە، مەن تېخى كەچۈرۈم سورامدىم؟ بىلىپ قوي، مېنىڭ خېتىمدە يېزىلغانلارنىڭ ھەممىسى پاكت ...
— ئەمىسە سىزمۇ بىلىپ قويۇڭ، — مەھبۇبەمۇ ئاغزى-نى قويۇپ بەردى، — مەن رەسۋا، پاسكىنا، رەزىل، نىجىس ئەمەسمەن، ھەرقانداق قىزنىڭ مۇھەببىتى يولىدا كۈرەش قى-لىش ھوقۇقى بار. سىزمۇ بۇنىڭ سىرتىدا ئەمەس. ھېكمەت

قانداقمۇ مۇناپىق، قارا كۆڭۈل، ۋاپاسىز بولسۇن؟ بۇ سۈپەتلەرسىزگە لايىق! يۈرىكىڭىزگە قولىڭىزنى سېلىپ بېقىڭ، سىزگە ئىقبالنى كىم بەرگەن؟ كىم سىزنى ھىمايىسىگە ئېلىپ چوڭ قىلغان؟ قىمارۋاز قايىتما؟ ئەگەر ھېكمەت ياش ھاياتىنى دوغا تىكمىگەن بولسا، بۇ چاققىچە سىز نېمە بولارىدىڭىز؟ — مەھبۇبە سۆزلىگەنسېرى ھاياجانلانماقتا ئىدى، — ئەجەبا، سىز بىلەن توي قىلمىغان كىشى شۇنداق تۆھمەت، ھاقارەتلەرگە ئۇچرىسا بۇ ئادىللىق بولامدۇ؟ مېنى قانچە تىللىسىڭىز، ئۇرسىڭىز مەيلى، لېكىن ھېكمەت سىز دېگەندەك ئادەم ئەمەس، ئۇ دۇنيادا بىردىنبىر پاك ئادەم.

— سەن «ھېكمەتنى قولغا كىرگۈزدۈم، مەقسەتلىرىمگە يەتتىم، بەخت - سائادەت چولپۇرىنى تولۇق تۇتتۇم» دەپ ئۆزۈڭچە كۆرەڭلەپ كەتمە، — مەھبۇبەنىڭ سۆزلىرىدىن ئۇ سال ئورۇنغا چۈشۈپ قالغان ماھىگۈلنىڭ غەزىپى تېخىمۇ ئۆرلىدى، — شۇنى ئېسىڭدىن چىقارمىغىنكى، شامال ئۆتمەيدىغان تام، ئاياغلاشمايدىغان زىياپەت يوق.

— توغرا ئېيتتىڭىز، — مەھبۇبەمۇ بوش كەلمىدى، — ھېكمەت بىر جاۋاھىر، بۇ جاۋاھىر قولۇمدا ئىكەن، پۈتۈن دۇنيا، دۇنيادىكى ھەممە نەرسە مېنىڭ باغرىمدا، مەن ئۇنى ھېچكىمگە بەرمەيمەن ...

— ئەپتىڭگە قاراپ يوغان گەپ قىل، — سۆزدە كەتكۈزۈپ قويۇۋاتقان ماھىگۈلنىڭ گەپلىرى تېخىمۇ تاپتىن چىقىپ كەتتى، — سېنىڭ ھېكمەت بىلەن بىرگە بولۇشۇڭ خۇددى ئېشەكنىڭ تومشۇقىغا ھەسەل سۈرتكەندەك بىر ئىش!

— راست دەيسىز، بىز جامە ئالدىدا بىرگە چوڭ بولغان دوستلار ئىدۇق، — مەھبۇبەنىڭ ھەربىر سۆزىدە ئاچچىق تەنە بار ئىدى، — لېكىن بىزدەك قاغا - قۇزغۇن ئىچىدىن سىزدەك ئەنقا چىقىشنى ئويلىماپتىكەنمىز ...

— سەن ! ...

— ھە، مەن نېمە بوپتىمەن، گېپىڭىزگە لايىق جاۋاب بېرىۋاتىمەنغۇ.

— سەن ئۇياقتىن توي قىلىپ، بۇياقتىن بىرنى تۇغۇپ بېرىپلا، — ماھىگۈل قورققىنىدىن ئانىسىنىڭ ئېتىكىنى چىڭ تۇتۇۋالغان قىزغا قارىدى، — «ھېكمەتنى بالىغا باغلىۋالدىم» دەپ خام چاغلىما، بالا دېگەننى ئىت - مۈشۈكمۇ توغىدۇ.

— سىز ئاڭلىمىغانمۇ «يەر مۈنبەت بولسا كۆچەت ئاينىيدۇ» دېگەن گەپنى، — مەھبۇبەنىڭ سۆزىدە زەھەردەك ئىستىھزا بار ئىدى، — ئادەم، ئىت، ئېشەك تۇغسىمۇ، ئۇ بەربىر بالا! بۇنداق ئۇلۇغلۇققا يېتەلمەيدىغانلارمۇ كۆپقۇ، سىز تۇغمىغاچقا ھېس قىلالمايسىز ...

ھەممە تەرەپتىن توسۇلۇپ قالغان ماھىگۈل بويۇن - قۇلاقلىرىغىچە قىزىرىپ كەتتى. ئىرادىسى، ئەقلى، غەزەپ - نەپرىتى ھەرقانچە چوڭ ھەم چوڭقۇر بولغىنى بىلەن، زوۋۇلىسى ئاياللىق لېيىدىن ياسالغان بىر قىزنىڭ بۇنداق پەيتتە قانداق ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىشىنى مۆلچەرلەش ئانچە قىيىن ئەمەس، ماھىگۈل ھېچ بولمىغاندا مەھبۇبەنىڭ نەبىنى سولتىۋېتىشتەك قارا نىيىتىنى ئېنىقلاش ئۈچۈن كىرگەنىدى. ئەمما، ئاچچىق ئالدىدا يۇرسە، ئەقىل كەينىدە قالىدۇ دېگەندەك، ئۆزىنىڭ يېنىكلىك قىلىپ دەپ قويغان گەپلىرى، سۆھبەتنى قانداقتۇر كوچىلارغا كىرگۈزۈۋەتتى.

— توغرا، مەندە گۇناھ يوق ئەمەس، — دېدى مەھبۇبە بىردىنلا مۇلايىملىشىپ، — ئەزىمەت ئىشىدا باشتا شەخسىيەتچىلىك قىلدىم، كېيىن پۇشايمان قىلسامۇ ئورنىغا كەلمىدى، مەن پەقەت ھېكمەتتىن ئايرىلىپ قالماسلىقنىلا ئويلىغانىكەنمەن ...

— ئەمىسە نەبىنى سېتىۋەتكىنىڭنى قانداق چۈشەندۇرۇسەن؟ — ماھىگۈل ئۆچمەنلىك سەھنىسىدىن چۈشمەي تۇراتتى -

تى، ــ ھەرقانچە قىلىپ ئۆزۈڭنى ئاقلايمەن دەپمۇ ئاقلاپ
بولالمايسەن. نىيىتىڭ ئەزەلدىن يامان. سەن ئاچام گۈلزىباغا
ئائىت ھەرقانداق خاتىرىلەرنى ئۆچۈرۈشنى، يوقىتىشنى كۆڭ-
لۈڭگە پۈكۈپ ھەرىكەت قىلىپ كەلدىڭ، بولمىسا بىر تال ئى-
نىمنى ئوتقا تىقارمىدىڭ؟ ...

ــ ياق! ...ياق! ! ...مېنىڭ مۇشۇ ئاغزىم، ھەممە بالانى
تەرگەن مۇشۇ ئاغزىم! ــ مەھبۇبە ئاغزىغا بىرنەچچە كاچات سالغا-
نىدى، لەۋلىرى قاناپ كەتتى. قورقۇپ كەتكەن ئۇچقۇنئاي چىر-
قىراپ يىغلاپ ئانىسىغا يېپىشتى، ــ مەن بۇئىشنى ئويلىساملا،
ۋىجدانىم ئالدىدا ئۆزۈمنىڭ گۇناھكار ئىكەنلىكىمنى ھېس قىلى-
مەن. مېنى كەچۈرۈڭ ماھىگۈل، مەن ھەرگىز قەستەن...

ــ ئاغزىڭنى يۇم! توۋا قىلغىنىڭ بىلەن كېچىكتىڭ،
ئورنىدىن چاچرىغان كۆز جايىغا چۈشەمدۇ؟ ئەمدىلىكتە ئۆزۈڭنى
ئۇرۇپ، ھەتتا ئۆلتۈرۈپ بەرگىنىڭ بىلەنمۇ نەبى ئۇكام تۇرمە
ئازابىدىن قۇتۇلۇپ قالامدۇ؟ ! مېنىڭ سەن بىلەن قىلىشىدىغان
ھېسابىم تېخى تۈگىمىدى!

ماھىگۈل شاپىدە ئۆرۈلۈپ ئىشىك تەرەپكە ماڭدى.

ــ توختاڭ ماھىگۈل، ــ مەھبۇبە يانچۇقىدىن بىر كال-
لەك ئاچقۇچنى ئېلىپ ئۇنىڭغا سۇندى، ــ بۇ ئاقمۇللا ئىمام
ھەم سىزنىڭ ئۆيلىرىڭىزنىڭ ئاچقۇچى. ھېكمەت ئىككىمىز بۇ
چاغقىچە قورۇ - ئۆيلەرنى تازىلاپ كەلگەنىدۇق، ئەسلىدە بۇ
ئاچقۇچلار دەرۋازىنىڭ بوسۇغا تېگىدە تۇراتتى، تۇنۇگۇن خالى-
زىم بولۇپ يانچۇقۇمدا قاپتۇ ...

ماھىگۈل شارتلا سىلكىپ ئاچقۇچنى ئالدى - دە، ئۆيدىن
چىقىپ كەتتى. ئۇ ئوڭ سېپىنى بىلمىگەن ھالدا ئاۋغان كوچى-
سىغا كىرىپ دەرۋازىنى ئاچتى. دېگەندەك قورۇ ناھايىتى پاكىز
بولۇپ، ھەممە نەرسە سەرەمجان ئىدى. بولۇپمۇ ئاچىسى گۈلزى-
بانىڭ ئۆيى بۇرۇنقىدەكلا تۇراتتى. ئاچىسىنىڭ ھىدلىرى بۇرۇنغا

پۈرىغان ماھىگۈل ئۆپكىسى ئۆرلەپ ئۈن سېلىپ يىغلىۋەتتى. ئۇ چوڭ ئۆي، مېھمانخانىلارنى ئارىلىغاندا بۇمەرەمخان، نەبىلەر كۆز ئالدىغا كېلىپ تېخىمۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالالمىدى. ئۇ بىر چاغلاردا ئانىسىنىڭ كۆرپىسىدە ئولتۇرغاندەك، بۇمە-رەمخان ياتىدىغان يەرگە كېلىپ بەدەشقانلىرىنى قۇرغان ھالدا ئولتۇردى ... ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن جانلىق كۆرۈنۈشلەر ئۆتۈشكە باشلىدى، ئەنە ئانىسى ھويلىدىكى سۇپىدا يۇڭ ئېگىرىۋاتىدۇ... ئەنە ئاچىسى گۈلزىبا كىرىپ كەلدى، ئاچا - سىڭىل ئىككىسى تاماققا تۇتۇش قىلىشتى، ماھىگۈل ھويلىدا كۆكتاتلارنى غۇچۇر-لىتىپ يۇيۇۋاتىدۇ. قوللىرى خېمىر يۇقى گۈلزىبا، مەكتەپتىن كېلىپلا شاپتۇلغا تۇتۇش قىلغان نەبىگە: «ھەي كۆڭلەكلىرىڭنى شالتاق قىلىۋەتتىڭ» دەپ ۋارقىرىدى ... يامان بولسىمۇ قېرىن-داشتە، گۈلرۇز دەرۋازىدىن كىرگەنچە «ساراڭلار» دەپ قويۇپ ئۆز ھۇجرىسىغا كىرىپ كەتتى ... قاپاقلىرى ئىششىپ، بۇرۇن تۆشۈكلىرىدە قان قېتىشىپ قالغان قايىت: «ھېكمەت ئەپەندى، قانچە مائاش ئالىسەن؟» دەپ سورىدى ... قوللىرى شىلىم بولۇپ كەتكەن ھېكمەت نەبىگە لەگلەك يا-ساپ بېرىۋاتىدۇ...»

تۇرمۇشتا كۆڭۈلسىزلىكلەر بولۇپ تۇرسىمۇ، لېكىن بىر زامانلاردا ھاياتلىق شاۋقۇنلىرى بولۇپ ئۆتكەن، تاتلىق - ئاچ-چىق، قىرتاق ھەم شېرىن خاتىرىلەرنىڭ شاھىدى بولغان بۇ كىچىككىنە ھويلا ھېلىھەم تۇرۇپتۇ. لېكىن، شۇ تەقدىر - قىسمەتلەرنى قالدۇرغان ئادەملەر نەلەرگە كەتتى، قېنى ئۇلار؟! كائىناتتىكى بارلىق تاش - تۇپراق، سۇگىياھ، ئادەتتىكى سەرەمجانلارغىچە بولغان جانسىزلا مەڭگۈلۈككەن، ئۇزۇن ياشايدىكەن، بىراق ئادەمدەك ئۇلۇغ نەرسە نېمە ئۈچۈن كۆز يۇمۇپ ئاچقۇچە يوقلۇق ئالەمدە غايىب بولىدۇ؟ شۇنىڭغا قارىغاندا تەڭرى جانلىقلارنى جا، جانسىزلارنى جىدىڭ

يارتىپتۇ ـ دە! مەن كىچىك چاغلىرىمدا، ئۇچ ۋىلايەت ئىنقىلا-
بىدا قۇربان بولغان داۋۇت ئىسىملىك بىر يىگىتنىڭ ئىشلەتكەن
ھېجىرىسى ئالدىنقى سەپتىن قايتىپ كەلگەنلىكىنى بىلىمەن.
ھېلىمۇ كۆز ئالدىمدا تۇرۇپتۇ، ئاپئاق چاچلىق موماي بىر
قولىدا پۇچۇلغان ھېجىر، ھاسىسىنى يەرگە دوكولدىتىپ ئۇ-
رۇپ: «داۋۇت جا، ھېجىرجىڭ، داۋاۋت جا، ھېجىر جىڭ...»
دەپ يىغلىغانىدى. مۇشۇ كۇنلەردە ئويلىسام ئۇ موماي ھاياتلىق
ھەققىدە پەلسەپىلىك خۇلاسە چىقارغانىكەن.
خەيرىيەت، ئاچچىق ياشلار بىلەن ئىچىدىكى سىغىنىش ـ
پىراقلارنى يۇيغان ماھىگۇل، بىرنەچچە كۇن بولسىمۇ كىندىك
قېنى تۆكۇلگەن ئۆيىدە يېتىـۋىلىـش ئـۇچـۇن مېھمـانخانىـ-
دىن نەرسە-كېرەكلىرىنىقايتۇرۇپ كەلدى. ئۇئەتىسى سەھەر
تۇرۇپ ئېغىر سومكىسىنى كۆتۇرگەن ھالدا ماشىنا بېكەتكە
كېلىپ بېلەت ئالدى-دە، كېرىيەگە يۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭ ئىند-
ىسى نەبىنىكۇرۇش ئىستىكى تاقەتسىزھاياجانغاسالاتتى.
سەھەر ماڭغان ماشىنا چۇشكە قالماي كېرىيە بازىرىغا يې-
تىپ كەلدى. ماھىگۇل ھارۋىكەشنىڭ دېگىنىنى بېرىپ ئۆزگەر-
تىش مەيدانىغا يۇرۇپ كەتتى. ھارۋىدا ئۇنىڭدىن باشقا ئىككى
ئايال بىر ئەر بار ئىدى. جىنايەتچىلەرنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرد-
ىنى توشۇپ نان تېپىپ يەۋاتقان ھارۋىكەش، ئۇلارنىڭ رەسمىيەت-
لەرنى تەستىقلىتىش ئىشلىرىنى بېجىرىشكە ياردەملەشتى. قۇ-
ياش غەربكە ئىگىلگەن پەيتتە ھارۋىكەش ماھىگۇلنى مەيدان ئال-
دىغا چۇشۇرۇپ قويىدى. ئۇ باشقۇرۇش ئىشخانىسىغا كىرىپ،
ئىسپاتلىـرىنـى كۆرسەتكەندىن كېيىن، بىر جەدۋەلنى تولـدۇ-
رۇپ بەردى ـ دە، سىرتتا ساقلىدى.
ماھىگۇل قارا دەرۋازىلىق قورغان ئىچىگە تاقەتسىز ھالدا
كۆز تىكمەكتە ئىدى. بىرەر ئادەمنىڭ قارىسى كۆرۇنسىمۇ ھايا-
جان ئىزتىراپىدا ئۆپكىسى ئاغزىغا تىقىلىپ، يۇرىكى سېلىپ

كېتەتتى. ئەمما، نەبى قورغان ئىچىدىن ئەمەس، بەلكى ئارقا تەرىپىدىكى چەكسىز ئېتىزلىقلار تەرەپتىن كەتمەن كۆتۈرگەن هالدا يېتىپ كەلدى، ئارقىسىدا بىر قوراللىق ساقچىمۇ بار ئىدى. نەبى ئاچىسى ماھىگۈلنى تونۇيالمىغاندەك كەتمەننى يەرگە قويدى - دە، بىر هازا تىكىلىپ قارىدى. ماھىگۈلمۇ يۈزلىرىدىن قارا - قۇرا داغلار كەتمىگەن، ئىنچىكە تارتۇقلار گىرەلەشكەن، مۈرىلىرى كەڭ، قاۋۇل يىگىتنى كۆرۈپ داڭقىتىپ تۇرۇپ قالدى. لېكىن، هەر ئىككىسىنىڭ تومۇرلىرىدا ئېقىۋاتقان قان گويا قوشۇلماقچى بولغاندەك، يۈرەكلىرى بىر - بىرىگە تاقەتسىز تەلپۈندى ...

— نەبى! ... ئۇكام نەبى! ... — ماھىگۈل سومكىسىنى تاشلىۋېتىپ، يىغلىغانچە ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ باردى - دە، ئىنىسىنى قۇچاقلىۋالدى. نەبىنىڭ كۆزلىرىدىن ئىككى تامچە ياش يۇملاپ چۈشكەن بولسىمۇ ئاچىسىنى قۇچاقلىمىدى ياكى «ئاھ - ۋاھ» مۇ دەپ كەتمىدى.

— نەبى ئۇكام ... جېنىم قېرىندىشىم. نېمانچە ئۆزگىرىپ كەتتىڭ، بىزنىڭ پېشانىمىز نېمانچە شورلۇقتۇ؟ گەپ قىلغىنا، مەن سىنىڭ ئاۋازىڭنى ئاڭلاي.

ئاق كۆڭلىكىنىڭ ئالدى ئوچۇق تۇرغان نەبى، كەڭ كۆكرەكلىرىنى كېرىپ، بېشىنى تىك تۇتقان هالدا قېتىپ قالغاندەك تۇراتتى. كۆز قارىچۇقلىرىمۇ نەلەرگىدۇر تىكىلگەن بولۇپ، ماھىگۈلنىڭ بار - يوقلۇقىنى پەرق قىلمىغاندەك قىلاتتى.

— نەبى ئۇكام، ساڭا نېمە بولدى؟ مېنى تونۇمىدىڭما؟ مەن ئاچاڭ ماھىگۈل ئەمەسمۇ، ماڭا بىر قارىغىنا ...

— كۆرۈشۈش ئۆيىگە كىرەيلى، — نەبى كەتمىنىنى ئېلىپ يىراقتا تۇرغان سەيدۇللاغا باش لىڭشىتىپ قويدى، — ئۇ ساقچى سىنىڭ بىلەن بوستاندا بىللە ئوقۇغان

سەيدۇللا بولىدۇ.
— توختاپتۇر، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ قوياي.
ماھىگۈل سەيدۇللا بىلەن كۆرۈشۈپ تېزلا قايتىپ كەلگەندە، نەبى سومكىنى كۆرۈشۈش ئۆيىگە ئەكىرىپ قويغانىدى. ئاچا - ئۇكا ئۇستەلنىڭ ئىككى تەرىپىدە بىر - بىرىگە قارىشىپ ئولتۇردى. ماھىگۈل ئۈرۈمچىدىن ئېلىپ كەلگەن تاتلىق تۇرۇملەرنى ئۇستەلگە تۆكتى. ئۇ ئىككى قۇر كىيىمنى ئۇستەلگە قويۇپ، نەبىنىڭ بەستىگە قاراپ سۆلتىيىپلا قالدى. بۇنى سەزگەن نەبى كىيىمنى ئۇنىڭ ئالدىغا سۈرۈپ قويدى:
— بۇ كىيىملەرنى ئېلىپ كەت، بەربىر ماڭا خوپ كەلمەيدۇ، كىيىم - كېچەكمۇ يېتەرلىك.
— بۇ نېمە دېگىنىڭ؟ بىر تاشلىۋەتكەنچە يوقاپ كەتتى، دەپ مېنىڭدىن ئاغرىنىۋاتامسەن؟ — ماھىگۈل يەنە مىچچىدە يىغلىۋەتتى، — ئامالىم قانچە؟ كەچۈرگىن مېنى...
— خاتا چۈشىنىپ قالما، — نەبىنىڭ قورساق كۆپىكى خېلى باردەك قىلاتتى، — مەھبۇبە ئاچام ئىككى ھەپتىدە بىر يوقلاپ تۇرىدۇ، يېمەك - ئىچمەك كىيىم - كېچىكىم ئۆكسۈپ قالمىدى، كىر كىيىملىرىنىمۇ ئەكېتىپ يۇيۇپ، يامام ئەكېلىدۇ.
— نېمە، مەھبۇبە؟! — ماھىگۈل ھەيرانلىقتىن چەكچىيىپلا قالدى.
ماھىگۈلنى بىردىنلا غەزەپ ئىلكىگە ئالدى، كۆڭلىدىن: «شۇنچە رەزىللىكلەرنى قىلىپ بولۇپ، ئۇنىڭغا قانماي ئۇكامنى تۈرمىگە سولىتىپ، ئەمدىلىكتە نەبىنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇش ئۈچۈن قىلىۋاتقان ھىيلە - مىكىرلىرىنى قارا» دېگەن ئويلىنىپ قىلىپ ئۆتتى. يەنە بىر تەرەپتىن ھىماتسىز قالغان ساددا ئۇكىسىنىڭ ئاسانلا ئالدىنىپ كەتكەنلىكىدىن ئۆكۈندى.

— ھېكمەت ئاكامۇ كېلىپ تۇرۇۋاتاتتى، — دېدى نەبى ئۇستەلدىكى نەرسىلەرگە قاراپمۇ قويماي، — بىرگە زەربە بېرىپ، ئۇچكە قارشى تۇرۇشتا تۇتۇلغاندىن بېرى كېلەلمىدى ...

— نېمە، ئۇ رېجىم ئاستىدىكەن ـ دە؟

نەبى قارچىغىنىڭكىدەك ئۆتكۈر كۆزلىرىنى ماھىگۈلگە مىق-تەك قادىدى. ماھىگۈلنىڭ ھېكمەتنى «ئۇ» دېيىشى ئۇنىڭ يۈرىكىگە يىڭنە سانجىغاندەك بىلىنگەنىدى. نەبىنىڭ بۇنداق خەن-جەردەك تىكىلىپ قاراشلىرىغا بەرداشلىق بېرەلمىگەن ماھىگۈل ئاستا غودۇڭشىپ قويدى.

— ساڭا نېمە بولدى؟

— نېمە؟ «ئۇ» دەيسەنغۇ، «ئۇ» دېگەن كىمۇ؟ دەببىاققى-نا، «ئۇ» زادى كىم؟ — ئۇنىڭسىزمۇ ئېتىلالماي تۇرغان نەبى قاتتىق ۋارقىرىدى، — يوقال، ماۋۇ زەھەر ـ زۇقۇم، كېپەنلە-رىڭنى ئېلىپ كۆزۈمدىن يوقال! سەن ئۇرۇمچىگە بېرىپ ئو-قۇش ئوقۇماپسەن، كۆڭلۈڭنى، يۈرىكىڭنى، دىلىڭنى قاپقارا بوياپ كەپسەن، بۇ يەردىن كەت، سېنىڭدەك ئالىي زادە خېنىمنى كۆرەر كۆزۈم يوق!

ئاپئاق ئاقىرىپ كەتكەن ماھىگۈل تاش ھەيكەلدەك قېتىپ قالدى. نەبىنىڭ بۇنداق غەزەپكە كېلىپ تىللىشىنى، ئىتنى قوغلىغاندەك «يوقال» دېيىشىنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدى. ئۇ، بۇ پاجىئەنى مەھبۇبەنىڭ داۋاملىق يوقلاپ تۇرۇشىدىن كۆردى.

— توۋا، ساڭا نېمە بولدى؟ نېمانچە ئاچچىقلاي-سەن؟ — ماھىگۈلنىڭ پۈتۈن بەدىنى نەبىنىڭكىدىن بەكرەك تىترەۋاتاتتى، — ئۇقتۇم، بىلدىم، مەھبۇبە دېگەن بۇ-زۇق ساڭا ئېزىتقۇ سۆيىدى خېلىلا ئىچۈرگەن ئوخشايدۇ، شۇنى ئېسىڭدىن چىقارما، ئۇ سېنى تۈرمىگە سولاتقان قارا كۆڭۈل!

— قارا كۆڭۈللۈكنى قىلغان ئۆزۈڭ، — نەبىمۇ نەيىزد-
ەك تىكىلىپ تۇراتتى، — سېنى مۇشۇنداق زۇۋاندار، ئالىي
خېنىم قىلىپ قويغان ئادەمنى «ئاكام» دېيىشكىمۇ تىلىڭ بار-
ماي «ئۇ» دېسەڭ، ئۆزىنىڭ ساددىلىقىدىن بەزى خاتالىقلارنى
ئۆتكۈزگەن بىر ئايالنى ئاغزىڭغا كەلگەننى دەپ ھاقارەتلىسەڭ،
سېنى قانداقمۇ ئادەم دېگىلى بولسۇن! ھېلىقى پاسكىنا خېتىڭدە
نېمىلەرنى دەپ ئاغزىڭدىن پوق ئېقىتتىڭ؟ ھېكمەت ئاكامغا
تۆھمەت قىلىشقا قايسى ۋىجدانىڭ يول قويدى. ماڭا قارىغاندا
ئۇنىڭ ھىممەت - ساخاۋىتىنى سەن كۆپ كۆردۈڭغۇ؟ بوپتۇ،
باشقىسىنىمۇ دېمەيلى، ھېكمەت ئاكام ئوغرى - قىمارۋازلارنىڭ
قولىدىن جېنىنى تىكىپ قويۇپ، قۇتقۇزمىغان بولسا، سەن
بۈگۈنكى كۈندە بىر پارچە ئەسكى لاتىغا ئايلانغان بولاتتىڭ ...
— مەنغۇ ئاشۇرۇۋەتكەندىمەن، — دېدى ماھىگۈل ئوڭاي-
سىزلىنىپ، — لېكىن، بۇ يەنىلا سېنىڭ يازغان خېتىڭنىڭ
سەۋەبىدىن بولدىغۇ ...
— يەنىلا گەدىنىڭگە ئالماي ئۆزۈڭنى قاچۇرىسەنغۇ، توغ-
را، مەن بىر - ئىككى ئەبلەخنىڭ ھاراق سورۇنىدا
دېگەن ئۆسەك گەپلىرىگە ئىشىنىپ، مەھبۇبە ئاچامنى ئاتقىلى
كىردىم، — نەبى ئۈستەلگە ئۇردى، — ئۇ، مېنىڭ قىلغان
ھاقارەتلىرىمگە، قەبىھ تىللىرىمغا چىدىماي بىرنەچچە ئېغىز
گەپنى ئوشۇق قىلىۋەتتى. مەن مەستلىكتە ئۇنى يامانلاپ يازغى-
نىم ئېسىمدە. لېكىن، سەندەك ئالىي بىلىملىك خانىم، مەن-
دەك بىر چالا ساۋاتنىڭ قاغا پۇتى خەتلىرىگە، نەسىھەت قىلىپ
خەت يازامسەن ياكى بارلىق ئۈچ - ئاداۋىتىڭنى ھېكمەت
ئاكامدىن ئالامسەن؟!
نەبى قايناپ سۆزلىمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ سۆزلىرى ئورۇن-
لۇق بولغاچقا ماھىگۈل بېشىنى سالغاچ ئاڭلاۋاتاتتى، ئەلۋەتتە،
پۈتۈن بىر ئائىلىدىن تىكەندەك يالغۇز قالغان نەبى يېتىمسىرەي-

ـدۇ، تەنهالىقتا غېرىبسىنىدۇ، قېرىنداشلىرىنى ئويلاپ ـ ئويـ
ـلاپ كۆڭلى يېرىم بولىدۇ. ئانىسى، ئاچىسى گۈلزىبا، ئەزىمەتـ
ـنىڭ ئوت ـ پىراقلىرى، يامانىنىڭ ئوتى يامان دېگەندەك ئۆزى
ئېتىشۈەتكەن گۈلىرۇزنىڭ قېرىنداشلىق مېھرى، ئەلۋەتتە يۈرىكـ
ـدە ئۆچمەس داغلارنى قالدۇردى. كۆڭۈل باغلىرى چۆلدەرەپ
قالغان نەبى، ئاچىسى گۈلزىبا توغرۇلۇق كۆڭۈل يېرىم بولىدـ
ـغان گەپلەرنى ئاڭلىغاندا، مەھبۇبە ھەققىدىكى ئۆسەك سۆزلەرگە
ئىشىنىشى، مەستلىكتە ھەرخىل يامان خىياللاردا بولۇشى ئېـ
ـنىققۇ! گەرچە ماھىگۈل مەھبۇبەگە بولغان دۈشمەنلىك ئوغلىـ
ـرىنى ئىچىگە تىندۇرۇپ قويغان ھالەتتىمۇ، نەبىگە نەسىھەت
قىلىشى، توغرا يولنى كۆرسىتىپ بېرىشى كېرەك ئىدى. ئەمـ
ـما، ئەكسىچە ئۇ ئۆزىنىڭ بىردىنبىر شاپائەتچىسى بولغان
ھېكمەتنىمۇ قارا كۆڭۈلگە، ۋاپاسىزغا، مۇناپىققا چىقىرىۋەتـ
ـتى. نەبى ئۆرە يۈرگىنى بىلەن ئىچىدىن تۈگىشىپ كەتتى.
كىيىم ـ كېچەكسىز، ئاچ ـ توق قالسامۇ ھېكمەت ئاكامـ
ـنىڭ يۈزىنى كۆرمىسەم دېگەن يەرگىچە كەلدى.
راست ئەمەسمۇ، ماھىگۈلنىڭ ئاشۇ لەنىتى خېتى ئۇنى
غورۇر، ـ ۋىجدان، نومۇس بىناسىنىڭ ئۈستىدىن تاشلىۋەتكەن
بولسىمۇ، يەنىلا نەبىنىڭ يولىنى مېڭىپ چارىنى يېنىكلەشتۈرـ
ـدى. بىر تۇغقان قېرىنداشتەك تەنبىھ، نەسىھەتلىرىنى قىلىپ
تۇردى. ھەتتا مۇشۇ ئىش تۈپەيلى ئامراق قىزىمۇ كۆزىگە كۆرۈنـ
ـمەي مەھبۇبەنى ھەيدىۋەتتى. نەبى مەستلىكتە ئەنجان قورۇسىغا
بېسىپ كىرىپ شۇنچە زوتالىق قىلسىمۇ، ھېكمەت يەنىلا مەھبۇـ
ـبەنى ئەيىبلەپ: «دىۋانىلەر» دېگەن قانداق گەپ ئۇ، بىلىپ
قويۇڭكى گۈلزىبا، ماھىگۈل، نەبىلەر نامراتچىلىق ئىچىدە
يېتىلگەن ساپ گۆھەرلەر ... دەپ ئۇلارنى كۆكلەرگە كۆتۈردى.
ماھىگۈلنىڭ ياۋۇزلۇق يېغىپ تۇرغان خېتىدە شۇنچە ھاقارەتلەنـ
ـگەن مەھبۇبە يەنىلا: «مەن نەبىنى تىللاپ

خاتا قىلدىم، بولمىسا ماھىگۈل بۇنداق يازمايتتى» دەپ گۆ-
ناھنى زورمۇزوئۆز ئۈستىگە ئالدى ...
نەبىنىڭ يىرىك يۈزلىرىدىن يوغان - يوغان ياش تامچىلىرى
يۇمىلاپ چۈشتى، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئاشۇ بىر يىللار ئايان بولغاند-
دى. بارغانسېرى خىجالەتچىلىك ئىچىدە قېلىۋاتقان ماھىگۈل قول
ياغلىقىدا دەردمەن ئىنىسىنىڭ يۈزلىرىنى سۈرتۈپ تۇردى ...
— گۈلزىبا ئاچام تۇغۇلغاندىن كېيىن، گۈلرۇز كارخانىغا
ئۆتكىلىپ كەتتى، — دېدى نەبى چوڭقۇر بىر تىنىپ، —
ئائىلىمىزنىڭ تۇرمۇش مەنبەئى ئۈزۈلدى. لېكىن، ھېكمەت
ئاكام مائاشىدىن ئۆزىگە چۈشلۈق تاماق پۇلىنى ئېلىپ قېلىپ
قالغىنىنى ئانامغا بېرەتتى. بىر ئىش زادىلا ئېسىمدىن چىقماي-
دۇ، زېمىستان قىش ئىدى، — نەبى پېشانىسىنى قامالاپ
ئۈنسىز يىغلىۋەتتى، — ھېكمەت ئاكام ئىككى كاللا، سەككىز
پاچاق، مايلىق ئۆچەي، قېرىن - ئۆپكىلەر سېلىنغان ئېغىر
تاغارنى دۈمبىسىگە چىگىپ قوشكۆلدىن يۈگۈرۈپ يېرىم كېچىدە
ئۆيىمىزگە كەلدى. ئۇنىڭ باشلىرىدىن ھور كۆتۈرۈلۈپ، تەر-
لەپ كەتكەن بولسىمۇ قاش - كىرپىكلىرى، ساقاللىرى ئاپئاق
قىرو باغلاپ كەتكەنىدى.
ماھىگۈل مىچىلداپ يىغلىۋەتتى.
— شۇ چاغدا ھېكمەتكام دېگەن مۇنۇ سۆزلەر تۈنۈگۈنكى-
دەكلا ئېسىمدە: «سىلەرگە بىرنەچچە كۈنلۈك مايلىق تاماق
بولىدۇ، نەبى سەنمۇ ئانامنىڭ دورىلىرىنى ئۈزۈپ قويما، ئانا
سىلىمۇ پۇلنى ئاۋايلاپ ئولتۇرمىسىلا، ۋاقتىدا شورپا
ئىچىپ بەرسىلە» دېگەنىدى. ھېكمەتكام كېتىدىغان چاغدا ئەزد-
مەت كۆڭلى تۇيغانمۇ ئۆپكىدەپ يىغلاپ ئۇنىڭ بوينىنى قۇچاقلاپ
زادىلا قويۇپ بەرمىدى ... بۇ ئۇنىڭ ئوغلىنى ئاخىرقى قېتىم
باغرىغا بېسىشى بولۇپ قېلىشىنى كىم ئويلىغان؟!
ئاچا - ئىنى ئۈن - تىنسىز ياش تۆكۈپ بىردەم جىمىپ

قىلىشتى، ماھىگۇل خۇددى مېھمانغا بېرىپ، ئورنىغا سىيىپ قويغان بالىدەك كۆزلىرىنى ئېلىپ قېچىپ نە-بىگە قارىيالمىدى.
— كەچۈرگىن ئوكام، - دېدى ماھىگۇل يەرگە قاراپ، — مەن مەھبۇبەگە بولغان ئۆچمەنلىكىمدىن ھېكمەت ئاكامنى قارىلاپ نېمە يېزىپ - نېمە قويغىنىمنى بىلمەيمەن. ئۇ چاغلاردا زېھنىم پەرىشان بولغاچقاھوش-كاللام جايىدا ئە-مەس ئىدى.
— گۈلزىبا ئاچام تۇگەپ ئەزىمەت يوقاپ كەتكەندىن كې-يىن، ھېكمەت ئاكام بەكمۇ چۈشكۈنلىشىپ كەتتى. ئۇ، ئاچام-نىڭ قەبرە بېشىدىن كەلمەيدىغان، توي - تۆكۈنلەرگە قاتناشماي-دىغان، ئولتۇرۇشلاردا دوستلىرىنى تاشلاپ چىقىپ كېتىدىغان بولۇۋالدى، — نەبى «ئۇھ» دەپ چوڭقۇر تىندى، — شۇڭا دوستلىرى «ئوغلىنىڭ ئوتى بولسىمۇ پەسىيەر، كۆڭلىدىكى جا-راھەتلەرگە مەلھەم بولار» دېگەن نىيەتتە مەھبۇبە ئاچامنى زورلاپ چېتىپ قويدى. ئۇلارنىڭمۇ ياخشى كۆڭلى... سەن بىر گۇناھسىز ئايالغا نېمانچە ئۆچلۈك قىلىدىغانسەن؟
— سەن ئۇنى گۇناھسىز دەيسەنغۇ، — ماھىگۇلنىڭ قاپاق-لىرى تۈرۈلدى، — سېنى تۇرمىگە كىرگۈزۈۋەتكىنى كىچىك ئىشمۇ؟
— بۇ ئۇنىڭ سەۋەنلىكى ئەمەس. ئۇ بىر دوستىنى يېقىن كۆرۈپ گۈلرۇزنىڭ ئۆلگەنلىكىنى دەپ بەرگەن، دوستى بولسا سىرتقا يېيىۋەتكەن. مېنىڭ بۇ يەرگە كىرىشىم گۈلرۇزنى ئات-قانلىقىمدىن بولمىدى، ئۇنى سوتتا يوللۇق قوغدىنىش، دەپ ھۆكۈم قىلىشتى.
— ئەمىسە بۇ يەرگە قانداق كىرىپ قالدىڭ؟ — ماھىگۇل-نىڭ كۆزلىرى چەكچەيدى.
ئۆكىسى نەبىنىڭ بوستاندىن ئاتلىق قاچقاندا بىر ئادەمنى

ئېتىۋەتكەنلىكىنى ئاڭلىغان ماھىگۈلنىڭ ئۈنى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. ئۇ، تۈنۈگۈن مەھبۇبەگە قىلغان يولسىزلىقلىرىدىن ئۇيۇلۇپ ئۆكۈنگەن بولسىمۇ، لېكىن ھېكمەتنى قوغلىشىپ قىلغان ھەرىكەتلىرى، لوپىتكى «قېلىنلىق» لىرى، گۈلزىباغا نىسبەتەن زىيانكەشلىكلىرى ئېسىگە كېلىش بىلەن گەجگىسىدىن قۇرۇدى.

— ئىش قىلىپ ئۇ خوتۇن ياخشى نېمە ئەمەس، ھە راست، ھېكمەت ئۇنى قوغلىۋەتتى دېدىڭما؟

— شۇنداق، تۆت ئاي بولدى، قىزى بىلەن تۇرۇۋاتىدۇ، — نەبى كۆن قىزىللىقى يوقاۋاتقان دېرىزىگە قاراپ قويدى، — مەھبۇبە ئاچامنى ئەيىبلەۋەرمە، ئۇنىڭ يازغان خېتىنى ئوقۇساڭ، قانداق كۆڭۈل ئىگىسى ئىكەنلىكىنى چۈشىنىسەن...

نەبى ئىشتىنىنىڭ ئارقا يانچۇقىدىن چەت-چۆرىسى تىتىلىپ قىرقىلغان قېلىن خەتنى ماھىگۈلگە بەردى-دە، ئورنىدىن تۇرۇپ دېرىزە تۈۋىگە كەلدى. سىرتتا كۈن ئولتۇرۇپ كەتكەن بولۇپ، يىراقتىكى قوناقلىقلار، بۇغدىيى ئورۇۋېلىنغان ئېتىزلىقلار، سۇس كۆكۈم پەردىسى ئاستىدا گىرىمسەن كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئىشتىن چۈشكەن مەھبۇسلار بىر قاتاردىن تىزىلىپ قاراۋۇللارنىڭ نازارىتى ئاستىدا ئىلگىرى-كېيىن قايتىشماقتا ئىدى.

— ھەي، دادامنى كۆرگۈڭ يوقمۇ؟ — نەبىنىڭ بۇ سۆزىدىن چۆچۈپ كەتكەن ماھىگۈل ئالمان-تالمان خەتنى سومكىغا سالدى-دە، يۈگۈرۈپ كەلدى، — قارا، ئاشۇ كېلىۋاتقانلارنىڭ ئالدىدىن ئۈچىنچى ئادەم شۇ...

— مەن چىقىپ كۆرۈشمەن، — دېدى ھاياجانلانغان ماھىگۈل، — يۈرە، بىللە چىقايلى.

— ياق، ئۇ مېنى تونۇمايدۇ. چىقساڭ ئۆزۈڭ چىق، لېكىن، سېنى يوقلاپ كەلدىم دېگىن، مېنىڭ

ئىسمىمنى چىقارما.

— نېمىشقا ئەمدى؟

— نېمىشقا ئىكەنلىكىنى سورىما، ماۋۇ يېمەكلىكلەرنى، كىيىمنى ئېلىۋال.

— كىيىمنى؟

— شۇنداق، ئۇ تۇرمىدىكىلەرگە سېتىپ خەجلەيدۇ، — نەبى تاتلىق-تۇرۇملەرنى يۆگەۋاتقان ماھىگۈلگە قاراپ بېشىنى چايقىدى، — ئاۋۋال يالاپ ئېلىپ كېلىۋاتقان ساقچىلاردىن رۇخسەت ئېلىپ كۆرۈشكىن، كۆرۈشۈپ بولۇپلا «ھازىرلا قايتىمەن» دېگىن.

ماھىگۈل چىقىپ كېتىش بىلەن نەبى ئاچچىققىنا كۈلدى-دە، «ھەي، قىز بالا دېگەننىڭ كۆڭلى» دەپ قويدى. ئۇ ئاچىسىنىڭ ئۆزىنى قىمارۋازلارغا قەرزگە تۇتۇپ بەرگەن ئاتا بىلەن قانداق كۆرۈشىدىغانلىقىنى كۆرۈش ئىستىكىدە دېرىزىدىن قاراپ تۇردى. بىر ساقچى باش لىڭشىتىپ قايتىنى ئېلىپ قالدى، قالغانلار ئۈچ ساقچىنىڭ نازارىتى ئاستىدا مەيدانغا كىرىپ كەتتى. ماھىگۈل دادىسىنى قۇچاقلاش ئۈچۈن بولسا كېرەك، ئالدىغا يۈگۈرۈپ بارديۇ، يەنە نېمە ئۈچۈندۇر توختاپ قالدى ۋە بىر نېمىلەر دېگەندىن كېيىن، قايىت يەرگە تىزلانغىنىچە ماھىگۈلنى قۇچاقلاۋالدى. ئۇ، بىرنەرسە تىلەۋاتقاندەك قاپقارا مەينەت قوللىرىنى تەڭ كۆتۈرۈپ، توختىماي سىلكىسە، يىرتىق يەڭلىرى قولتۇقىغا يىغىلىپ قالاتتى. تۇرۇپلا تۆت پۇتلاپ بېشىنى چايقىغىنىچە نېمىلەرنىدۇر دەپ ۋارقىرىغاندا، يەڭلىرى يەنە لەپپىدە چۈشۈپ تۈكلۈك بىلەكلىرىنى يېپىۋالاتتى. بۇ ئىش بىرقانچە قېتىم تەكرارلانغاندىن كېيىن، ماھىگۈل ئارانلا كەينىگە داجىپ قولىدىكى نەرسىلەرنى ئۇنىڭغا تۇتقۇزدى ۋە قولىنىڭ ئارقىسىدا كۆزلىرىنى سۈرتتى، ئاندىن ساقچىنىڭ نازارىتى ئاستىدا ئېگىشكىنىچە ئارقىغا قاراپ-قاراپ كېتىۋاتقان دادىسىغا

ئىچى ئاغرىدى بولغاي يىغلاۋەتتى.

مەيداندا قايتىنىڭ قارىسى يوقالغاندىن كېيىنلا نەبى كەتمە-
نىنى كۆتۈرۈپ چىقتى. ئۇنىڭ كىرىپ كېتىدىغان ۋاقتى بولۇپ
قالغانىدى. بۇ ئەسنادا سەيدۇللا ماھىگۇل بىلەن قايتا كۆرۈشۈپ
تۇراتتى. نەبى يېتىپ كەلدى. سەيدۇللا ماھىگۇلنى دېھقان تونۇ-
شىنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ قويىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، نەبىنى قور-
غان ئىچىگە ئېلىپ كىرىپ كەتتى.

قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتكەنىدى. سەيدۇللا ماھىگۇلنى باشلاپ
دېھقانىنىڭ دەرۋازىسىدىن كىرگەندە، كۈندۈزى ئاپتاپقا سالغان
بۇغداي ھويلىنى بىر ئېلىپ يېيىلىپ تۇراتتى. كۈرەك ساقىلى
ئاقىرىشقا باشلىغان دېھقان، ماھىگۇلنى تونۇشتۇرۇپ قويۇپ
قايتماقچى بولغان سەيدۇللاغا:

— خاتىرجەم بولسىلا بەنجاڭ، خانىمغا بورىنى
سۇغا چىلاپ يېپىپ قويىتىمىز ئەينا ... — دەپ چاقچاق قى-
لىپ كۈلۈۋىدى، ئاغزى خۇددى قۇشقاچىنىڭ كامىرىدەك ئوچۇق
قالدى. ئايال ساھىبخان، بۇ ئېسىلزادە خېنىمنى كۆرگەندىن
كېيىن، بىساتىدىكى ئاۋايلاپ ئېلىپ قويغان پاكىز چىت يوتقان،
دەمبىزە كۆرپىلىرىنى ئېلىپ چىقىپ چاققانغىنا مېھمانخانىنىڭ
سۆكىسىگە ئورۇن سالدى. ئاندىن ئىسلاپ قويىمىسۇن دەپ ئويلى-
دىمۇ، شام ياندۇرۇپ چىنە كۆتىگە بېكىتكەندىن كېيىن، قارا
چىراغنى ئۆچۈرۈۋەتتى. ماھىگۇلنىڭ تۇرقىدىن ئەيمىنىپ تۇر-
غان بۇ ساددا ئايال خۇددۇكسىنگەندەك گەپلەرنى قىلىشقا باشلى-
دى:

— خېنىم خىرامان ياتسىلا، بۇ ئورۇنلاردا ئۆمۈلەيتىقان،
يوغىلايتىقان جان - جانىۋالا ھۆددەس يوق، بۇلارنى ئۆزلىرىدەك
ئەزىز مېھمانلارغا ساقلاپ قويغان. بۇنىڭدىن ئۈچ - تۆت
ئاي ئىلگىرى سەيدۇللا بەنجاڭنىڭ مۇئەللىمى ياتقانچە يېنى يەر-
كۆرمىگەن يوتقانلار بۇ، ئۇ مۇئەللىممۇ ئوغلاقنىڭ پاچىقىدەك

گىدى چاچ، ئۆزى خۇاينى ئۇرۇكتەك پاكىز يېتىمكەن ...

ئايال چىقىپ كەتتى. ماھىگۇل يوتقان - كۆرپىلەرگە تىكىلىپ قالغىنىنى ئۆزىمۇ سەزمىگەنىدى. چۈنكى، ئۇنىڭ كۆڭلىدىن «ھېكمەت يېپىنغان» دېگەن ئوي كېچىش بىلەن نازۇك تېنىنى بىر ئىللىق ئېقىم چىمىرمىلىتىپ ئۆتتى - دە، ئاستا ئېڭىشىپ يوتقاننىڭ ئاپئاق ياقا ئەستەلىرىنى ھىدلىدى.

تاڭ سەھەردىن تارتىپ سەپەر ئازابىنى تارتقان ماھىگۇل چارچاپ قالغانىدى. ئۇ يوتقانغا ئەيمىنىپكىنە يانپاشلىدى. مانا شۇ چاغدىلا مەھبۇبەنىڭ خېتى ئېسىدىن كەچتى. ئۇ شامنى پەرلەپ ئالدىغا سۈرگەندىن كېيىن، پوپكىدىن خەتنى ئېلىپ يوتقان ئۈستىگە يايدى. ماھىگۇلنىڭ كۆشەندىسى خېتىنى مۇنداق باشلىغانىدى:

جاپاكەش ئۇكام نەبى!

«مەن خېتىمنى سەن ئۇچۇن ئەمەس، ئۆزۈم ئۇچۇن يېزىۋاتىمەن. سەن پۈتكىن - پۈتمىگىن بۇ گېپىم راست، نېمە ئۇچۇن دەپ سورىمامسەن؟ مەن ساددىلىقىمدىن، گۆدەكلىكىمدىن، شەخسىيەتچىلىكىمدىن ئۆتكۈزگەن خاتالىقلىرىم، گۇناھلىرىم، رەزىللىكلىرىمنى ئەخلاق تارازىسىغا سېلىپ دەڭسەپ كۆرمەكچىمەن. مەن زادى مۇشۇ ئازغىنە ھاياتىمدا ئاددەمدەك ياشىدىممۇ يوق، دېگەن سوئالغا جاۋاب تاپماقچىمەن. مەن بۇ خەتنى ساڭا يېزىشتا كۆپ ئويلاندىم، ئەخلاق مىزانلىرىدىن چەتلەپ كەتتىممۇ قانداق؟ دەپ ئۆز ئۆزۈمدىن سورىدىم. ئەمما، يۈرىكىم ماڭا: «نەبىمۇ چوڭ بولدى، ئاق - قارىنى پەرق ئەتكۈچىلىكى بار» دەپ مەدەت بەردى. ئۇنىڭ ئۈستىگە يۈرەك باغرىمنى ئۆرتەپ كېلىۋاتقان بىر - بىرىگە زىددىيەتلىك، قارىمۇقارشى بولغان سەرگۈرەشتىلەرنى ئەينەن قويۇۋالمىسام، ھېكمەت، ماھىگۇل ھەم سېنىڭ ئالدىڭدا ئەبەدىلئەبەت قارا قاغا بولۇپ قالغۇدەكمەن، شۇڭا، ھايا - نومۇسنى بىر چەتكە قايرىپ

قىلىنلىق قىلىشىغا توغرا كەلدى.

مەن ئون ئالتە يېشىمدا ھېكمەتكە ئاشىق بولغىنىم راست، بۇنى مەن شاللاقلىق دېيەلمەيمەن، دەسلەپتە كۆرمىسەم ئۇنتۇپ كېتەرمەن دەپ ئويلىدىم، نەدىكىنى، ئۇ ھەرقاچان خىيالىمدىن چىقمايدۇ، تەنھا قالغانلىرىمدا سېغىنىمەن، ئويلايمەن، ناھايىتى كۆپ ئويلايمەن! مەن ئۇنى ساراڭلارچە ياخشى كۆرۈپ قالغانىدىم. ھېكمەت ھەرشەنبە بوستاندىن كېلىپ بولغۇچە مەكتەپتىن قېچىپ بولسىمۇ گۈلباغدا ساقلايتتىم، ئۇنىڭ قارىسى كۆرۈنگەن ھامان ئارقىسىدىن ئەگىشىپ ياكى ئالدىغا ئۆتۈپ قايرىلىپ قاراپ ماڭاتتىم، ئۇ گۈلزىبا ئاچامنىڭ قورۇسىغا كىرىپ كەتكەندىن كېيىنلا، خۇددى قوزىسىنى يوقاتقان كېيىكتەك بويۇن قىسىپ قالاتتىم ... مېنىڭ تۇتقۇدەك ساپىقىم، ئېسىلغۇدەك ئېلىنچۇكىم بولمىسىمۇ، قەلبىمدە نېمە ئۈچۈندۇر ئاجىز ئۈمىد يىپى ئۆمۈچۈك تورىدەك ئېسىلىپ تۇراتتى. مەن سېغىنىش پىراقلىرىمغا توي - تۆكۈن، مەرىكىلەردىن داۋا تاپاتتىم، چاقىرسىمۇ، چاقىرمىسىمۇ باراتتىم. ئېيتىڭلا نەبى خۇدا كۆڭۈلگە سالغان ئىشق - سەۋدانى كىممۇ ئەيىبلىيەلىسۇن؟! لېكىن، مەن قۇرئان تۇتۇپ قەسەم قىلالايمەنكى، ھېكمەتنى غايىۋانە ياخشى كۆردۈم، گۈلزىبا ئاچام ھەققىدە پىتنە - پاسات تارقاتمىدىم، پەقەت گۇناھ ھېسابلانسا، ھەسەت قىلغىنىم راست! ، كېيىن گۈلرۇزنىڭ سۇيىقەستلىك ئېرىقىغا سۇ ياقىلىغىنىمغا ئۆزۈم ئىقرار (مەن بۇ توغرۇلۇق ئۆز ۋاقتىدا ھېكمەتكە دېگەنىدىم) . مەن يەنە بىر رەزىللىكنى دادىللىق بىلەن ساڭا دەپ بېرەي: ئەگەر گۈلرۇزنىڭ سۇيىقەستى ئىشقا ئاشسا، ھېكمەت گۈلرۇزنى ئالمايتتى، بۇ يەردە ئەڭ خەتەرلىك رەقىپ ماھىگۈل ئىدى، ئۇ ماڭا رەقىپ بولغىنى بىلەن مەن ئۇنىڭغا كۈشەندە بولالمايتتىم، چۈنكى ئۇ ھەممە تەرەپتىن مەندىن ئۈستۈن تۇراتتى. گۈلزىبا ئاچام تۈگىگەندىن كېيىنمۇ بۇ رەھىمسىز

رېئاللىق مېنى داۋاملىق ئازابلاپ تۇردى. قىش ـ زېمىستانلاردا
تاماق ئېتىپ قوشكۆلگە يوقلاپ چىقسام، ئۇ قوپاللىق بىلەن:
«سىز كىم بولىسىز؟ مەن سىزنى تونۇمايدىكەنمەن» دەپ گەمد-
گىمۇ باشلىمىدى. ئەگەر مۇرات ئاچچىقلىمىغان بولسا ئۇ مېنى
ئاشۇ ئايدالادىنلا يولغا سېلىپ قويغان بولاتتى. ھېكمەت سامبۇ-
سىدىن (كۆڭلۈم ئۇچۇن) بىرنى يەپ بولۇپ: «بۇنىڭدىن كې-
يىن كەلگۈچى بولماڭ، بۇ يەردە تۈزۈمىمىز قاتتىق»
دەپ ھەيدىۋەتتى. قوشكۆلدىكىلەر شەھەرگە قايتىپ كەلگەندىن
كېيىن، مەن خېلى يېقىنلىشىپ، ئۇرۇنۇپ باققان بولسامۇ
ئۇ، كۆز قىرىنىمۇ سالمىدى. نەبى ئۇكام، مەن مۇھەببىتىم
يولىدا ھارماي ـ تالماي ئات سالغىنىم راست، بىز لوپتا
ئىنقىلاب قىلغان ۋاقتىمىزدا، مەن ئۇنىڭدا ئەخلاقىي جەھەتتىن
ياخشى تەسىراتلارنى قالدۇرۇپ، ئارىمىزدىكى توڭ خېلى ئېرى-
گەندەك بولدى. بىراق، ماھىگۈلدىن ئەنسىرەپ تۇراتتىم، بۇ
توغرۇلۇق ئېنىق جاۋابقا ئېرىشەلىسەملا نېمە قىلىشىم ماڭا ئايان
بولاتتى. شۇڭا، بىر كۈنى مەن ئۇنىڭ ئۆيلىنىشى ھەققىدە گەپ
ئېچىپ: «دوستلىرىڭىز بىرەر قىزنى كۆرسەتكەنمىدى؟» دەپ
سورىدىم. ئۇ: «ماھىگۈلنى سايە قىلىشقانىدى ئۇغۇ پەزى-
لەتلىك قىز...ئۆزۈمىمۇ...لېكىن...» دەپ توختاپ قالدى. مەن
ئاسماقچىلاپ: «ئۇ سىزنى ياخشى كۆرمەمدۇ؟» دېدىم. ھېك-
مەت: «بۇنىڭ ئەكسىچە! ... ئەمما ماھىگۈل بىر تۇغقان سىڭلىم-
دەك بولۇپ قاپتىكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوقۇغۇچىم تۇرسا ...»
دېدى. مەن ئۇ جاۋابنى ئاڭلاپ ۋارقىرىۋەتكىلى، ئۇنىڭ بوينىغا
ئېسىلغىنى تاسلا قالدىم. چۈنكى، ھېكمەتنىڭ ئىنسانىي پەزىلە-
تى، ياخشى كۆرۈشنى تەرك ئېتىپ، «سىڭلىسى»، «ئوقۇغۇ-
چىسى»غا ئۆيلىنىشكە ئىجازەت بەرمەيدىكەن ...

ئۇكام نەبى، مەن قېلىنلىق قىلىپ يۈرەككە تالىق سىرلار-
نى ئاشكارىلىۋەتكەنلىكىمدىن ئەجەبمۇ نومۇس قىلىۋاتىمەن، ئا-

مالىم قانچە، مېنىڭ مەڭگۈ مايلىق قاپاق بولۇپ قالغۇم يوق!
شۇنىمۇ ئىقرار قىلىشىم كېرەككى، مەن ھېكمەتنىڭ ماڭا
ئىگىلىمەيدىغانلىقىغا كۆزۈم يەتكەندىن كېيىنلا، دوستلىرىنى
ئىزدىدىم. كامىل، مۇرات، زۇمرەت، نەفىسەلەر ئۇنى قىستى-
دى. ئەزەلدىن دوستلىرىنىڭ لەۋزىنى يىرمىغان ھېكمەت ئاخى-
رى ئۆزىنى قۇربان قىلدى. ئەرلەر ئۇزاپ ماڭغان چاغدا، ھېك-
مەت بىلەن مۇراتنىڭ كۆزلىرى يىغىدىن قىزىپ كەتكەنىدى!
مەن شۇ چاغدىلا ھېكمەتنىڭ مېنى ياخشى كۆرمەيدىغانلىقىنى
ھېس قىلغان بولسامۇ، تېگىۋالساملا بولدى، كېيىنكى تۇرمۇش
ئۆزلۈكىدىن ياخشىلىنىپ كېتىدۇ، دەپ خام ئويلىغانىكەنمەن...
بولۇپ ئۆتكەن بىر ئىش يادىمغا كەلسىلا ھەم كۈلگۈم كېلىدۇ
ھەم يىغلىغۇم كېلىدۇ. بىر كېچىدە ھېكمەت «گۈلزىبا...زىبا...»
دېگىنىچە جۆيلۈپ تۇرۇپ كەتتى. شۇ كۈندىن باشلاپ ئۇمۇ،
مەنمۇ جىمىپ قېلىشتۇق، ئۆي ئىچىدە ئۇشۇق - تۆشۈك سۆز
بولۇنمايتتى. بىر كۈنى ئۇنىڭ كەيپىياتىنىڭ ياخشى ۋاقتىدىن
پايدىلىنىپ سوراپ تۇرۇۋالدىم. ھېكمەت مېنى ياخشى كۆرمى-
گىنى بىلەن كۆڭلۈمنى ئايايتتى. ئۇ ئۇزۇن ئولتۇرۇپ كېتىپ:
«ماگىزىنغا كىرىپ، ئاۋۇ چۆگۈن نەچچە پۇل دېسەم، مۇنچە
پۇل» دېدى. «ئالە پۇلۇڭنى، ئەكە چۆگۈننى» دەپ ئېلىپ
چىقىۋاتسام، قاياقتىندۇر پەيدا بولۇپ قالغان گۈلزىبا: «چۆ-
گۈننى نېمىشقا ئالدىڭىز؟» دەپ ئۇرۇشۇپ كەتتى. ئۇنىڭغا
قانچە قىلىپمۇ چۈشەندۈرەلمىدىم، ئۇ ئارقىغا ئۆرۈلۈپلا كېتىپ
قالدى قانچە ۋارقىرىسامۇ توختىمىدى ...» دەپ سۆزلەپ بەر-
دى. مەن ئۆزۈمچە تەبىر بېرىپ: «گۈلزىبا ئاچام ئۇ دۇنيادىمۇ
سىزنى ئويلايدىكەن، ئۇشۇق نەرسىگە پۇلنى بۇزماڭ دېگەن بېشا-
رەتنى بەرگەن چېغى» دەپ قويدۇم. بىراق، بۇ چۈشىنىڭ مەن-
سىنى بەكمۇ كېچىكىپ چۈشەندىم، ئەسلىدە ئۇنىڭ سېتىۋالغان
چۆگىنى مەن ئىكەنمەن، راست ئەمەسمۇ، نە نەپرىتى، نە مۇھەببىتى

بولمىغان بىر قىزغا تەقدىرىنى باغلاش خۇددى: «ئالە پۇلۇڭنى، ئەكە چۈگۈننى» دېگەندەكلا گەپقۇ»

پۈكۈلۈپ ئولتۇرغان ماھىگۈل بەللىرىنىڭ ئاغرىپ كەتكەن-لىكىنىمۇ سەزمىگەنىدى. چۈنكى ئۇ، بەخت ئۈچۈن كۈرەش قىلىپ بەختسىزلىككە دوچار بولغان بىر قىزنىڭ خۇددى ئېچىنى-لىق تۇرغان خاتىرىدەك يۈرىكىنى كۆرۈپ ئولتۇراتتى. ماھىگۈل چېچەكلەپ كەتكەن شامىنىڭ پىلىكىنى پەرلەپ، بىلىنى رۇسلى-دى ـ دە، خەتنىڭ داۋامىنى دۈم يېتىپ ئوقۇشقا باشلىدى:

«جىنىم ئۇكام نەبى، خېتىم بەكمۇ ئۇزىراپ كەتتى، ئۆ-زۈمنىڭمۇ ئەزەلدىن زېھنىم گال بولغاچقا پىكىرلىرىمنى يىغال-مايۋاتقان بولسام كېرەك. مەن مۇھەببىتىم يولىدا رىيازەتمۇ چەكتىم، گۇناھقىمۇ پاتتىم ... لېكىن ئېرىشكىنىم بەختسىز-لىك! ئەزىمەت ئىشىدا ئۆزۈمنى بىر ئۆمۈر كەچۈرەلمەيمەن. شۇ چاغدا مېنى شەيتان ئازدۇرمىغان بولسا، ھېكمەتنىڭ قەلبىدە زەررىچە بولسىمۇ ئىسسىق ئورنۇمنى تاپقان بولاتتىم، ئەڭ بول-مىسا ئۇنىڭ يۈرىكىدە تۈگۈلۈپ كەتكەن مۇزلارنىڭ بىرەر پارچىسى ئېرىگەن بولارىدى. سەنمۇ ئىككى يىل يۇرت كىزىپ كىشىلەر بوسۇغىلىرىدا بوينۇڭنى قىسىپ، تىلەمچىلىك كوچىلىرىدا تى-نەپ ـ تەمتىرەپ، ياشلىق ھاياتىڭنى نابۇت قىلمىغان بولارىدى-ڭ بۇ (توغرۇلۇق سەن ئۇرۇمچىدىن كەلگەندىلا كەچۈرۈم سورىغانىدىم) . مەن دېۋەڭنىڭ ئۆمرى خاتالىق ئۆتكۈزۈش، توۋا قىلىش بىلەن ئۆتىدىغان ئوخشايدۇ. بەزى چاغلاردا «تىلىم يوق گاچا توغۇلۇپ قالغان بولسامچۇ» دەپ ئويلاپ كېتىمەن، مانا بىر ئېغىز سۆزۈم بىلەن سەن تۇرمىدىكى مەھكۇمغا ئايلاندىڭ. كۆڭلۈڭنىڭ ياخشىلىقىدىن تېخى ماڭا: «ئاچا، تولا يىغلاپ ئۆزىڭىزنى ئەيىبلەۋەرمەڭ، مېنىڭ بۇ يەرگە كىرىپ قىلىشىمى-غا، گۈلرۇزنىڭ ئۆلۈمى سەۋەب بولمىدى» دەپ تەسەللى بەردىڭ ... ساڭا رەھمەت، مىڭ مىراتەم رەھمەت! ئالماستەك پاكىز

كۆڭلۈڭگە رەھمەت! خۇدايىم پاك بەندىلىرىنى ئاپىرىدە قىلىش-
تىن بۇرۇنلا ياخشىلىق، ساخاۋەت نۇرلىرىنى زوۋۇلىسىغا قېتىد-
ۋېتىدىغان ئوخشايدۇ. گەرچە سەن كۆڭلۈمنى ئاۋۇتقان بولساڭ-
مۇ، ئەمما مېنىڭ يۈرىكىمنى پۇشايماندىن ئىبارەت بىرمەرەز
چاڭگاللىرىغا ئېلىۋالدى، ھەر مىنۇت، ھەر دەقىقە نەشتەرلىرى-
نى سانجىغىنى سانجىغان ...

ئەقىللىق ئۇكام نەبى! بىز ئاياللارنىڭ قورسىقىغا بالا پات
قان بىلەن بىر ئېغىز گەپ پاتمايدىكەن، بىر گەپ بىلەن سەمرىپ،
بىر گەپ بىلەن ئورۇقلاپ كېتىدىكەنمىز، غەيۋەت - شىكا-
يەت قىلىشمىساق يېگەن نېنىمىز تېنىمىزگە سىڭمەيدىكەن، رى-
ۋايەتتە شۇنداق دېيىلىدىكەن: ھاۋا ئانىمىز بۇغداي دېگەن مېۋى-
نى يەيمىز، دەپ تۇرۇۋاپتۇ، ھاۋا ئاتىمىز: بۇنى پەرىشتىلەر
يەپ سالماڭلار دېگەن دېسە، ھاۋا ئانىمىز ھەركۈنى ۋېتىلداپ،
كوتۇلداپ ھاۋا ئاتىمىزنى جاق تويغۇزۇپتۇ. ئاخىرى ئۇلار بۇغ-
دايدىن بىر تىلىم[1] يېگەنىكەن، چوڭ - كىچىك تەرەت قىستاپ
جەننەتنى بۇلغاپتۇ، ئاخىرى پەرىشتىلەر ئۇلارنى جەننەتتىن
قوغلاپ چىقىرىپ، بىرىنى مەغرىبكە، بىرىنى مەشرىققە تاشلاپ-
تۇ. شۇنداق قىلىپ ھاۋا ئانىمىزنىڭ ۋىت - ۋىتلىكى-
دىن ئۇلار قىرىق يىل ئايرىلىپ كېتىپتۇ. بىز ئاياللارغا بۇ
ئۇدۇم پۇشتىمىزدىن قالغان چېغى، سېنىڭ تۇرمىگە كىرىپ
قېلىشىڭغا مېنىڭ مۇشۇ مەرەز تىلىم سەۋەبچى ... يامان نىيەتتە
دېمىگەن بولسامۇ بەربىر نەتىجىسى يامان ئاقىۋەت كەلتۈردى.
بەزى چاغلاردا ۋىجدان ئازابىدىن ئۆلۈۋالغۇم كېلىدۇ. لېكىن،
ھېكمەت، ئانا - بالا ئىككىمىزنى قوغلاۋەتكەن تۇرسا، قىزىم

---

① رىۋايەتتە، بۇغداي ئەسلى جەننەتنىڭ نېمىتى بولۇپ، ناھايىتى چوڭ بولىدى-
كەن، ھاۋا ئاتىمىز بىلەن ھاۋا ئانىمىز بىر تىلىم يەپ قويغانلىقى ئۈچۈن بۇغداينىڭ
ئوتتورى ئويمان بولۇپ قالغانمىش.

قانداق قىلار، دەپ ۋايىم يەيمەن ...

قىسقىسى، ئۇكام نەبى، مەن قارىغۇ مۇھەببەتنىڭ ئار-قىسىغا كىرىپ، نۇرغۇنلىغان سەۋەن - خاتالىقلارنى ئۆتكۈزدۈم. سەن ئانا - بالا ئىككىمىزنى ئېتىۋېتىش ئۈچۈن كىرگەندىمۇ، دېيىشكە تېگىشلىك بولمىغان، غورۇرىڭنى دەپ-سەندە قىلىدىغان گەپلەر بىلەن ھاقارەتلىدىم. ھېكمەتنىڭ: «سىز ئۆزىڭىزنىڭ باينىڭ قىزى ئىكەنلىكىڭىزنى پەش قىلماق-چىمۇ؟ بىلەمسىز، گۈلزىبا، ماھىگۇل، نەبىلەر نامراتچىلىق ئىچىدە يېتىلگەن ساپ گۆھەرلەر ...» دېگەن سۆزىدىن كېيىنلا ئۆزۈمنىڭ خاتا قىلغىنىمنى ھېس قىلىپ يەتتىم. نەبى سېنى، ماھىگۇلنى كۆپ رەنجىتتىم. ماھىگۇلنىڭ مېنى ھەر نېمىلەرگە ئوخشاتقىنى خاتا ئەمەس توغرا. مەن ئاشۇنداق ئىبلىس، رە-زىل، پاسكىنا، چايان! ئويلاپ باققىنا، ھەرقانداق قىز - يې-گىتنىڭ ئۆز بەختىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ۋاستە تاللىمىاي-دىغانلىقى ئېنىققۇ. ماھىگۇلمۇ ئۆز بەختىنى تارتتۇرۇپ قويغاندى-لىقى ئۈچۈنلا، پەرىشتەدەك بىر قەلب ئىگىسىگە قانچىلىك تۆھ-مەتلەرنى قىلغان، ئەقىل سىغمايدىغان قاباھەتلىك تىللارنى ياغ-دۇرغان، ھېكمەتنى گويا مەلئۇن تەبىئەتلىك ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويغان! ... بەخت ئىزدەش ئەنە شۇنداق رەھىمسىز، شەپقەتسىز بولىدىكەن، ھەتتا ۋاقتى كەلگەندە دوستلارمۇ بىر - بىرىگە باقمايدىكەن. مەن بەزى چاغلاردا ئۆزۈمنىڭ مۇھەببىتىمنى، سۆيگۈ يولىدىكى شىجائىتىمنى، ۋاپا-ئىشق بابىدا يېتىلگەن-يېتىلمىگەنلىكىمنى دەڭسەپ كۆرمەيلا ئوتقا سەكرىگەنلىكىمنى ھېس قىلغىنىمدا چۆچۈپ كېتىمەن. كۆڭلۈمدىكىنى دېسەم، ھېكمەت بىلەن گۈلزىبا ئاچامنىڭ مۇھەببىتى بەجايىكى تاڭدا بالقىغان ئوتلۇق قۇياش ئىكەن. ئۇ، ئۆز ھارارىتى بىلەن ھەم-مىنى كۆيدۈرۈپ كۈل قىلىشقا قادىر ئىكەن. لېكىن، مېنىڭ ياخشى كۆرۈشۈم ساددا، پاك، غۇبارسىز بولسىمۇ، ئاشۇ قوياش

ئالدىدا ئۈچقۇنچىلىك بولالمايدىغانلىقىغا كۆزۈم يەتتى. ھېكمەت بىلەن بىللە ئۆتكەن بىر نەچچە يىللىق ھاياتىمدىن شۇ نەرسە ئايان بولدىكى، مەن يۈرىكىنى بىرىنچى ئايالى بىلەن بىللە دەپنە قىلىۋەتكەن ئادەمنىڭ قۇرۇۋغدىلىپ قالغان قەلب سارىيىغا مېھ-مان بولۇپ كىرىپتىمەن، بۇ سارايدىن شۇنداق بىر ئەكس سادا ياڭرىدۇكى، بۇنىڭدىن كېيىنكى ھەرقانداق ساھىبجامال مېھمانغىمۇ ئۆزىنىڭ سوغۇق ھەم سىرلىق تەبەسسۇمىدىن باشقا ساھىبخانلىق قىلالمايدۇ. مەن لوپنىڭ بىر ئايدىڭ كېچىسى ھېكمەتتىن: «باشقا قىزلارغا سۆز ئېچىپ كۆرمىدىڭىزمۇ؟» دەپ سورىغى-نىمدا، ئۇ: «دېدىمغۇ، كۆڭلۈم تارتمايدۇ، ئېھتىمال گۈلزىبا ھەممىنى ئېلىپ كەتكەن بولسا كېرەك ...» دەپ جاۋاب بەرگەند-دى. ئۇ يالغان ئېيتماپتۇ، مەن بۇلارنى نېمىشقا بۇرۇنراق ئويلىمىغاندىمەن. بۇلارنى بىلىپ يەتكىنىمدە ئۆزۈمنىڭ، شاكى-لىدىن ئەمدىلا ئايرىلغان يۇمران چۈجە، ئۆزدەك بالىسىنى دو-راپ كۆلگە سەكرىگەندەك ئەخمىقانە پاجىئەگە قەدەم قويغانلىقىم-نى بىلدىم! بۇرۇن ھېكمەت بىر نەچچە قېتىم ئايرىلىپ كېتەيلى، دېگەن تەكلىپنى قويغاندا، مەن يىغلاپ - قاقشاپ، يالۋۇرۇپ زادىلا ئۇنىمىغاندىم، ئەمدى ئۇنداق ناداد-لىقنى قىلمايمەن، ئەرلەر ئۈچۈن كۆڭۈلسىز خوتۇننىڭ كۆزىگە قاراپ ياشاشتىن ئارتۇق ئازاب بولمىغىنىدەك، ئاياللار ئۈچۈنمۇ مۇھەببەتسىز ئەر بىلەن ئۆتۈش ئۆلۈمدىنمۇ ئارتۇق بەختسىزلىك ئېلىپ كېلىدىكەن. ئەمىسە ھېكمەتتىن ئايرىلىپ كېتەيمۇ، بىر قىزىم يېتىم بولسۇنمۇ؟، ياق! ... ياق! ! ... ھېكمەت بەختىنى ئىزلەۋەرسۇن، مەن ئۇنىڭغا پۈتلىكاشاڭ بول-مايمەن ... پەقەت ئۆمرۈمدە بىر ئۇندە، بىر تۇندە تەنھا ئۆتكۈزۈپ خودايىمدىن، ھېكمەتنىڭ كۆڭۈل قەسرىسگە مېنى ھەقىقىي سايىبخان قىلىشىنى، قەلب بۇلاقلىرىمغا چىن سۆيگۈ شەربەتلىرىنى تۆكۈشىنى تىلەيمەن. شامۇ سەھەر-

لەردە گۈلزىبا ئاچامنىڭ قەبرىسىگە بېرىپ، ئۇنىڭدىن ھېكمەتنىڭ يۈرىكىنى قايتۇرۇپ بېرىشنى ئۆتۈنىمەن، بىر يىل ... ئون يىل ... يىگىرمە يىل ... ھەتتا ئۆمرۈم بويى كۆز ياشلىرىم بىلەن قەبرىسىنى نەمدەپ ئاھ - نالە قىلسام خۇدا گۈلزىبا ئاچامغا سەخى - ساخاۋەت، رەھمى - شاپائەت ئاتا قىلسا ئەجەب ئەمەس. شۇ چاغدىلا ھېكمەت مېنى ئۆزى ئىزدەپ كېلىدۇ. ھەقىقىي ئىشق قىيامىلىرىنى دىل بوستانلىرىمغا تۆكىدۇ. گەرچە مېنىڭ ئۇ چاغلاردا چاچلىرىم مەشۇتتەك ئاقىرىپ، كۆزگۆھەرلىرىم تۆكۈلۈپ، بەللىرىم مۈكچىيىپ كەتسىمۇ، ھېكمەتنىڭ باغرىغا بىر نەپەس باش قويۇۋالغىنىم ماڭا مىڭ يىللىق بەخت - ئىھسان ھۇزۇرىنى بېرىدۇ. ئېھتىمال بەزىلەر: «بىر ناتىۋان مەزلۇمەنى ئۆمرىنىڭ ئاخىرغىچە ئىزدىمىگەن ھېكمەتنى مۇناپىق، كۆڭلى قارا، ۋاپاسىز، پەزىلەتسىز ...» دەپ ئەيىبلىشى مۇمكىن. مەن ئۇنداق دېيەلمەيمەن، بۇنداق دېگۈچىلەر ئۆزىگە تەئەللۇق بولمىغان نەرسىلەرگە ئېرىشەلمىگەندە، ناشۇكۇرلۇك، نامەردلىك دېيىنى چالىدىغانلاردۇر خالاس ...

خوش نەبى ئۇكام، مەن كۆڭلۈمدە پۇخ بولۇپ كەتكەن ھەممە دەردۇ ئەھۋالىمنى تۆكۈۋالدىم، ئۆزۈمنى يېنىكلەپ قالغاندەك ھېس قىلىۋاتىمەن ... ئەمدى مېنى ئەيىبلەمسەن ياكى ئەپۇ قىلامسەن، سېنىڭ ھىممەت - ساخاۋىتىڭگە باغلىق، خۇدايا توۋا، دۇنيادا سېنىڭدىن ئۆزگە سىردىشىم، مۇڭدىشىم يوقتەك قېشىڭغا بارغىنىم، سۆزلەشكىم كېلىپلا تۇرىدۇ، گەرچە بىز بىر ئانىدىن تۇغۇلمىساقمۇ، سەن بىر تۇغقان قېرىندىشىمدەك. سېنىڭ خىيالىڭ بىلەن ياشايمەن. گېپىم تۈگىدى. ھە راست، ئۆتكەندە ئاپارغان ئىچ كىيىملەر ساڭا خوپ كەلدىمۇ؟ ھازىر مەن قارىلىق بولۇپ قالدىم، ئانام قازا قىلىپ ئۆلۈمىنى جامائەت بىلەن ئۇزاتتىم، ھېكمەت بوستاندا تۇتۇلۇپ يەر ئاستىدىكى زەي زىنداندا ياتىدۇ. بىلمىدىم، ھازىر ئۇنىڭ ھالى نىچۇك! ...

ئامان بولغىن، بەختسىز ئاچاڭ: مەھبۇبەدىن.

ماھىگۇل شۇنچە ھېرىپ - چارچاپ كەتكىنىگە قارىماي ئۇخلالمىدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن تۇرلۇك - تۇمەن ھايات كۆرۈنۈشلىرى تىزىلىپ ئۆتمەكتە ئىدى. ئۇ، ئۆزىنىڭ يۇيۇلماس خاتالىققا قەدەم ئالغانلىقىنى، بۇ خاتالىق ۋىجدان ئازابى جاراھىتىنى ئەھيا قىلغانلىقىنى، بۇ جاراھەت بولسا يۈرىكىگە مەڭگۇ ساقايماس قارا تامغىسىنى باسقانلىقىغا ئىشەندى ... مەھبۇبەدە بولغان سۆيگۇ، ئېتىقاد، ۋاپادارلىق ئىرادىلىرى، ماھىگۇلدە تېخى يېتىلمەپتۇ، شۇنداق خانقىز، سىز مۇھەببەتنى كېچىلىرى كۆرۈنۈپ، كۈندۈزلىرى يوقاپ كېتىدىغان پارقىراق قوڭغۇزغا ئوخشىتىپ قويغان ئوخشايسىز. ھەقىقىي مۇھەببەتكە ئەجىرسىز، رىيازەتسىز، مېھنەتسىز يەتكىلى بولمايدۇ، كۆڭۈل ھۆكمى بىلەن، يۈرەك تەلپۈنگەن بۇيۇك رېجىغا يەتمەك بەسى مۇشكۇل! قارىغىنا، نەبىنىڭ تۇرمىسىگە كىرىشىگە سەۋەب، ئامىل بولۇپ قالغان مەھبۇبە نېمە ئۈچۈن قېرىنداشتەك بولۇپ قالدى؟ چۈنكى مۇرادىغا مۇيەسسەر بولالمىغان بۇ بەختسىز ئايال چىن ئىخلاسى بىلەن يۈرىكىنى نەبىگە كۆرسەتتى. بۇ ئاسان يەتكىلى بولمايدىغان يەكدىللىق روھى ئەمەسمۇ؟ ھەي، ماھىگۇل! سېنىڭ «ئادەم» دەپ ئاتىلىدىغان، پىكىر قىلىشنى، ئويلاشنى، يىغلاش - كۈلۈشنى بىلىدىغان، ئەزگۇ تىلەكلەرگە، ۋاپادارلىققا، روھىي ئوزۇققا ھېرىسمەن بۇ «ئالىي مەخلۇق» نى چۈشىنىشىڭ، تەتقىق قىلىشىڭ، تېگىگە يېتىشىڭ تېخى ئەقەللىي باسقۇچتا ئىكەن! سەن غەزەپ - نەپرەتتىن ئوقلانغان زەمبىرىكىڭنى بىرلا ئاتساڭ، ئاق بايراق كۆتۈرۈپ چىقىدىغان يۈرەك نەدە بارئىكەن؟ ئۇنداق ئاسان ئىش يوق! بىلىدىغانسەن، ھېسسىيات ئالدىدا يۈرسە، ئەقىل كەينىدە ئۆمۈلەپ قالىدۇ

ئەمەسمۇ. قارا سېنىڭ ئەقلىڭنىڭ ئاجىزلىقىنى، تەدبىرىڭنىڭ
سۇسلىقىنى. ئەقىل ـ ئىدراك ئىنسانلارغا خاس سۇپەت ئىكەن.
لىكىنى ئېسىڭدىن چىقارما! نەبى نېمە ئۈچۈن ئۆز ئاتىسى
قايىتقا تونۇشلۇق بەرمەيدۇ، ھەتتا بېشىدىن ئاتىلدۇرۇپ يۇندا
ئەۋرىزىگە تاشلىۋېتىدۇ؟ چۈنكى قايىت ئۆز ئوغلىغا ئاتىلىق
مۇھەببەت ئەمەس، بەلكى ياۋۇزلۇق، شەرمەندىلىك، ئىپلاسلىق
زەھەر ـ زوقۇملىرىنى بەردى! ھەتتا ئۇ، سېنىمۇ يۇرىكىمدىن
تامغان قان دېمەي ۋەيلۇن دوزاقىقا ئىتتەرگىنى راستقۇ! ھېكمەت.
نىڭ «سىڭلىم» ، «ئوقۇغۇچىم» دېگەن ئىنسانىي پەزىلىتى،
سېنىڭ باغلىرىڭدىن گۈل ئۈزۈشكە ئىجازەت بەرمىدى، بولمىسا
بىر چاغلاردا سېنى شەھەرگە ئۇزاتقان ئاشۇ يىگىت، سەن بولمى.
ساڭمۇ قولىنى قۇرۇق پۇلاڭلىتىپ تۇرغانىدى، بەزىدە ساڭا
يوشۇرۇن قاراپ كەتسە، ئەجەب مىسكىن ھالەتكە كېلىپ قالات.
تى، چۈنكى سەن گۈلزىبانىڭ سۈرىتى ئىدىڭ، گۈلزىبانىڭ
تومۇرلىرىدا ئاققان قان، سېنىڭ يۈرىكىڭدە مەۋج ئۇراتتى! ئۇ،
سېنى ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقى ئۈچۈنلا ئۈرۈمچىگە يولغا سال.
غانلىقى ساڭا بەشقولدەك ئايان. ھاياتتا شۇنداقمۇ ئىشلار بولى.
دۇكى، بەزىلەر مەشۇقى بىلەن بىر ئۆمۈر بىللە بولالمىسىمۇ،
ئۇنىڭ مۇھەببىتىدىن ئىبارەت بىر نۇرلۇق چىراغ، قەلب پىنھا.
نىنى يورۇتۇپ تۇرغانلىقىدىن پەخىرلىنىدۇ، بەخت ھېس قىلى.
دۇ. ئۆڭكۈر، غارلاردا ئىستىقامەت بىلەن ئۆمرىنى ئۆتكۈزىدى.
غان، چاچ ـ ساقاللىرى پەتىلە ـ پەتىلە، ئەتىيانلىرى قاداقلى.
شىپ، ئاچ ـ توق يۈرگەن دەرۋىش، مۇنەججىملەرنى كۆرمىگەن
بولۇشۇڭ مۇمكىن، مانا ئۇلارنىڭمۇ كۆڭلىنى ئاللادىن ئىبارەت
بىر ئېتىقات شامى يورۇتۇپ تۇرىدۇ. ئەمما، داداڭ قايىتنىڭ
كۆڭلىدە ئۇنى يورۇتۇپ تۇرغۇدەك پارقىراق قوڭغۇزنىڭ نۇرى.
دەك يورۇقلۇقمۇ يوق. ئۇ قوللىرىنى سىلكىپ، دۇم يېتىپ
ھاڭراپ يىغلاپ نېمىلەرنى دېگىنى ئېسىڭدە باردۇ؟ «مەن سېنى

تاپقان. ماڭا پۇل كېرەك. يېنىمدىكى ھەممە پۇلنى چىقار، قورو-
نى سېتىپ پۇلىنى ئەكېلىپ بەر...ھەرگىز قايرىپ ئالمىغىن...
بۇ يەردە قارنىم تويماي، ئادەم گۆشى يېگۈدەك بولدۇم...» دېگەن
گەپلىرىدىن نومۇس قىلىپ، يەرگە كىرىپ كېتەي دېدىڭ. لې-
كىن ئۇ: «قىزىم، بىر چاغلاردىكى ئىشلارنى كەچۈر، پوق
يەپتىمەن» دەپ كۆڭلۈڭگە يارىشا ئەپۇ سوراپ قويدىمۇ؟ ئاددىي-
سى، شۇنچە يىللار بىر ياستۇققا باش قويۇپ، جاپاسىنى تارتقان
ئايالى بۇمەريەمخاننى، ئوغلى نەبىلەرنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئالدىمۇ؟
بۇنداق ئادەملەرنىڭ يۈرىكى، تەقدىرى ئەزەلدىن قارا يارالغان،
ئۇنىڭ ئىچىنى پۈتۈن بىر قوياش بىلەن يورۇتساڭمۇ، زۇلمەت-
لىك باغرىدىن دىيانەتنىڭ زەررىچە ئۇۋاقلىرىنى تاپالمايسەن!
ھەي ماھىگۈل ... ماھىگۈل! شۇنچە ئەقىللىق، پەزىلەتلىك
قىز ئىدىڭ، رەشك، كۈنداشلىق گىرىيانلىرىدا كۆزۈڭ قارىغۇ،
قۇلىقىڭ گاس بىر ئەسەبىيگە ئايلىنىپ قالغىنىڭ نېمىسى؟
سېنى پەرۋىش قىلىپ ئۆستۈرگەن باغۋەنىڭ قولىغا گۈل بەر-
مەي، بەلكى نەق يۈرىكىگە سانجىلغان تىكەن بولۇپ قالدىڭ!
ھازىر ھېكمەت سېنى نېمە دەپ ئويلاۋاتقاندۇ؟ قىسقىسى، ئەمدى
ئۆمرۈڭنىڭ ئاخىرىغىچە بىر قېتىملىق كەچۈرۈمگە ئېرىشەلە-
سەڭ بەخت تەلىيىڭ. ئۆزگە سانىساڭ كۆزگە، دېگەن تەمسىل
مانا سېنىڭ ئالدىڭغا كەلدى، ئەمدى بۇنىڭدىن كېيىنكى باسقان
ئىزلىرىڭدىن گۈل ئۈنەمدۇ، تىكەنمۇ بۇنىڭغا بىر
نېمە دېمەك تەس ...
ماھىگۈل يىغلا ـ يىغلا كۆز ياشلىرى قۇرۇمىدى، لېكىن
شامنىڭ قەترە ـ قەترە ياشلىرى ئېقىپ تۈگىدى. ئۇ سەھەردە
تۇرغاندا قاپاقلىرى ئىششىپ، كۆزلىرى قىزىرىپ كەتكەن بو-
لۇپ، پات ـ پاتلا ئېسەدەپ قوياتتى. كېچىچە ھويلىدا تۇرغان
قۇم چۆگۈننىڭ سوغۇق سۈيى ئۇنىڭ ئوت بولۇپ يېنىۋاتقان
يۈزلىرىگە تەسەللى بەرگەندەك ھۇزۇر بېغىشلىدى. ماھىگۈل

يۈزىنى قول ياغلىقىغا سۈرتۈپ مېڭىشى، ئېغىلدا ماللارغا يەم بېرىۋاتقان قېرى دېھقان:

— خېنىم بالام، ناشتا قىلىپ ماڭماملا، — دېدى.

— رەھمەت تاغا، مەيدانىنىڭ ئارىلىقىمۇ خېلى باركەن، — دېدى ماھىگۈل ئەدەپ بىلەن، — ئۇلارنىڭ ئىشقا چىقىش ۋاقتىغا ئۈلگۈرۈپ باراي.

— ئەمىسە تىزرەك قايتىپ كېلىپ مەشەدە ناشتا قىلىسىلا، مەن ناھىيە بازىرىغا بۇقۇسا چىشى ئالغىلى بارىمەن، سىلىنى ئالغاچ كېتەي.

— بولىدۇ، بىرىپلا يانىمەن.

ماھىگۈل مەيدان ئالدىغا بېرىپ، ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي نەبى چىقتى. بۇ قېتىم ئۇنىڭ ئارقىسىدىكى ساقچى ئوتتۇرا ياشلىق ئادەم ئىدى. ئۇ «تېز بولۇڭلار - ھە، ئاخشام كۆرۈشتۇڭلار، يېتەر ئەمدى» دەپ قوپاللا تەگدى. نەبى ئاچىسىنىڭ يۈزىگە بىرلا قاراپ، كېچىچە ئۇخلىمىغانلىقىنى بىلدى، ماھىگۈلمۇ يىغلىۋەتتى.

— بولدى يىغلىما، — دېدى نەبى يىرىك ئالىقانلىرىدا ئۇنىڭ يۈزىنى سۈرتۈپ، — ئازمايدىغان بەندە يوق، بىز ھەممىمىز خام سۈت ئەمگەن ئىنسان. ھە، ئوقۇشۇڭ تۈگىدىما، قاچان قايتىپ كېلىسەن؟

— تۆت يىللىق ئوقۇشۇم تۈگىدى، — ماھىگۈل تېلىقىپقىنا يەرگە قارىدى، — مەكتەپ مېنى بېيجىڭغا ئىككى يىللىق بىلىم ئاشۇرۇشقا ئەۋەتمەكچى.

— مۇنداق دېگىن، — نەبى قاياققىدۇر قاراپ جىمىپ كەتتى، — ئوقۇ، ئوقۇۋەر، مېنىڭدىن غەم يېمە، بۇ يەردە مەھبۇبە ئاچام، ھېكمەت ئاكاملار بار، ۋاقتىڭ يېتىپ قالسا، بىر تال يالغۇز ئۇكام بار ئىدى، دەپ يادىڭغا كېلىپ قالغۇدەك بولسام، خەت يازارسەن، بولمىسا ئىختىيارىڭ ...

— نەبى، جېنىم قېرىنداشىم، ئىچىمدىكى دەردلىرىمگە ئۇستىلەپ دەرد قوشمىغىن، — ماھىگۇل نەبىنىڭ بويىنغا ئې-سىلىپ يىغلىۋەتتى، — يۈرىكىم ساقايماس جاراھەتكە مۇپتى-لا بولدى، ئەمدى بىر ئۆمۈر داغدا ئۆتىدىغان ئوخشايمەن…

— بولدى كەتكىن، — نەبى ئاچىسىنىڭ مۈرىلىرىدىن ئاستا ئىتتەردى، — ھېكمەتكام بىلەن كامىلكامنى بىر ئامالLاپ يوقلىغىن، بىرنەچچە كۈن بولدى يۈرىكىم ئىغىپلا تۇرىدۇ، غەلىتە چۈشلەرنى كۆرۈپ كۆڭلۈم پاراكەندە…

— ھېكمەتكامنى خۇدايىم ئۆز پاناھىدا ساقلا، — ماھىگۇل بۇ قېتىم ئۈن سېلىپ يىغلىۋەتتى، — مەھبۇبەنىمۇ يوقلايمەن.

— خوش ئەمىسە، ئاقىۋەتلىك بول، يوللاردا ئېھتىيات قىل، — نەبىنىڭ كۆزلىرىگە ياش كەلدىيۇ، لېكىن ئېقىتمى-دى. ئۇ ئېتىلىپ بېرىپ تىزلانغىچە ئاچىسىنىڭ بەللىرىدىن قۇچاقلاپ، ئىتەكلىرىگە باش قويدى، — ئاھ، گۈلزىبا ئاچامغا ئوخشايدىغان قېرىنداشىم، خۇي پېئىلىڭمۇ ئوخشاپ كەتكەن بولسىچۇ كاشكى، گۈلزىبا ئاچام قايتىپ كەلدى دەرئىدىم. بوپتۇ… بوپتۇ ھەرھالدا ئۆمرۈڭ ئوخشىمىسۇن!

نەبى يۈگۈرۈپ كېتىپ قالدى، ئارقىسىغىمۇ قارىمىدى!

# جەھەننەمدىكى جەننەتتەك كۆڭۈل

ماھىگۈل ئەتىگەندىلا بوستان ئوتتۇرا مەكتىپىگە يېتىپ كەلدى. دەرۋازىدىن كىرىشى بىلەن ئاچىسى گۈلزىبانىڭ قەدەم ئىزلىرى چۈشكەن، مۇشكى - ئەنبەرھىدلىرى تارقالغان باغ، ھويلا، سىنىپ بىنالىرىنى كۆرۈپ كۆز يېشىنى تۇتۇپ ئالالمىدى، لېكىن چاندۇرماي قول ياغلىقىنى كۆزلىرىگە باستى. ئوقۇتۇش بىناسىغا دېھقان سىياق ئادەملەر، ئوقۇتقۇچىلار بىر-ئىككىدىن كىرىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ تونۇش مۇئەللىملەرنىڭ ئالدىنى توسۇپ، تونۇشلۇق بېرىشى ئۇلار ئەتراپىغا ئالاق - جالاق قارىغىنىچە ئۈندىمەي كېتىپ قالدى، بەزىلىرى ماھىگۈلنىڭ چىرايىغا قارىماي تۇرۇپ «بۇ يەردىن تېز كېتىڭ» دېگىنىچە غىپپىدە بىناغا ئۆزىنى ئالاتتى. ماھىگۈل ئاشخانىنىڭ يېنىدىكى كۆل بويىغا بېرىشى شېكەر قارىم يولۇقۇپ قالدى. ئۇ دەسلەپتە «نەدىن كەلگەن ئېسىلزادە چوكاندۇ بۇ» دېگەندەك ھاڭقىيىپ قاراپ قويغان بولسىمۇ، ماھىگۈل تونۇشلۇق بەرگەندىن كېيىن ئۇ يېنىش - يېنىشلاپ تەزىم قىلىپ: «ھارمىسىلا، ھارمىغايلا، ھارماي كەپقاللا» دەپ ھال سورىدى. ئاندىن ھېكمەتنىڭ ئائىلىلىكلەر بىناسىنىڭ ئارقىسىدىكى ئېتىزغا كولانغان گەمىدە تۇردىغانلىقى، ھازىر ئۇنى ئېلىپ كېلىپ «دادىخاھ» قا تارتىدىغانلىقى، ئۇنىڭغا ئۇۋال بولۇپ كەتكەنلىكىنى پىچىرلاپ دېگۈدەك سۆزلەپ بەردى. ماھىگۈل شېكەر قارىم بىلەن خوشلىشىپ، ھېكمەت تۇرۇۋاتقان زىندانغا بېرىش نىيىتىگە كەلدى - دە، ئوقۇتۇش بىناسىنىڭ ئۇ بېشىغا چىقىشى، ئالدىدىكى ئىككى تەرىپى ئۈجمىلىك توز يولدىن ئىككى مىنبىڭ ھېكمەتنىڭ قول-

لىرىنى قايرىپ، دوڭغايتقىنىچە يۈگۈرتۈپ ئېلىپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ خېلى بەك ئاجىزلاپ كەتكەنمۇ يۈگۈرەلمەي بەزىدە پۇتلىرى سۈرۈلۈپ، بېشى پەسكە ساڭگىلاپ قالاتتى. بۇنداق چاغدا مىنـ ـبىگلار ۋارقىرىغىنىچە ئۇنى ئۇرىدەپ تۇرغۇزاتتى ـ دە، يەنە قوللىرىنى قايرىپ دۈمبىسىگە ئېلىپ چىقاتتى. ماھىگۈل بۇ ۋەھشىيانىلىقتىن دەسلەپتە سەل قورققاندەك قىلغان بولسىمۇ، لېكىن بىردىنلا غەزەپكە كېلىپ ئۇلارنىڭ ئالدىنى توستى.

— توختاش! ...

مىنبىگلار ماھىگۈلنىڭ سۈباتلىق ۋە لاتاپەتلىك سىياقىغا قاراپ، «يۇقىرىدىن كەلگەن ئايال باشلىق ئوخشايدۇ» دەپ ئويـ ـلاپ قالدىمۇ، ھېكمەتنى ئۇرىدەپ تىك تۇرغۇزدى، لېكىن ھېكمەتنىڭ تىزلىرى پۈكۈلۈپ، بېشى كەجگىسىگە چۈشۈپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ يۇمۇلۇپ قالغان قاپاقلىرىنى ئارانلا ئېچىپ ماھىگۈلگە قارىدى ...

— ھېكمەت ئاكا، بۇ مەن ... ماھىگۈل ... مېنى تونۇۋاـ ـتىڭىزمۇ؟

ھېكمەتنىڭ كۆزلىرى ئوچۇق بولسىمۇ، ئەينەك ساقىدەك قېتىپ قالغانىدى، دەماللىققا ھېچنېمىنى ئاڭقىرالمىغان مىنـ ـبىگلار ئېغىزلىرىنى ئېچىپ ھاڭقىيىپ تۇراتتى.

— ھېكمەت ئاكا! ... ھېكمەت ئاكا!!، سىزگە نېمە بولدى؟ ماڭا بىر قارىڭا، مەن ماھىگۈل ...

— ھەي ئەكسىيەتچى، گەپ قىلمامسەن؟ — ھېكمەتنى قولتۇقلاپ تۇرغان مىنبىگلار تەڭلا ۋارقىرىدى، — بۇلـ ـتېز بۇ چوكان راستتىنلا سىڭلىڭما؟

— ئۇ...ئۇ... — ھېكمەت تولىمۇ ئاجىز ئىڭرىدى، — ئۇنى ... تونـ ... مايمەن!

— ھېكمەت ئاكا! ...

مىنبىگلار ھېكمەتنى دارقىرتىپ سۆرىگىنىچە بىناغا ئېلىپ

كىرىپ كەتتى. ماھىگۇل ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ۋارقىرىغىنىچە بىللە كەلدى، بىراق ئۇنى ئىشخانىغا كىرگۈزمىدى، ماھىگۇل ھويلىغا چىقىپ دېرىزە تۈۋىگە كەلدى.

ھېكمەتنى گۇلدۇرلەپ تۇرغان شىددەتلىك شوئارلار ئاستىدا ئىشخانىنى ئۈچ چۆرگىلىتىپ يۈگۈرتكەندىن كېيىن جايىغا ئە-كېلىپ تۇرغۇزۇپ قويدى. ئەمما، ھېكمەت قورسىقىنى تۇتقىنىد-چە ئېڭىشىپ تۇراتتى. شۇ چاغدىلا ھەممىسى ئۇنىڭ قىپقىزىل قانغا بويۇلۇپ كەتكەن كۆڭلەك-ئىتەكلىرىنى كۆرۈپ قىلىشتى. نىزاخۇن، غوجى تەلۋە، روزاخون ۋە مەتىلى ئىبراھىملار باشلىق تايانچ ئاكتىپلارى يۈگۈرۈپ كېلىشتى. بۇ چاغدا ھېكمەتنىڭ بارماق ئۇچلىرىدىن ساقىغان قان يەرگە تىمىۋاتاتتى.

— بۇ نېمە قان؟! — ۋارقىرىدى نىزاخۇن جىيەكلىرى قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ، — ئېيتە دەيمەن، ھەي مەتىلى ئىبراھىم، ئاخشام كۈرەش قىلىمەن، دەپ نېمە قىلدىڭ ئۇنى؟

— كۆڭلىكىنى سېلىپ ئوقۇغۇچىلارغا مەيدىسىدىكى خەت-نى كۆرسەتكەن، — دېدى مەتىلى ئىبراھىم ئىشىنىڭ تېگىگە يېتىپ، — ئۇ چاغدا ساپ - ساق ئەكىرىپ قويغان...

كۆزلىرى دەممۇ دەم يۇمۇلۇپ ئورنىدىلا ئولتۇرۇپ قالغان ھېكمەتنى ئىككى مىنبىڭ قولتۇقىدىن يۆلەپ تۇرغۇزدى. نىزا-خۇن ئۇنىڭ كۆڭلىكىنى قايرىپ مۇرە ھەم قولتۇقتىن چاپراس يۆگەلگەن داكا يۆگەكنى كۆردى - دە، چۆچۈپ كەتتى.

— ھەي قارامەدەك، — نىزاخۇن تۆمۈر نىيازغا قولىنى شىلتىدى، — ئاخشام سەن نۆۋەتچىلىك قىلغان، بۇ نېمە ئىشا؟

— مەن نېمە بىلەي... ئۇ زىنداندىن سىيگىلىمۇ چىقمى-سا، — تۆمۈر نىيازنىڭ قىزلارنىڭكىدەك چىرايلىق كۆزلىرى مۆلۈلدەپ تۇراتتى، — خۇددى مەن ئۇنى بىر يەرگە قويۇپ

بەرگەندەك تىللايدىيا ...
— ئېيتە، بۇ يەرنى قانداق قىلدىڭ؟ — نىزاخۇن ھېك-
مەتنىڭ كۆزىگە قولىنى شىلتىدى.
— ئۆزۈم ئاخشام ... بىرتىۋادا كەستىم ...
— بىرتىۋانى نەدىن ئالدىڭ؟
— روزاخۇن ... مېنى ... تەرەتخانىغا ...
ئاپارغاندا ... ئەخلەت ئارىسىدىن تېپىۋالدىم ... داكىنى ئۆزۈم
ساقلىغان ...
— ھازىر بىرتىۋا نەدە؟ — نىزاخۇن ھېكمەتنىڭ ئۆزىنى
ئۆلتۈرۈۋېلىشىدىن ئەندىككەنىدى.
— زىندانىدا ...
نىزاخۇن غوجى تەلۋە بىلەن روزاخۇننى گەمىگە ئەۋەتىۋە-
تىپ، ھېكمەتكە يەنە ۋارقىراشقا باشلىدى:
— نېمىشقا شۇنداق قىلدىڭ؟
— ئوقۇغۇچىلىرىم ئالدىدا ... بەدىنىمنى يالىڭاچلىغانلىقى ...
ئۈچۈن ... — مىنبىڭلار قولىدا ئېسىلىپ تۇرغان ھېكمەت
مەمتىلى ئىبراھىمغا دۈشمەنلىك نەزەرى بىلەن تىكىلدى، —
سەن ... سەن ئىپلاسنى ... مەن ئۆمۈر بويى ئونتۇمايمەن ...
كەلگۈسىدە ... سېنى سېپىستىۋېتىمەن... ئەۋلادلار سەندەك ئا-
سىيدىن ... خائىندىن يىرگەنگۈدەك يازىمەن ... مەن ساڭا ...
ياخشىلىق ... قىلغان ... بىراق ...
ھېكمەت، قان بارغانسېرى تەپچىپ چىقىپ، قىپقىزىل
بويىلىپ كېتىۋاتقان داكا ئۈستىگە قانلىق ئالىقانلىرىنى قويدى.
بۇ چاغدا غوجى‌تەلۋە بىلەن روزاخۇن ھاسىرىشىپ كىردى - دە،
كاللەك ئورالغان بىر پارچە قەغەزنى ئۈستەلگە قويدى. نىزاخۇن
بولاقنى ئېچىشى، كۆرەش مەيدانىدىكىلەر گۆررىدە ئۈستەل ئەت-
راپىغا توپلاندى. ئۇلار پارچە - پارچە ھال رەڭ تېرىلەرنى،
قان داغلىرى ئۇيۇپ قالغان بىرتىۋانى كۆرۈپ تەنلىرى شۈركۈ-

نۇپ كېتىشتى.

قوپال، قارام، ساۋاتسىز نىزاخۇننىڭ قارا كۆڭلىنىڭ يىڭنە كۆزىدەك ئورنى ۋىللىدە يورۇپ ئۆتكەندەك بولدى. پاھ، نومۇس كۈچى جان ئازابىدىن ئارتۇق كەپتۇ ـ دە، بۇ، نەدىن كەلگەن ئىرادە، قەيسەرلىك، تۈگەمەس كۈچ! «ئەي نىزاخۇن موللەك، بۇ شىجائەتنىڭ تېگىگە يېتىمەن، دەپ تولا كۈچەنمە، ھەقىقىي ئىنسان، مەنىۋى روھ، غايىۋى جاسارەتلەر ھەققىدە ساڭا يۈز يىل دەرس ئۆتسىمۇ، بەربىر تۆگىنىڭ قوڭىغا چالما ئاتقاندەك قۇرۇق ئاۋارىگەرچىلىك بولىدۇ. ئەڭ ياخشىسى سەن سەل ئىنساپقا قايت، مۇشۇ ھالقىلىق پەيتتە ھېكمەتكە قارىمۇقنىڭ قاسىرىقىدەك بولسىمۇ مەرھىممىتىڭنى ئايىما، ئۇ ھازىر ئارام ئالسۇن، تىنچ بىر جايدا يالغۇز قوي!

— ھەي خەيرىنىسا خانىم، — دېدى نىزاخۇن مەكتەپ دوختۇرىغا، — سىلى ھېلىقى دوختۇر ساندۇقلىرىنى ئېلىپ چىقىپ، ماۋۇنىڭ مەيدىسىنى قايتا تاڭسىلا، قېنى، بىر قايسىڭلار قان بولۇپ كەتكەن داكىنى يېشىڭلار.

— ھەي ئادىشەي، — دېدى ساتتار قارا مەمتىلى ئىبراھىمغا، — ئەركىشىنىڭ مەيدىسىنى كۆرۈشكە ئەجەب ئامراقكەنسىلە ياكى سىلى مەيدىۋاز ھېجىقىزمۇ؟!

غوجى تەلۋە قان بىلەن مېلىشلاپ كەتكەن داكىلارنى يېشىپ بولالماي، قونجىدىن پىچىقىنى ئالدى ـ دە، قولتۇق ئاستىغا قول تىقىپ داكىنى كېسىۋەتتى. ئەمدىلىكتە ھېكمەتنىڭ مەيدىسىدىكى جاراھەت ئۈستىدە قىزىلغا ئايلانغان تۆت چاسا ئالىقاندەك داكا چاپلاغلىق تۇراتتى. غوجى تەلۋە ئۇنى بىرلا تارتىۋىدى، جاراھەتنىڭ قېتىشقان يەرلىرىمۇ سويۇلۇپ، بىردىنلا يامىراپ چىققان قان ھېكمەتنىڭ مەيدە، قورساقلىرىنى بويىۋەتتى. ھېكمەت ھوشىدىن كېتىپ يىقىلدى.

— ھېكمەت ئاكا! ...

ھەممە ئىشنى دېرىزىدىن كۆرۈپ تۇرغان ماھىگۈل ئېتىلىپ كىردى - دە، باشقىلارنى ئىتتىرىۋېتىپ، ھېكمەتنىڭ بېشىنى قۇچىقىغا ئالدى، بۇ ئەسنادا خەيرىنىسا خانىمۇ ساندۇقنى كۆتۈرۈپ يېتىپ كەلدى. ئۇلار ئىككىسى قولمۇ قول قانلارنى تازىلاپ، جاراھەت ئېغىزىنى تاڭدى. ماھىگۈل ئۆلۈكتەك ياتقان ھېكمەتنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ چۆچۈپ كەتتى.

— دوختۇرخانىغا ئاپارمىسا بولمايدۇ، — دېدى ماھىگۈل ئۆزىگە قاراپ تۇرغانلارغا، — جاراھەت يۈرەك ئۈستىدە بولغاچقا بەكمۇ خەتەرلىك، ئۇنىڭ ئۈستىگە ماغدۇرسىزلىنىپ كەتكەن ...

ھېكمەتنى مەكتەپنىڭ ئېشەك ھارۋىسىغا ياتقۇزۇپ ماھىگۈل بىلەن تۆمۈر نىياز دوختۇرخانىغا ئېلىپ بېرىشتى. ئابلىمىت دوختۇر، ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ مەيدىسىنى ئۆزى كەسكەنلىكىنى ئاڭلاپ يېنىككىنە تىن ئالدى - دە، تۆمۈر نىيازغا قاراپ قويدى.

جاراھەت قايتا تېڭىلغاندىن كېيىن، ھېكمەت ئايرىم ئۆيگە ياتقۇزۇلدى، سېسترالار بىردەملا ئۇنىڭغا ئاسما ئوكۇل سېلىپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ئابلىمىت دوختۇر ئۆزى، كىچىككىنە ساپسېرىق ئوكۇل سۇيۇقلۇقىنى شپىرىسقا سۈمۈرتۈپ، ھېكمەتنىڭ بىلەك مۇسكۇلىغا ئۇردى. ماھىگۈل ئۇنىڭ ئۇخلىتىش ئوكۇلى ئىكەنلىكىنى بىرلا قاراپ بىلدى. ئابلىمىت دوختۇر ساپسېرىق سارغايغان يۈزلەرگە، ئورىدەك ئولتۇرۇشقان كۆزلەرگە قاراپ بېشىنى بىلىنەر - بىلىنمەس چايقاپ، ئېغىر تىنىپ قويدى.

— سىلەر ئۇنىڭ يوتقان كۆرپىسىنى ئەكېلىپ بېرىڭلار، — دېدى ئابلىمىت دوختۇر، — ئۇ ئەمدى كەچكىچە ئۇخلايدۇ، ئاسما ئوكۇلغا قاراشقا سېسترالار بار.

زېھنىياتلىق كىتابخانىلىرىمىزغا مەلۇم بولسا كېرەك، ما-

ھىگۇل تۆمۈر نىياز بىلەن بىر يىللىق ساۋاقداش ئىدى. تۆمۈر نىياز يەتتىنچى سىنىپنى پۈتتۈرۈپ شەھەردىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكە كەتكەندە، ماھىگۇل بوستان ئوتتۇرا مەكتەپكە تولۇق سىنىپقا ئوقۇش ئۈچۈن قالغانىدى.

ماھىگۇل تۆمۈر نىيازنىڭ باشلىشى بىلەن مەكتەپنىڭ چامغۇرلىقىغا چىقتى. تۆمۈر نىياز زىندان ئىشىكىنى ئېچىپ ئېگىلىپ كىرىشى ماھىگۇلمۇ ئارقىسىدىن ماڭدى. زىنداننىڭ ئىچى قاڭسىق ھىد بىلەن تولغان بولۇپ بەكمۇ قاراڭغۇ ئىدى. تام سىپاپ تېمىسقىلاپ كېلىۋاتقان ماھىگۇل قارا چىراغ يېقىلىشى بىلەن، تاركامىر ئوتتۇرىسىدىكى يىغىلمىغان ئورۇن، تامدىكى چىراغ قويىدىغان ئويۇقلارنى كۆرۈپ تىترىگىنىدىن ئەندىكىپ كەتتى. تۆمۈرنىيازسۇغا چىلىغاندەك نەملىشىپ كەتكەن يوتقان-كۆرپىلەرنى كۆتۈرۈپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، قارا چىراغنىڭ نۇرىدا زىندان تاملىرىغا ئويۇپ يېزىلغان خەتلەر كۆزگە چېلىقتى. ماھىگۇل چىراغنى ئېگىز كۆتۈرۈۋىدى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى كلاسسىكلارنىڭ شېئىرى ئىكەنلىكى بىلىندى.

— ھەي، بۇ سېسىقچىلىقتا ئولتۇرۇۋېرەمسىز؟ — دېدى تۆمۈر نىياز ئېگىلىپ كىرىپ، — دوختۇرخانىغا بارمايمىزمۇ؟

— تۆمۈر نىياز، قاراڭا بۇلارغا، — دېدى ماھىگۇل زىنداننىڭ نەم تاملىرىغا ئويۇلۇپ يېزىلغان شېئىرلارنى كۆرسىتىپ، — سىز چىراغنى تۇتۇپ ئوقۇپ بېرىڭ، مەن كۆچۈرۈۋالاي.

ماھىگۇل يوپكىسىدىكى خاتىرە بىلەن قەلەمنى ئالدى، تۆمۈر نىياز ئېگىلىشكىنىچە، ئالدى - ئارقىغا قايرىلىپ يۇرۇپ ئۈنلۈك ئوقۇشقا باشلىدى:

جاھان ئىشىن ئالۋان - ئالۋان كۆرىمەن،
ئالەمنى تېز ئۆتەر بىرئان كۆرىمەن.

خۇدا ھەققى قايگە نەزەر تاشلىماي،
شۇنداق بەختسىزلىكىم ئايان كۆرىمەن ...

كاشكى بىر تىنچ جايغا كېتىپ بولسىدى،
شۇ ئۇزاق مەنزىلگە يېتىپ بولسىدى.
يۈزمىنىڭ يىللار ئۆتكەچ تۇپراقتىن چىقىپ،
ئۈمىدىنىڭ كوكاتى ئۈنۈپ كۆلسىدى...

— يازدىڭىزمۇ؟ — سورىدى تۆمۈر نىياز.
— يازدىم، ئاستىراق ئوقۇڭ.

كۆكرەكىمدۇر سۇبھىنىڭ پىراھانىدىن چاكزەك،
كىرپىكىم شەبنەم تۆكۈلگەن سەبزەدىن نەمناكرەك...

توغرىلىق بولسىدى پەلەكنىڭ ئىشى،
ياقتۇرغان بولاردى ئۇنى ھەر كىشى.
دۇنيانىڭ ئىشىدا بولسا ئادالەت،
بولماستى دانالار كۆڭۈل ئاغرىشى...

دەرد چېكەرمەن، غەم خازانى يەتتى ئەيشىم باغىغا،
ئەمدى شادلىق شېخى ئۈزرە ھېچ نېمەرسە قالمىدى.
كەتتى جانىم راھىتى، ئەي خەستە كۆڭلۈم نالە قىل،
يىغلىغىن قان ئى كۆزۈمكى، سەندە ھېچ نۇر قالمىدى...

— ھەي ماھىگۈل، بەزى كۇپلېتلارنىڭ ئۈستىدىكى، بە-
زىلىرىنىڭ ئاستىدىكى مىسرالىرى ئۆچۈپ كېتىپتۇ، — دېدى
تۆمۈر نىياز چىراغنى تامغا يېقىن ئەكېلىپ، — قانداق قىلىمىز؟
— بارىنى ئوقۇڭ، ئامال قانچە؟

— ئەمىسە سىز بۇ ياققا يۈتكىنىڭ، ھە بولدى، قېنى يېزىڭ.

تۇپراق بۇلۇت بولۇپ كۆككە ئۆرلىسە.
قىيامەت كۈنىگىچە ياغار ئىدى قان! ...

— ماۋۇ شېئىرنىڭ ئالدىنقى مىسرالىرى ئۇۋۇلۇپ چۇ-شۇپ كېتىپتۇ.

بىرەر كۈن تۇزاقتىن ئازاد بولمۇدۇم،
بىر نەفەس ئالماقتىن ھېچ شاد بولمۇدۇم ...

دۇنياغا پاك كېلىپ، ناپاك بولدۇق بىز،
ئىشكتىن شاد كىرىپ، غەمناك بولدۇق بىز ...

— بۇ ئىككى كۇپلېتنىڭ ئاخىرىنى ئوقۇغىلى بولمىدى.
— قېنى داۋاملاشتۇرۇڭ.

پەلەك ئۆمرىمىزگە بىر سىرتماق - تۇگۈن،
يىغلاقى كۆزىمىز ياشىدۇر جەيخۇن[1]
بىز چەككەن قىيناقنىڭ ئۇچقۇنى - دوزاق،
جەننەت ئۆمرىمىزدە بىر تىنچراق كۈن ...

ماھىگۈل بىر ئىزدىلا ئايلىنىپ يۈرۈپ شېئىرلارنىڭ ھەممە-سىنى كۆچۈرۈپ بولغۇچە، بۇ تار ئۆڭكۈر ئىچى قاپقارا ئىس بىلەن قاپلاندى، مۇشۇ بىر ئىشتىلا ھېكمەتنىڭ تارتىۋاتقان كۈن-

[1] جەيخۇن - ئامۇدەرياسى.

لىرىنى بىلىۋالماق تەس ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ نەپسى بوغۇلۇپ ئارانلا قېچىپ چىقىۋالدى.

ماھىگۈل ياستۇقنى، تۆمۈر نىياز يوتقان - كۆرپىنى كۆتۈ-رۈپ دوختۇرخانىغا كېلىشتى. نەملىشىپ كەتكەن ئورۇن - كۆرپىنى ھېكمەتكە سېلىپ بېرىشكە بولمايتتى. ئۇلار بالىنىتىس-نىڭ ئارقىسىدىكى ئوچۇقچىلىققا تارتىلغان سىمغا يوتقان - كۆرپىلەرنى ئارتىپ يايدى. ماھىگۈل يوتقاننىڭ قول پاتقۇدەك يېرى سۆكۈلۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ قالدى. ئۇ، كاللەكلى-شىپ قالغان پاختىلارنى جايىغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن قولىنى تىقى-ۋىدى، تۇمارچە قىلىپ قاتلانغان بىر سىقىم قەغەز قولىغا چىقى-تى. ھەيران بولغان ماھىگۈل بىرىنى ئېلىپ ئېچىشى تۆمۈر نىيازمۇ بىرنەچچىسىنى ئېچىپ كۆردى. بۇلار بەت نومۇرى سې-لىنغان قولىيازمىلار ئىدى.

— ماھىگۈل، ئاڭلاپ باقامسىز؟ — دېدى تۆمۈر نىياز قەغەزنىڭ پۇرلەشلىرىنى تۈزەپ، — بۇ يەردە بىر تەسىرلىك گەپ بارئىكەن ...

— ئوقۇڭ ... .

تۆمۈر نىياز بوش ئاۋازدا ئوقۇشقا باشلىدى:

«ئاھ گۈلى! ... سىز مېنىڭ يۈرىكىمنى بىللە ئېلىپ كەتكەن تۇرسىڭىز، مەن ئۇنىڭغا نېمىمۇ بېرەلەيمەن، يۈرەكسىز كۆڭۈل باغلىرى چۆلدەرىگەن تىرىك مۇردا باشقىلارنى قانداقمۇ بەختلىك قىلالىسۇن؟! ...»

— بولدى، ئوقۇماڭ، — قولىيازمىنى شارتلا تارتىۋالغان ماھىگۈلنىڭ چىرايى تاتىرىپ، نازۇك سىيماسى سۇس تىترەۋا-تاتتى، ئۇ قولىيازمىدىكى مۇنۇ سەھىپىلەرگە كۆز تاش-لىدى: «يۈكۈنۈپ ئولتۇرغان يىگىت، دۇنيادىكى ئەڭ مېھرى-بان يۈرەك دەپنە قىلىنغان قەبرە توپىسىنى سۆيدى ...»

— سىزگە نېمە بولدى ... چىرايىڭىز، — تۆمۈر نىياز

راستتىنلا ھەيران قالغانىدى.

— كەچۈرۈڭ، — مەھبۇبەنىڭ خېتى بىردىنلا ئېسىدىن كەچكەن ماھىگۈل، ئۆزىنىڭ قوپاللىق قىلىپ سالغانلىقىنى بىل-مەي قالغانىدى، — مەن سىزگە ماۋۇ بەتتىكى سەھىپىلەرنى ئوقۇپ بېرەي، ئاڭلاڭ ...

«يۇرۇڭقاش دەريا بويلىرىدىن كۆتۈرۈلگەن كۈمۈش رەڭ تۇمان سۆيۈملۈك قىزنى پۈركەپ تۇراتتى ...»

ماھىگۈل شۇنداق ھېسسىيات بىلەن بېرىلىپ ئوقۇدىكى، قولىيازمىدىكى شېئىرى تۇس ئالغان نەسىر ئىچىگە كىرىپ كەت-كىنىنى تۇيماي قالدى. «تۇمان پۈركەپ تۇرغان قىز» نىڭ جۇدا-لىق پىراقلىرىدا، تۇتقۇندىكى يىگىتنى سېغىنىپ ئويلىغانلىرى، ھەسرەتلىك كەچۈرمىشلىرى، قىسقا - قىسقا يۆتەلگىنىدە ئاپئاق قولياغلىقىدا قېلىۋاتقان قىپقىزىل نادامەت داغلىرى ... ماھىگۈلنى بىردەمدىلا مۇڭلاندۇرۇپ قويدى.

— تۆمۈر نىياز، ھېكمەتكام بۇلارنى قايسى ۋاقىتلاردا يازغاندۇ؟ — سورىدى ماھىگۈل قولىدىكى قولىيازمىلارغا قا-راپ، — ئۇنىڭ سولانغان يەرلىرى كېچە - كۈندۈز قاراڭغۇ تۇرسا.

— بىر كۈنى مۇئەللىم مېنىڭدىن يالاندا تېپىپ بېرىشىم-نى سورىدى، — تۆمۈر نىياز مۇڭلىنىپ قالغانىدى، — «نېمە قىلىدىلا؟» دېسەم «قولۇمنى يۇيىمەن» دېدى. قارىسام ئالىقان-لىرى پارقىراپ كېتىپتۇ، ئۇ «شام ياسىغانىدىم» دەپ كۈلۈپ قويدى. ئۇنىڭ تۈرمۈش پۇلى تامىقىغا ئاران يەتكەچكە شام قالدۇقلىرىدىن پايدىلىنىپ كېچىلىرى يازغانلىقى ئېنىق.

تۆمۈرنىياز ھېكمەت توغرۇلۇق يەنە نۇرغۇن ئىشلارنى سۆز-لەپ بەردى. ھەتتا ئۇ سىياسىي سۈيىقەستچى قۇتبىرەمنىڭ نۇر-غۇن ئوقۇتقۇچىلارنى ئەكسىيەتچى تەشكىلات ئەزالىرى قىلىپ قويۇش ئالدىدا، ھېكمەتنىڭ «قۇتبىرەم ئىككىمىز تەشكىلات

قۇرغان» دېيىش ئارقىلىق سەپداشلىرىنى قۇتقۇزۇپ قالغانلىقىنىمۇ ئېيتىپ بەردى.

— ئۇنداقتا ئۆزىنى ئۆزى ئوتقا تىقامدۇ؟ — چۆچۈپ كەتتى ماھىگۈل.

— بۇ ئۆزىنى قۇربان قىلىش ئارقىلىق باشقىلارنى قۇتقۇزۇشتە، — دېدى تۆمۈر نىياز، — ھېكمەت مۇئەللىمنىڭ: «ئەگەر مېنى قولغا ئېلىپ كەتسە، يوتقان-كۆرپە، ياستۇقلىرىمغا سەن ئىگە بول... باشقىلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتمىسۇن ... » دېگىنى بىكار ئەمەسكەن - دە، ماھىگۈل، بۇ قولىيازمىلارنى دەرھال سىلىۋېتەيلى، بىر كىم كۆرۈپ قالمىسۇن.

ماھىگۈل كۆرپە، ياستۇقلىرىنى سىلاپ كۆرۈۋىدى ئۇلارنىڭمۇ قول تىققۇدەك يىرتىق يېرى بولۇپ، ئۇ يەر - بۇ يەرلىرى كاللەكلىشىپ تۇراتتى.

— تۆمۈر نىياز، سىز كېسەللەردىن يىپ - يىڭنە سوراپ باقسىڭىز، سۆكۈلگەن يەرلەرنى تىكىۋەتسەك.

ماھىگۈل سىم تاتقۇ تۈۋرۈككە يۆلەنگىنىچە «تووۋا» دەپ ياقىسىنى تۇتتى. خەۋپ ئاستىدا تۇرغان ھاياتىنى ئويلىماي، ئۆزىنى قۇربان قىلىپ سەپداشلىرىنى قۇتقۇزسا ... قاراڭغۇ يەرلىك تۈرمىلەردە مەھكۇم بولۇپ تۇرۇقلۇقمۇ توختىماي ئىزدەنسە ... ئەسەرلەرنى يازسا ... زەي زىندان تاملىرىنى پىكىر جەۋھەرلىرى بىلەن بىزەپ ئۆزىگە تەسكىن تاپسا ... بۇنداق ئوت يۈرەك ئادەملەرنى تەرىپلەشكە تىل ئاجىزلىق قىلغۇدەك ... ئۇلارنى «جەھەننەمدىكى جەننەتتەك كۆڭۈل» دېگەن تەقدىردىمۇ، بۇ ئۇلارنىڭ ئۇلۇغ ئىشلىرىغا ھەقىقىي مەدھىيە بولالمايدۇ!

ماھىگۈل بىلەن تۆمۈر نىياز، يوتقان - كۆرپە، ياستۇقلارنىڭ يىرتىقلىرىنى تىكىپ ئېسىۋەتكەندىن كېيىن بالنىتسىغا كىردى. ھېكمەت قاتتىق ئۇيقۇغا كەتكەنىدى. بىر پوتۇلكا گلوكوزا

تۇگەپ، يەنە بىرى ئەمدىلا ئالماشتۇرۇلغانىدى.
— هەي، — دېدى تۆمۈر نىياز بېشىنى سالغىنچە، — هېكمەت مۇئەللىم مۇشۇ هالەتكە كېلىپ قالدى، كامىل مۇئەللىمنىڭ قولى سۇندى، مەكتەپتە يەنە يىگىرمىدەك مۇئەللىم هەركۇنى كۇرەشكە تارتىلىۋاتىدۇ، بۇ ئىشلارنىڭ ئاياغ-ئۇچى بارمىكىنتاڭ.
— كامىل ئاكام نەگە سولاندى؟ — مەن ئۇنى يوقلاپ قوياي دېۋىدىم.
— ئاشلىق پونكىتىغا، ۋۇي راست، بۇگۇن كامىل مۇئەللىمنى ۋىلايەتلىك دوختۇرخانىغا ئەكىرمەكچىكەن، ئۇنى ساقلاۋاتقان مىنبىگلار ئاشلىق پونكىتىنىڭ ئىشچىلىرى. مەن ئۇلار بىلەن يېقىن تونۇش.
— تۆمۈر نىياز، ئەگەر سىزگە ئېغىر كەلمىسە، مېنى كۆرۈشتۇرۇشنىڭ ئامالىنى قىلىپ بەرسىڭىز، بولامدۇ؟
— دوختۇرخانىغا ئېلىپ كەتكەن بولسىچۇ؟
— تېخى ۋاقىت بالدۇرغۇ، — ماهىگۇل سائىتىگە قارىدى، — ئەمدى ئون بىر بوپتۇ.
تۆمۈر نىياز ماهىگۇلنى باشلاپ ئاشلىق پونكىتىغا ئاپاردى. ئۇلار قارا ۋە ئاق ئاشلىق، مايلىق دان ساقلىنىدىغان ئامبارلارنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۇپ قازناق ئۆي ئالدىغا كەلگەندە، ساقاللىرى ئۆسۇپ كەتكەن، قارىمۇتۇق، دۇغۇلاق بىر ئادەم، يەر ئاستىغا چۆشۇپ كېتىدىغان پەلەمپەيدە ئولتۇرۇپ مۇگدەپ قالغانىدى. تۆمۈر نىياز ئۇنى «ئەبەيدۇللاخۇن ئاكا» دەپ ئويغاتتى. ئاندىن ماهىگۇلنىڭ ئۇرۇمچىدىن كەلگەنلىكى، كامىلنىڭ يېقىن تۇغقىنى ئىكەنلىكىنى چۇشەندۇرگەندىن كېيىن ئۇ، ئىشىك قۇلۇپىنى ئېچىپ بەردى.
ماهىگۇل قازناق ئۆيگە كىرىپ، دەسلەپتە هېچنېمىنى پەرق ئېتەلمىدى. چۇنكى، تۇرۇسقا توتىشىپ تۇرغان تۆت چاسا

كىچىككىنە هاۋادانىڭ دېرىزىسى سىرتتىن توپا - چاڭ قونۇپ، ئىچىدىن ساپسېرىق ئىسلىشىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن غۇۋا يورۇپ تۇراتتى. ماهىگۇلنىڭ كۆزلىرى قاراڭغۇلۇققا كۆنگەندىن كېيىنلا، بۇلۇڭدا بىر ئادەمنىڭ قورتتەك تۈگۈلۈپ ياتقانلىقىنى، سول قولىنى بوينىغا ئېسىۋالغان كامىلنىڭ ئوڭ قولىدا ئاغرىق قولىنى ئاستىدىن كۆتۈرۈپ، تامغا يۆلىنىپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى، قېشىدا نەرسە - كېرەك سېلىنغان كىچىكرەك سومكىمۇ تۇراتتى. ئىشىكنىڭ تاراقلاپ ئېچىلغىنىدىن ئويغىنىپ كەتكەن بۇلۇڭدىكى ئادەم ئىنجىقلاپ هەم هاسىراپ ئارانلا تۇرۇپ تامغا يۆلەندى، بۇ تۇراپ ئىمىن ئىدى.

— مۇئەللىم، بىر كىم كىرگەندەك قىلدىيا، ياڭ پەيجاڭ كەلدىمۇ نېمە؟ — تۇراپ ئىمىن سىنچىلاپ قارىدى، — ئاھ، خۇدايىم، سىلى كەتسىلە مەن قانداقمۇ قىلارمەن؟

— سىز كىم بولۇسىز؟ — كامىل بېشىنى كۆتۈردى، — كىمنى ئىزلەيسىز؟

— كامىلكا، بۇ مەن، ماهىگۇل ... ئۈرۈمچىدىن كەلدىم.

— ماهىگۇل؟! — كامىل قولىنى ئاۋايلىغىنىچە ئۆزىنى رۇسلاپ ئولتۇردى، — قېنى، كۆرپىگە كېلىڭ، قاچان كەلدىڭىز؟

— بەش كۈن بولدى، كېرىيە ئۆزگەرتىش مەيدانىغا بېرىپ بىر كېچە تۇرۇپ كەلدىم، نەبى هەممىڭلارغا سالام ئېيتتى، بۈگۈن ئەتىگەن بوستانغا كېلىشىم.

— نەبى ئوبدان تۇرۇپتىمۇ؟ سالامەت بولسۇن، ئەجەب جىگەرلىك بالا ئىدى، — كامىل ئېغىر تىنىدى، — هە، هېكمەت بىلەن كۆرۈشتىڭىزمۇ؟ ئۇ قانداقراق تۇرۇپتۇ؟

— ئۇ هازىر دوختۇرخانىدا، — ماهىگۇل يىغلىۋەتتى. ئاندىن بۈگۈن ئەتىگەن بولغان ئىشلارنىڭ هېچنېمىسىنى قالدۇرماي سۆزلەپ بەردى. غۇۋا يورۇقتا كامىلنىڭ قېلىن قاشلى-

ـرىنىڭ بىر يەرگە يىغىلغانلىقى، ياڭاق مۇسكۇللىرىنىڭ لېپىلدىغىنى كۆرۈندى. تۇراپ ئىمىن: «ۋاي بىچارە مۇئەللىم، ۋاي شورپېشانە ... يوقلايدىغان ھېچنېمىسى يوق، مۇساپىر ئەمەسمۇ، نومۇسقا چىدىماي شۇنداق قىپتۇ - دە» دەپ بېشىنى توختىماي چايقىغىنىچە مىچىلداپ بۇرنىنى تارتتى. مەمتىلى ئىبراھىمنىڭ «خىزمەت كۆرسىتىمەن» دەپ قىلغان يۈزسىزلىكىدىن غەزەپلەنگەن كامىل: «مەلئۇن، ئىپلاس، ئادەم تىلەتى يوق مەلئۇن...» دەپ چېچىلىپ قالدى. لېكىن، ئۇنىڭ كاللىسىدىن تېرىنى بىرىتىۋا بىلەن ئۆزى كەستى دېگەن سۆز زادىلا ئۆتمىدى، بىرىتىۋانى ئۆزى تېپىۋالدى دېگەن تەقدىردىمۇ نەدىن كەلگەن داكىلار ئۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە قاپقاراڭغۇ زىندان ئىچىدە قانداقمۇ ئۆزىنىڭ مەيدىسىنى ئۆزى كۆرۈپ تىغ سالىدۇ. بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان ماھىگۈل بىر نېمە دېمەكچى بولدىيۇ، تۇراپ ئىمىنگە گۇمانسىراپ قاراپ قويدى. بۇنى سەزگەن كامىل: «ئەنسىرىمەڭ، تۇراپكام ئۆز ئادەم» دېگەندىن كېيىن تۆمۈر نىياز سۆزلەپ بەرگەن ئەھۋالنى ئەينەن دەپ بەردى. بارغانسېرى ھاياجانلىنىپ قېلىۋاتقان ماھىگۈل «قۇتبىرەم بىلەن تەشكىلات قۇرغان» دېيىش ئارقىلىق تارتىپ چىقىرىلغان ئوقۇتقۇچىلارنى بىر سۈيىقەستچىنىڭ زىيانكەشلىكىدىن قۇتقۇزۇپ قالغان ئىشىنىمۇ قالدۇرماي سۆزلىدى.

— ئۇ ... ئۇ ... ئۇ ... — تۇراپ ئىمىن ئىككى تىزىغا بېشىنى قويۇپ يىغلىۋەتتى، — ئوقۇغۇچىسىنى، دوختۇرنى بالاغا چاتماي ھەممىنى ئۆزۈم قىلدىم دېسە، ئۆزىنىڭ تۈرمىدە يېتىشىدىن، ئېتىلىشىدىن قورقماي سەپداشلىرىنى قۇتقۇزسا ... بۇ نېمىدېگەن ئۇلۇغ خىسلەت ... بوستاندا بۇنداق قاشتېشىدەك سۈزۈك، گۆھەردەك تازا باللارنىڭ بارلىقىنى بۇرۇن نېمىشقا بىلمىگەن بولغىيتتىم ... قەدىرىگە نېمىشقا يەتمىگەن بولغىيتتىم ... خالىدىق دېگەن مۇناپىدىق، مېنى

ئەجەب داغدا قويدى ··· ئۆ ··· ئۆ ··· ئۆ···
— تۇراپكا، كۆكۈللىرىنى چاچمىسىلا، — كامىل پۈتۈن ئۆمرى قاباھەتلىك چۈش ئىلكىدە ئۆتۈپ، ئەمدىلا ئويغانغان تۇراپ ئىمىنگە تەسەللى بەردى، — ئادەمنى تونۇش ھەم ئۇنى ئىشلىتىشنى بىلىش ئەمەل تۇتقانلار ئۇچۇن ئاش - تاماقتىنمۇ، ھەتتا ھاياتىدىنمۇ مۇھىم. بۇ مىزانغا سەل قارىغان ھەرقانداق ھۆكۈمدار ئۆزى مىنگەن ئاتنىڭ تېپىشى، بېشىنى سىيلاپ باقـ قان ئىتنىڭ چىشلىشى بىلەن زۇۋاللىققا يۈزلىنىدۇ:
كامىل گويا ئالدىدا ئولتۇرغان ماھىگۈلنى ئۇنتۇپ قالغانـ دەك كۆزىنى يۇمۇپ، تامغا بېشىنى تىرىگەنچە خىيالغا كەتتى. راست ئەمەسمۇ، مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ ئۆز ئوغلى شاھزادە ئابـ دۇللىتىپنىڭ قىلىچىدا بېشى ئېلىنمىدىمۇ؟ ھەزرىتى مىر ئەلىـ شىر نەۋائىنىڭ ئەڭ يېقىن ئاشپىزى تامىقىغا زەھەر سالمىدىمۇ؟ زەينىدىنىنىڭ يۈندىكەشلىكىنى قىلغان رىخىم نۇرى، قۇتبىرەم، ساجىتخانلار، خوجايىنى بىرلا تېپىلىپ كېتىۋىدى، ئۇستىگە چىقىپ چەيلەپ پايخان قىلىۋەتمىدىمۇ؟ خالىقنى دەپ ۋالاقلىمىلىق بىلەن تالاي - ئارازلاشقان تۇراپ ئىمىن ئاخىرى كېلىپ ئۆزى دېپىنى چالغان خالىقنىڭ قولىدا زەبۇنلۇققا يۈزلەنمىدىمۇ؟ تارىختا بۇنداق ۋەزىر - ۋۇزۇرالىرى، سىرداش ھەمراھلىرى، خوتۇن - بالىلىرى تەرىپىدىن باغرى قان بولغان ئادەملەر ئاز ئۆتكەنمۇ؟!
كامىل ئاستا كۆزىنى ئېچىپ ماھىگۈلگە قارىدى ۋە ئۇنىڭ مىسكىن چىرايىدىن ساقايماس كېسەلگە مۇپتىلا بولغان يۈرىكىـ نى كۆرگەندەك بولدى
— ھە ماھىگۈل، ھېكمەت ئاكىڭىز بىلەن پاراڭلاشتىڭـ ىزمۇ؟ — دېدى كامىل ئاچچىقىنى تەستە بېسىپ، — ئۇ نېمە دەيدۇ؟
— ئۇ بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى، — ماھىگۈل كۆزلەـ

رىگە ياغلىقىنى باستى، — پەقەت «سىزنى تونۇمايمەن»
دېدى ...
— توغرا دەپتۇ، — كامىل ئۆزىنى ئاياپ
ئولتۇرمىدى، — هايۋان بالىسىنى باقساڭ ئاغزى - بۇرنۇڭنى
ماي ئېتەر، ئادەم بالىسىنى باقساڭ ئاغزى - بۇرنۇڭنى قان
ئېتەر» دېگەندەك، سىز ئۇنىڭ ئاغزى - بۇرنى تۇرماق
يۈرىكىنى لەختە - لەختە قان قىلدىڭىز، سىزدىن بۇنداق
جاپا كېلىشىنى ئويلىماپتىكەنمەن.
— كامىل ئاكا، ئاشۇ كۈنلەردە راستىنلا زېھنىم پەرد-
شان بولغاچقا، — ماھىگۈل بېشىنى كۆتۈرمەي سۆزلەۋاتاتتى، —
نېمە يېزىپ، نېمە قويغىنىمنى بىلمىدىم ... ئۇ خەتنى مەن
يازمىدىم ... مېنىڭ قوللىرىم يازدى ... بىلەمسىز، مۇشۇلەنتى
قوللىرىم يازدى ...
كامىل چىرنىشۋىسكىنىڭ: «نېمە قىلىش كېرەك» دېگەن
رومانىدىكى پەزىلەتلىك ئايال ۋېراپاۋلوۋنانى ئەسكە ئالدى. ئۇ،
ئۆزى ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان، سۆيۈملۈك ئېرى لوپوخوفنىڭ
قەدىناس دوستى كىرسانوفنى ياخشى كۆرۈپ قېلىپ، كۈنلىرى
قاتتىق ئازاب ئىچىدە ئۆتىدۇ. بىر كۈنى ۋېراپاۋلوۋنا ئېسىنى
يوقىتىپ، كىرسانوفنى ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىنى يېزىپ،
خەتنى ئېرىنىڭ ئۈستىلىگە تاشلاپ قويىدۇ. بىراق، ئۇ ئېسىگە
كەلگەندىن كېيىن، نېمە قىلىپ قويغانلىقىنى ئويلاپ:
«ياق ... ياق!، خەتنى مەن يازمىدىم، مېنىڭ مۇشۇلەنتى
قوللىرىم يازدى» دەپ قاتتىق ئازابلىنىدۇ. ئادەم ئەقىل -
ئىدراك خۇنۇكلەشكەندە ئېغىر ئىزتىراپقا چۈشۈپ كونتروللۇقە-
نى يوقاتقاندا ئەنە شۇنداق پاجىئەلەر يۈز بېرىدۇ. ئەمما، كامىل
دوستى ھېكمەتنىڭ، خەت تۇپەيلىدىن تارتقان كۈنلىرىنى ئويلە-
غىنىدا كۆزىگە ۋېراپاۋلوۋنا كۆرۈنمىدى.
— خەلقىمىزدە شۇنداق بىرگەپ بار: «دۈشمەنلەر سانجە-

غان نەيزىنىڭ يارىسىغا قارىغاندا، يېقىنلىرى سانجىغان يىگىند-
نىڭ يارىسى ساقايمايدۇ» — كامىل بارغانسېرى ئۆرلەپ
قېلىۋاتاتتى، — ھېكمەتنىڭ تەبىئىتىدىن ئېيتقاندا، ئۇ
يېنىكلىك بىلەن بىر قارارغا كەلمەيدۇ، «تونۇمايمەن» دېگەن
سۆزىنىڭ ۋەزنىنى ئۆزىڭىز مۇسەللەپ كۆرۈڭ!

— ياق! مەن ئۇنىڭ «كەچۈردۈم» دېگەن سۆزىنى ئاڭلىد-
ماي تۇرۇپ خوتەندىن ھەرگىز كەتمەيمەن. بۈگۈن …
بۈگۈن كېچىلا ھەممە رەزىللىكلىرىمنى بوينۇمغا ئالىمەن، توۋا
قىلىمەن، مەن ھەقىقەتەن ئۇنىڭ ماڭا، ئائىلىمىزغا قىلغان
ئەقىدىلىرىگە تۇزكورلۇق قىلدىم …

— بۇنداق دەريادىن ئۆتۈۋېلىپلا، كۆۋرۈكنى بۇزۇۋېتىدد-
غان يۈزسىزلىكنىڭ سىزنىڭ قولىڭىزدىن كەلگىنىگە ھەيراد-
مەن! … — كامىل غەزەپتىن سىلكىنىشى قولى ئاغرىپ كەت -
تى، — پېرى كامىللار، «بىر كۆڭۈل ئاغرىقى مىڭ كالتەك-
تىن يامان» دەپ توغرا ئېيتقان، ھېكمەتكە بۇ كۆڭۈل زىدىسى،
ئۆزىنىڭ ياخشى كۆرگەن، ھايات كۆكىدىكى بىرلا ئۈمىد يۇل-
تۇزىدىن كەلدى! دېمىسىمۇ يېغىلىققا تولغان بۇ دەۋر —
دان بىلەن سامانىنى ئايرىيدىغان شامال ساندۇقى بولدى! …

كامىلنىڭ سۆزلىرى ماھىگۈلنىڭ ئۆتمۈشى، بۈگۈنى ۋە
كەلگۈسىگە يېتىپ ئاشقۇدەك ئازاب ۋە ۋىجدان سورىقى بولالايت-
تى. ۋەزنى تاغدەك ئېغىر، نەشتەردەك ئۆتكۈر سۆزلەر ماھى-
گۈلنى ئولتۇرغان يېرىگە مىقلىۋەتتى. توغرا، ئۇ، ھېكمەت
ئاكىسىنىڭ يۈرىكىنى لەختە- لەختە قان قىلدى، سانجىلغان تىغى
دۈشمەنلەرنىڭ نەيزىسىدىن بەتتەر جاراھەتلەندۈردى! دەريادىن
ئۆتۈۋېلىپلا كۆۋرۈكنى بۇزۇۋېتىشتەك يۈزسىزلىك ئارقىلىق
«كۆڭۈل زىدىسى» پەيدا قىلغان ئۆزى … تۈگىمەس غەليانلار
كىمنىڭ «ئادەم» كىمنىڭ «چۈپرەندە» ئىكەنلىكىنى ئايرىغىنى
راست، كامىلنىڭ سۆزى ماھىگۈلنى «بۇغداي» ئەمەس

«سامان»غا چىقىرىۋەتتى. بۇ نېمىدېگەن نومۇس، شەرمەندى-
لىك، ئاھانەتلىك تامغا!
— بولدى، يىغلىماڭ ماھىگۈل، كۆز - ياش بىلەن
ھاياتتىكى داغلارنى يۇيۇۋەتكىلى بولمايدۇ، — ئاچچىقىدا قات-
تىق سۆزلەرنى قىلىۋەتكەن كامىلنىڭ قىزغا ئىچى
ئاغرىپ قالدى، — ئەمدى قەددىڭىزنى رۇسلاڭ، ئالدى-
ڭىزغا قاراڭ، سىز تېخى ياش، ئۆتكەن كۆۋرۈكلىرىڭىزدىن
باسمىغان يوللىرىڭىز كۆپ، ۋاقىت كۆپ نەرسىلەرنى ئۆزگەرتى-
ۋېتەلەيدۇ. قېنى ئۆزىڭىزنى بىر سىناپ كۆرمەمسىز!
— رەھمەت كامىلكا، رەھمەت! ...
— سىزنىڭ «خەتنى مەن يازمىدىم، لەنتى قوللىرىم
يازدى» دېگەن سۆزىڭىزنىڭ تېگىگە يېتىمەن، — دېدى كامىل
قىزدا ئازراق بولسىمۇ ئىشەنچ پەيدا قىلىش ئۈمىدىدە، — ئادەم
قاتتىق ئىزتىراپ ئوتىدا كۆيگەندە ھېسسىيات - تۇيغۇلار ئەقىل
ئۈستىدىن غالىب كېلىپ، ئۆزىنىڭ نېمە قىلىپ قويغىنىنى
بىلمەيدۇ، ئەقىل كۆزى كۆرمىگىدەك دەرىجىدە نېرۋىلار تور-
مۇزلىنىپ قالىدۇ، بۇنداق ھالەت چىرنىشۋىسكىنىڭ «نېمە
قىلىش كېرەك» دېگەن رومانىدا ناھايىتى ئېنىق
شەرھلەنگەن ...
— كامىل ئاكا، مەن سىزدىن كۆپ مىننەتدارمەن، تا-
ھازىرغىچە مېنى چۈشىنىدىغانلار بولمىغانىدى،
قىلغان سۆزلىرىڭىزدىن ماڭار يولۇمغا شولا
چۈشكەندەك بولدى ...
كامىل گۈلزىبا تۈگىگەندىن كېيىنكى ھېكمەتنىڭ روھىي
ھالىتى توغرۇلۇق سۆزلىدى. ئارقا-ئارقىدىن كەلگەن دەرد-ئە-
لەملەر تۈپەيلىدىن ھېكمەتنىڭ بارغانسېرى چۈشكۈنلىشىپ،
ھېچنېمىگە ھەپىلىسى يوق ئادەم بولۇپ قالغانلىقى، شۇ مەز-
گىللەردە دوستلارنىڭ ئۇنى مەجبۇرىي ئۆيلەپ قويغانلىقى، لې-

كىن ئۇ ئىشلارغا ئۆكۈنىدىغانلىقى ھەققىدە چۈشەندۈرۈپ ئۆتتى. دېمىسىمۇ ئۇلارنىڭ ياخشى كۆڭلى ئىككى ئادەمنى بەختسىز قىلىپ قويغانىدى.

قازناق ئىشىكى ئېچىلىپ ياڭ پەيجاڭنىڭ كىرىپ كېلىشى بىلەن سۆھبەت ئۈزۈلۈپ قالدى. ئەسلىدە كاملىنى ئەتىگەندە دوختۇرخانىغا يۆتكەشكە كېلىشكەنىدى. ياڭ پەيجاڭنىڭ چۈشتە كېلىشى ھەم ئۇنىڭ سېلىنىپ كەتكەن قاپاقلىرىدىن ۋۇجۇرىن، لى گاڭلار بىلەن تۇتۇشۇپ قالغانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. باياتىن بېرى يوتقىنىغا پۈركىنىپ يېتىۋالغان تۇراپ ئىمىن ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ياڭ پەيجاڭ «كامىل، ماڭىلى، ھارۋا سىرتتا ساقلاپ قالدى» دېدى - دە، كامىلنىڭ سومكىسىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ كەتتى، تۇراپ ئىمىن ئېھلداپ كېلىپ كامىل بىلەن قۇچاقلاشتى ۋە: «ساقىيىپ پاتراق قايتىپ كېلەلا» دەپ بۇرنىنى مىشىلدىتىپ تارتىپ قويدى. ماھىگۇل كامىلنىڭ باغرىغا تاشلىنىپ ئۈنسىز ياش تۆكتى، ئاندىن ئىككىسى تەڭ قازناق ئىشىكتىن چىقتى.

ھارۋا شەھەر يولىغا يۈرۈپ كەتتى. ئەتراپتا تۆمۈر نىياز كۆرۈنمەيتتى. شۇڭا، ماھىگۇل ئۇدۇللا گۇڭشې دوختۇرخانىسىغا باردى. ئۇ بالنىتسىغا كىرگەندە تۆمۈر نىياز كارىۋات يېنىدىكى ئۈرۈندۇقتا ئوقۇتقۇچىسىغا قاراپ ئولتۇراتتى.

— ماھىگۇل، مۇئەللىمنىڭ چۈشلۈك تامىقىنى ئەكېلىپ قويدۇم، — دېدى ئۇ ئۇستەلدىكى كورىنى كۆرسىتىپ، — ئويغانغاندا ئىچۈرۈپ قويارسىز.

— ماقۇل.

— ئەمدى سىز شەھەرگە قاچان قايتماقچى؟

— ھېكمەت ئاكام ياخشى بولۇپ قالغۇچە باقىمەن.

— بەلكىم مۇئەللىمنى بۇ يەردە ئۇزاقمۇ تۇرغۇزمايدۇ.

ماھىگۇل ھېكمەتكە بەش كۈن ھەمراھ بولدى. ئۇ دەسلەپتە

ئۆزۈندۈقتا ئولتۇرۇپ ئۇخلاپ باقتى، لېكىن بەللىرى ئاغرىپ
زادى بولالمىغاندىن كېيىن، بىر ئەدىيالنى تۆت قاتلاپ يەردىلا
ئۇخلىدى. ھېكمەت دوختۇرخانىغا كېلىپ ئىككىنچى كۈنى ما-
ھىگۈلنىڭ بازاردىن ئېلىپ كەلگەن تامىقىنى ئازراقلا يەپ قويۇپ
قويدى. ئۇ تۆمۈر نىيازغا: «ئۇزۇن ۋاقىت ئاچ - توق يۈرگەچكە
بازارنىڭ مايلىق تاماقلىرى ئېغىر كېلىدىكەن، شۇڭا مەكتەپنىڭ
زاغرا، ئۇماچ، سۇيۇقئاشلىرىدىن ئەكېلىپ بەرسەڭ» دېدى.
ھېكمەتنىڭ بەش كۈن ئىچىدە چىش يېرىپ دېگىنى پەقەت شۇ
بىر ئېغىز گەپ بولدى. ئۇ، كارىۋات يۆلەنچۈكىگە ياستۇقنى
تېرەپ ئولتۇرغىنىدا بولسۇن ياكى ئويغاق ياتقانلىرىدىمۇ دېرىزى-
دىن كۆرۈنۈپ تۇرغان تال بوستانلارغا، تورۇسقا قادىلىپ قارى-
غىنىچە نەچچە سائەتلەپ ئۈن - تىنسىز جىمىپ كېتەتتى. ماھى-
گۈلنىڭ ئۆزىنى ئەيىبلەپ كەچۈرۈم سوراشلىرى، قانداقتۇر
ئىشلارنى چۈشەندۈرۈشلىرى، تۆنلەپ دەرد تۆكۈشلىرى گوياكى
چىۋىنىنىڭ گىژىلدىشى، پاشىنىڭ غىڭىلدىشىدەكمۇ بىلىنمەيت-
تى. ئۇنىڭ خىيال قۇشى يۈرۈڭقاش دەريا بويلىرى، قۇرۇم
كۆلى، قوشكۆل، يېڭىئېرىق سۇ ئامبارلىرى، ئەلنامە، ھالال-
باغ كەنتى ئاسمانلىرىدا سەيلانە پەرۋاز قىلاتتى ... دوستى مۇرات
بىلەن غايىۋانە مۇڭدىشاتتى، ئۇنىڭ ھەزىل - چاقچاقلىرىنى،
ئېگىز بۇرۇن، شادا پاچاقلىرىنى، ھالال مۇغەمبىرلىك كەتمەي-
دىغان چىرايىنى كۆرۈۋاتقاندەك كۆزلىرى لىپمۇ لىپ سۇزۇك
قەتىرلەرگە تولاتتى ... قان - زەرداب، ئاچچىق ياشلارنى تۆكۈپ
تۇرۇپ يازغان «ئۆمۈر خاتىرلىرى»، «ئۇنتۇلغان قەلب»،
«كۈتمىگەن تەقدىر» ناملىق ئەسەرلىرىنى كۆڭلىدىن قايتا ئۆت-
كۈزەتتى، پىشقىلايتتى، ئۇلارنىڭ يوتقان - كۆرپە، ياستۇق
ئىچىدىكى بۇرۇقتۇرمىلىق ئىچىدىن قۇتۇلۇپ، ئۆزىنى نامايان
قىلىدىغان دەۋرلەرنىڭ كېلىشىنى تىلەيتتى!
سان - ساناقسىز يۇلتۇزلارغا تولغان ئاۋغۇست كېچىسى،

دېرىزىدىن چۈشكەن ئاي نۇرى كارىۋاتنى يورۇتۇپ تۇرىدۇ. ياستۇقىغا يۆلىنىپ ئولتۇرغان ھېكمەت، يۈرىكىنى پۇشايمان ئوقلىرى ھەرە كۆنىكىدەك ھۆتمۇ تۇشۇك قىلىۋەتكەن قىزنىڭ مۇڭلىرىنى ئاڭلىغاندەك ئولتۇرىدۇ، ئۇنىڭ نالە - پىغانلىرى قۇلىقىغا كىرىۋاتامدۇ، يوق، بۇ بىزگە قاراڭغۇ، ئۇ بىر چېكىتكە تىكىلىپ قالغان ...

— ھېكمەت ئاكا، ئەتە سىزنى مەكتەپكە ئېلىپ كېتىدىكەن، — دېدى ماھىگۈل ئىسەدەپ، — مەن سىزنىڭ بىر ئېغىز گېپىڭىزنى ئاڭلىماي كېتەرمەنمۇ؟ كەچۈرمەيدىغانلىقىڭىزنى بىلىمەن، شۇنداقتىمۇ «ماھىگۈل» دەپ ئىسمىمنى بولسىمۇ چاقىرىپ بېقىڭ، سىزنىڭ ئاۋازىڭىزنى ئاڭلاپ باقاي. سىز مېنى كىچىكىمدىن باشلاپ بېشىمنى سىلىدىڭىز، تەقدىر - ئىقبالىمنى قولۇمغا تۇتقۇزدىڭىز، ھايات يولۇمنى كۆرسەتتىڭىز، ھەممە - ھەممە نېمىنى بەردىڭىز. ئەمما، بىرلا نەرسىنى — مۇھەببىتىڭىزنى ئايىدىڭىز، خۇدايىم كۆڭلۇمگە ئاشۇ تىلەكنى سالمىسا بوپتىكەن ... مەن سىزنىڭ ئاكىلىق مېھىر - مۇھەببىتىڭىزدىن مەڭگۈ بەھرە ئالغان بولارئىدىم، ئەپسۇس ... ئەپسۇس ... ئاشۇ لەنىتى ئىپلاس خەتنى نېمىشقىمۇ يازغان بولغىيتتىم. ياق! ئۇنى مەن يازمىدىم. مېنىڭ قوللىرىم يازدى! قوللىرىم نېمىلەرنى يازغىنىنى بىلمەيمەن ... مەن كۆرمۇدۇم!

ماھىگۈل ئىسەدەپ - ئىسەدەپ جىمىپ قالدى، ھېكمەتتىن سادا چىقمىدى.

— ھېكمەت ئاكا، خېتىمدە مەھبۇبەنى ھاقارەتلەپ بەكمۇ ئەسەبىيلىشىپتىمەن، ئەسلىدە ئۇنىڭدا گۇناھ يوق ئىكەن، — ماھىگۈل تۇنجى قېتىم زور غەيرەتكە كېلىپ، ھېكمەتنىڭ يوتقان ئۈستىدىكى قولى ئۈستىگە قولىنى قويدى، — مەن ئۇنىڭدىن كەچۈرۈم سورايمەن، نەسىھەت قىلىپ ئۇنى ئەكېلىپ قويسام

بولامدۇ؟ قىزىڭىزنى كۆرگۈڭىز كەلگەندۇ؟

كۆزلىرىنى چوڭ ئېچىپ تىكىلىپ تۇرغان ھېكمەت بىلىنەر - بىلىنمەس بېشىنى چايقاش ئارقىلىق «ياق» ئىشارىتىنى قىلدى. بۇ چاغدا ماھىگۈلنىڭ ئىچىدە بىر يېرى «شۇۋ» قىلىپ نازۇك بېشارەت بېرىپ ئۆتتى. بۇ بېشارەتنىڭ نېمىنىڭ سىگنالى ئىكەنلىكىنى ماھىگۈل ئاڭقىرالمىدى.

— ھېكمەت ئاكا، گۈلزىبا ئاچامنىڭ ھەققى - ھۆرمىتى ئۈچۈن، ئەڭ بولمىسا مەن سىزنى يېڭىئېرىق سۇ ئامبارلىرىغا كىرىپ يوقلاپ تۇرغىنىمنىڭ يۈزىنى قىلىپ بولسىمۇ، مەن بىلەن ئىككى ئېغىز پاراڭلىشىڭ، — ماھىگۈل يورۇپ كېلىۋاتقان تاڭغا قاراپ تەقەززار بولماقتا ئىدى، — ھېكمەت ئاكا، مەن مەھبۇبەنىڭ نەبىگە يازغان ئۇزۇن خېتىنى ئوقۇغاندىن كېيىن، ئاندىن ھوشۇمنى تاپتىم. سىز مۇھەببەتكە تولغان يۈرىكىڭىزنى ئاچام بىللە بىلەن دەپنە قىلىۋېتىپتىكەنسىز باشقىلارغا بېرىدىغان ھېچ نەرسىڭىز قالماپتۇ ... سىز دوستلىرىڭىزنىڭ لەۋزىنى يىرالماي، مەھبۇبەگە ئۆزىڭىزنى قۇربان قىلىپسىز ...

ئەمدىلىكتە ھېكمەتنىڭ كۆزلىرى يۇمۇلغان بولۇپ، بىر - بىرىنى قوغلىشىپ چۈشۈۋاتقان ياشلار ئۇنىڭ ئورۇق يۈزلىرىدىن دومىلاپ چۈشمەكتە ئىدى.

ئەتىگەندىلا يېتىپ كەلگەن ئىككى مىنبىڭ ھېكمەتنىڭ يوتقان - كۆرپىسىنى يىغىشتۇرۇپ ئۇنى ئېلىپ ماڭدى. ئۇلار مەكتەپنىڭ چوڭ دەرۋازىسىدىن كىرىپ، ئۇدۇل ئوقۇتۇش بىناسىغا قەدەم ئېلىشتى. ھېكمەتنى زەي زىندانغا ئاپارماي بۇرۇنقى گۆندىخانا — ئوقۇغۇچىلار ئويۇشمىسىغا ئېلىپ كېلىشتى، مىنبىڭلار ماھىگۈلنى ئىشىك ئالدىدىلا ئالدىنى توستى، ئۇنىڭ «يوتقان - كۆرپىسىنى سېلىپ بېرەي» دېگەن تەلىپىنى رەت قىلدى.

— ھېكمەت ئاكا ... — ماھىگۈل كارىدوردىلا ھېكمەت-

نىڭ باغرىغا تاشلاندى، — ئەمدى قاچانمۇ كۆرۈشەرمىز ... مەن ئەمدى ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرىغىچە پۇشايمان ئازابىدا ئۆتىدىغان بولدۇم ...

ھېكمەت قوللىرىنى ئاستا كۆتۈرۈپ، ماھىگۈلنىڭ بېشىنى ئالىقانلىرىغا ئالدى ۋە پېشانىسىگە بىرنى ئۆپتى، ئاندىن: «ئاقيوللۇق بولۇڭ، خۇدايىم بەخت - تەلىيىڭىزنى بەرسۇن ...» دېدى - دە «گۈندىخانا»غا كىرىپ كەتتى. ئالتە كۈندىن بېرى بىر ئېغىز سۆزىگە زار بولغان ماھىگۈل ئۈچۈن ھېكمەتنىڭ «خەيرلىك ۋە بەخت» تىلىگەن سۆزى، شۇنداقلا بىر ئۆپۈشى، پۈتۈن دۇنيانى ئۇنىڭغا قايتۇرۇپ بەرگەندەك بىلىندى - دە، ئاللا قاچان قۇلۇپ سېلىنغان ئىشىككە ئۆزىنى ئۇردى!

— ھېكمەت ئاكا! ... جېنىم ھېكمەت ئاكا! ! ... سىز نېمىشقا بالدۇرراق گەپ قىلمىغان بولغىيتتىڭىز ... مېنىڭ سىزگە دېيەلمىگەن تولىمۇ جىق گەپلىرىم بار ئىدىغۇ... ئىچىمگە تولۇپ كەتكەن دەردلىرىمنى ئەمدى كىمگىمۇ ئېيتارمەن... كۆزلىرىم ئىزلىرىم بىلەن تەڭ ئارقامدا قالامدۇ ... ھېكمەت ئاكا! ... ھېكمەت ئاكا! ... — ماھىگۈل مۇشتۇملىرىدا ئىشىكنى قاتتىق ئۇرۇشقا باشلىدى، — گېپىمنى ئاڭلاۋاتامسىز؟ ئەمدى مېنى زادىلا كەچۈرمەمسىز؟

بىر چاغدا مەھبۇبە جاۋابسىز قالغىنىدەك ماھىگۈلمۇ جاۋابسىز قالدى ...

ماھىگۈل كەچلەپ شەھەرگە قايتىپ كىردى. ئۇ دەرۋازا گۈندىسى ئاستىدىكى ئاچقۇچنى ئېلىپ قۇلۇپنى ئاچتى ۋە ھويلىغا ئارانلا كىردى. ئۇنى جىسمانىي چارچاشقا قارىغاندا روھىي ھارغىنلىق ھالىدىن كەتكۈزگەنىدى. ئاچىسى گۈلزىبانىڭ كارۋىتىغا ئۆزىنى تاشلاپ بىردەم ياتقاندىن كېيىن، قورسىقىنىڭ ئاچقانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ مىنبىڭلار ھېكمەتنى دوختۇرخانىدىن ئەتىگەندە ئېلىپ ماڭغاندىن تارتىپ ئاغزىغا ھېچنېمە سال-

مىغانىدى. توختى قۇربان، ئەخمەت هوشۇر، زىكرۇللا غوجىلار-
نىڭ ئۆيلىرىنى پەتىلەپ قويىساي دەپ ئىويلىغان بولىسىمۇ كىرىش-
تىن يالتايىدى. چىۈنكىى، ئىەكسىيىەتچىى تەشىكىلات
«زۇڭتىۇڭىى» نىڭ قېپىنىسىڭلىسى ئۇلارنىڭ ئائىلىسىنى يوق-
لىسا دەرد ـ ئۇستىگە دەرد ئېلىپ كەلمەمدۇ. لېكىن، ماهى-
گۇل ئېزىتارمۇشىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ نازىلىخان بىلەن كۆرۈشتى.
بۇ جەسۇر دېھقان قىزى كۇندۇزلىرى ئەترەتنىڭ ئېتىز ـ ئېرىق
ئىشلىرىغا قاتناشسا. كەچ تەرەپلەردە گۆشگىردە يېپىپ، نان
يېقىپ ئوغرىلىقچە سېتىپ بالىسىنى يەرگە قاراتماي بېقىۋېتىپ-
تۇ. ئۇ، «ئېزىزنى هېلىغۇ ئون بەش يىل كېسىپتۇ، بىر يۈز
ئەللىك يىل كەسسىمۇ ساقلىغىنىم ـ ساقلىغان» دېگەن ئىرادىگە
كەلگەنلىكىنى يىغلاپ تۇرۇپ سۆزلەپ بەردى.

قورسىقى بەك ئېچىپ كەتكەن ماهىگۇل قىزىق دەرۋازىغا
بېرىپ يەيدىغان نەرسە ئەكېلىشكىمۇ ئېرىنىپ ئورنىدىن ئارانلا
تۇردى. شۇ چاغدىلا ئۇ، ئۇستەل ئۇستىدىكى يۆگەكلىك داستى-
خاننى كۆرۈپ قالدى. ئۇنىڭ قېشىدا يېشىل سىرلىق چاي
چۆگۈنىمۇ تۇراتتى. ماهىگۇل چۆگۈننى تۇتۇپ باققانىدى، تېخى
قىزىقلىقى كەتمىگەنىدى. ماهىگۇل داستىخاننى ئېچىپ، ئىچى-
دىكى ئىككى گۆشنانىنى كۆرۈپ هەيران قالدى. لېكىن، ئاچ-
قۇچنى قويغان يەرنى كىمنىڭ بىلىدىغانلىقى ئۆزىگە ئايان بول-
غاچقا، دەملەنگەن چاي بىلەن گۆشنانىنى راسا مەززە قىلىپ
يېدى. گۆشنانىنىڭ يېرىمى قالغاندا دەرۋازا ئېچىلىپ مەهبۇبە
كىرىپ كەلدى.

— ماهىگۇل، بوستاندىن قاچان كەلدىڭىز؟ — مەهبۇبە-
نىڭ ئاۋازى ئاردىدا هېچ ئىش يىۈز بەرمىگەنىدەك تە-
بىئىي ئىدى، — هەپتىدىن بېرى كۇندە كىرىمەن، ئەتىسى
سوۋۇپ قالغان تاماقنى ئېلىپ چىقىپ كېتىمەن. خېلى ئۇزۇن
تۇرۇپ قالدىڭىزغۇ؟

خىجىللىق ۋە نومۇس ئىلكىدە ھېلىدىن ھېلى قىزىرىپ - تاتىرىپ ئولتۇرغان ماھىگۇل، ھېكمەتنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈلپەتنى بىرمۇ بىر سۆزلەپ بېرىۋېدى، مەھبۇبە سەكرەپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى:

— ماھىگۇل ئېيتىڭا، ھېكمەتنىڭ جاراھىتى قانداق، بەك ئېغىرمۇ؟ ھازىرمۇ شۇ زەي زىنداندا يېتىۋاتامدۇ؟

— ئەنسىرىمەڭ، ھەركۈنى ئۆزۈم تېڭىقلىرىنى يۆتكەپ، دورىلىرىنى ئىچۈرۈپ تۇرغاچقا ئالتە كۈنگە بارمايلا خېلى ياخشى بولۇپ قالدى، — دېدى ماھىگۇل مەھبۇبەنىڭ چىرايىغا قارد - يالماي، — ھازىر ئۇنى بۇرۇنقى ياتقان يېرى — ئوقۇغۇچىلار ئويۇشمىسىغا يۆتكىدى، مېنىڭمۇ كۆڭلۈم جايىغا چۈشتى. ھېلىقى زىندان بەكمۇ قورقۇنچلۇقكەن، بەئەينى قاراڭغۇ گۆر ...

— سىز كىرىپ كۆرۈپ باقتىڭىزمۇ؟

— كۆردۈم، ھەتتا زىنداننىڭ نەم تاملىرىغا يېزىۋەتكەن نۇرغۇن شېئىرلار بار ئىكەن، ھەممىنى كۆچۈرۈۋالدىم، — دېدى ماھىگۇل مەغرۇرلانغان ھالدا، — ئەمما، قارا چىراغنىڭ ئىسىدا تۇنجۇقۇپ قالغىنى تاسلا قالدىم.

ماھىگۇل مەھبۇبەنىڭ ھەپتىدىن بېرى بۇ ئۆينى يوقلاپ، تاماق توشۇپ تۇرغىنىنى ئاڭلاپ، ئۆزىنىڭ بوستانغا كەتكەنلىكىدىن خەۋىرى بارلىقىنى بىلدى. شۇنداق تۇرۇقلۇق ئۇ نېمە ئۈچۈن ماھىگۇلنىڭ ئارقىسىدىن بارمىدىكىنە؟! باشقا ئايال بولسا كۈنداشلىق قىلىپ، ئەڭ بولمىسا ئېرىنى قورۇپ بولسىمۇ بارىدۇ - دە. چۈنكى، بۇ ئىككى ناتىۋاننىڭ ھېكمەت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئادەتتىكى مۇناسىۋەتلەردىن بولمىسا ...

— مەھبۇبە، سىز بوستانغا بارمىدىڭىزغۇ؟ — ماھىگۇل سەل دۇدۇقلاپ سورىدى، — سىزنى كېلىپ قالارمىكىن دەپ

يولىڭىزغا قارىدىم.
— سىزنىڭ كېرىيەدىن كېلىپ بوستانغا بارىدىغانلىقى-ڭىزنى بىلگەچكە خاتىرجەم بالامنى باقتىم، — مەھبۇبە كۆزلى-رىدىكى ياشنى سۈرتمەي كۈلدى، — ئەمدى ئۈچقۇنئاينى كۆر-ستىپ كېلىمەن.
— ئۇلار كۆرۈشتۈرگىلى قويامدۇ؟
— بىر ئامالىنى قىلمامدىم، — دېدى مەھبۇبە بىردىنلا مۇڭلىنىپ، — ئىككى ئاينىڭ ئالدىدا بىر بارغىنىمدا سازايى قىپتىكەن، شۇچاغدا بىر قېتىم كۆرۈۋالدىم. كېيىنكى قېتىمدا بارغانلىرىمدا مىنبەڭلار مېنى ئىشىك سىرتىدا پاراڭلاشقىلى قويدى ··· ھېكمەتمۇ ئۈچقۇننىڭ «دەددە ··· دەددە» دېگەن ئاۋازى-نى ئاڭلىدى.
— ھېكمەت ئاكام نېمە دېدى؟
— ئۇ ··· ئۇ ··· «قىزىم ئاتىلىق بۇرچۇمنى ئادا قىلالمى-دىم ···» دەپ يىغلاپ سالدى ···
مەھبۇبە ھېكمەتنىڭ: «بۇنىڭدىن كېيىن كەلمەڭ، ھېك-مەت ئاتلىق دادىڭىزنى ئۆلدىگە چىقىرىۋېتىڭ» دېگەن سۆزلىرى-نى دېگۈسى كەلمىدى، لېكىن ماھىگۈل تۆمۈر نىيازدىن ھەممى-نى ئاڭلاپ بولغانىدى.
— ۋاي خۇدايىم، مەن تۇراي، قىزىم ئۇخلاپ قالغان، قارا بېسىپ قالمىسۇن يەنە، ياستۇقى ئاستىغا پىچاقنى قويۇپ قويغان، شۇنداقتىمۇ ئەنسىرەيمەن، — مەھبۇبە ئورنىدىن تۇردى، — ماھىگۈل يۇرۇڭ، بىزنىڭ ئۆيگە چىقىپ كېتەيلى، يالغۇز ياتسىڭىز قارا باسىدۇ ياكى غېرىبسىنىپ قالىسىز ···
— مەن ئەتە چىقىپ سىز بىلەن پاراڭلىشارمەن دېگەن، — دېدى ئۇ ئېگىز - پەس ھالغا كېلىپ، — بوپتۇ چىقسام چىقاي ···

ئۇلار ئىشىك ـ دەۋازىغا قۇلۇپ سېلىشتى، ئاندىن جىمغىنا مېڭىشىپ ئېگىز ئەنجان تاملىق قورۇغا كېلىشتى. هازىر هويلا ئىچى تۇزلىنىپ، پاسىل تام ئورنىدا يۇلغۇن شاخلىرىدا قوشام قىلىنغانىدى. مەهبۇبە ماھىگۇلنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلگەندەك: «ئەركىشى بولمىسا تەسكەن، تۆت ـ بەش ئىشلەمچىنى ياللاپ، هازىرچە يۇلغۇندا ئاھادا قىلىپ، مۇشۇنچىلىك تۇزەپ قويدۇم» دەپ قويدى. ئۇلار ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن، مەهبۇبە تاتلىق ئۇخلاۋاتقان قىزىغا بىر قارىۋېتىپ قىزىق چاي دەملىدى. كات ئۈستىگە كىچىك شىرەنى قويۇپ، كۆك يوللۇق ئاق داستىخاننى سالدى ۋە بىساتىدا بار تاتلىق ـ تۈرۈملەرنى ئېلىپ تىزدى، ئاندى:

— شىرەگە يېقىن كېلىڭ، هېرىپ قالغاندا قىزىق چاي ئىچسە ئادەمنىڭ هاردۇقى چىقىدۇ، — دېدى.

نېمە ئۈچۈندۇر ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى سۆز ـ هەرىكەت-لەردە ئادەمنى بىزار قىلغۇدەك هەددىدىن ئارتۇق تەكەللۇپ ۋە قۇرۇنۇش بار ئىدى. بۇ هالەت ماھىگۇلدە ئېغىرراق بولۇپ، هە دېسە كۆزلىرىنى قاچۇرۇپ، قىزىرىپ، تاتىرىپ، هودۇقۇپ تۇراتتى. بۇنىڭغا بەلكىم ئون كۈن ئالدىدا هەرئىككىسىنىڭ قەبىھ هاقارەتلەر ئارقىلىق غەزەپ ئىتىغا مىنگەنلىكى سەۋەب بولغان بولسا كېرەك. شۇڭا، هۆكۈمالارنىڭ: «كىشى بىلەن ئالدىرىمايراق دوست بول، دۈشمىنىڭگە ئالدىرىمايراق دۈشمەن-لىك قىل، كىم بىلىدۇ، دوستۇڭ دۈشمەنگە، دۈشمىنىڭ دوستقا ئايلىنىپ قالامدۇ» دېگىنى ناهايىتى جايىدا قىلىنغان نەسىهەت. «ناۋادىرۇل كەلىمات» (نادىر سۆزلەر) دېگەن كى-تابتا شۇنداق يېزىلغان: بىر كىشى بىر بۇزرۇكۋاردىن: «بار-لىق ياخشى خولۇقنى كىشىنىڭ يادىدا تۇتۇشى ئاسان بولغان بىر سۆپەتكە يىغىنچاقلاپ بەرسەڭ» دەپ ئىلتىجا قىلغانىكەن. ئۇ بۇزرۇكۋار: «غەزەپنى تەرك ئەتمەك هەممە خويلارنىڭ ئاتىسى،

ئاچچىقلانماق بارلىق يامان خۇيلارنىڭ ئانىسى» دەپ جاۋاب بې-رىپتۇ. دەر ھەقىقەت، غەزەپ ۋە ئاچچىقلانماقتىن «يامان خۇي-لارنىڭ ئانىسى» ئوخشىمىغان يامانلىقلارنى تەۋەللۇت قىلىدۇ… تەڭلىك، خىجالەتچىلىك، ئۆكۈنۈش، نومۇس گۈلخانلىرىدا ئۆر-تۈنۈۋاتقان ماھىگۈل مەھبۇبەلەر شۇنداق بولۇۋاتامدۇ.

— قېنى ئېلىڭا، بېقىڭا، — مەھبۇبە دەرھال چىنىسىغا قارىۋالدى، — ئۇسساپمۇ قالغانسىز.

— رەھمەت، ئېلىۋاتىمەن، — ماھىگۈلمۇ چىنىسىنى قولىغا ئالغان بولدى، — سىزنى «مەھبۇبە»لا دەپ كەتتىم كۆڭلىڭىزگە ئالمايدىغانسىز؟

— ياقەي، — مەھبۇبەمۇ ئۆڭۈپ تاتىرىپ تۇراتتى، — ئەسلىدە مەن گۈلرۇز بىلەن تەڭ دېمەتلىك…

مەھبۇبە پۇشايماننىڭ ئاچچىق دورىسىنى يەپ قېيىنىلىۋاتات-تى. ھېكمەتنىڭ ئۆزىنى ھەيدىۋەتكەنلىكىنى ماھىگۈل ئاڭلىدى. ئەمدى ئۇ: «ھېكمەتتىن ئىبارەت جاۋاھىرقولۇمدا ئىكەن، دۇن-يادىكى ھەممە نەرسە مېنىڭكى» دېگەن گېپىمگەئىچىدە كۈلۈۋات-قاندۇ، ۋاي خۇدايىم: «يەرمۇنبەت بولسا، كۆچەت ئاينىيدۇ…» دېگەن پاسكىنا گەپ ئاغزىدىن قانداق چىقىپ كەتتىكىنە؟ ماھى-گۈل مېنى قارا قورساقلىق، ئەخلاقسىزلىق، بېشەملىكتە ئەيىب-لەۋاتقاندۇر، چاپسانراق يېتىپ قالساق بوپتىكەن… بەزى ھال-لاردا قاراڭغۇمۇ ياخشى نېمىكەن…

ماھىگۈلنىڭ ئەھۋالى ئۇنىڭدىن بەتتەر ئىدى. ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدا تەربىيە كۆرگەن زىيالىي شۇنداق ھازازۇل بولامدۇ؟ بوسۇغىدىن پۇتىنى ئالا - ئالماي، ئىشنىڭ تەكتىگە يەتمەي تۇرۇپلا بىراۋنى سەنلەپ قوپاللىق قىلسا، ئىشەككە ئوخشىتىپ ھاقارەتلىسە، ئەدناسى پاك، غۇبارسىز بىر نارەسىدە قىزدا نېمە ئۆچى باردۇ؟ ئۇنى «ئىت - مۇشۇك» نىڭ بالىلىرىغا ئوخشاتقى-نى ئادەمىيلىك پەزىلەتمۇ؟ يەنە كېلىپ ئۇ، ھېكمەت ئاكىسىنىڭ

بىر تال گۆھىرى تۇرسا ... شۇ چاغدا ماھىگۈل نېمىشقىمۇ شۇنچە ئەسەبىيلەشكەن بولغىيتتى. غەزەپ ئوتىنى، ياۋاشلىق سۈيى بىلەن ئۆچۈرگەن بولسا، بۇنداق سەتچىلىكلەر روي بەرمىگەن بولارمىدى. دانىشمەنلەرنىڭ: «ئىتىڭنى تېز چاپتۇرمىغىن ئۇن-چىلا، تىزگىنىنى تارتمىقىڭ بولغاي قىيىن» دېگەن بېشارىتىمۇ بار ئەمەسمۇ ...

ماھىگۈل ئەتىياز پەسلى قار ئاستىدىكى تاپنى ئاشكارىلاپ قويغان قۇياشتەك يۈزلىرىنى ئوچۇق يورۇتۇپ تۇرغان چىراغقا غىجىنىپ قاراپ قويدى.

ئۇلار پاتلا داستىخانلىرىنى يېغىشتۇرۇپ يېتىپ قېلىشتى. قاراڭغۇلۇق تىقىلغان ئۆيدە ئانچە - مۇنچە مىدىرلاپ قويغان شەپە ۋە گاھ - گاھ ئاڭلىنىپ تۇرغان ئېغىر تىنىشلاردىن باشقا تۈۋش ئاڭلانمايتتى، ھەر ئىككىلىسى ئۇخلالمايۋاتاتتى.

— مەھبۇبە ئاچا، — ماھىگۈل ئاستا شىۋىرلىدى.

— ھە، تېخى ئۇخلىمىدىڭىزمۇ؟

— ياق ... — ماھىگۈل نېمە دېيىشنى بىلمەي جىمىپ قالدى، — سىز ... سىز مېنى كەچۈرەمسىز؟

— كەچۈرگۈدەك ھېچ ئىش بولمىدىغۇ، — مەھبۇبە مى-شىلداپ بۇرنىنى تارتتى، — كەچـۈرۈمـنـى مـەن سـو-رىـسـام بولىدۇ ...

— سىزنىڭ نەبىگە يازغان خېتىڭىزنى ئوقۇدۇم ... — ماھىگۈل چوڭقۇر تىندى، — مەن ... مەن ... ھەممىنى چۈشەن-دىم ... تېگىگە يەتتىم ... مەن ئادەم ئەمەسكەنمەن ...

— ئۇنداق دېمەڭ، مەنمۇ كۆڭلۈڭىزگە كەينىگە كىرىپ نېمە ئىشلارنى قىلمىدىم، ئاخىرى ئېرىشكىنىم يەنىلا تەنھالىق. ھە-قىقىي ياخشى كۆرۈش، مۇھەببەت دېگەن بىر ئازابلىق كەچمىش-كەن، شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭغا پەرۋانىدەك ئۆزىمىزنى ئۇرۇپ تۇرد-دىكەنمىز، كۆيۈپ كۈلگە ئايلىنىشىمىزنى بىلىپ تۇرۇپ يانماي-

دىكەنمىز …

— مېنىڭ ھېكمەتكامنى ياخشى كۆرۈشۈم، — دېدى ماھىگۈل ئۆزىگە مەدەت بېرىۋاتقان قاراڭغۇلۇقتىن مىننەتدار بولۇپ، — تولىمۇ خام، يېتىلمىگەن ھېسسىياتتىن باشقا نەرسە ئەمەسكەن، سىزنىڭ بېشىڭىزدىن ئۆتكەن سەزگۈزەشت ماڭا ساۋاق بەردى. ھەقىقىي بەختكە ئېرىشىش ئۈنچىۋالا ئاسان ئەمەسكەن … ئەجىرسىز، جاپاسىز، رىيازەتسىز ئېرىشكەن ئامەتمۇ قۇم ئۈستىگە سالغان ئۆيدەك ئۆمرى كوتا بولىدىكەن …

— راست دەيسىز، ھېكمەت بىلەن گۈلزىبا ئاچامنىڭ بېشىدىن نى سەۋدالار ئۆتمىدى، — مەھبۇبە كۆڭلىدىكىنى دەۋاتاتتى، — شۇنداقتىمۇ خۇدايىم ئۇلارغا بەختىنىڭ رۇجەكلىرنى غىل - پاللا كۆرستىش بىلەن كۇپايىلەندى. ئۇنىڭغا قارىغاندا بىز ئەمدىلا شاكىلىنى يېرىپ چىققان چۈجىلەركەنمىز …

— بولۇپمۇ سىزنىڭ خېتىڭىزدىكى بەزى سەھىپىلەر مېنى ئوي - خىياللار قاينىمىغا غەرق قىلدى، گويا مەن ئېغىر بىر چۈشتىن ئويغانغاندەك بولدۇم …

ماھىگۈل كۆڭۈل باغلىرىدا بوران ئۇچۇرغان ھېلىقى ئېغىر ۋەزىنلەرنى قايتا ئويلاشقىمۇ قورقاتتى: «ھېكمەتنىڭ قەلبىدە زەررىچە بولسىمۇ ئىسسىق ئورنۇمنى تاپقان بولاتتىم … ئەگەر بولمىسا ئۇنىڭ يۈرىكىدە تولغاپ كەتكەن مۇزلارنىڭ بىرەر پارچىسى ئېرىگەن بولاتتى»، «ھېكمەت بىلەن گۈلزىبانىڭ مۇھەببىتى تاڭدا بالقىغان قۇياش ئىكەن …»، «ئويلاپ باقسام ئۇنىڭ سېتىۋالغان چۆگىنى مەن ئىكەنمەن … » دېگەن ئۆكۈنۈش، ئۈمىد، پۇشايمانلار مۇجەسسەملەنگەن سەھىپىلەر ئاچچىق ھەقىقەتنى چۈشەندۈرگەن بولسا: «مەن، يۈرىكىنى بىرىنچى ئايالى بىلەن بىللە دەپنە قىلىۋەتكەن ئادەمنىڭ قۇرۇغدىلىپ قالغان قەلب سارىيىغا مېھمان بولۇپ كىرىپتىمەن …» دېگەن جۈملە-

لەر نادامەت ۋە ھەسرەتلىك نالىلەر ئىدى. بولۇپمۇ ماھىگۈلنى ئازابلىق دەشتى - باياۋاندا ئۆرتىگىنى: «بۇ ساراي بۇنىڭدىن كېيىنكى ھەرقانداق ساھىبجامال مېھمانغىمۇ ئۆزىنىڭ سوغۇق ھەم سىرلىق تەبەسسۇمىدىن باشقا ساھىبخانلىق قىلالمايدۇ ...» دېگەن بېشارەت بولدى. بۇ: «ماھىگۈل، سەنمۇ ئالدىراپ كەتمە، مەن قالغان ئاقىۋەتكە سەنمۇ دۇچار بولىسەن» دېگىنى ئەمەسمۇ، چۈنكى ھېكمەت گۈلزىبانى ئۆز قەلبىگە دەپنە قىلغاچقا، ئۇنىڭ روھى مەڭگۇ تىرىك، ۋاختانى-ۋاخ كېلىپ بىرەر بەختى قارا ناتىۋان ھېكمەتنىڭ كۆڭۈل گۈلىستانىغا مېھمان بولۇپ بېرىپ قالغۇدەك بولسا، بۇ روھ ئۇنى تىنچ-ئامان قويارمۇ؟! قويغان تەقدىردىمۇ ئۇ، «چۆگۈن بولۇپ قېلىش بەختسىزلىكىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ ...

— مەھبۇبە ئاچا، — دېدى ماھىگۈل بېشىدىنى كۆتۈرۈپ، — مەن ئەتە نەبىنى كۆرۈپ كېلەي دەيمەن.

— مەنمۇ شۇنى ئويلاپ تۇراتتىم. ئىككىمىز بىللە بارىلى، — مەھبۇبەمۇ يانغا ئۆرۈلدى، — تەتىلدە پات-پات بېرىۋالمىسام دەرس باشلىنىپ كەتسە، بىر - ئىككى ئايدا ئاران يوقلىيالايمەن، ئۇنىڭ ئۇستىگە نەبى ئۇچقۇننى بىر قېتىم ئەكەلگەن بولسىڭىز دېگەنىدى.

ئۇلار قاچانلاردا كۆزى ئىلىنىپ كەتكەنلىكىنى بىلمەي قېلىشتى، ئەمما ماھىگۈل سەھەر تۇرغىنىدا مەھبۇبە يوق ئىدى. ئۇ يۇزلىرىنى يۇيۇپ، ئۇزۇن چاچلىرىنى قايتىدىن ئۆرۈپ، كىيىم ئالماشتۇرۇۋاتقاندا، ئۇزۇن ئاق داكا ياغلىق ئارتقان مەھبۇبە پەيدا بولدى. ئۇنىڭ قاپاقلىرى قىزىرىپ كەتكەن، يۈزى ياش يۇقى ئىدى. ئۇنىڭ ھەرىكەتلىرىنىڭ غەيرىيلىكى، كۆزلىرىنى ئېلىپ قېچىشى ئانىسىنىڭ قەبرىسىگە دۇئا قىلغىلى ئەمەس، بەلكى گۈلزىبانىڭ قېشىغا — ھېكمەتنىڭ يۈرىكىنى سورىغىلى بارغانلىقى ئېنىق ئىدى. ماھىگۈل: «شامۇ سەھەر-

لەردە گۈلزىبا ئاچامنىڭ قەبرىسىگە بېرىپ، ئۇنىڭدىن ھېكمەت-
نىڭ يۈرىكىنى قايتۇرۇپ بېرىشنى ئۆتۈنىمەن ···» دېگەن سەھە-
پىلەرنى قايتا ئەسلىدى.

— سەھەر ئويغانسام يوق ئىكەنسىز، — دېدى ماھىگۈل كۆڭلەك ئالماشتۇرۇۋاتقان مەھبۇبەگە ياندىن قاراپ، — بىر يەرگە باردىڭىزمۇ؟

— دۇئا قىلغىلى باردىم، — مەھبۇبە ماھىگۈلگە قارد-مىدى، — ئاياللار قەبرىستانلىقتا بارسا يامان بولىدۇ دېگەش-كە، جامائەت بامدات نامىزىدىن يانغىچە بېرىپ كەلدىم.

ئۇلار يېمەك - ئىچمەك، نەپىگە كېرەكلىك نەرسىلەرنى ئالغاندىن كېيىن ئۇچقۇنئاينى كۆتۈرۈپ ماشىنا بېكىتىگە باردى، ئاندىن كېرىيە ئۆزگەرتىش مەيدانىغا يۈرۈپ كەتتى.

ئۇلار ئۇچىنچى كۈنى چۈشكە يېقىن خوتەنگە قايتىپ كەل-دى. ماھىگۈل ماشىنىدىن چۈشۈپلا ئۇرۇمچىنىڭ بېلىتىدىن بىرنى سېتىۋالدى، بېلەت ئۆگۈنلۈكنىڭ ئىدى. ئۇلار شۇ كۈنى كەچ خانزاتخان ئانىنىڭ ئۆيىنى پەتىلەپ، سەئىدە بىلەن خېلى ئۇزۇن مۇڭداشتى، بەش ياشقا كىرگەن گۈلچىنئاي، بىر يېرىم ياشلىق ئۇچقۇنئاينى يېتىلەپ باغلاردا ئويناپتتى. ئۇ ماھىگۈل-نىڭ يۈزلىرىنى سىلاپ: «سىز ئەجەب ئۆز ئاچاشكەن» دېيۋدى، ھەممىسى كۈلۈشۈپ كېتىشتى، ئەتىسى سەھەر تۇرغان ماھى-گۈل، مەھبۇبە بىلەن قەبرىستانلىقتا بېرىپ ئاچىسى گۈلزىبا بىلەن خوشلىشىپ كەلدى. ماھىگۈلنىڭ ئۇرۇمچىگە قايتماقچى بولغانلىقىدىن كۆڭلى بىر قىسىملا بولۇپ، سۇلتىيىپ قالغان مەھبۇبە:

— خويمۇ ئوبدان ھەمـراھ بولـۇپ يالـغۇزلۇق تارتمى-غاندىم، يەنە بىر ھەپتە تۇرسىڭىز بولمامدۇ، — دېدى.

— تۇرسامغۇ بولاتتى، ۋاقتىم توشۇپ كەتتى، يىگىرمە كۈنلۈك رۇخسەت بىلەن كەلگەن، — دېدى ماھىگۈل ئۇزۇر

ئېيتىپ، — ئۈرۈمچىگە بېرىپ بىرەر كۈن كىر - قاتلىرىمنى يۇيۇپ تەييارلىق قىلىۋالسام، بېيجىڭگە ماڭىمەن ...

— بېيجىڭدىكى ئوقۇشىڭىز نەچچە يىللىق؟

— ئىككى يىللىق.

— تەتىللەردە كېلەرسىز؟

— خۇدايىم بۇيرۇسا ...

ئەتىسى سەھەر قىزىنى كۆتۈرگەن مەھبۇبە ماھىگۈلنى ئۇ-زىتىش ئۈچۈن ماشىنا بېكىتىگە كەلدى، بۇ چاغلاردا رەسمىي يولۇچىلار ئاپتوبۇسى قاتنايتتى، لېكىن بېلەتتى بىر - ئىككى كۈن بۇرۇن سېتىلىپ تۈگەيتتى. ئاپتوبۇس هايال بولىدىغاندەك قىلاتتى. يۈك - تاقىلىرىنى تارتقۇزۇپ بولغان يولۇچىلار ئاپتو-بۇسنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىۋېلىپ ۋارقىرىشىپ - جارقىراشماقتا ئىدى. بىرنەچچە بېكەت خادىمى يۈكلەرنى ماشىنا ئۈستىگە تار-تىپ رەتلەپ تىزىۋاتاتتى. تۇيۇقسىزلا ئادەملەر ئارىسىدا ماهىنۇر پەيدا بولۇپ قالدى.

— ۋۇي مەھبۇبەغۇ سىز، بۇ يەردە نېمىش قىلىسىز؟ هە، ماهىگۈل سىزمۇ بارئىكەنسىز، — نېمە ئۈچۈندۇر ماهىنۇر سەل غەملىك كۆرۈنەتتى، — نېمە، ئۈرۈمچىگە بارامسىلەر؟

— مەن بارمايمەن، ماهىگۈل ماڭماقچى شۇنى ئۇزىتىپ چىققان، — مەھبۇبەنىڭ چىرايى غۇژژىدە تۈرۈلدى، بۇنى ماهىگۈل سېزىپ قالدى، — هە، سىزمۇ كېلىپ قاپسىزغۇ؟

— بىر تۇغقىنىمىز چىرىغا قايتماقچىدى، شۇنى يولغا سېلىپ قوياي دەپ چىققان.

— نېمە، ئاق چىگىۋاپسىزغۇ، — دېدى ماهىگۈل ماهى-نۇرنىڭ بېشىغا قاراپ، — بىر كىم ...

— هە، يولدىشىم تۈگەپ كەتتى، بۈگۈن يەتتىسىنى بەر - دۇق، — ماهىنۇر داكا ياغلىقنى كۆزلىرىگە باستى، — ئادەمگە كەلگۈلۈك كەلسە قوش كېلىدىكەن، دادامنىمۇ ئىككى

كۆن ئالدىدا قولغا ئېلىپ كەتتى.

— نېمە ئۈچۈن، — ماھىگۈلنىڭ كۆڭلى يېرىم بولدى، — ئەجەب ياخشى ئادەم ئىدى، ھېكمەتكاملارغا كۆپ ياخشىلىقلارنى قىلغان ...

— شۇنى دېمەمسىز، دادام ھېكمەتكە شۇنداق ئامراق ئىدى، قىشتا كەلگىنىدە بىزنىڭ ئۆيدە بىر كېچە ناخشا ئېيتىپ، دۇتار چېلىپ ئولتۇرۇشقانىدى، — ماھىنۇر يىغلاپ سالدى، — دادامنىڭ ئۇخلىسا چۈشىدە يوق بىر تۆھمەتنى قىلىپ تۇتۇپ كېتىشتى.

— ئەجەب بىر زامان بولدىغۇ، ياخشىغا كۈن يوق، — دېدى ماھىگۈل تەتۈر قاراپ تۇرغان مەھبۇبەگە قاراپ قويۇپ، — يولدىشىڭىز كېسەلمىدى؟

— ھەئە، پالەچ ھەم بۆرەك كېسىلى بىلەن ياتقىنىغا تۆت - بەش يىل بولغان، — ماھىنۇر تىزىلغان ئاپتوبۇسلارغا بويۇنداپ قارىدى، — خوش ماھىگۈل، تۇغقىنىمىز ماشىنىغا چىقتى، مەن قېشىغا باراي ...

ماھىنۇر كەتكەندىن كېيىنلا مەھبۇبە قايرىلىپ ماھىگۈلگە كۈلۈپ قويدى. ماھىگۈلنىڭ كۆڭلىگە گۇمان چۈشكەندى. ئۇ، خوتەنگە كەلگەن كۈنى كەچتە، قىزىق دەرۋازىدا ئالدىنى توسقان ماھىنۇرنىڭ: «نەبىنى مەھبۇبە چېقىپ قويغان ئوخشايدۇ» دېگەن سۆزلىرىنى ئەسلىدى. مەھبۇبەنىڭمۇ ئۇنى كۆرۈپلا گەجگىسى قورۇغانلىقى ئاشكارا بىلىنىپ قالدى.

— مەھبۇبە ئاچا، ماھىنۇر بىلەن بىر نېمە دېيىشىپ قالغانمىدىڭلار؟ — سورىدى ماھىگۈل.

— ياق ... ئەرسىراپ قالغان بۇقا[1]... — مەھبۇبە

① بۇقا — خوتەندە ھاياسىز قىزلارنى «بۇقا» دەپ تىللايدىغان ئادەت بار.

تۇمشۇقلىرىنى ئۇچلىدى، — خۇددى ماراپ تۇرغاندەك داۋاملىق ئالدىمغا ئۇچراپ سورايدىغىنى «ھېكمەت بىلەن قانداق تۇرۇۋاتىسىز؟ ئاراڭلاردا بىرەر ئىش بولمىغاندۇ؟ ئۇرۇشۇپ قالمىغانسىلە ...» دېگەندىن باشقا گېپى يوق.

ماھىگۇل جىم بولۇپ قالدى. ماشىنىمۇ ئوت ئېلىپ گۇرگىرىدى. يولۇچىلار ئورۇنلىرىدىكى تېپىشۋېلىش ئۈچۈن، ئىشككە قىستىلىشىپ كىرمەكتە ئىدى. ماھىگۇل ئۇچقۇنئايدىنى باغرىغا بېسىپ سۆيدى، ئاندىن مەھبۇبەنى قۇچاقلىدى:

— مەھبۇبە ئاچا، مېنى كەچۈرۈڭ ... پاتراق ھېكمەتكام بىلەن بىرگە بولۇشىڭىزنى تىلەيمەن ... — دېدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى ياشقا تولغانىدى.

— ئىلاھىم ئېيتقىنىڭىزدەك بولسۇن.

— نەبىنى سىزگە تاپشۇردۇم، — ماھىگۇل ئۇن سېلىپ يىغلىۋەتتى.

— خاتىرجەم بولۇڭ، ئۇ مېنىڭ ئۆز ئىنىم، بىرەر ئاي كۆرمىسەم كۆزۈمدىن ئۇچۇپلا كېتىدۇ.

ماھىگۇل مەھبۇبە بىلەن ئۇچقۇنئايدىنى يېنىش - يېنىشلاپ سۆيۈپ، قۇچاقلاپ ماشىنىغا چىقتى. ماشىنا قوزغىلىپ ماڭغاندىمۇ ئۇ دېرىزىدىن ئۇچقۇنئايىنىڭ قولىنى تۇتۇۋالغانىدى ئاپتوبۇس چوڭ دەرۋازىدىن ئاستا چىقىپ چوڭ يولغا چۈشتى.

قۇچىقىدىكى قىزىنىڭ قولىنى تۇتۇپ پۇلاڭلىتىۋاتقان مەھبۇبە يىراقتا قالدى. چىرايلىق كۆزلىرى دەممۇ دەم ياشقا تولۇپ تۇرغان ماھىگۇل: «ئەسلىدە يۇرتۇمدىكى يېقىملىق، شېرىن خاتىرىلەردىن رىزقى - نېسىۋەم ئۈزۈلگەن ئىكەن...» دەپ ئويلىدى ۋە دېرىزىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان بۈك قاراڭغۇ باغلار، تاختا - تاختا ئېتىزلار، ئۆستەڭ بويىدا ئوتلاۋاتقان قوي - قوزىلار، دېھقانىنىڭ ئاددىي ۋادەكلىك ئۆيلىرى،

تولمۇ مۇڭلۇق لاي ـ لاي ئاۋازلىرى، ئاڭلىنىۋاتقان خامانلار، توپا باسقان ياپراقلار ئارىسىدىن غىل ـ پال كۆرۈنۈپ قالىدىغان ساپسېرىق بېھىلەر، خانئېرىقنىڭ مەخمەلدەك تاۋلانغان ياپيېشىل شاللىقلىرى، قىسقىسى يۇرتىنىڭ ھەممە ـ ھەممە نېمىسىنى خۇددى كۆز قارىچۇقلىرىغا تىندۇرۇۋالماقچى بولغاندەك تويماي قارىدى ...

— خوش كىندىك قېنىم تۆكۈلگەن ئانا يۇرتۇم شەھىدانە خوتەن، ئەمدى سېنى قاچانمۇ يوقلاپ كېلەرمەن! ئامان بول نەبى!

ماھىگۈلنىڭ كۆزلىرىدىن جىنەستىدەك پارقىراق ياشلار تۆكۈلدى ...



# قان تامچىغان قولىيازمىلار

يىل ئۆرۈلۈپ يەنە بىر باھار يېتىپ كەلدى. «كۈرەش
قىلىش، يەنە ئىزچىل كۈرەش قىلىش، سىنىپىي كۈرەشنى
چىڭ تۇتۇش ئارقىلىق پرولېتارىيات دىكتاتورىسىنى مۇستەھ-
كەملەش، ئەكسىيەتچىلەرنى مەڭگۈ قەد كۆتۈرەلمەس قى-
لىۋېتىش! ...» شوئارىنى ئۆزىگە قىبلىنەما قىلغان «كەمبەغەل
دېھقانلار تەشۋىقات ئەترىتى» باشچىلىقىدىكى تايانچ ئاكتىپلار
قوشۇنى ھېكمەت، كامىل، توختى قۇربان، ئەخمەت ھوشۇر،
زەيىنىدىن، زىكرۇللاغوجى، قۇتبىرەم قاتارلىق يىگىرمىگە يېقىن
ئوقۇتقۇچىنى قىستاش، مەجبۇرىي ئىقرار قىلدۇرۇش، ھەرخىل
قىيناق، سۇيىقەست ۋە تۆھمەتلەر ئارقىلىق خۇددى مۆلدۈردىن
كېيىنكى زىرائەتتەك ۋەيران قىلىۋەتتى. ئاتاقتا «ئوقۇغۇچىلار
ئويۇشمىسى»، «بوغالتىر ئىشخانىسى»، «تەجرىبىخانا» دېگەن-
لەر ئەمەلىيەتتە يەرلىك تۈرمە ئىدى. توختى قۇربان، ئەخمەت
ھوشۇر، زىكرۇللا غوجى، زەيىنىدىن قاتارلىقلار تەجرىبەخانىدا
نەزەربەنت ئاستىدا تۇرۇۋاتاتتى. باشلانغۇچ مەكتەپ كۈرەش مەي-
دانىدىن قايتۇرۇپ كېلىنگەن كامىل دېرىزىلىرىگە تاختايلار چاپ-
لاپ قېقىلغان بوغالتىر ئىشخانىسىغا قامالغانىدى. ئۇنىڭ
قولى ساقايغان بولسىمۇ ئېغىر - يېنىك نەرسىلەرنى كۆتۈرەلمەي-
دىغان، ئاجىز ھەم مېيىپ بولۇپ قالدى. سول قولى رۇسلانمى-
غاچقا دائىم دونايراق كۆرۈنەتتى. كامىلنىڭ چاچ - ساقاللىرى
ئۆسۈپ كەتكەچكە يۈزلىرى كىچىكلەپ قالغاندەك قىلاتتى.

ئوقۇغۇچىلار ئويۇشمىسىنىڭ زۇلمەتلىك قاراڭغۇلۇقىدا

تامغا يۆلىنىپ ئولتۇرغان بىر قارا سايە تۇرىدۇ، ئۇنىڭ يادەك
ئىگىلگەن قەددى بىر تۇتاشلا بولۇپ، نە مۇرە ياكى باش ئىزنالد-
رىنى پەرق ئەتكىلى بولمايدۇ. بۇ قارا سايىنىڭ قىمىرلاپ قويۇ-
شىدىن، ناگان - ناگاندا «ئۇھ» دەپ چوڭقۇر تىنغان شەپىلىرد-
دىن تېخى هاياتلىق شامى ئۆچمىگەن مەھكۇم ئىكەنلىكى بىلد-
نىپ تۇرىدۇ. ئۇ يانلىرىنى سىپاشتۇرۇپ، تېجەپ ئېلىپ قويۇ-
غان تاماكا كۇيۇندىسىنى تاپتى - دە، سەرەڭگە چاقتى. ئۇنىڭ
سىيماسى بىر پەسكە يورۇدى. پاھ! بۇ زەنجىرسىز مەھكۇمغا
ئايلانغان ھېكمەت ئىكەنغۇ! ئۇنىڭ تاڭ يۇلتۇزىدەك چاقناپ،
باشقىچىلا روھلۇق ۋە جۇشقۇن كۆرۈنىدىغان كۆزگۆھىرىنىڭ
نۇرى نەگە يوقالغاندۇ؟ خۇددى جاھان مەئىشەتلىرىنى تەرك
ئەتكەن ئاشىقتەك ئۆستۇرۇۋەتكەن چاچ - ساقاللىرى قۇلاق،
بويۇن، ئېغىز، ئىڭەكلىرىنى يوشۇرۇپ، پەقەت مىسكىن كۆز-
لىرىلا پىلدىرلاپ تۇرۇپتۇ، بۇ كۆزلەردە بىر تۇمانلىق ئۈمىد
تۇرماق، زەررىچە ئىقبال نۇرىمۇ يوق. پەقەت ئاچچىق ھەس-
رەت، قاتتىق نادامەت ۋە غەزەپ ئىزلىرى قېتىپ قالغاندەك
كۆرۈنىدۇ. ھازىر ھېكمەتنىڭ كۇنلىرى تۈزسىز تائامدەك تەم-
سىز، پىكىرلىرى تىكەنگە چىرماشقان ئۈمۈچۈك
تورىدەك چىگىش ۋە باش - ئۇچسىز بولۇپ، ئەسەبىيلىك
يارلىرىدا تىنەپ - تەمتىرەپ يۇرۇپتۇ. قايسىدۇر بىر پېشۋا
مۇنداق دېگەنىكەن: «ئىنسان غايە ۋە ئۈمىد بىلەن ياشىغاندىلا،
ھايات ئۇنىڭغا مەنىلىك، قىزىق ۋە قىممەتلىك تۇيۇلىدۇ. ئۇ
نەرسىلەرسىزچۇ؟ ھايات توختام سۇ، ئۈمۈر ئۇنىڭدا
لەيلەپ يۇرگەن چىرىك كۆتەك ...» ھازىر ھېكمەت
ئاشۇ چىرىك كۆتەكتەك ھېچ نەرسىنى سەزمەيدىغان، ئاڭقىرال-
مايدىغان، بىرەر نەرسىنى ئويلاپ ئاخىرىغا يەتكۈزەلمەيدىغان،
ھەتتا ئۆزىنىڭ بېشىغا كەلگەن قىسمەت - كەچمىشلەرنىمۇ ئەسكە
ئالالمايدىغان بولۇپ قالدى! ئۆتكەن توققۇز باھار، توققۇز

قىشتا قانچىلىك نۇرغۇن ھايات پاجىئەلىرى ئۆز قارارىنى تاپ-
مىدى؟! ئوغلىنى ئىزدەپ «سۆزلەپ قالغىنىغا»،
«مۇڭ دەرۋىش» دەپ نام ئالغىنىغا، ئوغرى - قىمارۋازلار
پۈتۈن تېنىنى قانغا بوياشقانلىرىغا، گۈلزىباغا شىپالىق تىلەپ
مەسچىتنىڭ بورا سېلىنغان سەيناسىدا كۆز - ياش بىلەن،
يالغۇزدىن - يالغۇز تىلەك تىلىگىنىگە قانچە يىل، قانچە ئەسىر-
لەر ئۆتكەندۇ؟ ھېكمەت بۇنىمۇ ئاڭقىرالمىسا! ... بۇ نېمانچە
تەكرارلىنىش، بۇ تەكرارلىنىشلار تاڭلا مەھشەرگىچە داۋام
ئېتەرمۇ؟! ئۇ چاققىچە بۇغېرىب - مۇساپىرنىڭ بىر تىنىقى
ئەمەس، سۆڭەك، پەيلىرى، ھەتتا ئاشۇ مۇبارەك بېشىمۇ بىر
سىقىم تۇپراققا ئايلىنىپ قالار! قېنى ئۇنىڭ تۇنۇگۇنكى شىجا
ئىتى نەگە يوقالدى!؟ ئۇ يۈرىكىدىكى ئارزۇ - ئارمانلارنى، دوست
لىرىنىڭ، ئاشۇ مۆمىن دېھقانلارنىڭ مەڭگۈ ئۆلمەس ئابىدىلىرى-
نى، تاش ھەيكەللىرىنى، گىگانت ئادەمدەك ئويۇپ چىقماقچى
ئىدىغۇ! كەلگۈسى ئەۋلادى ئۈچۈن ئۈزۈلمەس بىرسىمفونىيىنى
قالدۇرۇش ئارزۇ - نىيازلىرىچۇ؟! خەيرىيات! ھازىر ئۇنىڭ
يۈرەكلىرى كۆرۈنمەس بىر ئوتتا كۆيۈپ كۇل بولدى ... ئەگەر
ئۇنىڭ پىغانلىق ئاھى ئاللاغا يېتىدىغان بولسا، يەرۇ ئاسمانمۇ
قانلىق ياشلارنى تۆكۈپ يىغلىغان بولار ئىدى!
ھۆرمەتلىك كىتابخان، مەن بۇ يەردە بىكاردىن بىكار قاق-
شاپ دادلاۋاتقىنىم، بىچارە قەلەمنى بېشى بىلەن ماڭدۇرۇپ
ئۇنچە - دۇرلارنى بىھاجەت تۆككىنىم يوق! شۇنچە ئاق قەغەزگە
ھەسرەت داغلىرىنى تۆكۈپ بىكار قىلىۋەتتىم، ئامالىم قانچە؟
ھېكمەت ئەنە شۇنداق ھالغا كېلىپ قالدى، ئۇنىڭ شۇنچىلىك
قايغۇ - ھەسرەتلەرنى چەككىنىگە خۇدا ئەمدى ياخشىلىق بىغىشلى-
سۇن، ئەزىز بېشىنى ئامان قىلىپ، ئەقىل - ئىدراك خەزىنى-
سىنى ئۆزىگە لۇتپى يارقىلسۇن! تارىخنىڭ بىزگە قالدۇرغان
شەپقەتسىز يالدامىلىرىنى، غەلىيانلىق ھاياتنىڭ مەڭگۈ ئۆچمەس

داغلىرىنى، كەتمىگەنلەرنىڭ پانىيدا قالدۇرغان ئىزنالىرىنى تېخى كەلمىگەنلەرگە خەير ـ ئېھسان قىلغۇچىنى مەجنۇنى ـ ئەسەبىيلىكتە قالدۇرۇش، بۇ ھەقتائالانىڭ ئادالىتى بولماس! قاراڭ، بىخىللارنىڭ كۆڭلىدەك قارا، پىتنىخور، پاسىقلارنىڭ كۆكسىدەك قاراڭغۇ سولاقخانىدىن كېلىۋاتقان يىغا ئاۋازىنى! ...

— ئا ... پا ...، ئاپا ... ئاپا ...

زېھنى يورۇق كىتابخانىلارنىڭ خاتىرىسىدە بولسا كېرەك، يېرىم يىل ئالدىدا، ھېكمەتنى ماھىگۇل ۋە مىنىبىگلار دوختۇرخانىدىن قايتۇرۇپ ئېلىپ كېلىپ «ئوقۇغۇچىلار ئويۇشمىسىغا» سولىغانىدى. مانا شۇ كېچىسى نىزاخۇن، غوجى تەلۋە، ساتتار قارا، روزاخۇن قاتارلىق پىلىڭ شەندۆيدىكى بىر قىسىم چاپارمەنلەر مەمتىلى ئىبراھىمنىڭ بىر ئېغىزلىق ئۆيىنىڭ زەي پەگاھىسىدا پەۋەس ئولتۇرۇشاتتى. كۆزجىيەكلىرى كېگىيىپ، ئېغىر پۇشۇلدىشىپ مېكىرنېنىنى سۈيقەست چېيىغا چىلاپ يەۋاتقان بۇ ئادەمىي ھايۋانلارنىڭ، بولۇپمۇ نىزاخۇننىڭ ئالا ـ پاساق بېشىدىكى بىر خىل شاللاقلىقتىن دېرەك بېرىپ تۇرغان ئايرىما چېچىنى سىلىغىنىچە ھەممىسىگە چەكچىيىپ قاراپ كېتىشىدىن، تەلۋىلىك يېغىپ تۇرغان تېلەتىدىن بىر شۇملۇقنىڭ قارا سايىسى ئەگىپ يۈرەتتى.

— ھېكمەت تەشكىلاتنى قۇتبىرەم بىلەنلا قۇرمىغان، ئۇ غوللۇق ئەزالىرىنى قۇتقۇزۇپ قېلىش ئۈچۈن قۇتبىرەمنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلاپ ئۆزىنى قۇربان قىلغان، — دېدى نىزاخۇن لى گاڭنىڭ بەرگەن يەللىرىنى كېكىرىپ، — شۇڭا، ئەتە ئۇنى كۆرەش قىلغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ يوتقان ـ كۆرپە، ياستۇقلىرىنى، شۇنداقلا يېيىتىلغان خىش ئاستىلىرىنى بىر قېتىم تېنىتىمىز، بىرەر مۇھىم ماتېرىيالغا ئىگە بولساق ئەجەب ئەمەس ...

— بەلەن گەپ بولدى، — غوجى تەلۋە چاچراپ تۇرۇپ

كەتتى، — ئۇنىڭ «بىرتىشۋانى ئەخلەتتىن تېپىۋالدىم» دېگىنى يالغان. مەيدىسىنى كەسكەن ئىش يۈز بەرگەندىن كېيىنلا يوتقان - كۆرپە، ياستۇقلىرىدا بىرەر تېغ ساقلاپ قويغان بولسا ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالارمۇ دەپ ئويلىغانىدىم، زادى بىر قېتىم ئاختۇرماي بولمايدۇ.

— ئەمىسە شۇنداق كېلىشتۇق، — نىزاخۇن ئورنىدىن تۇردى، — بۇ ئىشلارنى قەتئىي خۇپىيە تۇتايلى، تۇمۇر نىيازنىڭ خوتۇنى كىشىدەك كۆڭلى يۇمشاق، ئاغزىڭلاردىن چىقىپ كەتمىسۇن ...

ئەتىسى يېرىم كۈن كۈرەشكە تارتىلغان ھېكمەتنى كەچتە گۇندىخانا ئالدىغا ئېلىپ كېلىشتى، ئىشىكنىڭ ئېچىلىشى بىلەن تەڭ تىلغانغان خىش - توپىلار، ئەستەر - پاختىلىرى يىرتىلىپ، مازلىرى تىتىلغان يوتقان - كۆرپىلەر، قارنى بۆسۈپ تاشلانغان ياستۇقلار ئايدىلەڭ كۆرۈندى، گۇندىخانا بەجايىكى بۇلاڭ - تالاڭدىن كېيىنكى خارابىلىككە ئايلانغانىدى. ئىشىكنىڭ يېپىلىشى بىلەن قاراڭغۇلۇق تىقىلغان ۋەيرانچىلىقتا ھېكمەت خىشلارغا پۇتلىشىپ يىقىلىپ، ئۆمىلەپ يۈرۈپ يوتقان - كۆرپە، ياستۇقلىرىنى سىپاشتۇرۇپ تاپتى. لېكىن، ئىككى يىل جاپالىق ئەجىر سىڭدۈرۈپ يازغان: «ئۆمۈر خاتىرىلىرى»، «ئۇنتۇلغان قەلب»، «كۈتمىگەن تەقدىر» ناملىق ئەسەرلىرىنىڭ بىرەر بەت قولىيازمىلىرىنىمۇ تاپالمىدى. ئۇ بىخىسىغان زاغرا، قىرتاق ئوماچلارغا تويماي، تاڭلارنىڭ ئاتقانلىقىنى بىلمەي، قىپقىزىل قانلىرىنى سىياھ، كۆز - ياشلىرىنى شام قىلىپ، بۇ دىل ئىزھارلىرىنى يازغان ئەمەسمىدى! ...

ھېكمەتنىڭ بىردىنلا دىمى قىسىلىپ تاتىرىپ كەتتى، نېمىدۇر بىرنەرسە ئۇنىڭ ئىچىنى كۆيدۈرۈۋەتكەندەك بولدى. بۇ غەزەپ يالقۇنى ئىدى. ئۇ سەكرەپ تۇرغىنىچە مۇشتۇملىرى بىلەن ئىشىكنى يېرىۋەتكۈدەك ئۇرۇپ ۋارقىراشقا باشلىدى:

— ۋۇي مـۇناپىقلار! ... فاشىستلار! ... ئادەم قېنى ئىچىدىغان ياۋۇزلار! ... مېنىڭ قول يازمىلىرىمنى بەر ... مېنى ئاتامسەن، ئاسامسەن، چاپامسەن ھەممىنى قىلىش، لې-كىن يازغانلىرىمنى قايتۇرۇپ بېرىش! ... ئۇ مېنىڭ يۈرەك قانلىرىم! ... جىگەر زەردابلىرىم! ...

ھېكمەتنىڭ مۇشتۇملىرى ئاغرىپ، ئاخىرى غەزەپ بىلەن ئىشىككە ئۇستى. بىرنەچچە قېتىم ئۇسكەندىن كېيىن ئىسسىق بىر نەرسە پېشانىلىرىنى بويلاپ يۈزىگە ئېقىپ چۈشتى. ھېكمەت خىش بىلەن ئۇرۇشقا باشلىدى. ئىشىك جالاقلاپ، ئۇنىڭ تاختاي-لىرى غىرىسلاپ قالغاندىلا قۇلۇپ شاراقلاپ ئېچىلدى. ھېكمەت ئېتىلىپ چىققانچە، ئالدىدا تۇرغان مىنبىگلارنى ئىتتىرىۋېتىپ مۇدىر ئىشخانىسىغا بوراندەك كىرىپ كەلدى. يۈزلىرى قىپقى-زىل بويالغان، ئولتۇرۇشقان كۆزلىرىدىن غەزەپلىك ئۇچقۇنلار چاچرىغان، پۈتۈن ۋۇجۇدىنى ئەسەبىيلىك قاپلاپ كەتكەن ھېك-مەتنى كۆرگەن نىزاخۇن، ساتتار، بانىخان، روزاخۇن، مەمتى-لى ئىبراھىملارنىڭ يۈرىكى جۇغىدە قىلىپ بىر ھازا قېتىپ قىلىشتى.

— مېنىڭ ... مېنىڭ ... قوليازمىلىرىم ... قېنى؟ — ھاسىراپ نەپەس يېتىشتۇرەلمەيۋاتقان ھېكمەت قاتتىق ۋارقىرى-دى، — قېنى دەۋاتىمەن؟! ...

— سەن ... سەن ... — قولىنى شىلتىدى نىزاخ-ۇن، — جىنايەت ئۈستىگە جىنايەت ئۆتكۈزۈپ سىياسىي تەشۋىقات ۋەرەقىلىرىنى يازدىڭ ... يەنە تېخى ھەددىڭ-دىن ئاشىسەنيا! ...

— تەشۋىق ۋەرەقە؟ ... تۇفى قارا قورساق! ... — ھېكمەت بىرنى تۈكۈردى، — ئېلىپىنىڭ سۈنىقىنى بىلمەي تۇرۇپ تېخى تەشۋىق ۋەرەقىدىن گەپ ئاچىسىنا ... ئەگەر قول-يازمىلىرىمنى قايتۇرۇپ بەرمەيدىغان بولساڭ، تاز بېشىڭغا بىن-

ـزىن قۇيۇپ ئوت قويۇۋېتىمەن ...
ھېكمەت ئورۇندۇقنى باش ئۇستىگە ئېلىپ، ئېتىلىپ بېرىشى باشقىلار ئۇنى تۇتۇۋالدى. نىزاخۇن: «قېنى سىلەر؟» دەپ ۋارقىرىشى بىلەن تەڭ، بىرنەچچە مىنىبىڭ ئېتىلىپ كىرگىنىچە ھېكمەتنى باغلىۋالدى ...
ھېكمەت گۇندىخانىدا ئۈچ كۈنگىچە باغلاقلىق تۇردى. پەقەت ئۇ تۆمۈر نىياز تاماق ئېلىپ كىرگەندىلا، گۆشكىشىغا ئېلىپ كەتكەن قول يازمىلار ھەققىدە پاراڭلىشاتتى. بۇ ئاق كۆڭۈل ئوقۇغۇچى ئۇستازىنىڭ بېشىغا كېلىۋاتقان ئازابلارنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ تۇرغاچقا داۋاملىق ھېكمەتنىڭ كۆڭلى تەسكىن تاپقۇدەك گەپلەرنى قىلاتتى. بىر كۈنى ئۇ، گۆشكىشې كاتىپى ئابلىز بەكرىنىڭ لى گاڭ، ۋۇجۇرىنلارغا: «قول يازمىلارنىڭ ھەممىسى ئەدىبى ئەسەر ئىكەنلىكى، ئۇنىڭدا تەشكىلاتقا ئائىت بىرەر ئېغىزمۇ گەپنىڭ يوقلۇقى» نى دېگەنلىكىنى ئېيتىپ خۇش قىلىۋەتتى.
— مۇئەللىم، — دېدى تۆمۈر نىياز بىر كەچلىكى، — ئەگەر قىسىرىق چىقىرىمەن دېسە ئەدىبى ئەسەرنى ھەرمۇقامدا تەھلىل قىلىپ، بەزى سۆز - جۈملىلەرنى خالىغانچە يېشىپ بىردەمدىلا ئەكسىيەتچى بىر نېمىگە ئايلاندۇرۇپ قويغىلى بولىدۇ. لېكىن، ئابلىز بەكرى بولىدىغان ئادەمكەن ...
— توغرا، مەنمۇ ئاڭلاپ ھەيران بولدۇم؛ چۈنكى يازغانلىرىم ئۆزۈمگە ئايان ...
كۆڭلىدە ئازغىنە ئۈمىد پەيدا بولغان ھېكمەت ئۆزىنى بېسىۋالدى. ئىككى ئاي بولغاندا نىزاخۇن، بەت رىتىمى بويىچە رەتلەنگەن ئۈچ دەپتەر قول يازمىنى مەكتەپكە قايتۇرۇپ كەلدى. بىر كۈنى چۈشتە ئاياقتا ئوماچ كۆتۈرۈپ كىرگەن تۆمۈر نىياز، ھېكمەت ئومىچىنى ئىچىپ بولغۇچە ئۈندىمىدى. ئۇنىڭ چىرايى تاتىراڭغۇ بولۇپ، ھە دېسە كۆزلىرىنى ئېلىپ قاچاتتى. بىر

كۆڭۈلسىزلىكنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى كۆڭلى تۇيغان ھېكمەت تاقەت قىلالمىدى.

— ساڭا نېمە بولدى، ئادەمنى پۈخ قىلماي دېگىنە، — دېدى ھېكمەت ئۇنىڭ كۆزلىرىگە قاراپ، — بىرەر ئىش يۈز بەردى، دېيەلمەيۋاتىسەن شۇنداقمۇ؟

— ياقەي مۇئەللىم ...

— ياق، ياق، كۆزۈڭدىن، چىرايىڭدىن بىلىپ بولدۇم، قورقماي دېگىن.

— قول يازمىلارنى، — تۆمۈر نىيازنىڭ بېشى چۈشۈپ كەتتى، — نىزاخۇن كۆيدۈرۈۋەتتى ...

— نېمە؟! ... — ھېكمەت بېشىنى قامالىدى، — تۈگەپتۇ ... ھەممىسى تۈگەپتۇ ... ئۇلارتىرىك تۇرغۇزۇپ يۈردىكىمنى سۇغۇرۇۋالدى ... مېنى ۋەيران قىلدى.

— نىزاخۇن خالانىڭ ئارقىسىغا ئېلىپ چىقىپ، — دېدى تۆمۈر نىياز، — «قېنى، سەن مېنىڭ بېشىمغا ئوت قويامسەن ياكى مەن سېنىڭ بېشىڭغىمۇ» دېدى ـ دە، ئوت قويۇۋەتتى ...

ھېكمەت شۇنىڭدىن باشلاپ غەلىتىلا بولۇپ قالدى. ئۇ كۈرەش مەيدانلىرىدا بىر كۈن كەچكىچە ئۆرە تۇرسىمۇ بىر ئېغىز گەپ قىلمايتتى. يامغۇردەك يېغىۋاتقان سوئاللار، تىللاش، ۋارقىراش، شوئار ئاۋازلىرىمۇ قۇلىقىغا كىرمەيۋاتقان گاستەك، قولىنى ئارقىسىغا تۇتۇپ، دېرىزىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان سەگۈتېرەكلەرگە، ۋىچىرلىشىپ يۈرگەن قۇشقاچلارغا، كۆزنەكلەرگە ئۆزىنى ئۇرۇۋاتقان كۆپكۈك چىۋىنلەرگە ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇن قاراپ تۇراتتى. ئالدىغا دېۋەيلەپ چىققان تايانچى ئاكتىپلار ئۇنى ئىتتىرىپ، دۈشكەلەپ، بىگىز قوللىرىدا نوقىسىمۇ، ئۇ ھېچبىر ھېيىقماي، ئۇلارنىڭ كۆزلىرىنىڭ ئىچىگە سىنچىلاپ قاراپ ئىپادىسىزلا ھېجىيىپ قوياتتى. ھەتتا بىر كۈنى سورىغان سوئال-

لىرىغا جاۋاب ئالالمىغان غوجى تەلۋە پاق ـ پۈق ئۆرۈۋەتكەند-
دى، ھېكمەت قاھ ـ قاھلاپ شۇنداق كۈلۈپ كەتتىكى زادىلا
توختىمىدى. ئۇنىڭ ئاغزىنى تۇتۇۋېلىپمۇ، ۋارقىراپمۇ زادى
پەس قىلالمىدى. قورقۇپ جېنى تۇمشۇقىغا كېلىپ قالغان نىزا-
خۇن «ئاچچىقىڭلار!» دەپ بۇيرۇق قىلدى. مىنبىگىلار ئۇنى
ئېلىپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىنمۇ كارىدوردىن، گۇندىخانىدىن
ئەسەبىي كۈلكە ئاۋازى كېلىپ تۇردى ...

ھېكمەت ئېغىر بېسىم، دەھشەتلىك كۈرەش، فاشىستىك
قىيناقلار جېنىغا تېگىلىپ كەلگەن چاغلاردا ئاچچىق ياشلىرىنى
خۇددى ئۆيدىن ئۆتكەن يامغۇر تامچىسىدەك تامدۇرۇپ،
ئاشۇ ئۇمۇر مەنزىللىرىنى پىغان بىلەن يې-
زىپ چىققان ئەمەسمىدى! بېشىغا دەرد ـ ئەلەم سايە سالغان
شائىر، مىسكىن دىل دەريالىرىدىن خۇددى ئۈنچە ـ مارجانلارنى
سۈزگىنىدەك، نامراتلىق ۋە خورلۇق نەشتەرلىرى سانجىلغان
مۇزىكانتنىڭ، ئەلەملىك قەلب پىنھانىدىن مۇڭلۇق كۈيلەر يۇ-
رىغاندەك، ھېكمەتمۇ قايغۇ نادامەتنىڭ قارا كىيىمىنى يېپىنغان
چاغلىرىدا يېزىلغان بۇ دۇردانىلەر گويا كى يۈرىكىنى سىقىپ،
تامچە ـ تامچە قانلار تېمىپ چۈشكىنىدەك ئاق قەغەز بەتلىرىنى
بويىغانىدى! ھايات ۋە كەچمىشلەرنى بايان قىلماق ئاسان، ئۇنى
قەلەم تۇتالايدىغان ھەرقانداق ئادەم تىزىپ چىقالايدۇ. بىراق،
باشقىلارنىڭ ئېستېتىك زوقلىرىنى قوزغاپ، تەسىرلەندۈرۈپ،
مۇھەببەت ـ نەپرىتىنى ئويغاتماق قىيىن! پەقەت ئادەم قەلبىنى
زىلزىلىگە سالغۇدەك دىۋانلارنى، بېشىدىن ئاجايىپ ئىس-
سىق ـ سوغۇق ئۆتكەن، ئىككى دۇنيا ئوقۇبەت ئوغلىرىنى
پانىيدا ئىچكەن، دىلى سۇنۇق ناتىۋانلارلا پۈتۈپ چىقالايدۇ.
شۇڭا، ھۆكۈمالار: «مۇشەققەت تاتماق ئۇلۇغلۇق تاپماقنىڭ ۋا-
ستىسىدۇر» دەپ بىكار ئېيتمىغان ...

ھازىر ھېكمەتنى ئەتىگەن، كەچتە سىرتقا ئىككى قېتىم

ئېلىپ چىققىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئۇنىڭ كۆنلىرى كېچە ـ كۈندۈزلەپ قاراڭغۇ گۈندىخانىدا ئۆتمەكتە ئىدى. ئۇ كامىلنىمۇ بىر يىلدىن بېرى ئاران ئىككى قېتىم كۆردى. بۇ شۇنداقلا تۇغرا كېلىپ قالغان تاسادىپىيلىق بولۇپ، غوجى تەلۋە ھېكمەتنى تەرەتخانىدىن قايتۇرۇپ كېلىۋاتقاندا، كامىلنى ئىككى مىنبىڭ ئېلىپ كېتىۋاتاتتى. كامىل ساق قولىنى مەيدىسىگە ئېلىپ مۇشتۇمىنى تۈگۈپ قويدى، ھېكمەتمۇ خۇددى شۇنداق جاۋابياندۇردى، بۇ ئۇلارنىڭ ئىرادىسىنى بىلدۈرىدىغان سالىمى ئىدى. ھەر ئىككى قېتىمدا ئارقىدا كېلىۋاتقان مىنبىڭلار ئۇلارنىڭ بۇ يوشۇرۇن ئىشارىلىرىنى بىلەلمىدى. ئۈچىنچى قېتىمدا ھېكمەت كامىلنى كۆرەلمىگەن بولسىمۇ ئاۋازىنى ئاڭلىدى. ھېكمەتنىڭ قول يازمىلىرى قولغا چۈشۈپ كەتكەن، بىراق كۆيدۈرۈلمىگەن چاغلاردا ئۇنى مىنبىڭلار ھەر كۈنى سەھەردە ئوقۇتۇش بىناسىنىڭ ئالدىنى سۈپۈرگىلى ئېلىپ چىقاتتى. بىر كۈنى ئۇ سۈپۈ ۋۈپىتىپ، يۆتىلىپ، گېلىنى قىرىپ شەپە بېرىپ ماڭدى. ئۇنى نازارەت قىلىۋاتقان مىنبىڭ سەھەر گۇگۇملۇقىدا غۇۋاغىنە كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ھېكمەت بوغالتىرلىق ئىشخانىسىنىڭ تاختايلار چاپراس مىقلىۋېتىلگەن دېرىزە تۈۋىگە كەلگەندە ئاستاغىنە چاقىردى. ئىچكىرىدىن «ھېكمەت ... ھېكمەتما؟ ...» دېگەن ئاۋاز كەلدى. ھېكمەت تېزلا: «كامىل، ناھەق ئۆلگەننىڭ پايدىسى يوق، ئويلىنىپ باقاي، تەكشۈرۈپ باقساڭلار، دېگەندەك گەپلەر بىلەن ۋاقىتنى ئۆتكۈز ... ئۇلارنىڭ چىشىغا تولا تەگمە ...» دېيىشى دېرىزىدىن: «مەن ئاشۇ چۈپرەندىلەرگە يالۋۇرۇمەنما؟ ... ئارقامچە يىقىلسام يىقىلىمەنكى ئالدىمچە ئىگىلمەيمەن ...» دېگەن غەزەپلىك ۋارقىرىغان ئاۋاز كەلدى. ھېكمەت يەرنى سۈپۈرگەن بولۇپ ئۆتۈپ كەتتى.

باھار كەلگەندىن بېرى كارىدوردىن كۈندە ئاڭلىنىپ تۇرۇ-

دىغان شوئار ئاۋازلىرى، بوستان بازىرىدا پات - پاتلا گۈمبۈرلەپ
چېلىنىدىغان دۇمباق سادالىرى جىمىپ كەتتى. ھېكمەت، كا-
مىللارنىمۇ كۈرەش مەيدانىغا ئېلىپ چىقماس بولدى. ۋەزىيەتتە
يەنە قانداق ئۆزگىرىشلەرنىڭ بولۇۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولمايت-
تى. تۆمۈر نىيازنىڭ ئېيتىپ بېرىشىگە قارىغاندا، ھېكمەت
كۈرەش مەيدانىدا ھوشىدىن كەتكەن، كامىلنىڭ قولى سۇنغان،
يەنە بىرنەچچە يېزا كادىرلىرىنىڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش ۋە-
قەسىدىن كېيىن، ياڭ پەيجاڭ ۋۇجۇرىن، لى گاڭلار بىلەن
«سەن - پەن» دېيىشىپ بۇدۇيگە قايتىپ كېتىپتۇ ...

ھېكمەتنىڭ نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق ئەسەبىي ھالەتكە كېلىپ
«گاچا» بولۇپ قالغانلىقى كىتابخانلىرىمىزغا ئەمدى چۈشىنىش-
لىك بولغاندۇ. يېرىم يىلدىن بېرى «مىت» قىلىپ ئېغىز
ئېچىش ئەمەس، بەلكى ئۈنلۈكرەك يۆتەلگەن
ئاۋازىمۇ ئاڭلانمىغان، چۈشەكىگەندەك گاراڭ يۈرگەن ھېك-
مەتنىڭ بۈگۈن «ئاپا ...» دەپ يىغلىشى تاسادىپىي ئىش ئەمەس
ئىدى. ئۇ سوغۇق تامغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ كۆزى ئېلىنىپ
كەتتى، بىراق شۇ ھامان «ئاپا ... ئاپا ...» دېگىنىچە ئويغىنىپ،
زۇلمەتلىك گۈندىخانىغا كىمنىدۇر ئىزدىگەندەك قارىدى. چۈن-
كى، كىمدۇر بىرى يۇمشاق ئالقانلىرىدا ئۇنىڭ پېشانە، باشلى-
رىنى سىلىغاندەك بولدى ۋە «ئۇھ» دەپ ئېغىر خورسىنغان
ھالدا: «بالام، ئوغۇل بالا تۇغۇلغاندا دەريانىڭ تېگىدىكى تاشلار-
مۇ خۇشال بولارمىش، چۈنكى ئۇلار بۇ بالا چوڭ بولۇپ سۇغا
چۆمۈلگىنى كەلگەندە بىزنى سۈزۈپ ئېلىپ، قوياش نۇرىغا
نائىل قىلىدۇ، دېيىشىدىكەن ئازابلانما، سېنىڭ پۇ-
تۇكلىرىڭ يوقالغىنى بىلەن ئەزىز بېشىڭ ئامانغۇ، مەن سېنى
ئوغۇل بالا دەپ تۇغقان، بۇ ئېسىڭدە بولسۇن ... »
دېدى. ھېكمەتنىڭ بىردىنلا ئۆتۈپ كەتكەن بالىلىق چېغىنىڭ
ئىشىكى ئېچىلىپ كەتكەندەك، ئۇنىڭ ئاجىز تېنى سېغىنىش

تۈيغۈلىرى بىلەن لەرزىگە كېلىپ ئاپىسىغا قارىتا ئامراقلىق، ئەركىلەش، بالىلىق مۇھەببەت سۆزلىرىنى تەكرارلىغان ھالدا: «ئاپا - ئاپا ... ئاپا ...» دەپ يىغلاپ سالغانىدى ...

ھېكمەتنىڭ «ئاپا» دەپ يىغلىشى ياخشىلىقتىن بېشارەت بولۇپ، ئۇنىڭ ئەسلىگە كېلىۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى، كۆن ۋە ھەپتىلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن يوقالغان ئەسەرلەرنىڭ ئوتى بارغانسېرى پەسىيىشكە باشلىدى. ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالدى، ئۇ قەلبىدە تەۋرەنگەن قانداقتۇر بىر تەشۋىشنىڭ ئەكس ساداسى بىلەن چۆچۈپ كەتتى: «ۋاھ، ئۇ بىرقانچە ئەسەرنىڭ ئوت - پىراقىدا مۇشۇنداق قەدىرسىزلا تۈگىشىپ كەتسە، ئاشۇ كالتە پەم نادان ئادەملەردىن نېمە پەرقى قالدى؟! ئۇلار ھېكمەتنىڭ قەلىمىنى تارتىۋالغىنى بىلەن، پۈتۈن جاھانىي قاچىلاۋالغان مۇ- بارەك بېشىنى كېسىپ ئېلىپ كەتكىنى يوققۇ؟! ئادەمنى ئارزۇ - ئارمان ئۇچۇرىدۇ، قۇشنى قانات، دېگەن گەپ بار. ئارزۇ - ئىستەك- سىز ياشاشنىڭ ئۆزى، تېرىك تۇرۇپلا ئۆلگەن بىلەن باراۋەر ئەمەسمۇ! بۇ مۆجىزىلىك تۇرمۇشنىڭ گۈزەل- لىكى ھەددى - ھېسابسىز تۇرسا، ئەقلىنى ئىس قاپلاپ كۆزلىرىنى خىرەلەشتۇرۇپ ياشىغانىنىڭ پايدىسى نېمە، ئۇ تېخى ئوتتۇز ياشقا تولمىدى، ئالدىدىكى مەنزىل ئۇنى كۈتۈپ تۇرۇپ- تۇ. ئەلۋەتتە، ئەجىر شەربىتىنى ئىچىش جاپا نەشتىرىنىڭ ئازارىسىز بولمايدۇ، تىكەن سانجىلماي تۇرۇپ، گۈلزارھە- دىدىنى ھىدلاش ئاسان ئەمەس! ...

ھېكمەت قەلبىدە جانلىق بۇلاقنى ساقلاپ قالغانىدى. ئۇ ئەمدىلىكتە چەشمە زىلال بولۇپ ئۇنچىلەر چاچرىتىشقا باشلىدى.

بىر كۈنى ئەتىگەنلىكى بارلىق ئوقۇتقۇچى ئىشچى - خىز- مەتچىلەر ئىشخانىغا توپلاندى. نىزاخۇن گېپىنى نەدىن باشلاشنى بىلمەي، بۇرنىنى كوچىلىغىنىچە خېلى تۇردى. ئاندىن چىڭقى-

لىپ ۋە زورۇقۇپ ئىنقىلاپ غەلىبىلىرىنى بىر قۇر يەكۇنلىگەن-
دىن كېيىن، گەپنىڭ پوسكاللىسىنى ئېيتماي بولمىدى. يۇقىد-
رىنىڭ ئۇقتۇرۇشى بويىچە، بۇگۇندىن باشلاپ كۇرەش، پىپەن
ئاخىرلىشىپ ھېكمەت، كامىل، توختى قۇربان، زىكرۇللا غو-
جى قاتارلىق بارلىق تارتىپ چىقىرىلغان ئوقۇتقۇچىلار ئۇيلىرىگە
قويۇپ بېرىلگەندى. بىراق، ئۇز سايىسىدىن چۇچۇپ تۇرغان
نىزاخۇن ئاتتىن چۇشسە ئۇزەڭگىدىن چۇشمەي تۇراتتى. ئۇ
كۇرەش، پىپەننىڭ ئاخىرلىششى، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ قويۇپ بې-
رىلىشى ئىنقىلابنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىدىن دېرەك بەرمەيدىغانلى-
قى، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئىدىيىسىنى ئۇزگەرتىش مەڭگۇلۇك ئى-
كەنلىكىنى ئەسكەرتىپ ئۇتتى. ئاخىرىدا ئۇ، ھېكمەتنىڭ كۇك-
تات ئامبىرى، كۇكتاتلىق مەيدانلىرىدا ئىشلەپ ئىدىيە ئۇزگەر-
تىدىغانلىقى، كامىلنىڭ بىر قولى سۇنغانلىقى ئۇچۇن ئاشخانىغا
ياردەملىشىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى. باشقا تارتىپ چىقىرىلغان ئو-
قۇتقۇچىلارمۇ ئوخشىمىغان ئەمگەكلەرگە تەقسىم قىلىندى.
— مەن نارازى، — دېدى كامىل ئورنىدىن تۇرۇپ، —
ئاشخانىدا ئىدىيىسى ساغلام، جىرىڭلاپ تۇرىدىغان ئىنقىلابچىلار
ئىشلىشى كېرەك. مېنىڭدەك بىر ئەكسىيەتچىنىڭ قازانلارغا زە-
ھەر تاشلىشى تۇرغانلا گەپ. مەن شەھەرگە كىرىپ قولۇمنى داۋا-
لىتىمەن، بۇنداق يېرىم ئادەم بولۇپ ياشاشنى خالىمايمەن...
ئىشخانا ئىچى ئېغىر سۇكۇتكە چۇمدى. نىزاخۇننىڭ بۇزۇ-
رۇپ، تاتىرىپ ئولتۇرۇپ كېتىشى، جاللات مىبىنىڭلارنىڭ يەڭ-
لىرىنى شىمايلاپ كەلمەسلىكىدىن ۋەزىيەتتە قانداقتۇر ئۇزگى-
رىشنىڭ بارلىقىنى بىلىۋېلىش ئانچە قىيىن ئەمەس ئىدى. ئازاب
چەككەن ئوقۇتقۇچىلا تۇنجى قېتىم بىر - بىرىگە قاراپ كۇلۇم-
سىرەشتى. چۇنكى، ئۇلارنىڭ كۇڭلىدە كىچىككىنە ئۇمىد چە-
رىغى يانغانىدى. كامىل دېگىنىنى قىلدى، ئۇ شەھەرگە كىرىپ
كېتىپ قايتىپ كەلمىدى.

مەكتەپ ئەمگەكگە قاتنىشىۋاتقان ھېكمەت بىر كۈنى كۆكتات ئامبىرىدىكى سېسىغان كۆكتاتلارنى تازىلاۋاتاتتى. تۆمۈر نىياز كېلىپ قالدى، ئۇ بىرەر خۇش خەۋەر ياكى پايدىلىق يېڭىلىقلارنى ئاڭلىغاندا دەرھال ئوقۇتقۇچىسىغا يەتكۈزۈشكە ئالدىرايتتى. بۇنداق چاغلاردا ئۇنىڭ قارىقۇمچاق چىرايى سۈزۈلۈپ، ئاقىرىپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى، كۆزلىرى نۇرلىنىپ كۈلۈپلا تۇراتتى. تۆمۈر نىيازنىڭ پىچىرلاپ سۆزلەپ بېرىشىچە، «چەكتىن ئاشۇرۇۋېتىش» ، «كېڭەيتىۋېتىش» شۇنداقلا «ئىنقىلاب تىغ ئۇچىنى كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدارغا قاراتماي، ئاممىغا زەربە بېرىش» تەك خاتالىقلار سادىر قىلىنغانلىقى، شۇڭا ئاقلاشقا تېگىشلىكلىرىنى دەرھال ئەسلىگە كەلتۈرۈش، خاتا ۋە ئۇۋال قىلىنغان ئەنزىلەرنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش، ھەتتا سىياسىي جىنايەت ئارتىلىپ قولغا ئېلىنغانلارنىڭمۇ ماتېرىياللىرىنى قايتا كۆرۈپ، ناھەق بولغانلىرىدىن ئەپۇ سوراش ياكى زىيىنىنى تولدۇرۇپ بېرىش قاتارلىق ھۆججەت ۋە ماتېرىياللار ئىچكى جەھەتتە تارقىلىۋېتىپتۇ ...

ھېكمەتنىڭ شۇ كۈنى كەچكىچە قولى ئىشتا بولسىمۇ، لېكىن خىيالىدىن باش كۆتۈرەلمىدى، ھەر قېتىملىق ھەرىكەتنىڭ باشلىنىشى خۇددى قارا بوراندەك شىددەت بىلەن كېلىپ، قامچىلايدىغىنىنى قامچىلاپ، نابۇت قىلىدىغىنىنى قىلىپ، ئېلىپ كېتىدىغىنىنى ئېلىپ كېتەتتى ـ دە، ھەممە ئادەمنىڭ كۆڭلى ئۈششۈكتىن كېيىنكى قاقشاللىققا ئايلىنىپ قالاتتى. ئاندىن «خاتا بوپتۇ ...» دېيىش ئارقىلىق ئازاب چەككەن بىگۇناھ زىيالىيلارنىڭ بېشىنى سىلاپ قوياتتى. بۇ خۇددى ئىتقا ئىتنى تالاشقا سېلىپ بولۇپ، قانغا مىلىنىپ كەتكەندە بىر پارچە ناننى تاشلاپ بەرگەنگە ئوخشايتتى. ئاشۇ قارا بوراندا ئۇچۇپ دوزاققا كىرىپ كەتكەنلەر، ئەڭ بولمىسا بىلىنى رۇسلىيالمىغانلار، گۆر ئاغزىدىن يانغانلارنىڭ ئۆز ئۇۋالى ئۆزىگە بولۇپ قالىۋېرەتتى.

مەركەزدىن تا تۆۋەن قاتلاملارغىچە «كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان هوقۇقدارلارنىڭ ئەدىپىنى بېرىش» نىقابى ئاستىدا مىليونلىغان ئاق كۆڭۈل رەھبىري كادىرلارنى تارتىپ چىقىرىش هازىرغىچە توختىغىنى يوق! بۇ تۈگىمەس غەلىيانلارنىڭ ئاخىر چېكى بارمۇ، يوق؟ قېنى، تارىخ كەلگۈسىدە نېمە دەپ جاۋاب بېرەركىن!

ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتكەندە تۆمۈر نىياز كۆكتات ئامبىرىغا «مۇئەللىم خۇش خەۋەر» دېگىنىچە كىرىپ كەلدى. ئۇ يۇقىرىدىن ۋۇجۇرىن، لى گاڭلارنى ئېلىپ كەتكەنلىكى، ئۇلارنىڭ ئورنىغا «شى جۇرىن» دېگەن توختالغان بىر كىشىنىڭ كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ كۈلۈپ كەتتى. ھېكمەت ۋاڭ لىمىڭ، تۇراپ ئىمىنلارنىڭ ئەھۋالىنى سورىغانىدى. ئۇ: «ئۇلار كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان هوقۇقدارلار قاتارىدا بولغاچقا ھېلىھەم نەزەربەنت ئاستىدىكەن» دەپ جاۋاب بەردى.

— سۈنى كۆرمەي ئىشتان سالدى، دېگەن شۇدە، — دېدى تۆمۈر نىياز كۈلۈپ، — ئەمدى نىزاخۇن جۇرىنىڭ ئۆتكەندە قىلغان ئىشلىرى پۇچۇق تېيىنغىمۇ ئەرزىمەس بىر ئىش بولۇپ قالدى …

— قايسى ئىشلىرىنى دەيسەن؟

ئەكسىلئىنقىلابچى قىلىپ قويۇلغانلارنى كۆرەش قىلىش توختىغاندىن كېيىن، نىزاخۇن رەھبەرلىك گۇرۇپپىدىكىلەرنى يىغىپ چارە بېكىتىش يىغىنىنى ئاچقانىدى. ئۇلار تارتىپ چىقىرىلغانلارنىڭ ئەنزىلىرىنى قايتىدىن ئوقۇپ، ئاساسلىق سىياسىي جىنايەتلىرىنى رەتلەپ چىقىشتى. خۇددى قازاننىڭ قۇلىقىنى قەيەردىن چىقىرىش قازانچىنىڭ ئىختىيارىدا بولغاندەك، ئۇلار تالاش ـ تارتىش قىلىش ئارقىلىق بەزىلىرىگە «ئەكسىلئىنقىلابچى» ، «بۇزۇق ئونسۇر» دېگەن قالپاقنى كىيگۈزۈش، بەزىلىرىنى «بەش يىللىق» ، «ئون يىللىق» ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش دېگەندەك چارىلارنى بېكىتىپ چىقىشتى. ئۇلار پوكانىلىرىنى

ئېسىپ ۋارقىرىشىپ، ئۆزئارا تىللىشىپ يېغىن بىر ھەپتىگە
سوزۇلۇپ كەتتى. ھېكمەتكە چارە بېكىتىش بىركۈن مۇنازىرىگە
سەۋەب بولدى. ھەممە بىردەك ئۇنىڭغا يېگىرمە يىللىق قاماق
جازاسىنى بەرگەن بولسىمۇ، مەمتىلى ئىبراھىم «ئۆلۈم جازا-
سى» دا چىڭ تۇرۇۋالدى. شۇڭا، ئاشپەز جۇمىراخۇن ئۇنىڭ
بىلەن تۇتۇشۇپ قالدى. جۇمىراخۇن: «ھېكمەت ئارپاڭنى خام
ئورىغانما ھەي نانتەك» دېسە، مەمتىلى ئىبراھىم «ئەكسىلئىن-
قىلابچىغا چاپان يېپىش جىنايەت» دەيتتى. جۇمىراخۇن ئاشپەز،
ساۋاتسىز بولغاچقا مۇنازىرىدە ئىلمىي ئىبارىلەرنى ئىشلىتەلمى-
گىنى بىلەن پاكىتلارنى قوپال تىل بىلەن ئىزھار قىلىپ ئۆزىنى
قوغداشنى بىلەتتى.

— ھەي، ھېكمەتنىڭ سىزىپ بەرگەن رەسىمىگە كەلگەن
شۇنچە جىق ئوتتۇنلار كۆتۈكنى چارلاشتۇرۇۋەتتىما؟ — دېدى
جۇمىراخۇن سەكرەپ قوپۇپ، — كېسىملىك ياغاچلارنى تىلدۇ-
رۇپ ياسىغان جاۋەنلىرىڭ پوكۇنىڭنى ئەستىما؟ زادى مەن سې-
نىڭ ئاكتىپلىقىڭغا ئىشەنمەيمەن. ھېكمەتنىڭ بىر چىشلەم نې-
نىنى كۆرمىگەن نىزاخۇن، ساتتاركاملار ئۇنداق دېمىسە، سەن
ئەجەب شىراقتىكى پىتتەك قىمىشىپ ئولتۇرالماي
قالدىڭا؟ ...

نىزاخۇن باشچىلىقىدىكى دېھقانلار رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى
ساقچىنىڭ، سوتنىڭ، ئىنتىزام تەكشۈرۈش ئىشخانىسىنىڭ قى-
لىشقا تېگىشلىك ۋەزىپىلىرىنىمۇ بېجىرىپ، يېگىرمىدەك مۇ-
ئەللىمنىڭ تەقدىرىنى ھەل قىلىپ بولغانىدى. «سىنىپىي دۈش-
مەنلەرنى يوقىتىپ، ئوتتۇرا مەكتەپ ئەمدى قورساق پوملايدىغان
جەننەتكە ئايلاندى» دەپ كېرىلىپ كەتكەن پىلىڭ شەندۈي ئەزالى-
رى ۋۇژجۇرىن، لى گاڭلار كېتىش بىلەن خۇددى خوجايىندىن
ئايرىلىپ قالغان خاۋازى كۈچۈكلەردەك بويىنىنى قىسىپ قالدى.
تېخى ئۆلمەكنىڭ ئۈستىگە تەپمەك قىلىپ، يېڭى كەلگەن شى

جۇردىن ناھىيە ۋە ۋىلايەتلىك ئىنقىلابىي كومىتېتلارنىڭ «كېڭەيتىلگەن يىغىن» دا ئەكسىلئىنقىلابچى قىلىپ قويۇلغان ئاممىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش» دېگەن مەزمۇندىكى ئۇقتۇرۇش، ھۆججەتلەرنى كۆتۈرۈپ كېلىپ نىزاخۇننىڭ ئالتە ئاي يازدىن بېرى تەرگەن تەمەچلىرىنى بىر تۇتۇرۇقتا ئەرزىمەيدىغان نەرسىگە ئايلاندۇرۇۋەتتى. ھەتتا ئۇ، ۋۇجۇردىن، لى گاڭلارنى: «بوستاندىكى تېررورلۇقنىڭ باش بالا خورلىرى» دەپ تىللىدى. يىغىن تارقىغاندىن كېيىن نىزاخۇن ئاھ ئۇرغان ھالدا «بىر ئاي روزى تۇتۇپ، پوقتا ئېغىز ئاچقاندەك بولدۇم» دېدى. شۇڭا، تۇنۇگۇن بىرىنچى بولۇپ زىكرۇللا غوجىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش باشلانغاندا ئۇ، «يېرىم ئەسلىگە» كەلتۈرۈش دېگەن غەلىتىلا بىرنېمىنى كۆتۈرۈپ چىقتى. چۈنكى، نىزاخۇننىڭ ئەنسىرەيدىغىنى مەكتەپتىكى «سەركىلىك» ئورنىدىن قۇرۇق قېلىش ئىدى. ئەمما، توختى قۇربانىنىڭ: «بۇ خوتۇنلىرىنىڭ كۆمچى بولمىسا يېرىمنى يەپ، يېرىمنى ئەتىگە ئېلىپ قويىدىغان» دېگەن سۆزى ھەممىنى كۈلدۈرۈۋەتتى. دېمىسىمۇ مەكتەپتە بىرنەچچە ئەكسىلئىنقىلابچى قالمىسا، بۇ تەييارتاپلارنىڭ نېمە رولى قالىدۇ؟ ئۇلار سىنىپىي كۈرەشنى تۇتقاندا مىسالغا ئالىدىغان دۈشمەن قالمىسا قانداق بولغىنى، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ نېمە بىلەن يۈرىكىنى مۇجۇپ، تىلىنى باغلايدۇ؟ ئەمگىكى، تاپا - تەنىسى يوق، پېشانىدىن تەر ئاقتۇرماي يەپ تۇرىدىغان ئۈچ ۋاقلىق تاماق، كۆن ئارىلاپ ئۈيىگە توشۇۋاتقان خورجۇنلاپ نان، ئۈن، كۆكتات، تاڭشىرلارغا قانداقمۇ كۆڭلى قىيسۇن! ئۇرۇپ، چېقىپ، بۇلاپ - تالاپ، قاقتى - سوقتى بىلەن جان بېقىپ كۆنۈپ كەتكەن بۇ ئادەملەرنىڭ يېزىدا چوققىسىنى ئاپتاپقا سېلىپ ئىشلەشكە كۆتى چىدىمايدۇ، شۇڭا ئۇلارنىڭ خۇدايىمدىن تىلەيدىغىنى ، «داغ - دۇغىلىق ھەرىكەت، جاھاننىڭ مالىمان بولۇشى، بوران - چاپقۇننىڭ ئۇزۇلمەي چىقىپ تۇرۇشى»

ئىدى. مەدەنىيەت ئىنقىلابىي مانا ئاشۇنداق ئاچچىقى يامان جىنى بوش، گېپى يامان، ئىشقا بوش، لايغەزەل، ھۇرۇن، دىلى زەھەرلەرنى تۇركۇملەپ يېتىشتۇرۇپ بەردى.

كۆكتات ئامبىرىدىن ئۇزاپ چىقىپ كەتكەن تۆمۈر نىياز ئۇزۇن ئۆتمەيلا يەنە ئامبار ئىشىكى ئالدىدا پەيدا بولۇپ: «مۇ-ئەللىم، مېھمان كەلدى» دەپ قويۇپلا كېتىپ قالدى. بۇ چاغدا ھېكمەت چۇشلۇك ئىشتىن چۇشۇشكە تەييارلىنىپ تۇراتتى. ئامبارغا «دادىي، دادىي» دېگىنىچە ئىككى كىچىك قىز پىلدىر-لاپ يۇگۇرۇپ كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ بىرى ئىككى ياشتىن ئاشقان ئۇچقۇنئاي بولۇپ، ئۇنىڭ كالتە بوغمايەك، قىسقا ئې-تەكلىرىدىن گارمۇندەك قات چىقىرىلغان ئاق گىرىپ كۆڭلىكى بەكمۇ يارىشىپ كەتكەنىدى. قىزىل بېتىنكە، يېشىل كالتە پايپاق كىيگەن پۇتلىرى، بودرۇق ھەم ئاپئاق پارقىراپ تۇرات-تى. يەنە بىرى بەش يېرىم ياشلاردىكى مۇراتنىڭ قىزى گۇلچىن-ئاي ئىدى. ئۇنىڭ قىياقتەك تۇز قاشلىرى، قارا كۆزلىرىنىڭ ئويناپ تۇرۇشى زۇمرەتنى ئەسكە سالسا، قاڭشارلىق بۇرنى، تىكىلىپ قاراشلىرى مۇراتنى كۆز ئالدىغا كەلتۇرەتتى. ئۇنىڭ بەل پۇرمە بېغىررەڭ ئەتلەس كۆڭلىكى ئۇنى گويا چاقناپ تۇر-غان گۇلگىلا ئوخشىتىپ قويغانىدى. ئىككى قولىنى كۆتۇرۇپ «دادىي» دەپ كەلگەن ئۇچقۇنئاينى ھېكمەت دەس كۆتۇرۇۋالدى. گۇلچىنئايمۇ «ھېكمەت دادىي» دېگىنىچە ئۇنى قۇچاقلىۋالدى.

— سىلەرنى كىم ئېلىپ كەلدى، كامىل داداڭلارما؟ — سوردى ھېكمەت ئىككى قىزنى سۆيۇپ، — قېنى ئۇ؟

— بىزنى ئېشەك هارۋىسىغا سېلىپ، — دېدى گۇلچىن-ئاي چوڭقۇلداپ، — مەھبۇبە ئانام ئەكەلدى. باشلاپ كېلەيمۇ ھېكمەت دادا ...

— ياق بولدى، بىز ئالدىغا بارايلى ...

ھېكمەت ئىككى قىزنى كۆتۈرۈپ ئامباردىن چىقتى. ئۇ ئالدىدا يەر بېقىپ تۇرغان مەھبۇبەنى كۆرۈپ بالىلارنى يەرگە قويدى ۋە «قانداق ئەھۋالىڭىز؟» دەپ ھال سورىدى. مەھبۇبەمۇ «ئوبدان تۇردىڭىزمۇ؟» دېدى - دە، كۆزلىرىنى ئېلىپ قاچتى.
ھېكمەت ئۇلارنى ئۆيگە باشلاپ كەلدى. ئۇ ئۇستەل ئۈستىدىكى يۆگەكلىك داستىخاننى كۆرۈپ، ئۆيىنىڭ بىر ئاچقۇچى مەھبۇبەدە بارلىقىنى ئېسىگە ئالدى. ئەسلىدە ئۇ مەكتەپ ئاشخانىسىدىن تاماق ئەكەلمەكچى بولۇپ تۇراتتى. لېكىن، بىرلىگەن پولۇنى كۆرۈپ دەرھال چايدانىدىكى تەييار قايناقسۇ بىلەن چاي دەملىدى. ھېكمەت ئىككى قىزغا تاماق بۆلۈپ بېرىۋاتقاندا مەھبۇبە سىركاي-لارغا چاي قۇيدى.

— سىزمۇ تاماققا كەلمەمسىز؟ — دېدى ھېكمەت توخۇ گۆشىنى تىتىپ بالىلارنىڭ قاچىسىغا سېلىۋېتىپ، — شۇنچە پولۇنى مەن قانداق يەپ بولىمەن.

— مەن يەۋالغان ...

— شەھەردىن چىققۇچە قورسىقىڭىز ئېچىپمۇ قالغاندۇ، قېنى ئېلىڭە ...

ئۇلارنىڭ ھال - ئەھۋال سوراشلىرى، بىر - بىرىگە گەپ قىلىشلىرى مېھماندەكلا ئىدى. ھېكمەت مەھبۇبەگە قاراشقا ئاز-چە پېتىنالمايتتى، سۆزلىگەندىمۇ چىنىسىغا ياكى بالىلارغا قارى-ۋالاتتى. مەھبۇبە بولسا نېمىدىندۇر خۇدۇكسىرىگەندەك، دەممۇ دەم كۆزلىرىنى ئېلىپ قېچىپ، چاچلىرىنى بىر ئۆرۈپ، بىر چۇۋۇپ ئوينايتتى ... تاماقمۇ ئەنە شۇنداق ئۈن - تىنسىز يېيىل-دى. ئۇچقۇنئاي چىنىسىنى بىكارلاپ بولۇپلا دادىسىنىڭ قوچى-قىغا چىقىۋالدى.

— ئانام توگەپ كېتىپتۇ، — دېدى ھېكمەت پەس ئا-ۋازدا، — ئۆلۈمىدە، نەزىر - چىراغلىرىدا بولالمىدىم ...

— ئانام سىزگە تارتىشىپ، ئىشىكتىن كۆز ئۈزمەي جان

ئۈزدى، — مەھبۇبە رومال ئۇچىنى كۆزىگە باسقىنىچە يىغلىد. ۋەتتى، — ئەركىشى بولمىسا تەسكەن ... يىغلا - قاقشا ئۈزىتىۋالدىم ...

— جاپا چەكتىڭىز ... مىنى كەچۈرۈڭ ... ئۇنىڭ ئۈستىگە بالىنىڭ راسخوت پۇلىنىمۇ بېرەلمىدىم ... ماڭا ھازىرغىچە تۇر. مۇش پۇلى بېرىپ قالغىنىنى تۇتۇپ قېلىۋاتىدۇ، كېيىنچە تولدۇرۇپ بېرىمەن ...

— ئۇنداق يات ئادەمدەك گەپ قىلماڭ، — مەھبۇبە ئېـ. سەدەپ كەتتى، — سىزلا تۇرمۇشتا قىينىلىپ قالمىسىڭىز، مەن بالىنى بېقىپ كېتەلەيمەن.

— رەھمەت سىزگە ...

— شەھەردە ئەسلىگە كەلتۈرۈش باشلانغىنىنى نىكەم، بۇ يەردىچۇ؟

— ئەمدى باشلاندى.

— دادىي، دادىي، — دېدى ھېكمەتنىڭ قۇچىقىغا چىقىـ. ۋالغان ئۇچقۇنئاي، — مەيەدە ... بىرتال ... ئاپئاق چاچ بارىكەن ...

— ئالماڭ ئۇكام، — گۈلچىنئاييۈگۈرۈپكەلدى، — ئۇ دېگەن بەخت چېچى ... ئانام شۇنداق دېگەن ... ئۇنىڭمۇ نەچچە تال بەخت چېچى بار ...

— بەخت چېچى؟! — ھېكمەت «مېنىڭ ۋۇجۇ- دۇمدا بەخت نېمىش قىلسۇن» دېمەكچىدى، مەھبۇبەنىڭ كۆڭلىنى ئايىدى، — بوپتۇ قىزىم، ئۇ بەخت چېچى جايىدا تۇرىۋەرسۇن.

ئاق چاچنىڭ گېپى چىقىش بىلەن مەھبۇبەنىڭ كۆزلىرىگە لۆممىدە ياش كەلدى. ئۇنىڭسىزمۇ ئېرىنىڭ ئوتتۇز ياشقا تولماي تۇرۇپ، قويۇۋەتكەن چاچ - ساقاللىرىغا قاراپ كۆڭلى بۇزۇلۇپ

تۇراتتى. ھېكمەتنىڭمۇ ئىچىدە بىر يېرى كۆيگەندەك بولۇپ
دىمىغى زىڭگىدە ئىچىشتى. كونىلار: «چاچنىڭ ئېقى ئۆلۈمنىڭ
خەۋەرچىسى، ئالدىغا ئىگىلگەن قەددىڭ ئەجەلگە قىلغان تەزىم-
دۇر» دېگەنىكەن ...

ھېكمەت ئۇلارنى كەچكە يېقىن مەكتەپ دەرۋازىسى ئالدىدا
ئۇزىتىپ قويدى. ئۇچقۇنئاي: «دادا بىللە كېتەيلى» دەپ يىغلاپ
تۇرۇۋالغاندى، مەھبۇبە: «يىغلىماڭ قىزىم، دادىڭىز ئۆزى
ئىزدەپ كەلگۈچە ساقلايلى ...» دەپ قويدى، بۇ سۆز ھېكمەتنىڭ
يۈرىكىگە يىڭنە سانجىغاندەك تەسىر قىلدى.

سېنتەبىر ئايلىرى كىردى. ئەكسىلئىنقىلابچى قىلىپ قو-
يۇلغان ئوقۇتقۇچىلار ئاساسي جەھەتتىن ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.
پەقەت ھېكمەت، كامىل، ئەخمەت ھوشۇر، قوتىبىرەم، زەينى-
دىنلا قالغاندى. كامىل ھەپتە ئون كۈندە بىرەر قېتىم مەكتەپ-
كە چىقىپ قويۇپ، يەنە شەھەرگە كىرىپ كېتەتتى. كېيىنكى
ۋاقىتلاردا ھېكمەتمۇ ئۆگىنىشلەرگە قاتناشتۇرۇلىدىغان بولغان-
دى. چۈنكى، مەركەزنىڭ مۇھىم ھۆججىتى، سۆزمۇ سۆز ئۆ-
گىنىشكە ئويۇشتۇرۇلغاندى. ھۆججەتنىڭ ئاساسي روھى:
«خاتالىقى بار، تارتىۋالسىمۇ، ئىتتىرىۋەتسىمۇ بولى-
دىغانلارنى ئىلاجى بار تارتىۋېلىش»، «سىياسىي جەھەت-
تە بەزى خاتالىقلارنى سادىر قىلغان، لېكىن ئەمەلىي ھەرد-
كىتى بولمىغانلارنى يەنە بىر قېتىم ئويلىنىپ كۆرۈش»،
«بۇرۇن خاتالىق ئۆتكۈزمىگەن، ئەمما ئىنقىلاب جەريانىدا پەۋ-
قۇلئاددە خاتالاشقانلارنىڭ خاتالىقىنىڭ خاراكتېرىگە ئاساسەن ئازاد
قىلىش ياكى يېرىم ئازاد قىلىش» دېگەن مەزمۇنلاردا ئىدى. بىر
كۈنى ئوقۇغۇچىلار چۈشلۈك تاماقتىن كېيىنكى مۇزاكىرىگە كى-
رىپ كېتىش بىلەن زەينىدىننىڭ مەسىلىسى مۇزاكىرە قىلىن-
دى. يېرىم كۈن تالاش - تارتىش قىلىپ زەينىدىننى ئەسلىگە كەل

تۇرۇشكە توختى قۇربان، زىكرۇللا غوجى قاتارلىق بىرنەچچە ئوقۇتقۇچىدىن باشقىلار قېتىلمىدى. بولۇپمۇ زەينىدىنىنىڭ ئازاد بولۇپ، ئەملى ئەسلىگە كېلىشتىن ئۆلگۈدەك ئەنسىرەپ تۇرغان نىزاخۇن تاش چىشلەپ تۇرۇۋالدى. كۆپچىلىك ئەتىسى چۈشتىن كېيىن يەنە يىغىلىشتى، بۇ قېتىممۇ زەينىدىننى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ـ كەلتۈرمەسلىك مەسىلىسىدە ئۇنىڭ خاتا شوئار توۋلاشتەك جىنايىتى ھەممىنى بېسىپ چۈشتى. توختى قۇربان زىكرۇللاغوجى، ئەخمەت ھوشۇرلار پىكىر قىلىپ باققان بولسىمۇ نىزاخۇن زادىلا ئۇنىمىدى.

— مەن ئازراق سۆزلەپ باقاي، — دېدى ھېكمەت ئورنىدىن تۇرۇپ، — مەركەزنىڭ ھۆججىتىنىڭ روھىغا قارىغاندا، زەينىدىن نەچچە يىل ناھەق جازالاندى، ئۇنىڭ خاتالىقى پەۋقۇلئاددە سەۋەنلىككە كىرىدۇ، بىرە ـ ئىككى قېتىم ئۆزىنى تەكشۈرۈش كۇپايە ئىدى. ئۇ بۇرۇن خاتالىق ئۆتكۈزمىگەن. يولداشلارغا مەلۇم، ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ بىر مۇئاۋىن شۇجىسى «ياشىسۇن» دېمەكچى بولۇپ «يوقالسۇن» دەپ نەچچە مىڭ كىشىلىك يىغىندا توۋلاپ سالدى، ئىككىسىنىڭ خاراكتېرىنى سېلىشتۇرساق ئەلۋەتتە شۇجىنىڭ خاتالىقى ئېغىر، چۈنكى ئۇ «يۇقالسۇن» دېسە باش كېتىدىغان سىياسىي شوئار توۋلىدى. زەينىدىنچۇ، ئۇ «دېڭتۇ، ۋۇخەن، لىياۋمۇشا» لارنى «ياشىسۇن» دېگىنىگە ئۇلار ياشىيالىدىمۇ، ياق! بەربىر يوقالدى. ھېلىقى شۇجىنىڭ ئاللا بۇرۇنلا خىزمىتى ئەسلىگە كېلىپ ئىشلەۋاتامدۇ.

— ئەمىسە ئۇنىڭ خاتا شوئار توۋلىغىنىنى مۇشۇنداقلا بولدى قىلامدۇق، — دېدى نىزاخۇن باشلىرىنى قىزارتىپ، — كۆڭۈلدە بولمىسا ئېغىزدىن چىقامدۇ؟ بۇ، سىنىپىي كۆرەشنى ئۇنتۇغانلىق…

— نىزاخۇن مۆللەك، ئۆزلىرى ئەينى مەيداندا يوق، — ھېكمەتنىڭمۇ تەلەپپۇزى بىردىنلا ئۆزگەردى، — زەينىدىن ئىنقىلابقا بەكمۇ سادىقلىق ھاياجىنى بىلەن، ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا خاتا شوئار توۋلىدى. قانۇن ئورۇنلىرىمۇ بىرەر جىنايەتنىڭ خاراكتېرىنى بېكىتىشتە، سەۋەنلىكمۇ، قەستەنلىكمۇ، ياخشى نىيەتتە يامان نەتىجىگە ئېرىشتىمۇ ياكى يامان نىيەتتە يامان ئاقىۋەت كەلتۈردىمۇ دېگەندەك زامان، ماكان، شارائىت تەسىر كۆرسەتكەن ئامىللارغا قاراپ، جىنايەتنىڭ شەكىللىنىش خاراكتېرىنى تەھلىل قىلىدۇ ...

— سەن ئەجەب سوتچىدەك گەپ قىلىپ كەتتىڭا! — نىزاخۇننىڭ پاسسىپ ئورۇندا قالغانلىقى ئۆزىگە ئايان ئىدى.

— سىلىمۇ كىتابنى، بولۇپمۇ قانۇنغا ئائىت ماتېرىياللارنى كۆپ ئوقۇپ بەرسىلە، كىم بىلىدۇ ئالىي سوتنىڭ باشلىقى بولۇپ قالامىلا! ...

ئىشخانا ئىچىدە گۈلدۈرلەپ كۈلكە كۆتۈرۈلدى. ۋەزىيەتنىڭ كىمگە پايدىلىق بولۇپ قىلىۋاتقانلىقى ھەممىگە ئايان بولۇپ قىلىۋاتاتتى، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ يۈرىكىمۇ ئىزىغا چۈشۈپ دادىل كۈلگۈدەك، سۆزلىگۈدەك بولۇپ قالغانىدى. بولۇپمۇ زۇلۇم ئۆچىقىدا تاۋلىنىپ چىققان ھېكمەت ئۈچۈن بۇنچىلىك سورۇنلار ھېچ نەرسىگە ئەرزىمەيتتى ۋە تەپ تارتىپمۇ ئولتۇرمايتتى. بىردىنلا كۆتۈرۈلگەن كۈلكە ۋە ھېكمەتنىڭ پىچاقتەك قادالغان سۆزلىرى نىزاخۇننى ئىسەنكىرىتىپ قويدى.

— سەن ... سەن ... شۇنچە بىلەرمەن تۇرۇقلۇق، — دېدى نىزاخۇن ئاغزىلىرىدىن كۆپۈك قاينىتىپ، — نېمىشقا جىنايەت ئۆتكۈزدىڭكىنا؟! ...

— شۇنى ئوبدان ئۇقۇۋالسىلا، — ھېكمەت تىكەندەك قادىلىپ قولىنى شىلتىدى، — مەندە جىنايەت يوق! ئۆزلىرى

بېكىتكەن ئەنزىگە مەن قول قويىمىدىم، ئۇنى ھۆكۈمەت، قانۇن، ئىنتىزام تەكشۈرۈش ئورۇنلىرى ۋاقتى كەلگەندە ئوسۇرۇۋىقىمۇ تەلەپ قىلمايدۇ، سىلى بۇنى ئېتىراپ قىلىسىلا، قىلمىسىلا بۇ بەربىر پاكىت! شۇنىمۇ ئۇنتۇپ قالمىسىلا، مۇدىرلىق ھوقۇقىغا تەمە قىلغانلىرى خۇددى پاقىنىڭ دەرەخكە ئارقىچىلاپ چىققىنىغا ئوخشاش كۈلكىلىك ئىش، — ھەممە بىردەك كۈلۈۋەتتى، — مۇدىرلىق ھوقۇقى يەنىلا زەيىنىدىنىگە مەنسۇپ، مېنىڭدىنمۇ كەچۈرۈم سورايلا، چاي قۇيىلا ...

ئىشخانىنىڭ ئىچىنى شۇنچىلىك سۈر باستىكى ئولتۇرغانلارنىڭ تىنىقى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى، چۈنكى ھېكمەتنىڭ دەۋاتقانلىرى ھەممىسىنىڭ كۆڭلىگە لاي سۇدەك ئورناپ كەتكەن ئاچچىق زەرداپلار ئىدى! مەملىكەت بويىچە ئەسلىگە كەلتۈرۈش، ئازاد قىلىش، خاتا ۋە ئۇۋال قىلىنغان ئەنزىلەرنى دەرھال بىر تەرەپ قىلىپ ئاممىنى خاتىرجەم قىلىش دېگەن شىددەتلىك كۆتۈرۈلۈۋاتقان بوراننىڭ نېمە ئۈچۈندۇر خوتەندە لەگلەك شاملىدەكمۇ كۈچى يوق ئىدى! تۈكنى يېتىشقا سىلاپ، يولۋاسنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرمەيلى دەيدىغان بىر قىسىم ئوقۇتقۇچىلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، قالغانلار ھۆججەت - ماتېرىياللاردىن كۆزى يورۇپ، خېلىلا دادىل بولۇپ قالغانىدى. پىلىڭ شەندۇيدىكەلەرمۇ خۇددى يەكتەك ئىچىگە تامبال كىيمىگەن ئادەمدەك ئۆز - ئۆزىدىن خۇدۇكسىنىپ، ئىچىنى تىڭشاپ قالغانىدى. شۇنداقتىمۇ ئۆز سايىسىدىن ئۈركىگەندەك سىنىپىي كۈرەشنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەي، بارالىڭ كۆرسىتىشتىن قالمىغانىدى. مانا ھازىرمۇ ھېكمەتنىڭ سۆزلىرى، نىزاخۇننىڭ ئىچ-قارنىنى ساپان سالغان ئېتىزدەك تىلغىۋەتتى. ئۇ ئاڭلىغانلىرىغا ئىشەنمەيۋاتقاندەك ئەتراپىدىكى، بەرەر نەرسىنىڭ تېگى- تەكتىگە يېتەر - يەتمەيلا قۇرۇق ئوتۇندەك چاراسلاپ يېنىپ كېتىدىغان

مىنبىگىلارغا تەئەججۈپ بىلەن قارىدى. لېكىن، ئۇلارمۇ قاردا قالغان پىدىگەندەك سولۇشۇپ ئولتۇراتتى.

— شۇنىمۇ ئەسكەرتىپ قوياي، — دېدى ھېكمەت قېنى قىزىپ، — ئەقىللىق ئادەم ھەرقانداق ئىشنى قىلغاندا، چېكىدىنىش ئۇچۇن ئاز بولسىمۇ ئىمكانىيەت قالدۇرىدۇ. زەينىدىنىڭ ئۆزىنىڭ ئالدىراقسانلىقىدىن بىر ئاددىي سەۋەنلىك سادىر قىلدى، ئۇنىڭ بۇنىڭدىن باشقا خاتالىقلىرىنى دەپ بېرەلەملا؟ ياق! — ھېكمەت مىچىلداپ يىغلاۋاتقان زەينىدىنگە قارىدى، — كونىلاردا: «يىقىلغاننى تەپمەك يوق» دېگەن گەپ بار، بىراۋ يىقىلسا ئۇنى يۆلىمەكتە يوق، ئۈستىگە چىقىپ چەيلىسىلە، سىلىنى قانداقمۇ ئادەم دېگىلى بولسۇن! زەينىدىنىڭ ئەمىلىنى ئېلىۋەتكەنلىك ئۇقتۇرۇشىنى سىلى تاپشۇرۇپ ئالغانما؟ ئۇنداق بولمىغانىكەن ئۇ ھېلىمۇ مۇدىر. پات - يېقىندا ئۇ يەنىلا ئەمەل ئىتىغا مىنسە، سىلى ئۇ چاغدا نەگە چېكىنىدىلا؟ ئۇنىڭ يۈزىگە قانداق قارايلا؟ شۇنى ئەسلىرىدىن چىقارمىسىلا، پارتىيە بىر كادىرنى تەربىيىلەپ ئۆستۈرگەنىكەن ھەرگىز ئۇنى تاشلىۋەتمەيدۇ...

— بولدى ھېكمەت، بولدى... ئەمدى سۆزلىمە!... ھۆ... ھۆ... ھۆ... — زەينىدىن ھۆ تارتىپ يىغلىغىنىچە ئۆزىنى كاچاتلىدى، — مەن ئەسكى... مېنىڭ تارتقۇلۇقۇم بار ئادەم... مەن كۆپ ئەسكىلىكلەرنى قىلغان... خۇدا مېنىڭ كۆزۈمگە كۆرسەتتى... مەن قانچە يىغلىسامۇ كۆز - ياشلىرىم گۇناھلىرىمنى يۇيالمايدۇ... ئەمدى سۆزلىمىگىن... يۈرەك باغرىمنى ئەزمىگىن... مەن ياخشى بىلەن يامانىنى، ئاق بىلەن قارىنى پەرق ئەتمىگەن كۆزى ئۇچۇق قارىغۇ تۇرسام.

ئىشخانا ئىچى يەنە بىر قېتىم سۈكۈتكە چۆمدى، ھەممىنىڭ زەينىدىنىنىڭ دەپ - ئېيتقۇسىز بىچارە ھالىتىگە قاراپ كۆڭلى-

لىرى بىر قىسما بولۇپ قىلىشتى. ئەڭ بۇرۇن ئەسلىگە كې-
لىپ، مەكتەپ ئىنقىلابىي كومىتېتىنىكى رەھبەرلىك ئورنىنى
تاپقان زىكرۇللاغوجى ئاستا ئورنىدىن تۇردى:

— يولداشلار، زەينىدىننى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى خالايدى-
غانلار قولۇڭلارنى كۆتۈرۈڭلار.

نىزاخۇن، غوجى تەلۋە، روزاخۇنلاردىن باشقا يىغىنغا قات-
ناشقانلارنىڭ ھەممىسى قول كۆتۈردى.

— مەمتىلى ئىبراھىم، — دېدى زىكرۇللاغوجى بىر
مۇنچە ماتېرىيال خالتىلىرىنى تۇتۇپ ئولتۇرغان مەمتىلى ئىبرا-
ھىمغا بۇيرۇق قىلىپ، — زەينىدىننىڭ ئەنزە خالتىسىنى
قولىغا بېرىڭلار، ئۆزى كۆيدۈرۈۋەتسۇن!

— ياشىسۇن قەلبىمىزدىكى ئەڭ - ئەڭ قىزىل قۇياشىمىز
ماۋجۇشى! تۇمەن مىڭ يىللار ياشىسۇن! ... — كاركىراپ
قالغان ئاۋازى بىلەن شوئار توۋلىغان نادان زەينىدىن ماتېرىيال
خالتىسىنى قولتۇقلىغىنىچە جايىغا كېلىپ ئولتۇردى.

زىكرۇللا غوجى بىلەن نىزاخۇن قۇلاق يىقىۋالغاندىن كې-
يىن يىغىننى ئاخىرلاشتۇرماقچى بولۇپ تۇرغاندا، قاپقارا قويۇق
قاشلىرى تۈرۈلۈپ، قارا قۇڭغۇزدەك بىر يەرگە يىغىلىپ قالغان
ھېكمەت يەنە ئورنىدىن تۇردى ۋە بۇركۇتنىڭكىدەك ئۆتكۈر كۆز-
لىرىنى غوجى تەلۋىگە قادىدى:

— ھەي غوجى تەلۋە، سىنىڭ مەكتەپتىن قانداق قوغلاندى
قىلىنغانلىقىڭ ئۆزۈڭگە ئايان، — ھېكمەت ئالدىغا بىر قەدەم
چىقتى، — سەن ئوقۇتقۇچىلاردىن تەتۈر ھېساب ئېلىپ نىمە
شۇملۇقلارنى قىلدىڭ، بىلەمسەن؟ ئەخمەت ھوشۇرنىڭ پۇتىغا
تېپىپ ئۇ ھازىرغىچە ئاقساپ ماڭالمايدۇ. زەينىدىننىڭ بېقىنىغا
ئۇرۇپ چىنە ئاغزىدەك كۆكەرتىۋەتتىڭ، بۇ تېخى يوقىمىدى.
سەن ئۇرغان، قولىنى قايرىغان، ئاسقان ئوقۇتقۇچىلار تېخىچە

ئەسلىگە كېلەلمىدى، بۇ ئىشلارنىڭ ھېسابىي يوقمىكىن دېمە! گېزىت - ژۇرنال، ماتېرىياللارنى ئوبدان كۆرۈپ باق، مەدەنى-يەت ئىنقىلابىدا ئادەم ئۆلتۈرگەن، ئۇرغان، پاچاق چاققان، قول سۇندۇرغان سېنىڭدەك ئەبگاھلارغا نۆۋەت ئەمدى كەلدى، ئىنامىڭغا پېتىپ يۈر! ...

يىغىن تارقالدى، ئەمما بۇ كېچە زەينىدىنىنىڭ كۆزىگە ئۇيقۇ كېلىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ئۇ ھېلىدىن - ھېلى يار ئېلىپ كەتكەن ئېقىندەك توختىماي تۆكۈلۈۋاتقان ياشلىرىنى سۈرتۈپ ئۆلگۈرتەلمەيتتى، ئۇنىڭ تۇمانلىق كۆزلىرى ئالدىدا نۇرغۇن ئىشلار بىرمۇ بىر تىزىلىپ ئۆتمەكتە ئىدى. بىر چاغلاردا زەينى-دىن ھېكمەت، كامىل، مۇراتلارنى كۆزدىن يوقىتىش ئۈچۈن، ھېلىلا ئۆزى كۆيدۈرۈۋەتكەن ئەنزە خالتىسىدەك قارا ماتېرىيال-لارنى تۇرغۇزۇپ قانداق رەزىل ئويۇنلارنى ئوينىمىدى! ئۇلارغا بېرىلگەن جازانى ئېغىرلىتىش ئۈچۈن، قۇربان ھاكىمنىڭ ئۆيىگە قاتراپ قىلغان قارا كۆڭۈللۈكلىرىچۇ، كېرىم-وف دېگەن چوشقىنىڭ كەينىگە كىرىپ گۇلزىباغا ئۇۋالچى-لىق سالغىنىچۇ؟! مەكتەپتىكى ئوغرىلىق ۋەقەسىدە مۇشۇ بالى-لارنىڭ ئۇنى قۇتقۇزۇپ قالغىنىنى بىلىپ تۇرۇپمۇ، يەنە يامان نىيىتىدىن يانمىدى، بەگئېرىق ئوتتۇرا مەكتىپىدىكى ئوقۇتقۇ-چىلارغا قىلغان زىيانكەشلىكلىرى ئازمۇ؟ گەرچە يامانلىق بىر مەزگىل تەنتەنە قىلغىنى بىلەن ئەبەدىلئەبەد خەلق كۆڭلىدە قارا تامغىدەك بېسىلىپ قالىدىكەن، ھەتتا بۇ لەنىتى داغ ئۆزۈڭ بىلەنلا باقىيغا كەتمەي، ئۇرۇق - پۇشتۇڭغا، بالىلىرىڭغا تۇمار بولۇپ ئېسىلىپ ھەممىنىڭ لەنەت - نەپرىتىگە ئۇچرايدىكەن. يازغۇچىلارنىڭ: «ھەركىم ئۆز تارىخىنى ئۆزى يارىتىدۇ» دېگەن سۆزى ئەجەبمۇ جايىدا چېلىنغان سىگنالكەن ئەمەسمۇ. ياخشى نام بىلەن كېتىش ياكى يامان خولۇق ئارقىلىق لەنەتگەردى

بولۇش ئۆز خۇي - پەيلىمىزدىن ئىكەن! ھېكمەت، مۇرات، كامىللارنىڭ بېشىغا نېمە كۈنلەرنى سالمىدى، لېكىن ئۇلار نەگىلا بارمىسۇن، خەلق ئىسسىق قوينىنى ئېچىپ باغرىغا باستى، شۇنداق، ئادەملەرگە زىيان سالماق ئاسان، نىجاتلىق بەرمەك تەسكەن. زەينىدىن ھېكمەتنىڭ تەقدىرىنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋەتكۈدەك زىيانكەشلىك قىلدى، سۈرگۈنلەرگە ھەيدىدى، ئەجەب شۇ چاغلاردا دوپپىسىنى ئالدىغا قويۇپ: «ۋۇي توختا، ئاتا-ئانىسى، قوۋم - قېرىندىشى يوق، ھالىڭ نىچۈك دېگۈدەك قاياشى بولمىغان بىر مۇساپىر بالىنى دەشتى-قۇملارغا پالاپ، بېشىغا ئېغىر قىسمەتلەرنى سالسام خۇدا راۋا كۆرەرمۇ؟» دەپ ئويلاپ باقماپتىكىنە؟!... لېكىن ھېكمەتچۇ؟ زەينىدىن يىقىلىۋىدى، ئۇ قولىنى سۇندى! كونىلار «يىقىلغان ۋاقتىڭدا قولىنى سۇنغان كىشى ھەقىقىي دوستۇڭدۇر» دېگەنىكەن. بىراق، ھېكمەت ئۇنىڭ ھېيقماس دۈشمىنى ئىدى. ھەي دەرىخ! دونيادا گەپ قىلىشنى، يىغلاشنى، كۈلۈشنى، ئويلاشنى بىلىدىغان، بېشى ئۆرە ماڭىدىغانىنىڭ ھەممىسى ئادەم ئەمەسكەن، ئۇلارنى «ئادەمىي» ھەم «ئادەمىي ھايۋان» دەپ بۆلۈشكە توغرا كېلىدىكەن. بەزىلىرى نەپسى، يامان غەرىزى يولىدا ئىنسانلارغا زىيان سېلىشنىلا ئويلىسا، بەزىلىرى ئادالەت بابىدا نىجاتلىق نۇرلىرىنى چاچىدىكەن. ھېكمەت بىر ئېغىز سۆزى بىلەنلا زەينىدىننى «تەشكىلات» تىن قۇتقۇزۇپ قالدى. مانا بۈگۈن ئىقبال - تەقدىرىنىڭ ئاشۇلارنىڭ قولىدا ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۆزىنى قۇربان قىلىش ھېسابىغا زەينىدىنگە نىجاتلىق ئاتا قىلدى. ئاتا - بوۋىلىرىمىز: «ياخشىلىق يىلتىزى ئۇزارسا ئالەمگە نىجاتلىق بىرۇر، يامانلىق يىلتىزى ئۇزارسا ئالەمگە زىيان سالۇر...» دەپ بىكار ئېيتماپتىكەن. زەينىدىن بۇلارنى نېمىشقىمۇ بۇرۇنراق چۈشەنمىگەن

بولغىيتتى. ئەگەر بىلگەن بولسا ئۆز قېرىنداشلىرىدىن ئۇنچىۋالا ئۆزاپ كەتمىگەن بولار ئىدى. ھەيھات! مانا، تەقدىر ئىلاھىنىڭ نەققاشى زەيىندىنىنىڭ قارا كۆڭلىنى يورۇتۇپ، ئەجەب ئۆز چېچ-چەكلىرىنى ئاپىرىدە قىلىشقا باشلىدى ...

ئەتىسى چۈشتىن كېيىن ئوقۇتقۇچىلار ئىشخانىغا يەنە يىغى-لىشتى. تېخى ئەسلىگە كەلتۈرمىگەنلەردىن تۆتلا ئوقۇتقۇچى قالغانىدى. بۇنىڭ ئىچىدە ھېكمەت بىلەن كامىلنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ئېغىز ئېچىپ، كەتمىنىنى چاپىدىغانلار چىقماسلى-قى مۇمكىن. چۈنكى، بۇنداق ۋىلايەت، ناھىيە، گوڭشېدا نامى بار «ئەكسىلئىنقىلابچى» لارغا چېتىلىپ قېلىشتىن ھەممە ھەزەر ئەيلەيتتى. ئەخمەت ھوشۇرنىڭ 57 - يىلى كىيگەن «يەرلىك مىللەتچى» دېگەن قالپىقى بار ئىدى. ھېكمەت ئاخشام ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىپ «ئەسلىگە كەلتۈرۈش» ھەققىدە بىرەر ئىلتى-ماس يېزىپ باقسىلا بولمامدۇ؟» دېۋىدى، ئەخمەت ھوشۇر دى-مىغىدا ئاچچىق كۈلۈپ قويۇپ، ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان مۇنۇ رىۋايەتنى سۆزلەپ بەردى:

«بىر مۇنەججىم كېمىگە چۈشۈپ دەريانىڭ ئۇ قانىتىغا ئۆت-كۈدەك بولسا، بېلىق، تاشپاقا، راك دېگەندەك نۇرغۇنلىغان سۇ ھايۋانلىرى يىغىلىشىۋاتقۇدەك. مۇنەججىم ئۇلاردىن نېمە ۋەجى-دىن بۇنداق بىئارام بولۇۋاتقانلىقىنى سورىغانىكەن، بېلىق: سۇ پادىشاھىنىڭ، بارلىق قۇيرۇقى بار ھايۋانلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇق قىلغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ. مۇنەججىم بىردىنلا بىر چەتتە ئېسەدەپ يىغلاۋاتقان پاقىنى كۆرۈپ قى-لىپ: «ھەي بۇرادەر، ئاۋۇلارنىڭغۇ قۇيرۇقى بار ئىكەن، سېنىڭ قۇيرۇقىڭ بولمىسا يەنە نېمىگەبۇنچىلىك يىغلايسەن؟» دەپ سورىغانىكەن. پاقا: «سىلى شۇنداق دېگەن بىلەن سۇ پادىشاھى مېنىڭ يېڭى تۇغۇلغان ۋاقتىمدا قۇيرۇقىمنىڭ بارلىقى-

ـنى ئۇنتۇپ قالمىغان بولسا ...» دەپ ئەنسىرەپ يىغلاۋاتىمەن، دەپتىكەن ...

نىزاخۇن يىغىنىنى باشلاشتىن بۇرۇن، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تولۇق كەلگەن ـ كەلمىگەنلىكىنى تەكشۇرۇپ ئىشخانىغا بىر قۇر قاراپ چىقتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى بىردىنلا چەكچەيدى. چۇنكى، قەيەردىن ئال دىسە، شۇ يەرگە ئىغىز سالىدىغان كاپ ـ كاپ كۇچىكى غوجى تەلۋە كۆرۇنمەيتتى. ئۇ تۇنۇگۇن ھىكمەتنىڭ دەشىنمىنى ئىشىتكەندىن كىيىن، خۇددى كىسەل تەككەن بوۋۇد-قۇت[1]تەك تۆگۇلۇپ قالغانىدى.

— غوجى بەردى كۆرۇنمەيتىيا، — نىزاخۇن بويۇنداپ قارىدى.

— سەھەردە تۇرساق، — دىدى ساتتارقارا، — يوتقان-كۆرپە، بىرەمىسى يوق تۇرۇتۇ، قويرۇقىنى خادا قىلغان چاغۋا...

ئىشخانىنىڭ ئىچىدە كۇلكە كۆتۇرۇلدى. ئاخشامقى رىۋايەت ئىسىگە كەلگەن ھىكمەت ئەخمەت ھوشۇرغا چاندۇرماي كۆزىنى قىسىپ قويدى. نىزاخۇن بىر پارچە قەغەزنى ئىلىپ زىكرۇللا-غوجىغا تۇتقۇزدى. ئەسلىدە بۇ قەغەز قۇتبىرەمنىڭ ئۆزىنى «ئەسلىگە كەلتۇرۇش» ھەققىدە يازغان ئىلتىماسى ئىدى. زىكـ-رۇللا غوجى ئىلتىماسىنى ئوقۇپ بولغاندىن كىيىن نىزاخۇن گىلىنى قىرىپ سۆزلىدى:

— ئىنقىلابىي يولداشلار، ئىشەكنىڭ ھۇنىرى ھاڭ-راش دىگەندەك، ئەكسىيەتچى تەشكىلات ئەزاسى قۇتبىرەمنىڭ يازغان بىر نىمىسىنى ئاڭلىدىڭلار، — نىزاخۇن نوپۇزلۇق ئەر-بابلار پەدىسىدە سالاپەتلىك يۆتىلىپ قويدى، — ئۇ پارتىيە، سوتسىيالىزمغا، پرولىتارىيات دىكتاتورىسىغا قارشى ئەكسىيەتـ-

① بۇۋۇقۇت —— پىلىگە كىرىش ئالدىدا كىسەل تىگىپ ئۆلگەن پىلە قۇرتى. تولۇق ئاتىلىشى بوۋاي قۇرت .

چى تەشكىلاتنىڭ غوللۇق ئەزاسى تۇرۇقلۇق ئەسلىگە كەلتۈرۈش ھەققىدە ئىلتىماس قىلىشى، خۇددى كىرپىنىڭ مەن يۇمشاق دېگىنىگە، قاغىنىڭ «ئاق»لىق دەۋاسى قىلغىنىدەك كۈلكۈلۈك ئىش، شۇڭا بۇ مەسىلىنى مۇزاكىرە قىلىپ بىھۇدە ئاۋارە بولمىساق ...

— شۇنداقتىمۇ يولداشلارنىڭ پىكىرىنى ئاڭلاپ باقايلى، — دېدى زىكرۇللا غوجى.

— ئاڭلىساق، ئاڭلىمىساق بەرىبىر، — نىزاخۇن ھېكمەتنىڭ تۇنۇگۈنكى «ئاتىكاچىلىقى» ئۈچۈن ئۆچ ئېلىشنى كۆڭلىگە پۈككەنىدى، — ھېكمەت ئۆز ئاغزى بىلەن ئىقرار قىلدىغۇ، يولداشلارنىڭ ھەممىسى ئاڭلىغان، شۇنداققۇ دەيمەن ھېكمەت!

نىزاخۇننىڭ كۆڭلىدە «زەينىدىنىنىغۇ سەۋەنلىكتىن، دەپ ئاقلىدىڭ، ئەمدى ئۆزۈڭ لايغا پۇچىلىغان بىر ئادەمنى قانداق يويىسەنكىن» دېگەن غەرەز بار ئىدى. ھېكمەتمۇ نىزاخۇننىڭ كىبىرلىك چىرايىغا قاراپ: «ماۋۇ ھۆپۈپ بىلەن سازاڭ تالىشىدىغان تازنىڭ چالا كۆرەڭلىكىنى» دەپ ئىچىدە غىجىنىدى.

ھېكمەت ۋۇجۇرىن، لى گاڭلارنىڭ بوستاندا قانداقتۇر تەشكىلاتلارنى ياساپ چىقىرىپ يۈرگۈزگەن تېررورلۇق ھەرىكىتى كەلتۈرۈپ چىقارغان زىيىنى ئېغىر بولغانلىقى ئۈچۈن قايتۇرۇپ كېتەلگەنلىكىنى تۆمۈر نىيازدىن ئاڭلىغانىدى. ئۇنىڭ سۆزلىرى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولۇپ، يۇقىرىدىن بۇنىڭدىن كېيىن «ئەكسىيەتچى تەشكىلات ئىشى سۈرۈشتە قىلىنمىسۇن» دېگەن ئۇقتۇرۇش ئىچكى جەھەتتە تارقىتىلغانىدى. نىزاخۇننىڭ تەشكىلات ئىشىنى تىلغا ئېلىشىغا قارىغاندا، يېڭى كەلگەن شى فامىلىلىك ئۇلارغا ئىنقىلاب ۋەزىيىتى ۋە يۆلىنىشى ھەققىدە تېخى بىر نېمە دېمىگەنلىكى ئېنىق ئىدى.

— شۇنداق جۇرىن، — ھېكمەتنىڭ چىرايىغا ئىستىزا-

لىق كۆلكە ياماشتى، بۇنىڭدىن نىزاخۇننىڭ تېنى شۈركۈنۈپ كەتتى، — سىلى بۇ تەشكىلات ئىشىنى بىلىپ دەۋاتامدىلا ياكى بىلمەيمۇ؟ تەشكىلات قۇرماق شۇنداق ئاسان ئىشمىكەن. مېنىڭ تەشكىلات قۇرغانلىقىم توغرۇلۇق ناھىيە، ۋىلايەت، ئەدناسى گۇڭشېنىڭ بېكىتكەن ھۆججىتى بارمۇ؟ ھۆكۈمەت قىلنى قىرىق يارىدۇ، ئادىل ئىش قىلىدۇ. سىلىنىڭ مۇنداق دېيىشلىرىدىكى غەرەز نېمە؟!

— سەن … سەن … — نىزاخۇننىڭ كالپۇكلىرى تىترەپ يۈزى سۇپ - سۇر بولۇپ كەتتى، — تەشكىلاتىنى ئۇ … ئۆزۈم قۇردۇم …، قۇتبىرەمنىمۇ ئۇ … ئۆزۈم قوبۇل قىلدىم، دېگەن تۇرساڭ … ئەمدى قالپاقنى ماڭا چىنەيسىنا!

— مەن يوق تەشكىلاتقا قۇتبىرەمنى قانداق ئەزا قىلغۇدەكمەن، — دېدى ھېكمەت بىردىنلا ھۆرپىيىپ، — ئۆز ۋاقتىدا ئۇ بىزلەرنى خالىققا چىقىپ، ھەرخىل قارا ماتېرىياللارنى يەتكۈزۈپ بېرىپ قانچىلىك زىيانكەشلىكلەرنى قىلمىدى. بۇنداق چىقىمچى، دەيدەيچى، سۇخەنچى بىر ئادەمنى يېنىمغا تارتىپ مەن ساراڭما! بىلىسىلە، قۇتبىرەم سىلىنىڭ ئەڭ بىرىنچى قولچۇماقلىرى …

قۇتبىرەم ئۇستەلگە دۈم يېتىپ يىغلىماقتا ئىدى. ھېكمەت ئۇنى ئۆز ۋاقتىدا تارتىپ چىقىرىپ قويۇپ، بىر مەزگىل خۇددى چۈشىن يۇتۇۋالغاندەك كۆڭلى غەش يۈردى. نېمىلا دېگەن بىلەن ئۇ بىر ئايالدە … شۇنداقتىمۇ ھېكمەتنى ۋىجدانى ئاقلاپ، ئۇنىڭغا مەدەت بەرگەنىدى.

— توغرا، مەن «تەشكىلاتىمدا قۇتبىرەملا بار» دەپ ئۇنىڭغا زىيانكەشلىك قىلدىم، — دېدى ھېكمەت ئۆزىدىنى بېسىۋېلىپ، — ئۇ چاغدا شۇنداق قىلمىسام بولمايتتى، چۈنكى، قۇتبىرەمنىڭ مېڭىسى قىزىپ، ئەسەبىيلىكى تۇتۇپ

يىگىرمىدەك مۇئەللىمنى ئەكسىيەتچى تەشكىلات ئەزاسى قىلىپ
قويۇش خەۋپى كۆزگە كۆرۈنۈپ قالغانىدى. شۇڭا، مەن ئۇنىڭ
ئاغزىنى تۇۋاقلاپ ئۆزىنى ئەكسىيەتچى قىلىپ قويدۇم. ئەگەر
ئۇنى ئەركىن قويۇۋەتكەن بولسام بۇ چاققىچە تارتىپ چىقىرىلغاند-
لارنىڭ ئىچىدە قانچىسى ئۆلۈپ، قانچىسى مېيىپ بولۇپ قالغان
بولاتتى. ئۇنىڭسىزمۇ قولى تۇتمايدىغان، ئاسقاقلاپ ماڭالمايدى-
غان، چوڭقۇرراق تىنالمايدىغانلار بارغۇ، غوجى تەلۋىدەك ئىت-
لارنىڭ خۇي - پەيلى ئۆزلىرىگە ئايان ...

هېكمەتنىڭ كەيپى ئۆرلەپ، قېنى قىزىپ قالغانمۇ نېمە،
خېلىلا قايناپ سۆزلىدى، ئۇ 66 - يىلدىكى ئەكسىيەتچى لۇش-
يەن يۈرگۈزۈلگەن چاغدىكى سىياسىي يانچۇقچى ئايىم نۇرىنىڭ
ۋىلايەت بويىچە تۆت يۈزدەك زىيالىيغا زىيانكەشلىك قىلغان سى-
ياسىي سۇيىقەستنى مىسالغا ئېلىپ، ئۆلگەن، مېيىپ بولغان،
ئەقلىدىن ئاداشقانلارنىڭ ئېچىنىشلىق پاجىئەلىرىنىمۇ ئوتتۇرىغا
قويدى.

يىغىن قۇتبىرەمنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش بىلەن ئاياغلاشتى.
بۈگۈن هېكمەت قۇتبىرەمنىلا ئەمەس، ئۆزىنىمۇ ئاقلىدى. يى-
غىن تۈگەش بىلەن پۇشايمان زەردابى ئىچكەن بۇ ئازغۇن ئايال
كارىدورغا يۈگۈرۈپ چىققىنىچە هېكمەتنىڭ ئالدىنى توستى
ۋە ياشلىرىنى ئېقىتىپ تۇرۇپ: «هېكمەت مۇئەللىم،
مېنى كەچۈرۈڭ ... مەن ...مەن... سىزگە كۆپ ئەسكىلىكلەر-
نى قىلغان ...» دەپ ئەپۇ سورىدى، هېكمەتمۇ: «سىزمۇ مېنىڭ
ئامالسىزلىقتا قىلغان يۈزسىزلىكىمنى كەچۈرۈڭ» دېدى.

هېكمەت ئەمدىلا ئۆيىگە كىرىپ ئولتۇرۇشى كامىل كىرىپ
كەلدى، چىرايىدىن خۇشاللىق چىقىپ تۇراتتى. ئىككى دوست
بوسۇغىدىلا قۇچاقلاشتى. ئۇلارنىڭ ئاخىرقى قېتىم كۆرۈشكىنى-
گە يىگىرمە كۈندىن ئاشقانىدى.

— ھېكمەت، مەن گۇڭ نۇڭ بىڭ[1] داشۆسىگە ئوقۇشقا بارىدىغان بولدۇم، — دېدى كامىل ھاياجان بىلەن، — ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلغىلى كەلگەن ئوقۇتقۇچى، مېنىڭ بارلىق ئەھۋالىمنى ئوقۇپ، قوبۇل قىلىشقا ۋەدە قىلدى، بەزى رەسمىيەتلەرنىمۇ بېجىردىم.

— بەك ئوبدان بوپتۇ، — ھېكمەت گەرچە شۇنداق دېگەن بولسىمۇ يۈرىكىنى بىر كىم قىسقاندەك ئازابلاندى، — ئوقۇيدىغىنىڭ قايسى كەسىپكەن؟

— ئەدەبىيات نەزەرىيىسى، — كامىل بىردىنلا شۈكلەپ قالدى، — لېكىن گۇڭشېدىن رۇخسەت قىلارمۇ؟

— مېنىڭ ئويۇمغا بىر ئىش كېلىۋاتىدۇ، — دېدى ھېكمەت بىر ئاز ئويلىنىۋېلىپ، — يېڭى كەلگەن جۇرنىنىڭ خۇي - پەيلىنى تېخى ئۇقمايمىز. شۇڭا، نىزاخۇنغا ئۇقتۇرماي، زىكرۇللا غوجى، توختى قۇربان ئىككىسى سېنىڭ ئىلتىماسىڭنى كۆتۈرۈپ بۈگۈن كېچىلا ئابلىز بەكرى كاتىپنىڭ ئۆيىگە بارسۇن، ئۇلار سېنىڭ مەسىلەڭ توغرۇلۇق پىكىر بىرلىكىگە كېلىپ بولغاندىن كېيىن، ئەتە ئەتىگەن ئۇچى دەرقەمتە جۇرنىنىڭ ئۆيىگە كىرسە قانداق؟

— بۇ چارەڭ بولغۇدەك. بىراق، مەسىلىسى بارمۇ، يوق دەپ سۈرۈشتۈرۈپ يۈرەرمۇ؟

— ھازىرقى ۋاقىتتا ئىدىيە مەسىلىسىنى سۈرۈشتۈرمەيدىغان يەر نەدە بار؟ — دېدى ھېكمەت، — لېكىن، گەپ مەسىلەڭنى قانداق ئوتتۇرىغا قويۇشتا. شۇڭا ئابلىز كاتىپ سىلەر بىرلىككە كەلگەن مەسلىھەت بويىچە ئارتۇقچىلىقىڭنى كۆپتۈرۈپ، ئىنقىلابتا سېنىڭ قارىغا كەتكەنلىكىڭنى ئۇستىلىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇپ، جۇرنىنى سېنىڭ ئىلتىماسىڭغا تەستىق سې-

① گۇڭ نۇڭ، پىڭ - ئىشچى، دېھقان، ئەسكەرلەر.

لىپ بېرىدىغان قىلىش كېرەك.

— مېنىڭچە، يېڭى كەلگەن جۇرنىمۇ يامان ئەمەستەك قىلىدۇ، — دېدى كامىل، — بولمىسا بۇ چاغقىچە مەكتەپكە كېلىپ ئەرەختەم - پەرەختەم قىلىۋەتمەمدۇ.

— توغرا ئېيتتىڭ، تۆمۈر نىيازمۇ شۇنداق دېگەنىدى.

ھېكمەت بىلەن كامىل چاي قايىنىتىپ ئىچىپ بولغۇچە قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتكەنىدى. ئۇلار توختى قۇرباننىڭ ئۆيىگە كېتىۋاتقىنىدا، سىنتەبىرنىڭ سۈزۈك ئاسمىنىدا نېپىز بۇلۇتلار خۇددى تارىلىپ كەتكەن شايىلاردەك ئاينىڭ يۈزىنى يېرىم توسۇۋالغانىدى. ئۇ يەر، بۇ يەردە شالاڭ كۆرۈنگەن يۇلتۇزلار خۇددى يالىلداپ تۇرغان ئەينەك پارچىلىرىغا ئوخشايتتى. دائىما ھېس - تۇيغۇلار كۆڭۈل - كۆكسىنى تولدۇرۇپ، يۈرىكىنى لەرزىگە سېلىپ تۇرىدىغان يۇمشاق دىل ھېكمەت، ئاسماننىڭ ئېگىز بىر يېرىدە يالغۇز جىمىرلاپ تۇرغان يۇلتۇزغا قارىغىنىدا، ئۆزىنىمۇ تىكەندەك يېتىم ھېس قىلدى - دە، كۆزلىرىنى نېپىز ياش پەردىسى قاپلىدى.

— مۇراتتىن ئايرىلىپ بىر قانىتىم سۇنغانىدى، — ھېكمەت يالغۇز يۇلتۇزغا تىكىلگىنىچە مۇڭلىنىپ قالدى، — ئەمدى سېنىڭدىن تېرىك ئايرىلىپ يا ئوقى تەگكەن كېيىكنىڭ ئۆزى بولۇپ قالىدىغان بولدۇم.

نېمە دەپ تەسەللى بېرىشنى بىلمىگەن كامىل ئېغىر خورسىنىش بىلەن دوستىغا جاۋاب بەردى:

— ھېكمەت، بۇ قېتىم ئوقۇشقا بارىدىغانلارنىڭ ئىچىدە مەسۇم قابىلمۇ بار ئىكەن، بۇ ئەبلەخ بىلەن بىر سىنىپتا بىللە بولۇپ قالمىساملا بولاتتىغۇ.

— مەدەنىيەت يۇرتىدىن ئېلىپ چىققان كىتابلارنى پاش قىلىپ خىزمەت كۆرسەتكەن خائىنما؟

— نەق شۇ.

ـــ نېمىلا بولسا ئۇنىڭ قېشىدا گەپ ـ سۆزلەرگە دىققەت قىل.
ـــ مېنى ئۇنىڭغا گەپ قىلىدۇ، دەپ ئويلامسەن، چىرايىغا قارىسامىمۇ قوسقۇم كېلىدۇ...
نىزاخۇن جۇرىن ئەتىسى چۈشلۈك تاماق ۋاقتىدا كامىل كۆتۈرۈپ كەلگەن شى جۇرىننىڭ تەستىقىنى كۆرۈپ، ئاغزىدىكى تاماق ئۆپكىسىگە كەتتىمۇ قېقىلىپ كەتتى. تەستىقتا: «كامىل ئۈرۈمچىگە ئوقۇشقا بارىدۇ، دەرھال ئەسلىگە كەلتۈرۈڭلار» دېيىلگەنىدى.

# توزىغان چىچەكلەر

15 ـ سېنتەبىر گۇڭشې ئالدىدىكى چوڭ مەيدان ئادەم
بىلەن تولدى. تاڭ سەھەردىلا كەنت، ئەترەت، مەك-
تەپ، ئىدارە ـ جەمئىيەتلەردىن تۆتتىن تىزىلىپ كەلگەن ئوقۇت-
قۇچىلار، دېھقانلار، ئىشچى ـ خىزمەتچى، كادىرلار بەلگىلەن-
گەن ئورۇندا ئولتۇرۇشاتتى. بۇنداق ئاممىۋى سورۇن، چوڭ
يىغىلىشلاردىن يۈرىكى مۇجۇلۇپ كەتكەن ئادەملەر خۇددى مەس-
چىتتىكى جامائەتتەك، باشلىرىنى ساڭگىلىتىپ تۇراتتى. ئۇلار-
نىڭ تۆت ئەتراپتىكى دەل ـ دەرەخ، تۈۋرۈكلەرگە چاپلىنىپ
كەتكەن لوزۇنكا، پلاكاتلارغا قاراشقىمۇ تېنى ئەيمىنەتتى. شو-
ئارلارنىڭ ھەممىسى «يوقالسۇن لىن بياۋ ئەكسىلئىنقىلابى گۇ-
رۇھى»، «كىمكى ماۋجۇشىغا قارشى چىقسا، جان تىكىپ ئېلى-
شىمىز» دېگەندەك مەزمۇندا يېزىلغانىدى. دەرەخلەرنىڭ شاخلى-
رىغا، سىم تۈۋرۈكلىرىگە، ئۆگزىلەرگە ئورۇنلاشتۇرۇۋەتكەن
يۇقىرى ئاۋازلىق كانايلاردىن: «دېڭىزدا پاراخوت رولچىغا تايى-
نىپ ماڭار»، «شەرق قىزاردى»، «ماۋ جۇشى ئالتۇن رەڭلىك
قىزىل قۇياش» دېگەن ناخشىلار ئۇزۇلمەي ئېيتىلىپ تۇراتتى.
بىراق، كىشىلەر كۇسۇرلىشىپ ئۆزئارا گەپ قىلىش
ئەمەس، ھەتتا بىر ـ بىرىنىڭ چىرايلىرىغا قاراشتىنمۇ قور-
قۇشاتتى، دېمىسىمۇ لوزۇنكا، پلاكاتلارغا يېزىلغان شوئارلار
خۇددى ئوچۇق ئاسماندا چاقماق چاققاندەك، دەريا سۇلىرى بىرد-
دىنلا ئارقىسىغا قاراپ ئېقىۋاتقاندەك تەسىر قىلماقتا ئىدى.
ھەيران قالارلىقى شۇ ئىدىكى، يۈرىكى سىرقىرىشىپ ئولتۇرغان
بۇ ئادەملەر لىن بياۋنى ئۆزلىرى «يوقالسۇن» دەپ سالغاندەك،

كىملەرگىدۇر قارىتا خاتا شوئار توۋلاپ قويغاندەك بىر - بىر-
دىن قورقۇشۇپ، خۇدۇكسىرىشىپ يەردىن باشقا يەرگە قارىمايت-
تى. شامالنىڭ شەپىسىدىنمۇ چۆچۈيدىغان خەلقنىڭ ئەڭ ئەنسى-
رەيدىغىنى ئۆزلىرىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى تەقدىرى ئىدى!
ئەمدى لىن بياۋغا باغلىنىپ يەنە قانداق پاجىئە يۈز بېرەر ...

كۈن نەيزە بويى كۆتۈرۈلگەن بولسىمۇ يىغىن باشلانمىدى.
سەھنىدە ئولتۇرۇشقان گۇڭشې رەھبەرلىرى كىملەرنىدۇر ساق-
لاۋاتاتتى. دېگەندەك شەھەردىن چىققان ئىككى ماشىنا چوڭ
يولدا پۇشۇلداپ توختىدى. ئۇنىڭ كۈزۈپىدىكى پانا قاققاندەك
ئۆرە تۇرۇشقان ھەربىيلەر گۇلدۇرلىشىپ يەرگە چۈشتى، ئاندىن
ئىككىدىن تىزىلىپ «پو ... پو ... » غا يۈگۈرگىنىچە مەيدانغا
كىرىپ كېلىشتى - دە، تۆت ئەتراپنى قورشاپ پوست تۇرۇش-
تى. بىرنەچچە ھەربىي رەھبەر سەھنىدىن ئورۇن ئالدى.

يىغىن باشلاندى. شى جۇرىن شەھەردىن چىققان ھەربىي
رەھبەرنى سۆزگە تەكلىپ قىلىش بىلەن، ئەللىك ياشلار ئەتراپى-
دىكى ئېگىز، تەمبەل ھەربىي باشلىق مىكروفون ئالدىغا كېلىپ
ئاممىغا «چاس» بېرىپ ھۆرمىتىنى بىلدۈردى. ئاندىن ماۋجۇشى
ئۆزۈندىلىرىدىن بىر قانچىنى ئۇلاپ ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن
سۆزىنى باشلىدى:

— ئۆزۈندىن بېرى پارتىيىگە، ماۋجۇشىغا، سوتسىيا-
لىزمغا ئۆچمەنلىك ساقلاپ كېلىۋاتقان لىن بياۋ ئەكسىلئىنقىلابى
گۇرۇھى، مەدەنىيەت ئىنقىلابىنىڭ زور دولقۇنىدىن پايدىلىنىپ
دۆلەت ۋە پارتىيىنىڭ ھوقۇقىنى تارتىۋېلىشنى تېزلەشتۈرگەن.
لېكىن، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئۇلارنىڭ رەزىل سۇيىقەس-
تىنى بىلىپ قالغاچقا، ئالاقزادىلىككە چۈشۈپ قالغان لىن بياۋ
ئەكسىلئىنقىلابى گۇرۇھى 9 - ئاينىڭ 13 - كۈنى «256»
نومۇرلۇق سەنساجى بىلەن چەت ئەلگە قاچقان ... لېكىن ئايروپى-
لان موڭغۇلىيىنىڭ «ئۇندۇرخان» دېگەن يېرىدە يەرگە چۈشۈپ

كېتىپ ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆلگەن ...
— يولداشلار، — دېدى ھەربىي باشلىق سۆزىنى خۇلا-سىلەپ، — ئۇلۇغ داھىمىز ماۋجۇشى لىن بياۋنىڭ ئەك-سىيەتچىل ماھىيىتىنى بۇرۇنلا ھوشيارلىق بىلەن سەزگەن. شۇڭا، ئالدىن كۆرەرلىك بىلەن: «بەزى ئادەملەر بىر ئېغىز سۆزۈمنى ئۇن مىڭ جۈملىگە تەڭ دەيدۇ، نەدە ئۇنداق ئىش بولسۇن، بىر ئېغىز سۆز دېگەن بىر ئېغىزغا تەڭ بولمامدۇ، نەدىمۇ ئون مىڭ جۈملىگە تەڭ بولسۇن، ئەمەلىيەتتە ئۇ-لار بىر ئېغىز گېپىمنىمۇ ئاڭلىمايدۇ ...» دېگەن ...

يىغىن، لىن بياۋ گۇرۇھىنىڭ كۆيۈپ ئۆلگەنلىك خەۋىرىنى يەتكۈزۈش بىلەن ئاخىرلاشتى. بۇ قېتىم لىن بياۋغا باغلاپ تار-تىپ چىقىرىش داغ-دۇغىلىق ھەرىكەتلىرى ئېلىپ بېرىلمىدى.

بۈگۈن شەنبە ئىدى. كامىل نەرسە-كېرەكلىرىنى يىغىش-تۇرۇپ شەھەرگە مېڭىش تەرەددۇتىنى قىلىۋاتاتتى. ئىككى ئاي-دىن بېرى قىزىنى كۆرمەي تاقىتى-تاق بولغان ھېكمەتمۇ بىللە كىرمەكچى بولدى. ئۇلار چۈشلۈك تاماقنى شەھەردە يېيىش ئۈچۈن ئالدىراپ يولغا چىقىشتى. ھازىر يوللار بىر قۇر رەتلە-نىپ تاشيول ياسالغاچقا، بۇرۇنقىدەك ئۇشۇققىچە توپا كېچىپ ماڭىدىغان ئىش يوق ئىدى. ھېكمەت كامىلنىڭ چىگىلگەن يوتىقان-كۆرپىسىنى يۈدۈپ چوڭ يولغا چىقىشى بازار باشقۇ-رۇش رايونىنىڭ ھارۋىسى كېلىپ قالدى. ئۇلار شەھەرلىك تاشقى سودا ئىدارىسىگە كىلەم ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ماڭغانىدى. ئېگىز بېسىلغان كىلەملەر ئۈستىدە چوقچىيىپ ئولتۇرغان ھېك-مەت بىلەن كامىل بۈگۈنلا خانزاتخان ئانا، غازاخۇن، نائىبى، گۈلزىبالارنىڭ قەبرىسىنى يوقلايدىغانلىقى ۋە دوستلار بىلەن كۆرۈشىدىغانلىقى ھەققىدە پاراڭلىشىپ شەھەرگە كىرىپ قالغى-نىنى بىلمەي قېلىشتى. ئۇلارنىڭ تەلىيىگە گۈلباغدا ئۇچرىشىپ قالغان ئالىمجان بىلەن شادىمان كامىلنىڭ ئوقۇشقا ماڭىدىغانلى-

ھەم چۇشتىن كېيىن قەبرىستان-
قىنى ئاڭلاپ ئۇنى تەبرىكلەشتى
لىققا بىللە چىقىش ھەققىدە مەسلىھەتلىشىپ كېتىپ قېلىشتى.
بۇ ئەسنادا كامىل مەدەنىيەت يۇرتى ئالدىدا توپلىشىپ تۇرغان
ھەربىيلەر ئىچىدە ۋۇجۇرىن، لى گاڭنى كۆرۈپ قالدى. ئۇ
سومكىسىنى ھېكمەتكە بېرىپ ئۇچقاندەك باردى - دە، توپ
ئارىسىدىن لى گاڭنىڭ ياقىسىدىن سىققانچە تارتىپ
يەسكە چۇشۇردى.

— ھەي مۇناپىق، مېنى تونۇدىڭما ... مەن
كىمۇ؟ ... — ۋارقىرىدى كامىل.

— سەن...سەن دېگەن ئەكسىلئىنقىلابچى، — لى گاڭ سۇت-
تەك ئاقىرىپ قورقۇپ تۇرسىمۇ رەزىل تەبىئىيتىدىن يانمىغانىدى.

— ۋۇي قارانىيەت ئىبلىس، — كامىل ئوڭ قولى بىلەن
غۇلاچ كېرىپ ئۇنىڭ ئاغزىغا زەرپ بىلەن شۇنداق سالدىكى،
تۇيۇقسىز تەككەن شاپىلاقتىن ئارقىسىغا تۆت - بەش قەدەم
شوخشۇپ كەتكەن لى گاڭ بىر ھەربىينىڭ قۇچىقىغا يىقىلدى.
يەنە ئالدىغا ئېتىلىپ ماڭغان كاملنى ھېكمەت تۇتۇۋالدى. دەل
ۋاقتىدا يېتىپ كەلگەن ياڭ پەيجاڭ ئۇلارنى چەتكە تارتىپ تەسەل-
لى بەردى.

— خاپا بولماڭ كامىل، ئۇلار بىر ئايدىن بېرى ئۆزىنى
قاتتىق تەكشۇردى، — دېدى ياڭ پەيجاڭ كامىلنىڭ مۇرىسىگە
قولىنى قويۇپ، — مەن سىزنىڭ بېشىڭىزغا كەلگەن ئىشلارنى-
مۇ دېدىم، ھازىر تەشكىل ئۇلارغا تېگىشلىك چارە كۆرۈپ، ئۆز
يۇرتىغا كەتكۇزۇۋەتمەكچى.

چىرايى تاتىرىپ غەزەپ ئاچچىقىدا ھاسىراپ تۇرغان كامىل-
نىڭ كۆزلىرى ھەربىيلەر توپىدىن ۋۇجۇرىن، لى گاڭلارنى
ئىزدىمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ يەنە بىر ئىش چىقىرىپ قويۇشىدىن
ئەنسىرىگەن ھېكمەت ئۇنى ئالدىغا سېلىپ ئېلىپ كەتتى.

ئۇلار گۇجان كوچىسىدىكى ھويلىغا كىرگەندە پەلەمپەيلەر-

دىن يۇگۇرۇپ چۇشكەن گۇلچىنىئاي، كامىل بىلەن ھېكمەتكە
ئېسىلىپ سۆيۈپلا كەتتى. سەئىدە لەڭمەنگە تۇتۇش قىلدى. ئۇ
قىزىنىڭ بىر ئوبدان چوڭ بولۇۋاتقانلىقىدىن، ئۆزىنىڭ يالغۇز-
لۇق تارتمىغانلىقىدىن بەكمۇ رازى بولسا كېرەك، گۇلچىنىئاينىڭ
ئىشچان، چاققان، چېۋەر ھەم پاكىزلىقىنى ماختاپ قويۇشى
بىلەن قىزمۇ يۇگۇرۇپ يۇرۇپ ئۆزىچە تەخسىلەرنى يۇيۇپ، كۆك-
تاتلارنى ئادالاشقا باشلىدى. گۇلچىنىئاينىڭ ھەرىكەتلىرىنىڭ
تېزلىكى، كۆزلىرىنى خۇمالاشتۇرۇپ قاراشلىرى زۇمرەتنىڭ
ئۆزىلا ئىدى. ھېكمەت تاماق پىشقىچە باغقا چىقىپ ئارام ئالىدى-
غانلىقىنى ئېيتىپ چىقىپ كەتتى. 9 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرى بولغاچ-
قا يازلىق مېۋىلەر ئاخىرلىشىپ، ئەششاپتۇللار شاخلىرىنى كۆ-
تۇرەلمەي يەردە ياتاتتى. پەقەت كۆل بويىدىكى «ئاشۇق ـ مە-
شۇق» ئالمىلارنىڭ ئۇچلىرىدا ئاندا ـ ساندا قىزىل غەزىمەت،
ئاق سۇت ئالمىلار بىرە ـ ئىككى تال كۆرۇنۇپ قالاتتى. كۆلگە
ئۆزۇندىن بېرى سۇ باشلانمىغاچقا سۇيى ياپېپشىل پاقالەشلىدى
بىلەن قاپلىنىپ كەتكەنىدى. باغنىڭ ئەڭ چەت بۇلۇڭىدىكى
ساپسېرىق پىشىپ يېتىلگەن بىر تۇپ بېھىنىڭ خۇش پۇرىقى
ئەتراپنى ئىللىق ھىدقا تولدۇرۇپ، كىشىگە ھۇزۇر بېغىشلايت-
تى. ھېكمەت قار لەپىلدەپ چۇشۇۋاتقان ھېلىقى قىشتا ئاشۇ
ئاشۇق ـ مەشۇق ئالمىغا يۆلىنىپ گۇلزىبانىڭ قوللىرىنى قويۇ-
نىغا تىقىپ ئىسسىتقانىدى ... «ئاھ، نېمىدېگەن ھۇزۇر ... مەن
يۇرىكىمنىڭ سىزنىڭ ئۆتلۇق نەپىسىڭىزدە ئېرىپ كېتىشىگە شۇ
قەدەر تەشنا ... مېنى يالغۇز ـ يېگانە، تەنھا بىچارە قىلىپ تاشلاپ
كەتمەڭ ...سىزسىز ئۆتكەن كۇنلەرماڭابەجايىكى ئۆلۇم ...» مانا
بۇ ئاشۇ سۇمبۇل چاچلىق، قەلەم قاشلىق، ھەسرەتلىك ناتىۋاد-
نىڭ نالىلىرى ئىدى. قېنى ئۇ خوتەننىڭ ئاي زوھراسى، نەلەر-
گە يوقالدى سەرۋىدەك نازۇك سىيماسى، كۇلۇپ باققان كۆزلەر-
نىڭ قارا شولىسى، قۇياشتەك نۇرانە ھۆسن- رۇخسارى! يىلاد-

دەك سويلىغان قاپقارا قۇندۇزسىمان چاچلار هازىر بۇ دۇنيادا يوق، ئانا تۇپراق ئۆز باغرىغا ئالغان!

— ھېكمەت دادىي! — خىياللار ئىلكىگە چۈككەن ھېكمەت چۆچۈپ قايرىلدى - دە، ئارقىسىدا كۈلۈپ تۇرغان گۈلچىنىئاينى كۆرۈپ ئۇنى قۇچىقىغا ئالدى، — تاماق پىشىپ قالغان، ئانام چاقىرىڭ دېگەنتى…

— بولىدۇ قىزىم.

ھېكمەت ئاستا ئېڭىشىپ قىزنىڭ ئۇستىۋېشىنى ھىدلىدى، چۈنكى ئۇ كىمنىڭدۇر ئۆزىگە قاراپ كۆزقىسىپ، ھىيلىگەرلىك بىلەن كۈلۈپ تۇرغانلىقىنى كۆرگەندەك بولغانىدى.

— ھېكمەت دادىي، مېنى نېمىشقا پۇرايسىز؟

— بىر دوستۇمنىڭ ھىدلىرىنى ئىزلەيمەن.

— ئۇ دوستىڭىزغا مەن ئوخشامدىم؟

— شۇنداق قىزىم، — ھېكمەتنىڭ ئۆپكىسى ئۆرۈلدى، — پۇتۇن ۋۇجۇدىڭىزدىن ئۇنىڭ پۇراقلىرى كېلىۋاتىدۇ.

— ھېكمەت دادىي، يىغلاپسىزغۇ، — قىز يۇمران ئالقانلىرىدا ھېكمەتنىڭ مەڭزىدە توختاپ قالغان ياشنى سۈرتتى، — ئۇ دوستىڭىز ھازىر نەدە؟

— ئۇ ئاق ئاتنى مىنىپ بەكمۇ يىراققا سەپەر قىلىپ كەتكەن، — ھېكمەت لۆممىدە كەلگەن ياشلىرىنى تۇتۇپ ئالالمىدى، — مەن… ئۇنىڭ ئارقىسىدىن پىغان بىلەن يىغلاپ قالغان.

ھېكمەتنىڭ بۇ سۆزلىرى گۈلچىنىئاينىڭ يۇمران قەلبىگە مەڭگۇ ئۆچمەس ئابىدىدەك ئويۇلۇپ قالدى.

ھېكمەت بەش يىرىم ياشتىن ھالقىغان گۈلچىنىئاينى كۆتۈرۈپ باغ پەلەمپىيىدىن چۈشۈپ كېتىۋاتقىنىدا: «ئەزىمەت يەنە ئۈچ يىرىم ئايدىن كېيىن سەككىز ياشقا كىرىدۇ» دېگەن ئوي كۆڭلىدىن كەچتى.

چۈشلۈك تاماق يېيىلىپ بولۇشى بىلەن ئالىمجان، شادى-
مان، ئامانىللا كىرىپ كېلىشتى. بەش دوست بىرلىكتە گۈجان
مازىرىغا مېڭىپ كېتىشتى. ئۇلار مەھەللىدىن چىقىپ، چوڭقۇر
يارلىق يول بىلەن مازارلىققا يېتىپ كەلدى ۋە خان ئانىنىڭ
ئەجدادى قويۇلغان شامگۆر ئالدىدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇشتى. ھې-
لىقى سۇرلۇك كېچىسى ھېكمەت بىلەن كامىل كىتابلارنى مانا
مۇشۇ يەرگە يوشۇرغانىدى.

كامىلنىڭ مۇڭلۇق قىرائىتى ئاياغلىششى بىلەن ئۇلار دۇئا
قىلىشىپ، نائىبنىڭ ئابىدە تېشى ياكى بىرەر تاختاي، كوزا
پۇچۇقىمۇ قويۇلمىغان غېرىبانە قەبرىسىگە كېلىشتى. قىرائەت
ئاياغلىشىپ، يەنە بىردەم سۇكۇتتە تۇرۇشقاندىن كېيىن ئارقى-
سىغا قايتىپ، سۇ ئىدارىسىنىڭ كەينىدىكى دۆڭلۈككە چىقىش-
تى. بۇ يەردىكى قەبرىستانلىقنىڭ ئالدى ئات بازىرى مەھەللىسى-
گە قارىغان بولۇپ، مەھبۇبەنىڭ ئەنجان تاملىق قورۇسىنىڭ
ئۆگزىلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. قەبرىستانلىق ئانچە چوڭ بولمى-
سىمۇ ئادەم بويى قۇرۇق ئوتلار ئېسىپ كەتكەنىدى، ئۇلار،
ھېكمەت تاختىغا ئويۇپ يېكىتكەن «گۈلزىبا ئىنايەت قىزى»
دېگەن قەبرە ئالدىدا يۈكۈنۈشتى. قەبرىگە يانداپلا چىقىرىلغان
كىچىك دۆمچەك توپا ئەزىمەتنىڭ قەبرىسى بولۇپ، بۇنى نەبى
ئاچىسىنى خاتىرجەم قىلىش، ئۆزىگە تەسكىن تېپىش ئۈچۈن
ياساپ قويغانىدى. ھېكمەتنى ھەيران قالدۇرغىنى باشقا قەبرى-
لەرنى ياۋا قومۇش، شىۋاق، لويلا، ئەمەنلەر بېسىپ كەتكەن
بولسىمۇ، گۈلزىبانىڭ قەبرىسى تېخى يېڭىلا قويۇلغاندەك توپا
دۆۋىلەنگەنىدى. قەبرىنىڭ باش تەرىپىدە جەينامازچىلىك يەر ئاق
تۇپىلاڭ بولۇپ، ئايال كىشىنىڭ ئاياغ ئىزلىرىنى پەرق ئەتكىلى
بولاتتى. كامىل، ئالىمجان، شادىمان، ئامانىللالار بۇنى ھېك-
مەتنى قىلدى دەپ ئويلىغاچقا سۈرۈشتۈرۈپمۇ ئولتۇرۇشمىدى

ئۇلار قەبرىستانلىقنىڭ ئايلانما چىغىر يوللىرىدىن چۈ-

شۇپ، مۇساپىر زەرەتكارلىقىدىكى غازاخۇن ئاكىنىڭ قەبرىسى ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇشتى، كامىلنىڭ تولىمۇ مۇڭلۇق قىرا-ئىتى ئامانىللانى ئىزىپ قويدىمۇ ئۇ مىچىلداپ يىغلىماقتا ئىدى.

ئۇلار كىرىموف ئۆز لۇكچەكلىرىدىن تاياق يېگەن چوڭ كۆل بېشىغا كەلگەندە ئايرىلىشتى. چۈنكى، ھېكمەت قىزىنى كۆرگىلى بارىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، دوستلىرىنىڭ ساھىبخانىلى-قىغا رەھمەت دېدى ـ دە، ئات بازىرى تەرەپكە يول ئالدى. ئۇ ئەنجان تامىلىق قورۇ ئالدىغا كەلگەندە، دەرۋازىدا يوغان قارا قۇلۇپ ئېسىقلىق تۇراتتى. ھېكمەت مەھبۇبەنى بازارغا كەتكەن بولۇشى مۇمكىن دېگەن ئۈمىددە خېلى ساقلىدى. شۇ ئەسنادا قوشنىلارنىڭ بىرى ئۇنى كۆرۈپ قېلىپ: «ئۈچقۇنئاينى لوپتە-كى تۇغقانلىرى بېقىۋاتىدۇ، مەھبۇبە بەلكىم قىزىنى كۆرگىلى كەتكەن بولۇشى كېرەك» دېدى.

قوياش جىيا، گىجى، چاھار باغ كەنتلىرىنى ئوتقاچتەك تاۋلاپ، يۇرۇڭقاش بويلىرىغا باش قويغانىدى. ھېكمەت قۇربان ھاكىم قولغا ئېلىنىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئۆيىنى يوقلاپ قويالمىغانلىقىدىن خىجىللىق ھېس قىلىپ يۇرەتتى. شۇڭا ئۇ، مۇساپىر زەرەتكارلىقى يېنىدىكى يارلىق يول بىلەن ۋىلايەتلىك دوختۇرخانا ئالدىغا چىقتى، ئاندىن ئۇتتۇرلاپ قۇربان ھاكىمنىڭ ئۆيىگە كەلدى. ئەمما، دەرۋازا قۇلۇپلاقلىق ئىدى. ھېكمەت ئارقىغا يېنىپ مۇنچا كوچىسىنىڭ دوقمۇشىغا كەلگەندە، گۈلباغ تەرەپتىن كېلىۋاتقان ماھىنۇر بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى، ئۇلار قىزغىن سالاملاشتى.

ــ ھازىر نەدىن كېلىۋاتىسىز؟ ــ سورىدى ماھىنۇر ھېكمەتنىڭ سولغۇن چىرايىغا سەپسېلىپ، ــ مەھبۇبە بىلەن بىر نېمە دېيىشىپ قالمىغانسىلەر؟ چىرايىڭىز باشقى-چىلا تۇرىدۇ.

ــ ياق، ئۇ لوپقا كەتكەن ئوخشايدۇ، مەن ھازىر

سىلەرنىڭ ئۆيدىن كېلىۋاتىمەن، قارىسام ...

— قۇلۇپلاقلىقكەن دەڭ، يۇرۇڭ، ئەمدى بارايلى.

— بولدى، سىز بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن كۇپايە، مەن بوستانغا قايتىپ كېتىمەن.

— كوچىدىنلا قايتىسىڭىز يوقلىغىنىڭىز بولامدۇ؟ — ماھىنۇر ھېكمەتنى قويۇپ بېرىدىغاندەك ئەمەس ئىدى، — ئانام ئاڭلىسا خاپا بولىدۇ.

ھېكمەت ئىككى تايىن بولۇپ تۇرۇپ قالدى، دېمىسىمۇ ئانىسى ئاڭلىسا خاپا بولۇشى تۇرغانلا گەپ. باراي دېسە ماھىنۇر-نىڭ گېپى تۈگىمەيدۇ، ئەسلىدە ئۇ، بۈگۈن كېچىدە بولسىمۇ بوستانغا چىقىپ كېتىشنى كۆڭلىگە پۈككەنىدى.

— ۋاي خۇدايىم، يۇرۇڭا، بۇ دوقمۇشتا تۇرىۋەرسەكمۇ تونۇش - بىلىشلەر كۆرۈپ قالسا نېمە دەپ ئويلايدۇ.

ئىلاجىسىز قالغان ھېكمەت تۇل چوكاننىڭ ئارقىسىدىن ماڭدى. ئۇنىڭ ئېرىنىڭ ئۆلۈپ كەتكىنىنى كاملىدىن ئاڭلىغان-دى. ماھىنۇر ئۆيىگە كىرىپلا ئۇچىسىدىكى پىلاتىسىنى سېلىۋەت-تى، ئۇنىڭ تاشتوقماقتەك چىڭ بەدىنى، تولغان كۆكسى، يۇ-مىلاق مۇرىلىرى، بەدىنىگە ھەم يېپىشىپ كەلگەن كۆك يول-لۇق، نېپىز ئاق پوپايكىسى ئىچىدە ئۆزىنى نامايان قىلماقتا ئىدى. ماھىنۇر پاكىز يۇيۇلغان قىزىل ئۈزۈم، ئەششاپتۇللارنى بىر لىگەنگە ئېلىپ ھېكمەتنىڭ ئالدىغا قويدى.

— يېگەش ئولتۇرۇڭ، مەن خېمىرنى پىلتە قىلىپ قوي - غان، — دېدى ماھىنۇر ئۈستەلنى دەسماللاۋېتىپ، — قورۇما بىردەمدىلا تەييار بولىدۇ.

ماھىنۇرنىڭ قولى چاققان، ئايىغىنىڭ تېزلىكى ئۇنىڭ ھەرىكەتلىرىدىن بىلىنىپ تۇراتتى. دېگەندەك ئاشخانا ئۆيى-دىن گاز - گۈژ قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ قورۇمىنىڭ مەززىلىك ھىدى بىردەمدىلا مېھمانخانىنى بىر ئالدى. ئارقىدىن ئەمبەل

تاختىغا سوزۇلغان خېمىرنىڭ «قارس ـ قارس» قىلىپ ئۈزۈل-
گىنىنى ئاڭلاندى.

ـــ ھېكمەت! ـــ ئاشخانىدىن ماھىنۇرنىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازى كەلدى، ـــ مەھبۇبە بىلەن راستىنلا ئاجراشماقچى بول-
دۇڭلارما؟

ـــ كىم شۇنداق دەيدۇ، مەھبۇبەما؟

ـــ ياق، جامە ئەتراپىدىكى قوشنىلىرىدىن ئاڭلىدىم.

ھېكمەت جاۋاب بەرمىدى. مەھبۇبە ئىككىسىنىڭ ئوتتۇر-
سىدىكى ئىشلارنى ئۆزى يېيىپ يۈرمىسە قوشنىلىرى نەدىن بىلىدۇ، شۇنىڭغا قارىغاندا ئۇنىڭ ئاجراشقۇسى بار ئوخشىمام-
دۇ؟ ئىككى ئايدىن بېرى بالىنى كۆرسەتمىگىنى شۇ سەۋەبتىن ئىكەن ـ دە بېشىمغا كۈن چۈشكەندە مېنى يارلېۋدە قىستاپ باش ئەگدۈرمەكچى بولساڭ تولىمۇ خام ئويلىغان بولىسەن.
قېنى، سەنمۇ بار ھىيلەڭنى ئىشلىتىپ باق، مەنمۇ ئىرادەمنى يەنە بىر قېتىم سىناپ كۆرەي، كۆز ئېچىپ كۆرگەن پەرزەنتىم ئەزىمەتنىڭ ئوت ـ پىراقىغا ئۆلمىدىم، ئۇچقۇن قىزىمنىڭمۇ پە-
راقىغا بەرداشلىق بىرەلەيمەن...

ھېكمەت ئاشۇ خىياللارنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزۈپ تۇرغىنىدا ئالدىغا بىر تەخسە لەڭمەن كەلدى. ئۇلار بىر ـ بىرىگە قارىشىپ ئولتۇرۇپ تاماقلىرىنى يېيىشكە باشلىدى. ئۆز سوئالىنىڭ جا-
ۋابسىز قالغانلىقىنى ھەرخىل پەرەز قىلىۋاتقان ماھىنۇر، ھېك-
مەتنىڭ چىرايىغا پات ـ پاتلا قاراپ قويىتتى.

ـــ ماھىنۇر، قۇربان ھاكىمنى نېمە جىنايەت بىلەن ئېلىپ كەتتى، ـــ سورىدى ھېكمەت تەخسىگە ئاش سۇيى قۇيۇۋېتىپ، ـــ
ھازىر ئۇ تۇرمىدىمۇ ياكى كېرىيە ئۆزگەرتىش مەيدانىمۇ؟

ـــ ئازراق سېلىپ كىرەي، بىر پىلتىلا...

ـــ ياق بولدى، مەن ئادەتتە بىر تەخسىدىن ئارتۇق يېيەلمەيمەن.

ـــ دادامنى نۇرىيوف جىتىـۋەنگـە بـاغـلاپ تۇتـۇپ

كەتتى، — دېدى ماھىنۇر غەمكىن ھالەتتە، — ئۇنىڭدىن تۇتقۇدەك ساپاق تاپالمىغاندىن كېيىن، «خوتەن رايونىدىكى پۇ-تۇن ئەكسىيەتچى، جىن - شەيتانلارنى قانات ئاستىغا ئېلىپ، ئۇلارغا يېشىل چىراغ يېقىپ بەرگەن» دېگەن گۇناھنى ئارتتى. بۇنىڭ ھەممىسى ساۋۇر روزىنىڭ ئويۇنلىرى ...

— كۆرۈشكىلى بولامدۇ؟

— مۇمكىن ئەمەس، كېسىلمىگۈچە كۆرۈشتۈرگىلى، ھەتتا يېمەك - ئىچمەكمۇ كىرگۈزگىلى قويمايدىكەن! — ئۇ جەينىكىدە كۆزىنى توسۇپ يىغلىۋەتتى.

ماھىنۇر ئاتا - ئانىسىنى ھۆرمەت قىلىدىغان، دوستلىرىغا قىزغىن، ئوقۇتقۇچىلىق خىزمىتىگە مۇھەببىتى بار، پەردىشەپ-لىك قىز ئىدى. ئۇنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى كۆڭلى تاياقتەك تۈز بولۇپ، ئىچىدىكى گەپلەرنى ئەگىتىپ ئولتۇرمايتتى، نېمىنى ئويلىسا شۇنى ئوچۇقلا دەۋېرەتتى. پەزىلەتلىك تەربىيە كۆرگەن ئائىلە ئۇنى ئاشۇنداق ئوچۇق - يورۇق يېتىلدۇرگەنىدى. ئۇنىڭ تىۋىشسىز تۆكۈلۈۋاتقان كۆز ياشلىرى دادىسىنىڭ ئوت - پىرا-قى، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ بېشىغا كەلگەن بەختسىزلىك قەتىرلى-رىمۇ ئارىلىشىپ كەتكەندەك قىلاتتى. دەرۋەقە ئۇ، ھاياتتا غىل - پاللا كۆرۈنۈپ ئۆتۈپ كېتىدىغان، بىراق ئەڭ خاسىيەتلىك، سائادەت نۇرلىرى چاقنىغان ياشلىقنىڭ جەننەت كەبى پەيزىنى سۇرەلمىدى، مۇشكى - ئەمبەرھىدلىق گۇللىرىنى كۆكسىنى تولدۇرۇپ ھىدلىيالمىدى، بۇ ئۇنىڭ بېشىغا كەلگەن پاجىئە ئىدى! چەكلىك ھاياتتا ئىلاھى قۇدرەت ياراتقان مەئىشەت ۋە مۆجىزىلەرگە ھالال ئەجرى ۋە پاك ئەقىدىسى بىلەن ئېرىشە-لىگەن ئادەم ئامەتلىكتۇر، ھايات مەنزىلىنىڭ ياشلىق دەپ ئاتال-غان باھار پەسلى چېچەك تۆكمەستىن بۇرۇن ئۇنى تۇتۇپ ئاللى-غان، دىل مۇرادىنى ھاسىل قىلالىغان قىز - يىگىت بەختلىك-تۇر! ماھىنۇرنىڭ ياشلىق باھارى خۇددى سۇيى تارتىلغان بۇلاق-

لاردەك بىردىنلا قورۇپ، خازانلىققا يۈزلەندى. ياشلىق قانلىرى ئۇرغۇپ، ھاياتقا تولسۇن ئاتتەك تەلپۈنۈۋاتقان، بىراق ياخشى كۆرگەن ئىنىسىنىڭ ئوتلۇق سۆيۈشلىرىدىن، تاقەتسىز باغرىغا چىللاشلىرىدىن، شىرىن - لەززەت قىيناشلىرىدىن مەھرۇم بولغان مەزلۇمە دۇنيادىكى ئەڭ بەختسىز ناتىۋاندۇر! چۈنكى يۈرەككە تالىق روھىيەت نۇرلىرى چاقنىغان بۇ دۇرى - گۆھەرلەر رۇزىگار ئەتتارلىرىنىڭ ساندۇقىدىن تېپىلمايدۇ. زامان خەزىنىسىدە مەۋجۇت ئەمەس، ئۇنى زىبۇ زىننەت سەرراپلىرىنىڭ بۇلغار ھەميانلىرىدىمۇ كۆرەلمەيسەن.

— ماھىنۇر، بولدى يىغلىماڭ، — ھېكمەت قول ياغلىقىنى سۇندى، — بۇ كۆڭۈلسىزلىكلەر ھەممىمىزنىڭ بېشىغا كېلىۋاتمامدۇ، غەيرەتلىك بولۇڭ، ياخشى كۈنلەر چوقۇم كېلىدۇ.

— ھېكمەت، ئېيتىڭا سىز مەھبۇبە بىلەن ئاجراشماقچىمۇ ياكى ...

تۇيۇقسىز بېرىلگەن بۇ سوئالدىن تېڭىرقاپ قالغان ھېكمەت ماھىنۇرنىڭ ئۆزىگە تەلمۈرۈپ تۇرغان كۆزلىرىگە قارىدى. تۇرمۇشنىڭ ئاچال يولى ھەر ئىككىسىنىڭ ئالدىدا تۇراتتى. يېنىكلىك قىلىش، ھېسسىياتقا بېرىلىش ئۇلارنىڭ تەقدىر - قىسمەتلىرىدە يەنە بىر يېڭى ئۆمۈر سەھىپىسىنى ئاچاتتى. بۇ تۇيۇق يولمۇ ياكى دۇغسىز ئەينەكتەك مەنزىرىمۇ، بۇ قاراڭغۇ كېچىدەك مەۋھۇم ئىدى! ھېكمەتنىڭ مەھبۇبەنى چىن دىلىدىن سۆيمەيدىغانلىقى راست، لېكىن ئۇنى ھازىرغىچە داغدا قويۇشنى ئويلاپ باققان ئەمەس، ھەممىلا ئادەم ئۆز بەختىنىلا قوغلىشىپ، سىمارىتەك تىترەپ تۇرغان بىچارىلەرنى قۇربان قىلىۋەرسە، دۇنيادا بەختلىكلەردىن بەختسىزلەر كۆپىيىپ كەتمەمدۇ؟! ئۆزىنى قۇربان قىلىپ، بۇ دۇنيادىن ۋايىسماي ئۆتۈپ كېتىدىغان ئاق كۆڭۈللەر ئازمۇ؟! خۇدا ھېكمەتكە بىر قېتىم بەختنى

بەرگەن، بۇ بەخت ئۇنىڭ كۆڭۈل بېغىدا مەڭگۈ ئۆچمەس گۈل بولۇپ ئېچىلغان، ھىد ـ پۇراقلىرى بولسا ھېكمەتنىڭ بويىنى ئەگىپ نېرى كېتەلمەيدۇ...

— مەن... — ماھىنۇر ئالىقانلىرىدا كۆزىنى توسۇۋال ـ دى، — قاملاشمىغان سوئالنى بېرىپ سىزنى تەڭلىكتە قوي- دۇمغۇ دەيمەن؟

— مەن سىزگە راست گەپنى قىلمىسام بولمايدۇ، — دېدى ھېكمەت ئۆزىنى توختاتقان ھالدا، — مەھبۇبە ئارقا ـ ئارقىدىن كۆپ سەۋەنلىكلەرنى سادىر قىلدى، بۇ ھەرگىز قەس- تەنلىك ئەمەس، بۇنى مەن، ھەددىدىن زىيادە ياخشى كۆرۈشتىن كېلىپ چىققان تەلۋىلىك دەپ چۈشىنىمەن... لېكىن ئۇنىڭ سىزگە ئوخشاشلا كۆڭلى تۈز، نىيىتى پاك، مەن ئۇنى ھەرگىز يامان دېيەلمەيمەن.

— چۈشەندىم، — ماھىنۇر ھەسرەتلىككىنە كۈلدى.

— ماھىنۇر، ئانىڭىز بىلەن كۆرۈشۈپ قويۇپ ماڭاي دېۋىدىم، كەلمەيدىغۇ؟

ماھىنۇر داستىخاندىكى قېتىپ قالغان بىر نېمىنى تا- تلاپ جىمىپ كەتكەنىدى، ھېكمەت سوئالنى قايتا تەكرارلىغاند- دىن كېيىنلا ئۇ چۆچۈپ قارىدى ـ دە قىزىرىپ كەتتى.

— ھە، ئانام چىرىدىكى تۇغقانلارنىڭ بىر نەزىر ئىشىغا قاتناشقىلى كەتكەن، ئەتە كېلىدۇ.

ھېكمەت رەھمەت ئېيتقاندىن كېيىن ئىشىك تۈۋىگە كەل- دى، ئۇ يەر بېقىپ تۇرغان ماھىنۇرغا نېمە دەپ تەسەللى بېرد- شىنى ياكى ئۇزرە سورىشىنى بىلەلمەي بىردەم قاراپ تۇردى ـ دە، ئاستا كېلىپ ئۇنىڭ مۈرىلىرىدىن تۇتتى ۋە پېشانىسىگە، ئاندىن بۇرنىنىڭ ئۇچىغا لەۋلىرىنى تەگكۈزدى.

— خوش...

— خوش، — ماھىنۇر بىر نەرسىنى دېيىشكە ئۇيۇلۇۋا ـ

تاتتى، ــ شەھەرگە كىرىپ قالسىڭىز مېنى يوقلاپ تۇرالامسىز؟ سىز بىلەن پاراڭلاشسام، باشقىچىلا روھلىنىپ يېنىكلەپ قالىدىكەنمەن …

ــ ئەلۋەتتە …

ــ ئەمىسە مەكتەپتە ئايرىم ياتىقىم بار، شۇ يەرگە كېلىڭ، بولامدۇ؟

ــ چوقۇم بارىمەن.

ھېكمەت چىقىپ كەتتى. خوتەن ئاسمىنى خۇددى كۆڭۈلسىز خۇتۇننىڭ چىرايىدەك تۇتۇلۇپ كەتكەن بولۇپ، ئاسماندىن توپا يېغىۋاتاتتى، بۇ تەكلىماكان قۇملۇقلىرىدا شىددەتلىك كۆتۈرۈلگەن بوراننىڭ بەلگىسى ئىدى. يېرىم كۈن ئېگىز - پەس دۆڭلۈك ھەم يارلىقلاردا قەبرىستانلىقلارنى ئارىلاپ چارچاپ كەتكەن ھېكمەت كۆلباغدىن پەسلەپ كامىلنىڭ ئۆيىگە كەتتى.

كامىل تېخى ياتمىغانىدى، ئۇنىڭ گۈجان كوچىسىغا قارىغان دېرىزىسى يورۇپ تۇراتتى. كۆزنەكنىڭ چېكىلىشىدىن ئۇ دېرىزە پەردىسىنى قايرىپ ھېكمەتنى كۆردى - دە، قولىدىكى قەغەزدەك بىر نېمىنى شىرەگە قويۇپ، ھويلىغا چىقىپ دەرۋازىنى ئاچتى.

ــ نەلەردە يۈردۈڭ، مەن تېخى سېنى بوستانغا چىقىپ كەتكەن چېغى دەپ ئويلاپتىمەن، قورسىقىڭ قانداق؟

ــ توق.

كامىلنىڭ تەكتىگە گىلەم سېلىنغان چاققانغىنا ھۇجرىسىدىن ئىسرىق سېلىنغان مەززىلىك سەندەل ھىدى كېلىپ تۇراتتى. ئۆي ئوتتۇرىسىغا قويۇلغان قۇڭغۇررەڭ يۇمىلاق شىرە ئۈستىدىكى بىرنەچچە پارچە قول يازما شېئىرلار ۋە دۆگەتقەلەملەردىن كامىلنىڭ بىر نېمە يېزىۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولاتتى.

ــ قېنى، كۆرپىگە كەل.

كامىل چەينەكتىكى سەل تاۋلىنىپ قالغان چايدىن سىركا-
يىغا قۇيۇپ، دوستىنىڭ ئالدىغا سۇرۇپ قويدى ۋە «قىزىڭ بىلەن
قانغۇدەك كۆرۈشۈۋالغانسەن» دېدى - دە، قەلەمنى ئېلىپ قول
يازمىسىنىڭ قەيرىنىدۇر ئۆزگەرتتى.

— يېڭىدىن يازغان ئوخشىمامسەن؟ — دېدى ھېكمەت
چايدىن ئوتلاپ، — قېنى ئوقۇغىنا، ئۇزۇن بوپتۇ سېنىڭ شې-
ئىر ئوقۇغىنىڭنى ئاڭلىمىغىنى.

توروس تۈۋرۈكىگە بېكىتىلگەن ئېلېكتر چىراغىنىڭ نۇرى
سەل غۇۋا بولغانلىقى ئۈچۈن، شىرەدە يەتتىنچى لامپا يېنىپ
تۇراتتى. كامىل بىر بەت قەغەزنى لامپا يورۇقىغا يانتۇ تۇتۇپ
ئاستا ۋە مۇڭ بىلەن ئوقۇشقا باشلىدى:

قەدرىنى

كىمكى ئاقىلدۇر، بىلەر، كەچكەن ئۆمۈر، دەم قەدرىنى،
لەيلىۋەش بىلگەن كەبى ھىجران ئارا جەم قەدرىنى.
تەندۇرۇسلۇقتا كىشى دەريا سۇيىنى نەقىلۇر،
جان چىقار ھالەتتە بىلگەي ئابى زەمزەم قەدرىنى.
بىلمىگەي ئەھلى ۋاپانى، بىۋاپا جانانلار،
رابىئە بىلگەن ئىكەن ئىبراھىم ئەدھەم قەدرىنى.
كۆزى شەبنەم كۆرمىگەن، باغرى پۈتۈنلەر بىلمىگەي،
بىناۋا دەردمەن بىلەر كۆزلەردىكى نەم قەدرىنى.
قەدىرلىكتۇر بۇ ھايات، ئالەمدىكى ھەر مەۋجۇدات،
كۆزدىكى ياپراق بىلەر ئاخىرقى شەبنەم قەدرىنى،
ئەي يارانلار، قەدىرلىك ئەجدادۇ ئەۋلاد ھەم دىيار،
بىلمىسە جەننەتنىكىم، بىلگەي جەھەننەم قەدرىنى.

ھېكمەت سىركايىسىنى تۇتقان ھالدا بىرنەچچە دەقىقە كۆز-

لىرىنى يۇمدى، ئۇ دوستىنىڭ كىندىك قېنى تۆكۈلگەن تۇپراق-
قا، ياشلىقى دەريا ئۆركەشلىرىدەك دولقۇنلىنىپ ئۆتكەن سۆيۈم-
لۈك دىيارىغا، دوست - بۇرادەرلىرىگە، سوغۇق يەر باغرىغا
ئالغان مەرھۇملارغا قىيالمايۋاتقانلىقىنى، ھىجران ئۇنى يېتىپ
كېلىش ئالدىدا ئۇلارنىڭ قەدرى ئۆتۈلۈۋاتقانلىقىنى ھېس
قىلدى.

— ماۋۇلار، — دېدى كامىل باشقا قوليازمىلارنى كۆر -
سىتىپ، — بۇرۇن يېزىلغانلىرى ئىدى، بەزى يەرلىرىنى
ئۆزگەرتتىم، بۇلارنى ئوقۇمىساقمۇ بولار.

— توختىغىنا، ئاشۇ «ئوقۇمايلى» دېگىنىڭنى كۆرگۈم
كېلىۋاتىدۇ.

ھېكمەت بىر قوليازمىنى ئېلىپ ئۈنلۈك ئوقۇدى:

دىلبىرىم

باغلارنىڭ ئۇ قاتىدا ئۆيلەرىڭىز،
ئاقىرىپ كۆرۈنىدۇ بويلارىڭىز.
چىھرىڭىزنى ئۇنجى كۆرگەندىن بېرى،
كەتمىدى دىلدىن نېرى ئويلارىڭىز.
يۈرسىڭىز سىز نازۇ ئىستىغنا بىلەن،
دىلنى مەپتۇن ئەيلىدى خۇيلارىڭىز.
كۆپلىگەن سەۋدانى سالدى باشىمە،
مېھرىڭىز ھەم ئىشقىڭىز، كويلارىڭىز.
تەلمۈرۈپ سىزدىن سورايمەن دىلبىرىم.
«ئاھ، قاچان بولغۇسى، دەپ تويلارىمىز»

ھېكمەت شېئىرنىڭ ئاخىرىدىكى يىل، ئايلىرىغا قاراپ،
ئۇنىڭ، كامىل ئەلنامىدا سۇرگۈندە يۈرگەن چاغلىرىدا يېزىلغان-

لىقىنى بىلدى. دېمىسىمۇ بۇ شېئىر خانزاتخان ئانا، سەئىدەلەر ئامۇتلۇققا كېلىپ نەفسەگە چاي ئىچۇرگەن چاغلاردا يېزىلغانىدى.

— بولدى قوي، قالغىنىنى ئوقۇما، — دېدى كامىل بىر قولىيازمىنى يوشۇرۇپ، — سەنمۇ مۇراتتەك ھېيلىگەرلىشىپ كېتىپسەن. يىل، ئايلىرىغا قاراپلا، خۇلاسە كالامنى ئۈزۈك چىقىرىدىكەنسەن

— بولدى قىلە، — دېدى ھېكمەت سەل جىلى بولۇپ، — ئۇرۇمچىگە كەتسەڭ بۇنداق پۇرسەتلەرمۇ غەنىيمەت بولۇپ قالىدۇ، ئەمدى قاچان كۆرۈششىمىزنى بىلىپ بولمايدۇ ...

ھېكمەت كامىلنىڭ قولىدىكى قولىيازمىنى تارتىۋېلىپ يىل - ئايلىرىغا بىرلا قاراپ، كامىلنىڭ نەفسەگە ئاشىق بولۇپ، قىزدىن جاۋاب ئالالماي، دىلى رەنجىپ، سەۋدايىدەك بولۇپ قالغان چاغلىرىدا يازغان شېئىر ئىكەنلىكىنى پەملىدى:

## دېمىدىڭ

بىۋاپا دىلبەرگىنەم، بىرگىنە «يارىم» دېمىدىڭ،
كۆيدۈما گۈلخان بولۇپ ئىشقىڭدا «نارىم» دېمىدىڭ.
چىن ۋاپادارىم بىلىپ قىلغان ئەقىدەمگە ئىسىت!
شۇم رەقىبلەر قىلسا تۆھمەت، بىخۇبارىم دېمىدىڭ.
بۇ دىلىم ھەسرەتكە تولدى، بولدى چىھرەم زەپىران،
دەردلىرىمگە دەرد قوشۇلدى، بىمادارىم دېمىدىڭ.
قاتمۇ قات قان بولدى باغرىم، دەردى - داغىڭدىن سىنىڭ،
لالە رەڭ باغرىمنى كۆزدۈڭ لالىزارىم دېمىدىڭ.
قاپقارا غەم تۈنلىرىدە ياندى ئاھىم چاقمىقى،
كۆزلىرىمدىن سەل تۆكۈلدى، بىقارارىم دېمىدىڭ.
ھەر سەھەر چەكتىم پىغان، تەڭرىمگە قىلدىم ئىلتىجا،

سەبرۇ ـ تاقەت ئەيلىدىم، ئۇمىدۋارىم دېمىدىڭ.
چىن ۋاپا يولىغا كۆز تىكتىم، نىگار قايتقايمۇ دەپ،
شام يېقىپ ھىجران تۈنىگە، ئىنتىزارىم دېمىدىڭ.
ئۆرتىگەي ئاسمان ـ زېمىننى بىناۋانىڭ نالىسى،
تاڭلا مەھشەر سورىغۇسى پەرۋەردىگارىم دېمىدىڭ.

— بۇ شېئىرلارنى ماڭا قالدۇرۇپ كەت، — دېدى ھېكمەت قول يازمىلارنى قاتلاپ، — مەن سېنى سېغىنسام ئوقۇمامدىم.
— بولدى، مېنىڭ كۆڭۈمنى بۇزما، مەن سېنى بىلمىسەم كاشكى، نېمىلا كۆرسەڭ، ئاڭلىساڭ يېغىسەن، خاتىرە قالدۇ-رىسەن، ئىنقىلابچىلار كۆيدۈرۈپ ھەلەك، سەن توپلاپ ھە-لەك ... ئەڭ ياخشىسى سېنىڭ ئاشۇ سۆيۈملۈك كاللاڭ ئامانلا بولسا، ئۇ تۈگىمەس بىر خەزىنە.
— ئەمىسە بەرمەيدىكەنسەن ـ دە؟
— ماڭىدىغان چېغىمدا بىر نۇسخا قالدۇرىمەن، خاتىرجەم بول، — دېدى كامىل شىرەدىكى قول يازمىلارنى يېغىشتۇ-رۇپ، — ھېكمەت، ئەتە مەن قۇمقايغانغا بارماقچىمەن، قوش-نىلارنىڭ ئېشەك ھارۋىسىنى سوراپ قويدۇم، سەنمۇ بارامسەن؟
كامىلنىڭ يۇرتىدىن ئايرىلىش ئالدىدا، قۇمقايغانغا بېرىپ نەفسەنىڭ چۈشكەن ئىزلىرىنى، ئورمىلىقتا قالدۇرغان ئۆچ-مەس خاتىرىلەرنى، ئانارلىق باغدىكى ئايدىڭ كېچە ۋىسالىلىرىنى قايتا كۆرۈش، ئۇ سۆيۈملۈك شاھىدلار بىلەن خوشلىشىش ئويى بارلىقىنى بىلگەن ھېكمەتنىڭ كۆڭلى بىر قىسمىلا بو-لۇپ قالدى.
— مېنىڭمۇ ئوتتەك بارغۇم بار. بىراق، سېنىڭ خىيالىلە-رىڭنى بۆلگۈم يوق، — ھېكمەت مەناغا تولغان كۆزلىرىنى دوستىغا تىكتى، — تەنھا خىيال يېرىم دىدار ئىكەنلىكىنى بىلىسەن.

كامىل ئېغىر خورسىنىش بىلەنلا كۇپايىلەندى.

— لىن بىاۋ يوقالغانىكەن، ئەمدى ئۆگىنىش تېخىمۇ قىزىيدۇ، — دېدى ھېكمەت دوستىنى ئېغىر خىياللاردىن خالىي قىلىش ئۈچۈن، — ئەمدى ئۇنىڭغا باغلاپ تارتىپ چىقىدىرىش باشلىنىپ كېتەرمۇ؟

— ياق، مېنىڭچە ئۇنىڭ ئەكسى بولارمىكىن دەيمەن، نېمىشقا دېسەڭ كېڭەيتىۋېتىش خاتالىقىنى تۈزىتىۋاتقان بىر ۋەزىيەتتە، بەلكىم لىن بىاۋنىڭ زىيانكەشلىكىگە باغلاپ يەنە بىر قىسىم زىيالىيلارنى ئازاد قىلىشى مۇمكىن.

— ئىلاھىم ئېيتقىنىڭچە بولسۇن ...

تاڭ قاراڭغۇلۇقىدا ئورنىدىن تۇرغان كامىل ھارۋىنى قېتىپ تەييار بولدى، ھېكمەتمۇ بوستانغا قايتىش ئۈچۈن كىيىملىرىنى كىيىپلا چىققاندى. كامىل ئۇنىڭغا: «بۈگۈن يەكشەنبە بولغاندىن كېيىن سەئىدە ئاچامغا تاماق ئەتتۇرۇپ يەپ قايتقىن» دەپ قانچە زورلىغان بولسىمۇ، ئۇ: «بالدۇرراق بېرىپ كىر - قاتلىرىمنى يۇيۇۋالاي» دېدى - دە، ھارۋىغا چىقتى. ئۇلار گۈلباغقا كەلگەندە ھېكمەت ھارۋىدىن چۈشۈپ بوستانغا يول ئالدى.

— ھەي، بوستانغا قاچانراق كېلەرسەن؟ — سورىدى ھېكمەت قاراڭغۇلۇقتا كېتىۋېتىپ.

— خۇدا بۇيرۇسا ئەتە كەچتە سېنىڭ ئۆيۈڭدە بولىمەن.

كېچىچە بۇغۇز بىلەن قورسىقى ئۇبدان تويغان ئېشەك خۇددى سۇ ئىزدىگەندەك ئاپقىچىپ لاسكوي يولىدا يۈرۈپ كەتتى. كامىل ئىچىدە: «ئايىغى تېز يارام ئۇلاغىكەن، خۇدا بۇيرۇسا قۇمقايغانغا چۈشتىن كېيىن كۈن قىيىلغاندا يېتىپ بارغۇدەكمەن» دەپ ئويلىدى.

كامىل تولىمۇ قاراڭغۇدا ماڭغانلىقى ئۈچۈن باش لاسكويغا

قايرىلغاندا كۆن چىقىش تەرەپ قىزىرىپ تاڭ ئاتتى. سەھەرلىك دولقۇنغا چىققان بالىلار ۋە ئاياللار تاغارلىرىنى يۇدۇشۇپ كۆزگە بۇغداي ئېتىزلىرىغا توپا توشۇماقتا ئىدى. ئوغلاق تۇكىدەك زىچچىدە ئۆسكەن كۆپكۆك مايسىلارنىڭ چېكى كۆرۈنمەيتتى، يەكتەكلىرىنىڭ پەشلىرىنى بىلىگە قىستۇرغان دېھقانلار تاڭ قۇ- ياشنىڭ ئوتقاچتەك نۇرىدا، كەتمەنلەرنى قىپقىزىل يالتىرىتىپ كۆزگە بۇغداي توپىلىماقتا ئىدى. بەزى ئېتىزلاردا يۇزلىرىگە توپا ۋە توغلار چاپلىشىپ كۆزلىرىلاپىلدىرلاپ قالغان دېھقانلار، پاسار ئىچىدىن ئارانلا كۆرۈنۈپ تۇرغان باشلىرىنى سالغان ھالدا خامانلارغا ئىنجىقلاپ مېڭىشاتتى.

كامىل يېڭىئېرىققا كەلگەندە تېخى چۈش بولمىغانىدى، شۇنداقتىمۇ ئۇ كېچىدە يولغا چىققانلىقى ئۈچۈن قورسىقى ئاچقا- نىدى. ئۇ يېيىلىپ ئېقىۋاتقان سۇ بويىغا كېلىپ ئېشەكنىڭ بېشىغا بوغۇز تولدۇرۇلغان توۋرىنى كىيگۈزدى - دە، ئۆزى ئۆستەڭ قىرىدا ئولتۇرۇپ ئېقىن سۇ بىلەن نان يەپ قورسىقىنى تويغۇزدى.

كامىل ھاكىم كەپىسى دالىلىرىدا كېتىۋاتقىنىدا يول بويلى- رىغا زەن سېلىپ ماڭدى. چۈنكى، ئۇنىڭدا، بىر يىلى ئورمىغا ماڭغاندا مۇرات، گۈلزىبا ئۈچى تاماق يەپ ئولتۇرغان پاكار قومۇشلۇقلار ئارىسىدىكى قېرى يۇلغۇننى كۆرۈش ئىستىكى قوزغالغانىدى. كامىل ئاخىرى قەدىناس يەرنى تاپتى. سارغى- يىپ كەتكەن قومۇشلۇقلار ئارىسىدا ھېلىقى قېرى يۇلغۇن تۇ- راتتى. لېكىن، كېچىدە تۇنىگەن قويچىلار ئوت قويۇپ ئىسىن- غانمۇ، ئۇنىڭ تۇپلىرى قاپقارا كۆيۈندىگە ئايلىنىپ، ئۇستۇنكى شاخلىرى چارلىشىپ كەتكەنىدى. كامىلنىڭ كۆز ئالدىدا ئاجا- يىپ تاتلىق بىر ئەسلىمە تۇيۇقسىزلا پەيدا بولدى؛ ئەنە مۇرات سومكىدىن كىچىككىنە ھاراق بوتۇلكىسىنى ئېلىپ، قولىنى ئېگىز كۆتۈردى - دە، شوئار توۋلىدى: «ياشىسۇن قىزلارنىڭ

شاھى سۇلتانى، دانىشمەنلەرنىڭ دانىشمەندى زۇمرەت قىز! ···» ، «ئەتتىگىنەي، ھېكمەت چىلانغان سەيگە بەك ئامراق ئىدى، ئۇنىڭغا مۇنۇ زەمزەمدىن ئىچۈرۈپ قويغان بولسام، ئۇ كېيىكنىڭ ھېكايىسىنى ئېيتىپ بەرگەن بولاتتى.»

كامىلنىڭ بىردىنلا يۈرىكى ئېچىشىپ، ھاردۇق يەتكەندەك «ئۇھ» دەپ تىنىپ ھارۋىسىغا چىقتى، ئېشەك بىر خىلدا يورغىلاپ، ھاكىم كەپىسىنى ئارقىدا قالدۇردى ۋە ئاپئاق شورلۇق تارشىلىق لەنگەردالالىرىغا كىرىپ كەلدى. ئادەم بۇ چەكسىز كەتكەن ئاقلىققا قارىغانسېرى كۆزلىرى تورلىشىپ، يېقىندىكى نەرسىلەرنىمۇ پەرق ئەتمەس بولۇپ قالاتتى. كامىل بىلەن ھېكمەت زۇمرەتنى ئېلىپ چىقىۋاتقاندا، مۇشۇ چۆللۈكتە ئۇنىڭ كېسىلى تۇتقانىدى. زۇمرەت تۇيۇقسىزلا ئويغىنىپ، كۆزلىرىنى چەكچەيتكىنىچە: «بولاق ··· بۇلاق ··· بۇلاق» دېدى ـ دە، ھارۋىدىن ئۆزىنى يەرگە ئېتىپ قاچتى. ھېكمەت ئۇنى خېلى يەرلەرگىچە قوغلاپ بېرىپ تۇتۇۋالدى. زۇمرەت ئۇنىڭ يۈزلىرىگە چاڭگال سېلىپ، بىلەكلىرىنى چىشلەپ قانىتىۋەتتى. ئۇنىڭغىچە كامىل يېتىپ كەلدى. ھېكمەت يالغان تاماكا ئۇراپ، بىلەكلىرىگە يېقىپ، قولىغا تۇتقۇزۇپ ئارانلا ئالداپ ـ سىلاپ ھارۋىغا سېلىۋالغانىدى. ئۇلار بۇ ئەھۋالنى ھېچكىمگە تىنمىغانىدى.

كامىل كۈن چۈشتىن ئېگىلگەندە قۇم بارخانلىرى بىلەن قورشالغان قۇمقايغان كەنتكە قەدەم ئالدى. ئۇ، نەفسەنىڭ تۇغقىنىنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، خۇددى بىرۇلار ھايا بىلەن قىزىرىپ چىقىپ كېلىدىغاندەك يۈرىكى سوقۇپ كەتتى. دەرۋازىنىڭ زەنجىر ھالقىسىنى ئۇزۇۋاتقان قوللىرىمۇ سەل تىترەۋاتاتتى. بىر چاغدا ئىشىك ئېچىلىپ بوسۇغىدا يۈزلىرى تاۋاككۇلنىڭ نان جىگدىسىدەك ئاق، مەڭزىلىرى قىزىرىپ پىشقان زاغرىدەك يېرىلغان ئەللىك ياشلاردىكى بىر ئايال پەيدا بولدى.

ئۇ چىرايىدىن خىجىللىق قىزىللىقى يېنىپ تۇرغان، چاسا يۈزلۈك، تەمكىن يىگىتنى كۆرۈپ سوئال نەزىرى بىلەن تىكىلدى. كامىل يولدا كەلگۈچە كۆڭلىگە پۈكۈۋالغان گەپلەرنى تەمتىرىمەي بايان قىلدى:

— خان ئاچا، مەن نەفىسەنىڭ يېقىن خىزمەتداشلىرىدىن بولىمەن، بىر يىلى ئورمىغا چىققاندا سىلىنىڭ ئۆيلىرىدە قونغان ئەمەسمۇ ...

— ۋاي خۇدايىم، ساي خەتىمگە كەلدى ... سىلى نەفىسە خېنىم بىلەن خۇۋالاشقان كامىلاخۇن بولىدىكەنلە، — ئايال مېھماننى ئۆيگە باشلىدى، — رەھمەتلىك نەفىسە خېنىم كۆپ تۇسپىلىرىنى قىلىپ بەرگەن ... ھەي! چەرخى پەلەك، خۇۋالاشقان بىلەن خۇدايىم مۇرادىغا مۇيەسسەر قىلمىسا بىكار ئىكەن ... قېنى ئۆزلىرىنى كۆرپىگە بەسىلە مەن چاي دەملەي ...

— بولىدى خان ئاچا، ئاۋارە بولمىسىلا، — كامىل سىرتقا چىقىشقا ئالدىراۋاتاتتى، — مەن ئىسلامئاباتقا ماڭغاندىم، بوسۇغىلىرىدىن ئۆتۈپ يوقلىماي كېتىشكە كۆڭلۈم قويمىدى. ئەتە ئەتىگەندىلا يولغا چىقىمەن، شۇڭا سىرتلارنى بىر كۆرۈپ باقاي دېۋىدىم.

— نېمە دېگەنلىرى ئۇ، ئۆي خانىقا بولمىسا يا، يولدا ھارغانلا، چاڭقىغانلا، بولمىسا قاپاقتا مۇزدەك جىگدە شەربىتى بار، نان تۇگۇرۇپ يېسىلە، — ئايالنىڭ داستىخان سالماي كۆڭلى تىنمايدىغاندەك قىلاتتى، — ئۆزلىرىنىڭ قەدىمى جايلارنى كۆرۈپ باققىلىرى كەپتۇ - دە، ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەممىسى كارىغا كەتكەن، بولمىسا كۆرسىتىپ كېلىدىكەندۇق.

كامىل ئاۋېي قىلغىنى بىلەن قورسىقى ئاچقانىدى. ئۇ جىگدە شەربىتىگە يۇمشاق ئارپا كۆمۈچىنى تۇگۇرۇپ قورسىقىنى ئوبدانلا پۇملاۋالدى. ئايال ئېشەككە ئوت سېلىپ بېرىپ ئۆيىگە

كىرگەندە، كامىل داستىخاننى يۆگەپ قويغانىدى. ئۇ ئايالنى چوڭ كۆرۈپ «دۇئا قىلىپ بەرسىلە» دېۋىدى، ئايال «ئەر كىشى تۇرغان يەردە مەزلۇم كىشى دۇئا قىلسا زىيىنى بار» دەپ ئۇنىمىدى.

كامىل ھويلىغا چىقىپلا كۆڭگە قارىدى، ۋاقىت چۈش پې-شىنىدىن سەل ئۆتكەنىدى. ئۇ كەنتنىڭ قۇم توپىلىق يوللىرىدىن ئايلىنىپ ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى چۈشكەن ئورۇنغا كەلدى. بىراق، ئۇلار ياتقان ۋادەكلىك ئۆيلەر چېقىلىپ، ئورنى تېرىلغۇ يەرلەرگە ئايلىنىپ كەتكەنىدى. كامىل ئورمىنىڭ تۇنجى كۆنى نەمەت مىرزىنىڭ ئوقۇتقۇچىلارنى گۇ-رۇپپىلاشتۇرۇپ، ۋەزىپە بەلگىلىگەن ئورۇننى مۇسەلسەلەپ كۆردى. ئۇ، «بىر قىزنىڭ ئېغىرلىقىنى ئارتىۋالىدى-غان بولىدۇم ...» دېگەن سۆزلىرىنى ئەسلەپ خىجىللىق ھېس قىلدى ـ دە، بېشىنى چايقاپ قويدى. قۇم بارخانلىرى ئارىسىدىكى پارچە-پارچە تېرىلغۇ يەرلەرگە «ئۆردەك تاختا»، «قىيپاش تاختا» دېگەندەك ئىسىملار قويۇلغانىدى. كامىل نەفە-سە بىلەن ئورما ئورۇغان «بۇلۇڭ» تاختىغا كەلدى. قىر شە-كىللىرى ئۆزگىرىپ كەتكەن بۇ تاختا خېلى بەك كىچىكلەپ قالغاندەك قىلاتتى. بۇغداي ئورنىغا «يەتمىش كۈندە پىشار» دەپ نام ئالغان «چىلگە قوناق» تېرىلغانلىقى ئۈچۈن، چېچىۋېلىنغان قوناق موندەكلىرى ئوششاق ھەم نازۇك ئىدى. كامىل قىر ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، بىر زامانلاردىكى سۆزنى تەكرارلىدى:

— سىز ئورما ئورۇشقا ناھايىتى چىۋەر ئىكەنسىز، مېنى خىجىللىقتا قالدۇردىڭىز ...

— ماختىغىنىڭىزغا رەھمەت، مەن دېگەن يېزىدا چوڭ بولغان دېھقان قىزى ...

كامىلنىڭ قۇلاق تۈۋىدە نازۇك تارىلاردىن يانغان سادادەك يېقىملىق، مۇڭلۇق، سىلىق ئاۋاز قايتا تەكرارلانغاندەك بولدى.

ئۇلار ئىككىسى قول تۇتۇشۇپ، قۇم بارخانلىرىدىن ھالقىپ
ئۆتكەن تاختا ئېتىزغا كەلگەن كامىل، مۇرات بىلەن گۈلزىبانى
كۆرمەكچى بولغاندەك ئەتراپىغا قارىدى. بۇ چاغدا نەفىسەنىڭ
«گەپنى مېغىز چاققاندەك چۈرۈك قىلىدىغان بىر دوستۇڭلار،
توغرا، ئۇنىڭ ئىسمى ھېكمەت، ئۇ مەندە ناھايىتى ياخشى تەسى-
رات قالدۇرغان ...» دېگەن ئاۋازى بىردىنلا جاراڭلىدى. ھېك-
مەتنىڭ ئىسمى چىقىش بىلەن گۈلزىبانىڭ نازۇك سىيماسى كۆز
ئالدىغا كەلدى.

«ئاھ سىلەر نەدە؟! ...» مىسكىن قەلبلەردىن ئېتىلىپ
چىققان بۇ نىدا بارخانلا ئارا قىزىق قۇملارغا سىڭىپ كەتتى!
كامىل يالاڭ ئاياغ، نەفىسەنىڭ نازۇك قوللىرىنى تۇتۇپ ئۆتكەن
يۇمشاق قۇم توپىلىق بارخاندىن يەنە ئۆتتى، «خوتەن قىر» دەپ
ئاتىلىدىغان يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ ئاخىرقى ئېقىمى بويلىرىغا
كەلدى ۋە يالغۇز تەتۈر سۆگەتنى تاپتى، مانا بۇ ھايا-
تىدىكى ئەڭ مەنىلىك، سائادەتلىك مىنۇتلارنى سوۋغا قىل-
غان ئورۇن ئىدى ... نەفىسە داستىخاننى يېيىپ كامىلنى
تاماققا تەكلىپ قىلىۋاتىدۇ، ئۇلارنىڭ كۆز قارىچۇقلىرى مۆكۈ-
مۈكۈلەڭ ئوينايتتى، بىر ـ بىرىگە تىكىلەتتىيۇ. دەرھال ئېلىپ
قاچاتتى، قارىمىسا يۈرىكى قېيداپ، يوشۇرۇن تەلمۈرەتتى،
بىراق يەنە دەرھاللا يەر باقاتتى ...

«ۋاي-ۋۇي قولىڭىزغا شۇنچە تىكەن كىرىپ كەتسە ئۇندا-
مەي يۈردىڭىزمۇ؟» نەفىسە تىكەنلەرنى بىر ـ بىرلەپ تېرىپ
ئالماقتا، ئۇنىڭ چاچلىرىدىن بىر خىل مۇشكى ـ ئەمبەر ھىدى
دەممۇ دەم دىماغقا ئۇرۇلاتتى ... بۇ راستىنلا شۇ پۇراقمۇ ياكى
ئاللا بەندىلىرىنىڭ دىلىغا مۇھەببەتتىن ئىبارەت ئۇلۇغ روھنى
سالغاندا، جەننەتنىڭ ئىشىكلىرىنى ئىچىۋېتەمدۇ؟! ئەنە
دەريا ئېقىنلىرىغا كۆز ئۈزمەي قاراپ ئولتۇرغان نەفە-
سە ... خۇددى رىۋايەتلەردىكى ئاق روماللىق پەرىزاتتەك سىيماغا

تەلمۈرگەن كامىل مەۋلانا ئاتايىنىڭ مەتلىئىنى ئاستا ئو-
قۇماقتا ...
كامىل نەفىسە بىلەن بىللە ئايلانغان دەريانىڭ يۇقىرى ئې-
قىنلىرىغا، ئۇ يەردىن قايتىپ، كۆكۆل ئىزھارى يازغان يۇلغۇن
تۇۋىلىرىگە، ئورما ئورۇغان تاختىلارغا قايتا بېرىپ نەفىسەنى
يەنە بىرقېتىم ئىزدىدى. ئۇ قايتىپ كەلگەندە ئاللا بۇرۇن قاراڭ-
غۇ چۈشۈپ كەتكەن بولسىمۇ تېخى ئاي تۇغمىغانىدى. كامىل
ئۆي ئىگىسى-قىرقىم ساقال، شاپ بۇرۇت دېھقان بىلەن كۆرۈ-
شۈپ قۇتلۇق ھاجىم، مەرەجىخان، نەفىسەلەر ھەققىدە، ئاندىن
ئىنقىلاپ توغرۇلۇق پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇشى كەپتەر گۆشى باس-
قان پولۇ كەلدى. ئەھۋالدىن قارىغاندا بۇ كۆكۈلچەك ئەر -
خوتۇن دېھقانلار بىساتىدا سىقىپ ئېلىپ قويغان گۆرۈچنى كا-
مىل ئۈچۈن قۇربان قىلغانلىقى ئېنىق ئىدى.
كامىل قىرقىم ساقال دېھقان بىلەن خېلى بىر ۋاقىلارغىچە
پاراڭلىشىپ ئولتۇردى. ئۇيقۇسى كەلگەن ئايال مېھمانغا ھۇجرا
ئۆيگە ئورۇن سېلىپ بەرمەكچى بولۇۋىدى، كامىل ئاشۇ بىر
يىلى ياتقان پېشايۋان سۇپىسىغا سېلىپ بېرىشنى ئېيتتى. قىر-
قىم ساقال دېھقانمۇ: «بوپتۇ، كامىلاخۇن سەگۈدەپ ياتاي دېگەن
چاغۋا» دەپ قويدى.
قۇم بارخانلىرى ئارىسىدىكى تىرناقتەك يېشىل ياقۇت -
قۇمقايغان كەنتى ئېغىر ئۇيقۇغا چۆكتى. دېھقان ھويلىلىرىدىن
كېلىۋاتقان قويلارنىڭ مەرىشى، كالىلارنىڭ سوزۇپ - سوزۇپ
مۆرىشى، ئىتلارنىڭ توختىماي قاۋىشى بارا - بارا پەسىيىپ،
قۇملۇقلارغا سىڭىپ كەتتى. كامىل كىيىملىرى بىلەنلا ياتقىنىد-
چە ئۇدۇلدىكى كىچىك باغ ئىشىكىگە قارايتتى. خېلىلا كۆتۈ-
رۈلگەن ئاي ئۆگزىلەرگە بېسىلغان پىچان، شاخ - شۇمبىلارنى،
ھويلىدا قالايمىقان چېچىلىپ ياتقان ساپان، تىرنىلارنى، ئۈجمە
پۇتىقىغا ئېلىپ قويۇلغان غەلۋىر، ئورغاقلارنى كۈندۈزدىكىدەك

يورۇتۇپ تۇراتتى. كامىل شەپە چىقارماي ئورنىدىن تۇردى ـ دە، باغقا كىردى. ھەر خىل مېۋىلىكلەر بىلەن ئانارلىق باغ ئوتتۇرىسىدىكى كالتە تام ئېلىۋېتىلگەن بولۇپ، ئانار كۆچەتلىرىنىڭ بەزىلىرى قىرىپ شاخاراپ كەتكەن بولسا، بەزىلىرى راسا بولاققا كىرگەندى. دېھقان ھەقدادىغا يەتكۈزۈپ ئۈزۈشنى ئويلىغانمۇ، قوشمۇشتەك ئانارلار سارغۇچ قوڭۇر تاۋلىنىپ خۇددى پانۇستەك ساڭگىلىشىپ تۇراتتى. تۇمشۇقى چاك ـ چاك يېرىلىپ كەتكەنلەرنىڭ قايرىلغان ئېغىزلىرىدىكى ئانار دانچىلىرى ئاي يورۇقىدا قىزىل مەرۋايىت ئۇۋاقلىرىدەك يالتىرايتتى. ئانارلىق ئىچىدىن ئاق لىباسقا پۈركەنگەن ھۆر مەسەللىك بىر نازىنىن چىقىپ كەلدى. ئۇ ئاپئاق يىپەك كۆڭلەك كىيىۋالغان بولۇپ، دولىسىغا چۇچىلىق قارا رومال ئارتىۋالغانىدى ... ئۇ شۇ تۇرقىدا بۇلۇت ئىچىدىكى ئايغا ئوخشايتتى، ئەمما ئۇ داغسىز ئاي ئىدى ...

ئاھ خۇدا، قۇدرىتىڭ بىلەن بۇگۈنكى ۋىسالغا يەتكۈزگەنلىكىڭ ئۈچۈن يەتتە دوزاق ئازابىنى بەرسەڭمۇ ... »

«ئۇنداق دېمەڭ كۈيۈرلۈق بولىدۇ ...»

«سىز قانداق قىلىپ، ياق، بىز قانداق قىلىپ ... بۇ ئانارلىق باغدا ... ئاق ئايدىڭ كېچىدە ...»

«بىلمەيمەن... بۇ كېچىدە ئۇيقۇدىن بىدارمەن... ۋاي ياق، ئۆزۈمچە ... سىزچۇ؟ ...»

«تەشنالىق ئازابى! ...»

شۇ ئايدىڭ كېچە ھېلىھەم بار ئىدى ... بىراق زۇلمەت كېچىنى ئۆزىنىڭ سىرلىق نۇرى بىلەن يورۇتقان داغسىز ئاي يوق ئىدى. ئۇ، بەلكىم ئۆزىنىڭ نۇرانە چېھرى قۇياشى ئارقىلىق دارىلباقىدىكى لەھەت سارايلىرىنى نۇرغا تولدۇرۇپ يۈرگەن بولسا كېرەك.

كامىل مەرھۇم دوستى نائىبنىڭ «ئايدىڭ كېچە» ناملىق

شېئىرىنى ئاستا، ئەمما مۇڭ بىلەن ئوقۇدى.

ئايدىڭ كېچە، ئاق ئايدىڭ كېچە،
ئاينۇرىغا چۆمۈلۈپ ياتقان.
ئۇنتۇمايمەن ئاشۇ تۈنجى رەت،
مۇھەببەتنىڭ مېھرىگە پاتقان،
ئايدىڭ كېچىنى.
ئۇنتۇپ پۈتۈن دۇنيا، ھەممىنى،
بىز ئىككىمىز ئىدۇق مۇڭداشقان.
ھاياجانغا تولغان جۈپ يۈرەك،
تاڭ ئاتقۇچە قانماي سىرداشقان.
ئايرىلماستەك تۇيۇلغان شۇدەم،
ئەمما، كەتتىڭ سەن مەندىن ئۇزاپ.
قالدىم بىر مەن خىيالچان تەنھا،
چۆلدىكى يالغۇز قامغاققا ئوخشاپ.
مەن ئەسلەيمەن ئاشۇ كېچىنى،
ئاي نۇرىغا چۆمۈلۈپ ياتقان.
خىيالىمدىن چىقمايدۇ ئەسلا،
ئۇنتارمەن قايدا ۋە قاچان؟! ...

كامىلنىڭ كۆزلىرىدىن ئاي نۇرى ئەكس ئەتكەن سۈزۈك، كۆكۈچ مارجانلار تۆكۈلمەكتە ئىدى. ئۇ شۇ كېچە بىرەر دەقىقىمۇ كۆز يۇمماي ئانارلىق باغدا بىرۇلارنى تاقەتسىز ساقلىدى، ئەمما ئۇ كۈتكەن «داغسىز ئاي» چىقمىدى.

ئەتىگەنلىك ناشتىسىنى دېھقاننىڭ ئۆيىدە قىلغان كامىل ئۇلار بىلەن خوشلىشىپ يولغا چىقتى. بىراق، ئۇنىڭ يۈرىكى قۇم بارخانلار ئارا، دەريا بويلىرى، قىزىل يۇلغۇن تۈپلىرى تۈۋىدە قالغاندەك تارشىلىق لەنگەر، ھاكىم كەپىلىرىگە قەدەر

ئارقىسىغا قايرىلىپ قاراپ كەلدى.
تېخى كۈن ئولتۇرماستا بوستان ئوتتۇرا مەكتىپىگە يېتىپ كەلگەن كامىل، ئېشەك هارۋىسىنى مال باقارغا تۇتقۇزۇپ دوستىنىڭ ئۆيىگە ئالدىرىدى. ئۇنىڭ كېلىدىغانلىقىنى بىلگەن هېكمەت، بازاردىن گۆشگىردە هەم بىر جىڭ تونۇر كاۋىپى ئەكېلىپ قويغانىدى. ئۇلار گۆشگىردە بىلەن قورساق تويغۇزغاندىن كېيىن، ئۇستەلگە تونۇر كاۋىپى بىلەن بىر بوتۇلكا قوناق هارىقى چىقتى. هېكمەت بۇ نەرسىلەرنى دوستىنى ئۈزىتىش ئۈچۈن قەرز قىلىپ ئەكېلىپ قويغانىدى. كامىل نەفسەنىڭ قەبرىسىگە چىقىپ كىرمىگۈچە هاراق ئىچمەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ ئۇنىمىدى. قۇمقايغاندىن كىرگۈچە هېرىپ قالغان ئېشەكنى يەنە هارۋىغا قېتىشقا كۆڭلى ئۇنىمىغان ئىككى دوست ئاموتلۇققا پىيادە مېڭىپ كېتىشتى. ئۇلار قوڭۇر يوپۇرماقلىرى شاراقلاپ چۈشۈۋاتقان ياڭاقلىقلار، قىزىل يوپۇرماقلىق ئۈرۈكلىكلەردىن ئۆتۈپ مازارلىققا يېتىپ كەلدى. مازار ئەتراپىدىكى زەپىراندەك سارغايغان توغراقلار يېرىم يالىڭاچ شاخلىرى بىلەن قالغانىدى. هېكمەت خاتىرە تاختايدىكى قەلەندەرنىڭ شېئىرىنى ئىچىدە ئوقۇپ كۆڭلى ئەلەمزىدە بولدى. قىرائەت قىلىۋاتقان كامىلنىڭ كۆزلىرىدىن ئۈزۈلمەي ياش تۆكۈلۈپ، ئاۋازى بوغۇلۇپ ـ بۇغۇلۇپ چىقاتتى. ئىككىسى دۇئادىن كېيىنمۇ يەنە بىر هازا سۈكۈتتە ئولتۇرۇشتى.
كامىل تۇرسۇننىساخان هەم سەمىتاخۇنلار بىلەن خوشلىشىپ قويۇش ئۈچۈن بارغانىدى. لېكىن، ئۇلارنىڭ قىزى ئانىسى بىلەن دادىسىنىڭ قارىقاش بازىرىغاسودىلىققا كەتكەنلىكىنى ئېيتتى. ئۇلارئارقىسىغاقايتىپ نەفسەنىڭ ئالدى تال بوستانلىق قورۇسى ئالدىدا بىردەم تۇرغاندىنكېيىن مەكتەپكە قايتتى.
— هېكمەت، هېلىقى كىتاب ـ قولىيازمىلارنى ئېلىپ كېتەي دېۋىدىم، — دېدى كامىل دوستىغا، — ئەمدى قانداق

قىلارمەن ...

— ئۆتكەن يەكشەنبە بازاردا تۇرسۇننىساخان يولۇققان ئىدى. سورىسام تېخىچە تاپالمىغانلىقىنى ئېيتتى، — ھېلىدىن - ھېلى كۆڭلى بوزۇلۇپ تۇرغان ھېكمەت كۆزلىرىنى قاچۇرۇپلا تۇراتتى، — كېيىنچە تېپىلىپ قالسا مەن ئەۋەتىپ بېرەي.

ئۇلار بوستان بازىرىدا، ئوتتۇرا مەكتەپتىن ئۆتۈپ بۇۋىم مازىرىغا كېلىپ، قوش قەبرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇشتى. كامىل قەبرىنىڭ باش تەرىپىدىكى ئاياغ، تىز ئىزلىرىدىن يۇمشاق ئاق توپىلاقغا ئايلىنىپ كەتكەن يەرگە قاراپ، مۇرات، زۇمرەتلەرنى يوقلاپ، ھېكمەتنىڭ داۋاملىق كېلىپ تۇرىدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. كامىل قىرائەتنى ئاخىرلاشتۇرۇپ ھېكمەتكە قارىغانىدى، ئۇ مۆل - مۆل ياش تۆككىنىچە بېشىنى مەيدىسىگە چۈكۈرۈپ ئۈنسىز يىغلاپ ئولتۇراتتى:

— مۇرات! دېدى ھېكمەت زەئىپ ئاۋازى بىلەن، — كامىل كېتىدىغان بولدى ... مەن ... مەن تىكەندەك تەنھا قالىدىغان بولدۇم ... لېكىن ... لېكىن سەن بۇ يەردە بار ئەمەسمۇ مۇرات! ... گېپىمنى ئاڭلاۋاتامسەن؟ بىز ... بىز باھاردىكى چېچەكلەردەك توزۇپ كەتتۇق ... سەنمۇ مېنى تاشلاپ كەتتىڭ ... گۈلزىبا ... نەفىسە ... زۇمرەتلەر ... سېنىڭ بىلەن بىللە ... لېكىن مەنچۇ؟ ... مەن توپىدىن ئايرىلغان يېگانە قۇشمەن ... ئەمدى كىمگە دەرد - ھەسرەتلىرىمنى تۆكەي، كىممۇ ھالىمغا يېتەر؟ ... غېرىبلىق ئەسىر قىلغان كۆنلەردە دوستلارسىز ... ھەمدەمسىز، خالىس يارانلارسىز ... مەن ... مەن تېرىكلا ئۆلدۈمغۇ! ... ئاھ خۇدا! ... — ھېكمەت ياشلىق كۆزلىرى بىلەن زۇلمەتلىك ئاسمانغا قاراپ ئازابلىق نىدا قىلدى، — مېنىمۇ ئېلىپ كەت! ... ئاشۇ ھۆر - غىلماندەك دوستلىرىم ياشاۋاتقان جەننەتنىڭ بوسۇغىلىرىنى سۆپۈرەي ...

كۆز ياشلىرىمدا سۇ سېپەي ... سۈتتەك ئاق كۆڭلۈم ئۇلارغا پايانداز بولسۇن! ئالماستەك تازا قەلبىم بۇلاقتەك ئۈنچىلەر چاچراتسۇن! ئۇلار تەشنالىقىنى قاندۇرسۇن! ... مۇرات! ... مۇرات! ! ... ئاڭلاۋاتامسەن دوستۇم ... سەن ئۇلارغا ئېيت ... مېنى ئېلىپ كەتسۇن! ...

ھېكمەت گۈپپىلا قىلىپ يىقىلىپ مۇراتنىڭ قەبرىسىنى قۇچاقلاۋالدى، كامىل ئۇنى ئارانلا تۇرغۇزۇپ ئېلىپ كەتتى. كامىلنىڭ كېتىش خەۋىرىنى ئاڭلىغاندىن بېرى ئىچىدىن كۆيۈپ تۈگىگەن ھېكمەت مۇشۇ بىرنەچچە كۈن ئىچىدە ئون يىللىق خاتىرىلەرنى بىرمۇ بىر ئەسلەپ، دەپ ئېيتقۇسىز ھەسرەتلىك بولۇپ قالغانىدى. بولۇپمۇ چېچەكتەك ۋاقىتسىز توزۇپ كەتكەن مۇرات، نائىبى، گۈلزىبا، نەفىسە، زۇمرەتلەرنىڭ قەبرىسىنى يوقلىغان كۈندىن باشلاپ شەپقەتسىز ھايات قانۇنىيىتى، رەھىمسىز ئەجەل، بىۋاق ئۆلۈم ھەققىدە تەگسىز خىياللارغا چۆمۈلۈپ زادىلا تېگىگە يېتەلمەيتتى. مۇرات، نائىبى، گۈلزىبا، نەفىسە، زۇمرەتلەر تېخى ئون گۈلنىڭ بىرى ئېچىلمىغان يۇمران نۇدەرلەر ئىدىغۇ! قۇياشلىق جاھانغا، يېشىل كائىناتقا ئەمدىلا كۆز ئېچىپ، ئېستېتىك تىلەكلەرگە زوقلىنىپ، ئىستىدات بابىدا ئىنتىلىپ، رەيھانۇ چېچەكلەردىن گۈلدەستە تىزىۋاتقىنىدا، قارا تەقدىر تۆمۈر تىرناقلىق پەنجىلىرى بىلەن چەيلەپ، گۈلدەستىلىرىنى پايخان قىلدى. ياش ئۆمرىنى خازان ئەيلىدى، ئۇلار تېخى ھاياتقا قانمىغان ئىدىغۇ! ... مۇھەببەتتىن بەخت ئىزدەش مەنزىلى ئەمدىلا باشلانغان ئەمەسمىدى! ئۇلارنىڭ ئوت ئۇۋالى زادى كىمگە؟! ئەنە قاراڭ، ئاشۇ ياش سەرۋىلەرنىڭ ئارزۇ - ئۈمىدلىرى، چەكسىز ئىستەكلىرى، ئۇلۇغ نىشان - پىلانلىرى ئۆزى بىلەن بىللە قارا يەرگە دەپنە قىلىندى!

ھېكمەت ئۆيگە كېلىش بىلەن چاي دەملەپ، ئۈستەلگە تونۇر كاۋىپى ھەم ھارىقىنى ئالدى. ئۇ مۇشۇ ئاددىي نېمىتى ئارقى-

لىق كۆڭلىنى ئىزھار قىلىپ دوستىنى ئۇزاتماقچىدى. ئۇنىڭ مۇشۇ ئازغىنا نەرسىلەرنى ئېلىشقىمۇ پۇلى يوق ئىكەنلىكىنى كامىل ئوبدان بىلەتتى.

— ھېكمەت، ساڭا بېرىۋاتقان تۇرمۇش پۇلى تامىقىڭغا ئارانلا يېتىدۇ، ئىككى يىل بولدى، كىيىملىرىڭنىڭمۇ تۈزۈك ساپاسى قالمىدى، — دېدى كامىل ھەيران بولۇپ، — بۇ ھاراق، گۆشگىردە، تونۇر كاۋاپلىرىنى قاراڭغۇ بازاردىن ئېلىشقا نەدىن پۇل تاپتىڭ ...

— بۇنى سورىما، — ھېكمەت سىركايىلارغا ھاراق قۇيدى، — بوسىغۇ قوي سويۇپ ئۇزاتقان بولسام ئازلىق قىلاتتى، ئامالىم بولمىدى.

— دېمىسەڭ ئىچمەيمەن ...

— ئەخمەت ھوشۇردىن قەرز ئالدىم، كېيىن تۆلىۋېتىمەن.

— تۇتە ماۋۇ پۇلنى، — كامىل يانچۇقىدىن پۇل ئېلىپ تەڭلىدى، — قەرزىڭنى تۆلىۋېتىپ قالغىنىدىنى ئىشلەت ...

— مەنزە سېنىڭ پۇلۇڭغا ئۆزۈڭنى مېھمان قىلمەنما؟ — ھېكمەت ئۇنىڭ قولىنى ئىتتەردى، — مېنى ئۇنداق ۋىجدان ئازابىغا قويما، بولمىسا ھەممىنى ئاچقىپ تالاغا تاشلايمەن، سەنمۇ ئۈرۈمچىگە كېتىۋەر.

ھېكمەتنىڭ قاتتىق تەلەپپۇزى ۋە جىددىيلەشكەن چىرايىدىن ئۇنىڭ قەتئىي ئالمايدىغانلىقىنى بىلگەن كامىل پۇلنى يانچۇقىغا سېلىپ قويدى. ئۇ دوستىنىڭ مۇراتىنىڭ قەبرى بېشىدا دېگەن سۆزلىرىدىن ئېغىر تەڭلىكتە قالغانىدى.

— قېنى، سېنىڭ ئاقىۋىللۇق بولۇشۇڭ، ياخشى ئوقۇشۇڭ ئۈچۈن كۆتۈرەيلى، — دېدى ھېكمەت چىنىسىنى قولىغا ئېلىپ، — بارغاندىن كېيىن ئۇنتۇپلا قالمىساڭ بولدى.

— بولدى، نەشتەرىڭنى سانجىما، — كامىلمۇ چىنىسىد-
نى قولىغا ئالدى، — سىنىڭ قانچىلىك ئازابلىنىۋاتقانلىقىڭنى
بىلىمەن، مەنمۇ سىنىڭدىن كەم ئازابلانمىدىم. ئۆزۈڭ بىلى-
سەن، ئۆزۈڭدىن بىرى مەن مۇشۇنداق بىر پۇرسەتنى
كۈتكەن ...

— خاپا بولما، مەن ئەسلىدە ئۇنداق دېمەكچى ئەمەس
ئىدىم. مەن سېنى بىلىمەن، بىرەر ئىشقا كىرىشسەڭ، بەل
باغلىساڭ ياكى ئىرادە قىلساڭ ھەممىنى ئۇنتۇيسەن.

ھېكمەت كامىلنىڭ ئوقۇشقا بارىدىغانلىقىنى ئاڭلىغىنىدا
خۇشال بولغان ھەم ياردىمىنىمۇ ئايىمىغانىدى، ئەمما ئايرىلىش
مىنۇتلىرىنىڭ بارغانسېرى يېقىنلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئويلىسى-
لا، نېمە ئۈچۈندۇر جۇدۇنى ئۆرلەپ، ئۆزىمۇ چۈشەندۈرۈپ
بېرەلمەيدىغان بىر خىل غەشلىك كۆڭلىنى ئەنسىزلىككە سالماق-
تا ئىدى. كىشىنىڭ بېشىغا ئېغىر كۈنلەر سايە سالغاندا خالىس
دوستلار، ۋاپادار ھەمراھ، كۆڭۈل ئىزدىگەن يارانلاردىن قىمم-
مەتلىكرەك باشقا نەرسە بولمايدۇ، ئۇلارنىڭ ئاچچىق تەنبىھلى-
رى، ياسىما ئاچچىقلاشلىرى، نەسىھەتلىرى، ھەتتاكى چىرايى-
دىكى ھەربىر ئىما - ئىشارىلەرگىچە شىپالىق دورىدەك جېنىڭغا
جان قوشۇپ، يۈرىكىڭگە تۇگىمەس مادار ئاتا قىلىدۇ. شۇنچە
يىللاردىن بېرى ھاياتتا نېمە قىسمەتلەر بولۇپ ئۆتمىدى! گۈلزى-
بانىڭ ئۆلۈمى، ئەزىمەتنىڭ يېتىپ كېتىشى، نەبىنىڭ قولغا
ئېلىنىشى، مەھبۇبەنىڭ ئويۇنلىرى قاتارلىق تۇرمۇشتىكى سو-
رۇقچىلىقلار، نەچچە قېتىملىق سۈرگۈن، ئېغىر قىيناقلار،
كۈرەش مەيدانلىرىدا ئايلىنىپ يېقىلىشلار ... ئازاب ئىككەلىرى
ھېكمەتنى ئىككەدەپ ئاللا بۇرۇن يېقىتقان، بولمىدى دېگەندىمۇ
ئەقلىدىن ئازدۇرغان بولار ئىدى. لېكىن، دوستلىرىنىڭ مەڭگۈ
خورىماس مەدەت - ئىلھاملىرى، شاپائەت ۋە ساخاۋەتلىرى ئۇنى
قۇتقۇزۇپ قالدى، ئەمدى كامىل كەتسە، ھېكمەتنىڭ تېۋىنىدى-

غان سۆيۈنىدىغان، تەشنالىقىنى قاندۇرىدىغان ئىلھام بۇلىقىنىڭ كۆزى تېنىپ كەتمەمدۇ؟

ئەسلىدە ھېكمەت بۇگۈن ھاراقنى بولدى دېگۈچە ئىچىپ، ئىچىگە تولۇپ كەتكەن دەردلىرىنى دوستى كامىلغا تۆكۈشنى ئويلىغانىدى، لېكىن بۇ ئويىدىن بىردىنلا ياندى. ئوقۇش ئىشتىياقىدا ئوتتەك يېنىپ، سەپەر شادلىقىنى زارىقىپ كۈتۈۋاتقان، ئالىي بىلىم يۇرتىدىكى قاينام - تاشقىنلىق ھاياتقا ئىنتىلىۋاتقان بىر كۆڭۈلنى خىرە قىلىپ، ئازاب يۈكلىرىنى ئارتىپ يولغا سېلىشنىڭ ئۆزى ئادەمىيلىك خىسلەت ئەمەس، ئۇنىڭسىزمۇ كامىلنىڭ كۆرگەن كۈنلىرى ئازمۇ؟

كامىل ئەزەلدىن ھاراقتا ئۆزىنى ئۇرمايتتى. ھازىر ئۇنىڭ دوستىنىڭ كۆڭلىنى دەپلا ئىچىۋاتقانلىقىنى سەزگەن ھېكمەت، ئىككىنچى سىركايىدىن كېيىن بوتۇلكىنى ئۇستەل ئاستىغا ئېلىۋەتتى. ئىككى دوست بىر - بىرىنىڭ كۆڭلىدىكىنى سۆزسىز چۈشىنىپ تۇرغاچقا، ئۇشۇق گەپكە ئورۇن يوق ئىدى. كامىل تۈنۈگۈن بىر كېچە ئۇخلىماي ئانارلىق باغدا تۈنەپ چىققانلىقى ۋە ئېغىر يول سەپىرىنىڭ ھاردۇقى يەتكەنمۇ پات - پات ئەسنەپ كۆزى يۇمۇلۇپ كېتىۋاتاتتى. شۇڭا، ھېكمەت ئىككى كارىۋاتقا ئورۇن سالدى ۋە چىراغنى ئۆچۈرۈپ يېتىپ قىلىشتى.

— ھېكمەت، — دېدى كامىل غاراڭ - غۇرۇڭ ئاۋازدا، - خىزمەتتىن ئوقۇشقا بارغانلارنىڭ مائاشىنى بېرىدىكەن. شۇڭا، ماڭا تۇرمۇشقا لايىقىنى ئەۋەتىپ قالغىنىنى ئاچامغا يەتكۈزۈپ بېرەرسەن، ئەگەر ساڭا شارائىت يار بەرمىسە توختى قۇربانغا بېرىپ قويساڭمۇ بولىدۇ.

— خاتىرجەم بول.

— ھەي، مەن ساڭا بىر گەپنى دېسەم خاپا بولۇپ يۈرمە يەنە، — كامىلنىڭ ئەسنىگەنلىكى ئاڭلاندى، — ئاڭلىسام سەن ماھىنۇر بىلەن ئىچ - پەش تارتىشىپ يۈرۈپسەنغۇ، بۇ

راستمۇ؟
— قۇلۇقۇڭ ئەجەب ئۇزۇن نېمىكەنسەن، نە-
دىن ئاڭلىبدىڭ؟
— مەن سەندىن سوراۋاتىمەن، بۇ راستمۇ ياكى ئۆسەك
گەپمۇ؟
— يالغان، بۇ مەھبۇبەنىڭ تارقاتقان ئېغۋاسى، لېكىن
ماھىنۇرغا بەك ئېچىم ئاغرىپ قالدى.
— ئىچ ئاغرىتىش سەندىكى ساقايماس كېسەل، بۇ گېپىڭ-
گە قارىغاندا ئۇنىڭ بىلەن ...
— ۋاي، نەدىكى گۇمانلارنى قىلىدىكەنسەن، مەن تېخى
ئۇنىڭغا مەھبۇبەنى ماختاپ بەردىم، بىراق مەن بۇنداق كۆڭۈلگە
تالىق ئىشقا باشقىچە قارايمەن ...
— مەسىلەن قانداق؟
— ھەرقانداق ئېرىشىشكە تېگىشلىك بولغان، لېكىن ئې-
رىشەلمىگەن بەخت ھەم ئامەتكە تەلپۈنۈش، ئۇنىڭ ئۈچۈن كۈ-
رەش قىلىش — بۇ ئىنساننىڭ تەبىئىتى، يۈرەككە تالىق بۈيۈك
تۇيغۇلارنى ھەرگىز ئەيىبلەشكە بولمايدۇ، — ھېكمەت تۇرۇسقا
تىكىلگىنىچە ئاستا سۆزلەۋاتتى، — قەلبى روھى ھېسسىيات
لەززەتلىرىدىن مەھرۇم بولغان، لېكىن كۆڭلى تاتلىق ئارزۇلارغا
تەلپۈنگەن ئىككى ھەسرەتلىك يۈرەك بىر - بىرىنى قەلبەن رازى
قىلىشسا، ئىسسىق نەپسى، شېرىن سۆھبىتى ئارقىلىق
دىل جاراھەتلىرىگە مەلھەم بولسا بولمامدىكەن؟! ...
— سەن ئىككى ھاجەتمەن، بىر - بىرىنىڭ ھاجىتىدىن
چىقسا ساۋاب دېمەكچىغۇ، — كامىل بېشىنى كۆتۈردى، —
گۈلزىبادىن، ئەزىمەتتىن ئايرىلىپ، قىزىڭ ئۈچقۇننى كۆرەل-
مەي، ئەقلىڭدىن ئادىشىپ ساراڭ بوپسەن، بۇنداقتا ئەخلاق -
پەزىلەتنى نەگە قويىسەن؟
— ئىككى يۈرەكنىڭ بىر - بىرىگە تەلپۈنۈشى ئەخلاق -

پەزىلەتنى تەرك ئەتمەيدۇ.

— سېنىڭ كۆزدە تۇتۇۋاتقانلىرىڭ، ھالال جۈپتى بار ئەر - ئاياللار، — ۋارقىرىدى كامىل تېرىكىپ، — بۇ نەزەرىيەڭ كۆڭلى سۇيۇق، شاللاق شائىر، يازغۇچىلارنىڭ سەپسەتىسى.

— ئەگەر ئۇلار جۈپنى ھالاللىرىدىن ئىزدىگەن بەختىنى تاپالمىسىچۇ؟

— ئۇنداقتا شەرىئەت پەتىۋاسى، قانۇن - نىزامى بويىچە بىر تەرەپ بولغاندىن كېيىن، بەختنىڭ ئارقىسىدىن پالاقلاپ چاپامدۇ، ئات سالامدۇ، دوم چۈشۈپ بۇرنى قانامدۇ — بۇ يوللۇق ···

— مەن ساڭا چۈشەندۈرۈپ بولالمىغۇدەكمەن، — دېدى ھېكمەت ئەسنەپ، — بولدى ئۇخلايلى، ھە، ئۆگۈنلۈككە راستىنلا ماڭىدىغان بولدۇڭما؟

— شۇنداق، ئۇزىتىمەن دەپ ئاۋارە بولمىساڭمۇ بولىدۇ.

كامىل راستىنلا خاپا بولغانىدى. ھېكمەت بۇ تېمىدىن گەپ ئاچقانلىقىغا ئۆزىمۇ پۇشايمان قىلدى. ئۇ ئىچىدە: «توۋا، ئون يىلدىن بېرى سەن - پەن دېيىشمىگەن دوستلار ئايرىلىدىغان ۋاقىتتا ئېگىز - پەس بولۇشۇپ قالغىنىمىزنى كۆرمەمدىغان دەپ ئويلىدى.

— كامىل، خاپا بولدۇڭما؟ — ھېكمەت ئۆرۈلدى، — ھەي چاقچاق قىلغاننىمۇ ئۇقمايسەن - دە ··· سېنىڭ كۆڭلۈڭنىڭ نازۇكلۇقى باينىڭ قىزلىرىدىن قېلىشمايدۇ.

— سېنىڭدىن بۇنداق گەپلەرنى ئاڭلايمەن دەپ ئويلىماپتىكەنمەن، — كامىل سۇغۇققىنا دېمىغىنى قاقتى، — سەن قىلغان ياكى قىلماقچى بولغان ئىشلىرىڭنى قائىدە - نىزامغا سىلىپ ئۆزۈڭنى ئاقلىماقچى ··· چۈنكى گۈلزىبا، مەھبۇبەلەر ئالدىدا يۈز كېلەلمەيدىغانلىقىڭنى بىلىسەن.

ئۇلار خېلى بىر ۋاقىلارغىچە ئاشۇنداق تاكالىلىشىپ ئۇخلاپ قېلىشتى. ئەتىگەنلىك ناشتىدىمۇ كامىلنىڭ قاپاقلىرى ئېچىلمى- غان بولۇپ يەردىن ئۇستۇن قارىمايتتى. بۇ توغرۇلۇق كەچۈرۈم سوراپ پۇقنىڭ پۇپكىنى بۇزۇپ قويۇشتىن ئەنسىرىگەن ھېك- مەتمۇ ئۇندىمىدى. ئەمما، كامىل ئېشەك ھارۋىنى قېتىپ دەر- ۋازا ئالدىغا چىققاندا تەمكىنلىك بىلەن:

— ئەتە مېنى ئۇزاتقىلى چىقالامسەن، ھېلىقى شېئىرلارنى سورىغان ئەمەسمىدىڭ، — دېدى.

— بۇنىمۇ سوراش كېتەمدۇ، — ھېكمەت كۈلدى، — سەن ئۇر، تىللا بەربىر بارىمەن - دە ...

— سېنىنزە ... — كامىل باش چايقىدى، — ئاخشام كۆپ ئويلىدىم، سېنىڭدىن ئاغرىنغىلى بولمىغۇدەك، سېنىڭ بېشىڭغا كەلگەن تۇرمۇش سورۇقچىلىقلىرى ئەگەر مېنىڭ بې- شىمغا كەلگەن بولسا، نېمە بولۇپ قېلىشىمنى مەنمۇ تەسەۋۋۇر قىلالمايمەن.

ھېكمەت شۇ كۈنى كەچتە نىزاخۇن، زىكرۇللادىن رۇخسەت ئېلىپ قويۇپ، ئەتىسى تاڭ يورۇماستا شەھەرگە كىرىپ كەتتى. ئۇ ماشىنا بېكەتكە بارغاندا كامىل يۈك - تاقىلىرىنى ماشىنا ئۈستىگە بېسىپ بولۇپ، ئاچىسى سەئىدە ۋە گۈلچىنئايلار بىلەن بېكەت سۇپىسىدا پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى. ئۇلار سالاملىشىپ بولغاندىن كېيىن، كامىل ئۈستى قېلىن قەغەزلەر بىلەن ئورۇ- لۇپ، باغلانغان رەسىم رامكىسىنى ھېكمەتكە بەردى. بۇ، ئىككى كېيىك سىزىلغان «ۋاپا» ناملىق ماي بوياق رەسىم ئىدى.

— ئىچىدە سەن سورىغان شېئىرلارمۇ بار، — دېدى كامىل رامكىنى كۆرسىتىپ، — بۇ رەسىمنى ئوبدان ساقلا.

— بۇنى نېمىشقا ئەكەلدىڭ؟ — ھەيران بولۇپ سورىدى ھېكمەت، — تېخىچىلا مەندىن رەنجىۋاتامسەن؟

— مەن سەندىن نېمىشقا رەنجىگۇدەكمەن، پەقەت بۇ رە-

سىمنى پات - پات كۆرۈپ تۇرساڭلا، بەس.

كامىلنىڭ بۇ رەسىمنى نېمە ئۈچۈن بەرگەنلىكىنىڭ تېگىگە يەتكەن ھېكمەت مېيىقىدا كۈلۈپ قويدى. ئۇ، ساقلاۋاتقان «ئاي-دىڭ كېچە»، «بۇلاقتىكى شولا»، «گەلۋىدا» ناملىق ماي بوياق ئەسەرلەرنىڭ ئىچىدە «ۋاپا» نى بەكمۇ ياقتۇراتتى.

— ھېكمەت دادا، — دېدى گۈلچىنئاي ھېكمەتنىڭ بوينىنى قۇچاقلاپ، — سىز ئارقىسىدىن يىغلاپ قالغان دوس-تىڭىز ئاق ئاتقا مىنىپ يىراققا كەتكەن بولسا ئەمدى كامىل دادام ماشىنىغا ئولتۇرۇپ ئۈرۈمچىگە كېتىدىغان بولدى...

كامىل، سەئىدەلەر گۈلچىنئاينىڭ ئاغزىغا قاراپلا قالدى. ئۇلار بۇ سۆزنىڭ تېگىنى سوراپ بولغۇچە ماشىنا ئوت ئېلىپ ئادەملەر ئىشىك تۈۋىدە بېلەتلىرىنى كۆرسىتىپ چىقىشقا باشلى-غانىدى. سەئىدە يىغلىغانچە كامىلنى باغرىغا بېسىپ سۆيدى، ئاندىن گۈلچىنئايمۇ ئېسىلدى، ئاخىرىدا كامىل ئۈچقاندەك كې-لىپ ھېكمەتنى قۇچاقلاپ يىغلىۋەتتى. ئۇ، دوستىنى قويۇپ بېرىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. بۇ چاغدا سوۋغا - سالاملارنى تۇ-تۇرگەن ئالىمجان، شادىمان، ئامانىللالار يېتىپ كېلىشتى...

بوران چاپقۇنلۇق 60 - يىللىرى ئانا دىياردا ئاجايىپ ئۈچمەس ئىزلارنى قالدۇرغان تاڭ چولپانلىرى ھېكمەت، ئالىم-جان، ئامانىللا، شادىمانلار ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ يېقىن دوستى كامىلنى ئۇزىتىپ قول پۇلاڭلىتىپ قېلىشتى...

— خوش، دوستۇم كامىل، — ھېكمەت ئىچىدە ئاستا پىچىرلىدى، — بەخت ساڭا يار بولسۇن! قۇرئاندا: «ئاللاتائالا روھىنى پاك قىلغان ئادەم چوقۇم مۇرادىغا يېتىدۇ»[1] دېيىلگەن، ئارزۇ - ئارمانىڭغا يەتكەيسەن!

① قۇرئانى كەرىم، سۈرە «شەمس» نىڭ توققۇزىنچى ئايىتى.

# يېتىمنىڭ تىلىكى، مەھكۇمنىڭ غەزىپى

— شۇنداق، ئەسلىدە قەشقەرلىكمەن، ھېلىمۇ زېھنىمنى يىغىپ ئويلىسام خىرە - شىرە كۆز ئالدىمغا كېلىدۇ، تۆت ياش چاغلىرىم بولسا كېرەك، ئانام رابىخان قاتتىق كېسەل بولۇپ يېتىپ قالدى. دادام قول - ئىلكى قىسقا خاللاپ ئىدى. ئۇ، تاپقان پۇلىغا پاختا - مازلارنى سېتىۋېلىپ ئۇنىڭدىن تاغار، خۇرجۇن، پالاز، رەڭدار تالىما داستىخانلارنى توقۇپ بازاردا پۇل قىلاتتى، ئىشقىلىپ كۈنىمىز ئەتىيازدىكى سېرىقتال ۋاقتىدىكىدىن يامان ئەمەس ئۆتەتتى. ئانام دادامنى كەمبەغەللىسىنمەيتتى، ئۇ ئېرىنىڭ كۆڭلىنىڭ تۈزلىكىنى، بالىغا ئامراقلىقىنى، بويىنى تۆمۈردەك قاتتىق ۋە قەيسەرلىكىنى، قىيىنچىلىقلار ئالدىدا بوشىشىپ كەتمەيدىغان مىجەزىنى ياخشى كۆرەتتى. ھەرقانداق ئادەم، دادامنىڭ قەدىمىنىڭ تېتىكلىكى ۋە ھەرىكىتىنىڭ چەبدەسلىكىدىن، ئۇنىڭ قاۋۇل گەۋدىسىدە تولۇپ - تاشقان كۈچ - غەيرەت يوشۇرۇنغانلىقىنى بىر قاراپلا بىلىۋالالايتتى. ئانام ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغاندىن كېيىن خاللاپ دۇكان غېرىبسىنىپ قالدى. دادام چاقىرىپ ئەكەلمىگەن تېۋىپ، ئوقۇتمىغان داخان - پېرىلەر قالمىدى. بىراق، ئانامنىڭ كېسىلى ياخشى بولۇشنىڭ ئورنىغا كۈندىن - كۈنگە ئوساللىشىپ، خۇددى كۈن كۆرمىگەن مۇسۇندەك سارغىيىپ قۇرۇپ كەتتى، بىر كۈنى دادام تېۋىپلار پۈتۈن بەرگەن يەرلىك دورا ئۆسۈملۈك ئۇرۇقلىرىنىڭ تىزىملىكى بويىچە «سەكسەن خالتا» بازىرىنى ئايلىنىپ يۈرسە، بازاردا «قاچ - قاچ» دېيىشىپ ئالمان ئۆرە - تۆپە بولۇشۇپ كېتىپتۇ. دادام ئوڭ - سېپىنى تېپىپ بولغۇچە

بەش - ئالتە چېرىك ئۇنىڭ قولىدىكى بولاق - بولاق دورىلارنى ئۇرۇپ چۇشۇرۇپ چەيلەپ - يانجىپ، ئۇنى باغلاپ هاشارغا تۇتۇۋاپتۇ. بىر كالتە بازاردىلا توخۇ، تۇخۇم بادرا، ئوتۇن، يەل - يېمىش ساتقىلى كىرگەن دېهقانلاردىن يىگىرمىدەك ئادەمنى تۇتۇپ، شەهەر سېپىلي ئالدىغا ئېلىپ كەپتۇ، ئۇلارنى سېپىل ئۈستىگە سېلىنىدىغان قاراۋۇلخانا (پوتەي) قۇرۇلۇشىغا ئىشلىتىپتۇ. ئانامنىڭ كېسىلىنىڭ ئېغىرلىقى، مېنىڭ قارىغۇچىسىز يالغۇز قالغانلىقىم بىرەر دەقىقىمۇ يادىدىن كەتمىگەن دادامنىڭ گېلىدىن زاغرا مۇندىكى تۇرماق سۇمۇ ئۆتمەپتۇ. ئاخىرى تۆتىنچى كۈنى ئۇ قوراللىق ئىككى قاراۋۇلنى ئۇرۇپ مەلەخ قىلىۋېتىپتۇ - دە قېچىپتۇ. بىراق، ئارقىدىن قوغلاپ كېلىۋاتقان چېرىكلەرنىڭ كۆپلىكىدىن تۇمەن دەرياسى تەرەپكە قاراپ يۈگۈرۈپتۇ. ئۇ، ئاشۇ قارا ئىتلارنىڭ قولىغا چۈشكىچە دېگەن خىيالغا كەلگەن بولسا كېرەك. ئۆزىنى دەرياغا تاشلاپتۇ. قارا قاغىدەك قاپقارا كىيىنگەن چېرىكلەر ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتقان سۇغا قارىتىپ بىر مۇنچە ئوق ياغدۇرۇپ قايتىپ كېتىشىپتۇ.

بىر ئىشنى زادىلا ئۇنتالمايمەن، بۇ خۇددى تۇمانلار ئىچىدە بىر كۆرۈنۈپ - بىر كۆرۈنمەي كېتىۋاتقان يولۇچىدەك گىرىمسەن كۆز ئالدىمدا پەيدا بولىدۇ. هويلا ئوتتۇرىسىدا بىر تاۋۇت تۇراتتى، ئۇنىڭغا مەسچىتنىڭ «غېرىب يوپۇقى» بولسا كېرەك، كىر هەم كونا خام خەسە يېپىلغانىدى. ئۇزۇن - قىسقا تون، ئاق هەم سېرىق سەللە ئورىغان، ساقاللىق، ساقالسىز بىر توپ ئادەملەر نېمىلەرنىدۇر تالىشاتتى، ۋارقىرىشاتتى، كۇسۇرلىشاتتى ۋە قولاق يېقىشىپ سەت هىجىيىشاتتى، ئۇلار مېنى «مەشەدىن قوزغالما، مېيىت ئىگىسى سەن» دەپ تاۋۇتنىڭ بىر بېشىغا تۇرغۇزۇپ قويۇشتى، يوپۇقنىڭ ئارىلىقىدىن چوڭ بارماقلىرىنى چېتىپ قويغان بىر جۇپ پۇت دىردىيىپ كۆرۈنۈپ تۇراتتى. مەن

قىزىقىپ ئېڭىشىپ قارىدىم، شۇ چاغدىلا ئۇنىڭ كونا خاملار
بىلەن يېرىم، ياتا كېپەنلەنگەن ئانام ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم.
شۇنداقتىمۇ ئويۇمدا ئۆيگە يۈگۈرۈپ كىرىپ ئانامدىن نان سورىد-
غۇم كېلەتتى. كەچ كۈز ۋاقىتلىرى بولغاچقا مۇزلاپ كەتكەن
يالاڭ ئاياغ پۇتۇمنىڭ ئالىقىنىدا يەنە بىر پۇتۇمنىڭ يۈزىنى
دەسسەپ، تىزلىرىمنى ھەم قىسۇالغان بولسامۇ، كالتە پۇش-
قاقلىرىمدىن سۈيدۈك ساقىپ چۈشمەكتە ئىدى. چوڭلارنىڭ
تالاش - تارتىشى ئوڭۇشلۇق تۈگىگەنمۇ نېمە، مەھەللىمىزدىكى
كۆك بېشى ماڭا بالىسىنىڭ بىر تونىنى كىيگۈزۈپ بىلىمگە ئاق
باغلاپ قويدى، ئاندىن ئۈچ ئادەم ماڭا ئېڭىشىپ، بىگىز بارمى-
قىمنى قارا سىياغا پاتتۇردى - دە، قانداقتۇر بىر قەغەزگە قول
باستۇردى. مەن نەدىن بىلەي، قەغەزگە بېسىلغان ئاشۇ كىچىك-
كىنە بارمىقىمنىڭ ئىككى ئېغىزلىق ئۆيى بار، چاققانغىنا تال
بوستانلىق قورۇيىمىزنىڭ تەقدىرىنى ھەل قىلغىنىنى! كۆك
بېشى مېنىڭ قولۇمدىن يېتىلەپ تۇپراق بېشىغا ئېلىپ چىقتى،
تاۋۇتنى يېڭى كولانغان گۆرگە يانتۇ قىلىپ، ئانامنى سۇغۇرۇپ
ئېلىشتى، ئاندىن بىر تۆشۈككە سولاپ، ئاغزىنى كېسەكلەر
بىلەن ئەتتى. ئادەملەر كەتمەنلەردە گۈپۈلدەپ توپا تاشلاشقا باش-
لىدى، ئەمما بىر پاقىنىڭ بالىسى گۆرگە چۈشۈپ كېتىپ بىللە
كۆمۈلۈپ كەتتى. مەن ئۇ پاقىنىڭ بالىسىنى ئۇزۇن زامانلارغى-
چە: «ئەشەدىن چىقىپ كېتەلىگەنمىدۇ ياكى ئۆلۈپ قالغانمىدۇ»
دەپ ئويلاپ يۈردۈم. مازارلىقتىن قايتقان ئادەملەر قىرائەت
قىلىش ئۈچۈن ھويلىمىزغا يەنە توپلاندى، شۇ چاغدا ئۈچلۈق
ئېڭىكىدە ئۈچ تاللا تولغىشىپ تۇرغان ساقىلى بار، قوۋۇزلىرى
ئولتۇرۇشقان، گۈمبەزدەك سەللىسىنىڭ ئېغىرلىقىدىن بېشى
بىر ياققا سىڭايان بولۇپ قالغان، قېشىنىڭ تايىنى يوق، چاناق-
لىرىنى قورۇقلار باسقان سارغۇچ كۆزلىرى مىتىلداپلا تۇرىدى-
غان مەھەللىمىزنىڭ ئىمامى، بىر قولىنى دۈمچەك دۈمبىسىگە

قويغان هالدا كامالچىدەك ئىگىلىپ هويلا ئوتتۇرىسىدا پەيدا بولدى.

— ئەهلى مۇسۇلمانلار، — دېدى ئىمام گېلىنى قىرىپ قويۇپ، — رابىخان مەزلۇم دارىلباقىيغا رەهلەت قىلدى. هوشۇر ئاخۇن بولسا ئۆزىنى دەرياغا تاشلاپ ئۆلۈۋالدى. ئەمدى بۇلارنىڭ ئۆلۈمىنى ئۇزىتىش، نەزىر - چىراغلىرىنى ئۆتكۈزۈش، مەرهۇملارنىڭ روهىغا ئاتاپ قۇرئان تىلاۋەت قىلىش ساۋابى شەرئىيلىرىنى كۆك بېشى مىرسايىم مىرابەگ ئوغلى ئۆز زىممىسىگە ئالدىلەر هەم تۆت ياشلىق ئەخمەتنىمۇ ئۆز هامىيلىقىغا ئېلىپ، بالاغەت شەرىپىگە نائىل قىلغۇسىدۇر، شۇڭا بىز ئەهلى - جامائەتنى گۇۋاه ۋە شاهىد قىلىپ پۈتۈپ چىققان پەتتىمىزنى خالايىق توپلاشقان جەرەستاندا ئوقۇماقچىمىز.

پەتتە

«مەنكى ئەخمەت هوشۇر ئوغلى شۇنداق پەتتە قىلۇرمەنكى، ئانام رابىخان، دادام هوشۇرئاخۇن بىمەهەل قازا قىلغاندا، كۆك بېشى مىرسايىم مىرا بەگ هەزرەتلىرى، ئۆز ئاتامدىن چارى بېشىمنى سىلاپ، ئاتا - ئانامنىڭ بارلىق ئۆلۈم يۇسۇنلىرىنى ئۆز ئۇستىگە ئېلىشتىن سىرت، مېنىمۇ ئۆز ئوغلىدەك بېقىپ بالاغەت شەربىتىنى ئاتا قىلماقچى. شۇڭا، ئىككى ئېغىز ئۆي، بىر قازناق هەم تال بوستانلىق هويلىمىزنى ئۆي مۈلكى بىلەن قوشۇپ، مەن رازى هەم رەغبەت بولۇپ ئاتىمىز ۋە شاپائەتچىمىز مىرسايىم مىرا بەگ هەزرەتلىرىگە بارلىق قەرز هېسابىدا ئۆتكۈزۈپ بەردىم ...»

ئىمام، شاهىد ۋە گۇۋاهچىلار، پەتتە پۈتكۈچى موللىلارنىڭ ئىسىم - شەرىپىلىرىنى ئوقۇغاندىن كېيىن جامائەت تارقاشتى. كۆك بېشى مېنى ئۆيىگە ئېلىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئۈچ خوتۇنى بولۇپ، ئايرىم - ئايرىم قورۇلاردا ئولتۇرۇشاتتى. قايسىدۇر قەرزگە بوغۇلغان شورپېشانە نامراتنىڭ بالاغەتكە يەتمىگەن قىزىغا

كۆزى چۈشكەن كۆك بېشى بىزنىڭ قورۇنى مەقسەتلىك تارتۋال-
غانىدى. ئۇ مېنى ئىككىنچى توقالنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ بەردى.
مەن بىرنەچچە كۈن ئورنۇمغا سىيىپ قويغاندىن كېيىن، ئىك-
كىنچى توقال مېنى دالان ئۆيدىن هويلىدىكى نەرسە كېرەك
قويۇلغان قازناق ئۆيىگە كىگىز سېلىپ ئۇستۇمگە ئەسكى جۇۋا،
كونا چاپانلارنى ئارتىپ قويىدىغان بولدى. ئەگەر مەن بۇ ئۆيدە
يەنە بىر ئايلار تۇرغان بولسام ئاچلىقتىن قۇرۇپ، تېرىك مۇردى-
غىلا ئايلىنىپ قالاتتىم ...

هېكمەت بىلەن ئەخمەت هوشۇر ئاسماندىكى پىلىلدىشىپ
تۇرغان تۇركۇم - تۇركۇم يۇلتۇزلارغا قارىشىپ خاماندا ئولتۇ-
رۇشاتتى. بۇ يىل مەكتەپنىڭ بۇغدىيى بەكمۇ ئوخشىغانلىقى
ئۈچۈن، خامان كۆكتاتچىلىق مەيداننىڭ بىر مودەك يېرىنى
ئىگىلىگەنىدى. ئاي نۇرىدا يۇمشىتىلغان ئەنجى، دۆۋىلەنگەن
چار، سورۇلغان توپان ۋە «ۋال»①لار دۇمچەك - دۇمچەك كۆ-
رۈنەتتى. ئەخمەت هوشۇرنىڭ كۆزلىرى ئايدىڭدا خۇددى كۆكۈچ
سىماب قەترىلىرىدەك يالتىرايتتى. ئۇ يىغلاۋەتمەسلىك ئۈچۈن
ياشلىرىنى كۆزلىرىنىڭ ئەتراپىدا ئايلاندۇرۇپ، ئايغا تى-
كىلىپ قالغانىدى.

— هىم، قەشقەرلىكمەن دېسىلە، — دېدى هېكمەت ئې-
غىر قىسمەتلەردىن كۆڭلى ئەلەمزىدە بولۇپ، — ئاشۇ ئىككىن-
چى توقالنىڭ ئۆيىدە تۇرىۋەردىڭمۇ ياكى قېچىپ كەتتىڭمۇ؟

— تۆت ياشلىق بالا نەگىمۇ قاچالىسۇن، — ئەخمەت هو-
شۇر بۇغداي دۆۋىسىگە يۆلىنىپ ئاسمان قەھرىدىكى يالغۇز بىر
يۇلتۇزغا تىكىلىپ قالغانىدى، — بىر كېچىسى چالا ئۇيقۇدا
ئىدىم. نە دېرىزىسى، نە پەنجىرىسى يوق قازناقتىكى قاراڭغۇ-

① ۋال - شوتىدەك جازىغا ئۇرۇك ۋەجىدە شاخلىرىنى ئۆتكۈزۈپ تولۇق ئورنىدا بۇغداي
يۇمشىتىدىغان سايمان.

لۇقتىن بىر كىمنىڭ دەرەخ يىلتىزىدەك قوپال، يىرىك ئالىقىنى مېنىڭ ئىنچىكە ئۇزۇنچاق بوينۇم ئۈستىدىكى كىچىككىنە چىل-گىدەك بېشىمنى مېھرىبانلىق بىلەن سىلىدى. مەن قورقۇپ كەتمىدىم، ئەكسىچە بۇ ئىككەكتەك ئالىقاندىن تارقىغان بىر ئىس-سىق ئېقىم پۈتۈن بەدىنىمنى ئىللىتىۋەتكەندەك بولدى. مېنىڭ بىردىنلا كۆڭلۈم بۇزۇلۇپ زەئىپ ئىڭرىدىم قاراڭغۇلۇقتىن تو-نۇشلا ئاۋازى كەلدى:

— بالام، جېنىم ئەخمەت ··· سەن ··· سەن ھاياتمۇ؟

— سەن، سەن كىم؟

— مەن سېنىڭ داداڭ

مەن «ۋارلا» قىلىپ يىغلاپ سېلىشىم، ھېلىقى ئالىقان كـاپـلا قىلىپ ئاغزىمنـى تـۇتـۇۋالـدى ۋە مېنـى نېمىگىدۇر ئورىدى ـ دە، كۆتۈرۈپ ئېلىپ چىقىپ كەتتى. دادام مېنى شۇ كېچىدە شەھەرنىڭ ئەڭ چەت ياقىسىدىكى كۆرۈمسىز بىر دەڭگە ئاپاردى. خۇددى بىزنى كۈتۈپ تۇرغاندەكلا تەتۈر ئۈستىغان، ئاپئاق سىم ساقال دەڭچى قارا چىراغنى كۆتۈرۈپ كىردى. شۇ چاغدىلا مەن دادامنىڭ قاپقارا يىرىك ساقاللىرى ئۆسۈپ، بۇرنىلا چوقچىيىپ چىقىپ قالغانلىقىنى كۆردۈم ···

— خېلى ئاسان تاپالىدىڭلارمۇ ھوشۇراخون، — دېدى دەڭچى پەس ئاۋازدا.

— ئۆزلىرى ياردەم قىلمىغان بوسىلىرى، تاپالمايدىغان چىغىم بار ئىكەن ···

— ھېلىقى قاراۋاتقۇشاۋچىمالايغابىر تەڭگە پۇل تۇتقۇزغاند-دىن كېيىنلا دەپ بەردى ئەمەسما، ۋۇيۋايۇ ۋلەكنىڭبالىسى···

دادام ئالدىن تەييارلىق قىلىپ قويغانىكەن، ماڭا كونا بول-سىمۇ ئىشتان ـ چاپانلارنى كىيگۈزدى ۋە ئانچىمۇ چوڭ ئەمەس بىر تىگىق نەرسىنى دۈمبىسىگە قولدىماش قىلىپ باغلىدى. دەڭچى بىزنى دەڭ دەرۋازىسى ئالدىدا ئۇزىتىپ قويدى، ئۇ ئارقى-

مىزدىن «شەھەر سېپىلىنىڭ قوۋۇقلىرى ئېچىلغىچە ئۆزلىرىنى دالدىغا ئالالا» دېدى پىچىرلاپ.

بىز سەھەرلىكتە تۆگە كارۋانلىرىنىڭ جاراڭ - جۇرۇڭى، ئېشەكچىلەرنىڭ ئوپۇر - توپۇرلىرى، ئۇ ياققاتارت - بۇياققا تارت دېگەن ۋارقىراشلار، تىللاشلار ۋە تۇياقلارنىڭ ئاستىدىن كۆتۈرۈلگەن توپا - بوغىناق ئارىسىدا شەھەردىن چىقىپ كەتتۇق. شۇ كۈنى بىر كۈن يول مېڭىپ نامازشام ۋاقتى بىلەن بىر چوڭقۇر سايدىكى چاتقاللىققا يېتىپ كەلدۇق. دادام شامالدىن دالدا بولغۇدەك جايغا كىگىزنى ئېچىپ سالدى ۋە خۇرجۇندىن نان، ئاياقلارنى ئالدى، ئاندىن قاپاقتىكى سۇدىن قۇيۇپ قورساق تويغۇزدۇق. مېنىڭ بوغما يىلاندەك تولغىنىشىپ، قوۋزاقلىرى غۇدۇرلىشىپ، شاخ - پۇتاقلىرىدا ھەر يوغان پوقاقلا ساڭگىلاپ تۇرغان ئېپىتىدائىي قارىياغاچلارغا قاراپ قورققۇم كېلەتتى. بەزىلىرىنىڭ كاۋاكلىرىغا بىرنەچچە ئادەم كىرىپ ياتسىمۇ بەخۇدۇك سىغىپ كېتەتتى. دادام مېنىڭ كەندىر شېغىدەك ئورۇق پۇتلىرىمنى، قۇم چۆگۈننىڭ ساپىقىدەك ئىنچىكە بوينۇمنى سارغايغان چىرايىمنى سىلاپ: «ھەي، بىچارە بالام، ئاناڭ تولىمۇ ئىچ كۆيەر ئايال ئىدى. سېنىڭ بۇ تۇرقۇڭنى كۆرسە، نېمە بولۇپ كېتەر ئىدى - ھە ...» دەپ يىغلاپ سالدى.

ئىش قىلىپ نەچچە كۈن، نەچچە ئاي ماڭغىنىمىز ئېسىمدە يوق، ماڭا خۇددى نەچچە ئەسىر يول يۈرگەندەكلا تۇيۇلىدۇ. دادام مېنى دۈمبىسىدىكى تېڭىقنىڭ ئۈستىگە ئولتۇرغۇزۇپ ئىككى پۇتۇمدىن تۇتۇۋېلىپ شۇنداق تېز ماڭاتتى. ئۇنىڭ بەستىلىك چەبدەس، گەۋدىسى خۇددى دولقۇنلۇق دەريادا لەپەڭلەپ تۇرغان كېمىدەك لوڭ - لوڭ ئىلگىرىلەيتتى. يېڭىسارنىڭ پەچاقلىرى يالت - يۇلت چاقنىغان بازارلار، يەكەن، پوسكاملارنىڭ ۋاڭ - چۇڭ ھەم ھەرخىل پۇراقلارغا تولغان رەستىلىرى، قاغىلىقنىڭ ئانارلىق باغلىرى ئارقىمىزدا قالدى ...

«پىيالما» نىڭ سىيىمۇ ياكى «ھىممەت» نىڭ چۆلىمۇ يا بولمىسا «چولاق» نىڭ چەكسىز دەشتىلىرىمۇ، ئىش قىلىپ بىر كېچىدىسى قاتتىق بوراندا زادىلا ئۇخلىيالماي دادامنىڭ خام يەكتىكىدىنىڭ ئىچىگە كىرىۋالغىنىم ئېسىمدە ...

— ئاخىرى خوتەنگە قىچىپ كەپسىلەردە، — دېدى ھېكمەت ئەخمەت ھوشۇرنىڭ مىسكىن چىرايىغا قاراپ.

— شۇنداق، — ئەخمەت ھوشۇر بوغداي ئەنجىسىگە جەينەكلىدى، — دادامنىڭ تەقدىر - قىسمىتىگە سەرسانلىق ھايات ئىرادە بوپتىكەنمۇ دەيمەن، خۇدايىمنىڭ ئىرادىسى بىلەن ئۇنى يۇرۇڭقاش دەريا ۋادىلىرىغا رىزقى سۆرەپ ئېلىپ كەلدى. بىز دەسلەپتە توساللا يېزىسىنىڭ «قاتچى»، «قارامەت»، «توققۇز گۇمبەز» كەنتلىرىدە تۇردۇق دادام ئۇنىڭ - بۇنىڭ روزىخارلىرىدا يالىنىپ خالاپلىق قىلدى. لېكىن ئۇ، ئەمەلدار، باي غوجاملارنى كۆرسە قورۇلۇپ، ھېجىيىپ، كۈلكىدىن كۆزلىرىنى خۇمارلاشتۇرۇپ، خۇشامەتكۈيلۈق بىلەن پۈكۈلۈپ يەتتە تەزىم قىلىدىغانلاردىن ئەمەس ئىدى. شۇڭا، كەنت ئاقساقاللىرى ئۇنى «بوينىقاتتىق»، «تۆمۈر گەدەن» دەپ زادىلا پاتقۇزمىدى. دادامۇ ئۇلارغا «مۇت» (بىكار) غا ئىشلەپ بېرىشكە ئۇنىمىدى. ئاخىرى بىز بۇزاق يېزىسىنىڭ «ھاڭگىي» دېگەن كەنتكە كۆچۈپ بېرىپ، مومىيى ئۆلۈپ كەتكەن ئاتمىش بەش ياشلار چامىسىدىكى بىر دېھقاننىڭ ئۆيىدە تۇردۇق، ئۇنىڭ قىزلىرى تالالىق بولۇپ چىقىپ كېتىپتۇ. كېرىماخۇن دېگەن بىر ئوغلى بولسا داۋاملىق ھاشار، سەيسە، ئالۋاڭلاردىن كېلەلمەيدىكەن.

— توختىسىلا ئەخمەت ھوشۇر، — دېدى ھېكمەت بېشىنى كۆتۈرۈپ، — مەن بۇزاق يېزا ھاڭگىي كەنتلىك كېرىماخۇن دېگەن بىر بوۋاي بىلەن يېڭىئېرىق سۇ ئامبىرىدا بىللە ئىشلىگەنىدىم، شۇ بولۇپ قالمىسۇن يەنە.

— ئۇ چاغلاردا كېرىماخۇن قىرىق ياشلاردىغۇ دەيمەن،

ئۆزى ئېگىز، بۇرنى سەل قىڭغىر، كۆزلىرى چوڭ ئادەم ئىدى.

— چوقۇم شۇ، — دېدى ھېكمەت يىل ھېسابىنى مۇسەللەپ كۆرۈپ، — ھازىر كېرىمانكام يەتمىشتىن ئاشتى.

— بىز ئولتۇرغان ئۇ ھويلا تولىمۇ ۋەيرانە بولۇپ، ئۇنى تۈزەشكە سالتاڭ ئۆي ئىگىسىنىڭ ھەپسىلىسى يوق ئىدى، — دېدى ئەخمەت ھوشۇر كۈلۈپ قويۇپ، — دادام زىل، چېچەن ئادەم بولغاچقا يېقىلغان، بۇزۇلغان يەرلەرنى ئوڭلاپ، مېۋىلەرنىڭ هارام شاخلىرىنى پۇتاپ، ئەسكى - تۈسكىلەرنى يېغىشتۇرۇپ ھويلىنى خېلىلا ئىسكەتكە كىرگۈزۈپ قويدى. ئۇ ئەنە شۇنداق جان - پېنىغا قارىماي ھالال ئىشلەيدىغان ئادەم بولۇپ، كۈنلىرىنى پەم - پەخەس بىلەن ئۆتكۈزەتتى. دادام دائىم: «بالام، باشقىلار بىزگە شەپقەت قىلغانىكەن، بىز مەرھەمەت قىلىشىمىز لازىم» دەيتتى. دادامنىڭ تۆسپىنى مەھەللىدىكىلەردىن ئاڭلىغان كەنتنىڭ يۈز بېشى ھەمدۇل ئاقساقال بىر كۈنى ئۇنى ئۆيىگە چاقىرىتتى.

— ئاڭلىسام خېلى جىگىرلىك بار يېتىمدەك قىلىسەن، كۆزلىرىڭدىنمۇ چېچەنلىكىنىڭ چېقىنلىرى چاقناپ تۇرۇپتۇ، — دېدى ھەمدۇل ئاقساقال ئاق ئارىلاشقان چار ساقىلىنى سىپاپ، — ھويلىمىزدا مەخسۇس خاللاپلىق دۇكىنى بار، قانداق، ھۈنىرىڭنى قىلامسەن؟ توقۇغان تاغار خۇرجۇن، پالازلىرىڭنى ئوتتۇرلۇق شەھەردىكى دۇكىنىمغا ئەۋەتىپ سۇ قىلىمىز، پايدىسىنىڭ ئوندا ئۈچ ئۈلۈشىنى ئېلىشتىن سىرت ئاش، تاماق، ئۆي مەندىن بولىدۇ.

— بولىدۇ، ئۆزلىرى شۇنچىلىك ئاتىدارچىلىق قىلغان يەردە، مەن تاش چىشلەپ تۇرسام بولماس، — دېدى دادام رازىلىق بىلدۈرۈپ، — كۆڭۈللىرىگە مۇخالىپ كەلمىسە بىر ئىشنى سوراپ باقسام، بۆز يىپلار تەييارمۇ ياكى ئۆزۈم تەييارلايمەنمۇ؟

— ئۇنىڭدىن ئەنسىرىمە، يىپ ئېگىرىدىغان چاقچى مەز-
لۇم بار. ھە، ئاڭلىسام بىر ئوغلۇڭ بارمىش، قانداق، ئوقۇشقا
بەردىڭمۇ؟

— يوغسۇ، ئۇ تېخى، كىچىك ئەمدىلا ئالتە ياشتا.

— ئالتە ياش؟ — ھەمدۇل ئاقساقال سۇپۇرگە قاشلىرى-
نى لىككىدە ئاتتى، — ئالتە ياش كىچىك بولامدۇ، مېنى دادام
تۆت يېشىمدىن تارتىپ قۇرئان ساۋاتلىق قىپتىكەن. بالاڭنى
بۇگۈنلا ئېلىپ كەل، بىر قۇر كىيىم قىلدۇرۇپ بىرىپ، ئاندىن
مەھەللىمىزدىكى ئاخۇنۇمغا تۇتۇپ بېرىمەن. ئۇنداق ئادەم ئۇۋاق-
لىرىدىن بىر توقاي باللار ئوقۇۋاتامدۇ. تولا مىلجىڭلىق قىل-
ما، قانداق، كۆڭلۇڭدە يەنە دىلغۇللۇق بارما؟

— يوغسۇ ... يوغسۇ ...

ھەمدۇل ئاقساقال قۇرئان ساۋاتلىق ئادەم بولغاچقىمۇ ئاغ-
زىدا ئىمانى، دىلىدا دىيانتى بار مۇسۇلمان ئىدى. شۇڭا،
باشقىلارنى قاقتى - سوقتى قىلىدىغان يامانلىقلاردىن نېرى بو-
لۇپ، شەخسىيەتچىلىك - دانالىق، ساختىپەزلىك - ئۇستىلىق،
خالىسانىلىق، ئەخمەقلىق دەيدىغان كۆڭلى قارىلاردىن ئەمەس
ئىدى.

مەن ئۈچ يىل ئىچىدە قۇرئان ساۋاتلىق بولۇپ قالدىم.
سەككىز ياش چېغىمدا ھەمدۇل ئاقساقال مېنى كەنتىمىزدىكى
يېڭى مەكتەپكە بەردى. مېنىڭ ئوقۇش نەتىجىلىرىمنىڭ مەكتەپ
بويىچە ئالدىدا ئىكەنلىكىنى كۆرگەن ئاقساقال، ئىككىنچى يىلى
مېنى شەھەردىكى ياتاقلىق مەكتەپكە ئوقۇشقا ئۆزى ئىزملىتىپ
كەلدى. مەن شەھەردە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمدا دادامنىڭ بېشى
پات - پاتلا ئاغرىپ، بەزىدە ئايلىنىپ كېتىدىغان بولۇپ قالغان-
دى. بىر كۈنى ھەمدۇل ئاقساقالنىڭ مالىيى مېنى ئاتقا مىندۇ-
رۇپ كەنتكە قايتۇرۇپ كەلدى. ئۆيگە كىرسەم دادامنىڭ ئېگە-
كىنى چېتىپ ياتقۇزۇپ قويۇپتۇ.

مەن قارا يېتىم بولۇپ قالدىم. شۇنداقتىمۇ ھەمدۇل ئاقسا-
قال مېنىڭ چىقىملىرىمنى كۆتۈرۈپ داۋاملىق ئوقۇتتى. مەك-
تەپتىن ئازاد بولغان كۈنلىرىم كەنتكە قايتىپ كېلەتتىم ـ دە،
چوڭ مېھمانخانىنىڭ ئىشىكىنى چېكىپ كىرەتتىم ۋە قولۇمنى
كۆكسۈمگە ئېلىپ «ئەسسالامۇئەلەيكۇم، بەگ دادا» دەپ سالام
بەجا كەلتۈرەتتىم. مانا شۇ چاغلاردا مەن زېنىمدىن بىلەن بىر
سىنىپتا ئوقۇيتتىم. بىر كۈنى مۇئەللىمىمىز بىزگە: «ھازىر
ئىلىدا ئالتە ئوغرى توپىلاڭ كۆتۈردى، ئۇلار جاڭ دازۇڭتوڭ
جانابلىرىغا ① تىغ كۆتۈرۈپ چىقتى» دېدى ۋە بىزنى «يوقالسۇن
ئالتە ئوغرى! ياشىسۇن جاڭ دا زۇڭتوڭ جانابلىرى!» دەپ
شوئار توۋلىغىنى سالدى...

— ھە، ئاخىرى قانداق بولدى؟ — دەپ ئالدىراتتى
ھېكمەت ۋەقەنىڭ داۋامىغا قىزىقىپ.

— بىلمەن، سەن بۇنداق گەپلەرگە تولىمۇ ھېرىس، —
ئەخمەت ھوشۇرنىڭ ئۇيقۇسى كەلگەن بولسا كېرەك چوڭقۇر بىر
ئەسنەپ قويدى، — قانداق بولاتتى، ئۆلكە ئازاد بولۇپ ئۇزۇن
ئۆتمەيلا ھەمدۇل ئاقساقالنى «ئادەم ئىشلەتكەن ئەزگۈچى، پو-
مېشچىك، زومىگەر» دەپ قولغا ئالدى. ئۇزۇن ئۆتمەي تۈرمە-
دىن جەسىتىنى ئېلىپ چىقىپ دەپنە قىلدۇق. پۈتۈن مۈلكى
مۇسادىرە قىلىندى. مەن ۋىلايەتلىك دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇپ،
ئۆز مەكتىپىمگە ئوقۇتقۇچى بولدۇم 57 ـ يىلـلىرى «چوڭ
ئېچىلىپ سايراش» ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىلدى. ۋاي دادىـل
سايراڭلار، خاتالىقلارنى تۈزەتسەكلا بولدى» دېسە، قاپقانغا
دەسسەپ: «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش خەلقنى ھالىدىن كەتـ-
كۈزدى»، «خەلق گۇڭشېسى دېھقانلارنى نامرات قىلىۋەتتى»،
«پولات تاۋلاش يۇرتىمىزنى زۇۋاللىققا ئېلىپ باردى» دەپ ساي-

① جاڭ دا زۇڭتوڭ ـ زۇڭتوڭ جاڭ جيېشى.

مىز. 58 ـ يىلى «ئوڭچى، يەرلىك مىللەتچىلەرگە قارشى
ئىستىل تۈزىتىش» ھەرىكىتىدە كوكۇلىمىزغا ئېسىلىۋېلىشنى
نەدىن بىلدۇق ... شۇنىڭ بىلەن «ئوڭچى ، يەرلىك مىللەتچى»
دېگەن قالپاقنى كىيىپ يۈرگىنىمىزگە ئون يەتتە يىلدەك بولۇپ
قاپتۇ. ھەر قانداق ھەرىكەت كەلسىلا «سىنىپىي كۈرەش» نىڭ
ئوبيېكتى بولۇپ قېقىلىپ ـ سوقۇلۇپ يۈرۈۋاتىمىز.

ئەخمەت ھوشۇر ئەدىبىلىنى مۇرىسىگە تارتىپ، بۇغداي
ئەنجىسىگە باش قويدى ـ دە، تەتۈر ئۆرۈلۈپ ياتتى. ئۇ بىر
كەمدىن كېيىن ئۇيقۇ ئارىلاش «سەنمۇ ئۇخلا، ئەتە سەھەر يەنە
خامان تېپىدىغان گەپ» دەپ غودۇڭشىپ قويدى.

ئەخمەت ھوشۇر بىلەن ھېكمەتنىڭ ئەمگەك بىلەن ئۆزگىرد-
ۋاتقىنىغا ئىككى يىلدىن ئاشتى. ئۇلار ئەسلىگە كەلتۈرۈش
ئەمەس، بەلكى رېجىم ئارغامچىسى بارغانسېرى چىڭىتىلىپ،
مەھكۇملۇق ھاياتىنى قايتا باشتىن كەچۈرۈۋاتاتتى. ۋىلايەت،
ناھىيىدىن تارتىپ يېزا كەنتلەرگىچە، ئىدارە ـ ئورگانلاردىن
زاۋۇت كان ـ كارخانىلارغىچە رەھبىرىي كادىرلارنى تارتىپ
چىقىرىش قايتىدىن باش كۆتۈرۈپ، ئەدىپىنى بېرىش باشلانغاند-
دى. شۇڭا، بوستان گوڭشې شۇجىلىرى ۋاڭ لىمىڭ، تۇراپ
ئىمىنلار قاتارىدا ھېكمەت ۋە ئەخمەت ھوشۇرلارمۇ «ئەمگەك
بىلەن ئۆزگىرىش» نى باشتىن كەچۈرۈۋاتاتتى.

مەملىكەت بويىچە «كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدار»
لار ئۈستىدىن بۇلۇۋاتقان دولقۇنسىمان ئىنقىلاب تۆۋەندىن ـ
يۇقىرىغىچە كۆندىن ـ كۈنگە ئۆرلىمەكتە ئىدى. گەرچە قورال
ئېلىپ ئۇرۇش قىلىش توختىغان بولسىمۇ، ئىدېئولوگىيە جە-
ھەتتىن ئېلىپ بېرىلىۋاتقان جەڭ ئاخىرلاشمىغانىدى. يەنە بۇ-
رۇنقىدەكلا بازار- رەستىلەر، مەكتەپ-كارخانىلار، ئىدارە-
جەمئىيەتلەر دازىباۋ دېڭىزىغا ئايلىنىپ، ھوقۇقدارلارنىڭ قايىتد-
سىنى يوقىتىش، قايىسىنى يوقاتماسلىق ھەققىدە بەس ـ مۇنازىرە

داۋاملىشىۋاتاتتى. 1973- يىلىنىڭ ئاخىرىدىن 1974- يىلى-
نىڭ باشلىرىغىچە مەركەزدىكى بىر قىسىم رەھبەرلىك تونىنى
يېپىنىۋالغان كىشىلەر بېيجىڭدا ئالتوپىلاڭ كۆتۈرۈپ، تۆۋەن-
دىكى تەرەپباز تەشكىلاتلارنىڭ بۇزۇق كاتتىۋاشلىرىغا سىگنال
دومبىقى چالدى ... ئۇلارنىڭ: «بۇ قېتىمقى لىن بياۋنى، كوڭ-
زىنى پىپەن قىلىش ئىلمىي مەسىلە ئەمەس، بەلكى مەنسەپتىن
قالدۇرۇش مەسىلىسى، سېنى مەنسەپتىن قالدۇرۇش ياكى مېنى
مەنسەپتىن قالدۇرۇش، سەن تەختكە چىقىش ياكى مەن تەختكە
چىقىش مەسىلىسى» دېگەن سۆزى مەملىكەت بويىچە لاۋۇلداپ
كۆيۈۋاتقان ئىنقىلاب ئوتىغا ماي پۈركىگەندەك تەسىر كۆرسەت-
تى. بولۇپمۇ بېيجىڭدا ئېچىلغان ئون مىڭ كىشىلىك يىغىنغا
رىياسەتچىلىك قىلغان بىر قاراچاپارمەن: «لىن بياۋنى، كوڭزى-
نى پىپەن قىلىش ئىككىنچى قېتىملىق مەدەنىيەت زور ئىنقىلا-
بى»، «ئىككىنچى قېتىملىق ھوقۇق تارتىۋېلىش كې-
رەك ...» دەپ داۋراڭ سالدى. مەنسەپ مەستانىسى بولۇپ كەت-
كەن بىر قىسىم سىياسىي قىمارۋازلار بۇ گەپلەرنىڭ تېگى-
تەكتىگە يېتىپ خۇددى مەست قىلىش ئوكۇلى ئۇرغاندەك تېخىمۇ
خۇدىنى بىلمەي جەڭگە ئاتلاندى. جايلاردا ھوقۇق تارتىۋېلىشنىڭ
ئۆرلىشىگە ئەگىشىپ، ئۇلارنىڭ شىنجاڭدىكى گۇرۇھلىرى ئوڭ-
كۇردە جىم يېتىۋالغان زەھەرلىك يىلاندەك قوتراپ چىقىشقا
باشلىدى. ئۇلار لىن بياۋ كوڭزىنى پىپەن قىلىش ۋۇيۇسكىسىنى
ئېسىۋېلىپ، قاتلامىمۇ قاتلام ئاتالمىش كوڭ لاۋ ئېرىنىڭ مۇرتلى-
رى»، «ئىرىلدۇرۇش كۈچلىرىنىڭ ۋەكىللىرى» نى تارتىپ
چىقىرىش كېرەك دەپ قوتراتقۇلۇق قىلسا، بىر تەرەپتىن كونا
كادىرلارنىڭ تەختكە چىقىشنى تېرىلگەنلىك دېگەننى نىقاب قى-
لىپ، رەھبىرىي كادىرلارغا توردىن چوشۇپ قالغان، كاپىتا-
لىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدار، يېڭىدىن پەيدا بولغان كاپىتالىزم
يولىغا ماڭغان ھوقۇقدار، ئىسيان كۆتۈرۈپ ئورنىدىن تۇرغان

ئورنىدىن تۇرغان تەسلىمچى، تېرىلدۇرگۇچىلەر، قارشى چىققۇچىلار ··· دېگەنگە ئوخشاش ھەرخىل، ھەر ياڭزا قالپاقلارنى كىيگۈزدى. شۇنداقلا بۇ ئادەملەرنى: «ھەممىسى بۇ قېتىمقى ھەرىكەتنىڭ مۇھىم نوقتىسى»، «ھەممىسىنى تارتىپ چىقىرىپ سازايى قىلىش كېرەك»، «ئۇلارنى تەختتىن چۈشۈرۈش كېرەك» دەپ ھەرىكەتكە كىرىشىپ كەتتى ··· نەتىجىدە تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىي ۋەھىملىك ئىنقىلاب قارا بورىنى ئىچىدە قالدى، ئىككى يىلنىڭ ئالدىدىكى «كېڭەيتىۋېتىش»، «چەكتىن ئاشۇرۇۋېتىش» خاتالىقىنى تۈزىتىش، «ئۇۋال قىلىنغان ئەنزىلەرنى دەرھال بىر تەرەپ قىلىش، ھەتتا خاتا ھالدا قولغا ئېلىنىپ تۈرمىگە تاشلانغانلارنىمۇ قايتا تەكشۈرۈش» دېگەندەك ئېلىپ بېرىلغان بىر قاتار سىياسەتلەرنىڭ قۇيرۇقىنى قۇم بېسىپ، سۇغا چۈشكەن تاشتەك جىمىپلا كەتكەنىدى.

خۇددى غۇزا ئېچىگە تۈگۈلگەن پىلە قۇرتىدەك بوستان ئوتتۇرا مەكتىپىگە بېكىنگەن نىزاخۇن باشلىق پىڭشەندۇي ئەزالىرى مەكتەپ ۋە ئوقۇتقۇچىلارنى قايتىدىن ئالىقىنىدا ئويناتماقتا ئىدى. ئۇلار مەكتەپنىڭ ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش ئىشلىرى بىلەن ئانچە كارى بولمىسىمۇ، ئىنقىلابنى تۇتۇشنى ئۇنتۇپ قىلىشمايتتى، ھەر كۈنلۈكى ئەتىگەن ـ كەچتە ئېلىپ بېرىلىدىغان سىياسىي ئۆگىنىشتە «كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدارلار» ھەققىدىكى ھۆججەت ـ ماتېرىياللارنى ئوقۇپ ئۆزى بىلگىنىچە تەھلىل قىلاتتى، خىزمەتلەرگە باغلاپ ئوقۇتقۇچىلارغا قورقاق سالاتتى···

ئاي يۈزىنى بىردە غۇۋالاشتۇرۇپ، بىردە تارىلىپ ئېقىۋاتقان نېپىز بۇلۇتلارغا قارىغىنىچە خىيالغا پاتقان ھېكمەت، بوشقىنا خورەك تارتىپ ئۇخلاۋاتقان ئەخمەت ھوشۇرغا لەپپىدە بىر قارىدى ـ دە، ئوڭ يېنىغا ئۆرۈلدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن

ئىككى يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتا مەكتەپتە يۈز بەرگەن بەزى ئۆز-
گىرىشلەر بىر - بىرىدىن ئۆتۈشكە باشلىدى:
ئەسلىگە كەلتۈرۈش شامىلىدا تەلىيى ئوڭدىن كېلىپ ئو-
قوشقا كەتكەن كامىل بۈلتۈر تەتىلدە خوتەنگە كېلىپ ئۇ بىر
ئاي تۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭ كۆڭلىرى هازىر هۇزۇر - پاراغەتتە
ئۆتۈۋېتىپتۇ، ئوقۇش هاياتىدىن بەكمۇ مەمنۇن بولسىمۇ، مەسۇم
قابىل بىلەن بىر سىنىپتا ئوقۇپ قالغانلىقىدىن رازى ئەمەس-
كەن، كامىل ئوقۇشقا كېتىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا ناهىيىلىك مائا-
رىپ ئىدارىسىدىن ئوقتۇرۇش چۈشۈپ، زىكرۇللا غوجى مەكتەپ
مۇدىرى، توختى قۇربان ئىلمىي مۇدىرلىق تاجىسىنى كىيدى.
زەينىدىننى بولسا خوتەن شەهەر گۇڭشې باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ
مەكتەپ مۇدىرلىقىغا بەلگىلىدى. ئۇ، ئوقتۇرۇشنى تاپشۇرۇپ
ئېلىپلا شەهەرگە كىرىپ، هايال بولمايلا قايتىپ كەلدى. چۈن-
كى، ئۇ «بەگئېرىق» ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ مۇدىرلىقىنى تەلەپ
قىلغانىدى. زەينىدىن ئۆي - ۋاقىلىرىنىھارۋىغا بېسىپ ماڭ-
دۇرۇۋەتكەندىن كېيىن، ئېتىزدا ئىشلەۋاتقان هېكمەتنىڭ
قېشىغا كەلدى.
— هېكمەت، مەن كېتىدىغان بولدۇم، — دېدى غەمكىن
قىياپەتتە، — ساڭا نېمە دەپ رەهمەت ئېيتىشىمنى
بىلمەيمەن. ئەينى يىللاردا بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى ئويلىسام
يۈرىكىم مۇجۇلۇپ ئاغرىيدۇ، لېكىن سىلەر ... بولۇپمۇ
سەن ... مېنى ئەپۇ قىلغىن ...
— خىزمەتلىرىڭنىڭ ئەسلىگە كەلگىنىگە مۇبارەك بول -
سۇن، — دېدى هېكمەت يالاڭ ئاياغ پۇتىدا كەتمەن يۈزىدىكى
لايلارنى سۈرتۈۋېتىپ، — ئاڭلىسام «بەگئېرىق» ئوتتۇرا
مەكتىپىگە بېرىشنى ئۆزلىرى تەلەپ قىلىپتىلا.
— شۇنداق، ئۆزۈم چاچقان يۇندىلارنى ئۆزۈم ئادالاشنى
توغرا تاپتىم .

— ئەركىنلىكنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئوبدان چۈشەندىلە، — ھېكمەت ئېتىز قىرلىرىدىن دان تېرىپ يۈرگەن كەپتەرگە قاراپ قويدى، — قالپاقلىق ھايات دوزاق ئازابىدىن يامان، ئىمىنىياز مۇئەللىم ئۆمۈر بويى خەلق دۈشمىنى بولۇپ قالمىسۇن.

— مەنمۇ ئىمىنىياز قاتارلىق مۇئەللىملەر ئۈچۈنلا بەگئېرىق ئوتتۇرا مەكتىپىگە بېرىشنى تەلەپ قىلدىم، — زەينىدىن بىر ئىشنى دېيەلمەي قىينىلىۋاتقاندەك قىلاتتى، — ھېكمەت، ساڭا بىر ئىشنى دېمىسەم ئۆمۈر بويى ئازابلىنىپ ئۆتكۈدەكمەن. ئۆز ۋاقتىدا مەنمۇ ساڭا: «تۈرمىدە ئۈچ يىللىق ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش ھەم بۇزۇق ئۇنسۇر» قالپىقى كىيگۈزۈش جازاسىنى بېرىشكە سەۋەب بولغانىدىم، بىراق قۇربان ھاكىم سېنى يېڭىئېرىق سۇ ئامبىرىغا ئېلىپ كېتىپ بۇ چارىدىن قۇتقۇزۇپ قالدى. ئۇ ماڭا ھېچكىمگە تىنماسلىقنى تاپىلىغاچقا ھازىرغىچە ئىچىمدە ساقلاپ كەلدىم.

— رەھمەت سىلىگە، ئەگەر بۇ چارىنى بىر كىمگە دەپ سالغان بولسىلا، مېنىڭ ھازىرغىچە ھايات قېلىشىمغا بىر نېمە دېمەك تەس ئىدى.

— ئۇ چاغلاردا مەن سېنى قوغداپ قېلىش يۈزىسىدىن ئەمەس، بەلكى قۇربان ھاكىمنىڭ بېسىمىدىن قورقۇپلا دېمىگەن ...

— كۆڭۈللىرىدىكى راست گەپنى قىلغانلىرىدىن بەكمۇ خۇشال بولدۇم. سىلى مەن ئويلىغاندىنمۇ ياخشىكەنلا.

— خوش ھېكمەت، — زەينىدىن مەيدە يانچۇقىدىن «تۆگە» ماركىلىق قەلەمنى ئالدى، — سەن قەلەمنى ھەممىدىن ئارتۇق بىلىسەن، شۇڭا بۇ قەلەم مەندىن ساڭا ئەسلەش بولۇپ قالسۇن ...

ھېكمەت قەلەمنى ئۆزلىرى ئىشلەتسىلە، ھازىر «تۆگە»

ماركىلىق قەلەم بەكمۇ ئەتىۋار دەپ باققان بولسىمۇ، زەيىنىدىن ئۇنى ھېكمەتنىڭ مەيدە يانچۇقىغا قىستۇرۇپ قويىدى.

توۋا، ئادەم نېمىدېگەن ئۆزگىرىشچان نەرسە، غەمسىز، ئەندىشسىز، ئاسايىشلىق كۈنلەردە جاھانغا پاتماي كېتىمىز، بېشىمىزغا بىرەر بالايىئاپەت سايە سالغىنىدا ياڭاق شۆپۈكىگە خولۇپ كېلىپ قالىمىز، تەڭرى قىسمىتى بىزگە بەخت ۋە ئامەتنىڭ كىچىككىنە رۇجەكلىرىنى كۆرسەتسە، ئۇنىڭ كەينىدىن كەشىمىزنىڭ چۇشۇپ قېلىشىغا باقماي ئات سالىمىز، ئاقىۋىتىنى ئويلاشنى خالىمايمىز، ئاخىرىدا بىزنىڭ بېشىمىزنى سىلاپ ئاپىرىپ ۋەيلۇن دوزاققا ئىتتىرىۋېتىدۇ! ··· مانا مۇشۇ ئېتىز قىرلىرى بىلەن كېتىۋاتقان زەيىنىدىننىڭ ئامەت - ھۇزۇرىمۇ، ئەنە شۇنداق چۇش مەزگىلىدىكى دەرەخ سايىسىدەك قىسقا بولمىدىمۇ. ھېكمەت مۇشۇلارنى ئويلاۋېتىپ، بۇ ئاسىي بەندىلەر ئۈچۈن غەم - تەشۋىش بىلەن تولغان دۇنيانىڭ بىۋاپالىقىدىن رەنجىگەندەك چوڭقۇر تىنىپ ئۇھ تارتتى.

زەيىنىدىن كەتكەن چاغلاردا ھېكمەت بىلەن ئەخمەت ھوشۇر مەكتەپتە ئەمگەككە سېلىنىۋاتقان بولسىمۇ، ئۆيلىرىدە يېتىپ قوپاتتى. ئۇلار مال ئېغىللىرىدا كالا - قوي بېقىش، قىشلىق ئامباردا كۆكتات ئادالاش، ئېتىزدا كۆكتاتچىلىق، دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىش، تەرەتخانىلاردىن ئوغۇت چىقىرىش، ھەتتا چوشقىلارغا ئاداپ تەييارلاشتەك ھەرخىل ئىشلارغا سېلىناتتى. بىر كۈن كەچكىچە ئىشلەپ چارچاپ كەتكەن ھېكمەت كەچتە پاتلا ئۇخلاپ قالاتتى، لېكىن تاڭ قاراڭغۇلىقىدا ئويغىنىپ كەتسە سائەتلەپ خىيال سۈرۈپ ياتاتتى. بىر كۈنى تاڭ سۈزۈلگەن چاغ ئىدى. سىرتتا ئاياغ تىۋىشى بىلەن كۇسۇرلاشقان شەپىنى ئاڭلىغان ھېكمەت دېرىزىدىن سىرتقا قارىدى. تام قوشنىسى مەمتىلى ئىبراھىم ئىككى بوتۇلكا بىر نېمىنى ئۆيىدىن ئېلىپ چىقتى - دە، نىزاخۇننىڭ قولىغا تۇتقۇزدى، ئاندىن ئۇلار ئوقۇ-

تۆش بىناسى تەرەپكە ئالدىراپ يۈرۈپ كەتتى. بۇ سىرلىق ئىش-
تىن گۇمانلانغان ھېكمەت ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇلارنىڭ ئارقىسى-
دىن ماڭدى. نىزاخۇن مەمتىلى ئىبراھىمنى باشلاپ مەكتەپ
كۇلۇبىغا كىرىپ كەتتى. كۇلۇب ئىچىدە ئۇن، ماي، گۇرۇچ،
تاڭشىر ئامبىرى ھەم ياغاچچىلىق كارخانىسى بار ئىدى. ھېك-
مەت كۆل بويىدىكى چوڭ سۆگەتنىڭ دالدىسىغا ئۆتۈۋالدى.
ئارىدىن كۆپ ئۆتمەي ئىككى قولتۇقىغا تۆت دانە چوڭ تاختاينى
قىستۇرغان مەمتىلى ئىبراھىم چىقتى. ئارقىدىن نىزاخۇن
ئىشككە قۇلۇپ سالدى. ھېكمەت سۆگەت ئارقىسىدىن تۇيۇقسىز-
لا چىقىشى ئۇلار شۇنچىلىك قورقۇپ كەتتىكى، چىرايلىرى
تاتىرىپ، تىزلىرى دىر - دىر تىترىگىنىچە جايىغا مىقدەك
قېقىلىپ قالدى. نىزاخۇننىڭ قولىدىكى ئىككى بوتۇلكا شۇ
چاغلاردا تاپماق قىيىن بولغان پەنەر يېغى ئىدى.
— خوش، نىزاخۇن جۇرىن، بىرگە زەربە بېرىپ، ئۇچكە
قارشى تۇرۇش يەنە كېلىپ قالسا سۆزلەيدىغانغا جىنايەت هازىر -
لاۋاتامدىلا؟ — رېجىم ئاستىدا ئەمگەك قىلىۋاتقان ھېكمەت شۇ
كۈنلەردە ئۇششۇك ھەرىسىدەك بولۇپ قالغانىدى، — مەكتەپ-
نىڭ پارتا، ئورۇندۇق ياسايدىغان، سۇنغان ئىشىك - دېرىزى-
لەرنى رېمونت قىلىدىغان تاختايلىرىنى پەنەر يېغىغا تېگىشسىلە،
جۇرىن دېگەن ناملىرىنى بۇلغىۋالماملا ياكى پارتىيە ئەزالىرى
دۆلەت، كوللېكتىپنىڭ مال - مۈلكىنى قاقتى - سوقتى قىلىپ
ئوغرىلىسا بولىۋېرىدۇ، دېگەن نىزامىڭلار بارمۇ؟
— بۇ ... بۇ ... ھېكمەت مۇئەللىم... — نىزاخۇننىڭ
تىترىكى بېسىقماي، ئېڭەكلىرى كاسىلداۋاتاتتى، —
ئەمدى ... بىز ... بۇ ... بۇ ... مۇئەللىم ... بىر
ئىشكاپ ...
— ئىشكاپ ياساتسا كوللېكتىپنىڭ مۈلكىدە ياساتامدى-
كەن، سىلىمۇ دادىلىرىدىن قالغان مىراستەك خالىغانچە بىر

تەرەپ قىلاملا. بىلىپ قويسىلا، بۇ قىلمىشلىرى بولاش، تا-
لاش، ئوغرىلىققا كىرىدۇ. سىلى مەكتەپنى غاجاپ تۈگەتمەكچى-
مۇ، ئۆتكەنكى ئىش خەتلىرىدە بارىدۇ؟
— بار ... بار ... ئەمدى ...
تېخى ئون كۈننىڭ ئالدىدا ھېكمەت تاڭ سەھەردە مەكتەپ
بىناسىنىڭ ئەتراپىنى سۈپۈرۈش ئۈچۈن بىنا دوقمۇشىدىن قايرى-
لىشى خورجۇن يۈدۈگەن نىزاخۇن شارتلا ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپ،
بۈگۈنكىدەك ھودۇقۇپ، تەمتىرەپ كەتكەنىدى. بۇنداق قۇيرۇ-
قىدىن تۇتۇۋېلىش پۇرسىتى ئاسان كەلمەيدىغانلىقىنى ھېس قىل-
غان ھېكمەت، خورجۇننىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ئاق ئون ھەم
قاپاقتىكىماينى قەستەن ئېچىپ كۆردى، ئاندىن نىزاخۇننىڭ
مىتىلداپ تۇرغان كۆزلىرىنىڭ ئىچىگە قاراپ:
— «مايىسىز، يۇندىدەك سۇيۇقئاشقا، پوشقاق تۇرۇپ
چۈشسەڭمۇ بىر تال چۆپ تاپالمايسەن ...» دەپ ئوقۇغۇچىلار
بىكار قاقشىمىغانىكەن — دە، جورىسى، — دېدى ... مانا ھازىر-
مۇ نىزاخۇن شۇ چاغدىكىدەك نەم — نەمگە چۈشۈپ تاتىرىپ
تۇراتتى، مەمتىلى ئىبراھىم بولسا يېڭى تىلىنغان تاختايلارنى
قۇچاقلىغىنىچە پۇدىگەن ئۆپكىدەك ئىسىلىپ كەتكەنىدى.
— بىز بىمەزە ئىش قىلىپ قويۇپتۇق... ئەكىرىۋېتىلى،
ئەكىرىۋېتىلى ...
نىزاخۇن مەمتىلى ئىبراھىمنى ئالدىغا سېلىپ ئامبارغا يەنە
كىرىپ كەتتى. مانا شۇ كۈندىن باشلاپ ئۇ ھېكمەتتىن تەپ
تارتىدىغان، بۇرۇنقىدەك زالىملىق قىلالمايدىغان بولدى. ھەتتا
ئۇ، ئۆز سايىسىدىن ئۈركۈپ گۇڭشېغا ھېكمەتنى ئازاد قىلىش
ئۈچۈن بارغانلىقى، لېكىن شى جورىنىڭ ھازىرچە «سەۋر قىل-
غاچ تۇرسۇن» دېگەنلىكىنىمۇ ھېجىيىپ تۇرۇپ سۆزلەپ بەر-
دى. بۇنى ئاڭلىغان ئەخمەت ھوشۇر دەسلەپتە كۈلۈپ كەتكەن
بولسىمۇ، كېيىن قاتتىق غەزەپكە كېلىپ:

— بۇ دەندىرەكلەر ئۈچۈن مەكتەپ قېزىپ يەيدىغان تۈگۈ-
مەس خەزىنە بولدى، شۇ ھالىغا تېخى ئۇقۇتقۇچىلارنى تەربىيە-
لەپ ئۆزگەرتمىش، — دېدى.

ھېكمەت بىلەن ئەخمەت ھوشۇر ئىككى يېرىم يىلدەك بىللە
ئىشلەش جەريانىدا بىر - بىرىگە بەكمۇ ئىچەكىشىپ كەتكەنىدى.
قىش كۈنلىرى كۆكتات ئامبىرى، مال ئېغىلى، كۆتەك يارىدى-
غان ئاشخانا ئارقىلىرىدا مۈڭدىشىپ گېپى تۈگىمەيتتى. ياز
كۈنلىرى بولسا خامان، ئېتىز، قوناقلىق، ئاپتاپپەرەسلىكلەرنى
ساقلاپ، كېچىچە يۇلتۇزلارغا ھەمراھ بولۇپ، ھاياتىدىكى ئەڭ
شېرىن خاتىرىلەرنى ئەسلىشەتتى. بەزىدە ھېكمەت ياۋروپا ئاھا-
ڭىدىكى ناخشىلارنى پەس ئاۋازدا مۇڭ بىلەن ئېيتسا، ئەخمەت
ھوشۇر ئۇنىڭ پەيزىنى سۈرۈپ ھۇزۇرلىناتتى. بۇلتۇر ئۇلار
كۆكتاتچىلىق مەيدانىنىڭ ئەڭ ئاخىــرىدىكى كاۋا ۋە بوغما
قاپاقلارنى ساقلاپ چەللە بارالڭ تېگىدە بىر ياز ياتتى. بىر -
بىرىگە جۈپلەپ قويۇلغان تىك - تاك توپ جوزىلىرى ئۇلارنىڭ
كارىۋىتى بولۇپ، مېغىزى يېتىلگەن ئاپتاپپەرەسلەر، كۆكۋاش-
لىرى تولغان قوناقلىقلار تەبىئىي قورغاندەك قورشاپ تۇراتتى.
كېچىلىرى ئاۋايلاپ تۇرمىسا ئېسىلىپ كەتكەن بوغما قاپاقلار ۋە
قۇچاققا بىر كەلگۈدەك تونۇر كاۋىلىرىغا ئۇسۇۋالاتتى.

ئەتراپىنى سېرىق، قىزىل، قوڭۇر رەڭلەرگە ئوراپ كەچ-
كۈزمۇ يېتىپ كەلدى. ھەر كۈنى كېسەلنىڭ رەڭگىدەك ساپسې-
رىق تاڭلار ئاتاتتى. كۈندۈزلىرى ئىسسىق بولغىنى بىلەن ئەتى-
سى - ئاخشىمى دول قورۇغۇدەك سوغ بولاتتى. بىر كۈنى
سەھەر ئويغىنىپ كەتكەن ھېكمەت يېنىدا ياتقان ئەخمەت ھوشۇر-
نىڭ يوقلۇقىنى كۆرۈپ ئەتراپىغا قارىدى. بۇ بىرىنچى قېتىملىق
ئىش بولماي، بەزى سەھەرلىكلىرى پۈت قوللىرى، يۈز -
بويۇنلىرى ھۆل بولۇپ كەتكەن ئەخمەت ھوشۇرنىڭ تىترىگىنىچە
يونقانغا كىرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى چېلىقتۇرۇپ قالاتتى. چۈنكى،

ھېكمەت ئارىلاپ - ئارىلاپلا مەكتەپنىڭ ئارقىسىدىكى بۇۋىم
مازىرىغا چىقىپ، مۇراتنىڭ قەبرە بېشىدائولتۇرۇپ ئۇنىڭ بى-
لەن مۇڭدىشىۋالاتتى. ئۇ؛ «ئەخمەت ھوشۇر سەھەر تۇرۇپ
باللىرى بىلەن كۆرۈشۈپ كېلىندىغان ئوخشايدۇ» دەپ ئويلى-
غاچقا، بۇ ئىشنى يۈزىگە سالمىدى. ئەمما، بۇ يىل ئىككىسى
ئېتىزدا بىللە يېتىپ - قوپۇپ خامان ئېلىۋاتقان چاغدىمۇ،
ئۇنىڭ سەھەرلىكتە يوقاپ كېتىدىغان ئىشى تەكرارلىنىپ تۇر-
دى. بۈگۈن سەھەر ئەخمەت ھوشۇر يەنە يوتقاندىن سۇغۇرۇلۇپ
چىققانچە ئۆي تەرەپكە ماڭماي ئېتىز قىرلىرىنى ياقىلاپ، چوڭ-
قۇر ئېرىقنىڭ ئىچىگە چۈشۈپ خېلى ھايال بولغاندىن كېيىن،
قوناقلىقنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتتى. ھېكمەتمۇ تىۋىش چىقارماي
ئارقىدىن ئۆمۈلەپ كىردى. لېكىن ئۇ، كۆزلىرىگە ئىشەنمەيلا
قالدى. ئەخمەت ھوشۇر ناماز ئۆتەۋاتاتتى، ئۇ نامىزىنى ئۆتەپ
بولغاندىن كېيىن يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ ئاللادىن تىلەك تىلىدى.
— ئاھ خۇدا، ئۆزۈڭ ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغۇچى، مەن
سېنىڭ ئالدىڭدا قانداق گۇناھ ئۆتكۈزدۈم؟ بىمەھەل ئاتا - ئانام-
نى ئېلىپ كېتىپ مېنى يېتىملىك كوچىلىرىغا تاشلىدىڭ،
سېنىڭ باغرىڭ شۇنچە قاتتىقمۇ؟ غېرىب يۈرۈقى يېپىلغان ئاشۇ
تاۋۇت ئالدىدا جۇلمەرەپ تۇرغان تۆت ياشلىق يالاڭ ئاياغ بالا
مەن ئىدىم، يۈرۈق تېگىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان ئانامنىڭ چېتىل-
غان پۇتلىرى، «ئانام نان بەرسە بولاتتى» دېگەن باللىق ئويلى-
رىم، قاراڭغۇ قازناقتا سۈيدۈككە چىلىشىپ دىر - دىر تىترى-
گەنلىرىم، پىيالىمىنىڭ سېپىدا دادامنىڭ ئىچىگە شۇڭغۇپ كىر-
گەنلىرىم ئېسىمدىدۇر ... شۇنداق، مەن باشقىلارنىڭ قوللىرىغا
تەلمۈرۈپ، بوسۇغىلىرىدا چوڭ بولدۇم ... مانا ئون ئالتە -
ئون يەتتە يىل بولدى، يەنىلا خورلۇق، ئازاب دوزاقلىرىدا
قىيناۋاتىسەن! مەنغۇ مەيلى، بىراق مېنىڭ شورۇمغا باللىرىم-
مۇ كېتىۋاتامدۇ، ئاشۇ نارەسىدىلەردە نېمە گۇناھ، ئۇلار ئۆم-

لىپ، بىر ئۆمۈر خارلىق - زارلىقتا ئۆتەرمۇ؟ ئۇلار-
نىڭ ئارزۇ - ئارمانلىرى، ئىستەك - تىلەكلىرى هايات
تۇرۇپلا نابۇت بولۇپ كېتەرمۇ؟! ئۇلار مېنى «سايرا» دېسە
سايراپتىمەن، سايرىغانلىرىم ئۇلارغا ياقمىدى، بىراق ساڭىمۇ
ياقمىسا بۇ قانداق بولغىنى؟ مېنىڭ دېگەنلىرىم توغرا ئىدىغۇ،
ئاشۇ ئازاب چەككەن بىچارىلەر سېنىڭ بەندەڭغۇ! هېچ ئۇقالمى-
دىم، سەن ئەمەلدارلارنىڭ لېيىنى جەننەتتىن ئېلىپ، بىزنىڭ
زۇۋلىمىزنى دوزاقنىڭ كۆلىدىن يوغۇرغانمىدىڭ؟ ئاه خۇدا،
سەن ئۇلارغا ئىنساپ ئاتا قىل، مېنىڭ تېنىمگە چاپلاشقان ئاشۇ
مىرەزنى ئېلىۋەتسۇن، كۆپكۆك تىرناق نارەسىدە باللىرىمنى
ئويلا، ئۇلار سېنىڭ خەير - ئېهسانلىرىڭدىن بەهرە ئالسۇن،
قوياشتەك مۆجىزاتىڭنىڭ هارارىتىدىن قورقماي تېنىنى ئىللى-
تىسۇن! ! ئۇلار «ئەجەب بىر پۇشتى پاناهنىڭ ۋۇجۇدىدىن
تۆرەلگەن ئىكەنمىز» دەپ يۈرەك قانلىرى كۆزلىرىدىن تامىد-
سۇن، بۇ دۇنياغا كۆز ئاچقانلىرىدىن تۇمەن مىڭ پۇشايمان
زەردابلىرى ئىچمىسۇن! ئەگەر ئۇلار يىڭنە كۆزىدەك يوچۇقتىن
ئەرىك نۇرلىرىنى كۆرەلىسە، مەيلىدى مېنى يەتتە دوزاخ ئوتىدا
كويدۇرسەڭمۇ! ...

هېس - تۇيغۇلار هاياتىنىڭ بىر بۆلىكى بولۇپ قالغان
مىسكىن هېكمەت خامانغا قايتىپ كېلىپ يوتقىنىغا كىرگەندى-
مۇ، «تىلەك» نىڭ هەربىر سۆز - جۈمللىرى، ئازابلىق
نىدالىرى، نەق يۈرىكىدە تەكرارلىنىۋاتاتتى. ئۇنىڭغىچە يېتىپ
كەلگەن ئەخمەت هوشۇر ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن تۆكۈلۈۋاتقان ياشنى
كۆرۈپ، دۇمبىسىگە ئاستا پەپىلىدى. بۇ «سەۋر قىل» دېگەن
مەنانى بىلدۈرەتتى. چۈنكى، هېكمەت كىچە - كۈندۈز قىزى
ئۇچقۇنئاينىڭ ئوت - پىراقىدا پۇچىلانماقتا ئىدى ...

مەهبۇبە ئۈچ يىلدىن بېرى بىرەر قېتىممۇ هېكمەتنى يوق-
لاپ كەلمىدى، ئەگ بولمىسا قىزىنى كۆرستىپ، ئېرىنىڭ

لاپ كەلمىدى، ئەڭ بولمىسا قىزنى كۆرسىتىپ، ئېرىنىڭ سۇنۇق كۆڭلىگە مەلھەم بولمىدى. ئۇچقۇنئاينى سېغىنىپ كەتكەن ھېكمەت بۇلتۇر ئىككى - ئۈچ قېتىم شەھەرگە قېچىپ كىرىپ قىزنى ئىزدەپ باردى. بىراق، مەھبۇبە: «باقىدىغان ئادىمىم يوق، لوپتىكى تۇغقانلىرىڭكىگە ئاپىرىۋەتتىم» دەپ گەپنى ئۈزۈۋەتتى. ھېكمەت: «ئەمسە ئالدىمىزدىكى يەكشەنبە ئەكېلىپ قويۇڭ، مەن قېچىپ بولسىمۇ كېلىمەن» دېدى. لېكىن، يەكشەنبە كۈنى مەھبۇبەنىڭ ئىزىنىمۇ تاپالمىدى ... قولۇم - قوشنىلارنىڭ گەپ ئۆگىتىشى ياكى ماھىنۇرنىڭ ئۆزىنى كۆرسىتىشى بولمىسا، ئايالىنىڭ ھەرگىز بۇنداق قىلمايدىغانلىقىغا ئىشەنگەن ھېكمەت ئۈچىنچى قېتىم لوپقا بېرىپ، جىن - شەيتانلارنى ئازاد قىلىشتا ياردەملەشكەن غاپپار مۇئەللىمنىڭ ئۆيىگە كىردى. لېكىن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى كېلىشىۋالغاندەكلا «مەھبۇبە قىزنى بۇ يەرگە ئەكەلمىدى» دېيىشتى. ھېكمەت ئۇلارنىڭ باشقا تۇغقانلىرىنى بىلمىگەچكە ئامالسىز قايتىپ كەلدى. ئەزىمەتنىڭ دەردى - پىراقىدا نەچچە يىل ئۆرتەنگەن ھېكمەت ئەمدىلىكتە قىزىنىڭ ئوتىدا كۆيۈۋاتاتتى.

— ھېكمەت، قىزىڭ ئۇچقۇنئاينى چۈشەپ قالدىڭمۇ نېمە؟ — دېدى ئەخمەت ھوشۇر ئۇنىڭ سامان چاپلىشىپ چىگىشلىشىپ كەتكەن بۇدۇر چاچلىرىنى سىلاپ، — سەۋر قىل، تويۇقسىز كېلىپ قالامدۇ تېخى ...

ھېكمەت بۇگۈن بەكمۇ خامۇش ئىشلىدى. ۋال سۆرەۋاتقان كالىنىڭ ئارقىسىغا پوچۇق قاپاقنى دەرھال تۇتمىغاچقا ئۇ ئەنجەگە تېزەكلىۋەتتى. كالىنى ياخشى باشقۇرماي ۋال بۇغداي ئەنجەلىرىنى تۇرتۇپ سىرتقا دۆۋىلەپ قويدى. بۇلەنى سورىغاندا ئارنى سىلكىپ ئاتمىغاچقا توپان، چارلار بېشىغا تۆكۈلدى. ھېك-

مەت كەچكىچە ئەنە شۇنداق گاراڭلا بولۇپ قالدى. قالپاق كىيگەن بىر ئوقۇتقۇچىنىڭ رىجىم ئاستىدا تۇرۇقلۇق ئۈچ يىلغىچە ھەر كۈنى تىلەك تىلىشى، ئۇنىڭ يۈرەك - باغرىنى ئىزىۋەتكەنىدى. دىمىسىمۇ سىنىپىي كۈرەش ھەممىنى ۋەيران قىلىپ، كىشىلەرنىڭ قەلبىنى قاقشال چۆللەرگە، دوستلارنى، ئەر - خوتۇنلارنى، قېرىنداشلارنى بىر - بىرىگە يات قىلىپ، قېنىقماس دۈشمەنلەرگە ئايلاندۇرۇۋاتقان بۇ مالىمان دەۋرلەر، قالپاق كىيگەنلەر ئۈچۈن ئەڭ بالدۇر يېتىلگەن دوزاق ئىدى. ئەخمەت ھوشۇر تېنىگە چاپلاشقان بۇ رۇدۇپاي تۈپەيلىدىن ئەۋلادىنىڭ كەلگۈسى ئازاب - دىشۋارلىرىنى ئويلاپ ئىچىدىن تۈگىشىپ كەتكەنىدى. ئۇ ھېچ چىقىش يولى تاپالماي ئاخىرى ئاللاغا ئىلتىجا قىلىش، تىلەك تىلەش بىلەن كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرۇپ كەلگەن، بۇ ئارقىلىق ئۆزىنى ئۆزى بەزلەپ، كۆلپەتلىك يۈرىكىگە تەسكىنلىك ئىزدىگەن ...

ئىككىسى كەچتە بىللە تاماق يەپ بولۇپ بوغداي سامىنى ئۈستىگە ئورۇن سېلىشتى. ئەخمەت ھوشۇر ئۇنىڭغا، مەھبۇبە توغرۇلۇق ئەمدىلا نەسىھەت قىلاي دەپ تۇرۇشى ھېكمەت سۆز باشلاپ قالدى:

— ئەخمەتكا، مەن سىزنىڭ تىلەكلىرىڭىزنى تولۇق ئاڭلىدىم، — ھېكمەت كۆكسىنى تولدۇرۇپ چوڭقۇر تىندى، — «غېرىب يۈپۈقى يېپىلغان تاۋۇت»، «تۆت ياشلىق بالا»، «پۈتى چىتىلغان جەسەت»، «ئانام نان بەرسە بولاتتى» دېگەن سەبى ئۈمىدلەر ... پىيالىمىنىڭ سايىلىرى» دېگەن سۆزلىرىڭىز مېنىڭ قەلبىمنى لەرزىگە سالدى. ئويلىشىمچە، سىز خوتەنلىك ئەمەس، ئەگەر تەبىئىتىڭىزگە مۇخالىپ كەلمىسە بالىلىق كەچمىش - قىسمەتلىرىڭىزنى سۆزلەپ بەرسىڭىز ...

ئەخمەت ھوشۇر بېشىنى جەينەكلىرىگە قويۇپ، سامان دۆۋىسىگە يۆلەندى، ئۇنىڭ ئۆتۈپ كەتكەن ھەم بەكمۇ يىراقلاردا

قالغان بالىلىقى قايتىدىن كەلگەنىدەك كۆزلىرى نۇر چېقىنلارغا تولدى.

— شۇنداق، ئەسلىدە مەن قەشقەرلىكمەن ...

ئەمدى ھۆرمەتلىك كىتابخانلىرىمغا، بۇ بابنىڭ دەسلەپكى چۈشىنىكسىز سەھىپىلىرى سەل ئايدىڭ بولدى بولغاي. ئەسلىدە ئەخمەت ھوشۇرنىڭ كۆڭۈللەرنى ئەزگۈدەك ھايات كەچمىشلىرىنى تۇزلا بايان قىلسامغۇ بوپتىكەن. لېكىن، ئادەملەر تاماق يەپ بولغاندىن كېيىن سىڭدۇرۇش ئۈچۈن ئانچە - مۇنچە ھەرىكەت قىلىدۇ ئەمەسمۇ. شۇڭا، سىلەرنى تار كوچىلاردا بىر ئاز ئايلاندۇردۇم، بۇ ئەدەپسىزلىكىمنى كەچۈرەر دېگەن ئۈمىدتىمەن.

ئۇزۇن ھېكايىسىنى تۈگىتىپ يېتىپ قالغان ئەخمەت ھوشۇر، بىر ئۇخلاپ ئويغاندى. ئۇ، ئورنىدىن ئۆرۈلۈپ ھېكمەتكە قارىدى.

— ھەي، كېچىچىلا مىدىراپ چىقتىڭ، شۇنىڭغا قارىغاندا خىيالىڭدا جاھاننى بىر تاسقاپ چىقتىڭغۇ دەيمەن.

— ۋاقىت نېمىدېگەن تېز ئۆتكەن، — دېدى ھېكمەت سۇزۇلۇپ، كېلىشۋاتقان تاڭغا قاراپ، — سىلىنىڭ سۆزلەپ بەرگەن سەرگۈزەشتىلىرىدىن باشقا، يەنە كۆپ ئىشلارنى ئويلىدىم، ئەكسىيەتچى لۇشيەن ئۆتۈپ كېتىۋىدى، ئازاد بولدۇق، دېدۇق. ئۇرۇش توختىغانىدى. خاتىرجەم كۈنلەر كېلىدىغان بولدى دەپ خۇش بولدۇق. كۈرەش قىلىش، پىپەن قىلىش، ئۆزگەرتىش، بىرگە زەربە بېرىپ، ئۈچكە قارشى تۇرۇش ئاياغلىشىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈش باشلىنىۋىدى، بۇ ئاخىرقى دوقال ئوخشايدۇ، دەپ شادلىقتا چۆمدۇق. ئەمدى كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدارلار ئۈستىدىن ئېلىپ بېرىلغان بۇ تېتىقسىز ئىنقىلاب تۈگىگۈچە، بىز بۇ جاھاندا بارمۇ، يوق ...

— بۇلارنى كۆپ ئويلىما، خۇدا ئۆزى ئوڭلايدۇ.

تاك ئېتىپ قالغانىدى. ئۇلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ بىرى تىلەك تىلەش ئۈچۈن قوناقلىققا، بىرى دوستىغا مۇڭ تۆكۈش ئۈچۈن بۇۋىم مازىرىغا قاراپ ماڭدى.

شۇ كۈنى ئەخمەت هوشۇر بىلەن هېكمەت خاماندا بۇغداي يۇمشىتىۋاتقاندا، تۆمۈر نىياز كېلىپ ئۇلارغا بىر خەۋەر يەتكۈزدى: نەچچە يىلدىن بېرى خەققە ياخشىمۇ بولماي يامانمۇ كۆرۈنمەي جۈرىنلىق ئورنىنى ساقلاپ كېلىۋاتقان شى جۈرىنى قايتۇرۇپ كېتىپ، گۇڭشېغا جاڭ فامىلىلىك بىر جۈرىن كەلگەندى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا ئۇ، مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىي مەزگىلىدە ئىسيانكارلار سېلىنگېبۇسىنىڭ سېلىنگى بولۇپ داڭ چىقارغانمىش. جاڭ جۈرىن كېلىش بىلەن بوستان قايتىدىنلا جانلىنىپ كەتتى. ئۇ بوستاندىكى ئىدارە - جەمئىيەت، كارخانا، مەكتەپ، هەتتا چوشقا فىرمىسى، باغۋەنچىلىك مەيدانلىرىغىچە بېرىپ ئىنقىلابنىڭ هالقىلىق يۇزلىنىشى بولغان كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان هوقۇقدارلارغا قارشى ئىنقىلاب ئوتىنى يۇۋلەپ ئۇلغايتتى. پېپەن قىلىش، چوڭ - كىچىك نەزەرىيە گۇرۇپپىلىرى، پىپەن قىلىش گۇرۇپپىلىرى، دازىباۋچاپلاش، تەشۋىق ۋەرەقىلىرىنى تارقىتىش ئەترەتلىرىنى تەشكىللەپ قۇرۇپ چىقتى. ئۇ دازىباۋ ۋە تەشۋىق ۋەرەقىلىرىنى دېهقانلارنىڭ ئوقۇيالماسلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، مەخسۇس هەجۋى رەسىم تەشۋىقات گۇرۇپپىسى قۇرۇشنى ئوتتۇرا مەكتەپ ئىنقىلابىي كومىتېتىغا ۋەزىپە قىلىپ يۈكلىدى. نىزاخۇن جاڭ جۈرىننىڭ نەزىرىدىن ئۆتۈش ئۈچۈن بۇ ۋەزىپىنىڭ هۆددىسىدىن يۈزدە - يۈز چىقىدىغانلىقىنى ئېيتىپ مەيدىسىگە ئۇردى.

— مۇئەللىم، نىزاخۇن ئۆزلىرىنى چوقۇم ئىزدەپ كېلىدۇ. ماقۇل دەملا؟ — دېدى تۆمۈر نىياز.

— قېنى، كېلىپ باقسۇن، — هېكمەت ئاچچىقىدا ئۇيغا بىر تاياق سالدى.

دېگەندەك، ھېكمەت چۈشلۈك تامقىنى يەپ خاماندا ئارام ئېلىپ ئولتۇرۇشى، نىزاخۇن پالاقلاپ يېتىپ كەلدى. ئۇ، چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ، سىلىق - سىپايىلىق بىلەن ھېكمەت-نى ئىشخانىغا باشلاپ كىردى. زىكرۇللاغوجى، توختى قۇربان، مەمتىلى ئىبراھىم، جۇمىراخۇنلار ساقلاپ تۇراتتى. ئۇلار كۆڭ-لىدىكىنى دېيەلمەي بىر - بىرىگە قارىشىپ خېلى جىم ئولتۇر-غاندىن كېيىن، نىزاخۇن جاڭ جۇرىنىڭ «بۇيرۇقى» غا يۆلەپ تۇرۇپ مەقسىتىنى ئۇقتۇردى. ئەمما، ھېكمەت بىر ئېغىز زۇ-ۋان سۈرمەي ئىشىك تەرەپكە ماڭدى. ئۇ بوسۇغىدىن ئاتلاپ چىقىشى نىزاخۇن ئارقىدىن يۈگۈرۈپ كېلىپ تۇتۇۋالدى.

— ئا ... نەگە بارتىمىز ... مەن شامالغا گەپ قىلمىدىميا.

— ھەر قايسىڭلار بىلمىگەن بولساڭلار بىلىپ قويۇڭلار، — دېدى ھېكمەت بىگىز قولىنى شىلتىپ، — مەن ئوقۇتقۇچى ياكى رەسسام ئەمەس، زېرىكسەڭلار كۈرەش قىلىپ، رېجىم ئاستىدا ئىشلىتىپ ئىچ پۇشۇقىڭلارنى چىقىرىدىغان ئەك-سىلئىنقىلابچى مەدىكار ...

ھېكمەت ئارقىسىغا قاراپمۇ قويماي چىقىپ كەتتى. ئۇ خامانغا قايتىپ كېلىپ بولغان ئەھۋالنى سۆزلەپ بەرگەنىدى، ئەخمەت ھوشۇر «خوپ ئەدىپىنى بېرىپسەن، چىڭ تۇر، بۇ قېتىم ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى قولغا كەلتۈر» دەپ مەدەت بەردى. چۈشتىن كېيىن ئۇنى يەنە چاقىرتتى. بۇ قېتىم نىزاخۇن خېلىلا قېتىمۇالغاندەك قىلاتتى.

— سېنىڭ بىلەن جاڭ جۇرىن ئۆزى كۆرۈشمەكچى، — دېدى نىزاخۇن دىۋانغا ئۆزىنى تاشلاپ، — شۇڭا ھازىر گۇڭشې-غا بار.

— نېمە، ھاجەتمەن تەختىپەرىگە چىقىۋېلىپ، ھۆنەرۋەن پەگادا قالغان ئىش نەدە بار ئىكەن؟ — ھېكمەت بىۋرە جىۋۋ-

سىنى تەتۈر كىيگەندى، — ئەگەر بىرەر ھاجىتى بولسا ئۆزى كەلسۇن.

«بېشىمغا نېمە بالا كەلسە كۆردۈم» دەپ جەھلى قاتقان ھېكمەت يەنە چىقىپ كەتتى. ئۇ خامانغا بېرىپ ئەخمەت ھوشۇر بىلەن پاراڭلىشىپ تۇرۇشى، زىكرۇللا غوجى بىلەن توختى قۇربان يېتىپ كەلدى. ئۇلار: «بېرىشىنىڭ زىيىنىدىن پايدىسىنىڭ كۆپ بولىدىغانلىقى، ئەڭ بولمىسا ھەقىقىي ئەھۋالنى ئېيتىپ ئۇنى يۇمشىتىشنىڭ مۇھىملىقى» ھەققىدە بىر مۇنچە سۆزلەپ نەسىھەت قىلىشتى. ئەخمەت ھوشۇرمۇ ئۇلارنىڭ سۆزىنىڭ ئاساسى بارلىقىنى ئېيتتى، لېكىن ھېكمەتنىڭ جاھىللىقى تۇتقاندى.

— مېنى تولا قىستىماڭلار، — ھېكمەت بىردىنلا چېچىلىپ كەتتى، — مەن ھازىر ھەممىدىن ئۈمىدىمنى ئۈزدۈم، بىرەر كىمدىن شاپائەتمۇ تىلىمەيمەن. بۇ ئىنقىلاب ماڭا نېمە بەردى؟ خوتۇن ـ بالىلىرىمدىن ئايرىلدىم، ئىقبال ـ تىلەكلىرىم بەربات بولدى، قول يازمىلىرىم كۆيدۈرۈلدى. قېقىلىپ ـ سوقۇلۇپ قانات ـ قۇيرۇقىدىن ئايرىلغان قۇش بولدۇم، مېنى يەنە نېمە قىل دەيسىلەر؟ — ھېكمەت قوللىرىنى شىلتىپ ۋارقىراپلا كەتتى، — سىلەر مېنى ماشكا[1]كۆرۈۋاتامسىلەر، خالىساڭلار سىلاپ، زېرىكسەڭلار دۇمبالاپ خارلىغىلى! شۇ ئازغىنا ھاياتىمدا ئوقۇتقۇچىلىققا ئەقىدە باغلاپ نېمىگە ئېرىشتىم؟ قورسىقىم تويغۇدەك نانغىمۇ ئېرىشەلمىدىم! ...

ھېكمەت ئەتىسى ئەتىگەندە ئىشخانىغا يەنە چاقىرتىلدى. ئۇ كىرگەندە مەكتەپ ئىنقىلابىي كومىتېت رەھبەرلىرىدىن باشقا، جاڭ جۇرىن بىلەن گۇڭشې كاتىپى ئابلىز بەكرىلەرمۇ بار ئىدى. ھېكمەت جاڭ جۇرىنغا بىرلا قاراپ ئۇنى تونۇپ

① ماشكا ـ ئوۋ ئىتى .

قالدى. ئۇ تۇنجى قېتىم قەشقەرلىك خوڭخۇيبېگلار بىلەن قوش-
كۆلگە كىرىپ ئوقۇتقۇچىلارنى ئويغاتقان جاڭ تيەن ئىدى. ئۇ
چاغلاردا جاڭ تيەن ھەربىي فورما ئۇستىدىن كەمەر باغلىغان،
بىلىكىدە قىزىل پەتتە، مەيدىسىدە قىپقىزىل ماۋ زېدۇڭنىڭ
ئىزنىكى چاقناپ تۇرغان، ئورۇق، ئېگىز بالا ئىدى. ھازىر
بولسا تېنىگە ئەت قونۇپ، ئوتتۇرا بوي، توغرىلىق، تەمبەل
كۆرۈنەتتى. ئۇمۇ ھېكمەتنى بىر يەردە كۆرگەندەك
ھېسسىياتتا ئۇزۇن قاراپ كەتتى، بىراق يادىغا ئالالماي
تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدى.

نىزاخۇن جۇرىن جاڭ تيەننىڭ ئالدىدا چېنىپ قالماي دېدى-
مۇ، ئىش قىلىپ كانىيىنى رۇسلاپ، قىچقىرالماي قالغان چۆجە
خورازلاردەك بوينىنى سوزۇپ گەپ باشلىدى. ئۇ يېڭى جۇرىن-
نىڭ قابىلىيىتى، ئىنقىلابتا پىشىپ يېتىلگەنلىكى، ئۇمۇملۇقنى
نەزەردە تۇتۇپ، ئەمەلىيەتنى چىقىش نۇقتىسى قىلىدىغانلىقى،
ئۇ كەلگەندىن كېيىن بوستاننىڭ ئىنقىلاب ۋەزىيىتىدە بىردىنلا
سەكرەش بولۇپ، ئاجايىپ نەتىجىلەرنى قولغا كەلگەنلىكى قاتار-
لىق بىرمۇنچە لىڭگىر - تاقتاق گەپلەرنى قىلدى. ئۇنىڭ سۆز-
لىرىنى ئابلىز بەكرى ئۇتتۇرلۇق تەرجىمە قىلغانسېرى، جاڭ
تيەننىڭ قاپاقلىرى تۇرۇلۇپ ئولتۇرالماي قېلىۋاتاتتى. نىزاخۇن
ئاخىرى ھەجۋى رەسىم سىزىش جاڭ جۇرىننىڭ «بۇيرۇقى»
ئىكەنلىكى، بۇ بۇيرۇققا بويۇن تولغاش پارتىيىنىڭ گېپىنى
ئاڭلىمىغانغا كىرىدىغانلىقتىن ئىبارەت تەھدىت ئارىلاشقان قال-
پاقنى چىنەپ سۆزىنى تۈگەتتى.

— يولداشلارغا شۇ نەرسە ئېنىق بولسۇن، — دېدى جاڭ
تيەن كەمتەرلىك بىلەن، — مەن كەلگىلى ئەمدىلا ئىككى ھەپتە
بولدى، بۇنچىۋالا ئۇتۇق - نەتىجىلەرنى مەن سەزمەپتىمەن،
شۇنداقلا مەندەك بىر شەخسنى پارتىيىنىڭ ئورنىغا قويۇش خاتا،
بۇنى شۇنداقراق چۈشەنسەك. بىراق، رەسىم سىزىش ئىشى

«بۆيرۇق» ئەمەس، ئۆتۈنۈش. يولداش ھېكمەت توغرا ئېيتىدۇ. ئەلۋەتتە قائىدە بويىچە ھاجەتمەن ھۆنەرۋەننى ئىزدەپ ئالدىغا بارغىنىدەك، مانا مەن ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆزۈم كەلدىمغۇ.

— پاھ، پاھ، بۇ نېمىدېگەن كەمتەرلىك، دېھقانلىرىمىز جاڭ جۇرىنىڭ مۇشۇ تەرىپىنى ماختىشىۋاتىدۇ، ئەمەسمۇ! — نىزاخۇن شارتلا ھېكمەتكە قارىدى، — قانداق، ئەمدىغۇ رەسىم سىزىدىغانسەن؟

ھېكمەت نىزاخۇننىڭ ياسالما ھەجىيىشتىن قورۇلۇپ كەتكەن سەت تەلەتىگە قارىدى. ئۇنىڭ جاۋغايلىرىدىن كۆپۈكلىرىنى چاچرىتىپ، كۆزلىرىنى ئالايتىپ، چىشلىرىنى غۇجۇرلىتىپ تۇرۇپ سوراق قىلغان ۋاقتىدىكى ئەلپازىدىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى. ئۇنىڭ كۇرەش سورۇنلىرىدىكى، قىيناق مەيدانلىرىدىكى، رەسىم سىزغاندىكى يېگەن - ئىچكەن، ماڭغان - تۇرغانىنىڭ ھەممىسى خىيانەت، دېگەن ۋاقىتلىرىدىكى سۇپسۇر ياۋۇز تىلەتى ھېكمەتنىڭ كۆز ئالدىدىن زادىلا نېرى كەتمەيتتى.

— نىزاخۇن، مەن رەسىم سىزغان قوللىرىمنى، — دېدى ھېكمەت ئىككىلا قولىنى ئالدىغا چىقىرىپ، — ئاشۇ بوسۇغىغا قويۇپ چانايمەن. ھەرقايسىڭ ئۆز ۋاقتىدا قايرىپ باغلاپ ئاسماققا ئېسىشقانلىرىڭدا «بۇ، ماۋجۇشىنىڭ رەسىمىنى سىزغان قوللار ئىدى» دەپ بېقىشقانما؟! ئەڭ بولمىسا ماۋ زېدۇڭنىڭ يۈز - خاتىرىسىنىمۇ قىلمىغان تۇرۇشساڭ، يەنە نېمە ئۈچۈن رەسىم سىزىشتىن گەپ ئاچىسەن؟

— ھاي، ھاي، ھېكمەت، ئۇ ۋاقىتتىكى ئىشلار لىن بياۋنىڭ ئەكسىيەتچى لۇشيەنىدىن بولغان، — دېدى نىزاخۇن «شۇنداقمۇ» دېگەندەك مەمتىلى ئىبراھىمغا قاراپ قويۇپ، — بىز ئۇ ھېسابنى لىن بياۋ ئەكسىيەتچى گورۇھىدىن ئالىمىز.

— نېمە لىن بياۋدىن ئالىمىز؟! — ھېكمەتنىڭ جەھلى

قاتتى، — پۈتۈن جىنايەتنى يېزىۋېرىپ ئۈنىڭ دەپتىرىمۇ تو-
شۇپ كەتتى، قېنى دەبباقسىلا، لىن بياۋ بىزنىڭ بوستان ئوتتۇ-
را مەكتىپىگە كەلگەنمۇ؟ سىلىنىڭ قۇلاقلىرىغا پىچىرلاپ:
«ھېكمەتنى ئالتە كۈن ئۇخلاتمىغىن» دېگەنمۇ؟ «چوڭقۇر زىن-
دان كولاپ، يەر ئاستىدا ئاجىزلاشتۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەت» دەپ
بۇيرۇق قىلغانمۇ؟ ماۋۇ مەمتىلى ئىبراھىم دېگەن رېزىنكا قور-
ساق، مىس كانايغا: «ھېكمەتنى كېچىدە ئېلىپ چىقىپ، ئۆزى
ئوقۇتقان ئوقۇغۇچىلار ئالدىدا يالىڭاچلاپ كۈرەش قىلغىن» دەپ
بەرگەنمۇ؟

ھېكمەت سۆزلىگەنسېرى قېنى قىزىپ ئىسيان ئوتىدا كۆي-
مەكتە ئىدى. ئابلىز بەكرىنىڭ ئېچىنىش ۋە غەزەپ ئارىلىشىپ
كەتكەن تەرجىمىلىرى جاڭ تيەننى ھاياجانلاندۇرۇپ قويغاچقا
قۇلىقى تەرجىمىدە بولسا كۆزى ھېكمەتتە ئىدى. ئۇ بۈرگىدەك
سەكرەپ ئورنىدا ئولتۇرالمايۋاتقان نىزاخۇننى كۆز قامچىسىدا
ئۆرۈپ ئورنىدىن تۇرغۇزمىدى.

— نېمە ئۈچۈن ئۆزىمىز ئىجاد قىلغان «تۆھپە»، «كەش-
پىيات» لارغا ئۆزىمىز ئىگە بولمايمىز؟ ئەگەر لىن بياۋ
چىقمىغان بولسا ھەر قايسىڭ ئاناڭ بىلەن داداڭغا
ئارتىلامتىڭ؟ — ھېكمەت كۆزىگە ھېچنېمە كۆرۈنمىگەن ھالدا
ۋارقىراۋاتاتتى، — سىلەر ھالالباغ ئىسيانچىلىرىنىڭ قىلىپ
بەرگەن ئىسپاتىغا ئىشىنىپ ماڭا بىريۈز ئەللىك توخۇ، بەشيۈز
تۇخۇم، بىريۈز توقسان جىڭ ئاشلىق خىيانىتى بېكىتتىڭلار.
«بىر ئادەمنىڭ ئايلىق نورمىسى ئوتتۇز جىڭ تۇرسا، يىگىرمە
سەككىز كۈن ئىچىدە شۇنچىلىك نەرسىنى قانداق يەپ بولغاندۇ»
دەپ ئويلاپ باقتىڭلارمۇ؟ ... ياق! ئۇنىڭ ئەكسىچە خۇددى
گۆھەر تېپىۋالغاندەك خۇش بولۇپ كەتتىڭلار، بۇ ئۇچۇقتىن-
ئوچۇق قەستلىگەنلىك بولماي نېمە؟! مەن مەكتەپنىڭ، مائارىپ
ئىدارىسىنىڭ، خوتەن شۆبە ھەربىي رايونىنىڭ يولىيورۇقى، ما-

قۇللۇقى بىلەن ئىلىدا بەش ئاي رەسىم سىزدىم. لېكىن، سىلەر ماڭغان-تۇرغاننىڭ ھەممىسىنى پۇلغا ھېسابلاپ بىر ئۆمۈر ئىشلەپ تۆلەپ بولالمىغۇدەك خىيانەت ئارتىپ قويدۇڭلار. 70 - يىل 4 - ئايدىن باشلاپ مانا ھازىرغىچە تۆت يېرىم يىل بولاي دەپتۇ، مائاشىمنى بەرمىدىڭلار، ئۆزى ھەم بالىلىرى نېمە يەپ، نېمە كىيەر دەپ خىيالىڭلارغا كېلىپ باقتىمۇ؟ بۇ نېمىدېگەن قارا كۆڭۈللۈك! ئەلەم كۆرىشىگە قاتناشماي، دا، زا، چاڭغا ئارىلاشماي رەسىم سىزىپ بولغان ھالىم شۇ ··· شۇنداق تۇرۇقلۇق مېنى يەنە نېمەئۈچۈن رەسىم سىز دەيسىلەر؟ — ھېكمەت تۇيۇقسىز ئورنىدىن تۇرۇپ دەھشەت ۋارقىرىدى، — مېنىڭ ئەمدى تۆلەيدىغان پۇلۇم يوق، مېنى ياشىغىنى قويۇڭلار! ···

ھېكمەت شاپپىدە ئۆرۈلۈپ سىرتقا ماڭغانىدى، توختى قۇربان ئۇنى تۇتۇۋالدى، جاڭ تيەنمۇ «خاپا بولماڭ» دېگەندەك قولىنى پۇلاڭلاتتى ۋە ھېكمەتنىڭ ياماق ئۇستىگە ياماق سېلىنغان كۆڭلەك ياقىلىرىغا، تىزلىق سالغان ئىشتانلىرىغا قارىدى. بۇ چاغدا چىرايىدا قان قالمىغان نىزاخۇن ئورنىدىن تۇرۇپ، جاڭ تيەننىڭ «ھاي» دەپ توسقىنىغا باقماي چالۋاقاپ كەتتى:

— يولداشلار، ھېكمەتنىڭ دېگەنلىرى ئۆز ۋاقتىدا تەكشۈرۈپ-تەتقىق قىلىپ ھۆججەتلەشتۈرگەن پاكىتلار ئىدى. ئەمدىلىكتە ئەنزە ئاغدۇرسا بولامدۇ! ؟ — نىزاخۇن پات - پاتلا تۈكۈرۈكىنى يۇتۇپ، قۇرۇپ كەتكەن كالپۇكىنى نەمدەپ قوياتتى، — بولۇپمۇ ئۇنىڭ «لىن بياۋ قولىدىكىغا پىچىرلىغانمۇ، بۇيرۇق بەرگەنمۇ؟» دېگەن سۆزلىرى بىز كەمبەغەل دېھقانلارغا قىلىنغان سىياسىي ھاقارەت ··· بىز قانداقمۇ لىن بياۋدەك بىر ئەكسىيەتچى بىلەن ئىگىز - بويۇن يالىشىمىز؟ ···

ھېكمەتنىڭ غەزەپ ئوچىقى يېرىلىپ، پۈتۈن قان يۈزىگە تەپتى، نىزاخۇننىڭ «ئەنزە ئاغدۇرۇش»، «بىز كەمبەغەل دېھ-

قانلار» دېگەن سۆزلىرى ئۇنىڭ يۈرىكىنى مۇزلىتىپ تاشقا ئايلاندۇرۇۋەتكەندى. شۇ تۇرقىدا ھېكمەتنىڭ ئىنساپ تارازىسىدىن رەھىم ـ شەپقەتنىڭ بىرەر سۇنىقىنىمۇ تاپقىلى بولمايتتى.

— ھەي، سېنى «كەمبەغەل دېھقان» دېيىشنىڭ ئۆزى، كەمبەغەل دېھقانلارغا ھاقارەت! — ھېكمەت غەزىپىدە سەنلەشكە چۈشكەنلىكىنى ئۆزىمۇ سەزمىدى، — سەن مەكتەپكە كەلگەن 2 ـ يىلى ئېمىش قىلدىڭا؟

بۇ گەپ چىقىش بىلەن زىكرۇللا غوجى، توختى قۇربان، مەمتىلى ئىبراھىم، جۇمىراخۇنلار ئاغزىنى تۇتۇپ كۈلۈۋەتتى. نىزاخۇن «تۆھپە يارىتىمەن» دەپ كۈزگە بۇغداي ئورۇقىنى ئەتىيازدا چېچىپ، ئۈنۈپ چىققان مايسىلار بىر ياز، بىر كۈز ئىتنىڭ تۈكىدەك پاخپىيىپ بەش مو يەر، ئورۇق، ئوغۇت، ئەمگەك كۈچى بىكار بولۇپ كەتكەندى.

— دېھقانچىلىقنىڭ شۇنچىلىك ئاددىي ساۋاتىنى، قانۇنىيىتىنى بىلمىگەن ئادەم دېھقان بولامدا؟! — ھېكمەت ئالقانلىرىغا ئۇردى، — زىيالىيلارنى تەربىيىلەيدىغان، ئۇلارغا رەھبەرلىك قىلىدىغان دېھقانلار سىنىپى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۇن ـ مايلىرىنى ئوغرىلاپ ئۆيگە توشامدا؟ مەكتەپنىڭ تاختايلىرىنى پەدەر يېغىغا تېگىشەمدا؟! راستمۇ مەمتىلى ئىبراھىم؟!

مەمتىلى ئىبراھىم دوساقتەك ئېسىلىپ غەلىتىلا پۇشۇلداپ كەتتى، نىزاخۇن بولسا رەڭگى تاتىرىپ يىقىلىپ چۈشكىدەك ئەلەڭلەپ قالدى. ئۇ: «ھېكمەتنىڭ تەقدىرى مېنىڭ قولۇمدا ئىكەن، بۇ ئىشلارنى كۆتۈرۈپ چىقالمايدۇ» دەپ چۈچۈرىنى خام سانىغانىدى. بىراق، «دەرد ـ ئەلەم تاشقا كەلسە ئۇمۇ چاك ـ چاك يېرىلىدۇ» دېگەندەك، ئازاب ـ ئوقۇبەت قايىنىمىدا چېنىقىپ تويغان ھېكمەتنىڭ كۆزىگە ھېچنېمە كۆرۈنمىدى. دانىشمەنلەر: «دىل ـ دېڭىز، تىل ـ قىرغاق، دېڭىز

دولقۇن كۆتۈرسە، ئۆز قويندا بارىنى قىرغاققا سۇرۇپ چىقىرى-دۇ» دەپ بىكار ئېيتمىغان - دە …

— نىزاخۇن جۇرىن، — دېدى جاڭ تيەن ئابلىز بەكرىگە قاراپ قويۇپ، — ئىلى جۇنچۇي، ئىلى قۇرۇلۇش شىركىتى، ئىلى هاراق زاۋۇتلىرى هېكمەتنىڭ «يېگەن - ئىچكىنى هەم ئالغىنى» دەپ سىلەردىن پۇل ئۇندۇرۇرپ ئالغانمۇ؟

— ئۇنداق ئىش مەۋجۇت ئەمەس، — دېدى زىكرۇللا غوجى.

— ئەمىسە نېمە ئۇچۇن خىيانەت بېكىتتىڭلار؟

— ئەمدى… بۇ…بۇ… — نىزاخۇن بىرنېمە دېيەلمىدى.

— مەن هالالباغ كەنتىنى ئوبدان بىلىمەن، ئۇ يەر ئىس-يانچىلارنىڭ بازىسى بولغان، — جاڭ تيەن بىردەم تۇرۇۋالدى، — قورالىلقلار يېگىننى ، ئۆيگە توشۇغىنىنىڭ هەممىسىنى هېكمەتكە ئارتىپ قويغانمۇ قانداق؟ بولمىسا شۇنچە نۇرغۇن نەرسىنى بىر ئادەم يىگىرمە سەككىز كۈن ئىچىدە يەپ بولالىشىغا ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمەيدۇ. شۇڭا، ئەتىلا زىكرۇللا غوجى، توختى قۇربان، جۇمىراخۇنلار بېرىپ قايتا ئېنىقلاپ كېلىڭلار، ئۇ يەردىكى مىنبىڭلارمۇ يېگەن - ئىچكەن، ئالغاننىڭ هەممىسىنى بىر - بىرلەپ قايتۇردى.

— ئۆز ۋاقتىدىلا نۇرغۇن ئىشلار بىزنىڭ كاللىمىزدىن ئۆتمىگەن، — دېدى توختى قۇربان تۇنجۇقۇپ كەتكەن مەمتىلى ئىبراهىمغا قاراپ قويۇپ، — لېكىن بىزمۇ تارتىپ چىقىرىل-غاچقا ئامالىمىز يوق ئىدى.

— يولداشلار، — دېدى جاڭ تيەن هەممىگە تەكشى قا - راپ، — تۇنۇگۇن هېكمەت مېنى «ئۆزى كەلسۇن» دېگەننى ئاڭلاپ، كاتىپ ئىككىمىز كېچىچە ئۇنىڭ ئەنزىسىنى كۆرۈپ چىقتۇق …

نىزاخۇننىڭ كۆپتۈرۈپ، دادلاپ بارغان سۆزلىرىنى ئاڭلى-

غان جاڭ تيەن، بىر ئەكسپېدىتسىيەچىنىڭ خورىكىنىڭ بۇنچىلىك چوڭ ئىكەنلىكىگە ھەيران قالدى. ئۇ، شۇ كېچىسىلا كاتىپ بىلەن ئىككىسى ھېكمەتنىڭ ئەنزىسىنى كۆرۈپ چىقتى. ئۇنىڭ ئېتىبار بېرىپ تەھلىل قىلغىنى سوۋېتتىكى زەيتۇنە بىلەن خەت ئالاقە ۋە كىتاب ئەكەلدۇرۇش مەسىلىسى بولدى. ئۇ ھېكمەتنىڭ نەچچە قېتىم ئۆزى يېزىپ تاپشۇرغان ماتېرىياللارنى، نىزاخۇنلار چىقارغان خۇلاسە ماتېرىياللارغا سېلىشتۇرۇپ ئىچىدە يېگىنچە ئۇقۇم توغۇلدى. جاڭ تيەن ئۆزىمۇ زىيالىي بولغاچقا بۇنداق كۆڭۈلگە تالىق ئىشلارغا توغرا باھا بېرەلەيتتى. بولۇپمۇ ئۇنى تەسىرلەندۈرگىنى، سەككىز يىل ئاتا ـ ئانىسىنى كۆرمىگەن ھېكمەتنىڭ ئىلىغا بېرىپ ئاجايىپ ياخشى تەسىراتلارنى قالدۇر-غىنى بولدى. ئىلىدىن ئەۋەتكەن خەتلەرنىڭ ھەممىسىدىلا: «لىي فېڭدەك روھ»، «جاڭ سىدېدەك ئۆزىنى ئۇنتۇپ خەلق ئۈچۈن ئىشلەش» دېگەندەك مەدھىيىلەر ئۇنىڭ دىل ئەينىكىنى يورۇتتە-ۋەتتى، يەنە بىر تەرەپتىن ئابلىز كاتىپنىڭ ھېكمەت توغرۇلۇق چۈشەنچىلىرىنى ئاڭلاپ، ھېكمەتنىڭ نېمە ئۈچۈن «ئالدىمغا كەلسۇن» دېگەن سۆزىنىڭ تېگىگە يەتكەندى.

جاڭ تيەننىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغان زىكرۇللا غوجى، توخ-تى قۇربان، جۇمىراخۇنلارنىڭ چىرايىغا قان يۈگۈرۈپ، خۇشال-لىقلىرى ئىچىلغان چىرايلىرىدىن بىلىندى. لېكىن، نىزاخۇن ھەم مەمتىلى ئىبراھىم يەردىن ئۇستۇن قارىماي ئىسىلىپ ئول-تۇراتتى. بۇ چاغدا تىزلىرىغا قوللىرىنى قويۇپ دىۋاندا ئېگە-شىپ ئولتۇرغان ھېكمەتنىڭ ئاياغ ئاستىغا تامچىلاپ سۇ چۈشۈ-ۋاتاتتى، ئۇنىڭ بۇ مىسكىن ھالىنى كۆرگەن جاڭ تيەننىڭ كۆڭلى بىر قىسما بولۇپ قالدى.

ـــ يولداشلار، ـــ جاڭ تيەننىڭ ئاچچىقى كەلگەنلىكى تۇرۇلگەن قوشۇمىلىرىدىن بىلىندى، ـــ ئالدىمىزدىكى ئىككى كۈن ئىچىدە ھېكمەتنى تولۇق ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، بۇ چاغقىچە

تۇتۇۋېلىنغان پۇللىرىنىڭ ھەممىسىنى تولۇق قايتۇرۇپ بېرىڭلار، ئۇ بۈگۈندىن ئېتىبارەن ئوقۇتقۇچىلار سېپىگە قايتتى!

ئىشخانا ئىچىدە بىرنەچچە ئادەمنىڭ قاراسلىغان چاۋاكلىرى ئاڭلاندى.

— رەھمەت سىلەرگە! ... رەھمەت! ... — ھېكمەتنىڭ كۆزلىرى لىقمۇ لىق ياش بىلەن تولغانىدى.

— ھېكمەت، مەن سىزنى بىر يەردە كۆرگەندەك قىلىمەنغۇ، — دېدى جاڭ تيەن كۈلۈپ، — لېكىن ھېچ يادىمغا ئالالمىدىم.

— ئەلۋەتتە تونۇغاندەك قىلىسىز - دە، — ھېكمەت خەنزۇ تىلى بىلەن جاۋاب قايتۇردى، — چۈنكى مەن قوشكۆلنىڭ كونا جىنلىرىدىن تۇرسام!

جاڭ تيەن تىزىغا ئۇرۇپ كۈلۈپ كەتتى.

— توغرا، توغرا، يادىمغا كەلدى ... مىنبىڭلار ئەندىر دەرياسى بويىدىن تۇتۇپ كەلگەن سىز ئەمەسمىدىڭىز ...

ئازاب - ئوقۇبەت، دەھشەتلىك كۈلپەتلەرگە خاتىمە بېرىلدى. ھېكمەت ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، ئىككى مىڭ سومدىن ئارتۇق پۇل قولىغا قايتتى. ئۇ ئۆيىدە نېمە قىلارىنى بىلمەي، تۆت بۇلۇڭغا سىنچىلاپ قارايتتى. ئىشىكنى ئېچىۋېتىپ، مەكتەپ بېغىدىكى قۇشلارنىڭ سايراشلىرىنى تىڭشايتتى. نېمە ئۈچۈندۇر بىر خۇشاللىق، بىر خاپىلىق كۈنلەردە ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا گۈلزىبا پەيدا بولاتتى. ئۇ، ھېكمەت بىلەن تەڭ شادلىنىپ، تەڭ ھەسرەت چېكەتتى، ئېرىنىڭ ئەزىز بېشىنى سىلاپ، ئىللىق ھىدلىرى بىلەن يۈرىكىنى سەگىدەيتتى، قۇچاقلىرىغا باش قويۇپ ئەركىلەيتتى، ھېكمەتمۇ ئۇنىڭ بىلەن غايىبانە مۇڭدىشاتتى ...

ھېكمەت بىردىنلا گۈلزىبا ئەزىمەتنى يېتىلەپ كېلىپ قال-

غاندەك شادلىققا چۆمدى. ئۇ چوڭ ساندۇقنى ئېچىپ، يۆگەپ
باغلاۋېتىلگەن بولاقنى ئاچتى ـ دە، «ۋاپا» رەسىمىنى سۇغۇرۇ-
ۋالدى ۋە ئىشىكنىڭ ئۇدۇلىدىكى تامغا مىق قىقىپ ئېسىپ
قويدى. ئۇنىڭ يادىدىن يەنە نېمىدۇر كەچتى بولغاي، ساندۇق-
تىن پاختىلىق پالشۇپكىسىنى ئېلىپ، ياقىسىنى بارماقلىرىدا
سىلىدى، ئاندىن كاللەك تۇرغان يەرنى سۆكۈپ. چوڭ تىرناق-
تەك قىپقىزىل تۇمارنى ئاۋايلاپ ئالدى. بۇ، ئاقمۇللا
ئىمام پۈتۈپ بەرگەن گۇلزىبانىڭ چېچىدىكى تۇمار بولۇپ،
گۇلزىبا ئۇنى جان ساكراتىدا ئېرىنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ:
«بۇنى ساقلاڭ» دېگەنىدى. ھېكمەت ئۈچ بۇرجەك تۇمارنىڭ
بىر ئۇچىغا يىپىنى تىكىپ بوينىغا ئاستى ـ دە، لەۋلىرىگە
ئېلىپ كەلدى ...

# بورانلىق كېچىدە

ھېكمەتكە گوڭشېدىن چوڭ ئىشخانىدىن بىرنى بىكار قىلىپ
بېرىشتى. ئۇ ئەتىگەندە كەتسە، چۈشتە كۆللېكتىپ ئاشخانىدىن
تاماق يەيتتى. ئابلىز كاتىپ بىلەن ئىككىسى شەھەرگە كىرىپ،
يېتەرلىك ھەرخىل بوياق ۋە توپ - توپ قەغەزلەردىن سېتىۋې-
لىشتى. بۇلار پەقەت گوڭشې ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ تەشۋى-
قات خىزمەتلىرىگە ئىشلىتىلەتتى. باشقۇرۇش رايون، كەنت،
ئەترەتلەر، ئىدارە - جەمئىيەتلەر سىزدۇرۇدىغان رەسىملىرى
ئۈچۈن ھەممە ماتېرىيالنى ئۆزلىرى ئېلىپ كېلىشەتتى. ئەگەر
شەھەرگە كىرىشكە ئۈلگۈرەلمىگەن ياكى تاپالمىغانلار بولسا،
ئىشلەتكەن قەغەز، رەڭ ھەققىنى ھېسابلاپ كاسسىرغا ئاز - تولا
پۇل تۆلەيتتى. گوڭشې بويىچە كەنتلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىشى،
يەرلەرنىڭ مەيدانلاشتۇرۇلۇشىنى تەكشۈرۈش يىغىنى ياكى ئور-
مانچىلىق، چارۋىچىلىق، تەجرىبە ئالماشتۇرۇش، باغۋەنچىلىك
قاتارلىق نەق مەيدان يىغىنلىرى بولۇپ قالسا، تۆۋەندىن رەسىم،
دىئاگراما، جەدۋەل سىزدۇرىدىغانلار تېخىمۇ كۆپىيىپ كېتەت-
تى. چۈنكى، ئىنقىلاب تۇتۇلسا ھەممە خىزمەت ئۆزلۈكىدىن
يۈرۈشۈپ كېتىدۇ، دېگەن سىياسەت بولغاچقا، تەكشۈرگۈچىلەر-
مۇ ئەڭ ئالدى بىلەن بورا ۋە تاختايلاردا ياسالغان پېپەن سەھنى-
لىرىنى، ئۇنىڭغا چاپلانغان دازىباۋ، ھەجۋى رەسىملەرنى كۆ-
رۈپ باھالايتتى. بولۇپمۇ گوڭشې بويىچە سېلىشتۇرۇپ باھالاش
پائالىيىتى ئېلىپ بېرىلغاندا، داۋۇيجاڭ، شۇجىلار ئۈزۈم، يا-
ڭاق، قوغۇن ... ئېلىپ كېلىپ خۇشامەت قىلىشاتتى. ئۇلار
باشقا كەنتلەردىن ئېشىپ كېتىش ئۈچۈن، ھەجۋى رەسىم-

لەرنى كۆپ ھەم رەڭلىك سىزدۇرۇش ئارقىلىق ئۇستۇنلۇك تالىشاتتى. ھەيران قالارلىقى، مەھسۇلاتى تۆۋەن، ئىشلەپچىقى-رىشقا ئېتىبار بەرمىگەن ياكى سەل قارىغان ناچار كەنتلەر پىپەن سەھنىلىرىدىن بىرنەچچىنى ئارتۇق ياسىتىپ ئېتىز- ئېرىق، يول بويىدىكى دەرخ، تۇۋرۇكلەر ھەتتا ئېغىل، خالالارنىڭ تام-لىرىغىچە ھەممىسىنى دازىباۋ، رەسىملەر بىلەن تولدۇرۇۋېتەت-تى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار: «ئىنقىلابنى تۇتۇپ ئىشلەپچىقى-رىشنى يۇكسەلدۈرگەن» لەر قاتارىغا ئۆتۇپ «زەمچىگە بېسى-لىش» تىن قۇتۇلۇپ قالاتتى.

ئىدارە - جەمئىيەتلەرنىڭ «ئىنقىلاب قىلىشى» تېخىمۇ تەس ئىدى. ئۇلار دازىباۋ يازسا، ھەجۋى رەسىم سىزدۇرسا ئىككى نۇسخىدىن قىلدۇراتتى. چۈنكى، ئىدارىسى ئىچىدىكى پىپەن سەھنىسىنى تولدۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، بازارغا بېكىتىلگەن سەھنىسىنى تولدۇرۇشقا توغرا كېلەتتى. ئۇلار ئىنقىلاب قىلىشتا مەنمەنلىك تالىشىپ سەھنىلىرىنى بىر-بىرىدىن ھەيۋەتلىك، كۆركەم ياسايتتى. بوستان بازىرىنىڭ ئىك-كى تەرىپى بىر - بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن ئېگىز - پەس بورا ۋە تاختاي سەھنىلەر بىلەن تولۇپ كەتكەنىدى. بەزى ئىدارىلەر ھەتتا ئۆز سەھنىسىنىڭ يېنىغا بىردىن قاراۋۇلمۇ قوياتتى. چۈنكى، شىلىم بىلەن چاپلانغان دازىباۋلار قوي، كالا، ئېشەك، ئۆچكىلەر ئۈچۈن قاتلىمىدەك تېتىپ كەتسە كېرەك، ۋەزىيەت بىلەن ھېسابلاشماي ۋارسىلدىتىپ يىرتىپ يەۋىرەتتى. مانا مۇ-شۇنداق جىددىيچىلىك بىلەن سېنتەبىر ئايلىرىمۇ ئاخىرلىشىپ قالدى.

بىر كۈنى جاڭ تيەن رەسىم سىزىش ئىشخانىسىغا كىرىپ كەلدى. ئۇ قولىدىكى خېلىلا سالمىقى بار ژۇرنالنى ھېكمەتكە بېرىپ «رەسىم سىزىشتا پايدىلىنىپ» دېدى، بۇ «بېيجىڭ گۈزەل - سەنئەت نەشرىياتى» تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان

«ھەجىۋى رەسىملەر توپلىمى» ئىدى. ئۇنىڭدا مەملىكەت بويىچە
ھەربىر ئۆلكە، شەھەرلەردىن تارتىپ چىقىرىپ كۆرەش ئوبيېك-
تى بولۇپ قالغان چوڭ رەھبىري خادىملار ھەجۋىيلەشتۈرۈپ
سىزىلغانىدى.

— بۇلارنىڭ بەزىلىرىنى ئەينەن سىزغان تەقدىردىمۇ،
بەزىلىرىنى شىنجاڭ ۋە خوتەن ۋەزىيىتىگە ماسلاشتۇرۇپ ئۆز-
گەرتىپ سىزسىڭىز قانداق؟

— بولىدۇ، جاڭ جۇردىن، سىزگە بىر گەپ
بار ئىدى، — ھېكمەت گېزىت ۋە قەغەزلەرگە دۆۋىلەن-
گەن ئۈزۈم، ياڭاق، گۈلە - قاق، تاڭگىلار ھەم بىرنەچچە
چوڭ قوغۇنىنى كۆرسەتتى، — بۇ نەرسىلەرنى مىن-
بىڭلارغا دەپ ئاچىقتۇرۇۋەتسىڭىز، ئېلىپ كېتىڭلار دېسەم ئۇ-
نىماي تاشلاپ قويۇپتۇ.

— بەللى، ئەمدى ئاغزىڭىزسوغۇق سودىمۇ كۆيدىغانبوپ-
تۇ-دە، — جاڭ تيەن كۈلۈۋەتتى، — ئۇمۇ يەرلىكلەرنىڭ كۆڭ-
لى، ئۇنچىلىك نەرسىلەرگە قورقۇپ كەتسىڭىز ...

— مەن ئەزەلدىن خۇشامەتكە كەلگەن نەر-
سىلەرنى ياقتۇرمايمەن ...

— بۇ خۇشامەت ئەمەس، كۆڭۈل دېدىمغۇ، سىزمۇ ئۇلار-
نىڭ ھاجىتىدىن چىقىۋاتسىز - دە.

— بۇ مېنىڭ خىزمىتىم، ھەم كەسپىم ...

— مۇنداق بولسۇن، — جاڭ تيەن چوڭ قوغۇندىن
ئىككىنى قولتۇقىغا قىستۇردى، — بۇنى مەن ئىشخانىدىكىلەر-
گە تىلىپ بېرەي، قالغىنىنى سىز ئۇسسىغاندا يەڭ. مەن ھەر-
گىز مىنبىڭ، قورالىقلار يېگەن نەرسىلەرنى «رەسىم سىزىش»
ئۈچۈن چىقىم قىلىندى، دەپ يېزىپ قويمايمەن.

جاڭ تيەن چىقىپ كېتىپ، ئازئۆتمەي ئىككى مىنبىڭ كىر-
گەندى، ھېكمەت ھەممىنى ئۇلارغا كۆتۈرگۈزۈپ قويدى. ئەمما،

كەچ تەرەپتە بىر قوغۇن بىلەن گېزىتكە ئورالغان ئۈزۈم-ياڭاقلارنى كۆتۈرگەن جاڭ تيەن ئىشخانىغا يەنە كىردى. ئۇ ھېكمەتنىڭ قىلغان ئىشىدىن سەل خاپا بولغاندەك قىلاتتى.

— بۇ قانداق قىلغىنىڭىز، دېھقانلار ھۆرمىتىڭىزنى قىلىپ ئەكەلسە ھەممىنى مىنىبىڭلارغا بېرىۋېتىپ، — دېدى جاڭ تيەن قولىدىكى نەرسىلەرنى ئۈستەلگە قويۇپ، — قوبۇل قىلىدىغان نەرسىلەر بولىدۇ، بۇنىڭغا ئاڭلىق قاراڭ ...

— ئۆزۈممۇ بۇنداق نەرسىلەرگە ئانچە ئامراق ئەمەس، يېسەملا چىشىم ئاغرىيدۇ.

— مۇنداق بىر ئىش بار، بايا يۇقىرىدىن تېلېفون كەلدى. ناھىيە ۋە ۋىلايەتلىك ئىنقىلابىي كومىتېت بىرلەشمە تەكشۈرۈش ئۆمىكى جۈمە كۈنى ئەتىگەندە گۇڭشېمىزغا كەلمەكچى، — دېدى جاڭ تيەن جىددىي قىياپەتتە، — شۇڭا، بىزنىڭ ئىككى چوڭ سەھنىمىزنى يېڭى مەزمۇنلار بىلەن تولدۇرۇپ بېرەلەمسىز؟

— قانداق بولاركىن، ئىككى كۈنلا قاپتۇ، — ھېكمەت بارماقلىرىنى سانىدى، — ئۈلگۈرمەسمىكىن، ئىككى سەھنىگە يېزىلىدىغان چوڭ خەتتىن باشقا قىرىق پارچىدەك رەسىم سىزىلىدۇ.

— مۇنداق بولسۇن، سىز جاپاغا كۆنۈك ئادەم، كېچىدىمۇ ئىشلەڭ. شەنبە دۆلەت بايرىمى بىر كۈن قويۇپ بېرىلىدۇ يەكشەنبە ئۆزىڭىزنىڭ دەم ئېلىش كۈنىڭىز، مەن سىزگە جۈمە بىلەن دۈشەنبىنى قوشۇپ بەرسەم جەمئىي تۆت كۈن دەم ئالىسىز، قانداق؟ ...

ھېكمەت بىرنەچچە كۈن رۇخسەت ئېلىپ لوپ ناھىيىسىگە بېرىشنى ئويلاپ يۈرەتتى. چۈنكى، ئۇ قىزى ئۇچقۇنئاينى كۆرمىگىلى ئۈچ يىلدىن ئاشقانىدى. ئۇ بۇلتۇر قىزىنىڭ لوپتا ئىكەنلىكىنى ئۇقتى، مەھبۇبەنىڭ لوپتىكى تۇغقىنى غاپپارنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئۇ يەردىنمۇ قىزىنىڭ خەۋىرىنى ئالالمىدى. شۇڭا،

بۇ قېتىم غاپپارنىڭ تۇغقانلىرىنى سۇرۇشتە قىلىپ تېپىش نىيە-
تىگە كەلگەنىدى. ئۇ، مەھبۇبە بىلەن قىزى توغرۇلۇق بىر- ئىك-
كى قېتىم سۆزلەشكەن بولسىمۇ، لېكىن مەھبۇبە ئېرىگە ھېچقا-
چان قىلىپ باقمىغان قوپاللىق بىلەن: «ئۇچقۇننى كۆرمەن دەپ
خام خىيال قىلماڭ، ئەمدى ئوغۇل بولامدۇ، قىز بولامدۇ ماھى-
نۇر تۇغۇپ بەرسۇن» دەپ تەتۈرلۈك قىلدى. ئۇنىڭ بۇ ئەلپازى-
دىن، ماھىنۇر بىلەن ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا چوقۇم بىرەر
ئەھۋال يۈز بەرگەنلىكىنى ھېس قىلغان ھېكمەت ئۈمىدسىزلەن-
گەن ھالدا بوستانغا قايتىپ كەتكەنىدى ...

— بولىدۇ، مەن بۈگۈن كېچىدىن باشلاپلا ئىشقا كىرىشەي.

تۆت كۈنلۈك دەم ئېلىشنى ئاڭلىغان ھېكمەتنىڭ
كۆزىگە جاپا - مۇشەققەت كۆرۈنمىدى.

شۇ كۈنى ئوتتۇرا كېچىگىچە ئىشلەپ، چارچاپ كەتكەن
ھېكمەت ئىلەڭ - سىلەڭ مېڭىپ مەكتەپكە قايتىپ كەلدى. ئۇ،
ئۆيگە كىرىپلا ئۇدۇل تامدىكى «ۋاپا» رەسىمىنىڭ يوق تۇرغانلى-
قىنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى. مەھبۇبە خەت ئويۇلغان تاختاينى
كۆيدۈرۈۋەتكەندىن كېيىن، ھېكمەت بۇ رەسىمنى «تۆگە» ساند-
دۇققا سېلىپ قۇلۇپنى ئالماشتۇرۇۋەتكەنىدى. لېكىن ئۇ، ئەس-
لىگە كەلگەن كۈنى خۇشاللىقىدا بۇ رەسىمنى ئېلىپ تامغا ئې-
سىپ قويىدى. يەنە بىر تەرەپتىن ئۈچ يىلدىن بىرى يوقلاپ
كەلمىگەن مەھبۇبەنىڭ ئەمدى كەلمەسلىكىگە ئىشەنگەنىدى.

ھېكمەت ئۈستەلدە تۇرغان ئالىقاندەك قەغەزنى قولىغا ئال-
دى، بۇ مەھبۇبەنىڭ قالدۇرغان خېتى ئىدى، خەتكە قىسقىلا
قىلىپ مۇنۇلارنى يېزىلغانىدى:

«ھېكمەت، مەن نۇرغۇن ئويلىنىش ۋە كۈرەشلەردىن كې-
يىن قىزىڭىز ئۇچقۇنئاينى سىزگە كۆرسەتكىلى ئېلىپ كەلگەنى-
دىم، لېكىن سىز «ۋاپا» دىكى ئاھۇ — گۈلزىبا بىلەن كۈندە
مۇڭدىشىپ تۇرغاچقا، ئۇچقۇننى سېغىنمىغانلىقىڭىزنى بىلدىم،

شۇڭا ساقلىمايلا كېتىپ قالدىم.»

ھېكمەت ئۇچقاندەك تالاغا ئېتىلىپ چىقتىيۇ، يەنە ئۆزىنى بېسىۋالدى. بۇنداق تۇن نىسبەتەن شەھەرگە كىرگەن بىلەنمۇ نەدە قونىدۇ؟ گۇڭشېدىكى ئىككى كۇنلۇك ئېغىر ۋەزىپە ئۇنىڭغا قاراشلىق تۇرسا. ئۇ سۇلتىيىپ ئۆيىگە قايتىپ كىردى، لېكىن ئۇچقۇنئاي ۋە ئەزىمەت كۆز ئالدىدىن زادى نېرى كەتمىدى.

«قىزىم ھازىر بەش يېرىم ياشتىن ئاشتى. ئۇنى كۆكتات ئامبىرىدا كۆرگىنىمدە، بويى تىزىم بىلەن تەڭ ئىدى. ھازىر قانچىلىك بوي تارتىپ كەتكەندۇر؟ ئەزىمەتچۇ؟ ئۇ ئون ياشنى تۇگىتىش ئالدىدا تۇرۇپتۇ. ئاكا ـ سىڭىللار دەرقەمتە يېنىمدا بولغان بولسا مەن ئۆزۈمنى دۇنيادا ئەڭ بەختلىك ئاتا ھېسابلىغان بولار ئىدىم. ئاھ، ئوغلۇم، سەن ھازىر بۇ دۇنيادا بارمۇ، يوق! ...»

ئۇ ئەتىسىدىن باشلاپ جىددىي ئىشلەپ ۋەزىپىنى تۇگەتتى ۋە بىر نەچچە مىنبىگىنىڭ ياردىمى بىلەن رەسىم، چوڭ خەتلەرنى ئىككى سەھنىگە كېچىلەپ چاپلاپ چىقتى.

ھېكمەت جۇمە كۇنى ئەتىگەندە تۇرۇپ، قىزى ئۇچۇن مىڭ سومنى ئايرىپ يانچۇقىغا سالدى. بۇ پۇلدىن ئىككى يۈز سومدەك پۇلنى ئىزىز تارمۇشنىڭ ئايالى نازىلئايغا ئاپىرىپ بەرگەنىدى. ئۇ يۈگۈرۈپ دېگۇدەك مېڭىپ شەھەرگە كىردى. چۈنكى، مەھبۇبەنىڭ بايراملىق دەم ئېلىشتا قىزى بىلەن بىللە بولىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. قىزىنى كۆرۈش ئىستىكى بىلەن ئەتىگەندە، ناشتىمۇ قىلمىغان ھېكمەت «قىزىم قانچىلىك چوڭ بولۇپ كەتكەندۇ؟» دېگەن تاقەتسىز تەلپۈنۈش بىلەن كەلگەندە، ئەنجان قورۇسىنىڭ ھەيۋەتلىك دەرۋازىسى ئوچۇق ئىدى.

مەھبۇبە ئۆيدە يالغۇز بولۇپ ئۇچقۇنئاي كۆرۈنمەيتتى. ئۇ،

ھېكمەتنى كۆرۈپ دېمىققاندەك بولدىيۇ قىزىرىپ كەتتى. چۈنكى، ئىرىنىڭ كۆزلىرىدە بۇ چاغقىچە ھېچ كۆرۈلمىگەن نەپرەت ئۇچقۇنلىرىنى كۆرۈپ قالغانىدى.

— ئۇچقۇنئاي قېنى؟

— سىزنىڭ قېشىڭىزغا ئاپارغان كۈننىڭ ئەتىسى لوپقا ئاپىرىۋەتكەنىدىم.

— نېمە؟ بايرام، يەكشەنبە كۈنلىرىمۇ يېنىڭىزدا تۇرغۇزمىغىنىڭىزغا قارىغاندا، سىزگە پۇتلىكاشاڭ بولىدىغان ئوخشىمامدۇ؟

— مەن ئۇنداق كىم ئۆيگە باشلىسا كېتىۋېرىدىغانلاردىن ئەمەس، مەكتىپىمىزدە بايراملىق پائالىيەت بولغاچقا ئاپىرىۋەتتىم.

— كىم كىمنى ئۆيگە باشلاپ كېتىپتۇ؟

— بۇنى مەندىن سورىماي ئۆزىڭىزدىن سوراڭ. ماھىنۇرنىڭ ئۆيىدە قونغان مەن ئەمەس ...

— ھەي، تولا بىمەنە بىلجىرلىما، — ھېكمەتنىڭ ئاچچىقىنىڭ كەلگىنىنى سەنلەشتىنلا بىلگىلى بولاتتى، — ماڭا ھەم ماھىنۇرغا قارا چاپلاپ نېمە مەقسەتكە يەتمەكچى؟ راست گەپنى قىل، ئۇچقۇنئاي ھازىر نەدە؟

— دېدىمغۇ لوپتا دەپ، سىزگە بالا لازىمما؟ شەھەرگە كىرسىڭىز ماھىنۇر دېگەن جالىپىڭىز بار، ئۆيىڭىزدە قاراپ ئولتۇرىدىغان «ۋاپا» دارىڭىز تامغا ئېسىلىپ تۇرۇپتۇ ...

— سېنىڭ بىلەن تاكاللىشىپ ئولتۇرمايمەن، — دېدى ھېكمەت دېۋەيلەپ كېلىپ، — قىزىمنى تاپمىغىنىمنى كۆر! گۈلرۇز ئوغلۇمدىن ئايرىدى، ئەمدى سەن قىزىمدىن جۇدا قىلماقچىمۇ؟ ئۇخلاپ چۈشۈڭ، رەسمىنى بەر، مەن ھازىرلا ئۆيۈڭدىن يوقىلىمەن.

— رەسمىنى؟ — مەھبۇبە يالتتىدا قىلىپ ئۇچاققا قا

ردى، — ئۇ نەرسىڭىزنى ئۇچاقتىن سوراڭ.
— يالغان، سەن ئۇنى يوشۇرۇپ قويدۇڭ.
— خۇدا ھەققى ...، كۆڭۈلنى ئوغرىلايدىغان ئۇنداق
نەرسىنى ئەكەلگەن كۇنۇملا كۆيدۇرۇۋەتتىم.
قارس قىلىپ تەگكەن تەستەكتىن ئارقىغا سەندىرەكلەپ
كەتكەن مەھبۇبە كاتتا ئولتۇرۇپ قالدى - دە، ئالىقانلىرىدا
يۇزىنى توسۇپ يىغلىۋەتتى.
ئۆيدىن قاڭقىپ چىقىپ كەتكەن ھېكمەت قانداق قىلىپ سۇ
ئىدارىسىنىڭ ئارقىسىدىكى دۆڭ مازارغا بېرىپ قالغىنىنى بىل-
مىدى. ئۇ كىمدۇر بېرى توپىلىرىنى ئۆرىدەپ قويغان گۇلزىبا-
نىڭ قەبرە بېشىدا يۇكۇنۇپ ئولتۇردى.
— گۇلزىبا ... مېنىڭ زىبارىم! ... — ھېكمەت گويا
ۋاپادار ئايالى يېنىدا تۇرغاندەك ھال تۆكۇشكە باشلىدى، —
مەن بۇگۇن سىزگە قەلبىم پىنھانلىرىدا يوشۇرۇپ كەلگەن راست
گەپلىرىمنى قىلغىلى، ، گۇناھىمنى تونۇغىلى، سىزنىڭ ئەپۇ -
مەرھىمىتىڭىزگە ئېرىشكىلى كەلدىم. سىزنىڭ تۇنجى كۆز ئى-
چىپ كۆرگەن يۇرەك پارىڭىز ئەزىمەتنى يىتتۇرۇۋەتتىم، ئۇنىڭ-
غا خېلى يىللار بولدى! سىزنىڭ دىل تىنىقلىرىڭىز، ئىپار
بۇيلىرىڭىز تارقىغان يۇرەك قەسرەمگە، يات بىرۇلارنى باشلىغا-
نىدىم، ئۇ سىز يۇرگەن بوستانلارنى پايمال قىلىپ، بىز سالغان
ئىزلارنى ئۆچۇرۇشكەئۇلگۇردى. ئەزرائىل ئوغلىمىزنى دوزاققا
ئېلىپ كېتىۋاتقاندا ئۇ، ئەزىمەتنىڭ يېلىنغان نارەسىدە كۆزلە-
رىنى كۆرۇپ تۇرۇپ، كۆزلىرىنى يۇمۇۋالدى ... ئامىراق ئىنى-
ڭىز نەبىنىڭ غۇبارسىز يۇزلىرىگە ئۆچمەس تامغىلارنى باس-
تى، ئۇنى مەھكۇملۇق دوزاقلىرىغا ئىتتىرىۋەتتى ... ئۇ
ھازىر ئەرىكسىز قۇل! ئىشىنەمسىز گۇلزىبا، بۇلارنىڭ ھەم-
مىسىگە مېنىڭدەك بىۋاپا ئېرىڭىز سەۋەبچى! سىز مېنىڭدىن
بۇنداق قارا كۆڭۇللۇكنى كۆتمىگەن بولغىيتتىڭىز، سىز مېنى

داۋاملىق «ئاق كۆگۈللۈكۈم، خۇش پېئىلىم دەيتتىڭىز ئەمەس-
مۇ، بۇلارنى ئويلىسام تېرىكلا يەرگە كىرىپ كەتكۈم كېلىدۇ.
هېكمەت ياشلىق كۆزلىرى بىلەن گۇگگا تۇمانلار ئىچىدە
يانتۇ ئېسىلىپ تۇرغان قۇياشقا قارىدى ۋە ئۇزۇنغىچە سۇكۇتتە
ئولتۇردى. ئۇ خۇددى گۇلزىبا قاراپ تۇرغاندەك، ئۆزى بولسا
سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈپ قويغان بالا، ئانىسى ئالدىدا بويۇن قىسىپ
ئولتۇرغاندەك تولىمۇ بىچارە هالەتتە ئىدى. بولۇپمۇ خەت ئويۇل-
غان تاختاينىڭ ۋە «ۋاپا» رەسىمىنىڭ كۆيدۈرۈلۈشى يۈرىكىنى
ئىزىپ، ئازاب ئۇچىقىدا ئۆرتەۋاتاتتى.
ــــ گۇلزىبا! ... هاياتىمىزدا تاڭلا مەهشەرگىچە ئۆچمەس
دەپ ئەهدە قىلىشقان، دەرەخ تومۇرلىرىغا سىڭىپ كەتكەن خاتى-
رىلەر ... سىز ياخشى كۆرىدىغان «ۋاپا» لار هازىر
يوق، شۇنداق، بۇ ۋاپاسىز دۇنيادا «ۋاپا» غا نەدىمۇ ئورۇن
بولسۇن! گۇلزىبا، مېنىڭ گەپلىرىمنى ئاڭلاۋاتامسىز؟ بىلد-
مەن، سىزنىڭ ماڭا نەپرىتىڭىز بار ... سىز خۇداغا يېقىن،
ئاهلىرىڭىز قادىر ئاللاغا يەتكەن چېغى ... مانا ئەمدى قىزىمدىنمۇ
ئايرىلدىم، بۇ ماڭا چەرخى پەلەكتىن كەلگەن جازا!
قۇياش قىپقىزىل شولىلىرىنى يۈرۈگقاش بويلىرىدا قالدۇ-
رۇپ ئاستا پېتىۋاتقاندا، هېكمەت كۆيۈشۈپ كەتكەن پۇتلىرىنى
ئارانلا كۆتۈرۈپ قەبرە بېشىدىن ئايرىلدى. ئۇ، روهى سۇنغان،
ئۈمىد چېچەكلىرى توزىغان هالدا «ئۈچ بۇرجەك» بازارنىڭ
دوقمۇشىدىكى ياغاچ بوتكىغا كىردى. ئېگىكىدىكى بىر توتام
قىزغۇچ ساقىلى دولقۇن ياساپ ئېگەك ئاستىغا كىرىپ كەتكەن،
جاۋغىيىنىڭ ئىككى يېنىدا قانات يايغان شالاڭ سېرىق بۇرۇتلى-
رى دىردىيىپ تۇرغان، قېگراق بۇرۇن، گازىر كۆز خوجايىن
تۆگگان ئورنىدىن تۇرۇپ هېكمەتكە قارىدى. جاگيۇ، ئاچچىقسۇ
ئېدىشلىرى، ئۇۋاق لازا، تۇز خالتىلىرى بىلەن بەكمۇ تارلىشىپ
كەتكەن بۇ دۇكاندا ئاياغ باسقۇدەك يەر بولمىسىمۇ، هاراقكەش-

لەرنىڭ پارچە هاراق ئىچىشىگە ئورۇن چىقاتتى. خوجايىن ھېك-
مەتنىڭ تۆت بارمىقىنى چىقارغىنىنى كۆرۈپ، سىرى چۇشۇپ،
قارىداپ كەتكەن كۇرۇشكىغا تۆت سەر هاراق كەمچەپ بەردى،
ئاندىن ئىككى - ئۈچ ئۇچۇم خىۋاسىڭ مېغىزىنى بىر پارچە
قەغەزگە تۆكۈپ پەشتاختىغا قويدى.

— ھەي، سەن شۇ پەشتاختىغا يۆلىنەمدۇ ... يا بولمىسا
پەلتەڭدە ئولتۇرامدۇ شۇ، — دېدى خوجايىن ھېكمەتكە، —
پەلتەڭدە ئولتۇرۇڭ بولسا، بۇنى ئاسۇڭ ...

خوجايىن بىر غېرىچ ئېگىزلىكتىكى، ئۈستىگە ئۆچكە تېرى-
سى مىقلانغان ئورۇندۇقنى سۇنۇپ بەردى. ھېكمەت ئۇنىڭ
«پەشتاختىغا يولىنەمدۇ» دېگەن سۆزىدىن مۇراتنى يەنە بىر
قېتىم سېغىندى. ئۇ بىر قېتىم مۇشۇ بوتكىغا كىرىپ: «پەش-
تاختىغايۆلەنگەن» نىڭلەززىتىباشقا بولىدۇجۇمۇ» دېگەنىدى.

ھېكمەت هاراقنى بىر يۇتۇم - بىر يۇتۇمدىن سۇمۇرۇپ،
خىۋاسىڭ مېغىزىنى كىرىسلىتىپ يېدى ئەتىگەندىن بېرى ناننىڭ
ئۇۋۇقىنى كۆرمىگەن ئاشقازان خۇددى قوقاسنى قوبۇل قىلغاندەك
ئېچىشاتتى. بىراق، دەردىنىڭ ئاچچىقى ئالدىدا هاراقنىڭ ئاچچى-
قى ھېچنېمىگە دال بولالمايتتى. ھېكمەت ئورنىدىن قوپماي
كۇرۇشكىنى سۇندى - دە، يەنە ئىككى بارمىقىنى چىقاردى.

— ھەي، سەن شۇ بولدى قىسۇڭ، — دېدى خوجايىن
سەل ئەنسىرىگەندەك قىلىپ، — سەن شۇ تۆت سەر ئىچتى،
سەندە كۆزلەر ئەلەس - پەلەس بولدى شۇ ...

— ئەنسىرىمە ئاخۇن ئاكا، مەن شۇ هاراق
كۆتۈرىدۇ، — دېدى ھېكمەت تىللىرى گاللىشىپ.

ھېكمەت كېيىنكى ئىككى سەر هاراقنى ئىچىپ بولۇپ
كۇرۇشكىنى يەنە سۇنۇۋىدى، خوجايىن هاراق بەرگىنى ئۇنىمى-
دى، تەڭشىلىپ قالغان ھېكمەت يانچۇقىدىكى بىر مىڭ نەچچە
يۈز سومنى ئېلىپ پەشتاختىغا ئۇردى.

— ھەي، ئاخۇن ئاكا... سەن مېنى... پۇلنى بەرمەيدۇ دەپ ئەنسىرىدىڭما؟... مەن ئىچىپ بولسام كېتىمەن... ئۇنداق ساراڭلىق قىلىدىغان ئادەم ئەمەسمەن ... — ئاچ قورساق ھېكمەتنى ھاراق ئاسانلا ئېلىپ قويغانىدى، — خوتۇن دېگەن ئېزىتقۇ ... ھەممە نەرسەمنى كۆل قىلسا ... قىزىمدى يوشۇرۇپ قويسا، سەن بولساڭ ... ھاراق بە ... بە ... بەرمىسەڭ ... بۇ ... بۇ ...خۇدانىڭ ئادالەتى بولماس ... قېنى دەببباققىندا؟ ... بۇ ... بۇ ... ياكى سېنىڭ ئادالىتىڭما؟ ...

ھېكمەت يەنە ئىككى سەر ھاراقنى ئېلىپ پەشتاختىغا يۆلەنگىنىچە گۇپۇلدىتىپ ئىچتى - دە، پۇلنى بەردى. ئۇ يەردەسەپ تۇرالمايتتى. تىزلىرى پوكۇلۇپ ئۆزىنى باشقۇرالماي قالغان ھېكمەت ئىرغاڭلاپ بوتكىدىن چىقتى.

سىرتتا سوغۇق شامال چىقىپ تۇراتتى. ھاۋا تۇتۇق بولغانلىقى ئۈچۈنمۇ جاھان قاپقاراڭغۇ بولۇپ ھېچ نېمىنى پەرق ئەتكىلى بولمايتتى. ھېكمەتكە سوغۇق شامال تەسىر قىلدىمۇ سەل سەگىگەندەك بولدىيۇ، بىراق يەنىلا سەنتۈرۈلۈپ، مۇدۇرۇپ يولنىڭ ئۇ قېتىغا ئۆتتى. ئۇ مەقسەتسىزلا سىياسىي مەكتەپ كوچىسىغا كىرىپ كەتتى. بۇ كوچىنى كونىلار «ئالتۇنلۇقۇم» دەپ قويۇشاتتى. كوچىنىڭ بېشى كەڭ بولغىنى بىلەن ئىچكىرىلىگەنسېرى قىڭغىر - قىيسىق ئايلانمىلار كۆپ، تويپىلىق تار مەھەللە ئىدى. ھېكمەت نەگە بېرىشىنى بىلمەيتتى. بۇ تۇرقىدا بوستانغا چىقىپ كېتەلمەيتتى، مۇشۇ ھالى بىلەن دوستلىرىنىڭ ئىشىكىنى قىقىش تېخىمۇ سەت ئىدى. تار كوچىدا بىرمۇ ئادەم ئۇچرىمايتتى. ھاراق كەيىپى بارغانسېرى تۇتۇۋاتقان ھېكمەت ئالىتاغىل ۋارقىراپ ناخشا ئېيتىپ ماڭاتتى، ئۇنىڭ ئېيتىدىغان ناخشىلىرى ئوخشىمىغانلار غەلىتە گەپلەر ئىدى.

— ئەتە ... بايرام ... بىز ئەمگەكچىلەر ... بايرام ئويناي-

ـمىز، خۇشال يايرايمىز بوستان يولى ··· بەكمۇ ئۇزاق ··· ئاتلار ئۇرۇق ··· يۈكلەر ئېغىر ···
ھېكمەت يېقىلىپ ـ قوپۇپ پۇلات زاۋۇتىنىڭ ئالدىغا چىـ. قىپ قالدى. ئۇ يۇمۇلۇپ كەتكەن كۆزلىرىنى تەستە ئېچىپ يوللارنى ئاران پەرق ئەتتى ۋە يول چېتىدىكى دەرەخ غوللىرىنى تۇتۇپ بىر خالتا كوچا ئاغزىغا كەلگەندە توپا تامغا يۆلەندى ـ دە، سىيرىلىپ چۈشۈپ پۇشۇلداشقا باشلىدى. بىر چاغدا كىمـ. دۇر بىرى ئۇنىڭغا ۋارقىرىدى، قوللىرىدىن تارتىشتۇرۇپ سۆ. رىدى، يۈزلىرىنى چىمدىدى، يۈزى ئېچىشقان ھېكمەت كۆزلىـ. رىنى تەستە يېرىم ئېچىپ، ئالدىدا تۇرغان ئايال سىـيـاقى، گىرىمىسەن بىر سايىنى كۆرگەندەك بولدى.
— ۋاي ـ ۋاي، ذىـبـمـانـداق قـىلـدـۇ ··· مـاۋۇ خـوتـۇن ··· ئادەمنى ئۆخلىغىلى قويماي ···
— تۇرۇڭ دەيمـەن ··· بـۇ يـەردە يـاتسىڭـىز سەت بولىدۇ، — ھېلىقى سايە ھېكمەتنىڭ قولتۇقىدىن كۆتۈردى.
— ھـەي ··· ھـەي ··· ذىـبـمـانـداق جـىـگـدە يېـلـدـ. مـدـدەك چـاپـلاشـقـاق خـوتـۇن بـۇ ··· ئادەمگە ··· كەت دەيمەن ··· مېنىڭ ۋاقتىم يوق ···
ھېكمەتنىڭ بېشى بىر تەرەپكە قېيشىپ كېتىشى، ھېلىقى سايە ئۇنىڭ چېچىنى قاماللاپ سىلكىپ «ھەي ··· مەست» دەپ شۇنداق قاتتىق ۋارقىرىدىكى، چوڭ كوچىنىڭ ئۇچىدىدە كېتىـ. ۋاتقان بىرە ـ يېرىم يولۇچىلارمۇ چۆچۈپ كەتتىيۇ، لېكىن قاراڭغۇدا ھېچنېمىنى كۆرەلمىدى. ھېكمەت كۆزىنى ئېچىپ بۇرنىنىڭ ئۇچىدىلا بىر جۇپپارقىراپ تۇرغان كۆزنى كۆردى.
— ھە، ئوبدان قاراڭ، — بۇ قېتىمقى ئاۋاز بايىقىدىنمۇ قاتتىق چىقتى، — بۇ مەن ماھىنۇر!
— ۋۇي ··· بۇ ··· بۇ ··· ماھىنـۇر خـانـىـمـ ـغـۇ ··· ند ··· ماذاق بوراندا قالغاندەك توۋلايسىز ··· مەن يا ··· مەست

بولمىسام ... يا پاڭقاي بولمىسام ...

— ھە ... سىز مەست ئەمەس ... يول ئېگىز - پەس، سىز دېگەن بەك ئوبدان ... گەپ ئاڭلايسىز ...

ماھىنۇر ھېكمەتنى يۆلەشتۇرۇپ ياتىقىغا ئېلىپ كەتتى. پاكار سۆگەت كۆچەتلىرىنى بويلىتىپ سېلىنغان بۇ بىر يۇرۇش لاي سۇۋاق يەرلىك ئۆيلەر ئەسلىدە مەكتەپنىكى ئائىلىلىكلەر ئۈچۈن ياسالغان بولۇپ، سىرتى چوڭ بىر ئېغىز ئۆي، ئىچكىرىسىدە نەرسە - كېرەك قويىدىغان ئالىقاندەك كىچىك قازنىقى بار ئىدى. بۇ بورانلىق كېچىدە، ئۇلارنىڭ تەلىيىگە ھېچكىممۇ يولۇقمىدى ۋە كۆرمىدى. ھېكمەت ياتاققا كىرگەن ھامان ئۆزىنى كارىۋاتقا ئاتتى. ئۇنىڭ ئىشتان - كۆڭلەكلىرى خۇددى كۆلگە پۇچىلىغاندەك مەينەتلىشىپ، لاي ھەم قۇسۇق بىلەن بۇلغانغانىدى. ماھىنۇر ناھايىتى تەسلىكتە قاسماق ئىشتان - كۆڭلەكلىرىنى سالدۇرۇپ يەرگە تاشلىدى، ئاندىن ھېكمەتنىڭ بېشىنى كارىۋاتتىن ساڭگىلىتىپ، سۇ قۇيۇپ بىر ئاز سەگىتكەندىن كېيىن، يوتقانغا يۆگەپ ياتقۇزۇپ قويدى. ماھىنۇر مىلىشلاپ كەتكەن ئىشتاننىڭ ئارقا يانچۇقىدىكى بىر تۇرتەك پۇلنى ئېلىپ ئۈستەل تارتمىسىغا قويۇپ ئاندىن داسقا سۇ تەڭشىدى.

تۈنۈگۈن شەھەر گۇڭشېي باش مەكتىپىدىن بايراملىق كىنو بېلەتى تارقاتقانىدى. ماھىنۇر بۈگۈن كەچ دوستلىرى بىلەن بىرگە بېرىپ، قايتىدىغان چاغدا ئۇلار مەكتەپ كۆرۈنۈپ تۇرۇدىغان تار كوچىغىچە ئەكېلىپ قويغانىدى. لېكىن، ئۇ دوستلىرىنى «خوش ئەمىسە» دەپ ئۇزىتىپ تۇرۇشى توساللا تەرەپتىن كېلىۋاتقان ماشىنا چىرىغىنىڭ ئۆتكۈر يورۇقىدا تامغا يۆلىنىپ ياتقان ھېكمەتنى كۆرۈپ قالغانىدى.

ماھىنۇر كىيىملەرنى يۇيۇپ ئېسىۋەتكەندە، جوزا سائىتىنىڭ ئىستىرېلكىسى بىر يېرىمنى كۆرسىتىپ تۇراتتى. ئۇ چىراغنى ئۆچۈرۈپ يېشىنىپ ياتتى، كارىۋات بىر كىشىلىك بولغاچ-

قا ئۇ ئۆزىنى قاچۇرۇپمۇ ياتالمىدى ھەم كۆزىگە زادىلا ئۇيقۇ
كەلمىدى. ئۇنىڭ يۈرىكى ئۆزىگە ئاڭلانغۇدەك ئۇراتتى، نەپسى
قىسىلىپ ھاسىرايتتى، ئۆزىنى ياخشى كۆرۈپ ئىنتىلگەن،
مەھكەم قۇچاقلىشىنى، سۆيۈشىنى، باغرىغا چىڭ تېڭىشىنى
ئارزۇ قىلغان يىگىت ئۇنىڭ قوينىدا ياتاتتى ... لېكىن بەخت
مانا مۇشۇنداق پۈتۈن ئۇنچە چىشلىرىنى كۆرسىتىپ كۈلۈۋاتقان-
دا، ئۇ نېمە ئۈچۈندۇر قورقتى، ئەندىكتى، تولغان يېرىم
يالىڭاچ بەدىنىنى ئاستا تارتتى. بىراق، ھېكمەت
مەستلىك كەتمىگەن غارالڭ - غۇرۇڭ ئاۋازى بىلەن:
«زىبا ... زىبا ... مېنىڭ زىبارىم ...» دېدى - دە، ماھىنۇرنىڭ
نېپىز ھەم سىلىق يىپەك رۇباشكىسى ئۈستىدىن بەللىرىنى
قامالىلىدى ...
ھېكمەت ئەتىگەندە ئويغانغاندا ݣارىۋاتتا ئىچ كىيىمى بىلەنلا
ياتاتتى. پاكىز يۇيۇنغان ماھىنۇر دېرىزە ئالدىدا ھۆل چېچىنى
تاراۋاتاتتى.
— بۇ نېمە ئىش، مەن قانداق قىلىپ... — ھېكمەت
ئالاق-جالاق ئەتراپىغا قاراپ ئېسىقلىق كىيىملىرىنى كۆردى، —
ماھىنۇر بۇ ...
— سۇ ئىسسىتىپ قازناقتا ئەكىرىپ قويدۇم، كىرىپ يۇيۇنۇۋېلىڭ، ئۇنىڭغىچە كىيىملىرىڭىزگە
دەزمال سىلىپ بېرىمەن.
ماھىنۇر ھېكمەتكە قىيپاش قاراپ شۇنداق تاتلىق كۈلۈم-
سىرىدىكى، ھاياتىدا ئۇ ھېچكىمگە بۇنداق چوڭقۇر مەنا، شېرىن
قىيامىغا تولغان جىلمىيىشىنى ھەدىيە قىلمىغانىدى. بۇ يۈرەك-
تىن تەبئىي ئۇرغۇپ چىققان ھەقىقىي بەخت كۈلكىسى ئىدى.
ئەمما، ئۇنىڭ كۆڭلىنى دوغ سۇدەك خىرە قىلىپ تۇرغىنى
ھېكمەتنىڭ ئۇنى قۇچاقلىغان، سۆيگەن، بېلىقتەك سىلىق
بەدەنلىرىنى سىلاپ تۇرۇپ «گۈلزىبا ... گۈلزىبا ... مېنىڭ

زىبارىم ...» دېگەن سۆزلىرى بولدى. بۇنىڭغا قارىغاندا ئۇ ماھىنۇرنىڭ كۆڭۈل بوستانىدىن گۈل ئۈزمەي، بەلكىم گۈلزا-بانىڭ جەننىتى ئېرەم باغلىرىنى ھىدلىغان ...

ماھىنۇر كىيىملەرگە دەزمال سېلىپ بولۇپ، قازناققا سۇ-نۇپ بەردى. ئۇ، ئەتىگەن تۇرغاندىلا ئۆي ئالدىدىكى كۆچمە مەشكە ئوت يېقىۋەتكەنىدى. شۇڭا، كۆكتاتلارنى ئادالاپ، ئىككى توخۇمنى چېقىپ، تەييار چۆپ بىلەنلا سۇيۇقئاش قىلدى. چۈش-كى، ماھىنۇر ھاراقكەشلەرنىڭ ئەتىسى ئاچچىق - چۈچۈك سۇ-يۇقئاشتىن باشقا نەرسىگە كۆڭلى تارتمايدىغانلىقىنى ئاڭلىغان-دى. ئۇ تاماقنى ئېلىپ كىرگەندە، پاكىز يۇيۇنۇپ، رەتلىك كىيىنگەن ھېكمەت ئۈستەل ئالدىدىكى ئورۇندۇقتا خىيال سۈ-رۇپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى شۇنچىلىك ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن ئىدىكى، قارىچۇقلىرى خۇددى ئازگالغا چۈشۈپ كەتكەن قارا مارجاندەك پىلدىرلايتتى.

— ماھىنۇر، نېمىنىڭ بولسا ئېلىڭا، نان چىلاپ يېمىسەم تويمايدىغاندەك قىلىمەن، — ھېكمەت تۈزۈت قىلىپ ئولتۇر-مىدى، — مەن ئۆلۈشكۈن كەچ گۆشخانىدا تاماق يېگەنچە ...

— ئەمىسە تۈنۈگۈن ئاچ قورساق ھاراق ئىچىپسىز - دە، ئۇنچىۋالا قىلىپ نېمە كەپتۇ؟ بولدى، دېمىسىڭىزمۇ بىلدىم، تايىنلىق مەھبۇبە يەنە بىرەر قارا يۈزلۈك قىلغاندۇ؟

— خۇداھەققى ئۇنىڭ ئىسمىنى ئاتىمىسىڭىز، ئاڭلىغىم يوق!

— ئېسىڭىزدىدۇ، ئاشۇ بىر يىلى دادام بىلەن ئانامنى يوقلاپ كىرگىنىڭىز، — ماھىنۇر ھېكمەتنىڭ ئۇدۇلىدا ئول-تۇردى، — شۇ ئىشنى مەھبۇبەگە دەپ بېرىشىمگە يول ئۇس-تىدىلا مېنى: «ئاقچى - كۆكچى» دەپ ئاغزىنى بۇزۇپ تىللاپلا كەتتى. ئاچچىقىمدا مەنمۇ «ئېرىڭنى بىر كېچە قوچاقلاپ يات-تىم، قانداق قىلاتتىڭ چىدا، چىدىمىساڭ ئۆلۈۋال. ئەردېگەن بارغۇ، بوسۇغىنىڭ ئىچىدە سېنىڭ، ئاتلاپ چىقىپ كەتسە خەق-

ـنىڭ، سەن ئاسماندىن چۈشكەن كۆك مۈنچاق ئەمەس» دەپ تويغۇزۇپ قويدۇم ...

— سىزمۇزە بولمىغان ئىشنى دەپ نېمە قىلىسىز؟ — ھېكمەت سۈيۈقئاش ئىچىپ تەرلەپ كەتكەنىدى، — سىزنىڭ ئاشۇ بىرنەچچە ئېغىز ئۆسەك گېپىڭىز تۈپەيلىدىن قىزىمنى كۆرسەتمىگىلى نەچچە يىل بولۇپ كەتتى، بىلەمسىز؟ تۈنۈگۈن ئۇ سىزدىن ئالالمىغان ئاچچىقىنى مەندىن ئېلىپ، ئىككى كۈن‑ نىڭ ئالدىدا بار ئۈچقۇنئايىنى لوپقا ئاپىرىۋېتىپتۇ، ئاندىن ماي بوياق رەسىمىمنى كۆيدۈرۈپتۇ.

— ئاڭسىز ... ئاشۇنداق قىلىپ ئەركىشىنى بوي ئەگدۈر‑ گىنى بولامدا؟ ئەكسىچە ئۆزىدىن يىراقلاشتۇرىدۇ .

— ھەي، ماھىنۇر، تۈنۈگۈن مەن بۇ يەرگە قانداق كېلىپ قالدىم، ھېچ نەرسىنى ئاڭقىرالمىدىم ...

ماھىنۇرنىڭ سۆزلەپ بەرگەنلىرىنى ئاڭلاپ، ھېكمەتنىڭ بېشى چۈشۈپ كەتتى. ئۇ كېچىدىكى ئىشلارنىمۇ يادىغا ئالالمى‑ دى، لېكىن ئۆزىنىڭ تۈنجى قېتىم ئىرادىسىگە خىلاپ ئىش قىلىپ قويغانلىقىنى ھېس قىلدى.

— مەنغۇ ئۆزۈمنى بىلمىگۈدەك مەستكەنمەن، — دېدى ھېكمەت ئىككىنچى قېتىم كەلگەن سۈيۈقئاشقا ئاچقسۇ قۇيد - ۋېتىپ، — لېكىن، سىز ساق تۇرسىڭىز ...

— نېمە، پۇشايمان قىلىۋاتامسىز؟ — ماھىنۇرنىڭ كۆڭلى ئەدەپ يېگەندەك يۈزى قىزىرىپ كەتتى، — مەن تېخى كېچىچە دېگەن گەپلىرىڭىزنى يۈزىڭىزگە سالغۇدەكبولمىدىم.

— مەن نېمە دەپتىمەن؟

— «ئۇنداق ياخشى كۆرۈمەن، مۇنداق سۆيىمەن جېنىم» دەپ يۈز ـ يۈيۈنلىرىمنى شالتاق قىلىۋەتتىڭىز يا ئاغزىڭىز جىم تۇرمىغان، يا قولىڭىز ... — ماھىنۇر ھۆپپىدە قىزىرىپ، دەرھال يەرگە قارىۋالدى، — پۇھۇي سىز نېمە دېگەن ھېسسى‑

ياتلىق ئادەم! ...

— بولدى، بولدى، — ھېكمەت بويۇنلىرىغىچە قىزىرىپ كەتتى، — مەستلىكتە دەپ سالغان بولسام مېنى كەچۈرۈڭ، ئەمدى بۇنداق ئىشنىڭ تەكرارلانماسلىقىغا قەتئىي كاپالەتلىك قىلىمەن.

— مەن سىزنى ئەيىبلىگىنىم يوققۇ ...

— بولدى، شۇ گەپلەرنىڭ ئۆزى يېتەرلىك، ئۆمرۈمدە قاملاشمىغان بىرسەتچىلىكنى قىلدىم...

ھېكمەت بۇ ئۆيدىن چىقىپ كەتسىلا ھەممە ئىشلار ئارقىدا قىلىپ، ئۇنتۇلىدىغاندەك دەرھال ئورنىدىن تۇردى. ئۇ تېگىشلىك رەھمىتىنى ئېيتىپ ئىشىك ئالدىغا چىقىشى، ئارقىدىن چىققان ماھىنۇر ئۇنىڭ قولىغا بىر تۇرتەك پۇلنى تۇتقۇزدى. بۇ پۇللار ھېكمەتنىڭ يادىدىن پۈتۈنلەي كۆتۈرۈلۈپ كەتكەنىدى.

— شۇنچە نۇرغۇن پۇلنى يانچۇقىا سېلىپ، كوچىلاردا مەست ئەلەس يۈرگىنىڭىزنى قاراڭ. ھېلىمۇئاي قاراڭغۇسى بولغاچقا بىرەر تونۇشلارغاچېلىقىپقالماپسىز، — ماھىنۇر بىر چىرايلىقدۇمسايدى، — كېچىدە بىرەركىمنى بۇلىمىغانسىز؟

— سىزگە دېمەپتىمەن، ھازىر مەن تولۇق ئەسلىگە كەلدىم، تۇتۇۋالغان پۇللىرىمنىڭ ھەممىسىنى قايتۇرۇپ بەردى. قانداق، سىزگە پۇل لازىممۇ؟ — ھېكمەت يانچۇقىغا قول سېلىشى ماھىنۇر قەتئىي رەت قىلدى.

— ئەگەر ماڭا شۇنچىلىك مېھىر ـ شەپقەتلىرىڭىز يېغىپ كەتكەن بولسا، شەھەرگە كىرگەنلىرىڭىزدە ئۇنتۇپ قالمىسىڭىزلا بولدى، — دېدى ماھىنۇر ئەدەپ بىلەن ئۆزد ـ تىۋېتىپ، — لوپتىن قاچان قايتىپ كىلىسىز؟

— بىلمەيمەن، ئەگەر بۇگۈنلا قىزىمنى تاپالىسام، لوپتىنلا كېرىيىگە ماڭىمەن. نەبى بىلەن كۆرۈشمىگىلى تۆت يېرىم يىل بولۇپ قاپتۇ، — ھېكمەت ماھىنۇرنىڭ مەنالار خەزىنىسى

بولغان كۆزلىرىگە ئۇزۇن قاراپ كېتىپ، قو-
لىنى سىلىكىدى، — ۋاي بولدىلا، بۇمۇ تەقدىرنىڭ ئويۇن-
لىرى ئوخشايدۇ.

— توغرا جاۋابقا يېقىنلاشتىڭىز، بىراق تاپالمىدىڭىز، — دېدى ماھىنۇر ھۆپپىدە قىزىرىپ، — بۇ تەقدىرنىڭ ئويۇنلىرى ئەمەس، بەلكى ئۇرۇنلاشتۇرۇشى!

— ئېھتىمال شۇنداقتۇ!

ھېكمەت بېكەتتىن بېلەت ئېلىپ، چۈشكە قالماي لوپقا يېتىپ باردى. ئۇ كۆڭلىدە «بۈگۈن بايرام بولغاندىن كېيىن، مەھبۇبە چوقۇم تاغىسىنىڭ ئۆيىدە» دەپ ئويلىدى - دە، ئۆس-تەڭ بويىدا توپا - چاڭلارنى قېقىشتۇرۇپ، قول - يۈزلىرىنى يۇيۇۋالغاندىن كېيىن، بىر چاغلاردا مەھبۇبە ئىككىسى ماڭغان تار كوچىلاردىن ئالدىراپ مېڭىپ كەتتى، ئۇ چاغدىكى بۈك سايە تاشلاپ تۇرغان دەرەخلەر سارغىيىپ، سېرىق تون كىيگەن بو-لۇپ زەپىران ياپراقلار يوللارنى قاپلاپ ئۇچۇپ يۈرەتتى. بۇلدۇق-لاپ ئېقىپ تۇرغان ئېرىقلاردىكى سۇلارمۇ تارتىلىپ، ئۇي سۈي-دۈكمىدەك ئاجىز ئېقىن كۆۋرۈكلەر ئاستىغا شىرقىراپ چۈش-مەكتە ئىدى. ھېكمەت قۇشقاناتلىق يېشىل دەرۋازا ئالدىدا توخ-تاپ، بىردەم دېمىنى ئېلىۋالغاندىن كېيىن ھويلىغا ئۇسۇپلا كىردى. غاپپارنىڭ ئايالى چۈنەكلەردىكى قۇرۇغان گۈل شادىلى-رىنى يۇلۇپ بىر يەرگە دۆۋىلەۋاتاتتى. ئۇ ھېكمەتنى كۆرۈپ ھودۇقفاندەك بولدى - دە، بېلىنى رۇسلاپ: «ئۆيگە كىرىڭ» دەپ قويدى. ئاندىن باللارنىڭ ئويناپ چىقىپ كەتكەنلىكى، غاپپارنىڭ سودىلىق ئۈچۈن بازارغا كەتكەنلىكىنى ئېيتتى. ئۇ-نىڭ سۆز ئورانىدىن: «مەھبۇبە قىزى بىلەن بۇ يەردە ئەمەس» دېگەن مەنا چىقىپ تۇراتتى. ھېكمەت ئۇلارنىڭ تۇغقانلىرىنىڭ نەدە تۇرىدىغانلىقىنى سۈرۈشتۈرمەكچى بولدىيۇ، «ئۇركۇتۇپ» قويۇشتىن ئەنسىرەپ ئۇندىمىدى. ئايالمۇ ئۇنى چىڭ تۇتمىدى.

ھېكمەت قولۇم ـ قوشنىلاردىن ئىنىقلىماقچى بولۇپ كوچىغا چىقتى. ئۇ بىر دوقمۇشتىن ئايلىنىپ ئۆتۈشى ئۇن ئىككى ـ ئون ئۈچ ياشلاردىكى ئىككى بالا ئاستىغا بېسىۋالغان بىر كىچىك بالىنى ھەدەپ ئۇرۇۋاتاتتى. ھېكمەت بىرلا ۋارقىرىۋىدى. ھېلىقى بالىلار قېچىپ كەتتى. تاياق يېگەن بالا يەردە ئولتۇرۇپ بۇرنىدىكى قاننى قولىنىڭ ئارقىسىدا سۈرتتى. ھېكمەت ئۇنى يۆلەپ تۇرغۇزدى. يېشىل كانىۋا بېسىلغان ئاق چۈنچەن كۆڭلەك، قارا شىم، پورەڭ بېتىنىكىسى يارىشىپ كەتكەن بۇ بالىنىڭ تال ـ تالپارقىراپ تۇرغان قارا يۇمران قاشلىرى، تۆكۈلۈپ تۇرغان كىرپىكلىرى، خۇددى ئاق خەسىگە تۆكۈلگەن قارا سىياھتەك مەسۇم يۈزىنى ئىچىپ تۇراتتى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ قوڭۇر چاچلىرى قۇلاق تۈۋىدىن تارتىپ قويۇق بۇدۇر ئىدى.

ــ ئېتىڭ نېمە؟ ، ــ سورىدى ھېكمەت بالىغا ئامراقلىقى كېلىپ.

ــ ئەنۋەر.

ــ نەچچە ياشقا كىردىڭ؟

ــ ئون ياشقا.

ــ ئۇ بالىلار سېنى نېمىشقا ئۇرۇدۇ؟

ــ سىنىپىمىزدا دادىسى ئۆلۈپ كەتكەن بىر توكۇر بالا بار ئىدى، ــ دېدى ئەنۋەر چوڭقۇلداپ، ــ مەن ئۇنىڭغا بايراملىق ئىككى دەپتەر، بىر قەلەم سوۋغا قىلسام ئۇلار بىزگە نېمىشقا بەرمەيسەن، دەپ ئۇردى.

ــ سەن ئۇلاردىن قورقتۇڭما؟

ــ ئۇلار دېگەن مەندىن چوڭ تۇرسا ...

ــ ھەي ئەخمەق، مەندە بىرئۇسۇل بار، ئەگەر شۇنى ئۆگىنىۋالساڭ، ئۇلار ساڭا ھەرگىز چېقىلالمايدۇ.

ــ قېنى دەپ بېرىڭا، ــ ئەنۋەرنىڭ چىرايلىق كۆزلىرى

ئويناپ كەتتى، — مەن سىزگە دادام ئېلىپ بەرگەن مۇنۇ قەلەمنى بېرىمەن، راست دېدىم.

— قەلىمىڭنى ئۆزۈڭ تۇت، مېنىڭ بىرلا سوئالىمغا جاۋاب بەرسەڭ بولىدى.

— قېنى دەڭ.

ھېكمەت غاپپارنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ ئۆيىنىڭ نەدە- لىكىنى سورىغاندا، ئەنۋەر تېڭىرقاپ تۇرۇپ كەتتى - دە، دادىسى بىلەن ئانىسىنىڭ بىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ ھېكمەتنى ئۆيىگە باشلىدى. ئۇ يولدا كېتىۋېتىپ: «ئەگەر سىز دېگەن ئىشنى ئۆگىنىۋالسام، ئۇلار مەندىن راستلا قورقامدا؟» دەپ قويىدى. ھېكمەت ئالدىدا بىر تۇپ قېرى ئۈجمە دەرىخى بار چوڭ دەرۋازا ئالدىغا كەلگەندە، ئەتراپىغا سىنچىلاپ قاراپ 67 - يىلى ماي ئايلىرىدىكى بىر ئىشنى ئەسلىدى. ئۇ چاغدا قارا ماتېرىيال- لار كۆيدۈرۈلگەن سورۇندا ھوشىدىن كەتكەن غوپپۇر نىياز دېگەن ئادەمنى كۆتۈرۈپ، مۇشۇ قورۇغا ئېلىپ كىرگەنىدى. ئەھۋال- دىن قارىغاندا «دادا» دەپ يىغلىغان كىچىك بالا مۇشۇ ئەنۋەر ئىكەن - دە ...

ئەنۋەر ھېكمەتنىڭ قولىدىن تۇتۇپ ھويلىدىنلا: «دادا، ئانا» دەپ ۋارقىرىغىنىچە ئۆيىگە يۈگۈرۈپ كىردى. يەتمىش ياشلارغا كىرىپ قالغان ئاپئاق ساقال غوپپۇر نىياز كۆز ئەينەك تاقاپ گېزىت كۆرۈۋاتاتتى. ئېرىدىن بەكرەك قېرىپ، مۈكچە- يىپ قالغان مومايمۇ كۆز ئەينەك بىلەن پوپايكا توقۇۋاتاتتى. ئۇلار نەۋرىسى باشلاپ كىرگەن مېھماننىڭ سالىمىنى ئېلىك ئېلىپ، ئىللىق چىراي بىلەن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى.

— دادا، ئانا — دېدى ئەنۋەر خۇشاللىق بىلەن، — باللار مېنى بوزەك قىلىپ ئۇرغانىدى، مۇشۇ ئاكاش مېنى قۇتقۇزۇۋالدى. ئۇ ماڭا، يامان باللارنى قورقۇتىدىغان بىر ئىشنى ئۆگىتىپ قويماقچى.

— قېنى يۇقىرى چىقسىلا، — دېدى موماي تۆردىكى كۆرپىنى كۆرسىتىپ، — بۇ بالا بەكمۇ ياۋاش، ئۇمۇلاقمان باللاردىن تاياق يەپ، ئۇ يەر - بۇيېرىنى قانىتىپ، كۆكەرتىپلا يۈرگەن …

— ئانىسى، چاي قىلىڭلار، — غوپۇر نىياز سەل دۇمـ-چىيىپ قالغانىدى، — ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇ ئارزۇلۇقىمىز بەكمۇ كۆڭۈلچەك، باغرى يۇمشاق دېسىلە. يولدا كېتىۋاتقان ئابدال بولامدۇ، سوغۇقتا تىترەپ قالغان يىلىك - يۇپۇڭ باللار بولامـ-دۇ، ئىككى يېنىغا قارىمايلا بىرەمىسىنى بېرىۋېتىدۇ. ئاتا - ئانام تىللا، دېگەننى زادى ئويلىمايدۇ، ئانىسى ئاچچىقلىسا مىدـ-چىلداپ پوتلا - مىشقىنى ئېقىتىپ ئولتۇرغان …

— باللىرىدىن خۇش بولسىلا بولغۇدەك، — دېدى ھېكمەت ئۆزىنىڭ باللىقىنى ئېسىگە ئېلىپ، — خۇدايىم كۆڭلىگە ئىنساب، ئىمان، دىيانەت بېرىپتۇ، مەنمۇ كىچىك ۋاقىتلىرىمدا شۇنداق بولىدىغان.

داستىخان سېلىنىپ چاي كەلدى. ئۇلار «ئالسىلا، باقسىـ-لا» دېيىشىپ چايغا تۇتۇندى. غوپۇر نىياز مېھماننى تونۇغاندەك قىلدىمۇ ياكى نېمە ۋەجىدىن كەلگەنلىكىگە قىزىقىۋاتامدۇ، ئىش قىلىپ پات - پات سىنچىلاپ قاراپ قوياتتى. ئەنۋەر ھېكمەتنى «چاپسان بولۇڭ» دېگەندەك بېقىنداپتتى، ھېكمەت كۆڭلىگە پۈككەن ھەممە مەقسەت - نىشانىنى ئالدىرىماي بايان قىلدى. تارغا پۈتىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇرغا موماي گىلەمنىڭ يېپىنى تاتىلاپ قانداقتۇر خىيالغا كەتكەنىدى؛ غوپۇر نىياز بولسا «ھە، مۇنداق دېسىلە»، «شۇنداقمۇ يۇزىسىزلىك قىپتا»، «توۋا، توـ-ۋا» دەپ قوشۇق سېلىپ قوياتتى.

— قىزلىرنى تولا يىراققا ئېلىپ كەتمەيدۇ، — دېدى غوپۇر نىياز چەمەك قولىدا پېشانىسىنى تاتىلاپ قويۇپ، — مەنچە غاپپار ئەپەندىمنىڭ سىڭلىسى نۇرسىمان خانىمنىڭ ئۆيىدە

بولسا كېرەك.

— ئارىلىقى خېلى بارمۇ؟ — ئالدىراپ سورىدى ھېكمەت.

— ياقەي، بازاردىن چىقىپ سول تەرەپتىكى ئۆستەڭ بار كوچىغا قايرىلىپلا سورىسىلا ھەركىم دەپ بېرىدۇ.

— مەن بىلمەن، — دېدى ئەنۋەر، — بىز بازار بويىلىق بالىلارنى يىققاندا بارغان، سىز ئاۋۋال «ھېلىقىنى» ئۆگىنىپ قويۇڭ، ئاندىن سىزنى باشلاپ ئاپىراي.

— غوپۇركا، سىلى مېنى تونۇمىدىلىغۇ دەيمەن، — دېدى ھېكمەت كۈلۈپ، — ھېلىقى قالايمىقان يىللىرى سىلىنى يۇدۇپ ئەكىرگەن ھېكمەت مەن ئەمەسمۇ.

— نېمە؟!

بوۋاي بىلەن موماي يالىتتىدە بىر-بىرىگە تەئەججۇپ ئىچىدە قاراشتى. ئۇلارنىڭ چىرايلىرىنىڭ تاتىرىپ، ئۆمسۈرۈن بولۇشىنى «ھاياجان» دىن، دەپ چۈشەنگەن ھېكمەت سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— ئۆمرۈمدە بالا كويىدا پىشىپ - ئۆرتىلىپ ئۆتىدىغان چىغىم بار. ئەزىمەتنى گۈلرۇز سېتىۋەتكەندە تارتىمىغان كۈنۈم قالمىدى، ئاخىرى مىنبەگلار مېنى ئەندىر دەرياسى بويىدىن قولۇمىنى باغلاپ، ئاتلارنىڭ ئالدىدا يۈگۈرتۈپ يالاپ ئېلىپ كەلدى، ئۇ چاغدا بىر مەزگىل ئېلىشىپ قىلىپ ساقايدىم. مانا ئەمدى قىزىم ئۇچقۇنئايىدى ئۈچ يىلدىن بېرى كۆرەلمەيۋاتىمەن.

ھېكمەت ئەزىمەت يوقالغاندىن كېيىن گۈلزىبانىڭ ئانىسىنىڭ قانداق ئۆلگەنلىكى، نەبىنىڭ ئىككى يىل سەرسان بولۇپ، ئادەم تونۇغۇسىز ھالدا قايتىپ كەلگەنلىكى، بۇ قىساسنى كۆڭلىگە پۈككەن نەبى ئاچىسى گۈلرۇزنى ئېتىۋېتىپ، ھازىر تۈرمە ئازابىنى تارتىۋاتقانلىقىنى سۆزلەپ بەرگەندە، ئىككىكى مەيدىسىگە تېرىلىپ، بېشى توختىماي گىلدىڭلاۋاتقان بوۋاينىڭ يۇمۇلغان

كۆزلىرىدىن سىرغىپ چۈشكەن ياش تامچىلىرى ئاپئاق ساقىلىنى
بويلاپ تۆكۈلمەكتە ئىدى.
— گۈلزىبا جان سەكراتىدا ئوغلىنى نەبىگە تاپشۇرغاند-
ىدى: نەبىمۇ: «ئەزىمەتنى بىر كىمگە خار قىلدۇرسام، ئادەم
بولماي كېتەي» دەپ قەسەم ئىچكەنىدى، شۇڭا ۋىجدان ئازابىغا
چىدىماي قاتىللىق قىلدى. قىسقىسى، بىر ئائىلە ئادەملىرى
ئەزىمەت تۈپەيلىدىن ئۆلگىنى ئۆلۈپ، تۈرمىگە كىرگىنى كىر-
ىپ، پۈتۈنلەي ۋەيران بولۇپ تۈگىدى. مەھبۇبە بىلەن بولغان
جېدەلمۇ تېگى - تەكتىنى سۈرۈشتۈرگەندە، بايا دېگىنىمدەك
يەنىلا ئەزىمەتكە بېرىپ تاقىلىدۇ. ئەزىمەتنى مەندىن ئايرىۋەتكەن
ئاشۇ ئادەملەر، ئىنسان بالىسىنى ھايۋان ئورنىدا سېتىۋېلىشنىڭ
قانچىلىك رەزىل، مۇناپىقلىق ئىكەنلىكىنى بىلىشمەمدىغاندۇر!
خۇدا ئۇلارغا، ئاتا - بالا ئوتتۇرىسىدىكى مېھىر - مۇھەببەتنىڭ
قانداق بولىدىغانلىقىنى ئۆز كارامىتى بىلەن كۆزىگە كۆرسىتى-
دۇ. تېخى ...
— بولدى، سۆزلىمىسىلە ... — دېدى غوپۇر بوۋاي قولى-
نى كۆتۈرۈپ، — يۈرەكلىرىم لەختە - لەختە قان بولۇپ
كەتتى. ئاھ، ئازغۇن بەندە، ئازماس خۇدا، ئاشۇ ئاسىي بەندىلى-
رىڭنىڭ گۇناھىنى مەغپىرەت قىل، پۇشايمانىغا پۈتكەن قىس-
مەت - كۆرمىشلىرىنى ئاسان قىل!
— سىلىگە رەھمەت، قېنى دۇئا قىلىپ بەرسىلە.
دۇئادىن كېيىن ھېكمەت بىلەن تەڭ ئەنۋەرمۇ ئورنىدىن
تۇردى.
— دادا، — ئەنۋەر ھېكمەتنىڭ قولىنى تۇتۇ -
ۋالغانىدى، — ئاكاش مېھمانخانىدا ماڭا «بالىلارغا بوزەك بول-
مايدىغان ھۈنەرنى» ئۆگىتىپ قويسۇنمۇ؟
— ۋاي جىنىم بالام، بولمايدۇ، — دېدى موماي نېمىدىندۇر
ئەنسىرەپ، — ئاكاش قىزىنى تېپىش ئۈچۈن ئالدىراۋاتسا.

— بولدى قىلىڭلار مەزلۇم، — غوپۇر بوۋاي ئون يىل كېسەل تارتقاندەك بولۇپ قالغانىدى، — بالىنىڭ تەۋۇنى چەكـ ـمەڭلار، ئۆگەنسە ئۆگەنمەمدۇ ...

ئەنۋەر ھېكمەتنى كەڭ سۇپىلىق مېھمانخانىغا باشلاپ كىـ ـرىپ، سۇپا قىرىدا ئولتۇردى - دە «قېنى ئەمسە ئۆگىتىڭ» دېدى. ھېكمەت بۇ ھۈنەرنى ئۆگەتكەن ئادەمنىڭ قورقماس، جۈرئەتلىك ھەم قارام بولۇشىنى ئەسكەرتىپ ئۆتكەندىن كېيىن، ئەنۋەرنىڭ ئىككى مۈرىسىدىن كاپلا تۇتۇپ ئارقىغا ئىتتىردى. بالا ئارقىغا سەنتۈرۈلۈپ يىقىلىپ كەتمەسلىك ئۈچۈن بار كۈچى بىلەن ئالدىغا ئىنتىلدى.

— نېمىشقا ئالدىغا ئىنتىلىسەن؟ . — دېدى ھېكمەت، — يىقىلىپ كەتمەسلىك ئۈچۈنما؟

— ھەئە شۇنداق.

— ھەببەللى، سېنى بوزەك قىلغان بالىنىڭ ئىككى مۈرىـ ـسىدىن تۇتۇپ ئارقىغا ئىتتەر، ئۇ يىقىلىپ كېتىشىدىن قورقۇپ ئالدىغا ئىنتىلىدۇ، شۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۇنى ئالدىڭغا تارتىسەن - دە، مانا مۇشۇنداق باش بىلەن ئۇرىسەن.

ھېكمەت بىر - ئىككى قېتىم كۆرسىتىپ بەرگەندىن كېـ ـيىن، ئەنۋەرگە بىر ياستۇق ئەكەلدۈرۈپ ئۆزى ئىككى قولى بىلەن مۇجۇغداپ كۆتۈردى.

— ئەمدى سەن مېنىڭ ئىككى بىلىكىمدىن تۇتۇپ ئارقىغا ئىتتەر، ئاندىن ئالدىغا تارتىپ ياستۇققا باش بىلەن ئۇس.

ئەنۋەر بىرنەچچە قېتىم مەشىق قىلىپ، ئۆزىمۇ قىزىقىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بۇ ھەرىكەتنى ئارقا - ئارقىدىن داۋامـ ـلاشتۇرۇپ كۆلۈپ كەتتى.

— بۇنداق ئۇسسەم بۇرنى قاناپ كېتەر - ھە؟

— قانايدۇ، باشقىلارنى بىھۇدە بوزەك قىلغان ئادەمنى شۇنداق قىلىش كېرەك. قانىنى كۆرگەن باشقا بالىلار ساڭا

ھەرگىز چىقىلالمايدۇ، سەن قاپقىڭنى تۇرۇپ، ئۆزۈڭنى تۇتۇ-
ۋالغان ھالدا ئەتراپىڭغا قارايسەن، ھەرىكىتىڭ ئىنتايىن تېز
بولۇشى كېرەك، ئۇقتۇڭمۇ؟ ئەمىسە ئۆگىنىپ بولغان بولساڭ،
مېنى نۇرسىمان خانىمنىڭ ئۆيىگە باشلاپ بار، بولامدۇ؟

— يۈرۈڭ.

ئەنۋەر ھېكمەتنى باشلاپ چىقىپ كېتىۋاتقاندا، بوۋاي بىلەن موماي بوسۇغىدا قاراپ قېلىشتى. «ھۈنەر» نى ئۆگىنىپ بىر-دىنلا غەيرەتلىك بولۇپ كەتكەن بالا پات - پاتلا ھېكمەتنىڭ چىرايىغا مېھرى بىلەن قاراپ قوياتتى.

— ئاكا، سىز بۇنداق قىلىشنى كىمدىن ئۆگەنگەن؟

— مەن كىچىك چاغلىرىمدا، سېنىڭدىن بەتتەر قۇرقۇن-چاق . ئىدىم، — دېدى ھېكمەت كۈلۈپ، — بالىلار ھەدېسە بوزەك قىلىپ ئۇراتتى، ئوقۇش قوراللىرىمنى تارتىۋالاتتى. ئاغزى - بۇرنۇم قاناپ كەتسە يۇيۇپ - پاكىزلەپ ئۆيگە كىرەت-تىم. ئاخىرى مەھەللىمىزدىكى ھاجەكپەر دېگەن ئاغىنەم مۇ-شۇنداق باش ئۇرۇشنى ئۆگىتىپ قويدى. مەن بىر - ئىككى قېتىم بالىلارنىڭ بۇرنىنى قانىتىپ قويغاندىم، كېيىن ھېچكىم ماڭا چېقىلالمىدى، ھەتتا ئۇلار ماڭا: «ئاغىنە بولايلى، نېمە تاپساق تەڭ يەيلى» دەپ يالۋۇردى.

ئەنۋەر كۈلۈپ كەتتى. بۇ ئاق يۈزلۈك، قارا قاشلىق، بۇدۇر چاچ بالا نېمە ئۈچۈندۇر ھېكمەتنىڭ كۆزىگە ئىسسىق كۆرۈنۈپ، مېھرى چۈشۈپ قېلىۋاتاتتى. ئەنۋەرمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىردەمدىلا ئېچەكىشىپ، ھېكمەت گويا قېچىپ كېتىدىغاندەك قولىنى چىڭ تۇتۇۋالغانىدى.

— ئاكا، سىز قىزىڭىزنى تاپسىڭىز قايتىپ كېتەمسىز، ئەمدى لوپقا كەلمەمسىز؟

— پۇرسەت بولسىلا كېلىمەن، لېكىن بۈگۈن قىزىمنى كۆرۈپ بولۇپ، كېرىيە ئۆزگەرتىش مەيدانىغا بارمىسام

بولمايدۇ.

— ئوغلىڭىز ئەزىمەتنى دەپ ئاچىسىنى ئېتىۋەتكەن نەبىنى كۆرگىلى بارامسىز؟

— شۇنداق.

— نەبى ئاكام ئەزىمەتكە شۇنچىلىك ئامراقمىدى؟

— ئۇنىڭ ئامراقلىقىنى بىر ئېغىز سۆز بىلەن چۈشەندۈرمەك تەس.

ھېكمەت ئۆزىگە مۇلايىم قارا كۆزلىرىنى تىكىپ قاراپ كېلىۋاتقان ئەنۋەرگە، نەبى ھەم ئەزىمەت ھەققىدە قىسقا، ئەمما تەسىرلىك قىلىپ سۆزلەپ بەردى. نەبىنىڭ بۆشۈكنى قۇچاقلاپ ئۇخلاپ قېلىشى، تۆگە تايلاق بولۇۋالغان ئەزىمەتنىڭ ناننى چىشلەپ ئاكىسىنىڭ ئاغزىغا سېلىشى، تۇتقۇنلارنى ئېلىپ ماڭغاندا تەرلەپ كەتكەن نەبىنىڭ ئۇكىسىغا دادىسىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن يول بويى يۈگۈرۈگەنلىكى ··· نى ئاڭلىغان ئەنۋەرنىڭ كۆزلىرىدىن ئۈششاق ياش تامچىلىرى سىرغىپ چۈشتى.

— يىغلاۋاتىسەنغۇ، يىغلىما، — ھېكمەت قول ياغلىقىدا بالىنىڭ كۆزلىرىنى سۈرتتى، — سېنىڭ باغرىڭ ئېمىدېگەن يۇمشاق.

— ئەزىمەتنىڭئانىسىگۈلزىبا ئاچام نېمە بولۇپ ئۆلۈپقالغان؟

— ئۇ، ئۆمرىدە ئادەم تەسەۋۋۇر قىلالمايدىغان ئازاب ئوقۇبەتلەرنى تارتقان، شۇڭا تۇغۇتىدا كەتكەن.

— ئاكا، كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلماڭ، بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى ئەزىمەتنى تېپىۋالىسىز، — كىچىك ئەنۋەر ھېكمەتكە تەسەللىي بېرىۋاتاتتى، — ئوغلىڭىز قولىنى ئۇزۇن سوزۇپ، مانا مۇنداق، — ئۇ ئىككى قولىنى سوزۇپ كۆرسەتتى، — خۇددى كىنولاردىكىدەك: «دادا! ···» دەپ يۈگۈرۈپ كېلىپ سىزنى قۇچاقلايدۇ. راست دەۋاتىمەن ··· چوقۇم شۇنداق بولىدۇ ···

— رەھمەت ساڭا ... خۇدايىم ئېيتقىنىڭدەك بولسۇن.

ئۇلار نۇرسىمان خانىمنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كەلگەندە ئال- تە ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان ئۇچقۇنئاي ئىشىك ئالدىدا بىر توپ قىزلار بىلەن «سوبۇ» ئويناۋاتاتتى. گەرچە ئۇ بوي تار- تىپ چوپچوڭلا بولۇپ قالغان بولسىمۇ ھېكمەت بىر قاراپلا تونۇۋالدى.

— ئۇچقۇنئاي ... قىزىم ئۇچقۇنئاي، ... — ھېكمەت زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ قوللىرىنى تۇتۇشى، قىزنىڭ كۆز- لىرى چەكچىيىپ بىر چىرقىرىدى - دە قولىنى سىلكىپ تارتىپ ھويلىغا قاچتى. ئۇ: «ئانا ... ئوغرى ...» دېگىنىچە يۈگۈرۈپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭغىچە مەھبۇبە پەلەمپەيلىك ئۆيدىن ئوقتەك ئېتىلىپ چىقتى. ئۇچقۇنئاي ئانىسىنىڭ قوچىقىغا ئۆزىنى ئې- تىپ ئۇنى چىڭ قۇچاقلاۋالدى.

— ئۇچقۇن قىزىم ... مەن ... سىزنىڭ دادىڭىز ... بېرى كېلىڭ، — ھېكمەت قولىنى سوزۇشى قىز تېخىمۇ چىرقىراپ ئانىسىنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈۋالدى.

— ئانا، ئۇنى قوغلىۋېتىڭ ... — دېدى قىز تېخىمۇ قىرقىـ ـراپ، — ئۇ... ئۇ... ھېلىقى بالىلارنى ئاپقېچىپ يەيدىغان ئوغرى...

ھېكمەت ھويلا ئوتتۇرىسىدا قاققان قوزۇقتەك تۇرۇپلا قال- دى «بۇ كىچىككىنە نارەسىدىگە، بالا يەيدىغان ئوغرى توغرۇلۇق كىم سۆزلەپ بەرگەندۇ؟» دېگەن خىيال ئۇنى دەپ ئېيتقۇسىز خورلۇق زەنجىرىدە چىرماپ قويدى. دېمىسىمۇ ھېكمەت سەللا- مىدىراپ كەتسە، قىزى تېپىچەكلەپ بار ئاۋازى بىلەن چىرقىراپ يىغلايتتى. ئەنۇەر بىردەمدىلا روھى چىقىپ كەتكەندەك بولۇپ قالغان بىچارە دادىنىڭ يىغلامسىراپ تۇرغان چىرايىنى كۆرۈپ، ئاستا ئۇچقۇنئاينىڭ قېشىغا باردى.

— ئۇ سىزنىڭ دادىڭىز تۇرسا ... يۈرۈڭ... ئاتايتەن

خوتەندىن ئىزدەپ كەپتۇ، — دېدى ئۇ قىزنىڭ قولىنى تۇ-
تۇپ، — بىكارمەن ئۇنى داداقىلىۋالىمەن، ئۇ بەك ياخشى دادا! ...

ئۇچقۇنئاي قولىنى بىرلا سىلكىپ تارتىپ تېخىمۇ قىرقى-
راپ يىغلاپ، ئەنۋەرنى «كەت ئابدال دىۋانە» دەپ تىللاپ ئىتتەر-
گىنى تۇردى. كۆزلىرىنى ياش قاپلىغان ھېكمەت مىيىقىدا
ھەسرەتلىككىنە كۈلدى.

— رەھمەت مەھبۇبە، ھەقىقىي قىياپىتىڭىزنى ئاشكارىلى-
غانلىقىڭىزغا رەھمەت، بولمىسا مەن قاچانغىچە قايمۇقۇپ يۈرەر
ئىدىم، — ھېكمەتنىڭ كۆزلىرىدىن ئىككى تامچە ياش سىي-
رىلدى، — لېكىن شۇنى بىلىپ قويۇڭ، كۆڭۈل ھۆكمى
بىلەن تىلەككە يېتىش مۇمكىن ئەمەس. ئۆز ئايالىمدىن كېلىۋات-
قان ۋاپا شۇنچىلىك ئىكەن. مەن بۈگۈن ھاياتنىڭ نەقەدەر شەپ-
قەتسىز، رەھىمسىز ئىكەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم چۈشەندىم.

مەھبۇبە بىر ئېغىز زۇۋان سۈرمەي، ئۇچقۇنئاينى قۇچاقلاپ
تۇراتتى. ھېكمەت تېلىقىپقىنا دەرۋازا تەرەپكە ماڭدى ۋە ئايرىپ
ئېلىپ قويغان مىڭ سوم پۇلنى ئەنۋەرگە تۇتقۇزۇپ «ئاچاشقا
ئاپىرىپ بەر» دېدى - دە، ئىشىكتىن چىقىپ كەتتى. ئەنۋەر
ھويلىغا تۇپلىشىپ كەتكەن بالىلارغا بىردەم قاراپ تۇرغاندىن
كېيىن پۇلنى مەھبۇبەگە بەردى، ئاندىن ئۇچقۇنئايغا قاراپ «قارا
يۈز» دەپ قويۇپ كېتىپ قالدى. ئۇ كوچىدا ھېچكىم كۆرۈنمى-
گەندىن كېيىن يۈگۈرۈپ چوڭ رەستىگە چىقتى. ئۇياق - بۇياققا
بويۇنداپ قاراپ، ھېكمەتنى تاپالمىغاندىن كېيىن «ئاكاش» دەپ
ۋارقىراي دەپ تۇرۇشى، ئۇنىڭ ئۈستەڭ بويىدا بېشىنى
ساڭگىلىتىپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ يۈگۈ-
رۈپ باردى - دە، ئۇنىڭغا سۈۋۈشۈپ دېگۈدەك ئولتۇردى.

— بولدى، خاپا بولماڭلا، — ئەنۋەر ھېكمەتنىڭ جەيند-
كىدىن تارتتى، — ئۇ قىز تېخى كىچىك تۇرسا ...

ھېكمەت يېنىدا ئولتۇرۇپ، كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرۇۋاتقان ئو-



ماق بالىغا قاراپ، دېمىغى زىڭگىدە ئېچىشتى ۋە ئۇنىڭ بۇدۇر چاچلىق بېشىنى سىلىدى. كۆڭۈل دېگەن شۇنچىلىك نەرسىدە كەن، ئەنۋەرنىڭ ئاشۇ بىر ئېغىز گېپىدىن ھېكمەت لەپپىدە يېنىكلەپ قالغاندەك بولدى ۋە ئۆزىنىڭ ماشىنا بېكىتىگە بارىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

— قارالڭ، كۈن ئولتۇراي دەپتۇ، بۇنداق چاغدا ماشىنا يوق، — دېدى ئەنۋەر ئۇنىڭدىن ئايرىلغۇسى كەلمەي، — بۈگۈن بىزنىڭكىدە قونۇپ قېلىڭ، بولامدۇ؟

— ئۇنداق قىلسامغۇ بولاتتى، — ھېكمەتنىڭمۇ بالىغا ئۇزاقراق ھەمراھ بولغۇسى بار ئىدى، — لېكىن بۈگۈن كېچىچە كېرىيىگە بېرىۋالسام ئەتە نەبى بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۆگۈنلۈككە دۈشەنبە كۈنى مەكتەپكە ئۈلگۈرۈپ چىقمىسام بولمايدۇ، ئىشىم كۆپ.

— سىز مۇئەللىمما؟

— شۇنداق، ئۇنىڭدىن باشقا رەسىم سىزىمەن.

— ۋاي خۇدايىم، بۇرۇنراق ئۇقىقان بولسام، مېنىڭ سىزغان جىق رەسىملىرىم بار ئىدى، سىزگە كۆرسىتەتتىكەنمەندۇق.

— يەنە بىر قېتىم كەلگىنىمدە بولامدۇ؟ يۈر، ھازىر بېكەت ئالدىغا بېرىپ يولدىن ئۆتكەن بىرەر ماشىنىنى توسايلى.

چىراناھىيىسى تەرەپكە بىرە-يېرىم يۈك ماشىنىلىرى ئۆتۈپ تۇراتتى، لېكىن ھېچ قايسىسى توختىمىدى. ھېكمەتنىڭ جىددىيلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ئەنۋەر بازارنىڭ ئاياغ ئۇچىدا ماشىنا تىزىملاش بوتكىسى بار ئىكەنلىكى، ھەرقانداق ماشىنا توختىماي ئۆتمەيدىغانلىقىنى دېيىشى بىلەن ئىككىسى شۇ يەرگە باردى. دېگەندەك «شەرق قىزاردى» ماركىلىق قىپقىزىل تراكتورباسقان ماشىنىنىڭ شوپۇرى ماقۇل بولۇپ، ئۇنى كابىنكىغا سېلىۋالدى. ھېكمەت ئەنۋەرگە ئون سوم پۇل تۇتقۇزۇپ قويۇۋە-

ـدى، ئۇزادىلا ئالغىلى ئۇنىمىدى. بىراق، ماشىنا مېڭىش بىلەن كابىنكا دېرىزىسىدىن قاتلانغان پۇل يەرگە چۈشتى...

— ئەنۋەر، خوش ئەمىسە، رەھمەت ساڭا...

— خوش ئاكا...

ھېكمەت كابىنكا دېرىزىسىدىن بېشىنى چىقىرىپ، ئەنۋەرنىڭ ئاق كۆڭلەكلىك سىيماسى چاڭ - توزانلىق گۈگۈم ئىچىدە ئېرىپ كەتكۈچە قاراپ تۇردى. كۆڭلەك يېڭىدا كۆزلىرىنى سۈرتۈپ ئۆزىگە تەلمۈرۈپ قالغان بۇ ئاق كۆڭۈل بالىنى ھېكمەت ئۆزۈن يىللارغىچە ئۇنتالمىدى.

كېچە سائەت توققۇزلاردا ماشىنا چىرا بازىرىغا كىرىپ كەلدى. ئۇلار قورساقلىرىنى تويغۇزۇپ يەنە يولغا چىقىشتى. شوپۇر يىگىرمە بەش ياشلار چامىسىدىكى قارا قۇمچاق، ئۇچۇق - يورۇق بالا ئىدى، ئۇ دەسلەپ يولغا چىققاندا، «كېرىيىگە بارىمەن» دېگەن بولسىمۇ، ئەسلىدە تراكتورنى كېرىيە «دېھقانچىلىق مەيدان» غا ئاپارماقچىكەن. بۇ ھېكمەت ئۈچۈن ناھايىتى قولايلىق پۇرسەت بولۇپ، «6 - ئوتتۇرا ئەترەت» يول ئۈستىدە قالاتتى.

ئۇلار كېرىيىگە كېچە سائەت ئون ئىككىلەردىن ئاشقاندا يېتىپ كېلىپ، بېكەت مېھمانخانىسىدا قونۇپ قېلىشتى. ھېكمەت بىلەن شوپۇر ئۇيقۇغا قانا-قانمايلا بېكەت ئىچىدە يىراق - يېقىنغا - يولغا چىققان ماشىنا - يولۇچىلارنىڭ گۈركىرەش - ۋارقىراشلىرى ئاڭلىنىشقا باشلىدى. ئۇلار يۈزلىرىنى چالا-پۇلا يۇيۇپ يولغا چىقىشتى.

ماشىنا 3 - جۇڭدۇيگە ئاز قالغاندا ھېكمەت شوپۇردىن:

— ئۇكام، 3 - جۇڭدۇيدىن بىرە - ئىككى كىلومېتىر ماڭساق، «جىنايەتچىلەرنى ئۆزگەرتىش دېھقانچىلىق مەيدانى باش شتابى» بار، شۇ يەردە ئون بەش مىنۇت توختاپ بىرەلەمسەنمۇ، — دەپ سورىدى.

— ئىشىڭىز بارمىدى؟

— گۈڭشىدىن ئالغان تونۇشتۇرۇشۇمنى تەستىقلىتىپ ئالمىسام، ئىنىم بىلەن كۆرۈشتۈرگىلى قويمايدۇ.

— چاتاق يوق ئاكا.

دېگەندەك شوپۇر بالا چوڭ دەرۋازا ئالدىدا توختاپ تۇردى، ھېكمەت باشقۇرۇش ئىشخانىسىغا كىرىپ كېتىپ بىردەمدىلا قايتىپ چىقتى.

6 ـ جۇڭدۈي ئىجتىمائى جىنايەتچىلەر ئۆزگەرتىش مەيدانى كېرىيىدىن يىگىرمە كىلومېتىر ئەتراپىدا بولۇپ، بىر كىچىك ئۆستەڭ يول بويلاپ ئېقىپ، مەيدانغىچە بىللە باراتتى. دېھقانلار كۆزگە بۇغدايغا توڭ ياتقۇزۇش ئۈچۈن باشلىغان سۇ يامراپ چىقىپ، يولنىڭ كۆپ يەرلىرىنى بۇزۇۋەتكەنىدى، شۇڭا ماشىنا بىرەر سائەتتىن ئارتۇق يول مېڭىپ چوڭ يول ئۈستىدە توختىدى، بۇ يەردىن 6 ـ جۇڭدۈينىڭ قورغان تاملىرى، سىم توساقلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ھېكمەت ماشىنىدىن چۈشۈپ شوپۇرغا رەھمەت ئېيتتى ـ دە، ئالدىراپ جۇڭدۈي باشقۇرۇش ئىشخانىسىغا كىردى. تۆت يىلنىڭ ئالدىدا كەلگەنىدىمۇ مەيدان باشلىقى مەتساليياخۇن رەسمىيەتلەرنى بېجىرىپ بەرگەنىدى. ئۇنىڭ تۇرقىدىن، مۇئامىلىلىرىدىن نىيىتى دۇرۇس، ئاق كۆڭۈل ئادەملىكى چىقىپ تۇراتتى.

— مەتساليىيانكا، — دېدى ھېكمەت قورۇنۇپقىنا، — مۇمكىن بولسا نەبىـنـى سـەيـدۇلـلا سـاقـچـى ئېـلىپ چـىققان بولسا ... ئۇ مېنىڭ ئوقۇغۇچىم ئىدى. ئۇنىڭ بىلەنمۇ كۆرۈشۈۋالغان بولسام ...

— بولىدۇ، بولىدۇ، قايسى ساقچى ئېلىپ چىقسا بەرىبىر بولغاندىن كېيىن ...

مەتساليياخۇن تېلېفون ئـارقـىـلىق كـۆڭـۈلدىكىدەك ئورۇنلاشتۇرۇش قىلىپ بەردى. ھېكمەت سىرتقا چىقىپ خېلى بىر

ۋاقىتقىچە ساقلىدى. ئەگەر ئۇ سەيدۇللانى تەلەپ قىلمىغىنىدا
نەدىكى غورا قاپاق ساقچىدىن بىرى چىقىپ قالسا، تۇزۇك كۆ-
رۈشتۈرمەيلا ئالدىراتقىلى تۇراتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگەبۇگۈن يەك-
شەنبە بولغاچقا، جىنايەتچى ۋەساقچىلار كىر - قاتلىرىنى يۇ-
يۇپ، قول تۇتۇدىغان ئوبدانراق ئۆي تاماقلىرىنى ئېتىپ يەيدىغان
دەم ئېلىش كۈنى ئىدى. ھېكمەت: «مەن كەلمىگىلى تۆت يېرىم
يىل بولدى، نەبى قانچىلىك ئۆزگىرىپ كەتكەندۇ؟ ئۇ بۇ يىل
يىگىرمە تۆت ياشلارغا كىرىپ قالدى، شۇنچە يىل تاشلىۋەتكەنلى-
كىمنى نېمە دەپ ئويلاپ قالار» دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى.
قارا دەرۋازا ئېچىلىپ سەيدۇللانىڭ ھەمراھلىقىدا، بۇرۇن-
قى ئېگىزلىكىنى يوقاتقان، ئوتتۇرا بوي، چىرايلىرى قارايغان
نەبى چىقىپ كەلدى. ئۇ يىراقتىنلا قۇچاقلىرىنى كەڭ ئېچىپ
يۈگۈرۈپ كەلدى - دە، ھېكمەتنى قۇچاقلاۋالدى.
ھېكمەت نەبىنى قۇچاقلاپ، دۈمبىلىرىگە پەپىلىدى، يىغى-
سىنى ئاران توختىتىپ، سەيدۇللا بىلەن كۆرۈشتى. ھازىر
سەيدۇللا تولغان، يېتىشكەن ئەر بولۇپ قالغانىدى. ھېكمەت
بىلەن نەبى كۆرۈشتۈرۈش ئۆيىگە كىرىپ ئورۇندۇقلاردا ئولتۇ-
رۇشتى ۋە ھال - ئەھۋال سورىشىپ ئۆزلىرىنى سەل بېسىۋالغان-
دىن كېيىن، ئۆزگەرتىش مەيدانىدىكى ئىشلار توغرۇلۇق سۆز-
لەشتى. نەبى ھازىرغىچە دادىسى قايىتقا تونۇشلۇق بەرمەپتۇ،
قايىت باشقىلارنىڭ نەرسە - كېرەكلىرىنى ئوغرىلاش، جېدەل
چىقىرىش دېگەندەك ئىشلار بىلەن داۋاملىق تەنقىدتىن ۋە جازا-
لاش ئۆيلىرىگە بېرىنەچچە كۈنلۈك سولىنىشتىن خالىي بولالماپ-
تۇ. لېكىن، ھازىر نەبىگە چىقىلالمايدىكەن.
— مەن سېنى نەچچە يىللاپ تاشلىۋەتتىم، مېنىڭدىن تازا
ئاغرىنغانسەن - ھە، — دېدى ھېكمەت، — مېنى ئەپۇ قىل
زادىلا ئامالىم بولمىدى.
— بىلىمەن، مەھبۇبە ئاچامدىن ئاڭلاپ تۇردۇم، بۇ قېتى-

تىم بەك قاتتىق تۇتۇلۇپسىز ... تاس قاپسىز جېنىڭىزدىن ئاي-
رىلغىنى ...
— كامىلمۇ شۇنداق بولدى، ئۇنىڭ قولى سونوپ سەل
يېرىم ئادەم بولۇپ قالدى ...
— ئۇنىمۇ ئاڭلىدىم، كامىلكامىنىڭ ئوقۇشقا كېتىپ تە-
ئىلدە كەلگىنىدىنمۇ خەۋىرىم بار.
— ھەممىنى مەھبۇبە دېدىمۇ؟
— شۇنداق، ئۇ بىرە - ئىككى ئايدا بىر قېتىم كېلىپ
يوقلاپ تۇرىدۇ. نېمىشقا ئۇنى ئەكېلىۋالمايسىز؟ بىچارىگە بەك
ئۇۋال بولدى جۇمۇڭ.
— ئۇئۇيگەكېتەي دېمىدى، مەنمۇ ئەمدىلا ئازادبولدۇم.
ھېكمەت ئايالى بىلەن بولغان ئىشلارنى سۆزلەپ، دادخۇلۇق
قىلىشنى خالىمىدى، چۈنكى مەھبۇبە تۇغقان بولمىسىمۇ، قېرىن-
داشتەك ئىللىقلىق يەتكۈزۈپ تۇرغاچقا نەبىنىڭ ئۇنىڭغا نىسبە-
تەن مېھرى بار ئىدى. بۇنداق خەير - خاھلىقنىڭ قەدرىگە
مەھكۇم بولغان تۇتقۇنلارلا يېتىدۇ. تۆت تام قورشالغان قورغان-
لار ئىچىدە ئەركىسىز يۈرگەن چېغىڭدىلا ئەمەس، بەلكى بىرەر
ياقا يۇرتتا غېرىبلىق ئەسىر قىلغاندا، بۇرۇن ئانچە يېقىن ئۆتمە-
گەن بىر ئادەمنىڭ تاسادىپىي ئۇچرىشىپ قېلىپ قىلغان سالىمى-
نىڭ، يازغان ئىككى قۇر خېتىنىڭ ئاتا قىلغان خۇشاللىقىنى،
روھىي مەدىتىنى ھېچنېمىگە تەڭ قىلغىلى بولمايدۇ، شۇڭا
كونىلار: «بوران چىقىپ، يامغۇر ياغقاندا ھال سوراپ كەلگەن
ئادەم ھەقىقىي دوستۇڭدۇر» دېيىشىدۇ.
— ماھىگۇلدىن خەت - خەۋەر بارمۇ؟ — سورىدى
ھېكمەت سۆھبەت تېمىسىنى مەھبۇبەدىن يۆتكەپ.
— تۆت يىل بولدى، — نەبىنىڭ قېلىن قاپاقلىرى
تۈرۈلدى، — بىرەر پارچە خېتىمۇ يوق ئۇ تاش
بېغىرنىڭ، قېرىنداش دېگەن شۇنداق بولىدىغان بولسا ...

— ئۆنداق دېمە، بەلكىم خەت يازغان بولسا
ساڭا تەگمىگەندۇر، — ھېكمەت ئۆزىنىڭمۇ ئاچچىقى
كەلگەنلىكىنى چاندۇرمىدى، — ئاڭلىسام كەلگەن خەتلەرنى
بۇ يەردە ئېچىپ ئوقۇيدىكەن، ئەگەر ئۆزگىرىۋاتقانلارنىڭ روھىي
كەيپىياتىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان مەزمۇندا بىرنەچچە قۇر خەت
بولۇپ قالسىمۇ بەرمەي باستۇرۇپ قويىدۇ، دەيدىغۇ؟

— ئۇغۇ شۇنداق، لېكىن ئۇ ھازىر ئېسىل خېنىم بولۇپ
كەتتى، خەت يېزىشى ناتايىن.

— سېنىڭ مۇشۇ مىجەزىڭ زادى قاملاشمايدۇ. بىر ئادەم-
نىڭ ئەھۋالىنى ئۇقماي تۇرۇپ ئالدىراپ باھا بەرمىگىن، كىم
بىلىدۇ، ماھىگۈلنىڭ بېيجىڭدىكى ئوقۇشى پۈتكەندىن كېيىن
تەشكىل ئۇنى سىرتلارغا سەييارە داۋالاشقا ئەۋەتتىمۇ.

— بولدىلا، ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىغۇم يوق. ھېكمەت
ئاكا، مېنىڭ بىر مەسلىھەتىم، — نەبى غەلىتىلا كۈلۈپ
قويدى، — ھازىر تولۇق ئەسلىگىزگە كەلگەن پۇرسەتتىن پاي-
دىلىنىپ شەھەرگە يۆتكىلىپ كىرىۋالسىڭىز بولمامدۇ؟

— ھەي، قىزىقكەنسەن، «يۆتكىلىمەن» دەپلا يۆتكىلىدى-
غان نەدە شۇنداق ئاسان ئىش بار ئىكەن؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە
ئۆزۈممۇ بوستانغا كۆنۈپ قاپتىمەن.

— بوستان، بوستانلا دەيدىكەنسىز، ھەممە بالا - قازا شۇ
يەردىن كېلىۋاتامدۇ، ئەمدى تارتىشقۇدەك نېمە قالدى؟ مۇراد-
كام بولسا يوق، كامىلكام ئۈرۈمچىگە كەتتى.

ھېكمەت ئويلىنىپ قالدى، نەبىنىڭ سۆزلىرى يوللۇق ئى-
دى. نېمە دېگەن بىلەن شەھەردە ئالىمجان، ئامانىللا، شادىمان
قاتارلىق بىرمۇنچە دوستلىرى بار، ئۇلار ئەلۋەتتە باشقىلارنىڭ
ئوتىنى باسىدۇ، ھېكمەتنىڭ دەرد - ئەلەملىرىنى ئۇنتۇلدۇرى-
دۇ. ئۇ يەنە نېمىگە تارتىشىدۇ؟ ئۇنىڭ كۆڭلى نېمىشقىدۇر
بوستاندىن ئايرىلىشقا قويمايتتى. گۈلزىبا ماڭغان كارىدورلار،

دەرس ئۆتكەن سىنىپلار، كېچىلىرى مۇڭ تۆكۈشكەن باغنىڭ
جىمجىت رۇجەكلىرى، مۇرات بىلەن ساز چېلىشىپ خۇشال
ئۆتكەن ياتاقلار، ئىشخانىلار ئۇنى ئۆزىگە مەھكۇم باغلاپ تۇرات-
تى. بۇلارنى تاشلاپ كېتىش دوستلىرىدىن يەنە بىر قېتىم
ئايرىلغاندەك ئازابقا سالاتتى. شۇنداقتىمۇ نەبىنىڭ ياخشى كۆڭ-
لىنى يەردە قويۇشقا بولمايتتى.

— قېنى، ئويلىنىپ باقاي، — ھېكمەت نەبىنىڭ مۇرد-
ىسىگە قېقىپ قويدى، — نەبى، مەن 3 - جۇڭدۇيدىكى ئېزىز-
تارمۇش، جارۇللا ئەخمىدى، قۇربان ھاكىملارنى‌يوقلاي دېۋ-
ىدىم، رەسمىيەتلىرىنى‌بەك قېيىن دەپ‌ئاڭلايمەن، راستمۇ؟

— تەس ھېكمەتكا، ئاشۇلارنىڭ ھەقىقىي تۇغقىنى ھەققىدە
ئىسپات قەغىزى بولسا بولىدۇ. ئۇلار سىياسىي جىنايەتچىلەر
بولغاچقا، كۆرۈشتۈرۈشمۇ بۇ يەردىكىدەك ئازادە ئەمەس، ساق-
چىلار قىلغان گەپلەرنى ئاڭلاپ يېنىڭدا تۇرىدۇ، ئەكەلگەن پۇل-
لارنى قولىغا بەرمەي، ئۆزلىرى ئېلىۋېلىپ ئاز - ئازدىن بېرد-
دۇ، يەيدىغان نەرسىلەرنىمۇ تەكشۈرىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا كۆرۈ-
شۈش چەكلىمىسى بار.

بىر سائەتچە ۋاقىت ئۆتتى. ئۇلار دېيىشكە تېگىشلىك گەپ-
لىرىنى ئالدىراپ قىلىشىۋېلىپ قورساقلىرى بوشاپ قالدى.
ھېكمەت بۇگۈنلا كېرىيە بازار ئىچىگە قايتىپ كېتىدىغانلىقىنى
ئېيتىپ، نەبىگە ئىككى يۈز سوم پۇل بەردى. نەبى شۇنچە
نۇرغۇن پۇلنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى. بۇ ھېكمەتنىڭ ئۈچ
ئايلىقتىن كۆپرەك مائاشىغا تەڭ ئىدى. ھېكمەت بۇ قېتىم نەچچە
يىللىق تۇتۇۋېلىنغان پۇللارنىڭ ھەممىسىنى قايتۇرۇپ بەرگەنلى-
كىنى ئېيتىپ ئۇنى خاتىرجەم قىلدى. ئاندىن ئۇلار قايتىدىن
قۇچاقلىشىپ خوشلاشقاندىن كېيىن سىرتقا چىقتى. سەيدۇللا
ئۇنى چوڭ يولغا ئېلىپ چىقىپ بىردەم ساقلىغاندىن كېيىن،
كېرىيە دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ قول تراكتورىغا سېلىپ قويدى.

# خەير - خوش بوستان

كۆنلەر كۆنلەرنى، ئايلار ئايلارنى قوغلىشىپ يىللار ئۆتـ-
مەكتە. ئىنقىلابىنىڭ ئاخىرقى دوقلىدىن ئامان قىلىپ، ئوقۇتـ-
قۇچىلار قوشۇنىغا قايتىپ كەلگەن ھېكمەت، ئېغىر خىزمەت
قاينىمىدا 1976 - يىلىنىڭ باھارىنى كۆتۈۋالدى. ئەتراپ ئاپئاق
چېچەكلەر بىلەن پۈركەلدى. بوستان ئوتتۇرا مەكتىپى نىزاخۇد-
نىڭ رەھبەرلىكىدە، نۆۋەتتە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان نەزەرىيە جە-
ھەتتىكـى ئىنقىلابنـى تۇتۇپ، ئوقۇتقۇچىلارنى يىغىن، ئـۆگـ-
ىنىشلەرگـە ئـۈيۈشتـۇراتتـى. بولۇپمۇ 1 - ئاينىڭ 8 - كۈنى
جۇئېنلەي زۇڭلى ۋاپات بولغاندىن بېرى، مەملىكەت ئىچىدە
ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى سىياسىي كۈرەش تېخىمۇ كەسكىنـ-
لىشىپ كەتتى. ئۇلار پارتىيە ئىچىدىكى كاپىتالىزم يولىغا ماڭـ-
غان ھوقۇقدارنى يوقىتىش - يوقاتماسلىق مەسىلىسىدە ئوخشىـ-
مىغان كۆز قاراشلارنى شەرھلەپ، مەملىكەت ئىچىدە ئىككىنچى
قېتىملىق مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىنى شەكىللەندۈرۈپ قويماقتا
ئىدى. خەلق يەنە ئەنسىزچىلىك ئىچىدە قالدى. ھوقۇق، مەنـ-
سەپ مەستانىسى بولۇپ كەتكەن بېيجىڭدىكى بىر قىسىم ئىنقىـ-
لاب سەركەردىلىرى مەركەز ۋە جايلاردىكى زور بىر تۈركۈم
رەھبىرىي يولداشلارنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ ئاغدۇرماقچى بولدى.
شىنجاڭدىكى بىر قىسىم گۇرۇھ چاپارمەنلىرى ئۇلارنىڭ «مەخـ-
پىي يارلىق»نى تاپشۇرۇۋېلىپ پارتىيە ئىچىدىكى «بۇرژۇئاز-
لار» نى تارتىپ چىقىرىپ يوقاتماقچى بولۇشاتتى. ئۇلارنىڭ
قوماندىسى ئاستىدا بەزى رايونلاردا غالجىرلىق بىلەن ھوقۇق
تارتىۋېلىش، كادىرلارنى ئۇرۇش، ئەنزە ئاغدۇرۇش، ئاساسىي

لۇشيەن تەربىيىسى خىزمەت ئەترەتلىرىنى قوغلاشقا ئوخشاش ئىشلار يۈز بەردى. بۇنىڭ بىلەن خەلقتە ئەمىنلىك، جەمئىيەتتە تىنچلىق بۇزۇلدى.

1976 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ بېشىدا مىڭلىغان ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچى ـ ئوقۇتقۇچىلىرى، ھەر ساھە زىيالىيلىرى تيەنئەن-مېن مەيدانىغا توپلاندى، ئۇلار «قەبرە سۈپۈرۈش» بايرىمى مۇناسىۋىتى بىلەن جۇزۇڭلىنى ۋە ئىنقىلابىي قۇربانلارنى ياد ئېتىش زور پائالىيىتى ئېلىپ باردى. ئۇلار ياپون باسقۇنچىلى-رىغا قارشى ئۇرۇش ۋە ئازادلىق ئۇرۇشى دەۋرىدىكى ئىنقىلابىي ناخشىلارنى ئوقۇش، شېئىر دېكلاماتسىيە قىلىش، نۇتۇق سۆزلەش ئارقىلىق مەركەزدىكى بىر قىسىم ئۇرۇشخۇمار، مەنسەپخۇمار «ئىنقىلاب» سەركەردىلىرىگە ئىچىگە تولۇپ كەت-كەن غەزەپ ـ نەپرەت، ئۆچمەنلىكىنى ئىزھار قىلىشتى. قەھ-رىمانلار خاتىرە مۇنارىغا، دەل ـ دەرەخ، تاملارغا، ماشىنا كوزۇپلىرىغا چاپلىنىپ كەتكەن ۋە ئېسىلغان قىزىل پلاكاتلار، لوزۇنكا، شوئارلار، تەشۋىق ۋەرەقىلەر، جەڭگىۋار شېئىرلار يېزىلغان لەۋھەلەر، گۈل ـ چەمبىرەكلەر گوياكى زور يالقۇننى ئەسلىتەتتى. ئوقۇغۇچىلار بىر ـ بىرى بىلەن قۇچاقلىشاتتى، يىغلاپ تۇرۇپ شېئىر، خاتىرىلەرنى ئالماشتۇراتتى، «غەلىبە بىزنىڭ»، «غەلىبە ئالدىمىزدا»، «بىز چوقۇم يېڭىمىز ...» دېگەندەك دەبدەبىلىك سۆزلەر بىلەن قول سىقىشاتتى، نۇتۇق، شېئىرلارنى كۆچۈرۈشەتتى. مانا بۇ ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ جۇڭگو تارىخىدا ئۆچمەس ئىز قالدۇرغان «تيەنئەنمېن ۋەقەسى» ئىدى.

جۇڭگو زېمىنىنى بىر مەزگىل زىلزىلىگە سالغان «تيەنئەن-مېن ۋەقەسى» مىليۇنلىغان زىيالىيلارنىڭ قەلبىدە ئۈمىد چىرى-غىنى ياقتى. ئەمما، مەملىكەت بويىچە بۇ «ئەكسىلئىنقىلابى» ۋەقەنىڭ تەسىرىنى تۈگىتىش ئۈچۈن، جايلاردا مۇزاكىرە ۋە

ئۆگىنىشلەر خۇددى تاش-تۇپراقنى غولىتىپ كەلگەن قىيان سۇ-
دەك ھەممە يەرنى قاپلىدى. بۇ پائالىيەت «لىن بياۋ، كۇڭزىنى پە-
پەن قىلىش» ئۆگىنىشنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى بولۇپ قالدى.

بوستان ئوتتۇرا مەكتىپىدىمۇ يېرىم كۈن دەرس، يېرىم
كۈن ئۆگىنىش كېتىۋاتاتتى. ھەربىر ئادەم سۆزلىمەي مۇمكىن
ئەمەس ئىدى. سۆزلىمىگەن، قانچە قېتىم سۆزلىگەنلەر نىزا-
خۇننىڭ دەپتىرىگە يېزىلىپ خۇلاسە قىلىناتتى. ئۇلار ئۆگىنىش-
لەردە مۇڭدىشىپ، ئەسنەپ ئولتۇرۇشاتتى. بىراق، تېرىۋاتقان
سەۋزە - پىياز، قوناقلىرى، تەييارلىقسىز كىرىۋاتقان دەرسلى-
رى، كەلمەيۋاتقان ئوقۇغۇچىلىرى كاللىسىدىن بىرەر دەقىقىمۇ
چىقمايتتى. مانا شۇ تۇرقىدىمۇ نىزاخۇن جۇرىن ئەمدىلا لىن
بياۋ، كۇڭزىنى تىللاي دەپ تۇرۇشى ئۆگىنىشكە كېچىكىپ
قالغان جۇمىراخۇن ئىككى ياشلار چامىسىدىكى، ئىشتان كىي-
گۈزمىگەن ئوغلىنى كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئىتەكلى-
رى سۈيدۈكتىن ھۆل بولۇپ كەتكەنىدى.

— جۇمىراخۇن، — دېدى نىزاخۇن ۋەز - نەسىھەتىنى
باشلاپ، — سىلىنىڭ بۇنداق مۇھىم سىياسىي ئۆگىنىشكە سەل
قاراپ كېچىكىپ كىرىشلىرى، ئۇنىڭ ئۈستىگە موزايدەك يالى-
ڭاچ باللىرىنى قىرقىرىتىپ ئولتۇرۇشلىرى ئەمەلىيەتتە كۇڭ-
زىنىڭ: ئۆزۈڭنى تۇت، ئەدەپكە قايت» دېگەن سەپسەتىسىگە سەل-
قاراپ، ئۆگىنىشكە ئەھمىيەت بەرمىگەنلىكلىرى، بۇ بىر چېكى-
نىش...

نىزاخۇننىڭ سۆزى جۇمىراخۇننىڭ سەپرايىنى ئۆرلىتىپ
قويدى.

— ۋاي، نىزاخۇن جۇرىن، — دېدى جۇمىراخۇن تەئەد-
دى بىلەن، — كۇڭزى دېگەن ئاداشنىڭ «ئۆزۈڭنى تۇت، ئەدەپكە
قايت» دېگەن سۆزلىرىنىڭ مۇنداق ئەكسىيەتچىلىكىنى بۇرۇنراق
بىلگەن بولساق، توخۇغا ئوخشاش ئۈچرىغان يەردە بېسىپ ئوي-

ناپ، كۆڭلىمىزنى ئېچىپ يۇرمەيمىزما! نېمە قىلىمىز خوتۇن ئېلىپ بالا تېپىپ ... قالىسىلا، ئېتەكتىكى ماۋۇپوق - سۇيدۇكنى ...

ئىشخانا ئىچىدە بىردىنلا كۈلكە كۆتۈرۈلدى. بالزاك: «مەسخىرە كۈلكە ئەڭ رەھىمسىز زەربە» دەپ بىكار ئېيتمىغان. قاملاشمىغان گېپى ئۇچۇن تۇمشۇقىغا يېگەن نىزاخۇن ئەتىسى ئەتىگەندىلا دەردىنى ئوقۇتقۇچىلاردىن ئالدى. ئۇ دەپتىرىنى يېيىپ، كىمنىڭ كۆپ، كىمنىڭ ئاز سۆزلىگىنىنى خۇلاسە قىلىپ، بىر مۇنچە تەھدىت ئارىلاش قالپاقلارنى كىيگۈزۈپ چىقتى. ھەتتا ئۆگىنىش خاتىرىسىنى گۈڭشېغا ئاپىرىپ، ھەربىر ئادەمنىڭ سىياسىي ۋەزىيەتكە تۇتقان پوزىتسىيىسىنى دوكلات قىلىدىغانلىقىنى تەنتەنىلىك جاكارلىدى. ئوقۇتقۇچىلار ئىچىدە ئەڭ ئاز سۆزلىگىنى ھېكمەت بولۇپ چىقتى.

— رۇخسەتما نىزاخۇن جۇرىن، — ھېكمەت قولىنى كۆتۈردى، — قارىسام باشقىلاردىن تۆت - بەش قېتىم ئاز سۆزلەپتىمەن، ۋەزىپەمنى توشتۇرۇۋەتسەم قانداق؟ ئەمىسە سۆزلىدىم، كۆڭزى ئۆز تەلىماتىدا: «ئىنتايىن سەمىمىيلىك يولىنى تۇتقان كىشى، كەلگۈسى توغرىسىدا ھۆكۈمالىق قىلالايدۇ» دەپ زەھەر تارقىتىش ئارقىلىق فېئودالىزملىق نەزەرىيىنى تەرغىب قىلغان. ئۆزىنى ئەۋلىيا، پەيغەمبەر دەپ چاغلىغان بۇ بەندە كاپىتالىزم، سوتسىيالىزم، كوممۇنىزم توغرۇلۇق ھوكۇمالىق قىلالىدىمۇ، يوق؟! شۇنىڭغا قارىغاندا ئۆزىمۇ سەمىمىيلىك يولىنى تۇتمىغان، سەمىمىيەتسىز بىر نېمىكەن ...

ھېكمەت سۆزلەۋاتقاندا توختى قۇربان، زىكرۇللا غوجىلار كۈلۈۋەتمەسلىك ئۇچۇن تۇمشۇقىنى تۇتۇۋالغانىدى. نىزاخۇن جۇرىن كاتىپ خانىمغا: «كۆڭزىنىڭ بۇ يېڭى جىنايىتىنى قالدۇرماي يازسىلا» دەپ قولىنى شىلتىدى.

— ئەمىسە يۇقىرىقىسى بىرگە تەۋە، — دېدى ھېكمەت

جۇرىنغا قاراپ قويۇپ، ــــ ئەمدى ئىككىنچىسى، كۆكرىزى: «ياخ-
شى ناخشىنىڭ تەسىرىدە، ئۈچ ئايغىچە يېگەن گۆشىنىڭ تەمى
ئېغىزىغا تېتىمايدۇ» دېگەن. گۆش ئېغىزغاتېتىمىغۇدەك قانداق
ناخشا ئۇ؟ يولداشلارغاساتىراشنىڭ ئەينىكىدەك ئېنىق تۇرۇۋېتىد-
كى، ئۇ چوقۇم سېرىق ناخشا. شۇنىڭغاقارىغاندا كۆكرىزى ساپلابۇر-
ژۇئازىيىنىڭچىرىپ كەتكەن، كىشىلەرنىڭ روھىنى سۇندۇرىد-
غان، مىشچان ناخشىلىرىنى ئېيتىدىغان ئەكسىيەتچى...
ئوقۇتقۇچىلار قىستاپ كەلگەن كۆلكىنىڭ تەسىرىدىن ئاغ-
زى - بۇرنىنى تۇتۇۋېلىپ قىزىرىپ كەتكەنىدى. بەزىلىرى ئال-
دىدىكى ئۈستەلگە بېشىنى قويۇپ، جەينەكلىرىدە يۈزلىرىنى
توسىغانچە خىرقىراپ كۈلۈۋاتاتتى.
ــــ ھېكمەت مۇئەللىم، بۇ ... بۇ ... ــــ نىزاخۇن سەل
گۇمانلىنىپ قالدى، ــــ يۇقىرىدىن كەلگەن ماتېرىياللاردا يوقلا
بىر نەرسىلەرنى دەۋاتىمىزا؟ ئەجەب مەن كۆكرىزنىڭ بۇنداق
جىنايەتلىرىنى ئاڭلىماپتىكەنمەن؟
ــــ نىزاخۇن جۇرىن، سىلى ئاڭلىمىغان، بىلمەيدىغان
نەرسىلەر ناھايىتى كۆپ. مېنىڭ يالغان پاكىت ئويدۇرۇشقا
ھەددىم ئەمەس، ــــ ھېكمەتمۇ چىڭقۇالدى، ــــ مەن «جۇڭگو
كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى» دېگەن ئىككى توملۇق كىتاب ۋە
«دەرۋىش غوجىنىڭ ساياھىتى»[1] دېگەن روماندىن سۈزۈۋالغان
گەپلەر بۇ. ئىشەنمىسىلە بىر - بىرىدىن كۆرسىتىپ بېرىمەن.
ــــ ياخشى، ياخشى، ــــ دېدى نىزاخۇن جانلىن-
نىپ، ــــ كۆكرىزنىڭ مانا مۇشۇنداق يېڭى جىنايەتلىرىنى
قېزىپ چىقىرىشىمىز كېرەك. ھە قېنى، يەنە سۆزلەۋىرىلى.
ــــ ئەمىسە بۇداقىسى نەچچىگە تەۋە؟ ــــ سورىدى ھېك-

---

① دەرۋىش غوجىنىڭ ساياھىتى - ليۇئې نىڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى
يەنى 1906 - يىلى يازغان ئەسىرى.

مەت تۆكلۈك ئاغزىنى يوغان ئېچىپ تۇرغان نىزاخۇندىن، — ئۇچكە ھېساب بولار؟

— شۇنداق.

— كۈڭزى دېگەن بۇ ئەكسىيەتچى ئۇنسۇر، — ھېكمەت ئۆزىمۇ كۈلۈۋېتىشكە تاسلا قالدى، — «نەزىر - چىراغنى، خۇددى ئاتا - بوۋاڭنىڭ ئۆزى تۆپىدە قاراپ تۇرغاندىكىدەك ئۆتكۈزۈشۈڭ كېرەك ...» دەپ جۆيلىگەن. نەزىر ئۆتكۈزگەن ئادەمنىڭ ئاتا - بوۋىسى ئۇستىدە قاراپ تۇرىدىغان نەدە ئۇنداق ئىش بار ئىكەن؟ قانداق دېدىم نىزاخۇن جۇرىن؟ ھازىر باشقىلار بىلەن تەڭلەشتىمما؟

— قېنى قاراپ باقاي، — نىزاخۇن دەپتەرىگە قارىدى، — يەنە بىرە - ئىككىنى سۆزلىسەڭ باشقىلار بىلەن تەڭ بولغۇدەك.

— مەن كۈڭزىنىڭ غىلتاڭ يېڭى جىنايەتلىرىنى سۆزلىگەندىن كېيىن بىرى ئىككىگە تەڭ بولا؟ ...

— نەدە ئۇنداق ئىش بار ئىكەن؟ بىرنى بىر دېيىتىمىز، ئىككىنى ئىككى دېيىتىمىز ...

— ماقۇل ئەمىسە، — ھېكمەت كۈڭزىنىڭ يەنە بىر يېڭى «جىنايىتى» نى ئېسىگە ئالدى، — كۈڭزىنىڭ «پەزىلەتنى گۈزەللەرنى ياخشى كۆرگەندەك ياخشى كۆرۈش» دېگەن سۆزى بار. بېشىغا كىيىدىغان پوسىمىسى يوق، چېچىنى لاتا بىلەن چىگىۋالىدۇ، يەنە تېخى پەزىلەتتىن گەپ ئاچىدا بۇ قاقۋاش...

ئىشخانىدا بىردىنلا كۈلكە كۆتۈرۈلدى.

— ھاي، ھاي ... ھېكمەت مۇئەللىم، سىياسىي پىپەننى مىتەۋىگە ئايلاندۇرماي تۈزۈك سۆزلەيلى.

نىزاخۇننىڭ بۇ سۆزىدىن كۆپچىلىك ئۇنىنى قويۇپ بېرىپ كۈلۈشكە باشلىدى. لېكىن، ھېكمەت ھېچنېمە بولمىغاندەك

قاپىقىنى تۈرۈپ چەكچىيىپ تۇراتتى. توغرا، بۇ دەقىقىدە ھىيـ
لىگەر، ھەزىلكەش، قىزىقچى دوستى مۇرات ئۇنىڭ ئاغزىغا گەپ
سېلىپ بېرىۋاتاتتى.
— سىلىشۇنداقدېگەنبىلەن ئـادەم غەزەپلەنمەي تـۇ‑
رالـمـايـدۇ ـ دە، — ھېكـمـەت پـېتىنى بۇزمـاي سۆزلىـ
مەكتە ئىدى، — ئۇ «ئۆزۈڭنى تۇت، ئەدەپكە قايت» دېيىش
ئارقىلىق ئىنقىلابچىلارنىڭ ئىرادىسىنى سۇندۇرماقچى. «ئۆزد‑
نى تۇتۇۋالغان، ئېغىر بېسىق، ئەدەپلىك ئادەم قانداق ئىنقىلاب
قىلالىسۇن؟ قانداقمۇ ئېسىپ ئۇرۇش، قول سۇندۇرۇش، يالىـ
ڭاچلاپ كۇرەشكە تارتىش، ھەرخىل قىيناقلارنى ئېلىپ بېرىشقا
قولى بارسۇن؟ كۆڭزى «ئۆزىنى تۇتۇپ، ئەدەبكە قايتىش» نىڭ
جىنايەت ھېسابلىنىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلالىمىغان، مانا ئۇ‑
نىڭ ئەۋلادلىرى تېگىگە يەتتىغۇ! يەنە تېخى پەزىلەتتىن گەپ
ئاچىدۇ، ئۇنىڭغا قارىغاندا لاۋزى خېلى ئەقىللىق بولىدىغان
نېمىكەن ...
ھېكمەتنىڭ كېيىنكى سۆزلىرىدىن باشقىلارنىڭ دېمى ئىد‑
چىگە چۈشۈپ كەتتى. بۇنى ھازىرقى ۋاقىتتا كۆپ زىكرى قىلىدـ
نىدىغان سىياسىي ئىبارە بىلەن ئېيتقاندا: «شېكەر يالىتىلغان
زەمبىرەك ئوقى» دېيىشكە بولاتتى.
— ھاي، ھېكمەتمۇئەللىم، سايىتتىن دېگەن لاۋزا دېگەن كىما؟
— لاۋزا ئەمەس، لاۋزى، — تۈزەتتى ھېكمەت، — كىم
بولماقچى كۆڭزىنىڭ ئۇكىسى بولمامدۇ.
توختى قۇربان تۈيۈقسىزلا كۈلۈۋېتىپ، يـۇتـەلـگـەن
بـولـۇپ تـۇرۇۋالدى. چۈنكى، ئـۇ لاۋزىـنىڭ كىم ئىكەنلىـ
كىنى ئوبدان بىلەتتى.
— ئۇ لاۋزادېگىنىڭ قانداق قىلىپ كۆڭزىدىن ياخشىكىنا؟
— لاۋزى ئۆزىنىڭ «ئەخـلاق رىسـالىسـى» دېگەن
كىتـابىـدا، — دېدى ھېكمەت تەمتىرىمەي، — «خەقنىڭ

ھەممىسى قابىلىيەتلىك، مەنلا قابىلىيەتسىز، دۆت كۆرۈنىمەن»
دەپتىكەن. دېگەن بىلەن ئۇنىڭدا سەممىيەت باركەن، ئۆزىنىڭ
دۆتلۈكىنى كەمتەرلىك بىلەن ئېتىراپ قىپتۇ.
— يولداشلار، بۈگۈنكى ئۆگىنىشىمىز ئىنتايىن ئۇتۇق-
لۇق بولدى، نۇرغۇن يېڭى غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈردۇق، —
دېدى نىزاخۇن روھلانغان ھالدا، — ھەر كۈنى بىر دېگەن گەپنى
ھەممىمىز تەكرارلاپ مىجىقىنى چىقىرىۋېتەتتۇق. لېكىن،
ھېكمەت مۇئەللىم كۆپ ئىزدىنىپ، ماتېرىيال كۆرۈپ كۆڭزىد-
نىڭ نۇرغۇنلىغان جىنايەتلىرىنى قېزىپ چىقاردى. بىز بۇ جىنا-
يى پاكىتلارنى مۇئەللىملەرگە بۆلۈپ بېرىپ، مەخسۇس پېپەنما-
قالىسى يازدۇرىمىز ھەم شۇنداقلا جاڭ جۇرىنغا دوكلات قىلىمىز...
— نىزاخۇن جۇرىن، سۆزلەشتە باشقىلار بىلەن تەڭلەش-
تىمما؟ — كۆڭلىدىن نېمىدۇر كەچكەن ھېكمەت قەستەن
سورىدى، — ئېشىپ كەتكەندىمەن؟
— نەدىكىنى، — نىزاخۇن دەپتىرىدىكى ئەڭ كۆپ سانلار-
نى ساناپ چىقتى، — مۇشۇ ھەپتىدە ئەڭ كۆپ سۆزلىگەنلەر ئون
بىر قېتىمغا يېتىپتۇ، سىزنىڭ ئۇنغا باردى.
— ئەمىسە ئەڭ يۇقىرىسى بىلەن تەڭلىشىۋالسام قانداق؟
— بولىدۇ، ناھايىتى ياخشى.
— كۇڭزى كۈرمىڭلىغان شاگىرتلارنى
تەربىيىلىگەن، — ھېكمەت سۆزىنىڭ ئاخىرىدا كۇڭ-
زىنى قانداق قارىلاشنى ئويلىنىپ قالدى، — شۇڭا ئۇنىڭ نامى
تەخمىنەن تۆت مىڭ يىلدىن بېرى زىكرى قىلىنىپ كەپتۇ. ئۇ
چاغلاردا ھەرپنى ياغاچقا تامغىدەك ئويۇپ، قېلىپلاردا يۆتكەپ
يۈرۈپ خەت بېسىپ چىقىرىدىكەن. كۇڭزى بىر كۈنى چاڭجياڭ-
نىڭ ئۇ تەرىپىدە مەرىپەت تارقىتىش ئۈچۈن، ئىككى تاغار
ھەرپنى ئېشەككە ئارتىپ مېڭىپتۇ. ئۇ چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ
يېيىلىپ ئاقىدىغان تېيىز يېرىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ بىر تاغار

ھەرپىنى سودا ئېقىتىۋېتىپتۇ. بۇ، ئوچۇقتىن - ئوچۇق بۇزغۇنچىلىق بولماي نېمە؟! مېنىڭچە بۇ قەستەن قىلىنغان ھەرىكەت. بولمىسا خەنزۇ خەلقىنىڭ خەت بايلىقى تېخىمۇ مول بولۇپ كەتكەن بولاتتى.

ھېكمەتنىڭ بۇ سۆزلىرىدىن كۇڭزىنى ئەيىبلىگەندىن كۆرە، ماختىغانلىق چىقىپ تۇراتتى. لېكىن، نىزاخۇن ئاخىرقى «بۇزغۇنچىلىق»، «قەستەن» دېگەن سۆزلەردىن كۆڭلى ئىمىن تېپىپ، ھېكمەتنى بىر نېمە دېيىشكە ئاساس تاپالمىدى.

ھېكمەت ئەتىسى چۈشتىن كېيىن ئۆگىنىشكە قاتناشماي گۇڭشېدىكى ئىشخانىسىدا رەسىم سىزىۋاتاتتى. جاڭ تيەن كىرىپ كەلدى. ئۇ، ھېكمەتنىڭ تۈنۈگۈن ئۆگىنىشتە سۆزلىگەن سۆزلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئابلىز بەكرىگە تەرجىمە قىلدۇرۇپ كۆرگەنىدى. شۇڭا، ئۇ كىرىپلا كۈلۈپ كەتتى، ھەتتا بەزى سۆزلەرنى قايتىدىن تەكرارلاپ، كۆزلىرىدىن ياش چىقىپ كەتتى.

— سىزنى رەسسام دېگەندىن كۆرە، يازغۇچى، ئەدىب دېگەن تۈزۈككەن، — دېدى جاڭ جۇرىدىن كۆزلىرىنى سۈرتۈپ، — كۇڭزىنىڭ ئەقلىيە سۆزلىرىنى، ئىبرەتلىك جۈملىلىرىنى سۆزلىگىنىڭ نېمىسى، ئاخىرىدا بىر ئوبدان قېلىپلاشتۇرۇپ پىپەن قىلغىنىڭنى دەيمۇ، كۇڭزىنىڭ سېرىق ناخشا ئېيتقىنىنى كۆرگەنمىدىڭ؟ دېمىسىمۇ ئۇنىڭ بېشىغا كىيىدىغان پوسمىسى يوق، پەزىلەتتىن گەپ ئاچقىنىنى كۆرمەمسەن! تۇۋۋا، بىر تاغار ھەرپنى ئېقىتىۋېتىپ قىلغان بۇزغۇنچىلىقىنى كۆرۈڭ! ...

— جاڭ جۇرىن، سىزمۇ بىر زىيالىي، خوتەندە دەسلەپتە جىن - شەيتانلارنى ئويغاتقان ۋاقىتتا قىلغان سۆزلىرىڭىز ھېلىمۇ ئېسىمدە، — دېدى ھېكمەت جاڭتيەننىڭ كۈلكىسىدىن غەيرەتلىنىپ، — يىغىلىق، ئەمنىيە دەۋرىدىكى مەشھۇر مائارىپ-

چى، مۇتەپەككۇر، پەيلاسوپ كۆڭزىنىپىپەن قىلىش زادىلا كاللامدىن ئۆتمەيدۇ. ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىتەربىيىلەش قائىدە-مىزانلىرى، ئەخلاقى-پەزىلەت كۆز قاراشلىرى، ھايات، تۇرمۇش، ئۆرپە-ئادەت، ھەرخىل تۈزۈملەرجەھەتتىكى نەزەرىيىۋى رىسالىلىرى، مەخسۇس «كۆڭزى تەلىماتى» نى شەكىللەندۇرگەن تۇرسا!...

— بولدى، بۇ گەپلەرنى قىلىشمايلى، سىرتلاردا دەپمۇ يۈرمىگىن، — دېدى جاڭ تيەن ئەندىككەندەك بولۇپ، — ھېلىمۇ ياخشى نىزاخۇن جۇرىنىڭلار ھېچنېمىنى سەزمەپتۇ...

ھېكمەتنىڭ يۈكى خېلىلا ئېغىر ئىدى. ئۇ ھەپتىدە ئون ئالتە سائەت ئەدەبىيات دەرس ئۆتۈشتىن سىرت سىنىپ مۇدىرى بولۇپ، سەككىز مۇ يەرگە سەۋزە، پىياز تەرگەنىدى. ئۇنىڭدىن باشقا مەكتەپ ۋە گۇڭشېدا رەسىم سىزىش ئىشلىرىنىمۇ قوشۇمچە ئۆتەيتتى. ھېكمەت ھازىر مەكتەپ ئىنقىلابىي كومىتېتىدىن ئانچە ئەندىشە قىلمايتتى. چۈنكى، ئۇ ئەسلىگە كېلىش ۋاقتىدا بەزى مەسىلىلەرنى پاش قىلىۋەتكەنلىكى ئۈچۈن، مەمتىلى ئىبراھىم رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىدىن قالدۇرۇلغانىدى. نىزاخۇن گۇڭشې ئىنقىلابىي كومىتېتىدىن بېكىتىلگەن دېھقانلار تەشۋىقات ئەترىتىنىڭ جۇرىنى بولغاچقا، ئۆزىنى تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئورنىدا قالدى. ئۇ ھېكمەتكە ئاسانلىقچە چېقىلغىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلگەچكىمۇ، قۇيرۇقىنى قىسقانىدى. بىراق، ئەخمەت ھوشۇر ھازىرغىچە رېجىم ئاستىدا ئەمگەك قىلىۋاتاتتى. ھېكمەت ئۇنىڭ بىلەن پات - پات ئۇچرىشىپ، مۇڭدىشىپ، تۇراتتى.

بىر كۈنى ئەخمەت ھوشۇر، قوشقىراق بولغان بولۇق قوناقلىق ئىچىدە تۇرۇپ قالدۇرۇۋاتاتتى. ھېكمەت تاختىلارنى ئارىلاپ يېتىپ كەلدى. ئۇلار دەم ئالغاچ، قىر ئۈستىدە ئولتۇرۇپ بىردەم پاراڭلاشتى. دەردنى بىللە تارتىپ، بىر - بىرىگە ئىچىكىشىپ قالغان بۇ ئىككى مۇساپىر بىر يەرگە كەلسىلا، ئىچكى - تاشقى ۋەزىيەت ھەققىدە تالاش - تارتىش قىلىشاتتى. بۇ

چاغلار مەملىكەت، بولۇپمۇ شىنجاڭ رايونى بويىچە ئاكۇپ ۋە بىر - بىرىگە ئۆمۈچۈك تورىدەك تۇتىشىپ كەتكەن يەر ئاستى يوللىرى ياسىلىۋاتاتتى. ناھىيە ۋە ۋىلايەتلىك كومىتېتلاردا مەخ- سۇس ئاكۇپ كولاش قوماندانلىق شتابلىرى تەسىس قىلىندى.

ئىزاخۇن جۇرنىمۇ مەكتەپنىڭ ئىككى بېغىنى ۋەيران قى- لىپ ئىش باشلىۋەتتى. بۇ داغ - دۇغلۇق چوڭ ھەرىكەت خەلق ئىچىدە، سوۋېت سوتسىيال جاھانگىرلىكى ھېلىلا تاجاۋۇز قى- لىپ كىرىدىغاندەك ئەنسىزلىك ۋە ۋەھىمە پەيدا قىلىپ قويغاند- ى. دېھقانلار تۇرماق زىيالىيلار ئارىسىدىمۇ: «بۇ ئاكۇپلار بىر بومبىنىڭ زەربىسىگە بەرداشلىق بېرەلەرمۇ»، «ئۇلارنىڭ بىر قورالى بار ئىكەن، ئۇنىڭ ئوقى ئادەمنى ئىزدەپ تېپىپ تېگىدىكەن» دېگەندەك ئۆسەك گەپلەرمۇ تارقالغانىدى.

— ئەخمەت ھوشۇر، يالغۇز ئىشلەپ كېتىپلا، — دېدى ھېكمەت ئۇنىڭ قوناق يۇلۇپ كۆكۈرۈپ كەتكەن قوللىرىغا قا- راپ، — زېرىكمىدىڭمۇ؟

— يالغۇزنىڭ يارى خۇدا دەپ، زېرىكسەكمۇ نېمە ئامال، سەن بارچاغدائۆتكەن كۈنلەرمۇ بىلىنمەيتتى.

— ئاكۇپ كۆلاشقا ئايرىلغان ئوقۇتقۇچىلار بىلەن بىللە ئىشلىگەن بولسىڭمۇ زېرىكمەتتىڭ.

— ئەخمەقكەنسەن، بىزدەك سىنىپىي دۈشمەنلەر ئاكۇپ يوللىرىنى، چىقىش، كىرىش ئېغىزلىرىنى بىلىۋالسا، كېيىن خائىنلىق قىلمامدۇ... يەنە بىر تەرەپتىن بوزغىنچىلىق قىلىشىمىزدىنمۇ قورقىدۇ - دە.

— ھە، بۇ ئاكۇپ كولاش ھەرىكىتى ئۇرۇش ۋەھىمىسىنى تارقىتىپ ئادەملەرنى ئەنسىزلىككە سېلىپ قويدىغۇ.

ئۇلار شەھەر، يېزا كەنتلەردە كولىنىۋاتقان ئاكۇپلار ۋە جايلاردا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان كۆزگىنى پىپەن قىلىش ھەرىكەتلە-

رى، تارتىپ چىقىرىلىۋاتقان زىيالىيلار ھەققىدە پاراڭلىشىپ ۋاقتىنىڭ قانداق تېز ئۆتۈپ كەتكىنىنى تۇيماي قېلىشتى.

— قىسقىسى، مەدەنىيەت ئىنقىلابى، — دېدى ئەخمەت ھوشۇر ئېغىر تەلەپپۇزدا، — جۇڭگو تارىخىدا ئۆچمەس بىر داغ بولۇپ قالىدۇ. كەلگۈسى ئەۋلادلىرىمىز ئۇنىڭ دۆلەتكە، خەلققە سالغان زىيىنىنى تەسەۋۋۇرقىلالماسلىقى مۇمكىن.

— ئەلۋەتتە، — دېدى ھېكمەتمۇ باش لىڭشىتىپ، — دۆلەت خۇددى قەپەستىن ئازاد بولۇپ، قانات - قۇيرۇقىنى راسلاپ ئۇچۇشقا تەييارلانغان قۇشتەك ئەمدىلا تەلپۈنۈۋىدى، يۇڭجۇزلىنىپ ھالىدىن كەتتى.

— ئاڭلىسام ئۆگىنىشتە خېلىلا ئالىجوقا سۆزلەپسەن، ئۆزۈڭگە ھېزى بول جۇمۇ.

— قورقۇپ - قورقۇپ بولغان ھالىمىز شۇ، يەنە ئەنسىرەپ نەگە باراتتۇق، رىزالەت بىلەن باش ئېگىپ ياشىغاندىن تىك تۇرۇپ ئۆلگەن ياخشى دېگەن گەپمۇ بارغۇ.

— بىلىپقوي، ئەقىللىق ئادەم ئورۇنسىز قۇربان بەرمەيدۇ.

— بولدى، بۇ گەپلەرنى قويايلى، — دېدى ھېكمەت قول سىلىكىپ، — مەن ئۆتكەندە دېسەم قۇلاق سالمىدىلا، ناھىيىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش ئىشخانىسىغا ئەرز يازغان بولسىلا، سىلىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئىشىغا يول مېڭىپ باققان بولساق...

— ھەي ... مەن رېجىم ئاستىدا ئەمگەك بىلەن ئۆزگىرىۋاتقان قايسى ۋاقىتتا يېزا بىلەن شەھەر ئوتتۇرىسىدا قاتناپ بۇ ئىشنى ھەل قىلىمەن، — ئەخمەت ھوشۇر بېشىنى چايقىدى، — بۇ خۇددى يىراقتىكى سۇ بىلەن يېقىندىكى ئوتنى ئۆچۈرگىلى بولمىغىنىدەك بىر ئىشتە.

— ھەر ھالدا بىر كايىش قىلىپ باقساق، ئۆلمىگەن جاندا ئۈمىد بار ئەمەسمۇ. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا ناھىيىگە كەلگەن ئىسمائىل شۇجىنى خەلقنىڭ دەردىگە يېتىدۇ، دېيىشىدىغۇ.

— قېنى، مەن ئويلىنىپ كۆرەي …
ئارىدىن ھەپتە ئۆتتى. باللار بايرىمى مۇناسىۋىتى بىلەن مەيداندا تەنتەربىيە پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلۈۋاتقان بىر كۈنى، مەكتەپكە يېشىل لاتا پىكاپ كىرىپ كەلدى - دە، ئوقۇتۇش بىناسى ئالدىدا توختىدى. ئۇنىڭدىن غۇللۇق، ئوتتۇرا بوي بىر ئادەم بىلەن ئورۇق، بۇغداي ئۆڭلۈك يىگىت ئېڭىشىپ يەرگە چۈشتى. ئىزاخۇن جۇرىن، زىكرۇللا غوجى، توختى قۇربانلار ئۇلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ كۆرۈشكەندىن كېيىن، مۇدىر ئىشخانىسىغا كىرىپ كېتىشتى.
ھېكمەت قوم تولدۇرۇلغان ئۆرەككە سەكرىگەن باللارنىڭ، سەكرىگەن ئارىلىقىغا مېتىر قويۇپ ئۆلچەپ دەپتەرگە خاتىرىلەۋاتاتتى. توختى قۇربان يىراقتىنلا ھېكمەتنى چاقىرىپ، ئىشخانىنى ئىشارەت قىلدى. ھەر قېتىم ئادەم كەلگەندە بىرەر شۇملۇقنى بىللە ئېلىپ كەلگەچكىمۇ، ھېكمەتنىڭ يۈرىكى سۇ ئىدى. ئۇ ئىشخانىغا ئەيمىنىپرەك كىرىپ كەلدى. بىراق، كەلگەنلەر ئۇنىڭ بىلەن ئوچۇق چىراي قول ئېلىشتى. توختى قۇربان تەمبەل كەلگەن ئادەمنى ناھىيىنىڭ يېڭى كەلگەن شۇجىسى ئىسمايىل، ئورۇق بالىنى تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ كادىرى ئابدۇللا دەپ تونۇشتۇردى.
— مۇنداق ئىشتى، — دېدى ئابدۇللا ئالىقانلىرىنى ئىشقىلاپ، — ئالدىمىزدىكى يىل 3 - ئايدا ئاقسۇدا دراما كۆرىكى ئۆتكۈزۈلمەكچى. بۇ كۆرەكتە شىنجاڭ بويىچە بىر قىسىم چوڭ ناھىيىلەرنىڭ سەنئەت ئۆمەكلىرى تەييارلىغان درامىلىرى ئوينىلىدۇ. شۇڭا، سىزنى بىر دراما يېزىپ بىرەمدىكىن دېگەن ئۈمىدتە كېلىشىمىز …
— بىزنىڭ پىلانىمىز، — ئىسمائىل شۇجى سالاپەت بىلەن گېلىنى قىرىپ قويدى، — بىر دراما ۋەقەسىنى قۇراشتۇرۇپ يېزىپ چىقىش ئاسان ئەمەس. شۇڭا، ھازىردىن تارتىپ

يېزىپ 8 ـ 9 ـ ئايلارغىچە قولدىن چىقارساڭ، ئاندىن ئارتىسلار بولۇشۇپ، يادىلاپ بىر ـ ئىككى ئاي رەپىتىس قىلغاندىن كېيىن بىر قېتىم قويۇپ باقساق ...

ــ درامىنى تەييارلاشتا ئۆزىڭىز رېژىسسورلۇق قىلسىڭىز، ــ دېدى ئابدۇللا، ــ بولتۇر ئورۇمچىدە ئۆتكۈزۈلگەن دراما كۆرىكىدە ئاقسۇ بىرىنچىلىكنى ئېلىپ كەتتى. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ئوينىغان چىققىنى كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدارلار تېما قىلىنغان دراما ئىكەن ...

يېزىقچىلىق ھەم سىزىقچىلىقنىڭ دەردى ـ بالاسىنى بولدى دېگۈچە تارتقان ھېكمەت ئارىسالدىلىق ئىچىدە خېلىغىچە جىم ئولتۇرۇپ كەتتى. «ياق» دەپ كەسكىن رەت قىلاي دېسە، ناھىيە شۇجىسى خېرىدارلىق قىلىپ چىققىنىدا ئۇنىڭغا ھۆرمەتسىزلىك بولۇشى ئېنىق ئىدى. شۇڭا ئۇ، سىپايىلىق بىلەن قېيىنچىلىق ۋە شارائىتى ھەققىدە سۆزلىدى.

ــ سىلەرگە قاراڭغۇلۇق، مېنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىم دراما يېزىشقا يار بەرمەيدۇ، ــ دېدى ھېكمەت خىجىللىق ئىلكىدە، ــ مەن سىنىپ مۇدىرى، قولۇمدا ئەللىك بالا، سەككىزمو يەر بار، ھەپتىدە ئون ئالتە سائەت ئەدەبىيات دەرسىگە تەييارلىق قىلمىسام، دەرس ئۆتمىسەم بولمايدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە گۇڭشېنىڭ تەشۋىقات ئىشلىرى مېنىڭ زىممەمدە. سىنىپقا كىرگەن، بالا يىققان، ئېتىزغا بارغان، گۇڭشېغا يۈگۈرگەن. قىسقىسى، مىنۇتلارنى ساناپ ئىشلىتىمەن ... كۆرەككە قاتناشتۇرغۇدەك بىر يۇقىرى سەۋىيىلىك تېمىنى يۇرۇقلۇققا چىقىرىش ئۈچۈن، غەيرىي ئوي ـ خىياللار ئارىلاشمىغان خاتىرجەملىك، تىنچ مۇھىت، ياخشى شارائىت بولۇشى كېرەك.

ئىسمائىل شۇجى ھېكمەتنىڭ راست سۆزلەۋاتقانلىقىغا قايىل بولدى. چۈنكى، بىر يېزا ئوقۇتقۇچىسىنىڭ شۇنچىۋالا بېسىم ئاستىدا بىرنەرسە يېزىپ چىقىشى ئاسانغا چۈشمەيتتى.

ئۇ قانداق قىلىمىز، دېگەندەك مەكتەپ رەھبەرلىرىگە قارىدى.

— ھەر كېچىسى ئىككى - ئۈچ سائەت ۋاقتىڭنى چىقارساڭ، — دېدى نىزاخۇن گەدىنىنى چەمەك قولىدا قاشلاۋېتىپ،

— بىرنەچچە ئاي دېگەندە يېزىپ بولغىنى بولىدىيا ...

— بۇ، نىزاخۇن جۇرىن، — ھېكمەتنىڭ كەجگىسىدىن قورۇدى، — كۆزىنى يۇمۇۋېلىپ قارا ئەنزە توقۇپ چىققاندەك ئاسان ئىش ئەمەس. بۇ دېگەن ئۆتكۈر ئەقىل، ئەدەبىي دىت، زېھنىياتقا تەئەللۇق ئىلمىي ئەمگەك! قولۇڭنىڭ ئۇچىدا چىقىردۋەتسەڭ، جەلىب قىلىش كۈچى يوق بىر نېمە بولۇپ قالىدۇ، بىرەر سۆزدە كەتكۈزۈپ قويساڭ خەقلەر سېنى ئالتە كۈن ئۇخلاتماي مەسىلە يازدۇرىدۇ!...

نىزاخۇن جۇرىن مەمەدانلىق قىلغىنىغا غىققىدە تويدى. ھېكمەت ئەسلىگە كەلگەن يىللاردىن بېرى نىزاخۇن ئۇنىڭ زىتىغا تېگىدىغان گەپلەرنى قىلىشتىن ھەزەر ئەيلەپ قالغانىدى. چۈنكى، ئۇنىڭ بىر سۆزى مىڭ، بىر سۆزى زىڭ بولۇپ سانجىلىپ تۇراتتى.

— مېنىڭچە مۇنداق قىلساق، — زىكرۇللا غوجى شۇجى ئالدىدا خىجىل بولۇپ قالغانىدى، — ھېكمەتنىڭ سىنىپىنى باشقىلارغا ئېلىپ بېرىپ، ئىغىر يۈكتىن بىرىنى ۋاقتىنچە ئېلىۋەتسەك.

— مەن بۇنىڭغا قوشۇلمايمەن، — ھېكمەت قەتئىي رەت قىلدى، — بۇ سىنىپ مۇدىرلىرىنى كازدىن چىقىرىدىغان ئۇسۇل...

ھېكمەتنى داۋاملىق سەييارە ئويۇن قويۇشقا يېزىلارغا ئەۋەتتى. بولۇپمۇ ناھىيىدە ئېچىلىدىغان ھەر دەرىجىلىك كادىرلار قۇرۇلتايلىرى، نەمۇنىچىلار ئۇچرىشىش يىغىنلىرى، گۇڭشېلارنىڭ سىنىپىي كۈرەش كۆرگەزمىلىرىنى ئىشلەشكە ماڭدۇرۇپ، بەزىدە بىرەر ئايغىچە مەكتەپكە قايتالمايتتى. لېكىن، ئۇنىڭ سىنىپىنى ئۆتكۈزۈۋالغان ئوقۇتقۇچى «بەرىبىر ئۆتكۈزۈپ بېرىمەن» دېگەن سەل قاراش بىلەن، بالا يىغىش، ئىنتىزام، تاپشۇرۇق، ئائىلە سۆھبىتى، ئېتىز - ئېرىق ئىشلىرىغا ئانچە

سىنەكەپ كەتمەيتتى. شۇنىڭ بىلەن ھېكمەت قايتىپ كەلگەندە بىر قۇچاق ئاۋارىگەرچىلىكنى تاپشۇرۇپ بېرىپ قۇتۇلاتتى. سىد-ىنىپىنى رەتكە سېلىپ، جايىغا كەلتۈرۈپ بولغۇچە بىرنەچچە ئاي ھەتتا يېرىم يىلغىچە ئادەم ھالىدىن كېتەتتى.

— بولىدۇ، ھېكمەتنىڭ دېگەن سۆزلىرىنىڭ ئاساسى بار، — دېدى ئىسمائىل شوجى، — بىز ناھىيىگە بېرىپ، قايتا-مۇزاكىرە قىلىپ، ياخشىراق بىر چارىنى ئويلىنىپ كۆرەيلى...

ئىسمايىل شوجى، ئابدۇللا قايتىپ كېتىپ، ئۈچ كۈندىن كېيىن يەنە كەلدى. ئۇلار ئىشخانىغا يىغىلغاندىن كېيىن، ناھد-يىلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ ئوقتۇرۇشىنى ئېلان قىلدى. ھېكمەت مەدەنىيەت يۇرتىغا يۆتكەلگەنىدى.

— قانداق، سىلەرنىڭ باشقا پىكرىڭلار بارمۇ؟ ، — سو-رىدى شوجى، زىكرۇللا غوجى توختى قۇربانلاردىن.

— بۇ ناھىيىنىڭ ئېھتىياجى تۇرسا نېمىمۇ دېيە -لەيمىز، — دېدى مۇدىر زىكرۇللا غوجى.

— ھېكمەت، بۇرۇنمۇ مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ باشلىقى سائىا خىبىردارلىق قىلغانمىدى، — دېدى شوجى، — بۇ قېتىم مائا-رىپ ئىدارىسى سېنى «مائارىپ سىستېمىسىدىن يۆتكىمەيمىز» دەپ تۇرۇۋالدى. لېكىن، مەدەنىيەت يۇرتى ئۇلارنىڭ باشقۇرۇ-شىدا بولغاچقا، بىز خىزمەت ئىشلەپ ماقۇل كەلتۈردۇق.

— بۇ خېلى يىللار ئالدىكى ئىش، — ھېكمەت گۈلزىباغا تارتىشىپ شەھەرگە كىرىشنى رەت قىلغانلىقىنى ئەسلىدى...

— سىزنىڭ پۈتۈن رەسمىيەتلىرىڭىز ھازىرچە مەدەنىيەت يۇرتىدا بولىدۇ، — ئابدۇللا ئىشنىڭ ئوڭۇشلۇق بولغىنىدىن خۇشال ئىدى، — لېكىن، ئۆزىڭىز ناھىيىلىك سىفەتىدە يېزىغچىد-لىق قىلىسىز، بىز ئۇ يەردىن مەخسۇس بىر ئىشخانا تەييارلاپ قويدۇق، بىر ئايال تاملىقىڭىزغا مەسئۇل بولىدۇ.

— بىزنىڭ ئۇ يەرنى تاللىشىمىزدىكى سەۋەب، — دېدى

شۇجى ھېكمەتنىڭ دولىسىغا ئۇرۇپ، — شەھەرنىڭ سىرتىدا بولغاچقا، ئۇشۇقچە ۋاڭ - جۇڭلاردىن خالىي. ئۆزۈڭ «تىنچ مۇھىت» تەلەپ قىلغان ئەمەسمىدىڭ ...

ئۇلتۇرغانلار كۈلۈشتى. لېكىن، نىزاخۇن چىرايىنى تۇ-رۇپ، ئىچىدە: «توۋا، داڭقى بارنىڭ داۋرىڭى ئازلىقىنى نەدىن بىلەي ... قارا، بۇ شىۋجېڭجۇيىچىنىڭ خېرىدارلىقىنى ناھىيە-نىڭ شۇجىلىرى قىلىۋاتسا، چەرخى پەلەك تەتۈر چۆرگىلەۋاتام-دۇ، نېمە» دەپ ئويلىدى.

ھەي، نىزاخۇن! چەرخى پەلەك تەتۈر چۆرگىلىگەنلىكى ئۈچۈنلا، چىۋىنىنىڭ بېشىغا ھومايۇن قوشى قونۇپ، سۇمرۇغ ۋە قىققۇنۇسلار ئۇنىڭ ئەتراپىدىن چۆرگىلەپ كېتەلمەيۋا-تىدۇ ئەلمىساقتىن تارتىپ شۇنداق تەتۈر چۆرگىلەپ كەلدى ... ئەقىل كۆزۈڭ بىلەن قاراپ باق: يىغلاشنى، ھەسرەتلىنىشنى بىلىدىغان، ۋاپادار ئىگىسى ئالەمدىن ئۆتسە قىرىق كۈنلەپ ئىشىك ئالدىدا بوزلاپ ياش تۆكىدىغان ئەقىللىق ھەم سالاپەتلىك ھايۋان تۆگە چېغىدا، ئېشەكنىڭ قۇيرۇقىغا باغلىنىپ، شۇنىڭ ئارقىسىدىن ماڭىدىغۇ! ئىبراھىم ئەلەيھىس-سالام تۇرتاغدا ئوغلىنى قۇربانلىق قىلىدىغان چاغدا، ئاللاتائالا-جەننەتتىن يەتكۈزۈپ بەرگەن كۆك قوشقارنىڭ نەسلى — قويلار-مۇ، قانداقتۇر بىر ئۆچكىنىڭ ئارقىسىدىن سۇغا ماڭسا سۇغا، ھاڭغا سەكرىسە ھاڭغا ئۆزلىرىنى ئاتىدىغۇ. مانا سەنمۇ ئېلىپ-نىڭ سۇنۇقىنى بىلمەي تۇرۇپ، نۇر چاچقۇچى ئەھلى-ئىلىمنىڭ يولىغا، باسقان ئىزىڭدىن تىكەن ئۈندۈرۈپ كېتىۋاتامسەن ... ئەگەر پەلەك ئوڭ چۆرگىلىگىنىدە، ئېتەكلەر ياقا، ياقىلار ئېتەك بولماس ئىدى! كۆڭلۈڭنى توق تۇت، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ پەلەك سەن ۋە سەندەكلەرنىڭ رايى بويىچە چۆرگىلەيدۇ.

— ھېكمەت، بۇ ئوقتۇرۇش ئارقىلىق نوپۇس، ئاشلىق ۋە خىزمەت رەسمىيەتلىرىڭىزنى يۆتكەڭ، — دېدى ئابدۇللا

ناھىيىنىڭ ئۇقتۇرۇشىنى سۇنۇپ، ــ ئەتە بىر كۈن يېتەمدۇ؟
ــ ئۆي كۆچۈشكە ماشىنا ئەۋەتمەكچى، ــ ئىسمائىل شۇجى ھېكمەتنىڭ چىرايىغا قارىدى، ــ ئەھۋالدىن قارىغاندا ئۈلگۈرەلمەيدىغان ئوخشايدۇ. ماشىنا ئۆگۈنلۈككە چۈش بىلەن كەلسە قانداق؟

ــ ماقۇل، لېكىن مېنىڭ بىر تەلىپىم بار ئىدى ...

ھېكمەت 68 ـ يىلى دادىسى قازا قىلغاندا، مەھبۇبە بىلەن غۇلجىغا بارغانچە سەككىز يىلدىن بېرى بارمىدى. يېقىندا ئۇ سىڭلىسىنىڭ يازغان خېتىدە ئاپىسىنىڭ سالامەتلىكى ئانچە ياخشى ئەمەسلىكىنى ئۇقۇپ، رۇخسەت سوراشنى ئويلاپ يۈرەتتى. بىراق، گۈڭشېدىكى ئىشلار جىددىيلىشىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ۋاقىتىنچە توختاپ تۇرغانىدى.

ــ كۆڭلۈمدە بىر ئوي بار، ئىسمائىل شۇجىغا خوپ كېلەمدۇ، بىلمىدىم، ــ دېدى ھېكمەت تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويۇۋېتىپ، درامىنىڭ دەسلەپكى ئورگىنالىنى غۇلجىدا پۈتتۈرۈپ كەلسەم، يولداشلاردىن پىكىر ئېلىپ بولغاندىن كېيىن قالغىنىنى خوتەندە ئۆزگەرتسەم ...

ــ قانچىلىك ۋاقىتتا كېلەلەيسەن؟

ــ ئىككى ئاي بولسا يېتەر، چۈنكى بېرىپ كېلىش يولىدىلا يېگىرمە كۈندىن ئارتۇق ۋاقىت كېتىدۇ.

ــ بولىدۇ، رەسمىيەتلىرىڭنى شەھەرگە كىرگەندىن كېيىن، ناھىيىدەبېجىرىپ بېرەيلى، ئەمىسە شۇنداق كېلىشتۇق.

شۇ كۈنى ئاخشىمى زىكرۇللاغوجى، توختى قۇربانلارنىڭ تەشەببۇسى بىلەن چوڭ ئىشخانىدا ھېكمەتنى ئۇزىتىش ئولتۇرۇشى بولدى. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ھەممىسى قاتناشتى. ھېكمەتنىڭ تەلىپى بىلەن ئەخمەت ھوشۇرمۇ كىرگەندى. مەكتەپتىن بىر پاخلان سويغاچقا داستىخان خېلى مول بولدى. پەرمانشا مۇدىر ۋاقىتىدىكىدەك «مىڭ جىڭ» دەپ شوئار توۋلىمىغان بولسىمۇ،

ھەركىم ئىختىيارلىق بىلەن ئىچىشىپ خېلى جانلىنىپ كېتىشى-
تى. مەدەنىيەت ئىنقىلابى باشلىنىپ ھازىرغىچە بولغان ئون يىل
ئىچىدە ئوقۇتقۇچىلار بۇنداق ئېچىلىپ - يېيىلىپ ئولتۇرۇپ
باقمىغانىدى. زىكرۇللا غوجى ھېكمەتنىڭ بوستاندا ئۆتكەن ئون
بەش يىللىق ھاياتىنى - ئىنتىلىش ئىزدىنىش ھەم جاپا بىلەن
ئۆتكەن ھايات دەپ خۇلاسىلىدى. توختى قۇربان ئورنىدىن تۇر-
دى. ئۇ ھاياجانلانسا قاپاقلىرى تۇرۇلۇپ كۆزلىرى يېرىم يۇمۇ-
لاتتى - دە، قىلغان سۆزلىرىمۇ ئېغىر ۋەزىن بىلەن باشلىناتتى:
— ھېكمەت ئىسسىق قان - تەرلىرىنى خوتەن پەرزەنتلى-
رى ئۈچۈن ئاتىغان بىر پىداكار ... ئۇ كەمتەر، سەمىمىي، ئاق
كۆڭۈل، ئۆز كەسپىگە ئىشتىياق باغلىغان ئاجايىپ پەزىلەتلىك
قەلب ئىگىسى! ئۇنىڭ بېشىغا تاغدەك كۈلپەتلەر كەلگەندىمۇ،
بىرەر ئېغىز ۋايسىمىدى ياكى چېكىنمىدى! بۇنداق ئىسسىق ھەم
سوغۇقتا، ئوت ۋە سۇدا، ئازاب-ئوقۇبەتتە تەۋرەنمەي، ئۆز ئىزد-
دىن گۈل- چېچەكلەر ئۈندۈرۈپ، بىر جىلدا ئىلگىرىلەش -
بۇ ئاسان تېپىلمايدىغان خىسلەت! ھېكمەت نەچچە قېتىملىق
سۈرگۈنلەردە بولدى. رېجىم ئاستىدا ئېغىر ئەمگەكلەرگە سې-
لىندى، جىسمانىيىتىگە زەربە بېرىلدى، سۆيگەن ئايالى، سۆيۈم-
لۈك پەرزەنتىدىن ئايرىلدى، لېكىن ئۇ، دەرد - ھەسرىتىنى ئىچىگە
يۇتۇپ باھاردىكى مېۋىلىك دەرەختەك كۆكلەپ، چېچەكلەپ مېۋە بەردى!
مەن بۇنداق سۆزلىسەم تاڭمۇ ئېتىپ كېتىدىغان ئوخشايدۇ، — توختى
قۇربان قولىدىكى چىنىسىنى ئېگىز كۆتۈردى، — مەن ھېكمەت-
كە بەخت ۋە ئامەتتىلەيمەن!

قىزغىن چاۋاكتىن كېيىن ھەممىسى چىنىلىرىنى كۆ-
تۈرۈشتى. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك كۆڭۈل ئىنزار-
لىرىنى بايان قىلىشتى. قاتىرىسىغا تىزىلغان ئۇستەللەردىن ئاي-
لىنىپ ئۆتكەن قۇتبىرەم، گېزىتكە ئورالغان بىر نەرسىنى كۆ-
تۈرگىنىچە ھېكمەتنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— ھېكمەت، مەن سىزگە ئاز بولمىغان خاپىلىقلارنى سالدىم، — قۇتبىرەمنىڭ كۆزلىرىدە نەملىك كۆرۈندى، — كۆڭۈل كۆكسىڭىزدىن چىقىرىۋەتسىڭىز، مېنى ئەپۇ قىلىسىڭىز ...

— يوقىسۇ قۇتبىرەم، مەنمۇ سىزگە يۈزسىزلىك قىلغان تۇرسام، كەچۈرۈم سوراش توغرا كەلسە مەن سىزدىن سورىسام بولىدۇ.

— ئۇ ... ئۇ دېگەن باشقىلارنىڭ تەقدىرى ئۈچۈن، — قۇتبىرەمنىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلدى، — ئۆزىڭىزنى قۇربان قىلىش ئىكەنلىكىنى چۈشىنىمەن ... بۇ ... ئۆزۈم توقۇغان پوپايكا ... ، كۆڭلۈمنى يەردە قويماڭ ... مېنىڭ سىزگە تۇتقان يوللۇق سوۋغىتىم ...

قۇتبىرەم بىلەن ھېكمەت سۆزلىشىۋاتقاندا، مەسچىتتىكى جامائەتتەك شۈكلىشىپ كەتكەن سورۇندىن بىردىنلا قاراسلىغان چاۋاك ياڭرىدى. قۇتبىرەم سوۋغىتىنى ھېكمەتنىڭ قولىغا تۇتقازغىنىچە يۈگۈرۈپ سىرتقا چىقىپ كەتتى.

— يولداشلار، يا ... ياق، مېنىڭ «يولداشلار» دېيىشكە شەرتىم توشمايدۇ، — ئەخمەت ھوشۇرنىڭ قولىدىكى چىنە تىترەپ تۇراتتى، — ئوقۇتقۇچىلار، بۈگۈن مېنىڭ كۆڭلۈم بەكمۇ يېرىم. چۈنكى، مەن ئەڭ يېقىن مۇڭدىشىم، سىردىشىم، مەسلىھەتدىشىمدىن ئايرىلىپ قېلىۋاتىمەن. ھېكمەت كىچىك - چوڭ، ئاكتىپ - قالاق، پۇقرا - ئەمەلدار دېمەي ھەممىگە باراۋەر مۇئامىلە قىلىدۇ. ئۇ پەقەت ئادەمنى تونۇيدۇ، نام - ئەمەلنى تونۇمايدۇ، شۇڭا بېشىغا ئېغىر كۈلپەتلەر كەلگەندىمۇ، ھاياتى خەۋپ ئاستىدا قالغاندىمۇ ساتقىنلىق قىلىپ، دوستلىرىنى ساتمىدى، بۇنىڭ ئەكسىچە ئۆزىنى قۇربان قىلىپ باشقىلارنى قۇتقۇزدى! ... — ئەخمەت ھوشۇر قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرى بىلەن ھەممىگە تەكشى قارىدى، — سىلەر قۇتبىرەمنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىدىڭلار، ئەمدى زېيىندىن بولسا

ئۆزى زىيانكەشلىك قىلغان ئوقۇتقۇچىلارنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش يولىدا ھەممە گۇناھنى ئۆز زىممىسىگە ئاپتۇ، بۇ نېمە ئۈچۈن شۇنداق؟ بۇ نەدىن كەلگەن پىداكارلىق؟ قۇتبىرەم، زەيىندىنلەر ھېكمەتكە زىيانكەشلىك قىلىسمۇ، ھېكمەت ئۇلارنى ۋەيلون دو-زاقتىن قۇتقۇزۇپ چىقتى. ئۇنىڭ بۇ ئۇلۇغ خىسلىتى زەيىندىن ۋە قۇتبىرەملەرنى ئادەمىيلىك يولىغا باشلىدى. ئەگەر ئادەمنىڭ كاللىسىدا تېرىقتەك ئەقىل بولغىنىدا ياخشى - يامانىنى پەرق ئېتىش ئىقتىدارى يوقالمايدۇ... — ئەخمەتھوشۇرنىڭ چىرايىدا بىردىنلا جىددىيلىك ئالامەتلىرى كۆرۈلدى، — يۇقىرىدا زىك-رۇللاغوجى، توختى قۇربانلار ناھايىتى ياخشى باھالارنى بەردى. ھېكمەت ئەنە شۇنداق تەۋرەنمەس، جاسارەتلىك ئادەم! پەقەت ئۇ، قان- تەر، ھەسرەت - نادامەت ياشلىرى بىلەن يېزىلغان قول يازمىلىرى كۆيدۈرۈلگەندە بىر مەزگىل ئەسەبىيلىك گىردابىدا قالدى! بۇ قول يازمىلارنىڭ قەدىر-قىممىتىنى پەقەت ئىلىم-ئەھلىلىرىلا بىلەلەيدۇ ... چۈنكى بۇلبۇلنىڭ سايرىشىدىكى نالە - پەريادنى قاغا قانداق چۈشىنەلىسۇن؟! كەلگۈسى شۇنداق بىر كۈنلەر كېلىدۇكى، ئاشۇ دۇرى - گۆھەرلەرنى ئايانماي چاققان، كۆيدۈرگەن ئادەملەرنى ئەۋلادىمىز نەپرەت بىلەن تىلغا ئېلىشىدۇ، ھەتتا ئۇرۇق پۇشتى، ئەجدادىغا قارغىش - لەنەت ياغدۇرىدۇ! ...

نىزاخۇن، مەمتىلى ئىبراھىملار، كالتەكتەك ئۇرۇلغان مەنتىقە گۇرزىلىرى ئاستىدا ئىزىلىپ - تۇنجۇقۇپ ئولتۇراتتى. پەقەت ئۇلار، زەي زىندانلاردا داتلاشمىغان، تاياق - توقماقلاردا سۇنمىغان، كۆرەش ئېكەكلىرىدە ئۇپرىمىغان ئالماسنىڭ بىر - ئىككى پېرىنى پۇچۇلدۇرۇۋەتكەنلىكىنى ھېس قىلىشتى. ئۇ بولسىمۇ كۆيدۈرۈلگەن قول يازمىلار، يەنە بىرى يالىڭاچلاپ كۆرەشكە سېلىش ئىدى.

ئۆزىنىش زىيابىتى قول ئېلىشىش، قۇچاقلىشىش، ئەپۇ

سوراشلار بىلەن ئاخىرلىشىپ ھەممىسى تارقاشتى. ئىيۇن كې-
چىسى تولىمۇ يارقىن، ئايدىڭ ئىدى. تەنلەرنى ھوزۇرلاندۇ-
رۇپ، ئىلىلىق شامال ئېسىپ تۇراتتى. ھېكمەت ئەخمەت ھوشۇر
بىلەن باغ ئوتتۇرىسىدىكى ئۇجمىلىك يولدا كېتىۋاتاتتى. بۇ
ئىككى دىلكەش قەلب بىر ـ بىرىدىن ئايرىلىشقا زادىلا كۆزى
قىيمايتتى. ھېكمەتنىڭ پۈتۈن پىكىر ـ خىيالى ئەخمەت ھوشۇرنى
ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، ئۇنى، بالىلىرىنى خاتىرجەم قىلىش ئوتىدا كۆيەتتى.
— ئەخمەت ھوشۇر، ئىنتىزام تەكشۈرۈش ئىشخانىسىغا
بىر پارچە ئىلتىماس يېزىپ قويسىلا، — دېدى ھېكمەت جىد-
دىي تەلەپپۇزدا، — ئىسمائىل شۇجى خېلى تۈزۈك ئادەمدەك
قىلىدۇ. بۇ قېتىم مەن سىلى ئۇچۇن بولسىمۇ ئۇلارنىڭ نەزەرى-
دىن ئۆتۈشكە تىرىشىمەن.
— ھىممىتىڭگە رەھمەت، — ئەخمەت ھوشۇر بەكمۇ
روھسىز كۆرۈنەتتى، — قالپاق دېگەن ئاسان گەپ ئەمەس،
ئۇنىڭ تىزىملىكىنىڭ بىر ئۇچى ئەڭ يۇقىرى ئورگانلارغىچە
پۈتۈلگەن. بۇنىڭ ئۇچۇن قالپىقى ئېلىنغۇچىنىڭ پەۋقۇلئاددە
كۆرسەتكەن خىزمەتلىرى، نەتىجە ـ ئۇتۇقلىرى، تەشكىل ۋە
ئاممىغا نىسبەتەن بەرگەن ئالاھىدە تەسىرى بولۇشى شەرت،
شۇنداقتىمۇ يۇقىرى ـ تۆۋەن قاتراپ، نۇرغۇن ئۆتكەللەردىن
ئۆتكۈچە نەچچە يىل كېتىدۇ.
— ماڭا بۇنداق قۇرۇقۇنچلۇق نەرسىلەرنى كۆپ سۆزلى-
مەي، ئەمەلىي ئەھۋاللىرىنى تۇنۇشتۇرۇپ بىر ئىلتىماس يېزىپ
بەرسىلە، — دېدى ھېكمەت قەتئىي ھالدا، — مەن شەھەرگە
كىرگەندىن كېيىن، ئۇنى باشقىدىن يېزىپ چىقىمەن. قېنى،
تونۇشۇپ كۆرمەمدىم، ئۇزۇنى ئىككى يىل، قىسقىسى يېرىم
يىل ئۆزۈمنى بىر سىناپ كۆرمەكچىمەن.
— بىر ئويلىسام سەن ھەل قىلىدىغاندەكلا كۆرۈنىسەن،
چۈنكى سېنى ھەر قانداق چوڭ يىغىنلارنىڭ تەشۋىقات ۋە يېزىق-

چىلىق ئىشلىرىغا سالىدۇ، ئۇ يەردە ھەممە رەھبەرلەر بىلەن ھەمسۆھبەتتە بولالايسەن.

— مېنىڭمۇ ئويلىغانلىرىم بار، ئەڭ بولمىسا رېجىم-ئاستىدىكى ئەمگەكنى بىكار قىلىپ، ئۆز خىزمەت ئورۇنلىرىنى تېپىشقا ئامالغۇ قىلارمەن.

— بولىدۇ. مەن ئەتە ئەتىگەن يېزىپ تەييارلاپ قوياي.

ھېكمەت ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ يېشىنىپ ياتتى - دە، چىراغنى ئۆچۈرمەيلا ياستۇقنى كارىۋات يۆلەنچۈكىگە تىرەپ يۆلىنىپ ئولتۇردى. ئادەم خۇشال بولغىنىدا ياكى خاپىلىق تارتقىنىدا، تەنھا قالسا تولىمۇ غېرىبلىق ھەم يالغۇزلۇق ھېس قىلىدۇ. خۇشاللىقىدىن تەڭ بەھرىمەن بولۇپ تەڭ كۈلىدىغان، خاپىلىقنى بىللە تارتىپ، ئورتاق ھەسرەت چېكىدىغان ئادەمنىڭ بولماسلىقى پۇغاننى تېخىمۇ ئۆرلىتىۋېتىدۇ. ھېكمەت ھازىر مانا شۇنداق كەيپىياتتا قىينىلىۋاتاتتى. ئۇ خۇشالمۇ ئىدى، ھەم خاپىمۇ كۆرۈنەتتى. ئۇ ھازىر ئازاد - ھۆر ئادەم ئىدى ئۇنى ھېچكىم چېكەلمەيتتى. ئەمدى ئۇ مەدەنىيەت يۇرتىدا ئۆز كەسپى رەسساملىق بىلەن داۋاملىق مەشغۇل بولاتتى، يېزىقچىلىق بىلەنمۇ شۇغۇللىنالايتتى. شەھەردىكى دوستلىرى بىلەن داۋاملىق ئەسرا بولۇپ يازغان، سىزغان نەرسىلىرىنى بىرگە مۇھاكىمە قىلالايتتى. مەدەنىيەت يۇرتى ئۇنىڭ ھەر ئىككىلا كەسپى ئۈچۈن ئەڭ مۇۋاپىق ئورۇن ئىدى، كەلگۈسى ئۇلۇغ پىلانلىرى ئۈچۈن كۆۋرۈكلۈك رولىنى ئوينايتتى. مانا بۇ ئۇنىڭ خۇشاللىقى ئىدى...

بىراق، ھېكمەت ئۆزىنى بەكمۇ يېتىم ھېسابلايتتى. ئۇ قىزى ئۈچقۇنئاينى لوپتىكى نۇرسىمان خانىمنىڭ ئۆيىدە كۆرگىنىگە ئىككى يىل بولۇپ قالدى. ئۇ ئەمدى تېخىمۇ ياتلىشىپ، دادىسىنى تونۇماس ھالغا كېلىدۇ. بۇ، ئاتا ئۈچۈن يۇيۇپ بولمايدىغان ئازاب! مەھبۇبەمۇ قۇمغا چۈشكەن تامچىدەك يوقاپلا كەتتى. ئۇ: «ئۆزى ئىزدەپ كەلگۈچە ساقلايلى» دېگەن سۆزىگە

ئەقىدە باغلاپ، ئىشەنچ قىلىۋاتسا كېرەك. توغرا، ئۇنىڭ مۇھەب-
بىتىدىن گۇمان قىلىش ئادىللىق ئەمەس، ئۇ ھېكمەتنى بويىن-
دىكى كەھرىۋادەك، بەدىنىدىكى بىرەر مەڭدەك ئۆزىنىڭ قىلىۋد-
لىشىنى ئويلايدۇ، ھەتتا ئۇنىڭ يۈرىكىگە بىرولارنىڭ ئوي -
خىياللىرىنىڭ ئوغرىلىقچە كىرىۋېلىشىنىمۇ قەتئىي خالىمايدۇ.
شۇڭا، ئۇ خەت ئويۇلغان تاختىنى كۆيدۈرۈۋەتتى، «ۋاپا» رەسىم-
مىنى ھېچ ئايانمايلا ئوتقا تاشلىدى، «ئامراق قىزىنى كۆرسەتمە-
سەم، ئالدىمغا يىلىنىپ كېلىدۇ» دەپ ئويلىدى. ھېكمەت قۇر-
بان ھاكىمنىڭ ئائىلىسىنى يوقلاپ قويۇۋىدى، ماھىنۇر بىلەن
ئۇرۇشتى، كۈنداشلىق ئۇنى كۆزى ئوچۇق قارىغۇ قىلىپ، ھېك-
مەتتىن بارغانسېرى يېراقلاشتۇرۇۋەتتى. شۇڭا كونىلار: «ئايال
كۈنلىسە ئۆي بۇزۇلار، ئەر كۈنلىسە ئۆي تۈزۈلەر» دەپ بىكار
ئېيتمىغان. كۈنداشلىقنىڭ تەكتىنى سۈرۈشتۈرگەندە، ئۇ ياخ-
شى كۆرۈشنىڭ كۈچلۈك ئىنكاسى. لېكىن ئۇ، ياخشى
كۆرگەن ئادىمىنى، مۇھەببىتىنى قوغداشنىڭ پاسسىپ قوراـ
لى بولغاچقا، ئەر - خوتۇنلارنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئۆچمەنلىك ئۇ-
رۇقلىرىنى چېچىپ، ئائىلىلەرنى ئاسانلا بۇزۇپ، ۋەي-
ران قىلىدۇ ... چۈنكى ئىنسان چەكلەنگەن، ئۆزى ئۈچۈن سىر
بولۇپ شەكىللەنگەن نەرسىلەرگە ئۆزىنى ئۇرۇپ تۇرغۇچى
مەخلۇق، شۇڭا ئەر - خوتۇن غەيرىي ھېس - تۇيغۇلارغا
ھېرىسمەن بولۇپ قالغىنىدا، بىر - بىرىنى ۋىجدان ئازابىغا
قالدۇرالىغۇدەك ياخشىلىق قىلىش، تەسىرلەندۈرۈش، ھەتتا
قىلمىشى ئاشكارىلىنىپ، يۈزى تۆكۈلۈپ كەتكەن تەقدىردىمۇ چاد-
دۇرماسلىق، ئىلھام - مەدەت بېرىش، مانا بۇ، رەشك ۋە
كۈنداشلىق قىلىپ يېتەلمىگەن مەقسەتكە يېتىشنىڭ ئەڭ ئۈنۈم-
لۈك ۋاستىسى. چۈنكى، ئالىي جانابلىق، كۆڭلى - كۆكسىنى
كەڭ تۇتۇش، ئازابنى ئىچىگە يۇتۇپ كۈلۈمسىرەش، بىلىپ
تۇرۇپ ئەيىبنى يۈزىگە سالماسلىقتىن ئىبارەت پەزىلەتلەر قارشى

تەرەپنى ۋىجدان ئازابىدا كۆيدۈرىدىغان ئاتەشتۇر ...

ھېكمەت چىراغنى ئۆچۈرۈپ يېتىپ قالدى، بىراق ئۇنى خىيال يىپلىرى يەنە چىرمىۋالدى. ياشلىقىدىكى يۈرەكلەرنى لەرزىگە سالغۇدەك مۇھەببەت خاتىرىلىرى، يوشۇرۇن كۆيۈش، مەخپىي ئازاب دەقىقىلىرى، پىغانلىق نادامەتلەر ئۆز قارارىنى تاپقان بۇ ئانا مەكتەپنى تاشلاپ كېتىش، ھېكمەت ئۈچۈن دەپ ئېيتقۇسىز ئېغىر تۇيۇلماقتا ئىدى. بۇ مەكتەپنىڭ سىنىپ، ياتاق، ئىشخانا، كارىدورلىرى ھەتتا ھاۋاسىغىمۇ دوستلىرىنىڭ تىنىقلىرى سىڭگەن ... گۈلزىبانىڭ گۈل بەدىنىدىن تارقالغان مۇشكى - ئەنبەر ھىدلىرى دىماغلارغا ئۇرۇلۇپ تۇرىدۇ ... مۇراتنىڭ چاقچاق - ھەزىللىرى، چالغان سازلىرى ھەممە يەر- دىن ئاڭلانغاندەك قىلىدۇ ... كامىلنىڭ نۇتۇقلىرى كارىدور بويلاپ ئەكس سادا بولۇپ يانىدۇ ... ھازىر كامىل تۆت يىللىق ئوقۇشنى پۈتتۈرۈپ ئۈرۈمچىدە «گۆھەر زېمىن» نەشرىياتىدا ئىشلەۋاتىدۇ. ئۇ يازغان خەتلىرىدە: «كلاسسىك ئەدەبىيات نەزە- رىيىسى تەتقىقاتى» بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلىقى، يېقىندا مېھرە- بان ئىسىملىك بىر قىزغا ئۆيلەنمەكچى ئىكەنلىكىنى يېزىپتۇ. ئىش قىلىپ ئۇ، ئۆز كەسپىنى ھەم بەختىنى تاپتى. بىراق، ئۆزى بىلەن تەڭ ئوقۇش پۈتتۈرگەن مەسۇم قابىلمۇ قانداقتۇر «ئامال»لار بىلەن گۆھەر زېمىن نەشرىياتىغا ئورۇنلىشىپ، بالىلار كىتاب تەھرىر بۆلۈمىدە ئىشلەۋاتقانلىقىنى ئەسكەرتىپ- ئۇنىڭ «قۇرۇق ئاكتىپ» لىقىدىن بىزار ئىكەنلىكىنىمۇ قوشۇپ قو- يۇپتۇ.

خىياللار كېمىسى ئەللەيلەپ ھېكمەتنى ئۇخلىتىپ قويدى. لېكىن، ئۇزۇن ئۆتمەيلا «ئەزىمەت! ...» دەپ ۋارقىراپ ئويغى- نىپ كەتتى. ئۇ دەرھال سەرەڭگىنى چېقىپ، ئۇستەلدىكى شامنى ياقتى، ئۆي ۋىللىدە يورۇدى. ئۇ ئۇزۇن زامانلار ئىلگى- رى يوقاپ كەتكەن ئوغلىنى ئىزدىگەندەك، ئۆينىڭ ھەممە بۇ-

لۆڭلىرىغا قاراپ چىقتى. ھېكمەت چۈشىدە ئەزىمەتنى ئېنىق كۆرگەنىدى. ئاپئاق توقاچ يۈزلۈك، بۈدۈر چاچلىق، ئاسما ئىشتان كىيگەن ئىككى ياشلىق ئوغلى يىراقتىن قول سوزۇپ «دادي! …» دەپ يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقۇدەك، ھېكمەت ئۇنىڭغا قاراپ: «ئوغلۇم ئەزىمەت! …» دېگىنىچە يىقىلىپ - قوپۇپ، قانچە يۈگۈرگەنسېرى يېقىنلىشالمىغۇدەك …تەرلەپ-ھاسىراپ كەتكەن ھېكمەت، كىچىك ئەزىمەتنى باغرىغا بېسىپ: «ئوغلۇم! جىگىرىم بالام … ئۇماق تاتلىقىم …» دەپ نالە قىپتۇ ۋە «مەن سېنىڭ چىرايىڭنى بىر كۆرەي» دەپ قارىغۇدەك بولسا چوپچوڭلا بىر بالىنى قۇچاقلاپ تۇرغۇدەك … ئۇ بالا لوپتىكى غوپۇر نىيازنىڭ نەۋرىسى ئەنۋەر ئىمىش …

ھېكمەت بۇ سىرلىق چۈشنىڭ تەسىرىدىن يەنە خېلىغىچە ئۇخلالمىدى. ئۇ ئەتىسى رەسمىيەتلىرىنى بېجىرىپ يۈرگەندىمۇ كېچىدىكى چۈش ئۇنىڭ كاللىسىدىن زادى نېرى كەتمىدى. «شۇمىدۇ؟» دېگەن چاقماقتەك تېز ئۇرۇلغان بىر ئوي ئۇنىڭ مېڭىسىنى سىرقىرتىۋەتتى. بىراق، شۇ ھامانلا، ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى مەنزىللىرىنى بېسىۋاتقان بوۋاي بىلەن مومايغا قاراسىنغانلىقىدىن ئۆزىنى ئەيىبلىدى. ھېلىقى چاغدا بىدەرمان، پۇت - قوللىرىنى تاشلاپ ياتقان غوپۇر نىياز «ئوغلۇمنىڭ بىر تال تەۋەررۈكى» دەپ تارام - تارام ياش تۆككەنىدى … ياشىنىپ قالغان ئادەمنىڭ ياش تۆكمىكى ئاسانمۇ؟ ھېكمەت گەرچە شۇنداق ئويلاپ ئۆزىگە تەساننا بەرگەن بولسىمۇ، كۆڭلىنىڭ بىر يېرى پىژىلداپ ئېچىشىپ تۇراتتى.

ئۇ رەسمىيەتلىرىنى بېجىرىپ بولۇپ، كەچ گۇگۇم بىلەن «بوۋىم» مازىرىغا باردى ۋە مۇرات بىلەن زۇمرەتنىڭ قەبرىسى بېشىدا ئۇزۇن ئولتۇردى. ئىچىدىكى ھەممە دەرد-ھەسرەت، شادلىقلىرىنى تۆكۈپ ئىچىنى بوشاتتى. ئۇ كېتىدىغان چېغىدا دوستىدىن كەچۈرۈم سوراپ: «مەن سېنى يوقلاپ تۇرىمەن» دېدى.

ھېكمەتنىڭ مەكتەپتىن ئايرىلىدىغان كۈنىمۇ يېتىپ كەل-
دى، ئۇ سەھەر تۇرۇپ، ئۇششاق - چۈشەكلەرنى ساندۇق -
چامادانلارغا قاچىلاپ تۇرۇشى، ئەخمەت ھوشۇر ئىلتىماسىنى
كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلدى. ئۇلار ئىككىسى يوتقان - كۆرپىلەرنى
چىگىپ كارىۋات، ئىشكاپ دېگەندەك نەرسىلەرنى ئىشىك ئالدىغا
ئېلىپ چىقىپ، ھەممىنى تەق قىلىپ تۇرغاندا ماشىنا كەلدى
ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار ئىمتىھاندا بولغانلىقى ئۈچۈن ئەخمەت
ھوشۇر بىلەن ھېكمەتكە شوپۇرمۇ ياردەملەشتى.

بوستاندىكى ئون بەش يىللىق ھاياتىغا خاتىمە بەرگەن ھېك-
مەت يېگى تۇرمۇش، يېگى مەنزىلگە قەدەم قويدى. ماشىنا
مەكتەپ دەرۋازىسىدىن ئاستا ئىرغاڭلاپ چىققىنىدا، باغۇبوستان
ئىچىدىكى قىپقىزىل ئوقۇتۇش بىناسى، ئاشخانا - ناۋايخانىلار،
تۆت ئەتراپىنى دەرەخلەر قورشاپ تۇرغان مەكتەپ مەيدانى ھەم
قولىنى پۇلاڭلىتىپ تۇرغان ئەخمەت ھوشۇرغا قارىغان ھېكمەت-
نىڭ كۆزلىرىنى لىپمۇ لىپ ياش قاپلىۋالدى، ئۇ ئىچىدە ئاستا
پىچىرلىدى:

— خەير - خوش بوستان!

# كىندىك قان تۆكۈلگەن يەرلەر

— ئاھ ... ئىلى دەرياسى، ئىلى ۋادىلىرى ... سەن مېنىڭ ئانامسەن، سېنى ئاسىي ئوغلۇڭ يوقلاپ كەلدى! ...

ھېكمەت گۈپپىدە تىزلاندى، ئاندىن ئاستا ئېڭىشىپ قارا تۇپراقنى سۆيدى، پېشانىلىرىنى ياقتى، شۇ تەرىزدە بېشىنى كۆتۈرمەي ئۇزۇن تۇردى. ئۇ خۇددى ئانىسىنىڭ ئەللەيلىرىنى قايتا ئاڭلاۋاتقاندەك، پىچىرلاپ ئېيتقان نەسىھەتلىرىنى تىڭشاۋاتقاندەك، جىملەشلىرى، تەسەللىلىرى جاراھەتلىك يۈرىكىگە مەلھەم بولۇۋاتقاندەك، ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ يىغلاپ، يۈزلىرىنى تۇپراققا ياققىنىچە بەكمۇ ئۇزۇن تۇردى. ئانا تۇپراق ئۆزىنى تاشلىۋەتكەن قارا كۆڭۈل ئوغلىنى يەنە كەچۈردى. ھەتتا تەسەننا قىلدى:

— توۋا، شۇنچىمۇ يوقاپ كەتتىڭا، سەن سېغىنىمغىنىڭ بىلەن مېنىڭ كۆرگۈم كەلدى. سەن مېنىڭ باغرىمدا چوڭ بولدۇڭ، سۇلىرىمنى ئىچىپ ئەقىل تاپتىڭ، سېنىڭ ۋۇجۇدۇڭ مېنىڭ تېنىمنىڭ پارچىسى تۇرسا! باللىق چاغلىرىڭدا سۇلىرىمغا چۈمۈلگەنلىرىڭ، ئۇ قانتىمغا ئۆتۈپ، قارىقات مالىنىلارنى تېرىپ يېگەنلىرىڭ، دوپپاڭغا ئۈجمىلەرنى تەرگەنلىرىڭ، چىغلىق ئېدىرلىرىدا توشقان قوغلىغانلىرىڭ ئېسىڭدىدۇ؟! ئاق باشلىق كۆپكۆك تاغلار، ياپيېشىل ئورمانلار، مەرۋايىتتەك ئۆركەشلەپ ئاققان سۇلىرىم، چەكسىز كەتكەن مۇنبەت قوينۇم، زەنگەرسىمان سۇزۇك ئاسمىنىم، ھادىس گۈزەل چىھرى مەنزىرلىرىم سېنىڭ قەلب باغلىرىڭنى، كۆڭۈل بوستانلىرىڭنى ھېس - تۇيغۇ، پەزىلەت ۋە دىيانەت شەربەتلىرى بىلەن سۇغارغا-

نىدى. ئەجەبا، شۇلارنىڭمۇ يۈزىنى قىلمىساڭ! بىلمەن، ھەس-
رەت چەكتىڭ، پىغاندا ئۆرتەندىڭ، خورلاندىڭ، لېكىن بۇلارغا
ئانا چىدامدۇ؟ مەن يەنىلا چىدىمىدىم، «ھەي، ئاشۇ بالا مۇسا-
پىرچىلىق تارتىپ كۈلپەتتە قالدى» دەپ ئېسىيادىم سېنىڭدە
بولدى. چۈنكى، كىندىك قانلىرىڭ مېنىڭ تېنىمگە سىڭگەن
تۇرسا! سېنىڭ تىرنىقىڭ كېسىلسە، مېنىڭ يۈرىكىم تىلىنىما-
دۇ ... ھەي ۋاپاسىز ئوغۇل، سەن بۇلارنى ئۇنتۇدۇڭما!؟
— ئاھ! ئىلى دەرياسى، ئەزىم دەريا، مېنى ئاشۇ زۇم-
رەتتەك سۇلىرىڭغا غەرق قىل، مەن سېنىڭ باغرىڭغا سىڭىپ
كېتەي، ئاھ! ئانا يەر، مېنى ئۆز قوينۇڭغا ئال، بىر سىقىم
تۇپراق بولۇپ ۋۇجۇدۇڭغا قوشۇلاي، لېكىن مېنى كەچۈر،
ئاسىي ئوغلۇڭنى ئەپۇ ئەت! قارا كۆڭۈل بالاڭ ئۇچۈن كۈلۈپ باق!
دەرد - ئەلەم زىندىنىدىن يۈرىكىمنىڭ ساق يېرى قالمىغان پۇشتۇڭ
ئۇچۇن بولسىمۇ يەنە بىر قېتىم ساخاۋەتلىك كۆزلى-
رىڭدە باق، — ھېكمەت يۈزلىرىنى تۇپراققا تېخىمۇ بەك سۇ-
ۋۇدى، — مەن سېنى قانداقمۇ ئۇنتاي، ئاسماققا ئېسىلغانلى-
رىمدا «غەيرەت قىل ئوغلۇم» دەپ شارقىرىغان شاۋقۇنلىرىڭنى
ئاڭلاپ تۇردۇم؛ تەنلىرىم قىپقىزىل قانغا بويالغىنىدا قىزىل
گۈللەرگە پۈركەنگەن باغلىرىڭ كۆز ئالدىمدا ئايان بولدى؛
«ساتقىنلىق قىل» دېگەنلىرىدە قەھرىمان ئوغلانلىرىڭ كۆزلى-
رىمگە تىكىلىپ كۈچ- مادار ئاتا قىلدى؛ زۇلمەتلىك زىندانلاردا
ياتقىنىمدا، بۇلبۇللار ماكانى بولغان قاراڭغۇ ئورمانلىرىڭ مە-
دەت بەردى؛ تۈنلەپ ئۇيقۇدىن بىدار قىلغانلىرىدا، سېنىڭ بوس-
تانلىرىڭدا تاتلىق ئۇخلىغانلىرىم ئارام بەخش ئەتتى! ئەدناسى
سېنىڭ تۇپىلىرىڭ يۇققان ئات تۇياقلىرىغا تەلمۈردۈم، ئۇنىڭ
ئۆتكۈر ھىدلىق ئاچچىق تەرلىرىنى ھىدلىدىم! شۇنداق ئانا!
مەن تەكلىماكاننىڭ يىراق - يىراق رۇجەكلىرىدە يۈرسەممۇ،
سەن ھامان ... ھامان مېنىڭ كۆز قارىچۇقلىرىمدا، دىل پىنھا-

لىرىمدا ئىدىڭ، ئۇنىڭسىز مۇمكىنمۇ ئاخىر؟!
— تۇر ئوغلۇم، ئورنۇڭدىن تۇر، يۇرەكلىرىمنى خۇن
قىلما! — ئىلى دەرياسى كۆز ياشلىرىنى تۆكۈپ كۈۋەجىدى،
ئانا تۇپراق ھەسرەت ئىچىدە ئېغىر تىندى، — مەنمۇ ساڭا
ئوخشاشلا تەگسىز ئازاب - كۈلپەتلەر ئىچىدە ئۆرتەلدىم، تۇر
ئورنۇڭدىن، مېنىڭ جاراھەتلىك باغرىمغا قارا!
پۈتۈن تېنىدىن يۇرىكى بەكرەك جاراھەتلەنگەن ھېكمەت
ئورنىدىن تۇردى. ئۇ لاي بولۇپ كەتكەن يۇزلىرىنى سۇرتمەي،
دەممۇ دەم ياشقا تولغان كۆزلىرى بىلەن دەرياغا قارىدى، بىر-
بىرىنى قوغلىشىپ ئېقىۋاتقان دولقۇنلار سۇ ئەمەس گويا قىپقى-
زىل قاندەك كۆرۈندى. ئۇ قاتتىكى توقايلىقلار، قومۇشلۇق،
يىكەنلىكلەر باشلىرىنى ئېگىپ مۇسىبەتتە تۇرغاندەك قىلاتتى.
تەڭرىتاغ ئاتا تېخىمۇ قېرىپ، چاچلىرى سۇۋارى ئاقىرىپ كەت-
كەن بولۇپ، خۇددى ئوغۇل - قىزلىرىنى ئۆزىدىن بۇرۇن
ئۇزىتىپ قويۇپ، غېرىبسىنىپ قالغان ئاتىغا ئوخشايتتى. ئۇ-
نىڭ ئېتەكلىرىدىكى يامغۇر بولۇتلىرىدەك سوزۇلۇپ ياتقان جا-
غىستاي، توققۇز تارا، قاينۇق، سۇپتاي، يېزىلىرى خۇددى ئاتا
باغرىغا چۇشكەن ئۆچمەس داغقا ئوخشايتتى. دەريانىڭ ئۆمچۈك
تورىدەك گىرەلەشكەن تارامىلىرى، گويا ئانىنىڭ كۆكسىدىن ئاق-
قان ئاپئاق سۇتنى ئەسلىتەتتى. شۇنداق، ئون يىللىق بالايىئا-
پەت ئانا يۇرت يۇرىكىنى خۇددى تاغاق باغرىدەك تىلىۋەتكەنىدى،
ھېكمەت، ئىلى دەرياسىنىڭ ساي قۇيۇلۇش ئېغىزىدىكى
قىرغاقتا تۇراتتى، ئۇ تۇنۇگۇن كەچ غۇلجىغا چۇشۇش بىلەن
يۇرىكى قېپىدىن ئاجراپ، گويا خۇشاللىقتىن پارتلاپ كېتىدىغان-
دەك ھاياجانغا تولدى ۋە چامادانىنى كۆتۈرگىنىچە ئالدىراپ مە-
ھەللىسىگە يېتىپ كەلدى. ئۇ دەرۋازىنى ئېچىپ ھويلىغا كىرد-
شى بىلەن، ئۆيدىن ئېتىلىپ چىققان ئاپىسى ۋە قېرىنداشلىرى
ئۇنى قۇچاقلاپ يىغا - زارە قىلىشتى. ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن

ھېكمەت ئۆزىنى ئاپىسىنىڭ قۇچىقىغا ئېتىپ تىزلانغىنىچە ئۇنىڭ مېھرىبان يۇمشاق ئالىقانلىرىنى سۆيۈپ، يۈز ھەم كۆزلىرىگە سۈۋاپ، ئېسەدەپ - ئېسەدەپ يىغلىدى، ئۇنىڭ يىغىسىغا تارتقان ئازاب - ئوقۇبەت زەردابلىرى قوشۇلۇپ كەتكەندى ··· ھېكمەت سەۋر - تاقەت قىلالمىدى:

— جېنىم ئاپا! بىردەم ئارامىمدا قوي، قۇچاقلىرىڭغا باش قويۇپ كۆپرەك يېتىۋالاي، ھىدلىرىڭنى قانغىدەك راسا پۇرىۋالاي، مۇبارەك تېنىقلىرىڭ ۋۇجۇدۇمغا سىڭىپ، دەردلىك يۈرىكىمنى ئىللىتسۇن! مېھرىبان قوللىرىڭ بېشىمنى سىلاپ، مېنى ئۇخلىتىپ قويسۇن، مەن قۇچاقلىرىڭدا مەڭگۈ ئۇخلاپ قالاي كۆرگەن كۆرمىشلىرىم چۈشكە ئايلىنىپ قالسۇن، ھەممىدىن خالاس تاپاي! ، — ھېكمەت سىلكىنىپ-سىلكىنىپ يىغلىماقتا ئىدى، — ئاھ جېنىم ئاپا، كۆزۈمدىن ئۇچۇپلا كەتتىڭغۇ، مەن بالىلىقىمغا يانسامچۇ كاشكى، سېنىڭ تىللاش، ئاچچىقلاشلىرىڭنى قايتا ئاڭلىسام، ياغاچقا سانجىپ بېرىدىغان ئىسسىق توقاچلىرىڭنى يېسەم، مەكتەپكە ماڭغىنىمدا يانچۇقۇمغا ئوچۇملاپ ئالما قاقلىرىڭنى سېلىپ قويساڭ، شوخلۇق قىلىپ ئۈزۈۋەتكەن تۈگمىلىرىمنى قاداپ بەرسەڭ، باغقا چۈشكەن ئالمىلارنى تەرمەي دەريا بويىغا قىچىپ كەتسەم، سەن ئارقامدىن ۋارقىراپ قالساڭ ··· ۋارقىرامسەن، تىللامسەن مەيلى، پەقەت ئاۋازىڭنى ئاڭلىسام، ئاشۇ مېھرىبان ئاۋازىڭنىڭ قۇربانى بولسام بەس!

ھېكمەتنىڭ بۇ ئىلتىجالىرى قۇرۇق نىدا ئەمەس ئىدى. ئۇ بېشىغا كەلگەن شۇم قىسمەتنىڭ ئۆرتىلىپ چىققان ئوتلۇق پىغانى ئىدى. ھېكمەت ئاپىسىنى كۆرۈش بىلەن بالىلىققا قايتقاندەك بولدى. خۇددى كىچىكىدە بىر يەردىن يىقىلىپ چۈشۈپ ياكى بىرەر يېرىنى قانىتىۋېلىپ ئاپىسىدىن مەدەت تىلەپ دادلاۋاتقاندەك، ئىچىگە توشۇپ كەتكەن جەبىر-زۇلۇملار، تۇرمۇشتىكى سو-

رۇقچىلىقلار بىر يولىلا كەلكۈندەك ئېتىلىپ كەلگەنىدى.
جەم بولغان بىر ئائىلە كىشىلىرىنىڭ سۆزلىرى ئوتتۇر
كېچىدىن ئاشقىچە داۋاملاشتى. مەدەنىيەت ئىنقىلابى جەريانىدا،
غۇلجا خەلقىنىڭ تارتقان ئازاب - ئوقۇبەتلىرى، خوتەن خەلقى-
نىڭ بېشىغا كەلگەن كۈلپەتلەردىن ئېشىپ چۈشەتتى. 62 -
يىلى 29 - ماي ۋەقەسىدە نەچچە ئون مىڭلىغان ئادەملەر سوۋېت-
كە قېچىپ كەتتى. خۇددى قېتىق ئىچكەن قۇتۇلدى، تاۋاق
يالىغان تۇتۇلدى، دېگەندەك ئۇلارنىڭ قېپقالغان ئاتا - ئانا،
ئۇرۇق - تۇغقان، قوۋم -قېرىنداش، ئەل - بۇرادەر، خۇتۇن
باللىرى «خائىن»نىڭ، «قاچقۇن» نىڭ ئۇرۇق - پۇشتى ھې-
سابلىنىپ «ئىككى يۈرەك» دېگەن قارا تامغا ئۇلارنىڭ پېشانى-
سىگە بېسىلدى، كۈرەش، پىپەن، دەھشەتلىك قىيناق ئازابىغا
چىدىيالماي ئۆزىنى دەرياغا تاشلىۋالغان، ئېسىلىپ ئۆلۈۋالغان
خەۋەر ھەر كۈنى دېگۈدەك ئاڭلىنىپ تۇراتتى. بولۇپمۇ زىيالىي-
لار «ئۆگىنىش كۇرسى» غا كىرىپ كەتسە، ئۇ يەردىن روھى
ئۆلگەن تىرىك مۈردا بولۇپ چىقاتتى.
— كىچىك داداڭ ئاۋاكرىم غۇلجىدا تونۇلغان ئەھلى ئى-
لىملىك زات ئىدى، — دېدى ھېكمەتنىڭ ئاپىسى شەرىپە، —
ئۇنى ئۆگىنىش كۇرسىغا ئەكىرىپ كېتىپ ئۆلۈكىنى ئېلىپ
چىقتۇق، ئائىلىسىنى سەھراغا سۈرگۈن قىلىشتى.
— چىۋېخۇي،① بىلەن خوڭزاۋخۇي② ئۆزئارا ئۇرۇ-
شۇپ، گىمنازىيە كۇتۇپخانىسىنى، ئەكسىنىر③ نى پارتلاتتى.
قىزلار ئوتتۇرا مەكتىپىنى كۆيدۈرۈۋەتتى، — دېدى ھېكمەت-
نىڭ سىڭلىسى رەيھان، بىرگە زەربە بېرىپ، ئۈچكە قارشى
تۇرۇش بولسا بىر تۈركۈم ئادەملەرنى ئاتتى. مانا ئەم-

---

① چىۋېخۇي - قوغدىغۇچى تەشكىلات ② خوڭزاۋخۇي -
ئىسيانچى تەشكىلات ③ ئەكسىنىر - ئون زاۋۇتى

ـدى ئالته ـ يەتتە يىل ئۆتكەندە ئۇلارنى ئەسلىگە كەلتۈرۈمىش دېگەن گەپلەرنى ئاڭلايمىز.

— ۋاي بالام، — دېدى شەرىپە رومىلىنى كۆزلىرىگە بې-سىپ، — ئۆلگەندىن كېيىن ياسىن ئوقۇغاننىڭ پايدىسى نېمە؟!

ھېكمەت، ئىلى دەريا قىرغىقىدا تۇرۇپ يىراقلارغا نەزەر سالماقتا ئىدى. ئۇ ئاپىسىنىڭ ۋە قېرىنداشلىرىنىڭ ئەلەملىك كۆز ياشلىرىدىن، ئانا يۇرتىنىڭ باغرىدىكى قانلىق يارىلارنى كۆرگەندەك بولدى. ئۇ مەرىپەت ماكانى بولغان يۇرتىنى چىن دىلىدىن سۆيەتتى. قارىغاي، ئارچا، قېيىن ۋە ھەرخىل قىرچىن-تاللار قەد كۆتۈرگەن ياپيېشىل تاغلىرى، ياۋا گۈللەرگە پۈر-كەنگەن مەخمەلدەك يايلاقلىرى، قارا بۇلۇتتەك يېيىلىپ ياتقان ئورمانلىرى، تاشتىن ـ تاشقا ئۇرۇلۇپ ئۈنچىلەر چاچراتقان زۇمرەتتەك سۇلىرى، بۇلبۇللار ناۋاسى كەتمىگەن باغلىرى، جەننەتنى ھەسەتتە قالدۇرغان ئىلى ۋادىسى ھېكمەتنىڭ كىندىك قېنى تۆكۈلگەن ئانا تۇپرىقى ئىدى. بۇ مېھرىبان ئانا ئەرلىك قىلىچىنى كۆتۈرگەن سادىر پالۋان، ئەخمەتجان، لۇتپۇللا، رىز-ۋانگۈلدەك ئوغۇل ـ قىزلار، بۇلبۇلدەك ناۋا ئەيلىگەن بىلال نازىم، مەرىپەت چىراغلىرىنى ياندۇرغان ئايخان ئانىلارنى تۇغۇپ چوڭ قىلدى. ئۇلار بۇ تۇپراققا ئاچچىق تەر، ئىسسىق قانلىرىنى سىڭدۈردى. مەنچىڭ ئەمەلدارلىرىغا قەددىنى ئەگمىگەن نۇزۇ-گۇم، گومىنداڭ ئىستىبدات ھۆكۈمرانلىرىغا قارشى كۆكرەك كېرىپ چىققان رىزۋانگۈلدەك قىزلارنىڭ ئىپار بويلىرى مۇشۇ ئانا تۇپراققا سىڭىپ كەتكەن! تەڭرىتاغ ئاتىنىڭ ئالماستەك ئاپئاق باشلىرى، ئاشۇ ھەيۋەتلىك تاش ـ ئىدىرلار، گۈل ـ چېچەككە پۈركەنگەن ئىلى ۋادىلىرى — تارىخنىڭ شاھىدلىرى! ئۇلارم ئىلى دەرياسىنىڭ قانچە ـ قانچىلاپ قان ۋە ياشلارغا تولۇپ ئاققىنىنى كۆرمىگەن؟! ئەمدىلىكتە، مەدەنىيەت ئىنقىلا-بىدىن ئىبارەت قارا بوراندا بۇ ئانا تۇپراق ئۆزىنىڭ يەنە قانچىلى-

غان ئوغۇل ـ قىزلىرىدىن ئايرىلدى، بەدەنلىرى ئۆچمەس جارا-
ھەت ئىزلىرى بىلەن تولدى!

قوياش ئوتلۇق شاردەك قىزىرىپ پاتماقتا ئىدى. ئىلى دەريا ئۆركەشلىرى تۆمەن مىڭلىغان قىزىل مەرۋايىتلارنى تۆكۈۋەتكەن-دەك يالتىرايتتى. يىراق ئۇپۇق قىرغىقىدا، توقاي تامان كېتىد-ۋاتقان قولۋاق ۋە ئۇنىڭ ئۈستىدىكى ئىككى گەۋدە شەپەق نۇرىدا گويا رىۋايەتلەردىكى ئاشىق ـ مەشۇقلاردەك سېھىرلىك كۆرۈنەت-تى. توقايلىقلاردىن كېلىۋاتقان بۇلبۇللارنىڭ ناۋالىرى سىلىك-كەن بولۇپ، ئۇ قاناتتىكى يېكەنلىكلەرگە توپ ـ توپى بىلەن ئۇچۇپ چۇشۇۋاتقان ياۋا ئۆردەكلەرنىڭ جۇپتىنى چاقىرغان «غات- غات» لىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. پۈتۈن بىر كۈننى ئىلى دەريا بويلىرىدا ئۆتكۈزگەن ھېكمەت، بىر ئوش توپا ۋە سۇ تېگىدىكى بارماقتەك كۈكۈچ تاشنى ئېلىپ قول ياغلىقىغا چىگ-دى، ئاندىن كۆز قىيمىغان ھالدا ئارقىغا قايتتى. ئۇ كىچىك چاغلىرىدا دوستلىرى بىلەن دوپپىلىرىغا ئۈجمە تېرىپ ئوينايدى-غان ناغىرچىنىڭ مۇنبەت ئېتىزلىق دۆڭلۈكلىرىگە، تىلقانات، يالپۇز، چاققاق ئوتلار قاپلىغان بۇلاقلارغا «چاڭچاڭ» قاغا بالد-لىرىنى ئالغان خۇمدان مەھەللىسىنىڭ ئېگىز يارلىقلىرىغا، ۋاسلىنىڭ تۆگمەنلىرىگە تويماي ـ تويماي قارىغىنىچە ئۆيىگە يېتىپ كەلدى.

— ۋاي جېنىم بالام، چىقىپ كەتكىنىڭنى تۇيماي قاپتىمەن، — دېدى شەرىپە ھېكمەتنىڭ باشلىرىنى سىلاپ، — شۇنچە تاڭ سەھەردە نەگە باردىڭ؟

— ئىلى دەريا بويلىرىنى كۆرۈپ كەلدىم ئاپا، — ھېك-مەت ئاپىسىنىڭ يۇمشاق ئالىقانلىرىنى يۈزىگە سۈۋۈدى.

— مەن تېخى سېنى زايمىكىدىكى جاڭزىغا چىقىپ كەتكەن چېغى دەپ ئويلاپتىمەن.

— ئاۋاكرى كىچىك دادامنىڭ ئائىلىسىنى ئەتلەتىن يوق-

لاپ كېلەرمەن.

ھېكمەت ئەتىسى ئەتىگەن ناشتا قىلىپلا جاڭزىغا يول ئال-
دى. ئۇ ئاۋاكرىم كىچىك دادىسىنىڭ ئائىلىسىنى يوق-
لاپ، ئۇلارنىڭ ئۆيىدە بىر كېچە قونغاندىن كېيىن، ئەتىگەندىلا
يولغا چىقىپ شەھەرگە قايتىپ كىردى. ھېكمەت شۇ كۈندىن
باشلاپ ئورۇق - تۇغقان، ئاغىنە - بورادەرلەرنىڭ ئۆيلىرىنى
پەتىلەش، يوقلاش بىلەن بىر ھەپتە ئۆتۈپ كەتتى. بىر
كۈنى ئۇ يازماقچى بولغان درامىنى باشلىماقچى بولدىيۇ،
ئەمما باللىق خاتىرىلىرىگە ئۆچمەس ئىزلىرىلارنى قالدۇرغان
گىمنازىيە كۆتۈپخانىسىنى كۆرۈش ئىستىكى قوزغالدى. ئۇ
دەسلەپ ۋاڭ قادىر بېغىغا كەلدى. شەھەر خەلقىنىڭ ئارامگاھى
بولغان بۇ باغ، گەرچە ئىنقىلابنىڭ سوغۇق پەنجىلىرىدە ئېغىر
تالاپەتكە ئۇچراپ، ئۆز ۋاقتىدىكى لاتاپىتىنى يوقاتقان بولسىمۇ،
ھېكمەت ئۇچۇن يەنىلا شۇنچىلىك يېقىملىق كۆرۈندى. ئۇ بىر
زامانلاردا زەيتۇنە ئىككىسى بىر - بىرىنى ساقلايدىغان ئورۇننى
مۇسەللەپ تاپتى. لېكىن، قىشنىڭ زېمىستان سوغۇقلىرى،
يازنىڭ پىژغىرىم ئىسسىقلىرىدا ئۆزلىرىگە ھەمراھ بولىدىغان
يېشىل شادا ئورۇندۇق يوق ئىدى. زەيتۇنە مەكتەپتىن قايتقاندا،
مەشەدە ھېكمەتنى كۈتەتتى، ئەگەر ھېكمەت بالدۇر كېلىپ قالسا
زەيتۇنەنى ساقلايتتى. ئىككىسى قارلاردا پۇمداقلىشىپ، بىر -
بىرىنىڭ گەدەنلىرىگە قار تىقىپ، يول بويى قوغلىشىپ ماڭات-
تى. ياز كۈنلىرى سۇ چېچىشىپ، كىيىملىرى ھۆل كىرگەندە
تۇرغانۇف قېلىن، قارا بۇرۇتلىرىنى ھىمىرىپ كۈلۈپ كىتەتتى.
قار راسا لەپىلدەپ چۇشۇۋاتقان بىر كۈنى، ھېكمەت مەكتىپىدە
دوستلىرى بىلەن «قار بوۋاي» ياساپ ۋاقتىنىڭ قانداق ئۆتۈپ
كەتكىنىنى تۇيماي قالدى. ئۇ كۆڭلىدە «زەيتۇنە ئاللىقاچان
كېتىپ قالدى» دەپ ئويلىغان بولسىمۇ، يەنىلا ۋاڭ قادىر بېغى-
نىڭ ئىچىدىكى يول بىلەن ماڭدى. ئەمما، گۇگۇم قاراڭغۇلۇقى-

ـدا خۇددى نامازغا ئولتۇرغان بۇۋىملەردەك ئاپئاق قارغا پۈركىـ
لىپ، پۈتلىرى كۆرۈنمەي قالغان بىر كىچىك گەۋدىنىڭ شادا
ئۈرۈندۈقتا ئولتۇرغانلىقىغا كۆزى چۈشۈپ قالدى. ئۇنىڭ ئەترا-
پى قىلىن قار بولۇپ، بىرەر ئىزمۇ كۆرۈنمەيتتى. ھېكمەت
قەدەملىرىنى ئاراڭلا ئېلىپ يېتىپ بارغىنىدا، زەيتۇنە «ھېكمەت
مەن توڭۇپ كەتتىم» دەپ ۋارىدە يىغلىۋەتكەنىدى. شۇ چاغدا
ھېكمەت زەيتۇنەنىڭ قوللىرىنى ھورداپ ئىسسىتقانلىرىنى،
شارپىسىدا ئۇنىڭ بويۇن - يۈزلىرىنى ئوراپ ئېلىپ ماڭغانلىرى-
نى ھازىرغىچە ئۇنتالمىغانىدى.

ھېكمەت ستالىن كوچىسى ئارقىلىق گىمنازىيە كۇتۇپخانىـ
سى ئالدىغا كېلىپ، كۆڭلى دەپ ئېيتقۇسىز يېرىم بولدى.
كۇتۇپخانىنىڭ خىش تاملىرى ئۆرۈلگەن، ئىشىكلىرى ئاجراپ
بىر تەرەپكە قېيىسىپ قالغان، ئۆگزىلىرىدىكى يېشىل قاڭالتىر-
لارنى كىملەردۇر ئېلىپ كەتكەن بولۇپ، ئىچىنىشلىق خارابىـ
لىككەئايلىنىپ قالغانىدى. بىر چاغلاردا بۇ كۇتۇپخانا بىلىم
ئۇنچىلىرىنى چاچقان چەشمەزىلال ئىدى. ھېكمەت مەكتىپىدىن
ئازاد بولۇپلا، پوپكىسىنى ئېسىپ كىلەتتى - دە، كۇتۇپخانچى
قىزلاردىن ئوقۇۋاتقان كىتابىنى ئېلىپ خەتكۈچ قىستۇرغان
يېرىنى ئاچاتتى. ئۇ سىلاۋيان يېزىقىدىكى «مارىيا جە-
گۇر قىزى»، «زىياد ۋە ئەدىبە»، «سۇلۇۋچاچ»، «زەينەپ ۋە
ئامان» داستانلىرىنى، «باباتاغ ئۈستىدە قۇياش» «ئالتۇن
ۋادىدىن شامالار»، «داخۇندا»، «بۇۋاقىئەرووۋنو ئەتراپىدا
بولغان» قاتارلىق نۇرغۇنلىغان رومانلارنى مانا مەشەدە ئوقۇغان،
كۆزى ئىچىلغان، كۆز چاقناتقۇدەك ئۇنچىلەرنى قەلب يىپلىرىغا
تىزىپ، ئەدەبىياتنىڭ سىھرى كۈچىگە مەھلىيا بولغانىدى. بىـ
راق، زەيتۇنە بۇ كۇتۇپخانىنى داۋاملىق: «بىرەر بومبا چۈشۈپ
پارتلاپ كەتسە ياكى يەر تەۋرەپ، مۇشۇ كۇتۇپخانىلا ئۆرۈلۈپ
چۈشسە» دەپ قاغايتتى. مەدەنىيەت ئىنقىلابى ئۇنى تىلىكىگە

يەتكۈزگەن چاغدا، ئۇ ۋەتەندە يوق ئىدى.

ھېكمەت ئەكسىنىر زاۋۇتى، ستالىن مەكتىپى، «ساۋگى-
رازدان جەمئىيىتى» نىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ بىر ئاز ماڭغاندىن
كېيىن «قىزلار مەكتىپى » ئالدىغا كەلدى ۋە دەھشەتلىك خارا-
بىلىككە قاراپ، كۆرگەنلىرىگە ئىشەنمەيلا قالدى.

قىزلار مەكتىپى غۇلجىدا ھەممە ئىپتىخارلىنىدىغان ھەي-
ۋەتلىك بىلىم بۇلىقى ئىدى. ئۇنىڭدا ئۇيغۇر، تاتار، ئۆزبەك،
قازاق قىزلىرى ئوقۇيتتى. بىر - بىرىدىن لاتاپەتلىك غۇلجا
قىزلىرى شۇنچە گۇزەل، شۇنچە بەرنا، ئەيمىنىپ قارالمىغۇدەك
ھۆسن - جامالىرىدىن نۇر يېغىپ تۇرسىمۇ، ئاجايىپ - غارايىپ
كىيىنمەيتتى. ئۇلار مانجىت ۋە ياقىسىغا ئاق تور تۇتقان كەرە-
شىنىۋاي كۆڭلەك بىلەن قارا پەرتۇق، پەس پاشنىلىق ئاياغ
كىيەتتى، چېچىنى يازدا ئاق، قىشتا قارا رەڭلىك لېنتا بىلەن
بانتىكلاۋالاتتى. ئۇلار توپ - توپ مېڭىشسا، ھەممىنىڭ ھەۋەس
ۋە ھەسرەتلىرىنى قوزغايتتى. مەكتەپنىڭ ھويلىسىدىكى خۇددى
يېشىل توپتەك دۇبدۇگىلەك سىدىلەر، ھەرخىل رەڭدە ئېچىلىپ
كەتكەن ئەتىرگۇل، مۇدەنلەر، سوۋېت پوسۇنىدا سېلىنغان يې-
شىل قاڭالتىرلىق سۇس سېرىق رەڭلىك ئوقۇتۇش بىناسى-
نى تېخىمۇ كۆركەم كۆرسىتەتتى. بىناغا كىرگەن ھامان، كەڭ
زالنىڭ ئىككى تەرىپىدە كىيىم ئاسقۇلار، كالاچ قويىدىغان ئىش-
كاپلىق تەكچىلەر بار ئىدى. بۇ مەكتەپنىڭ پاكىزلىقى شۇنچى-
لىك ئىدىكى، يەرگە يىڭنە چۈشۈپ كەتسە كۆرگىلى بولاتتى.
مانا ئەمدىلىكتە بۇ بىنا، بومبا، زەمبىرەك ئوقلىرى زەربىسىدىن
قەدىمكى قەبرىستانلىقتا ئوخشاپ قالغانىدى. ئۇنىڭ ئۇستى گۆ-
مۈرۈلۈپ چۈشكەن بولۇپ، رامكىلىرى ئاجراپ كەتكەن دېرىزە
كاتەكلىرىدىن بۇخسۇپ چىققان ئىس بىنانى قارا كۆيۈن-
دىگە ئايلاندۇرۇپ قويغانىدى. ھويلىدىكى سىدە، نادىر، ئەتى-
ۋارلىق گۇللەر ئورنىدا چوڭقۇر گوداڭلار، دۇۋىلەنگەن توپا،

خىش پارچىلىرى، ھەر خىل نەرسىلەرنىڭ سۇنۇقلىرى تۇراتتى. بۇ ئىچىنىشلىق مەنزىرىگە قاراۋېرىشكە يۈرىكى چىدىمىغان ھېكمەت قايتىپ كەتتى.

ھېكمەت ئەتىسى سەھەر تۇرۇپ يېزىقچىلىق ئىشىنى باشلىدى، ئۇ يېزىدا كۆپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن دېھقانلارنىڭ تۇرمۇشىغا پىششىق ئىدى. ئۇلارنىڭ جاپا ـ مۇشەققىتى، يۇقىرىدىن چۈشۈرۈلۈۋاتقان ھەرخىل قائىدە ـ نىزاملار، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتى ئوتتۇرىسىدىكى كەسكىن كۈرەش قاتارلىقلار ئۇنىڭ كاللىسىدا يېڭى بىر تېمىنى ھاسىل قىلغانىدى. ئەسلى بۇ درامىنى بۇرۇن يېزىش ئۈچۈن تەييارلىق قىلغان بولسىمۇ، بىراق مەدەنىيەت ئىنقىلابى باشلىنىپ، بۇ خىياللار سۇغا چىلىشىپ قالدى. ئۇ چاغلاردىكى دەۋر چەكلىمىسى، سىنىپىي كۈرەش ئېھتىياجى ھەر قانداق قەلەمكەشنى ھەر تەرەپتىن ئىسكەنجىگە ئېلىپ تۇرغاچقا، ئەسىرىدە بىرەر «سىنىپىي يات» ئونسۇرنىڭ بۇزغۇنچىلىقلىرى چوقۇم ئەكس ئەتتۈرۈلۈشى شەرت ئىدى. ھېكمەت يېزا بىلەن شەھەردىكى گىرەلىشىپ كەتكەن زىددىيەتلەرنى ئاساس قىلىپ درامىسىنى باشلىدى. ئۇ درامىغا «كوئىنلون ۋادىسىدىكى چاپقۇن» دېگەن تەنتەنىلىك شوئار ئەكس ئېتىپ تۇرغان ئىسمىنى قويدى.

ھېكمەت كېچىلىرى قولىيازمىنى قولىغا ئېلىۋېلىپ رەسمىي سەھنىگە چىققاندەك پېرسوناژلارنىڭ سۆزلىرىنى ئىنتوناتسىيىلىك ئاھاڭ ۋە ھېسسىيات بىلەن ۋارقىراپ سۆزلەيتتى. تۇرۇپلا يىغلامسىراپ نېمىلەرنىدۇر دەپ يالۋۇرسا، تۇيۇقسىز قاھ ـ قاھلاپ كۈلۈپ «ھەي، ھەي، دىتىڭ بار نېمە جۇمۇسەن! » دەپ كۆزلىرىنى ئوينىتاتتى. بەزى جۈملىلەرنى قايتا ـ قايتا ئوقۇش، سۆزلەش جەريانىدا سەللا دۇدۇقلاپ قالسا، ئۇنىڭ كېلەڭسىز، ئۇزۇن بولۇپ قالغانلىقىنى ھېس قىلاتتى ـ دە، قايتا ئۆزگەرتەتتى.

درامىدا ھەرىكەت، ۋەقە ئاساس قىلىنغاچقا، دىئالوگلار قىسقا، قىزىقارلىق چىقىشى، ۋەقە توقۇنۇشلىرى جىددىي ھەم تراگېدىيە تۈسىنى ئالغان بولۇشى، مونولوگ، بايانلارنىڭ خەلق تىلى ھەم تەمسىل-ماقالىلەر بىلەن ئېلىنىشى ئارتىسلارنىڭ ماھارىتى بىلەن بىرلەشكەندىلا دراما ھاياتىي كۈچكە تولۇپ، تاماشىبىنلار داھاياجان قوزغايدۇ ۋە تەسىرلەندۇرۇش كۈچى زور بولىدۇ.

ھېكمەت ھەر كۈنى ئۆيدە، باغدا درامىنى يېزىش، ئۆزگەرتىش، بايانلارنى ئىلاجى بار قىسقارتىپ، سۆزلەرنى مارجان تىزغاندەك تىزىپ ئىككى پەردە تۆت كۆرۈنۈشلۈك درامىنى پۈتتۈرۈپ بولغاندا، ئاۋغۇست ئايلىرىمۇ ئۆتتۈرىلىشىپ قالدى، ئۇ ئاپىسى، قېرىنداشلىرى، ئەل ـ ئاغىنىلىرى بىلەن خوشلىشىپ سەپەر تەييارلىقىنى قىلدى.

ھېكمەت غۇلجىغا كېلىشتە، كامىلنىڭ بىرنەچچە كۈن تۇتۇۋېلىشىدىن ئەنسىرەپ، يەنە بىر تەرەپتىن ئاپىسى، قېرىنداشلىرى ۋە يۇرتىنى كۆرۈشكە ئالدىراپ، بېكەتتىنلا بىلەت ئېلىپ غۇلجىغا كەتكەنىدى. شۇڭا ئۇ، ئۇچىنچى كۈنى چۈشكە يېقىن ئۈرۈمچىگە چۈشۈپلا «گۆھەر زېمىن» نەشرىياتىغا ماڭدى. ئۇنىڭ دوستى بىلەن بىر كىچە مۇڭدىشىش ئويى بار ئىدى، لېكىن كامىلنىڭ ئۆيلەنگەنلىكى ھەم ئۆيىنىڭ بىر ئېغىز ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ بىرەر سائەتتەك مېھمان بولدى ـ دە، ئۇنىڭ تۇتقىنىغا ئۇنىماي بېكەت مېھمانخانىسىغا كېتىپ قالدى. ئۇ سەنئەت ئىنستىتۇتىغا بېرىپ، ساۋاقداش ۋە ئۇستازلىرى بىلەن كۆرۈشۈشكە، ھەتتا ماھىگۈلنى ئىزدەشكىمۇ رايى بارماي خوتەنگە يۈرۈپ كەتتى.

ئۇ خوتەنگە كەلگەن كۈنىلا بىر قۇر تازىلىق قىلىپ ئىسمائىل شۇجىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشتى، درامىنىڭ پۈتكەنلىكىنى ئاڭلىغان شۇجى، ھېكمەتنى تەشۋىقات بۆلۈمىدىكى ئابدۇللانىڭ ئۆيىگە باشلاپ ئاپاردى. ئۇلار بىر قىسىم

يازغۇچى، شائىرلارغا ئەتىلا ئوقتۇرۇش قىلىپ، درامىنى مۇزا-
كىرە قىلىشنى كېلىشىۋالغاندىن كېيىن تارقىلىشتى.

شەنبە كۈنى ئەتىگەندە مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ يۇمىلاق زالىغا يىگىرمىدەك زىيالىي توپلاشتى. بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى مائارىپ ئىدارىسى ۋە مەكتەپلەردىن كەلگەن بولۇپ ئالىمجان زىھرۇللا، شادىمان قاتارلىق قەلەمكەشلەر، شۇنداقلا ۋىلايەت دەرىجىلىك ئىدارىلەردىن قاتناشقان ئەدىبلەرمۇ بار ئىدى. ھېكمەتنىڭ چۆ-چۈپ ھەم قورۇنۇپ تۇرغىنى ۋىلايەتلىك دارىلمۇئەللىمىننىڭ ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى ئىمىنجان بولۇپ، ئۇ تارىخىي تېمىدا دراما يېزىپ نام قازانغان دراماتورگ ئىدى. بۇ يىغىن ناھىيىلىك تەشۋىقات بۆلۈم تەرىپىدىن ئويۇشتۇرۇلغاچقا، ئابدۇللا يىغىن باشقۇرۇۋاتاتتى. ئۇ ئاقسۇدا ئىچىلماقچى بولغان دراما كۆرىكى، قاتنىشىشقا تېگىشلىك ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمەكلىرىنىڭ مۇسا-بىقە شەرتلىرى، تاللىغان تېمىدا چوقۇم «كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدار» ئەكس ئەتكەن بولۇشى، قاتارلىق جەريانلارنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتتى.

— يولداشلار، — دېدى ئابدۇللا خاتىرد-سىنى ۋاراقلاپ، — بۇ قېتىمقى دراما كۆرىكىگە بىزنىڭ خو-تەن ناھىيىمىز قاتنىشىش شەرىپىگە ئىگە بولدى. شۇڭا، بىز ھېكمەت ئېلىگە بىر دراما يېزىپ چىقىشنى ئىلتىجا قىلغاند-دۇق، ھازىر ئۇ غۇلجىدا يېزىپ پۈتتۈرۈپ كەلگەن ئەسىرىنى ئوقۇيدۇ. يولداشلار خاتىرە قالدۇرۇپ، ئاخىرىدا ھەممىمىز پىكىر قىلىپ درامىنىڭ ئارتۇق - كەم يەرلىرىنى كۆرسىتىپ، مۇسابىقىغا قاتنىشالىغۇدەك ھەم مۇكاپاتقا ئېرىشەلىگۈدەك سەۋ-يىگە كۆتۈرۈشكە ئورتاق ياردەم قىلساق …

ئارقىدىنلا ئىسمائىل شۇجى:

— ھەر قايسىڭلارنى بۇ يەرگە چاقىرىشىمىزدىكى سەۋەبنى ئابدۇللا ئوتتۇرىغا قويدى. سىلەر خوتەندە تونۇلغان

قەلەمكەشلەر ياكى ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىلىرى، سىلەر ھەرقانـ
ـداق ماتېرىيال، ماقالىلەرنى بىر ئاڭلاپلا نۇقسان ـ ئەيىبـ
ـلىرىنى سېزىپ ئالالايسىلەر. يۇقىرىنىڭ تەلىپىدە، «قويۇلماقـ
ـچى بولغان درامىدا چوقۇم كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدار
ئەكس ئېتىشى كېرەك» دېيىلگەن، شۇڭا مۇشۇ نوقتا شەرھلەنـ
ـدىمۇ يوق، ياخشىراق پىكىر بەرسەڭلار، ـــ دەپ قوشۇمچە
قىلدى.

ھېكمەت دەسلەپتە ھودۇقۇپ بىر ئاز دۇدۇقلىغان بولسىـ
ـمۇ، بارغانسېرى درامىنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتتى. پېرسوناژلارـ
ـنىڭ ياش پەرقى، خاراكتېرىگە قاراپ، ئاۋازىنى ھەر خىل ئۆزـ
ـگەرتىپ ئوقۇۋاتقان ھېكمەت تۇرۇپلا ئاۋازىنى كۆتۈرسە، بەزىدە
پەسلەپ، يەنە بىردىنلا يېنىك كۈچۈنۈشلەر بىلەن ئۆرلەيتتى.
ئولتۇرغانلار ئىنتايىن جايىدا ئىشلىتىلگەن تەمسىل ـ ماقالىـ
ـلەر، يۇمۇرلۇق تۈس ئالغان دىئالوگلارنى ئاڭلىغاندا ئىختىيارـ
ـسىز كۈلۈشەتتى. تراگېدىيە ئەكس ئەتكەن ھالقىلاردا جىددىيلىـ
ـشەتتى، ھاياجانلىناتتى.

يىغىن كېيىنرەك باشلانغانلىقى ئۈچۈنمۇ، دراما ئوقۇش
چۈشكە يېقىن ئاخىرلاشتى. تەشۋىقات بۆلۈم تەرىپىدىن يىغىنغا
قاتناشقانلارنى بىر ۋاق تاماق بىلەن مېھمان قىلىشتى. تاماقلار
شىرەلەرگە تىزىلىپ بولغۇچە ئۇلار درامىدىكى ھەربىر توقۇـ
ـنۇش، تراگېدىيە، سۆز ـ جۈملىلەر ۋە تەمسىل ـ ماقالىلەرنى
ئىشلىتىش سەنئىتى ھەققىدە تالاش ـ تارتىش قىلىشتى. بەزىلىـ
ـرى قوشۇشقا ياكى ئېلىۋېتىشكە تېگىشلىك يېتەرسىزلىكلەرنىمۇ
ئوتتۇرىغا قويۇشتى.

چۈشتىن كېيىن يىغىن داۋاملاشتى. بىرنەچچە قەلەمكەش
ئارقا ـ ئارقىدىن پىكىر بايان قىلىپ، درامىدىكى ۋەقەلىكلەرـ
ـنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىدىكى بەزى يېتەرسىزلىكلەر تۈزىتىلسە
چوقۇم ئويناپ چىقىشقا بولىدىغانلىقى ھەققىدە سۆزلىدى. بەزـ

لەر تەمسىل ـ ماقالىلەرنىڭ كۆپ بولۇپ كەتكەنلىكىنى ئەسكەرـ
تىپ ئۆتتى. ئەمما ئۇلار، ئىمىنجاننىڭ ئالدىدا كۆپ گەپ يورـ
غىلىتىشنىڭ ئۆزى «پەيغەمبەر ئالدىدا مەدداھلىق قىلغاندەك»
بولۇپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ، قۇرۇنۇپ تۇرغانلىقى چىرايلىرىـ
دىن بىلىنىپ تۇراتتى. دېمىسىمۇ ئىمىنجان ھېچكىم ئويلىمىـ
غان يەردىن چىقتى:

— يولداشلار كۆپ پىكىر قىلىشتى، ئەلۋەتتە بۇمـۇ
ئۇلارنىـڭ ئەسەردىن ئوخشىمىغان زوق ۋە تـەسىرات ئېلىشىنىڭ
دەسلەپكى خۇلاسىسى، — دېـدى ئىمىنجان ھەممىگە تەكشى
قـاراپ، — دراما ياخشى يېزىلغان، ۋەقەلەرنىڭ ئورۇنلاشتۇـ
رۇلۇشى، جىددىيلىكى، تراگېدىيلىك تۈس ئېلىشى، دىئالوگ
ۋە بايانلارنىڭ قىسقا، جاراڭلىق، رەڭدار بولۇشىدا گەپ سىغمايـ
دۇ، تەمسىل ـ ماقالە، يۇمۇرلۇق ئىبارىلەرمۇ پېرسوناژلارنىڭ
خاراكتېرىگە ئىنتايىن ماس كەلگەن ھالدا، درامىدا ئالغا سۈرۈلـ
گەن ئىدىيە، مەزمۇنلارنى بېيىتىش رولىنى ئوينىغان ھەم ماسـ
لىشىپ، بىرلىشىپ بىر پۈتۈن گەۋدىگە ئايلانغان.

ئىمىنجاننىڭ سۆزىدىن ھەممە جىمىپ كېتىشتى. ھېكمەت
كۆڭلىدە «شۇنداق قابىلىيەتلىك، ئىقتىدارلىق دراماتورگ تۇرـ
غان يەردە بۇ قىيىن ۋەزىپىنى ماڭا تاپشۇرغىنـى نېمىسـى؟»
دەپ ئويلىدى. بىراق، ئىمىنجان ۋىلايەتنىڭ ئادىمى ھەم خېلىلا
نوپۇزلۇق ئەرباب بولغاچقا، ناھىيە تەرەپ ئۇنىڭغا ئېغىز ئاچالـ
مايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ، ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىدە،
ئاپتونوم رايونلۇق دراما ئۆمەكتىن كەلگەن رېژىسسورلار بىلەن
ئۆزىنىڭ درامىسىنى قايتا ئۆزگەرتىپ رەپېتىس قىلىۋاتاتتى.

— دراما ئەنە شۇنداق ياخشى يېزىلغان، بىراق يۇقىرىنىڭ
تەلىپىگە سىلىشتۇرغاندا شالىلىنىپ قېپقالىدۇ، باھالانمايدۇ،
مۇكاپاتتىن گەپ ئېچىش تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس، — يىغىنغا
قاتناشقۇچىلار كېلىشىۋالغاندەكلا كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ ئىدـ

مىنجانغا قاراشتى، ــ درامىدا ئەكس ئەتكەن سەلبىي پېرسوناژ ساتتار شۆجى كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان هوقۇقدار ئەمەس، ئۇ گومىنداڭ شۆبە ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولغان، ئازادلىقتىن كېيىن هەقىقىي قىياپىتىنى يوشۇرۇپ، ئىنقىلابىي سەپكە سوقۇنۇپ كىرىۋالغان سىنىپىي يات ئۇنسۇر. يۇقىرىدىن كېلىۋاتقان هۆججەت ۋە ماقالىلەرنىڭ روهىغا قارىغاندا كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان هوقۇقدار كېلىپ چىقىشى ياخشى، ئۆتمۈشتە ئېزىلگەن، تارىخىدا خاتالىق ئۆتكۈزمىگەن هەتتا نەمۇنچى بولغان، مۇكاپاتلانغان، مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسى دېگەن شەرەپكە ئېرىشكەن، ئەمما سوتسىيالىزمدىن ئىبارەت ئۆتكۈنچى باسقۇچتا بىردىنلا قېيىپ پارتىيە، خەلققە قارشى مەيداندا تۇرغان هوقۇقدارلار دەپ شەرهلىنىۋاتىدۇ، ــ ئىمىنجان ئالدىرىماي چايدىن بىر ئوتلىدى ـ دە، گېلىنى قىرىپ قويدى، ــ ئەمدى ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئىنقىلاب ۋەزىيىتىگە نەزەر سالغىنىمىزدا، ياپونغا قارشى ئۇرۇشتا قان تۆككەن، ئازادلىق ئۇرۇشلىرىدا خىزمەت كۆرسەتكەن، دۆلەت ئازاد بولغاندىن كېيىن جاپالىق ئىشلەپ ئاجايىپ تۆهپىلەرنى ياراتقان پېشقەدەم كادىرلار، يېڭى دەۋردە ئايىنىپ كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان هوقۇقدار بولۇپ قىلىۋاتىدۇ، شۇنداق ئىكەن هېكمەت ئېلىنىڭ درامىسىدا بۇ ئوبراز يوق.

يىغىن زالى نەپەس ئاڭلانغۇدەك جىمىپ كەتتى. ئىسمائىل شۆجى هېكمەتكە لەپپىدە قارىدى ـ دە: «غەلىتە گەپكىنا بۇ» دەپ قويدى.

ــ هېكمەت، قايتا ئۆزگەرتىپ يېزىپ باقامسىز؟ ــ دېدى ئابدۇللا روهىي چۈشكەن هالدا.

ــ ئوت ـ گىياهلار يىلتىزى بولغانلىقى ئۈچۈنلا كۆكلەيدۇ هەم گۈللەيدۇ، ــ هېكمەتنىڭ كاللىسىدىن بۇ ئۇقۇم زادىلا ئۆتمىدى، ــ پارتىيە، خەلق هەم سوتسىيالىزمغا تىغ كۆتۈرۈپ

چىققان ئادەمنىڭ ئاز - تولا بولسىمۇ ئۆچمەنلىك تارىخي يىلتىزى بولىدۇ. ئاپئاق نەرسىنىڭ ھېچ سەۋەبسىزلا قارىغا ئايلىنىپ كېتىشىگە مەن ئىشەنمەيمەن، شۇڭا كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدارنى چۈشەنمەيدىكەنمەن. مەن ئەتىلا بوستانغا قايتىپ كېتىمەن.

— بۇنداق دېسىڭىز قانداق بولىدۇ؟ — ئابدۇللا خاپا بولغاندەك قىلاتتى، — يۇقىرىدىن ناھىيىمىزگە ئوقتۇرۇش چۈشكەن تۇرسا، ئەمدى قاتناشمايمىز دېسەك بۇ ... بۇ ... سىياسىي كۆز قاراش، شۇنداقلا ۋەزىيەتكە نىسبەتەن تونۇش مەسىلىسى بولۇپ قالىدۇ.

— مېنىڭچە ھېكمەت يازالايدۇ، — دېدى ناھىيىلىك كومىتېتتا ئىشلەيدىغان ئابدۇمىجىت ئىسىملىك كادىر، — لېكىن، يېزىقچىلىق ھەم سىزىقچىلىقتا ئۇنىڭ بۇرنىغا سۇ كىرگەن، شۇڭا مەشەدە بىرەر رەھبەر «مانا مەن ئىگە» دەپ مەيدىسىگە ئۇرالىسا، ھېكمەتمۇ قورقماي قەلەم تەۋرىتەلەيدۇ.

ھەممە بىردەك ئىسمائىل شۇجىغا قاراشتى. بۇ قاراش ئۇنىڭ ئۈچۈن بېسىم ھەم پىشاڭلىق رولىنى ئۆتىدى. ئەگەر ئۇ مۇشۇ مەيداندا پوزىتسىيە بىلدۈرمىسە پارتىيىۋىلىك مەيدان، سىياسىي كۆز قاراش مەسىلىسىدە چوقۇم پىستان چىقىپ قالاتتى. ئۇ ئېغىر تىنغىنىچە كۆپچىلىككە قارىدى.

— يازغىن ھېكمەت ئېلى، ياز، مانا مەن ئىگە، يۇقىرىنىڭ بۇيرۇقى بولغاندىن كېيىن ئۇلارمۇ ئىگە بولار.

— ئۇنداق بولسا ئىسمائىل شۇجى، — دېدى ھېكمەت تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ، — كاپىتالىزم‌يولىغا ماڭغان ھوقۇقدارنى ناھىيىدىن چىقىرامدۇ ياكى ۋىلايەتتىنمۇ؟ .

بۇ سوئال ۋەزىن جەھەتتىن، ئابدۇ مىجىتنىڭ تەلىپىدىنمۇ ئېغىر ئىدى. «ۋىلايەتتىن چىقىرىڭ» دەي دېسە ئۇلارغا سەت كۆرۈنۈپ، خاتالىشىپ كېتىشتىن ئەنسىرەيتتى. ئەمدى ناھىيىد-

ـدىكى بىر ـ ئىككى شۆجىدىن كىمنى يېزىش كېرەك؟ ئىسمائىل
شۆجى: «بۇ دېگەن ئەدەبىي ئەسەر، بىرەر ئوبراز يارىتىپ،
ئۇنىڭغا تىپىك خاراكتېر بېرىپ، ئارتىسلار ئويناپ چىقىدۇ»
دەپ قارىمايتتى. راستتىنلا بىرەر رەھبەرگە قارا چاپلىنىدىغان-
دەك ھېسسىياتتا ئىدى. ئۇنىڭ بۇ ئەنسىرىشىمۇ يوللۇق بولۇپ،
ئەمەل دەرىجىسى بويىچە سۈرۈشتۈرگەندە قاراتمىلىقى ھەم پۇرد-
قى چىقىپ قالاتتى، ئەلۋەتتە. شۇڭا، ئۇ خېلى ئويلانغاندىن
كېيىن ھېكمەتكە قارىدى:

— ھازىرچە گۆشىدىن چىقارغاچ تۇرساق ...

كۆپچىلىك پاراققىدە كۈلۈشتى. لېكىن، بۇن-
داق قىسماقلارغا تولا دەسسەپ، غەلۋىر ـ ئەلگەكلەردە تاسقى-
لىپ، شامال ـ بورانلاردا سورۇلۇپ نۇرغۇن تەجرىبە ـ ساۋاق-
لارنى يەكۈنلىگەن ھېكمەت يەنىلا ئەنسىرەپ تۇراتتى. ۋاقتى
كېلىپ بىرلا كەلكۈن كەلسە، ئىسمائىل شۆجىنىڭ «مەن
ئىگە» دەپ مەيدىسىگە ئۇرۇشى پۇچۇق يارماققىمۇ ئەرزى-
مەيتتى، ھەتتا ئۆزىمۇ پوتلىسىنى تارتالماي قىلىش
خەۋپىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايتتى.

يىغىن تارقالدى. ئالىمجان ھېكمەتنى ئۆيىگە تەكلىپ قىل-
غانىدى. ئۇ «سەئىدە ئاچامنى يوقلاپ كېلەي» دەپ ئۇزرە سورى-
دى، شۇڭا، شادىمان ئۇنىڭ بىلەن بىللە كېتىپ قالدى. ھېك-
مەت «كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدار» نىڭ ئەندىشىسى
بىلەن گۈجان كوچىسىغا كىرىپ كەلدى. سەئىدە ئىشتىن كې-
لىپلا تاماققا تۇتۇش قىلغانىدى. گۈلچىنىئاي تاپشۇرۇق ئىشلەۋا-
تاتتى. ئون ياشتىن ئېشىپ قالغان بۇ قىز بارغانسېرى رەڭ
تۈزەپ، بوي تارتىپ زۇمرەتكىلا ئوخشاپ قىلىۋاتاتتى. ئۇ ھېك-
مەتنى كۆرسە قەۋەتلا خۇشال بولۇپ كېتەتتى. ئۇ ئۇچقاندەك
بېرىپ ھېكمەتنى قۇچاقلاۋالدى.

— ئانا قاراڭ، ھېكمەت دادام كەپتۇ، — گۈلچىنىئاينىڭ

سىغىنغانلىقى چىرايلىق كۆزلىرىدىن چىقىپ تۇراتتى، — غۇل-جىدىن قاچان كەلدىڭىز؟ سىز كەتكەنگە توپتوغرا ئىككى ئاي، بەش كۈن بولدى.

— قاراڭ يامانلىقىڭىزنى، ساناپ تۇرۇپسىز - دە؟

— سانمايچۇ، ھە راست، كامىل دادامنى كۆردىڭىزمۇ؟

— كۆردۈم، ھەممىڭلارغا سالام ئېيتتى.

— ئانىڭىز، ئۇرۇق - تۇغقانلار تىنچ تۇرۇپتىمۇ، — سورىدى سەئىدە گۈش توغراۋېتىپ، — يائاللا، سىز كەتكەندىن بېرى گۈلچىنئاي بور بىلەن دەرۋازىغا كۈندە بىرنى سىزدۇ، قارىڭا دەرۋازىنى قىلىۋەتكىنىنى.

ھېكمەت كاتتا ئولتۇرۇپ سەئىدە بىلەن بىردەم ئەھۋاللاشتى. كامىلنىڭ ئۆيلەنگەنلىكى، تۇرمۇشىنى ئوبدان ئورۇنلاشتۇرۇپ ئالغانلىقى، بۇ قېتىم ئالدىراش بولغانلىقى ئۈچۈن خەت يېزىپ بىرەلمىگەنلىكلىرىنى سۆزلەپ بەردى، گۈلچىنئاي ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ، كۆزىگە تىكىلىپ ئولتۇراتتى. ھېكمەت ھەر قېتىم شەھەرگە كىرگىنىدە بۇ ئۆيگە كىرمەي كەتمەيتتى. ئۇ، قىزى ئۈچقۇنئاينىڭ ئوت - پىراقىنى مۇشۇ شۇللۇق قىزنىڭ مېھرى بىلەن باساتتى، گۈلچىنئاينىڭ تاپشۇرۇق دەپتەرلىرىنى تەكشۈرەتتى، بىلمىگەن يەرلىرىگە ياردەم قىلاتتى، بەزىدە بازارغا ئېلىپ چىقىپ، دەپتەر - قەلەم، كىيىم - كېچەك ئېلىپ بېرەتتى. بىر كۈنى گۈلچىنئاي ئۇنىڭدىن:

— ھېكمەت دادا، ھېلىقى ئاق ئاتنى مىنىپ يېراققا كەتكەن ئاغىنىڭىز قايتىپ كەلمىدىمۇ؟ — دەپ سورىدى. بىر ئېغىز سۆزنىڭ قەلبىدە تاش مۇھۇردەك ئۇيۇپ قالغان قىزنىڭ ئۆزىگە تەلمۈرۈپ تۇرغانلىقىنى كۆرگەن ھېكمەت ئۆپكىسى ئۆرۈلگەن ھالدا:

— ياق قىزىم، ئۇ قايتىپ كېلەلمەيدىغان ئوخشايدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى.

ھېكمەت ھەر دائىم گۈلچىنئاينىڭ خۇشال چىرايىنى كۆرگەندە، سەئىدەدىن مەمنۇن بولاتتى. مۇراتنىڭ دادىسى قۇتلۇق خۇيجاڭ تۈرمىدە ئۆلۈپ كەتتى. ئۇنىڭ كىچىك ئوغلى ئوقۇشقا كىتىپ خىزمىتى ئۈرۈمچىدە بولۇپ قالدى. ياتلىق بولۇپ كەتكەن ئىككى قىزى، يالغۇز قالغان مومايىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالاتتى.

— سەئىدە ئاچا، مەن غۇلجىغا كەتكەن ئارىلىقتا كامىلدىن خەت كەلدىمۇ؟ — ئانا - بالىنىڭ تۇرمۇشىدىن ئەنسىرەپ تۇرغان ھېكمەت «پۇل ئەۋەتتىمۇ» دەپ سورىيالمىدى.

— «خىراجەت قىلىڭلار» دەپ ئازراق پۇل ئەۋەتىپتىكەن، ئەۋەتمىسىمۇ بولاتتى. مېنىڭ مائاشىم قىزىم ئىككىمىزگە يېتىدۇ.

— بوپتۇ، ئۇنىڭمۇ كۆڭلى. ھە راست، گۈلچىنئاي، سىزگە ئۈرۈمچىدىن بىرنەرسە ئېلىپ كەلدىم، ئەتىلا ئەكېلىپ بىرىمەن، ئۇنى كىيسىڭىز خانىم بولۇپ كېتىسىز.

— راستىما؟ — گۈلچىنئاي خۇشاللىقىداسەكرەپ كەتتى.

ھېكمەت سەئىدەنىڭ تۇتقىنىغا رەھمەت ئېيتىپ ئۇزاپ چىقتى. ئۇ گۈلباغدىن سولغا قايرىلىپ ناھىيىلىك سىفەنگە قاراپ ماڭدى. لېكىن، ھېلىقى يىلى مەست بولۇپ يېتىپ قالغان كوچا دوقمۇشىغا كەلگەندە بىر دەم تېڭىرقاپ تۇردى. ئۇ ماھىنۇرنى يوقلاپ تۇرۇشقا ۋەدە قىلغان بولسىمۇ، يېرىم يىلدىن بۇيان بارمىغانىدى. ھېكمەت كوچا دوقمۇشىدا ئىككى تايىن بولۇپ، بىر تال تاماكا چېكىشكىمۇ ئۈلگۈردى. ئۇنىڭغا ناھىيىلىك سىفەندە ئىشخانا، ياتاق تەييارلاپ قويۇشقانىدى. قاچان چىقىپ، دەرامىنى ئۆزگەرتىپ يازسا بولاتتى. لېكىن، بۈگۈن شەنبە بولغاچقا ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارمۇ يوق ئىدى. شۇڭا، ئۇ تار كوچىغا قايرىلدى.

ھېكمەت ياتاق ئالدىغا كەلگەندە ئىشىك ئوچۇق بولۇپ،

ماھىنۇر ئۇستەلگە ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىر دۆۋە تاپشۇرۇق دەپتەرىنى قويۇۋېلىپ تەكشۈرۈپ نومۇر قويۇۋاتاتتى. ئۇنىڭ دۈمبىسى ئىشىك تەرەپتە بولغاچقا ھېكمەتنىڭ كىرىپ بېشىدا قاراپ تۇرغىنىنى تۇيمىدى.

— ھاي، ھاي، نومۇرنى يانچۇقتىن بەرمىگەندىن كېيىن، جىق - جىق قويۇڭ دەيمەن، نېمانچە پىششىقلىق قىلىسىز.

— ۋاي! ... — تاپشۇرۇق تەكشۈرۈشكە بېرىلىپ كەتكەن ماھىنۇر، قولاق تۈۋىدىنلا چىققان بۇ ئاۋازدىن قاتتىق چۆچۈپ كەتتى - دە، دەرھال قولىنى مەيدىسىگە قويدى، — شۇنداقمۇ قورقۇتتىڭىز، ئەكېلىڭا قولىڭىزنى ...

ماھىنۇر ھېكمەتنىڭ قولىنى كۆكسى ئۇستىگە قويدىيۇ، لېكىن قىزىرىپ كەتتى. ئۇ يات قولنى شۇ ھامان ئېلىۋەتكەن بولسىمۇ، يۈرەك ئۇرۇشى تېخىمۇ تىزلىشىپ كەتكەنىدى. ھېكمەتنىڭمۇ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى بىر ئىسسىق ئېقىم كېزىپ ئۆتتى. بىراق، ئۇ چاندۇرماي چاقچاققا يۆپۈتتى:

— نېمانداق تەبىئىتى يېنىك يۈرەك ئۇ، كىچىك بالىدەك سەكرەپلا تۇرىدىكەن ...

— شۇنىمۇ بىلەلمىدىڭىزما؟ تونۇش قولنى كۆرگەندە ئاشۇنداق جىم تۇرالمايدۇ ...

ماھىنۇرنىڭ «يا ئاغزىڭىز جىم تۇرمىغان، يا قولىڭىز ... » دېگەن سۆزىنى ئۇنتۇمىغان ھېكمەت ئۆزىنىڭ قىزىرىپ كەتكەنلىكىنى چاندۇرماسلىق ئۈچۈن باشقا يەرلەرگە قارىغان بولۇۋالدى. ماھىنۇرمۇ بۇنى سەزدى بولغاي، گېپىنى دەرھال يۆتكىۋەتتى.

— ھېكمەت، شەھەرگە يۆتكىلىپ كىرىپسىز، غۇلجىغىمۇ بېرىپسىز. تۇۋا، ماڭىدىغان چېغىڭىزدا خوشمۇ دەپ قويماپسىز - ھە؟

— كەچۈرۈڭ، ئۇكۈنلەردەبەك ئالدىراش بولۇپكەتتىم.

— كۆڭۈلدە بولسا ۋاقىت دېگەن چىقىدۇ، — ماھىنۇر تۇمشۇقىنى ئۈچلىدى، — درامىنى قايتا يازىدىغان بوپسىز ـ ھە؟
— كېمىدىن ئاڭلىدىڭىز؟
— بۇ تۆشۈك قۇلاق باركىن ئاڭلايدۇ.
— دراما ئۆتمىدى.
— ئۆتمىگەن گەپ ئەمەسكەن، يىغىندا قاتناشقانلارنىڭ ھەممىسى ماختايدۇ. لېكىن، كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدار يوقكەن، شۇنداقمۇ؟

ماھىنۇر گەپ قىلغاچ يۇيۇپ قويغان كۆكتاتلارنى ئەمبەلگە ئالدى. بىر كورىدا سۇغا چىلانغان گۈرۈچمۇ تۇراتتى. ئۇ: «سىز لەڭمەنگە ئامراق ئىدىڭىز، خېمىر يۇغۇرايمۇ يا» دېۋىدى. ھېكمەت «تاماققا ساقلىمايمەن» دەپ ئۇنىمىدى. بىراق، ماھىنۇر بىر ئالىيىشى، ئۇ ياۋاشلىق بىلەن كارىۋاتقا كېلىپ ئولتۇردى.

تاماق تەييار بولۇپ، ئۇلار بىر قاچىدىن گاڭپەننى يەپ بولغۇچە قاراڭغۇ چۈشتى. ماھىنۇرنىڭ گەپلىرى تۈگەيدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ سورىمىغان، ئېنىقلىمىغان ھېچ نەرسىسى قالمىدى.

— ھېكمەت، قىزىڭىز چايخانا مەكتەپتە بىرىنچى سىنىپتا ئوقۇۋاتىدۇ، — دېدى ماھىنۇر قاچىلارنى يۇيۇۋېتىپ، — مەن ئالداپ ئېلىپ چىقاي، كۆرۈشۈۋالامسىز؟

— ھاجىتى يوق، — ھېكمەت سوغۇققىنا جاۋاب بەردى، — غۇلجىغا مېڭىشتىن بۇرۇن ئىككى قېتىم ئىزدەپ بارسام ئالدىمدىن قېچىپ كەتتى.

— بالىدىن خاپا بولماڭ، بۇ ئاشۇ ئانىسى قارا يۈزنىڭ ئويۇنى، — ماھىنۇر لەپپىدە كۆزىنى ئەپقاچتى، — ھېكمەت، مەھبۇبەنى مەكتىپىدىكى كېرىم دېگەن بىر بالا بىلەن بەكمۇ يېقىن دەپ ئاڭلايمەنغۇ...

— بىر مەكتەپتە ئىشلىگەندىن كېيىن يېقىن بولسا نېمە بوپتۇ. مەن مەھبۇبەگە ئىشىنىمەن. ئۇ، بىزگە ئوخشىمايدۇ ...

— شۇنداق دېگىنىڭىز بىلەن، ئېرىدىن ئايرىلغان ئايال-نىڭ شەيتىنى يامان بولىدۇ ...

— سىزنىڭمۇ شەيتىنىڭىز يامانمۇ؟

ماھىنۇر ھۆپپىدە قىزىرىپ يەرگە قارىدى. ئۇنىڭ كېيىنكى سۆزلىرى ھېكمەتنىڭ ئاچچىقىنى كەل-تۈرۈپ قويغانىدى. شۇڭا، ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ سوغۇقلا «خوش» دېدى - دە، ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

# ئادەملەر ئۈچۈن ياشىغان ئادەم

زورلاپ قىلىنغان ئىش ـ ئەمگەكنىڭ نەتىجىسى، قۇم ئۈستىگە سالغان ئىمارەتتەك ھۆلى بوش بولىدۇ. كۆچىنىپ يازغان بىرەر ئەسەرمۇ خۇددى ھەرە كېپىكى چاپىنىغاندەك ئادەمنى سەسكەندۈرىدۇ. «كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدار» كاللىسىدىن ئۆتمىگە ھېكمەت ناھىيىلىك سىفەندە ئۈچ ۋاقلىق تامىقىنى يەپ، مەكتەپنىڭ چەكسىز كەتكەن كۆكتاتلىقلىرىنى، توققۇز گۈمبەز كەنتىنىڭ ئىلەك سازلىقلىرىنى ئايلىنىپ قايتىپ كېلەتتى. بەزىدە دەرۋازا ئالدىغا چىقىپ شەھەردىن تۇساللا گۇڭشېغا، تۇساللىدىن شەھەرگە ئۆتۈشۈپ تۇرغان ماشىنا، ئات ـ ئۇلاغ، يولۇچىلارغا قاراپ ئولتۇراتتى. ئىچىدە زۇرمۇ زۇر قۇراشتۇرۇلۇۋاتقان ۋەقەلەر ئۈستەل ئالدىغا كېلىپ، قەلەمنى قولغا ئالغان ھامان قاياققىدۇر ئۇچۇپ كېتەتتى ياكى مەنىسىز، تۇترۇقسىز، قىلچە ئىجتىمائىي ئاساسى يوق بىر نەرسىگە ئايلىنىپ قالاتتى. شۇڭا، ھېكمەت مەكتەپنىڭ كۇتۇپخانىسىغا كىرىپ، جازىغا ئارتىۋېتىلگەن گېزىتلەرنى ئۈستەلگە دۆۋىلەپ، بىر باشتىن كۆرۈپ چىقاتتى. نۆۋەتتىكى ۋەزىيەت ھەققىدە يېزىلغان سىياسىي ماقالە، ئوبزور، باھالارنى ئوقۇپ خاتىرە قالدۇراتتى. ئۇ بەزى مۇلاھىزە، تەقرىز خاراكتېرلىك ماقالىلەرنى سېلىشتۇرۇپ كۆرگىنىدە قايمۇقۇپ، بېشى ئاغرىپ كېتەتتى. چۈنكى، ئۇلارنىڭ بىر ئىش، بىرھادىسە ئۈستىدە بەرگەن باھاسى، مەزمۇنى كۆزقارىشى، بىر ـ بىرىگە تۈپتىن زىت ئىدى.

بۇرۇقتۇرمىلىق ئىچىدە ھەپتە ئۆتۈپ كەتتى. بىر كۈنى

ئەتىگەندىلا رادىئولاردىن ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇن ماتەم مۇزىكىسى بېرىلىپ، «قايغۇلۇق خەۋەر» دېگەن، لېكتورنىڭ مۇڭلۇق ئاۋا-زى كەلدى، بۇ كـۈن ماۋ زېـدۇڭ قازا قىلغان 1976 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى ئىدى.

پۈتۈن خوتەن تەۋرەپ كەتتـى. ئىـدارە ـ جـەمئىـيەت، كان ـ كارخانا، مەكتەپ، دوختۇرخانا، دېھقانلار، ئاھالىلەر گۈلچەمبىرەكلەرنى ياساپ، مەيدىلىرىگە ئاق گۈل تاقاپ، تەن-تەربىيە مەيدانىغا ئىقىشتى. ئايىغى ئۈزۈلمەي سەپ تارتىپ كېلىۋاتقان بۇ ئادەملەر جىمجىت ۋە سۈكۈت ئىچىدە بولۇپ، ئاياغلارنىڭ شىپىرلىغان ئاۋازىدىن باشقا تىۋىش ئاڭلانمايتتى. بۇ كۈن ھاۋا شۇنچىلىك ئوچۇق ئىدىكى، سۈزۈك ئاسماندا بىر پارچىمۇ بۇلۇت كۆرۈنمەيتتى. كۆكتە توپ ـ توپ كەپتەرلەر موللاق ئېتىشىپ، پۇشتەك قاپىقىنى غوڭۇلدىتىپ ئۇچۇشماقتا ئىدى. يۇقىرى ئاۋازلىق كانايدىن ئاڭلانغان مۇڭلۇق تەزىيە نۇتقى ئاڭلانغاندا مەيدان جىمىپ كەتكەنىدى. بۇ نوتۇق مەركەز-دىن بىۋاستە ئۇلاپ ئاڭلىتىلىۋاتاتتى. ماۋ زېدۇڭنىڭ ۋاپاتى بىلەن خۇددى تاغ ـ دەريالار، ئېرىق ـ ئۆستەڭلەردىن يېغىلى-ۋاتقان سۇ چوڭ دېڭىز ھاسىل قىلىـپ، قىـيان ئالـدىغا-دەك ۋەزىيەت لىغىـرلاپ قالدى ...

داۋالغۇپ، قاينام ھاسىل قىلىۋاتقان ۋەزىيەتنى ھەر كۈنى كۆزىتىپ، تەھلىل قىلىپ تۇرغان ھېكمەت «ھوقۇقدار» (ئۇ، بۇ ئۇزۇن سۆزنى «ھوقۇقدار» دەپلا ئاتايدىغان بولدى) تېما قىلىنغان درامىنىڭ بىر كۆرۈنۈشىنى يېزىپ تاشلاپ قويغانچە قولغا ئالمىدى. ئۇ ھەر كۈنى رادىئو ئاڭلاپ، گېزىت كۆرەت-تى، شادىمان بىلەن ۋەزىيەت ھەققىدە پاراڭلىشاتتى، بەزىبىر سىياسەت مۇئەللىملىرىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ، ئۇلارنىڭ كۆز ـ قاراشلىرىنى ئاڭلايتتى، مۇشۇنداق دىلغۇللۇق، ئارسالدىلىق ئىچىدە كۈنلەر ئۆتمەكتە ئىدى.

1976 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى پۈتۈن جۇڭگو
ئېلىنى زىلزىلىگە سالغان بىر ۋەقە، دۇنيا جامائەتچىلىكىنىمۇ
هاڭ ـ تاڭ قالدۇردى. بۇ ۋەقە ئون يىللىق مەدەنىيەت ئىنقىلا-
بىغا خاتىمە بەرگەنلىكىنىڭ بېشارىتى بولۇپ، يېڭى دەۋرنىڭ
تەۋەللۇت بولۇش تارىخىنىڭ باشلىنىشى ئىدى.

ئەتىگەن سەھەردىن باشلاپلا توساللا گۈڭشى تەرەپتىن سەپ
تارتىپ كېلىۋاتقان ئادەملەر توپى، شوئار توۋلاپ شەھەرگە ئاق-
ماقتا، ئۇلارنىڭ قوللىرىدىكى ھەر خىل بايراقچىلاردا، لوزۇن-
كا، پىلاكاتىلاردا «يوقالسۇن تۆت كىشىلىك گۇرۇھ!»
ۋاڭ خۇڭۋېن، جياڭ چىڭ، جاڭ چۇنچياۋ، ياۋ ۋېنيۈەنلەرنى
يوقىتايلى!»، «تۆت كىشىلىك گۇرۇھتىن ئىبارەت ئاپەتنىڭ
يىلتىزىغا پالتا ئۇرايلى!»، «مەركەزنىڭ تۆت كىشىلىك گۇ-
رۇھقا تەدبىر قوللانغانلىقىنى قوللايمىز!» دېگەن شوئارلار يې-
زىلغانىدى. ھەتتا بەزىلىرىدە «ئىنقىلابىي رەھبىرىي خادىملار
ئورنىمىزدىن دەس تۇرايلى!»، «تۆت كىشىلىك گۇرۇھنىڭ
زىيانكەشلىكىدىن ئۇزۇل ـ كېسىل ھېساب ئالايلى» دېگەندەك
شوئارلارمۇ كۆزگە چېلىقاتتى.

«تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ يوقىلىش شەرىپىگە تەنتەنە
قىلىۋاتقان خەلق ھەر كۈنى نامايىش ئۆتكۈزۈپ، ھەر خىل
يىغىنلارنى ئېچىپ پاش قىلىش ۋە شىكايەتلەرنى باشلىۋەتتى.
شەھەر رەستىلىرى ئىدارە، ماگىزىن، مەكتەپ، دوختۇرخانى-
لارنىڭ دەرۋازا، تاملىرىغا قىزىل پلاكاتلار ئېسىلىپ، لوزۇنكى-
لار چاپلىنىپ مىسلى كۆرۈلمىگەن داغدۇغلۇق مەنزىرە ھەممىلا
يەرنى قاپلىدى. ئادەملەر يوللاردا، دوقمۇشلاردا، ئىشخانا، ئۆي-
لىرىدە توپ ـ توپ بولۇشۇپ «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ
ئوقۇتقۇچى ـ زىيالىيلارغا، دوختۇر ـ سېستىرالارغا، رەھبىرىي
خادىملارغا قىلغان زىيانكەشلىكلىرىنى سۆزلەيتتى، بەزىلىرى
يىغلاپ تۇرۇپ دەرد تۆكەتتى.

ھېكمەت بىر ئاخشىمى شەھەرگە كىردى. ئۇ ناھىيىلىك
كومىتېت كادىرلىرىنىڭ ئائىلىكلەر قورۇسىدىكى ئىسمائىل
شۇجىنىڭ ئۆيى ئالدىدا بىردەم توختاپ ئەتراپقا بىر قارىۋەتكەنـ
ـدىن كېيىن ئىشىكنى چەكتى. بوسۇغىدا ئون بىر ياشلاردىكى
بىر ئوغۇل بالا پەيدا بولۇپ چەكچىيىپ قارىدى. ھېكمەت ئۇنىڭـ
ـدىن «داداڭ بارمۇ؟» دەپ بولغۇچە ئىسمائىل شۇجى ئۆزى
چىقتى ـ دە، مېھماننى ئۆيگە باشلىدى. ئۇ ئايالىنى چاي قىلىشـ
ـقا بۇيرۇغانىدى، ھېكمەت قەتئىي رەت قىلدى.
— ئىسمائىل شۇجى، مەن چاي ئىچكىلى كەلمىدىم، بىر
ئىشنى دەپ قويۇپلا كېتىمەن.
— مېنىڭمۇ سېنىڭ بىلەن كۆرۈشۈش نىيىتىم بار
ئىدى، نېمە بوپكەتتى بۇ ئىشلار؟
— مېنىڭچە ئاقسۇدىكى دراما كۆرۈكىمۇ ئەمدى ئېلىپ
بېرىلمايدۇ، — دېدى ھېكمەت گەپنى ئۇزۇپلا، — بىرنەچچە
كۈندىن بېرى تورۇلىنىۋاتقان شوئارلارنى ئاڭلىغانلا؟ ئەمدى ئۆتـ
ـكەنكى مەيدىلىرىگە مۇشتلاپ، «مەن ئىگە» دېگەن گەپ تۇغرۇـ
ـلۇق مەسلىھەتلىشەي دەپ كىرگەنىدىم.
— راست، مۇشۇ ئىشنى ئويلاپ قولۇم زادىلا ئىشقا بارمىـ
ـدى، سەن «ياق» دېگەندىلا بولدى قىلساق بوپتىكەن، ئۆز
ۋاقتىدا توغرا دەپتىكەنسەن.
— مۇنداق بولسا قانداق بولار: ئەسەر باھالاش، مۇھاكىمە
يىغىنى 8 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى شەنبە ئېچىلدى، ئۆزلىرى
31 ـ چىسلا دۈشەنبە ناھىيىلىك سىفەنگە چىقىپ، درامىنى
يازماسلىق، بۇ ئىشنىڭ خاتا ئىكەنلىكى ھەققىدە ماڭا يوليورۇق
بەردىلە ... گېپىم چۈشىنىشلىك بولغاندۇ؟
— ئەمما، يىغىندا دەپ سالغان گېپىمنى قانداق چۈشەندۈـ
ـرىمەن؟
— يۇقىرىنىڭ ئۇقتۇرۇشى بولغاچقا، كۆپچىلىك ئالدىدا

«ماقۇل» دېمىسەم بۇ ۋەزىيەتكە نىسبەتەن تونۇش ھەم پوزىتسىيە مەسىلىسى بولۇپ قالاتتى، شۇڭا ھېكمەت بىلەن ئايرىم سۆزلە-شىش نىيىتىدە ناھىيىلىك سىفەنگە چىققان، دېمەملا.

— بۇمۇ بوپ قالغۇدەك، لېكىن يىغىنغا قاتناشقانلاردىن تەكشۈرۈپ قالسىچۇ؟

— ئۇنىڭ كارايىتى چاغلىق، ئۇلار نېمە دېسە دەۋەرسۇن، ئاساسلىق مەسىلە دراماپېزىشقا بۇيرۇق چۈشۈرگەن ئادەمنىڭ بەرگەن گۇۋاھلىقى بولىدۇ، شۇڭاقالدىئىشنى مەنتوغرىلايمەن.

ھېكمەت ئورنىدىن تۇرۇپ مېڭىۋېدى ئىسمائىل شۇجى ئۇنى چايغا تەكلىپ قىلىپ قالدى. بىراق، ھېكمەتنىڭ كۆڭلىدىن نېمىدۇر كەچتى بولغاي ئىشىك تۈۋىگە بارغاندا توختاپ قالدى.

— ئىسمائىل شۇجى، شوپۇرلىرى ئىشەنچلىكمۇ؟

— قانداق دەيسەن؟

— سىلى ناھىيىلىك سىفەنگە پىيادە چىقمايلا، شوپۇرلى-رىدىن ئېنىقلىماي قالمايدۇ.

— توغرا، بۇنى ئويلاشماپتۇق، شوپۇرۇم ماڭا بەشقولدەك ئايان، ئۇ باشقىلارنىڭ بالايى - ۋاقا، ئۇرۇق - پۇشتىلىرىنىڭ شەخسىي مەدىكار شوپۇرى بولۇپ قىلىپ، مەن ئۇنى يېنىمغا تارتقان.

— ياخشى، ئەگەر شۇنچىلىك ئىشەنچلىك بولسا، مېنىڭ ياتقىمغا شوپۇرلىرى بىلەن كەچ سائەت توققۇزلاردا بىللە كىر-دىلە، سىلى گەپ قىلغاندا ئۇمۇ بار، چۈشەندىلىمۇ؟ ئىككى ئادەم ئوتتۇرىسىدا بولۇنغان گەپ ئۇستىدە، ئۈچىنچى ئادەم بولسا، تېخىمۇ ئىشەنچلىك بولىدۇ.

— ياخشى، ياخشى، بۇ ئىش بېشىمنى بەكمۇ قاتۇرغان. ھەي، شۇساۋۇرروزىدېگەنقاقۋاشنىڭشۇملۇقىنى دېمەيسەن.

— كۆرەك توغرۇلۇق يۇقىرىدىن كەلگەن ئۇقتۇرۇشتىن ئۇنىڭ خەۋىرى بارمۇ، يوق؟

— بولمامدىغان، بولمىسا مەن سىنى نەدىن بىلىمەن، دەسلەپتىلا ئۇ سىنى كۆرسەتكەن.

ھېكمەت ئويلىنىپ قالدى، مەدەنىيەت ئىنقىلابى باشلانماستىن بۇرۇن ئۆزىگە، دوستلىرىغا ھەم نۇرغۇن بىگۇناھ زىيالىيلارغا قىلىنغان ئەسكىلىكى قالمىغان ساۋۇر روزى ھېكمەتنى بۇ ئىشقا قەستەن چېتىپ، ئاخىرى بىر كۈنى رەھبەرلەرگە يامان كۆرسىتىش ئارقىلىق ئەدىبنى بېرىش نىيىتىدىن يانمىغانىدى. چۈنكى، ئۇ قوشكۆلدىكى قورشاپ ھۇجۇم قىلىشتا، شۇنداقلا قارا ماتېرىياللار كۆيدۈرۈلگەندە، ھارۋىغا ئېشەكتەك قېتىلغان ئاھانەتلىك كۈنلىرى ئۇچۇن ئىچىدە غۇم ساقلاپ يۈرەتتى.

— ئىسمائىل شۇجى، ساۋۇر روزى سىلىگە شالىنى چاچماي قالمايدۇ، — دېدى ھېكمەت جىددىي ھالدا، — چۈنكى ئۇ، باشقىلارنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان رەھبەرلەرنى بىر ئامال قىلىپ يۇقاتمىغۇچە كۆڭلى ئىمىن تاپمايدىغان ئادەم. قۇربان ھاكىمنىمۇ شۇنداق قىلدى. كونىلاردا «يېتىپ قالغۇچە ئېيتىپ قال» دېگەن گەپ بار، سىلىمۇ ئۇنىڭ باشقا گەپ - سۆزلىرى ئۇستىدە ئوبدان ئويلىنىپ، ۋاقتى كەلگەندە قايتۇرما زەربىگە ئۆتسىلە.

— ئەمدى چۈشەندىم، ئۇنىڭ «ھوقۇقدار» توغرۇلۇق دېگەن شۇنچە سۆزلىرى مېنى چېكىنىپ بېقىش، گەپ ئېلىش ئۇچۇن ئىكەن - دە.

— ھەببەللى، ئۇنىڭ گەپلىرىنى تەھلىلى پىپەن ئارقىلىق ئۆزىگە ئارتىپ قويسىلا ... ئەگەر ماقۇل كۆرسىلە «ھوقۇقدار» ھەققىدىكى گەپلىرىنىڭ زىر - زەۋەرلىرىگىچە، ھەتتا گەپ قىلغاندا چىرايلىرىنىڭ قانداق ھالەتتە بولغانلىقىغا قەدەر ماڭا يېزىپ بەرسىلە، مەن سىلىگە بىرنەچچە تۈرلۈك پىپەن ماقالىسى يېزىپ بېرىمەن.

— بولىدۇ، بولىدۇ ... مەن بۇ كېچىدىن تار-

تىپلا باشلايمەن.
ھېكمەت شۇ كېچىسىلا ناھىيىلىك سىفەنگە چىقىپ كې-
تىپ، ئەتىسى ئەتىگەندە ھەممە نېمىسىنى يىغىشتۇرۇپ، مەدە-
نىيەت يۇرتىدىكى ئۆيىگە قايتىپ كىردى. مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ
مۇدىرى يۇسۇپ سەئىد ئۇنى چوڭ يۇمىلاق كۇلۇبقا ئېلىپ كى-
رىپ، قەغەز، قېرىنداش، ھەرخىل بوياق ھەم تاختىلار دۆۋى-
لەنگەن بىر ئۆيگە باشلىدى. بۇ ئۆينىڭ ئۇستى ئوچۇق بولۇپ،
ئەتراپى پەنەركە تاختىلار بىلەن قورشالغانىدى.
— بۇ سىېنىڭ ئىشخاناڭ بولىدۇ، — دېدى يۇسۇپ
مۇدىر، بىر مېتىر توقسان سانتىمېتىرلىق بويىنى نامايان قىلى-
غاندەك قەددىنى رۇسلاپ، — تەشۋىقات رەسىملىرىنى مەشەدە
سىزىسەن. پارتىيە، ئارمىيە، دۆلەت قۇرۇلغان خاتىرە كۈنلەر،
كۆچەت تىكىش، تازىلىق پائالىيىتى، سالامەتلىككە ئائىت تەش-
ۋىقات رەسىملىرىنى سىزىپ كوچىغا قادايمىز. ئەينەك جاھازلى-
رىدىكى ئېزىتلەر كۈنىگە بىر قېتىم ئالماشتۇرۇلىدۇ. ئۇرۇم-
چى ۋە ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن كەلگەن ھەر خىل مەزمۇندىكى
فۇتۇ سۇرەتلەر ھەپتىدە ياكى ئون كۈندە بىر ئالماشتۇرۇلىدۇ.
بۇنىڭغا مەمەت توختى دېگەن بىر توكور بار. سەن پەقەت سىزما
رەسىملەرنىڭ ھۆددىسىدىن چىقساڭلا بولدى.
ھېكمەت بىر كۈنى كەچتە مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ كارىدورلى-
رىنى ئايلىنىپ كۈتۈپخانا ئىشىكى ئالدىغا كېلىشى، خۇددى
غازاخۇن ئاكا بىلەن كۆرۈشىدىغاندەك بىر تۇيغۇ پەيدا بولۇپ،
كۆڭلى ئەلەمزىدە بولدى. شۇنداقتىمۇ غازاخۇن ئاكا ئولتۇرغان،
نەپەسلىرى تارقالغان، مۇباەك قەدەملىرى چۈشكەن كۈتۈپخانىنى
كۆرۈپ بېقىش ئىستىكى بىلەن ئىشىكنى ئېچىپ كىردى. ئۇ-
يەردە چاچلىرى ئاقىرىپ كەتكەن بىر خەنزۇ ئايال ئولتۇراتتى.
بىردەمدىلا لاسىسىدا بولۇپ قالغان ھېكمەت قىرائەتخانىغا قەدەم
ئالدى. رەتمۇرەت تىزىلغان ئۇستەللەر ئارا بىر ئۇيغۇر ئايال

رەسىملىك ژۇرنال، گېزىتلەرنى رەتلەپ يۈرەتتى. ئۇ ھېكمەتكە لەپپىدە قاراپ قويۇپ:

— سىز بىزنىڭ ئىدارىگە يۆتكىلىپ كەلگەن ھېكمەت بولسىزغۇ دەيمەن، مېنىڭ ئىسمىم نۇربىيە، — دەپ ئۆزىنى تونۇشتۇردى.

ھېكمەت قىرائەتخانىدىن چىقىپلا، ئۆزلىرىنىڭ كىتاب ئوغرىلىغان پېشايۋان لاپاسلىرىغا، قاراۋۇل ئولتۇرۇۋالغان ئىشىك بوسۇغىسىغا، مۇرات مۇشۇكنى تاشلاپ مۇكۇۋالغان يەرلەرگە ئۇزۇن قاراپ كەتتى. شۇ چاغدىكى ھاياجانلىق مىنۇتلار، دوستلىرىنىڭ جىددىيلەشكەن چىرايلىرى ئەينەكتە كۆرگەندەك كۆز ئالدىغا كەلدى...

— ھە، ھېكمەت ئەپەندى، بۇ يەردە خىيال بېسىپ تۇرۇپ قاپتىلىغۇ.

ھېكمەت قايرىلىپ قاراپ ئارقىسىدا مەمەت توختىنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆردى. ئۇ، گۇلباغدىكى ئەينەك جازىلارغا مەسئۇل بولۇپ، گېزىت، فوتو رەسىملەرنى ۋاقتى - ۋاقتىدا ئالماشتۇرۇپ تۇراتتى. ئۇنى مۇدىرىنىڭ «توكۇر» دېيىشى بىكار ئەمەس ئىدى. ئۇ ھىندىستان ئۇرۇشىدا مىناغا دەسسىۋېلىپ، ئىككى پۇتىنى يوتۇسىدىن كېسىۋەتكەنلىكى ئۈچۈن ياغاچ ئاياغ بىلەن ماڭاتتى. ئۇنىڭ غىچىرلاپ تۇرىدىغان ئايىغى، مەدەنىيەت يۇرتىدىكىلەرنى ھەر سەھەرلىكى ئويغىتىدىغان سىگنال ئىدى.

«تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن، خوتەن شەھەر ئىچىدە يېرىم كۈن كەسىپي خىزمەت يېرىم كۈن ئۆگىنىش ئېلىپ بېرىش يولغا قويۇلغاچقا، ھېكمەت ئەتىگەندىن چۈشكىچە رەسىم سىزىش بىلەن مەشغۇل بولاتتى. چۈشتىن كېيىن مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ ئوندەك خەنزۇ، ئۇيغۇر، ئىشچى - خىزمەتچىلىرى شۇجى ئىشخانىسىغا يىغىلىپ تۆت كىشىلىك گۇرۇھ ئۈستىدە «دەرد تۆكۈش» شىكايەت، ئېلىپ

باراتتى. ئۆگىنىش كۈنده ئېلىپ بېرىلغاچقا ئازغىنا ئادەم ئالدى
ئون نەچچە قېتىم، كەينى ئۈچ ـ تۆت قېتىم سۆزلەپ جىمىقىپ
قىلىشاتتى. لېكىن، قېرى شۈجى لى كەيدى، ئۈستىلىده مۈك-
چىيىپ ئولتۇرۇپ، بوش ئاۋازدا، خىڭىلداپ سۆزلىگىنى تۇر-
سا، باشقىلار سائەتنىڭ قانداق توشۇپ كەتكەنلىكىنى بىلمەي
قىلىشاتتى. ئۇ كۈن بويى سۆزلىسىمۇ «سى رىن باڭ» (تۆت
كىشىلىك گۇرۇھ) دېگەن سۆزىدىن باشقىلىرىنى ئۇققىلى بول-
مايتتى.

ئۆگىنىش چوڭقۇرلاشقانسېرى ئون يىللىق بالايىئاپەت تۆت
كىشىلىك گۇرۇھقا ئارتىلدى. ھەربىر ئىدارە، كان ـ كارخانا،
مەكتەپ، دوختۇرخانا، زاۋۇتلاردىكى قەلەم ۋە ئەلەم كۈرىشىگە
قاتناشقان، «ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاش»تا چاپارمەن بولغان،
يەرلىك تۇرمىلەرده ئادەم قىيناش، پاچاق چىقىش، ئۆلتۈرۈش
ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغانلار تۆت كىشىلىك گۇرۇھقا، باغ-
لىنىپ، كۈرەش سورۇنلىرىغا تارتىلىپ چىقىرىلدى. بولۇپمۇ
ۋىلايەت بويىچە ھەربىر ئىدارە ـ جەمئىيەتلەرگە «لۇشيەن تەربى-
يىسى خىزمەت گۇرۇپپىسى» چۈشۈرۈلگەندىن كېيىن، بۇ كۈ-
رەش بىردىنلا يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلدى. ناھىيىلىك مائارىپ
ئىدارىسى ۋە مەدەنىيەت يۇرتى بىرلەشتۈرۈلگەن گۇرۇپپىغا ئىدا-
رىس ئەمەت باشچىلىقىدا بەش كىشىلىك خىزمەت گۇرۇپپىسى
چۈشتى. ئىدىرىس ئەمەت يەرلىك كومىتېت يېزا ئىگىلىك ۋە
چارۋىچىلىق ئىشلىرى ئىشخانىسىنىڭ باشلىقى بولۇپ، بويى
ئېگىز، بۇغداي ئۆڭ، يالپايۇز، خىزمەتتە كەسكىن ئادەم ئىدى.
ئۇنىڭ ئەزالىرى ۋىلايەتلىك ۋە ناھىيىلىك پارتىيە مەكتەپلىرى-
دىن تاللانغان، مەيدانى مۇستەھكەم كادىرلاردىن ھېسابلىناتتى.
بۇلارنىڭ ئارىسىدا قىرىق ياشلار ئەتراپىدىكى يۈزىنى دانىخۇرەك
باسقان، بۇرنىنىڭ ئۈچىنى ھەره چېقىۋالغاندەك قىپقىزىل شەل-
ۋەرەپ تۇرىدىغان، ناھىيىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش ئىشخانىسى-

ـدىكى ئىمىن سۇپىمۇ بار ئىدى. ساۋۇر رۇزىنىڭ قازنىقىدا چاشقان تۇتۇپ دەندەپ قالغان بۇ ئوغرى مۇشۇكنىڭ چىقىر كۆزلىرىدىن شۇملۇق يېغىپ تۇراتتى.

ئارىدىن بىرەر ئايمۇ ئۆتمەي ماڭارىپ ئىدارىسىدىكى «باشـ-ـلانغۇچ مەكتەپ ماڭارىپى» ئىشخانىسىنىڭ باشلىقى سادىق ئاۋۇت تەرەپباز تەشكىلاتنىڭ «بۇزۇق كاتتىۋېشى» بولۇپ؛ مەدەنىيەت يۇرتىدىكى يېزا تەشۋىقاتىغا مەسئۇل ئەسمەت ئىمىن ئادەم قىيـ-ـناپ مېيىپ قىلىشنىڭ بالاخورى بولۇپ تارتىپ چىقىرىلدى. ئۇ ئەلەم كۆرىشى مەزگىلىدە پولات زاۋۇتى ئىسيانچىلار بازىسىدا تۇرغان بولۇپ، يەرلىك تۈرمىنىڭ گۇندىپايى بولغانىدى. كۆ-رەش راسا قىزىۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ۋارقىراش - جارقىـ-ـراش ياڭراپ تۇرغان قىرائەتخانىغا قولتۇق تاياقتا تايانغان، يەنە بىرىنىڭ قولى داكا بىلەن قېلىن يۆگەلگەن ئىككى ئادەم كىرىپ كەلدى. ئۇلار كىرگەنچە بار ئاۋازى بىلەن يىغلاپ كېتىشتى. توكور ئادەمنىڭ پاچىقى چىقىلغان بولۇپ، يەنە بىرسىنىڭ ھەر ئىككىلا قولىنى چىغرىق①قاسېلىپ ئىزىۋەتكەنىدى. بۇ ئىككىسى ئاياغلىرىنى سېلىپ، قولىدىكى داكىلارنى يېشىپ كۆرسىتىپ، ئەسمەت ئىمىننى تىللايتتى، ھاسىسى بىلەن ئۇرماقچى بولاتتى ۋە باللىرىنى باقىدىغان ئادەم يوق، ئېغىر قېيىنچىلىقتا قالغاذ-ـلىقىنى ئېيتىپ قاقشايتتى.

سادىق ئاۋۇت بىلەن ئەسمەت ئىمىننىڭ مەسىلىسىنى چوڭ-قۇرلاپ تەكشۈرۈش ئۈچۈن بىر گۇرۇپپا تەشكىللەندى. تەكشۈ-رۈش چوڭقۇرلىغانسېرى، ئۇ باشقىلارغا چېتىلىپ ئۇلارنىڭمۇ قىلمىش - ئەتمىشلىرى چۇۋۇلۇپ چىقىشقا باشلىدى. نەتىجىدە ئۇلارنىمۇ تۇتۇپ كېلىپ بىر - بىرىنى پاش قىلىشقا سېلىشتى. ئەرىز - شىكايەت كۆپەيگەنلىكتىن خىزمەت گۇرۇپپىسىغا

---

① چىغرىق - پاختىنىڭ چىگىتىنى ئايرىدىغان ماشىنا.

قەلىمى كۈچلۈك ھەم تېز خاتىرە قالدۇرالايدىغان بىر كاتىپ لازىم بولۇپ قالدى. خىزمەت گۇرۇپپىسى مۇزاكىرىلىشىپ ھېكمەتنى بېكىتكەنىدى، ئىمىن‌سوپى قىزىل بۇرۇن قارشىلىق قىلدى، چۈنكى بىرنەچچە قېتىملىق كۆرەشتە ئۇ تارتىپ چىقىرىلغانلارنى سەت تىللار بىلەن تىللاش، بىرەر كاچات ئۇرۇۋېتىشتەك ئىشلارنى قىلغاندا ھېكمەت: «ئادەم ئۇرغان، تىللىغان، قىيىنىغان ئىشلار خاتا بولغانلىقى ئۈچۈن كۆرەش قىلىۋاتىمىز، خاتالىقنى تۈزىتىۋېتىپ يەنە خاتالىق سادىر قىلساق، بۇ خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ ئىستىلى ئەمەس» دەپ تۇسقانىدى.

— ئاڭلىساق ئۇ، ئۇزۇن يىل سۇرگۈن ۋە رېجىم ئاستىدا ئىشلىگەنمىش، — دېدى ئىمىن سوپى كۆزلىرىنىڭ پاختىسىنى چىقىرىپ، — شۇڭا ئەسلىدىكى ئورنىدىن تەكشۈرۈپ كېلىشىمىز كېرەك، كىم بىلىدۇ، ھازىرقى كۆرەشنىڭ ئوبيېكتىمۇ؟

خىزمەت گۇرۇپپىسىدىن ئىدرىس ئەمەت باشلىق ئۈچ ئادەم بوستان گۇڭشېسىغا چىقىپ زىكرۇللاغوجى، توختى قۇربان، جاڭ شۇجىلار بىلەن كۆرۈشۈپ قايتىپ كېلىشتى. ئۇلار ھېكمەتنى «كۆپ يىل تۆت كىشىلىك گۇرۇھنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغان، مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا تەرەپباز تەشكىلاتلارغا قاتناشماي، ئۆز كەسپى بىلەن شۇغۇللانغان» دېگەن ئىسپاتنى يېزىپ بەردى.

ھېكمەت كاتىپلىق خىزمىتىنى ئۆتەۋاتقان مەزگىلدە، ئىمىن سوپى قىزىل بۇرۇن ئۇنىڭ پېيىگە چۈشۈپ، «ھوقۇقدار» تېما قىلىنغان دراما يازغان دېگەن گەپ - سۆزلەرنى تارقىتىپ يۈردى. ئۇ، بۇ مەسىلە توغرۇلۇق ئىدرىس ئەمەتكىمۇ يۈرۈتۈپ ئۆتتى. بۇ چاغدا ئىسمائىل شۇجى ناھىيىلىك كومىتېت كادىرلىرى ۋە كېڭەشمە (چاڭۋۇي) ئەزالىرى ئىچىدە ئۆزىنى تەكشۈرۈۋاتاتتى. 12 - ئاينىڭ ئاخىرلىرى راسا سوغۇق كۈنلەرنىڭ بىرىدە خىزمەت گۇرۇپپىسى ئەزالىرى ئىشخانىسىغا ناھىيىلىك

كومىتېتتىن ئىككى كىشى كەلدى. ئۇلار ئىسمائىل شۈجىنىڭ «هوقۇقدار» تېما قىلىنغان دراما يېزىشقا بۇيرۇق قىلىنغانلىقى هەققىدە مەسىلە ئېنىقلاپ كەلگەنىدى. چېچەكلەپ كەت- كەن ئىمىن سوپى ئىدىرىس ئەمەتكە يالتىندە بىر قاراپ قويۇپ، كەلگەنلەرگە چاي قويدى. ھېكمەت شۇ چاغدا يىغىندا بولۇنغان گەپ - سۆزلەرنى ئەينەن ئۆتتۈرىغا قويۇپ، ئىسمائىل شۈجى- نىڭ «بۇيرۇق» قىلغانلىقى ئەمەس، بەلكى قارشىلىق مەيداندا تۇرغانلىقىنى ئىسپاتلاپ چىقتى.

— سىز مېنىڭ سۆزلىرىمنى ئەينەن خاتىرىلەڭ، — دېدى ھېكمەت تەكشۈرۈپ كەلگەن كادىرغا، — شۇ چاغدىكى يىغىندا باشقىلار «هوقۇقدار» نىڭ ماهىيىتىنى سۆزلەپ مېنىڭ يازغان درامامنى ئىنكار قىلىشقاندىن كېيىن، ئىسمائىل شۈجى- نىڭ بىردىنلا قاپىقى تۈرۈلۈپ «غەلىتە گەپكىنا بۇ ... » دەپ كاللىسىدىن ئۆتمىگەنلىكىنى ئىزهار قىلدى ۋە: «بۇ يۇقىرىنىڭ بۇيرۇقى بولغاندىن كېيىن شۇلارمۇ ئىگە بولار» دېيىش ئارقى- لىق بۇ ئىشنىڭ خاتا ئىكەنلىكىگە باها بەردى.

— ئۇنداقتا ئۇنىڭ «مەن ئىگە، يازغىن» دېگەن سۆزىنى قانداق چۈشەندۈرۈسىز؟ ، — دېدى سوئال سوراۋاتقان كادىر.

— پۈتۈن مەملىكەت بويىچە كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان هوقۇقدارلار ئۈستىدە كەسكىن ئىدىئولوگىيە كۆرىشى بولۇۋات- قان بۇنداق كەسكىن ۋەزىيەتتە، ئىسمائىل شۈجى ئەمەس، مەر- كەزنىڭ كاتتا رەھبىرىمۇ كۆپچىلىك ئالدىدا «ياق» دېيەلمەيت- تى، شۇنداق ئەمەسمۇ، — ھېكمەت سۆزىنىڭ ئاخىرىغا «شۇن- داق ئەمەسمۇ» دېگەننى قوشۇش ئارقىلىق سۆز ۋەزنىنى تېخىمۇ كۈچەيتتى، — شۇڭا ئۇ ئىككى كۈندىن كېيىن ناھىيىلىك سىفەنگە چىقىپ درامىنى يازماسلىققا بۇيرۇق بەردى.

— ئۆزى يالغۇز چىقىپتىكەنمۇ؟

— ياق، شوپۇرى بىلەن، — ھېكمەتتە ھېچقاندان ھۇدۇ-

قۇش كۆرۈلمىدى، — ئىسمائىل شۇجى: «پۈتۈن ئۆمرىنى ئەل ئۈچۈن ئاتىغان بىررەھبىرىي خادىمنىڭ سەۋەبسىزلا ئەكسىيەتـ-چى بولۇپ كېتىشىگە ئىشەنمەيمەن» دەپ خېلىلا قايناپ قالدى.
— يېزىلغان ماتېرىيالنىڭ ئاستىغا قولىڭىزنى قويۇۋەتـ-سىڭىز، — دېدى پۈتۈكچى كادىر.
— ئاۋۋال ئوقۇپ بېرىڭ.
ئىشخانىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى بىر - بىرىگە قاراشتى، ما-تېرىيال ئوقۇلدى. ھېكمەت ئۇنى قولىغا ئېلىپ قەستەن ئويۇن ئىشلەتتى:
— خېتىڭىز بەك چىرايلىقكەن ھەم پاكىز يېزىلىپتۇ، قاراڭلار، ھېچقاندان يېرى ئۆچۈرۈلمىگەن! — ھېكمەت ماتې-رىيالنى ھەممىگە كۆرسەتتى - دە، قولىنى قويىدى.
دېمەك ئۇلتۇرۇپ كەتكەن ئىمىن سوپى، كەچ تەرەپتە ئىدرىس ئەمەتنىڭ قېشىغا كىرىپ، ھېكمەتنىڭ كونا خامانلىرى-نى سورۇپ، ئۇنىڭ بىر ھەربىي ئائىلىنى بۇزغانلىقى، كېيىن ئۇ قىزنى تاشلىۋەتكەندىن كېيىن دەرد بىلەن ئۆلۈپ كەتكەنلى-كى، سوۋېت شپيونجېڭجۇيىچىلىرىغا باغلىنىپ چەتكە قاچماقچى بولغانلىقى قاتارلىق ئىشلارنى، شۇنداقلا ئىسمائىل شۇجىنى ئاقلاش ئارقىلىق، ئۆز جىنايىتىدىن قىچىۋاتقانلىقىنى بايان قىلـ-دى. ئىدرىس ئەمەت: «تەكشۈرۈپ باقاي» دەپلا گەپنى ئۈزۈ-ۋەتتى. لېكىن، ئۇ ئىمىن سوپىنىڭ ھېكمەت بىلەن نېمە ئۈچۈن پۈت تېپىشىدىغانلىقىدىن گۇمانلىنىپ قالدى. ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتكەندە ئىدرىس ئەمەت ھېكمەت بىلەن بىر كېچە مۇڭ-داشتى ۋە ئەينى يىللاردا ئىمىن سوپىنىڭ ھېكمەت، كامىل، مۇرات، گۈلزىبالارغا زىيانكەشلىك قىلىشى قانداقتۇر كىشىلەر-نىڭ قوماندىلىق تايىقى ئاستىدا بولغانلىقىنى ھېس قىلدى.
— سەن بۇ قېتىم تەھلىلى پىچەن ماقالىسى ئوقۇغىنىڭدا، — دېدى ئىدرىس ئەمەت، — ماناشۇنداق شۇملۇق-

لارنى تۆت كىشىلىك گۇرۇھقا باغلاپ ۋەتۋەرىكنى چىقىرىۋەت.

ئادەتتە، ئارىلىقلاردا كۆرەش قىلىش، پاش قىلىش بىرەر ھەپتە توختىتىلىپ، نۆۋەتتىكى ۋەزىيەتكە ماسلىشىش ۋە تونۇشنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن تەھلىلى پىپەن ماقالىسى ئوقۇش باسقۇچى ئېلىپ بېرىلاتتى. بۇنىڭدا ھەممە كىشىنىڭ ماقالە يېزىش مەجبۇرىيىتى بار ئىدى. ھېكمەت بىر قېتىم مەدەنىيەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە يۈز بەرگەن جايلاردىكى ھەددىدىن ئاشقان تېررورلۇق، تەن جازاسى بېرىش، ھەرخىل قىيناقلار ھەققىدە ماقالە ئوقۇپ ھەممىنى ھاڭ - تاڭ قالدۇرغانىدى. ماقالىدىكى دەلىل - ئىسپاتلار باشتىن - ئاخىر ئەدەبىي تىل ئارقىلىق يورۇتۇلغاچقا، تەسىرچانلىقى تولىمۇ يۇقىرى بولۇپ، يىغىندىكىلەرنىڭ كۆپىنچىسى كۆز - ياش تۆكۈشتى.

بۇ قېتىم ھېكمەت مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىنىڭ ھارپىلىرىدا يۈز بەرگەن ھەددىدىن ئاشقان سولچىللىق خاتالىقى بىلەن، مەدەنىيەت ئىنقىلابىدىكى ئىنقىلابىي ئامما ئۈستىدىن تۇرغۇزۇلغان قارا ئەنزىلەرنى بىر - بىرىگە باغلاپ سۆزلەپ ئىمىن سوپىنى تەرلىتىۋەتتى. گەرچە ئۇ، ئادەم ئىسىملىرىنى ئېنىق ئېيتمىغان بولسىمۇ، ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئەمەلىي ماتېرىيال ھېكمەتنىڭ دوستلىرى ئۈستىدە كېتىپ باراتتى. ماقالىنىڭ ھەربىر بۆلەك، ئابزاسلىرىدا ماركس، ئېنگېلس، لېنىن سۆزلىرىدىن كەلتۈرۈلگەن نەقىللەر، شەكىل ۋە مەزمۇنلار ۋەزنىنى تولۇقلاپ، كۈچەيتىپ، تەسىرچانلىقىنى ئاشۇرۇۋەتكەنىدى. ھېكمەت ماقالىسىنى ئوقۇپ ھەپتە ئۆتمەي ئىمىن سوپىنى ناھىيىلىك كومىتېتكە قايتۇرۇپ ئېلىپ كەتتى. چۈنكى، ئۇ يەردە بولۇۋاتقان ئۆزگىرىشتە، نۇرغۇن پىكىرلەر ئۇنىڭغا مەركەزلىشىپ قالغانىدى. بولۇپمۇ ئىدرىس ئەمەتنىڭ: «ھازىر ساۋۇر ۋۇزىنىڭ «ھوقۇقدار» ھەققىدىكى خاتا گەپ سۆزلىرى پاش قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇ ئۆزىنى تەكشۈرۈۋېتىپتۇ» دېگەن سۆزىنى ئاڭلىغان ھېكمەت،

ئۆزى يېزىپ بەرگەن تەھلىلى ماقالىلەرنىڭ كۆچىنى كۆرسەتكەن-لىكىدىن قەۋەتلا خۇشال بولغان بولسىمۇ چاندۇرمىدى. لېكىن، ئىچىدە «ياشاپ كېتىڭ ئىسمائىل شۇجى» دەپ پىچىرلىدى.
نۇرغۇن زىيالىيلارنىڭ بېشىغا چىققان ساۋۇر روزىنى غۇلىتىشىنىڭ پۇرسىتى يېتىپ كەلگەنىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ساۋۇر-روزىنى چىشلەپ تارتماي تۇرۇپ، ئىمىن سوپىنى «مەسچىتكە چىچقان قارا ئىت» قىلىۋېتىش ھالقىلىق مەسىلە ئىدى. شۇنداق قىلغاندا بۇ خاۋازا كۆچۈك ئۆزىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئارقىسىدىكى خوجايىنىغا قاراپ قاۋايتتى.
ھېكمەت ئىككى كېچە ئۇخلىماي بىر پاش قىلىش ماتېرىيالى يېزىپ چىقتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئاڭلىغانلىرى ۋە قۇربان ھاكىمنىڭ دەپ بەرگەنلىرىنى قوشۇپ دوستلىرىنىڭ بېشىغا كەلگەن كۆلپەتلەرنى بىرمۇبىر بايان قىلدى. پاش قىلىش ماتېرىيالىدا بەگىبىرىق ئوتتۇرا مەكتىپىدىكى زەينىدىن مۇدىردىن ئەھۋال ئېنىقلاپ بېقىش ئەسكەرتىپ قويۇلغانىدى. ئىدرىس ئەمەت بۇنى ئوقۇغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ئاپىرىپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتتى.
تەكشۈرۈش خىزمىتى بىلەن بوستان، لايقا، بۇزاق، ۋە سەھۋالىمىدىكى ئۆستەڭ قۇرۇلۇشلىرىغا كېتىپ قالغان ھېكمەت بىلەن مائارىپ ئىدارىسىنىڭ كادىرى تۇرسۇنجان ئېشەك ھارۋىسىدا دۇگدىيىپ ئولتۇرۇپ مەدەنىيەت يۇرتىغا قايتىپ كەلدى، ئۇلار كۆرەش قىلىنىۋاتقانلار پاش قىلغان بەزى يىپ ئۇچىلىرىدىن ئەھۋال ئېنىقلاش ئۈچۈن ھەپتە ئالدىدا سەپەر قىلغانىدى.
ھېكمەت ئۆيگە كىرىپ، مەشنىڭ كۆللىرىنى ئېلىپ ئوت يېقىۋەتتى. ھەپتىدىن بېرى ئوت قالانمىغان ئۆي خۇددى مۇز ئامبىرىدەك، ئىشىك يوچۇقلىرى، دېرىزە راملىرىنى ئاپئاق قىروباغلاپ كەتكەنىدى. ئۇ، ئەمدىلا چاي دەملەپ تۇراتتى، ئۆيگە مەھبۇبە سەككىز ياشلىق قىزى ئۇچقۇنئاينى يېتىلەپ كىر-

دى. ئۇنىڭ قولىدا يۆگەكلىك نەرسىمۇ بار ئىدى. ھېكمەت
قىزىغا لەپپىدە قارىشى ئۇچقۇنئاي قېچىپ ئانىسىنىڭ بېقىنىغا
چاپلىشىپ يەرگە قاراپ تۇرۇۋالدى، شۇڭا ھېكمەتمۇ قىزىغا
ئۇنچىلا ئۆزىنى ئۇرۇپ كەتمىدى. مەھبۇبەنىڭ چوڭ كۆزلىرى
ئولتۇرۇشۇپ، جۇدەپ قالغاندەك تۇراتتى. ئۇلار ئىككى چەتتىد-
كى كارىۋاتتا ئۇن ـ تىنسىز يەرگە قاراپ بىر ھازاغىچە ئولتۇ-
رۇشتى. ئاخىرى مەھبۇبە داستىخاننى ئېچىپ ئۇستەلگە ئىككى-
گۆشنانىنىقويۇپ، ھېكمەتنىڭسىركايىسىغا جايقويۇپقويدى.

— قېنى، ئىسسىقىدا يەۋىلىڭ، — مەھبۇبە قىزىغا
قارىدى، — دادا دەڭ، ئۇ دادىڭىز تۇرسا، مەن سىزگە دادا
دەڭ دەۋاتىمەن.

— بولدى، كۇچەنمەڭ، — دېدى ھېكمەت تېخىمۇ تۇگۇ-
لۇپ كەتكەن ئۇچقۇنئايغا قاراپ، — يەتتە يىل ياتلاشتۇرۇۋەت-
كەن بالىنى بىر ئېغىز گەپ بىلەن ئەسلىگە كەلتۇرەلمەيسىز.

— يۆتكىلىپ كەلگىلى يېرىم يىل بولغان بولسىمۇ بىرەر
قېتىم بېرىپ قوياي دېمىسىڭىز، باققان ئىتمۇ ياتلىشىدۇ.

— «بالا يەيدىغان ئوغرى» دىن قورقۇپ، يۇرىكى يېرد-
لىپ كەتمىسۇن، دېدىم …

مەھبۇبە قىزىرىپ ھەم ئېشىلىپ ھېچنېمە دېيەلمىدى.
ھېكمەت كونا مازنى تېتىپ، بىرەر كۆڭۈلسىزلىك چىقىپ قېلد-
شىدىن ئەنسىرىدىمۇ گېپىنى يۆتكىۋەتتى.

— سەئىدە ئاچام بىلەن كۆرۈشۇپ تۇردىڭىزمۇ؟

— ھەئە، بالىغا دەپ بەرگەن پۇللىرىڭىزنى ھەر ئايدا
ئېلىپ تۇرۇۋاتىمەن، — مەھبۇبە سېغىنىش ئۇچقۇنلىرى يە-
نىپ تۇرغان كۆزلىرىنى ئېرىگە تىكتى، — غۇلجىغا بېرىپ-
سىز، خوشمۇ دېمەپسىز، ھەرقانچە ئەسكى بولسامۇ مەن سىز-
نىڭ … — مەھبۇبە مىچچىدە يىغلىۋەتتى، — سىزنىڭ باغرد-
ڭىز ئۇنداق قاتتىق ئەمەستى، سىز راستتىنلا ئۆزگىرىپسىز،

مەندىن بىزار بوپسىز، بۇرۇن ياخشى كۆرمىسىڭىزمۇ يامان كۆرمەيتتىڭىز.

ھېكمەت ئىچىدە بىر يېرى پىژژىدە ئېچىشقاندەك بولدى ـ دە، ئىچى ئاغرىپ قالدى. ئۇ چامادانىدىن ئالدىغا رېشلىيە ئىشلەنگەن پوسۇنى غەيرى بېغىررەڭ سارجا كۆڭلەك ھەم ياقا ـ ئېتەكلىرى كەشتىلەنگەن سارغۇچ ئەت رەڭ پوپايكىنى ئېلىپ: «بۇنى ئاپام بەردى» دەپ مەھبۇبەنىڭ ئالدىغا قويدى. ئۇچقۇنئاي گارمۇن ئېتەك، مەيدىلىرىگە قويۇق گۈل بېسىلغان، قىپقىزىل يۇڭ كۆڭلەك ھەم مىغىزرەڭ بېتىنكىنى كۆرۈپ خۇشاللىقىدا ئانىسىنى قۇچاقلىۋالدى.

ــ ئانا قاراڭ، گۈلچىنئاي ئاچامنىڭكىگە ئوخشاشكەن.

ــ گۈلچىنئاينىڭكىنى كۆرۈپ، ــ دېدى مەھبۇبە كۆز ـ لىرىنىسۈرتۈپ، ــ پايلىمايلاقالغانىدى، ئەمدىغۇدادادەرسىز.

ئۇچقۇنئاي بوينىنى يانتۇ قىلىپ بوشلا «دادا» دەپ قويدى، لېكىن يۈگۈرۈپ بېرىپ ھېكمەتنى قۇچاقلىمىدى.

ــ بالىنىڭ ئوقۇشى قانداقراق؟

ــ يەتتە يېشىدىلا بېرىپتىكەنمەن، ھازىر ئىككىنچى سىنىپقا كۆچتى، دەرسلەرنى تەسرەك ئېلىپ كېتىۋاتىدۇ.

ھېكمەتنىڭ چىراي ئىپادىسىدىن مەھبۇبەگە نىسبەتەن ئىچ ئاغرىتىشتىن باشقا ھېچنېمە كۆرۈنمەيتتى. ئۆز ھەمراھىدىن دىلى ئازار يېگەن ئەر ياكى ئايال ئۇزۇن ۋاقىت ئايرىلىپ كەتسە ئوتتۇرىدىكى ئەر ـ خوتۇنچىلىق مېھرىمۇ كۆتۈرۈلۈپ كېتىدىغان ئوخشايدۇ. مانا، ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ ياشاۋاتقىنىغا يەتتە يىل بولۇپ قاپتۇ، ئەلۋەتتە، ئەرغۇ بويتاقچىلىق تۇرمۇشى بىلەن ئۆز كۈننى ئۆزى ئۆتكۈزۈپ كېتەلەيدۇ، بىراق بالىلىق ئايالغا تەس. ئۆينىڭ ئېغىر ـ يېنىك، يىراق ـ يېقىن ئىشلىرى بولىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاياللار ئۈچۈن «تۇل» دېگەن تامغا بەكمۇ ئاھانەتلىك. شۇڭا، كونىلار «تۇل خوتۇن ئوتى ئۆچكەن

ئوچاق» ، «خوتۇن دېگەن ئەردە ياخشى، بولمىسا يەردە» دەپ
بىكار ئېيتمىغان، كىم بىلىدۇ، مەھبۇبەمۇ «كېرىم» دېگەن
ئوقۇتقۇچى بىلەن يېقىن ئۆتكىنىگە قارىغاندا، «ئاجرىشىش» نى
ئېغىزىدىن چىقىرالمايۋاتقان بولۇشىمۇ مۇمكىن ...
— مەھبۇبە، سىزنى بۇنداق تەڭلىكتە قويسامۇ بولما-
غۇدەك، بىز ئاجرىشىپ كېتەيلى، — دېدى ھېكمەت ئا -
خىرى، — سىزمۇ يالغۇزلۇق تارتىپ قالدىڭىز.
مەھبۇبە پاللىدا قارىدى - دە، كىرپىكلىرى يەنە لەپپىدە
چۈشتى. ئۇ ئەسلىدە ھېكمەتنىڭ ئىرادىسىنى تارازىغا سېلىپ
بېقىش ئۈچۈن كەلگەنىدى. ئەر كىشى مۇشۇ ياشلىق چاغلىرىدا
خوتۇنسىز قالسا چۈشكۈنلىشىدۇ ياكى بۇزۇلىدۇ. مەھبۇبە ئېرى-
نىڭ بۇزۇلۇپ كېتىشىگە ئىشەنمەيتتى، لېكىن ئاياللارنىڭ ئاز-
دۇرۇشىدىن جېنى سىرقىرايتتى. ماھىنۇرنىڭ بۇرۇنقىدەك تى-
كەنلىك - تىكەنسىز ئىلمەك گەپلەرنى قىلماي، گىدىيىپ،
ھېجىيىپ ئۆتۈپ كېتىشى مەھبۇبەنىڭ گۇمانىنى قوزغاپ كۇن-
داشلىق ئوتلىرىنى پۈۋلەيتتى. ھېكمەت مەست بولۇپ قىلىپ
تار كوچا دوقمۇشىدا يېتىپ قالغىنىدا، ماھىنۇرنىڭ تەييار تۇر-
غاندەكلا ئۇنى ياتىقىغا ئاپىرىپ قوندۇرۇشى مەھبۇبەنى ئوغايەپ،
يىڭنە يۇتقاندەك ئازابلىغان بولسىمۇ، بىر - ئىككى يىلنىڭ
ئۆتۈشى بىلەن ئۇنىڭ جاراھىتى ساقىيىپ دېغى قالغانىدى. ئۇ
شۇ كېچىدە بولغان ئىشلارنى تەسەۋۋۇر بىلەن كۆز ئالدىغا كەل-
تۈرەتتىيۇ، بارماقلىرىنى چىشلەپ، يۈزلىرىنى كاچاتلاپ كېتەت-
تى. يەنە تۇرۇپلا ئۆلگۈدەك مەست ئادەم نېمىنى تۇياتتى، كى-
رىپلا ھوشىنى بىلمەي ئۇخلاپ كەتكەندۇ ... دەپ ئۆز كۆڭلىنى
ياسايتتى. بىراق، سەھەرلىكى ئويغىنىپ، يېنىدا يېرىم - يالى-
ڭاچ ياتقان ئايالنى كۆرگىنىدە شەيتىنى ۋەسۋەسىگە سالماي
قالامدۇ؟ ئاۋۇ قېلىن خوتۇننىڭ ئەيمەنمەي، نومۇس قىلماي يات
بىر ئەرنىڭ كىيىملىرىنى سالدۇرغىنىنى كۆرمەمدىغان ...

دەيتتى ئىچى ئېچىشىپ.

مەھبۇبە بەزىدە ئۆزىنى ئەيىبلەيتتى. ئۇ ماھىنۇرنىڭ مەكتىپىدىكى خانىملاردىن ئۇ ئىش نەق ھېكمەتنىڭ قىزىنى كۆرۈش ئۈچۈن كەلگەن، لېكىن ئۇچقۇنئايىنى كۆرەلمىگەننىڭ ئۈستىگە «ۋاپا» رەسىمىنىڭ كۆيدۈرۈلگەنلىكىنى ئاڭلاپ غەزەپ ھەم ئەلەمگە چىدىماي مەھبۇبەنى بىر كاچات سالغان كۈنى يۈز بەرگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدى. دېمەك، ئېرىنىڭ خاپىلىقىدا چىدىماي ھوشىنى يوقاتقۇدەك ھاراق ئىچىپ كوچىدا يېتىپ قالغانلىقى ماھىنۇر ئۈچۈن بىر پۇرسەت ئېلىپ كەلگەن.

— نېمىگە يىغلايسىز، — دېدى ھېكمەت پەس ئاۋازدا، — سىز ئېغىزىڭىزدىن چىقىرالماي قىينىلىۋاتىسىز، شۇڭا مەن ...

— سىزگە ئوخشاش ماڭا بىر كىم تەييار تۇرماپتۇ، مېنىڭ قايتا ئەرگە تېگىش نىيىتىممۇ يوق، — مەھبۇبە ياشلىرىنى تۆككىنىچە سۆزلىمەكتە ئىدى، — ئەگەر شۇنچىلىك بىتاقەت بولۇپ كەتكەن بولسىڭىز ئۆيلىنىۋېرىڭ، مېنىڭ دەۋادەستۇرۇم يوق. مەن ئاجراشمايمەن، ئۇقۇپ قويۇڭ، سىز ئون خوتۇن ئالسىڭىزمۇ يەنىلا مەن مۇشۇنداق ئۆتۈۋېرىمەن.

— ماڭا كىم تەييار تۇرۇپتۇ، سىز قاچانغىچە ماڭا ئىشەنمەيسىز؟

— مەن سىزگە قانداق ئىشىنەي، مەست - ئەلەست خوتۇنلارنىڭ قويىنىدا يېتىپ يۈرسىڭىز.

ئۇ كېچىدىكى ئىشلارنى ھېچكىم كۆرمىگەنىدى، بۇ قانداق قىلىپ مەھبۇبەنىڭ قۇلىقىغا كىرىپ قالدى؟ ھېكمەت تىكىرقاپ تۇرۇپ قالدى. ماھىنۇر بۇ ئىشنى قەستەن تارقاتقانمىدۇ؟ ھەي ... بۇ ئاياللارنىزە، چۈشەنمەك نېمىدېگەن قىيىن، كۈشەندىسىدىن ئۆچ ئېلىپ، قەلبەن شادلىققا ئېرىشىش ئۈچۈن يۈز، ئابرۇي، ئىناۋەت، ھايا دېگەنلەرنى چۆۋۈق سىۋەتنى تاش-

لىۋەتكەندەك، كۆزگە ئېلىپمۇ قويۇشمايدىكەن ئەمەسمۇ.
— ھە، جىمىپ كەتتىڭىزغۇ، يېغىرىڭىزنى تاتىلاپ قوي-
دۇمغۇ دەيمەن.
— ئۇ كۈنكى ئىشلارنىڭ ھېچقايسىسى ئېسىمدە يوق، —
ھېكمەتمۇ قايتۇرما زەربىگە تەييارلاندى، — نېمە، سىز مېنى
سوراقتا تارتقىلى كەلگەنمۇ؟ ئادىل تىرگاۋچى دېگەن ئاۋۋال
ئۆزىنىڭ پېشانىسىنى سىلاپ بېقىپ ئۇنىڭدىن كېيىن ھۇجۇمغا
ئۆتىدۇ.
— مەن دېگەن توخۇمدىن ئاق، سېغىزخاندىن ساق يۈرۈ-
ۋاتىمەن، بىلىسىڭىز ...
— ئاغزىمنى تولا غىرىچلىماڭ، كېرىم دېگەن يىگىتىڭىزچۇ؟
— كېرىم؟! — مەھبۇبە پوسۇققىدە كۈلۈۋەتتى.
— كۈلۈۋاتقىنىنى ماۋۇ قېلىنىنىڭ ...
— كۈلگىدەك گەپ قىلغاندىن كېيىن كۈلىمەن. ئۇ دې-
گەن ئۆزۈمنىڭ ئۇكىسىدەك بالا. خەقنىڭ ئاغزىدا «موزاي يې-
گىت، ئىنەك قىز» ئاتىلىشىنى خالىمايمەن. مەن ئۇنىڭغا
دەرس تەييارلىقى، مىتۇت جەھەتلەردىن ياردەم قىلىمەن. ئۇ
بولسا ئۇن، كۆمۈرلىرىمنى ئەكېلىپ، ئوتۇنلىرىمنى يېرىپ
ئۆيىنىڭ ئېغىر- يېنىك ئىشلىرىنى قىلىپ بېرىپلا كېتىدىغان
يۈزى نېپىز بالا. سىز مېنى چۈشەنمەمسىز؟ مېنىڭ چاچلىرىم
ئاقىرىپ، بەللىرىم مۈكچىيىپ، كۆز قارىچۇقلىرىم تۆكۈلۈپ
كەتسىمۇ بەدىنىمگە ئەركەك چىۋىنىنىمۇ قوندۇرمايمەن.
ئۇلارنىڭ تالاش - تارتىشى يەنە داۋاملاشقانمۇ بولاتتى،
بىراق، ئىشىك ئېچىلىپ بوسۇغىدا ماھىنۇر كۆرۈندى، لېكىن
ئۇ دەرھاللا ئىشىكنى يېپىپ كېتىپ قالدى. مەھبۇبە ئۇنىڭ
ئارقىسىدىن ئېتىلىپ مېڭىشى، ھېكمەت ئۇنى تۇتۇۋېلىپ كارى-
ۋاتقا ئولتۇرغۇزدى. مەھبۇبە باشقىدىنلا يېغىنى سالدى. قور-
قۇپ كەتكەن ئۈچقۇنئايمۇ ئانىسىنىڭ تىزلىرىنى قۇچاقلاپ يىغ-

لىماقتا ئىدى.
— بولدى قىلىڭ، بالىنى قورقۇتماڭ، ئەتراپ-
تىكى قولۇم - قوشنىلار ئاڭلىسا سەت بولىدۇ.
— نومۇس قىلىدىغان ئادەم، ئۇنى بۇ ئۆيگە نېمىشقا
ئەكېلىسىز؟ ئۇ بىلمىسە بۇ يەرگە كېلەمتى؟
— ھەي، خۇدا ھەققى، ماھىنۇر بۇ ئۆيگە كېلىپ باقمى-
غان، ئۇنىڭ كىمدىن سوراپ كەلگىنىنى بىلمەيمەن. مەنمۇ
سىرتقا خىزمەتكە چىقىپ كېتىپ ئالدىڭىزدا كېلىشىم.
— بېشىڭنى يەيدىغان بەزگە ئامراق مۇشۇك، پېشانىسى-
نى ئاپتاپ چېقىۋەتكەن سويما، ئىزانى لۇقما دەپ يەيدىغان
رەسۋا، بېشىنى ئېشەك غاجىلاۋالغان پەپىلقۇش دېۋەڭ .
— بولدى قىلىڭ، — ۋارقىرىدى ھېكمەت، — نەدىكى
ئۇرۇشقاق خوتۇنلاردەك ئاغزىڭىزنى بىزەپلەشتۇرۇۋەرمەڭ. مەن
داۋاملىق ھەپتىلىك، ئون كۈنلۈك تەكشۈرۈش خىزمىتىگە چى-
قىپ كېتىمەن، ئۇنى كۆرمىگىلىمۇ نەچچە يىل بولدى، ئېسىم-
دىمۇ يوق.
شۇ نەرسە مەۋھۇم بولمۇسۇنكى، مەھبۇبە يەنىلا ئېرىنىڭ
گەپلىرىگە دەرھاللا ئىشىنىپ قالاتتى. بۇ بەلكىم ھېكمەتنىڭ
ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىپ بىللە ئۆتكەن چاغلىرىدا بىرەر قېتىم
يالغان ئېيتماي، سەممىيەت كۆرسەتكەنلىكىنىڭ خوتۇنىدا قال-
دۇرغان ئۆچمەس ئىزلىرى بولسا كېرەك. ئۇ ئۇستەلدىكى سوۋ-
غاتلارغا قاراپ ئۇلۇغ كىچىك تىنىدى.
— غۇلجىغا ماڭىدىغان چېغىڭىزدا بىر ئېغىز مۆرەپ
قويغان بولسىڭىز، — دېدى مەھبۇبە قىزىرىپ كەتكەن كۆزلى-
رىنى سۈرتۈۋېتىپ، — ئاپاملارغا ئاز - تولا سوۋغاتلىق تەييار-
لىماسمىدىم، مانا ئەمدى نېمە دەپ ئويلاپ قالغاندۇ؟
— خاتىرجەم بولۇڭ، سىزنى ئەۋەتتى، دەپ بىرنەچچە
ئەتلەس ئاپپارغانىدىم.

— ئەسكى ...
مەھبۇبە ئېرىنىڭ بۇ دۇنيادا كەم تېپىلىدىغان سەممىي ئادەم ئىكەنلىكىگە ئۆزىدىن بەكرەك ئىشىنەتتى. بىراق، مۇشۇنداق چۇجە خورازدەك چوقۇشۇۋاتقاندا ئۇنى «ياخشى» دەپ تىللاشنىڭ ئورنى يوقتە، قارا بۇ «ئەسكى» نىڭ ياخشىلىقىنى ... ھېكمەتنىڭ ئىككىسى ئوتتۇرىسىدىكى ئىشلارنى ئاپىسىغا دېمىگەنلىكى مەھبۇبەنى دەپ - ئېيتقۇسىز خۇشال قىلىۋەتتى. ئەگەر باشقا ئەرلەر بولغىنىدا بار - يوقنى قوشۇپ خوتۇنىنى بىر پارچە سىسىق گۆشكە ئايلاندۇرۇپ قويغان بولاتتى.
كۆڭلىدە ئاز - تولا تەسكىنلىك پەيدا بولغان مەھبۇبە داستىخانلىرىنى يىغىشتۇرۇپ ماڭدى. لېكىن ئۇ، «گۈلزىبا ھېكمەتنىڭ يۈرىكىنى قايتۇرۇپ بەرگۈچە ساقلايمەن» دېگەن ئەھدىسىگە ئەمەل قىلىپ، قەلبىدە ھەقىقىي مۇھەببەت چىرىغى يانمىغان ھېكمەتتىن ئەمەلگە ئاشماس ۋەدىلەرنى تەلەپ قىلمىدى، ئۆزىمۇ پەرۋانىدەك سەكپارە بولمىدى. بىراق، ئۇنىڭ قاراڭغۇلىشىپ كەتكەن كۆڭۈل سارىيىنى كىچىككىنە بىر نۇر يورۇتۇپ تۇراتتى، ئۇ بولسىمۇ ھېكمەتنىڭ «كېرىم دېگەن يىگىتىڭىزچۇ!» دېگەن كۈنداشلىقى ئىدى. خۇدا بەندىلىرىنى قىسما - قىسما ياراتقانىكەن، جېدەل - ماجىراسىز، كۈنداشسىز، گۇمان ۋە رەشكسىز ئائىلىلەرنى بەخت شەربىتىنى ئىچكۈچىلەردەپ بىلىمىز. لېكىن، ۋاقتى كەلگەندە بۇ دېشۋاچىلىقلار مۇھەببەتنىڭ تېمپېراتۇرىسىنى ئۆلچەيدىغان تېرمومېتىر بولۇپ قالىدىكەن. بەزىدە ئاياللار كۈنداشلىق قىلسا، ئەرلىرى ئۆزلىرىنى تولىمۇ چوڭ ھېسابلاپ مەغرۇرلىنىدىكەن، كۆڭلى شادلىققا تولىدىكەن؛ يەنە بىر قىسىم ئاياللار، ئېرىنىڭ ئۆزىنى باشقىلاردىن قورۇمىغانلىقى، بىرەر قېتىم گۇمان قىلىپ ئۇرۇشۇپ باقمىغانلىقىدىن ئاغرىنىپ «ئۇ مېنى ياخشى كۆرمەيدىغان ئوخشايدۇ» دەپ كۆڭلى ئەلەمگە تولىدىكەن. مانا، مەھبۇبەمۇ

هېكمەتنىڭ ئاشۇ بىر ئېغىز گېپىدىن كۆڭلى ئۇمىدلەرگە تولغان هالدا چىقىپ كەتتى.

هېكمەت بىلەن تۇرسۇنجان ئەتىسى ئەتىگەندە، ئېنىقلاپ كەلگەن ماتېرىياللارنى دوكلات قىلىپ تۇرغاندا، ئىشخانىغا ئىككى كىشى كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ بىرسى هەربىي ئىدى. ئوتتۇز ياشلار ئەتراپىدىكى بۇ هەربىي پوپكىسىدىن بىر ئۇقتۇرۇشنى چىقىرىپ ئىدرىس ئەمەتكە بەردى. بۇ ۋىلايەتلىك ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ ئۇقتۇرۇشى بولۇپ، ئىدرىس ئەمەت ئۇنى ئىچىدە ئوقۇپ بولغۇچە قاپاقلىرى تۈرۈلۈپ، كەلگەنلەرگە سوغۇق نەزەردە قارىدى.

— سىلەر كۆچ بېرىۋاتقان ئادىمىمىزنى ئېلىپ كەتسەڭلار، بىز چولاقلا بولۇپ قالمايمىزمۇ، — دېدى ئىدرىس ئەمەت هەربىيگە قاراپ قويۇپ، — هېكمەتنىڭ ئورنىغا باشقىسىنى بەرسەڭ بولمامدىكەن؟

— بۇ بىزنىڭ ئىختىيارىمىزدىكى ئىش ئەمەس، — هەربىي كۈلۈپ قويدى، — يۇقىرىنىڭ بەلگىلىمىسى.

ئىدرىس ئەمەت مىيىقىدا ئاچچىققىنە كۈلۈپ جىمىپ قالدى. ئۇ هېكمەتكە هەر قانداق مۇرەككەپ ئەنزىنى ئىشىنىپ تاپشۇرالايتتى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئەستايىدىللىقىغا قايىل بولاتتى. ئۇ كۇرەشكە تارتىلغۇچىنىڭ مەسىلىسىنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىش، ئېنىقلاش، تەكرار سوراش، سىرتتىن ئېنىقلىغان ماتېرىياللاغا سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق، مەزكۇرنىڭ رازىلىقىنى ئالغاندىن كېيىنلا ئەنزىگە كىرگۈزەتتى. ئەگەر كۇرەشكە تارتىلغۇچىنىڭ كىچىككىنە بىر ئىش كاللىسىدىن ئۆتمىسە، كۈنلەپ - كۈنلەپ سىرتتىكى مۇناسىۋەتلىك ئورۇن - كىشىلەردىن ئېنىقلاپ، تەكشۈرۈلگۈچى رازى بولمىغۇچە ئالدىراپ بىكىتمەيتتى. ئۆزىنىڭ بېشىغا كەلگەن بالايى - بەتتەرلەر كۆڭلىدىن كۆتۈرۈلمىگەن هېكمەت باشقىلارنىڭ تەقدىرى بىلەن ئويۇ-

نىشىشنى جىنايەت ھېسابلايتتى، ھەتتا سىرتتىن مەسىلە پاش قىلىشقا كەلگەنلەرگىمۇ «سىنىڭ پاش قىلغانلىرىڭنى سىرتتىن ئېنىقلايمىز، ئەگەر مىسقالچە يالغاننى قوشۇدىغان بولساڭ، تۆھمەت قىلىش جىنايىتىدىن سىرت، تەشكىلنى ئالدىغان ۋە ئەنزىگە بۇزغۇنچىلىق قىلغان، دېگەن گۇناھ بىلەن جازالىنىدىسەن» دېيىش ئارقىلىق مەسىلىسى ئېنىقلىنىۋاتقانلارنى ئۆچ ئالىدىغان دۈشمەنلىرىدىن قوغداپ قالاتتى. بەزى چاغلاردا ھېكمەت كۈرەش مەيدانىدىن چۈشۈپلا «پالانىنىڭ دېگەنلىرى قىپقىزىل يالغان، قويغان پاكىتلىرى ھەممىسى بىر ـ بىرىنى ئىنكار قىلىدۇ، مەنتىقە جەھەتتىن ئىز بېسىپ تۇرالمايدۇ» دەپ كېسىپلا باھا بېرەتتى. دېگەندەك ئېنىقلاش ئارقىلىق مەسىلە پاش قىلغۇچىغا ئارتىلىپ قالاتتى ياكى تۆھمەت بولۇپ چىقاتتى. شۇڭا، خاتالىقلارنى قايتا تەكرارلىماسلىق، تەكشۈرۈلگۈچىمۇ چىن كۆڭلىدىن رازى بولۇش، تەكشۈرگۈچىمۇ ۋىجدان ئازابىغا قالماسلىق ئۈچۈن، ئىدرىس ئەمەت ھېكمەتنى زادى قولدىن چىقارغۇسى يوق ئىدى.

— سىنى، — دېدى ئىدرىس ئەمەت روھى چۈشكەن ھالدا، — ۋىلايەتلىك «قايتا تەكشۈرۈش ئىشخانىسى» غا يۆتكەپتۇ.

— ئەمىسە شۇنداق بولسۇن، — كەلگەنلەر ئورنىدىن تۇردى، — سىز بۇگۇنلا بېرىپ ۋەزىپە تاپشۇرۇپ ئىلىڭ.

ئىدرىس ئەمەت شۇ كۇنىلا ۋىلايەتلىك ئىنقىلابىي كومىتېتىغا بېرىپ سۈلتىيىپ قايتىپ كەلدى. ھېكمەت بارماي بولمىدى. ئۇ چۆرگىلىتىپ، دېۋانلار قويۇلغان ئىشخانىغا كىرگەندە، ئەللىك ياشلاردىن ھالقىغان تاقىر باش لى جۇرىن بىلەن ئاپئاق چاچلىرى پاخپىيىپ تۇرغان ئەكرەم جۇرىن ئۇنى كۈتۈۋالدى. ئوتتۇزياشلاردىكى بىر ساقچىيىگىت دېۋانغا چۆكۈپ ئولتۇراتتى.

— سىلەر ئىككىڭلار بەلكىم تونۇشمايسىلەر، — دېدى ئەكرەم جۇرىن ساقچىغا قاراپ قويۇپ، — بۇ ساقچى يىگىتنىڭ

ئىسمى مەمەت ھاپىز، بۇياق بولسا ھېكمەت ئېلى، سىلەر بۇنىڭ-
دىن كېيىن بىر گۇرۇپپا بولۇپ ئىشلەيسىلەر، گۇرۇپپا باشلىقى
مەمەت ھاپىز.

— ۋىلايىتىمىزدە باش قاتۇرۇپ تۇرغان ئىككى چوڭ ئەنزە
بار، — دېدى لىجۇرىن تاقىر بېشىنى سىلىغاچ سۆز باشلاپ،
— بىرى، شەھەر كۆكتاتچىلىق مەيدانىنىڭ شۆجىسى تۇرسۇن
ھەسەن، يەنە بىرى، ۋىلايەتلىك قۇرۇلۇش شىركەتنىڭ باشلىقى
مەمتىمىن قارىي. بۇلارنىڭ خىيانەتچىلىك، چوڭ يەپ -
چوڭ ئىگىلەش جەھەتتىكى مەسىلىلىرى ئېغىر، ئاممىنىڭ غە-
زىپى كۈچلۈك، بىراق ھازىرغىچە ئىگىلىگەن ئەھۋال تولۇق
ئەمەس. بۇ ئىككىسىنىڭ ئەنزىسى بەكمۇ مۇرەككەپ، چېتىلىش
دائىرىسى كەڭ، مۇناسىۋەتلىك ئورۇن - كىشىلەر كۆپ، شۇڭا
بۇ ئىككى ئەنزە ھازىرغىچە ئېسىلىپ تۇرۇۋاتىدۇ. سىلەر تەك-
شۈرۈشنى رەسمىي باشلىغان ۋاقىتلاردا تۇرمىدىكى ئىقتىسادىي
جىنايەتچىلەر، ھەتتا ئۆزگەرتىش مەيدانىدا ئەمگەك بىلەن ئۆز-
گىرىۋاتقانلار بىلەنمۇئۇچرىشىشىڭلارمۇمكىن.

— ئۇلارنىڭ تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقىنىغا قانچە-
لىك بولغاندۇ؟ — سورىدى ھېكمەت.

— بىر يىل بولۇپ قالدى، — جاۋاب بەردى ئەكرەم
جۇرىن، — بۇنى سوراپ قالدىڭىزغۇ؟

— مېنىڭ بىلمەكچى بولغىنىم شۇ جەرياندا سىرت بىلەن
ئالاقە قىلدىمۇ، يوق يەنى ئۇرۇق - تۇغقان، يېقىن - يورۇقلى-
رى دېگەندەك ...

— بۇنى چەكلىدۇق، لېكىن ئائىلىسى ئېلىپ كەلگەن
تاماقلارنى قوبۇل قىلدۇق.

— مۇمكىن بولسا تامىقىمۇ قوبۇل قىلىنمىسا، يەنى بىز
سىرتتىن ئىنقىلاب بولغۇچە.

— بۇ يولداشنىڭ دېگىنى توغرا، — دېدى لى جۇرىن

سۆز قىستۇرۇپ، ــــ تاماق ئارقىلىق خەت كىرگۈزۈپ تىل
بىرىكتۈرۈۋالسا بۇلارنىڭ تەكشۈرۈشى پاسسىپ ھالغا چۈشۈپ،
مەسىلە تېخىمۇ مۇرەككەپلىشىپ كېتىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا بىخە-
تەرلىككىمۇ كاپالەتلىك قىلغىلى بولمايدۇ.
ھېكمەت بىلەن مەمەت ھاپىز ئىككىسىگە يەرلىك كومىتېت
مېھمانخانىسىدىن بىر ئۆي ئاجرىتىپ بېرىلدى. ئۇلاردەسلەپتە
تەكشۈرۈشنى بىرلىكتە باشلىۋەتتى. كۆكتاتچىلىق مەيدانىنىڭ
شۇجىسى تۇرسۇن ھەسەن، قورۇلۇش شىركەتنىڭ باشلىقى مەم-
تىمىن قارىيلار قىرىق ياش ئەتراپىدىكى تىتىك، جانلىق، ھوش-
يار ئادەملەر بولۇپ، ئىشلەپچىقىرىشتىكى ئامال - چارىلىرى،
ئەقىل - پاراسەتلىرى، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتكە ماھىرلىقى
بىلەن قول ئاستىدىكى ئاھالىلەرنى ھاللىق دەرىجىگە يەتكۈزگەن-
دى. ئۇلار بەزى چاغلاردا پۇل تېپىشتا ۋاستە تاللىماي، غەيرىي
سودىلار بىلەن شۇغۇللانغان؛ ئىشلەپ چىقارغان نەرسىلىرىنى
كوللېكتىپقا دۆلەت باھاسىدا ساتماي، باشقا يەرلەرگە يۆتكەش
ئارقىلىق قاراڭغۇ بازارچىلىق قىلغان؛ مالنىڭ ناچارلىرىنى
شىركەتلەرگە ئۆتكۈزۈپ، ياخشىلىرىنى قىممەت باھادا پۇل قىل-
غان. مەمتىمىن قارىي بولسا، شەخسلەرنىڭ ئاغزىنى مايلاش
ئارقىلىق قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرىنى ئەرزان ئېلىپ، قۇرۇلۇش
نەرقىنى يۇقىرى ھېسابلىغان، يۇقىرىغا كۆرسىتىدىغان، ئىچكى
جەھەتتە ئۆزلىرى بىلىشىدىغان ئىككى ئاتچوت دەپتەر ئارقىلىق
ھۆكۈمەتنى ئالدىغان. پاش قىلىنغان ماتېرىياللارغا قارىغاندا بۇ
ئىككىسىنىڭ مەسىلىسىنى ئېغىر دېيىشكە بولاتتى. ساقچى مە-
مەت ھاپىز مەسىلىلەرنى پرىنسىپقا كۆتۈرۈپ مۇبالىغە قىلىپ
يېزىشقا ئامراق ئىدى. ئۇ ئەھۋال ئېنىقلاۋاتقان ئادەملەرگە بې-
سىممۇ ئىشلەتتى. تەكشۈرۈش چوڭقۇرلاشقانسېرى ئۇلار تۈرمى-
گە بىرنەچچە قېتىم باردى. ھېكمەت بىلەن مەمەت ھاپىز بىر
قېتىم كېرىيە ئۆزگەرتىش مەيدانىغا مەلۇم جىنايەتچىدىن مەسىلە

ئىنقىلاشقا بارغان پۇرسەتتە، ھېكمەت نەبى بىلەن كۆرۈشۈشلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى. ئۇنىڭ يەنە تۆت يىللىق مۇددىتى قالغان بولسىمۇ ، ئۆزگىرىش ئىپادىسىگە قاراپ ئىككى يىل كەچۈرۈم قىلىنىپتۇ.

مارت ئايلىرى كىرىش بىلەن دەل ـ دەرخلەرگە سۇ يۈگۈرۈپ، شاخ ـ غوللىرى كۆكىرىشكە، يۇمران بىخلىرى قىزلارنىڭ خال ـ مەڭلىرىدەك پارقىراشقا باشلىدى. ۋەزىيەتمۇ خۇددى خوتەن ئاسمىنىدەك سۈزۈلۈپ كىشىلەر قەلبىگە ئىللىقلىق ئېلىپ كەلدى. ۋىلايەتلىك ۋە ناھىيىلىك قايتا تەكشۈرۈش گۇرۇپپىلىرىنىڭ جاپالىق خىزمەت ئەجىرلىرى مېۋە بېرىپ، خاتا تۇتۇلغان رەھبىري خادىملار، زىيالىيلار پەيدىنپەي ئەسلىگە كەلمەكتە ئىدى. ناھىيىلىك كومىتېتقا ئىسمائىل شۇجى ئىنقىلابىي رەھبىرى كادىر بولۇپ ئورنىدىن دەس تۇردى. ساۋۇر روزى خىزمەتتىن توختىتىلىپ تەكشۈرۈلۈۋاتاتتى. خۇددى ھېكمەت پەرەز قىلغاندەك ئىمىن سوپى ئۆزىنىڭ تەقدىرىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن «بارلىق قارا ئەنزىلەر، ناھەق جازالىنىشلار ساۋۇر روزىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن قىلىنغان » دەپ ھەممىنى ئۇنىڭغا ئارتتى، ئىككىسى سورۇندىكى ئىتتەك تالاشماقتا ئىدى. دوستلىرىنىڭ ئەنت- قىساسىنى ئېلىپ كۆڭلى جايىغا چۈشكەن ھېكمەت، قايتا تەكشۈرۈش ئىشىغا چىن ئېتىقادى بىلەن كىرىشىپ ئىشلىمەكتە ئىدى. ئۇ مەمەت ھاپىز بىلەن بىر ئايدەك تەكشۈرۈش ئارقىلىق تۇرسۇن ھەسەن، مەمتىمىن قارىيلارنىڭ مەسىلىسىنى ئاساسىي جەھەتتىن ئېنىقلاپ بولدى. ئەمدى ئۇلار ئەنزىنى بېكىتىپ يۇقىرىغا يوللىسا بولاتتى.

شۇ كۈنلەردە خوتەندە «سەرگەردان » كىنوسى قويۇلماقتا ئىدى. بۇ بىر مىسلى كۆرۈلمىگەن يېڭىلىق بولۇپ، ئون يىللىق مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا «ئۇلگىلىك» دەپ ئاتالغان تىياتىرلاردىن «شياجيا باڭ» ، «چەكسىز ئورمان، قارلىق دالا» ، «قىزىل

چىراغ» تىن باشقىسى قويۇلمايتتى. ناخشىلاردىن: «شەرق قىز-
زاردى» ، «دېڭىزدا پاراخود رولچىغا تايىنىپ ماڭار» ، «ئۆگە-
نەيلى لىي فېڭدىن» ، «ۋاڭجى بىزنىڭ ئۇلۇغىمىز ...»
دېگەندەك بىر نەچچىلا ئىنقىلابىي ناخشا ئېيتىلاتتى. سەرگەر-
دان كىنوسى ئەتىگەن سائەت سەككىزدىن كېچە سائەت ئىككىگە-
چە ئالتە - يەتتە مەيدان ئۈزۈلمەي قويۇلاتتى، شۇنداقتىمۇ
بېلەتنى ئالماق ئىنتايىن تەس ئىدى. ھەر كۈنى سەھەردىن
باشلاپ يۇقىرى ئاۋازلىق كانايلاردىن ياڭرىغان بۇ كىنو-
نىڭ ناخشا- مۇزىكىلىرى، خوتەن شەھىرىنىڭ نە - نەلىرىگە
ئاڭلىنىپ تۇراتتى. «قاتىل» ، «جىنايەتچى» ، «ئەكسىلئىنقى-
لابچى» قىلىپ قويۇلغانلارنىڭ ئەنزىلىرىنى قايتىدىن كۆرۈپ،
بىر تەرەپ قىلىشقاندا مۇشۇنداق ھالقىلىق پەيتتە «سەرگەردان»
كىنوسىنىڭ قويۇلۇشى، ئەنزە ئىشلەۋاتقانلار ئۈچۈن بىر سىگ-
نال ئىدى. ھېكمەت بۇ ئەپلىك پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ،
بىر كۈنى ئەتىگەندە ئىسمائىل شۈجىنىڭ ئىشخانىسىغا كەلدى.
شۈجى ئۇنى بەكمۇ قىزغىن كۈتۈۋالدى: «دراما» دىن ئىبارەت
خەتەرلىك دوقالدىن ئامان - ئېسەن ئۆتۈپ كېتىشكە سەۋەب
بولغان بۇ ئاددىي ئوقۇتقۇچىغا ئۇنىڭ مېھرى چۈشۈپ قالغانىدى.
ئۇلار شۇ چاغدىكى ۋەزىيەت ھەققىدە بىر ئاز پاراڭلاشقاندىن
كېيىن، ھېكمەت ئەخمەت ھوشۇرنىڭ ئىلتىماسىنى ئىسمائىل
شۈجىغا سۇندى. ئىلتىماسقا كۆز يۈگۈرتكەن شۈجىنىڭ چىرايىدا
تەڭلىك ئالامىتى كۆرۈلدى.

— ھازىر مەدەنىيەت ئىنقىلابىدىكى خاتالىقلار تۈزىتىلى-
ۋاتىدۇ، — دېدى شۈجى ھېكمەتكە، — بۇ دېگەن 57 -
يىلى كىيگۈزۈلگەن قالپاقكەن. بونى تەكشۈرگەندە «ھازىرقى
ۋەزىيەتتىن پايدىلىنىپ كونا ئەنزىنى ئاغدۇرۇش» دېگەن جىنا-
يەت ئارتىلىپ، ئەخمەت ھوشۇرغا ئۇستىلەپ دەرد كەلتۈرۈپ
قويۇمىز مىكىن.

— ئىسمائىل شۇجى، شۇ چاغلاردىمۇ ئۇلۇغ ھەم سولچىل-
لىق قان قىزىقلىقى بولمىغاندىمۇ؟ — ھېكمەت ھاياجانلانماقتا
ئىدى، — قەشقەردىن كېلىپ، خوتەن باللىرى ئۈچۈن جان
كۆيدۈرۈپ ئىشلەۋاتقان بىر مۇساپىرنىڭ يىگىرمە يىل خەلق
دۈشمىنى بولۇپ يۈرۈشى سىلى بىلەن مېنى ئېچىندۇر-
مامدۇ؟ بىر ئامالىنى قىلىپ بۇ ئەنزە قايتا تەكشۈرۈلۈپ باققان
بولسا ياخشى بولاتتى.

ھېكمەت ئەخمەت ھوشۇرنىڭ ئىقتىدارى، بىلىمى، ئوقۇت-
قۇچىلىق كەسپىگە بولغان مۇھەببىتى، ھازىرقى ئىپادىلىرىنى
كۆپتۈرۈپ، ماختاپ خېلى سۆزلىدى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ «قالپاق»
دېگەن بۇ لەنەت تامغىسىنىڭ گۇناھسىز باللارنىڭ تەقدىر-
ئىقبالىغا كەلتۈرىدىغان ئاجايىپ زور ئاپىتى توغرۇلۇق سۆزلە-
گەنلىرى ئىسمائىل شۇجىنى تەسىرلەندۈرۈپ قويدى. ئۇ ھېك-
مەتنىڭ مەدەنىيەت يۈرتى ۋە ۋىلايەتلىك قايتا تەكشۈرۈش ئىشخا-
نىسىدا ئىشلىگەن ئىش - پائالىيەتلىرى، باشقىلارغا قىلغان
خەيرخاھلىقلىرىنى ئاڭلىغاندا ئانچە ھەيرانمۇ قالمىغانىدى. چۈن-
كى بۇرۇن ھېچقانداق تونۇشلىقى ياكى تۇغقانچىلىقى بولمىغان
ئىسمائىل شۇجىنىمۇ چوڭقۇر ھاڭ لېۋىدىن قۇتقۇزۇپ قالغان-
دى. مانا ئەمدى دادىسى، ئاكىسى ياكى بىرەر قېرىندىشى بولمى-
غان ئەخمەت ھوشۇرنىڭ كەتمىنىنى چېپىپ تۇرۇپتۇ. تۇۋا،
دۇنيادا مۇنداقمۇ خالىسانە پىداكارلار بولىدىكەنا!

— مۇنداق بولسۇن، — دېدى ئىسمائىل شۇجى، —
بۇ ئىلتىماسنى ئىككى نۇسخا قىلىپ بىرىنى ناھىيىلىك قايتا
تەكشۈرۈش ئىشخانىسىغا ئەكىرىپ بەر، ئۇلار مېنىڭدىن يوليو-
رۇق سوراپ كەلگەندە، مەن تەكشۈرۈش ھەققىدە يوليورۇق
بېرەي. لېكىن، قالپاقنىڭ ئېلىنىشى ئۇنچە ئاسان ئەمەسلىكى-
نى سەنمۇ بىلىسەن، مەن بۇنىڭغا كاپالەتلىك قىلالمايمەن.

— سىلى ھېلىتىن مۇنداق دېسىلە، بۇنىڭدىن ئۈمىد

يوق، — ھېكمەت ئۆزىنىڭ كىمگە گەپ قىلىۋاتقىنىنى ئۇنتۇپ قالغانىدى، — ئەگەر سىلىدە ئۆزلىرىنى ئەخمەت ھوشۇرنىڭ ئورنىدا قويالىغۇدەك شىجائەت «مېنىڭمۇ ئۇششاق بالىلىرىم بارغۇ» دەيدىغان پەزىلەت ۋە دىيانەت بولسا، بۇ ئىش چوقۇم رۇياپقا چىقىدۇ. سىلى بىرلا ئەخمەت ھوشۇرنى ئەمەس، پۈتۈن بىر ئائىلىنى قۇتقۇزۇپ قىلىشتەك ساۋابقا نائىل بولىدىلا.

ھېكمەت شۇ كۈنىلا ئىلتىماسنى يەنە بىر نۇسخا كۆچۈرۈپ ناھىيىلىك قايتا تەكشۈرۈش ئىشخانىسىغا تاپشۇرۇپ مېھمانخانىدىكى ئىشخانىسىغا قايتىپ كەلدى.

مەمەت ھاپىزنىڭ تۇرسۇن ھەسەن ۋە مەمتىمىن قارىيلار ئۈستىدىن يېزىپ تەييارلىغان ئون بەتلىك خۇلاسىسى ھېكمەتنىڭ كاللىسىدىن زادىلا ئۆتمىدى. ئۇلار بىر ئايدىن ئوشۇق ئېنىقلاب، قايتا - قايتا يۈزلەشتۈرۈپ تەييارلىغان پاكىتلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئۆزگەرتىلىپ، كونا ئەنزىگە ئوخشاشلا يېزىلغانىدى. ھەتتا چوڭ - چوڭ خىيانەت تۈرلىرى تەكشۈرۈشتە تۇرسۇن ھەسەن بىلەن مەمتىمىن قارىيغا ئەمەس، بەلكى تۈرمىدىكى ئۈچ ئادەمگە بېكىتىلگەن تۇرۇقلۇق، بۇ خۇلاسىدە يەنىلا كونا ئەنزە ئاساس قىلىنغانىدى. يەنە بىر تەرەپتىن پاكىتلارغا ھۆرمەت قىلىنماي ھېسسىيات ئاساسي ئورۇنغا قويۇلۇپ «ناھايىتى»، «قەبىھ»، «ئىنتايىن»، «ۋەھشىي»، «تولىمۇ» دېگەندەك سۈپەت، ئېنىقلىغۇچى، ھالەت، تولدۇرغۇچى قوشۇمچىلىرى ھەربىر قۇر، ئابزاسلاردا تولۇپ كەتكەنىدى. ئەنزىدە بۇنداق قوشۇمچىلارنىڭ رولى ئىنتايىن چوڭ بولۇپ، ئاقلاشقا ئىشلىتىلسە، جىنايەتنىڭ سالمىقى يېنىكلەيدىغان، قارىلاشقا ئىشلىتىلسە، ئادەمنىڭ تەقدىرىنى ئاستىن - ئۈستىن قىلىۋېتىدىغان خەۋپ مەۋجۇت ئىدى. ھېكمەت خۇلاسىنىڭ ئاخىرىدىكى: «تۇرسۇن ھەسەن ۋە مەمتىمىن قارىيلاردەك زەھەرلىك يىلان باشلىرىنى ئۈزۈل - كېسىل يانجىپ تاشلىمىغاندا، پرولېتارىيات

دىكتاتورىسىغا يۈز كېلەلمەيمىز ... خوتەندە خاتىرجەملىك،
خەلقتە ئەمىنلىك بولمايدۇ» دېگەن جۈملىلەرنى ئوقۇپ پېشاند-
سىدىن پۇرژىدە تەر چىقىپ كەتتى.
— ئەگەر ئوقۇپ بولغان بولسىڭىز قول قويۇۋېتىڭ، —
دېدى مەمەت ھاپىز قەلەمنى تەڭلەپ، — ھازىرلا ۋىلايەتلىك
قايتا تەكشۈرۈش ئىشخانىسىغا ئاپىرىپ بېرىمەن.
ھېكمەت مەمەت ھاپىزنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىغاندەك قىلاتتى.
چۈنكى، تۇرسۇن ھەسەن ۋە مەمتىمىن قارىيلار بىلەن بولغان
ئاخىرقى يەككە سۆھبەت ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا كەلگەنىدى. ھەر
قېتىملىق سوراقتا مەمەت ھاپىز سەت تىللار بىلەن ھاقارەتلەپ،
قوپاللىق قىلىۋەرگەندىن كېيىن، تۇرسۇن ھەسەن ئۇنىڭ ئۈچ
ئېلىۋاتقىنىنى ئېيتىپ مۇنداق بىر ئىشنى سۆزلەپ بەردى. بىر
كۈزلىكى مەمەت ھاپىز كۆكتاتچىلىق مەيدانىغا بېرىپ ئامباردى-
كى خىللانغان ئۇرۇقلۇق ياڭيۇدىن بىر تاغار ئالىمەن، دەپ
تۇرۇۋالغان. مەمەت ھاپىزنىڭ پورما كىيىملىرىنى كۆرۈپ تەڭ-
لىكتە قالغان ئامبارچى نېمە قىلارىنى بىلمەي تۇرغىنىدا، تۇر-
سۇن ھەسەن ئۇستىلەپ كېلىپ:
— ئاداش، ئالساڭ خەق ئېلىۋاتقىنىنى ئال، ئۇرۇقلۇق
ياڭيۇ ئامبال بولساڭمۇ بېرىلمەيدۇ، — دېگەن.
— سىلەرخەلق ساقچىلىرىغائېتىباربىلەنقارىمامسىلەر؟
— نېمە دەيدۇ ماۋۇ ئاداش، ساقچى بولساڭ ئۆزۈڭگە،
ماڭا نېمىچىدىڭ، قانداق لاۋزا نېمە بۇ!
بۇ ئىشنى ئاڭلىغان ھېكمەت، مەمەت ھاپىزنىڭ تۇرسۇن
ھەسەنگە قىر كۆرسىتىپ، ئۈچ ئېلىۋاتقانلىقىنى بىلدى. ئۇ
مەمتىمىن قارىيغا تېخىمۇ قاتتىق قول ئىدى. ھەتتا بىر قېتىم-
لىق سوراقتا بىر كاچاتمۇ سېلىۋەتتى. ھېكمەت سىرتقا چىقىپ،
ئۇنىڭ خاتا قىلغانلىقىنى ئېيتقاندا، مەمەت ھاپىز: «ئۇ، پاشد-
ۋازغا تېخى ئاز» دەپ يەنە تىللىدى. ھېكمەت كېيىن ئۆزى

يالغۇز سوراق قىلغاندا مەمتىمىن قارىي: «بىزنىڭ بېشىمىزنى
ئاشۇ سولتەككە تاتىلاتقىلى قويمىسلا بولمامدا، خوتۇنى سەتەڭگە
چاقچاق قىلىپ قوياپتىم، ئەمدى قوپاپ، ئاشۇنىڭ قولىغا چۈ-
شۈپ قالغىنىمنى كۆرمەملا» دەپ ھىجايدى.

— ھەي، چاقچاق قىلغانمىدىڭ ياكى چىقىلغانمى-
دىڭ؟ — سورىدى ھېكمەت.

— ئەمدى ھۆنەرنى باشلاي دەپ تۇرسام، پاخپاق خوتۇندىن
بىرى كىرىپ قېلىپ ئىشنى بۇزدىيا ... كاساپەتنىڭ خوتىنىزە
ئەددەبىسىز ئۇز، شۇللۇق بىرنېمىتى ...

— نېمە، يازغىنىم بولماپتىما، — مەمەت ھاپىز خىيالغا
پېتىپ قالغان ھېكمەتكە كۆز ئۇزمەي قاراپ تۇراتتى، — سىز
بوستاندىن يۆتكىلىپ كەلگەچكە بىلمەيسىز، بۇ ئىككىسى خوتەن-
نى سورۇپ يېگەن ئالىقاپلار، قىلمىغان ئەسكىلىكى قالمىغان.
بۇ قېتىم بېلىنى رۇسلىيالمىغۇدەك ئەدىپىنى بەرمىسەك زادى
بولمايدۇ.

— مەن بۇ خۇلاسە دوكلاتىڭىزغا قوشۇلالمايمەن، —
ھېكمەت قول قويمايلا سىرتقا چىقىپ كەتتى.

ھېكمەت ئۈچ كۈنگىچە ئۆيدىن چىقماي، بىر ئايدىن ئوشۇق
سىرتتىن ئېنىقلانغان، ئۆزلىرىنىڭ تاپشۇرغان ۋە يىغىۋالغان
ھۆججەت - تالونلارنى ئالدىغا قويۇپ، تۇرسۇن ھەسەن، مەمتى-
مىن قارىيلارنىڭ يەككە خۇلاسە ماتېرىيالىنى تەييارلىدى. ئۇ
قايتا - قايتا ئويلاش، تۈزىتىش، پاكىتلارنى سېلىشتۇرۇش،
ئەقلىي خۇلاسە قىلىشتىن سىرت، ھەربىر جۈملىنىڭ، سۆزلەر-
نىڭ ۋەزنىنىمۇ تەڭشىدى. چۈنكى، ھەر قانداق ئەنزىدە ھېسسى-
يات ئارىلاشقان بىر سۆزنىڭ ئوشۇق بولۇشى، تەكشۈرۈلگۈچى-
نىڭ جانىجان مەنپەئىتى. ھەتتا ھاياتىغا بېرىپ تاقىلاتتى.

ئاردىن بىر ھەپتە ئۆتكەندە تۇرسۇن ھەسەن، مەمتىمىن
قارىيلارنىڭ ئەنزىسى ۋىلايەتلىك قايتا تەكشۈرۈش ئىشخانىسىنىڭ

كۆللىكتىپ مۇزاكىرىسىدىن ئۆتمىدى. بەزىلىرى «بۇ ئالدىنقى
بېكىتىلگەن ئەنزىنىڭ كۆچۈرۈلمىسىكەن» دېيىشتى، يەنە بەزد-
لىرى «جىنايى پاكىتلارنى تەھلىل قىلىپ پرىنسىپقا كۆتۈرگى-
نى بولماپتۇ» دېيىشسە، بىر قىسىملار «ئىككى ئادەم ئىشلىگەن
ئەنزىگە بىر ئادەمنىڭ قول قويغىنى نېمىسى، بۇ يىغىنغا ھېك-
مەت نېمە ئۈچۈن قاتناشمىدى» دېيىشتى. چۈشتىن كېيىنكى
يىغىنغا ھېكمەتمۇ قاتناشتى. قايتا تەكشۈرۈش ئىشخانىسىنىڭ
ئەزالىرى چۆرگىلىتىپ قويۇلغان دېۋانلاردا توشۇپ ئولتۇراتتى.
ئەكرەم جۇرىن ھەممىنىڭ كەلگەن ـ كەلمىگەنلىكىنى تەكشۈ-
رۈپ، يىغىن مەيدانىغا بىر قۇر بويۇنداپ قاراپ سۆزىنى باشلى-
دى. ئۇ ھېكمەت بىلەن مەمەت ھاپىزنىڭ بىر ئايدىن ئارتۇق
تەكشۈرۈپ ـ ئېنىقلاپ يازغان خۇلاسىسىنىڭ ئەمەلىيەتكە ئۇي-
غۇن بولمىغانلىقى، ئۇنىڭدا پاكىت ـ دەلىللەر ئاساس قىلىن-
ماي، پەقەت پرىنسىپقا كۆتۈرۈش، مۇبالىغە قىلىش ئارقىلىق
ماتېرىيالنىڭ سالمىقى ئېغىرلىتىلگەنلىكىنى تەنقىدلەپ ئۆتكەن-
دىن كېيىن، لى جۇرىنمۇ بۇ خۇلاسىنى يېڭى ۋەزىيەتتىكى
ھۆججەت ـ ماتېرىياللارنىڭ روھىغا خىلاپ ھالدا خۇلاسىلەنگەن،
دەپ يەكۈن چىقاردى.

— ھېكمەت، سىز نېمە ئۈچۈن بۇ خۇلاسىگە قول قويمى -
دىڭىز؟ — سورىدى ئەكرەم جۇرىن.

— خۇلاسىنى مەمەت ھاپىز ئۆزى يازغانلىقى ئۈچۈنلا قول
قويمىغان دېيىلىسە بۇ ماڭا ئۇۋال بولىدۇ، — دېدى ھېكمەت
ھەممىگە قاراپ قويۇپ، — خۇلاسە بىز ئىنقىلىغان، تەكشۈ-
رۈپ بېكىتكەن پاكىتلارغا ئاساسەن يېزىلمىغانلىقى ئۈچۈن
قول قويمىدىم.

— خۇلاسىنى ئىككىڭلار بىرلىكتە يازمىغانمۇ؟ — لى
جۇرىننىڭ كۆزلىرى قىسىلدى.

— مەن يېزىلىپ بولغاندىن كېيىن كۆردۈم.

ھەممەيلەن مەمەت ھاپىزغا قارىدى. ئۇ كۆرسەتكىدەك بىرەر سەۋەب بولمىغانلىقى ئۈچۈن بېشىنى سىلىپ ئولتۇراتتى. ئەكرەم جۇرىن «شۇنچە كۆپ ۋاقىتتا زادى نېمىش قىلدىڭلار؟» دېگەن مەنادا ھېكمەتكە نەزەرىنى تاشلىدى.

— بۇ قېتىمقى ئەنزە ئىشلىشىمىز، خۇددى «توققۇز ئاي، توققۇز كۈن قورساق كۆتۈرۈپ، تۇغقىنىم بىرلىڭگىرچاق» دېگەندەك ئىش بولدى، — ھېكمەتنىڭ بۇ ئوخشىتىشىدىن ھەممە بىردەك كۈلۈۋېتىشتى، — بىز، مەمەت ھاپىز بىلەن قىرىق كۈندەك تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ ھەقىقىي ماتېرىياللارغا ئىگە بولدۇق، بىراق خۇلاسە، ئۆچ - ئاداۋەت نۇقتىسىدىن يېزىلىپ قەستلەش ئاساس قىلىندى.

ئىككى ئادەمنىڭ تەقدىرىنى ئويلىغان ھېكمەت مەمەت ھاپىزنىڭ بىر تاغار ئۇرۇقلۇق ياڭيۇ، ئايالىغا چاقچاق تۇپەيلىدىن ئەنزە ئىشلەش جەريانىدا تەكشۈرۈلگۈچىنى ئۇرۇش - تىللاش، قىستاپ ئىقرار قىلدۇرۇش، قاتتىق قوللۇق بىلەن بىر تەرەپ قىلىشتەك خاتا ئۇسۇللىرىنى يۈز - خاتىر قىلماي ئوتتۇرىغا قويدى.

— يولداشلار ھۆججەت، ماتېرىيال ۋە ھەرخىل ماقالىلەرنى كۆرۈپ ئۆگىنىش قىلىۋاتىدۇ، — دېدى ھېكمەت ئېغىر بېسىقلىق بىلەن، — مەركەز، قايتا تەكشۈرۈش كادىرلىرىنىڭ قورساقنى كەڭ تۇتۇشنى، ئىدىيىسىنى ئازاد قىلىپ «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» قالدۇرغان بارلىق داغلارنى يۇيۇپ تازىلاشنى، خاتا تۇتۇلغان ھەم قارا ئەنزىلەرنى دادىللىق بىلەن قورقماي بىر تەرەپ قىلىپ خەلقنىڭ خەيرخاھلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە ئۇلارغا ئەمىنلىك ئاتا قىلىشنى تەكىتلەپ كېلىۋاتىدۇ. ئاددىي بىر مىسال: ھازىر «سەرگەردان» كىنوسىنىڭ جايلاردا شۇنچە كۆپ قويۇلۇشىدا نېمە مەنا بارلىقىنى ھەممىمىز بىلسەك كېرەك. سوتسىيالىستىك تۈزۈمدە بولمىغان دۆلەتتە

قانۇننى ئىجرا قىلىش، ئەنزە ئىشلەش نەقەدەر ئادىل-ھە؟! — ھېكمەت مەمەت ھاپىزغا كۆزخەنجىرىنى قادىدى، — خەلق گېزىتىنىڭ تۇنۇگۇنكى سانىغا بېسىلغان بىر باش ماقالىدە: «تارتىۋېلىشقىمۇ بولىدىغان، ئىتتىرىۋېتىشكىمۇ بولىدىغانلارنى قەتئىي تارتىۋېلىش، خاتالىقى ئېغىر لېكىن تۈزىتىش ئىپادىسى بارلارغا چىقىش يولى بېرىش، ھەقىقىي خاتا قىلىنغانلاردىن ئەپۇ سوراش، چاي قۇيۇش، تارتقان بارلىق زىيىنىنى تولدۇرۇپ بېرىش» دەپ يېزىلغان، — ھېكمەتنىڭ سۆزلىگەنسېرى ھاياجانلىنىدىغان كېسىلى يەنە قوزغالدى، — ئەگەر بىز كونا زىددىيەتلەرنى ئەنزە تۇرغۇزۇشنىڭ ئۇستىگە دەسسىتىپ، بىر ئادەمنى كۆيدۈرۈۋەتسەك باشقىلار بىزگە ئىشىنەمدۇ؟! خەلق ئەڭ ئادىل باھالىغۇچى! خەلق نەزەرىدىن چۈشۈپ كەتكەن ھەر قانداق قانۇن - تۈزۈم، مىزانلار ھەم ئىجرا قىلغۇچىلار قۇرۇق بىر قارانچۇقتا ئايلىنىپ قالىدۇ. شۇنىمۇ ئەستىن چىقارماسلىق كېرەككى، قارىغا كەتكۈچى جىم ياتمايدۇ. ئۇ ئاپتونوم رايون، مەركەزگىچە ئەرز قىلىشى، تەرەپ - تەرەپتە جامائەت پىكرى توپلاپ ئەنزە ئىشلىگۈچى ئادەم ۋە ئورۇنلارنى سېستىنىشى تۇرغانلا گەپ. ئۇ چاغدا ئەنزە ئىشلىگۈچىلەرگە بىر ھەسسە گۇناھ ئارتىلسا، ئەڭ ئېغىر مەسئۇلىيەت قايتا تەكشۈرۈش خىزمىتىنى ئىشلەۋاتقان رەھبەرلەرگە كېلىدۇ. مېنىڭ سۆزۈم تۈگىدى.

ئىشخانىنىڭ ئىچى خېلى ئۇزۇن جىمىپ كەتتى.

— سىلەر ئىككىڭلار، — دېدى لى جۈرىن ھېكمەت بىلەن مەمەت ھاپىزغا، — بۇ ئەنزىنى قايتا خۇلاسە قىلىپ باقساڭلار، ئۇنىڭدىن كېيىن مۇزاكىرىگە سالساق.

— ئەگەر مۇمكىن بولسا، — ھېكمەت يوپكىسىدىن قاتلانمىغان بىر تۇرتەك ماتېرىيالىنى ئالدى، — مەن يازغان بۇ خۇلاسىنى كۆرۈپ باقساڭلار.

لى جۇرىن خۇلاسە ماتېرىيالىنى ئېلىپ ئەكبەر جۇرىنغا سۇندى. ئۇ ماتېرىيالنىڭ بەت سانىنى كۆرۈپ سائىتىگە قارىدى.

— يولداشلار، ۋاقىت توشۇشقا يەنە خېلى بار ئىكەن، — دېدى ئەكرەم جۇرىن كۆپچىلىككە قاراپ، — مەن خۇلاسىنى ئوقۇيمەن، سىلەر چۈشەنمىگەن ياكى ئېنىقلاشقا تېگىشلىك يەرلىرىنى خاتىرىلىۋېلىڭلار.

خۇلاسە ئوقۇلدى ... مەسىلىلەر شۇنچىلىك روشەن قويۇلغان ئىدىكى، ئۇنىڭدىن بىرەر قىسىرىق چىقىرىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. يەككە ماتېرىياللارنىڭ ئاخىرىدا، تۇرسۇن ھەسەن ۋە مەمتىمىن قارىيلارغا قىسقىغىنە باھا بېرىلگەنىدى. ئەكرەم جۇرىن خۇلاسىنى مۇنداق سەھىپىلەر بىلەن ئاخىرلاشتۇردى:

— «تەكشۈرۈش - ئېنىقلاش جەريانىدا مۇناسىۋەتلىك كىشىلەردىن ئېلىنغان ئاق ھۆججەت، يازما پاش قىلىش ماتېرىيالى ۋە خاتىرىلەنگەن ئىشلارنىڭ بىردىن كۆچۈرۈلمە نۇسخىسىنى ۋە ھۆججەت - تالونلارنىڭ نومۇرى، نېمە مەزمۇندا ئىكەنلىكىنى كۆچۈرۈپ ئېلىپ قالدىم. ئەگەر بۇ ئەنزىلەردىن ئون يىل ئىچىدە بىرەر خاتالىق كۆرۈلسە ياكى ئەرز، دەۋا قىلىنسا پۈتۈنلەي جاۋابكارلىقىنى ئۆز ئۈستۈمگە ئالىمەن».

— سىزچە، تۇرسۇن ھەسەن، مەمتىمىن قارىيلارغا بەرگەن باھايىڭىزنى توغرا دەپ ھۆكۈم قىلالامسىز؟ — سورىدى لى جۇرىن، — بۇ باھانى نېمىگە ئاساسەن بەردىڭىز؟

— مەن بۇ ئىككىسىنىڭ ئۆز ئورۇنلىرىغا نىسبەتەن قىلغان ئەمەلىي ئىشلىرىدىن ئەقلى خۇلاسە قىلدىم، — دېدى ھېكمەت تەمتىرىمەي، — ھەر قانداق كادىر ياكى ئەمەلدارنىڭ ئىش نەتىجىسى قول ئاستىدىكى ئاۋامنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىدىن بەلگىلىنىدۇ، شۇنداقلا دۆلەت ۋە تەشكىلگە يەتكۈزگەن ئەمەلىي مەنپەئەتىمۇ ئۆلچەم قىلىنىشى كېرەك. شۇڭا، مەن تۇرسۇن ھەسەننىڭ نەتىجىسى ئالتە ئۆلۈش، خاتالىقى تۆت ئۆلۈش، مەم-

تىمىن قارىينىڭ نەتىجىسى بىلەن خاتالىقى تەڭلىشىپ قالغان دېگەن خۇلاسىگە كەلدىم. مۇنداقچە ئېيتقاندا ئۇنى تارتمۇېلىشقا بولىدىغان ئادەم.

تۇرسۇن ھەسەن بىلەن مەمتىمىن قارىيلار ئىشنىڭ يولىنى بىلىدىغان تەجرىبىلىك، ئىقتىدارلىق ئادەملەر ئىدى. بىراق، ئۇلار تەربىيە كۆرمىگەن، بىلىم سەۋىيىسى يوق دېيەرلىك بول- غاچقا قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىدىن، ئامىمىنىڭ ماختىشىدىن چېتىنغا پاتماي، چالا كۆرەڭلەردىن بولۇپ قالغان. ئۇلار پۇل ئۇچۇن قاراڭغۇ بازارچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ ھەر قېتىم كىرگەن كىرىمدىن «تاپان ھەققى» ئېلىشتىن سىرت، بەزمە - مەشرەپ ئۆتكۈزۈپ ئىقتىسادىنى بۇزۇپ چاچقان. مەمتىمىن قارىي بولسا قۇرۇلۇش پۈتۈپ ھېسابات بوغۇلغاندىن كېيىن ئاش- قان سىمونت، خىش، ياغاچ، پولات زىخچا ماتېرىياللىرىدىن ئىدارە ۋە شەخسلەرگە ئامبار، تەرەتخانا، ياتاق، ئۆيلەرنى سې- لىپ بېرىپ، كىرگەن كىرىمنىڭ بىر قىسمىنى تاپشۇرۇپ، قالغىنىنى «ئىش تاپقان تۆھپە ھەققى» ھېسابىدا يانچۇقىغا سال- غان. دۆلەت بېجى ۋە رەسمىيەت پۇللىرىنى تۆلەشتە ھىيلىگەر- لىك ئىشلىتىپ ئىككى دەپتەر تۇتقان، ھەتتا قۇرۇلۇش ماتېرى- ياللىرىنى ئەرزان ئېلىش باھانىسىدە قانۇنسىز ۋاسىتىلەرنى قوللانغان، بىراق ئۇلارنىڭ بۇ يولسىزلىقلىرى تۇرمۇشى قەدىر ئەھۋال ئۆتتۇۋاتقان كىشىلەر ئۇچۇن ھېچنېمىگە ئەرزىمەيتتى.

— مەن ئەنزە ئىشلەش جەريانىدا شۇنداق بىر تەجرىبىگە ئىگە بولدۇمكى، — دېدى ھېكمەت سۆزىنىڭ ئاخىرىدا، — تەكشۈرۈلگۈچىنىڭ، بولۇپمۇ پاش قىلغۇچىلارنىڭ ئېغىز ئىقرا- رىنى ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزمىگۈچە ئىشەنمەسلىك كېرەك. تۇر- سۇن ھەسەن ۋە مەمتىمىن قارىيلارنىڭ ئارىلىشىدىغان ئادەملى- رى مۇرەككەپ ۋە خىلمۇ خىل بولغاچقا، بۇ قېتىم يۇقىرىقىدەك ئەھۋال مېنى خېلى كۆپ خالتا كوچىلاردا قايمۇقتۇردى.

— سۆزىڭىز تۇگىدىمۇ؟ — ئەكبەر جۇرىن سائىتىگە كۆز تاشلىدى.

— مەن بەكمۇ كۆپ كاسىلداپ كەتتىم. ئاخىرىدا ئۆزۈمگە تەئەللۇق بولغان ھېسسىياتىمنى دەۋالاي، — ھېكمەت ئىپادىسىزلا كۈلۈپ قويدى، — ئەگەر تۇرسۇن ھەسەن، مەمتىمىن قارىيلارنى پارتىيە مەكتىپى ياكى قىسقا كۇرسلاردا تەربىيىلىسە، خوتەننىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ئىقتىدارلىق يول باشلىغۇچىدىن ئىككى ئادەم كۆپەيگەن بولاتتى.

يىغىندىكىلەر پاراققىدە كۈلۈشۈپ كېتىشتى. لى جۇرىن ھېكمەتنىڭ يازغان خۇلاسىسىنىڭ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن، شۇنداقلا ھازىرقى ۋەزىيەت تەلىپىگە ماس ھالدا يېزىلغانلىقىنى تەكىتلەپ ئۆتتى. ئۇ، بۇ خۇلاسىنى يادرو گۇرۇپپىسىدا مۇزاكىرە قىلىپ ئاندىن كۆپچىلىككە ئۇقتۇرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ يىغىننى ئاياغلاشتۇردى. ھېكمەت پوپكىسىنى ئېلىپ ئىشكتىن چىقىشى، ئەكبەر جۇرىن بىلەن لى جۇرىن ئۇنى چاقىرىپ ئىشخانىسىغا باشلاپ كىردى ۋە پولات ساندۇقتىن ئىككى دانە دىلو خالتىسىنى ئېلىپ ئۈستەلگە قويدى. ھېكمەت خالتا ئۈستىدىكى ئىسىملارغا قاراپلا، يۈرىكى جېغغىدا قىلىپ، ئۆپكىسى بوغۇزىغا تىقىلغاندەك بولدى. لېكىن چاندۇرمىدى.

— بۇ ئەنزىلەرنىڭ بىرى، بوستان بازار دۆيىنىڭ شۇجىسى ئېزىز تارمۇشنىڭ، — دېدى ئەكبەر جۇرىن، — يەنە بىرى، ناھىيىنىڭ ھاكىمى قۇربان توختىنىڭ. بۇ ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالامسىز؟

— ئەگەر مەمەت ھاپىز بىلەن بولسا قىلالمايمەن.

— خاتىرجەم بولۇڭ، — لى جۇرىن كۈلۈۋەتتى، — بۇ قېتىم ئۇيغۇرچىنى ئوبدان سۆزلەيدىغان لى شىمى دېگەن خەنزۇ قىز بىلەن ئىشلەيسىز.

ھېكمەت ئىچىدىن ئېتىلىپ چىقىۋاتقان ھاياجىنىنى تەستە

بىسىپ قاپىقىنى تۈرۈۋالدى. ئۇ نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئويلاپ، لېكىن ئېغىزىدىن چىقىرىش ئەپسىز بولۇپ كەلگەن ئارزۇسىغا يەتكەندى.

ھېكمەت مەدەنىيەت يۇرتىغا قايتىپ كېلىشىگىلا، مۇدىر يۇسۇپ سەئىد ئۇنىڭغا، ئىسمائىل شۇجى ئۇنى تېلېفوندا سۈرۈشتە قىلىپ، بىر كېلىپ كەتسۇن دېگەنلىكىنى يەتكۈزدى. ھېكمەت ئارقىغا يېنىپ، ناھىيىلىك كومىتېت ئائىلىكلەر قورۇسىغا باردى. ئىسمائىل شۇجى ئىشخانىسىدىن قايتىپ ئەمدىلا ئۆيگە كىرگەندى. ئۇنىڭ چىرايىدىن بىر خۇش خەۋەرنىڭ بارلىقىنى بىلگەن ھېكمەت ئورۇندۇقنى سۈرۈپ ئۇدۇلىغا كېلىپ ئولتۇردى.

— ھەي قارا، — دېدى ئىسمائىل شۇجى ھەيرانلىق ئىلكىدە، — قايتا تەكشۈرۈش ئىشخانىسىدىن ئىككى كادىر بىر ساقچىنىڭ نازارىتى ئاستىدا ئارخىپ بۆلۈمگە كىرىپ تەكشۈرگەندى. ئ خمەت ھوشۇرنىڭ ئارخىپىدا قالپاق كىيدۈرۈلگەنلىك ھەققىدە ھېچقانداق تەستىق ماتېرىيال يوقكەن ...

— نېمە يوق؟ ... ئۇنداق ئەمەستۇ!

— ئۇلارنىڭ ئارخىپتىن كۆچۈرۈپ ئېلىپ چىققىنى: «يەرلىك مىللەتچىلىككە ئائىت خاتالىقى تەنقىد قىلىندى، يۆتكەپ ئىشلەتسە بولىدۇ» دېگەن ئىككىلا جۈملە سۆز. بۇ ئايرىم بىر بەتلىك تەستىق سىپلىنغان قەغەز ئىكەن، ئۇنىڭدىن باشقا 57 ـ، 58 ـ يىلدىكى ئوڭچى ـ يەرلىك مىللەتچىلەرگە قارشى ھەرىكەتتە ناھىيە بويىچە قالپاق كىيدۈرۈلگەنلەرنىڭ تىزىملىكىدىمۇ ئۇنىڭ ئىسمى يوقكەن، بۇنىڭغا قارىغاندا قالپىقىم بار» دېگەن يۈكنى ئۇ ئۆزى ئارتىۋاپتۇ.

ئەينى يىللاردا تارتىپ چىقىرىلغانلارنى كۈرەش مەيدانىدا رېجىم ئاستىدا ئەمگەككە سالغاندا، شۇنداقلا، ئادەتتىكى چاغلاردا ئىسمىنى ئاتىماي قالپاق نامىنى ئاتاپ چاقىرغاچقا، بۇ بارا ـ

بارا ئىسىم ئورنىدا ئۆزىگە سېغىنىشىپ كەتكەن. شۇڭا، ئەخمەت هوشۇر هەر قېتىم كادىرلىق ئانكېتى توشتۇرغاندا «سىياسىي قىياپىتى» دېگەن كاتەكچىگە قالپاق نامىنى يازغان، شۇنىڭ بىلەن بىكاردىن - بىكار يىگىرمە يىللىق سىياسىي هاياتى «سىنىپىي دۈشمەن» ئاتالغۇسى بىلەن دوزاق ئازابىدا ئۆتكەن!

— ئىسمائىل شۇجى، ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟

— قانداق قىلاتتى، ئۇ ئۆزى كەلسە قايتا تەكشۈرۈش ئىشخانىسىدىن ئۇنىڭغا، قالپىقى يوقلۇقى هەققىدە ئىسپات يېزىپ بەرسىلا بولدى.

— راستىما؟! — هېكمەت شۇجىنى تۇيۇقسىزلا قۇچاقلاۋالدى، — ياشاپ كېتىڭ، مىڭ ياشاڭ ئىسمائىل شۇجى!

— قارا سېنى ··· — شۇجى ئۆزىنى ۋە باشقىلارنى قۇتقۇزۇش يولىدا خەۋپ خەتەرلەرگە ئۆزىنى ئاتىغان هېكمەتكە مېهرى بىلەن قارىدى، — سەنزە ئادەملەر ئۈچۈن ياشايدىغان ئادەمكەنسەن!

— ئەگەر ئەخمەت هوشۇر ئاڭلىسا ئۇ نېمە بولۇپ كېتەر؟! — هېكمەت ئىسمائىل شۇجىنى يەنە قۇچاقلىدى - دە، خۇشاللىقىدا ئۇنىڭغا رەهمەتمۇ دېمەي ئۆيدىن ئوقتەك ئېتىلىپ چىقىپ كەتتى.

# سولغان يۈرەك، ئۆچمەس داغ

1978 ـ يىل ئاجايىپ ئۇلۇغ ۋەقەلەرنىڭ شاھىدى بولدى! تېنىنى ئون يىللىق جاراھەت قاپلاپ كەتكەن ئانا ۋەتەن، مادار كەتكەن قوللىرىغا تايىنىپ، ۋۇجۇدىدىكى تىغ ئىزلىرىدىن قىپقىزىل تامچىپ تۇرغان قانلىرىنى سۈرتۈپ نىمجان قەددىنى رۇسلىدى! دۇنيادا ئۆزىنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى، ھەرگىز شەرقتىكى كېسەل كۆرپىسى ئەمەسلىكىنى، ئاشۇ مالىمان يىللارمۇ باش ئەگدۈرەلمىگەنلىكىنى، ئەمدى كۆكسىدىن تامغان ئاپئاق پاك سۈت كائىناتنى تاڭ قالدۇرغۇدەك مۆجىزاتلارنى يارىتىدىغانلىقىنى نامايان قىلدى. پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزي كومىتېت 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدا دېڭ شياۋپىڭ سىرتقا قارىتا ئىشىكنى ئېچىۋېتىش، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش چاقىرىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇنىڭدا ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى چىڭ تۇتۇپ، تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش يادرو قىلىنغانىدى. يەنە شۇنداقلا مەدەنىيەت ئىنقىلابى جاراھەتلىرىنى ئۈزۈل ـ كېسىل ساقايتىپ، تۇراقلىق بولغان ئەمىنلىك مۇھىتىنى يارىتىپ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش تەلەپ قىلىنغانىدى.

ئۈزۈن يىل قورقۇش، ھەرىكەت ۋەھىمىسى، قاشقالىق، ھەر خىل تېررورلۇق زەنجىر ـ كىشەنلىرىدە يۈرىكى مۇجۇلۇپ ئۆز سايىسىدىنمۇ ئۆزى ئۈركۈيدىغان توشقاندەك بولۇپ قالغان خەلق، بولۇۋاتقان ئالامەتلەرگە ئەقلى يەتمىگەن ھالدا تېڭىرقاپ قىلىشتى. «بۇ راستىمدۇ ياكى يەنە بىر تۇزاقمىدۇ؟ !» دېگەن گۇماندا بىر ـ بىرىدىن سوراشقىمۇ قورقۇشاتتى. چاي، تۇز، تاختا گۈگۈت ئېلىش ئۈچۈن ئون تال ياڭاق، بىرنەچچە تۇخۇم،

ئىككى ئاياق قېتىق، بىر يۇدۇم ئوتۇنلىرىنى يېزا بازار، شەھەر-
لەرگە ئېلىپ كىرىپ، «كاپىتالىزمنى تىرىلدۇرگەن» قاراڭغۇ
بازارچى، خۇسۇسىيلىق بىلەن شۇغۇللانغان دەپ كالتەك - توق-
ماقلاردا دۇمبالىنىپ، سولىنىپ، سورۇلۇپ كەتكەن ئادەملەر
«كۈن قاياقتىن چىققاندۇر؟» دەپ ئاسمان باقتى بولۇپ قارىشات-
تى. رەستىلەر بويلاپ بارغانسېرى كۆپىيىۋاتقان شەخسىي
ئاشخانا- ناۋايخانىلار، يەل - يېمىش، ئاشلىق بازارلى-
رى، گىلەملىرىنى باھا تالاشتۇرۇپ سېتىۋاتقان خالتاپلار
ھەر خىل كىيىم - كېچەكلەرنى كۆتۈرۈپ خېرىدارچىللاۋاتقان
سېتىقچىلار، يەككە تىجارەتچىلەر، ئادەمگە باشقىلا بىر دۇنيا
تۇيغۇسىنى بېرەتتى. ئۇزۇن يىل «تۆت كونا»،
«بۇرژۇئازىيىنىڭ چىرىك تەشۋىقاتى» دەپ تۇنجۇقتۇرۇۋې-
تىلگەن ئۇيغۇر ناخشا - مۇزىكىلىرىمۇ كوچىلاردىكى يۇقىرى
ئاۋازلىق كانايلاردىن ئۇزۇلمەي ياڭراپ تۇراتتى. بولۇپمۇ كىشى-
لەرنىڭ كۆڭلىنى شادلىققا چۆمدۈرگىنى مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا
قارىلىنىپ قولغا ئېلىنىپ كەتكەنلەرنىڭ ئاقلىنىپ چىقىشى بول-
دى. نۇرىيوف، ئابلىز مۇھەممىدى قاتارلىق رەھبىرىي خادىم-
لار، يىگىرمە يىللىق كېسىلگەن جازۇللا ئەخمىدى، ئۇنىڭ
ئوغلى ئېھسان، شۇي جۇيجاڭ ۋەنۇرغۇنلىغان ئوقۇتقۇچىلار تۈر-
مىدىن چىقتى. تېخى ئىككى كۈن ئالدىدىلا ئېزىزتارمۇشنىڭ
ئۆزگەرتىش مەيدانىدىن قايتىپ كېلىدىغانلىقىنى ئاڭلىغان ھېك-
مەت ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپ كۈتۈۋالدى. لېكىن، قۇربان ھا-
كىم: «مېنى تۈرمىگە كىرگۈزۈپ زىيانكەشلىك قىلغان ساۋۇر
رۇزى تۈرمىگە كىرىپ، مەن ياتقان كامېردا ياتمىغۇچە چىقماي-
مەن» دەپ ھازىرغىچە قايتىپ كەلمىدى. ھېكمەت بۇ قېتىم
ئۇنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە قاتنىشالمىدى. چۈنكى، مەركەزنىڭ
ئۇقتۇرۇشىغا ئاساسەن، رەھبىرىي خادىملار، ۋىلايەتلىك ئىنتى-
زام تەكشۈرۈش كومىتېتى ۋە ئاپتونوم رايوندىن كەلگەن تەكشۈ-

رۇش ئۆمەكلىرى بىرلىشىپ تولۇق ئەسلىگە كەلتۈردى. شۇڭا، ھېكمەت ئېزىز تارمۇش قاتارلىق ئوقۇتقۇچى ۋە زىيالىيلارنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش گۇرۇپپىسىدا ئىشلىدى. يىگىرمە يىل دۈش-مەن سانىلىپ، ئازاب ئوچىقىدا تاۋلانغان ئەخمەت ھوشۇرنىڭ قالپىقى يوقىقا چىقىقاندىن كېيىن، خىيانەت دەپ مۇسادىرە قى-لىنغان، تۆلىتىۋېلىنغان بارلىق مال - مۈلكى قايتۇرۇلدى، ئۆزى تولۇق ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. مائارىپ ئىدارىسى ئۇنى شورۋاغ يېزىسىدا يېڭىدىن قۇرۇلغان ئوتتۇرا مەكتەپكە مۇدىر قىلىپ ئۈستۈردى.

ھېكمەت ھازىر مەدەنىيەت يۇرتىدا رەسىم سىزىش، ھېكايە يېزىش بىلەن ئالدىراش بولۇپ كەتتى، ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدا-رىسى تەرىپىدىن «كوئىنلۇن» ئەدەبىياتى ژۇرنىلى تەسىس قى-لىنغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ گۈزەل سەنئەت تەھرىرلىك خىزمە-تىنىمۇ بىللە ئۆتىدى. ژۇرنالدا شېئىر، ھېكايىلەرنى تەھرىر-لەيدىغان مەھەممەت قاسىم دېگەن يەنە بىر تەھرىرىمۇ بار ئىدى. ئۇ 62 - يىلى ھېكمەت بىلەن بوستان ئوتتۇرا مەكتىپىدە بىرگە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغانىدى. بىر يىلدەك ئىشلەپ ئۇرۇمچىگە بى-لىم ئاشۇرۇشقا كېتىپ قايتىپ كەلگەندە، ئۇنى مائارىپ ئىدارى-سى ناھىيىلىك دارىلمۇئەللىمىگە تەقسىم قىلدى. مۇھەممەت قاسىم ئوتتۇز تۆت ياشلاردىكى ئۆزىنى تۇتۇۋالغان، تەمكىن، ئانچە كۈلمەيدىغان، سالماق ئادەم بولۇپ، شېئىرىيەت بابىدا زامانىسىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن شائىرلىرىدىن بولمىسىمۇ، جان سۆيۈنگۈدەك لىرىكىلارنى يېزىپ قوياتتى. ھېكمەت ئىككىسى يازغان نەرسىلىرىنى ئالماشتۇرۇپ كۆرۈپ پىكىر ئالماشتۇراتتى، بىر - بىرىگە مەدەت بېرىشەتتى. ئىككى يىلدىن بېرى ھېكمەتنىڭ «خوتەن گېزىتى»، «شىنجاڭ ئەدەبىيات - سەنئىتى» ژۇرنىلىدا بىر قانچىلىغان ھېكايە، ئوچېرىكلىرى ئېلان قىلىندى.

— ھېكمەت، — دېدى بىر كۈنى مۇھەممەت قاسىم بىر ھېكايىنى تەھرىرلەۋېتىپ، — سېنىڭ «خوتەن گېزىتى» دە «كوچىدا» ، «ئانىنىڭ ئامراقلىقى» ، «يولدا» دېگەن ھېكايىلىرىڭ ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن ژۇرنىلىمىزغا ھېكايە ئوچېرك، نەسىرلەر كېلىۋاتىدۇ. شۇنىڭغا قارىغاندا يۇرتىمىزدا تۇنجى قېتىم ھېكايىچىلىقنىڭ يولىنى سەن ئاچقان بولدۇڭ - دە.

— ئۇنداق ئەمەستۇ، قادىر جىلىلدەك داڭلىق يازغۇچىلىرىمىز تۇرسا.

— ئۇنى «نەسىر» ژانىرىدا نام قازانغان چاغلىرىدا ئۇرۇمچىگە يۆتكەپ كەتتى. ئۇنىڭ سېنىڭدىن بۇرۇن خوتەن گېزىتىدە بىر نەرسىسى بېسىلغىنىنى بىلمەيمەن.

يېقىندا ئاپتونوم رايونلۇق «ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى» دىن كېلەر يىلى ئۇرۇمچىدە ئېچىلماقچى بولغان ماي بوياق ئەسەرلەر كۆرگەزمىسىگە رەسىم قاتناشتۇرۇش ھەققىدە ئۇقتۇرۇش كەلدى. خوتەن ۋىلايەتلىك تەشۋىقات بۆلۈمى بۇ ئۇقتۇرۇشقا ئاساسەن، ئۇيغۇر، خەنزۇ مەكتەپلىرى ۋە ھەر ساھەدىكى رەسساملارغا رەسىم ئەسەرلىرى سىزىش ھەققىدە ئۇقتۇرۇش ئەۋەتتى.

ھېكمەت كۆرگەزمىگە قاتناشتۇرۇش ئۈچۈن ماي بوياق رەسىم سىزىۋاتاتتى. ئۇ «قەدىمقى ئۇيغۇر ئوۋچىلىرى» دېگەن رەسىمنى تۈگىتىپ، «ئېغىر كۈنلەردە» تېمىلىق مەدەنىيەت ئىنقىلابىدىكى زىيالىيلارنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈلپەتلەر ئەكس ئەتتۇرۇلگەن رەسىمنى پۈتتۈرۈش ئالدىدا تۇراتتى. رەسىمدە، قاتتىق قېيناقلار ئىچىدىن قېچىپ چىققان بىر زىيالىينىڭ دەريا بويىدا خوتون - بالىلىرى بىلەن خوشلىشىش ئالدىدا تۇرغان كۆرۈنۈشى سىزىلغانىدى. زىيالىينىڭ قولىدىكى ئىككى ياشلىق بالا ئاتا - ئانىسىنىڭ كۆزلىرىدىكى ياشلىرى، غەمكىن چىرايىغا قاراپ، ھەيران بولغان ھالدا ئۈمچىيىپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ

ئالدىدىكى ئۇن بىر ياشلىق قىزنىڭ قولىدا دادىسىنىڭ سومكى-
سى بولۇپ، ئۇششاق ياش تامچىلىرى كىرپىكلىرىدە، يۇمران
ئېڭەكلىرىدە يالتىرايتتى.

بىر كۈنى مۇھەممەت قاسىم مەدەنىيەت يۇرتى زالىغا كىرىپ
كەلدى ــ دە، رەسىم ئالدىدا قولىنى ئارقىسىغا تۇتۇپ ئۇزۇن
قاراپ تۇرۇپ كەتتى. ئۇ خۇددى تەجرىبىلىك رەسسامدەك بىر
ئالدىغا، بىر كەينىگە مېڭىپ، كۆزىنى قىسقىنىچە زەن سالاتتى.

ــ ھېكمەت، قىزچاق بەك ئېنىق سىزىلىپ كې-
تىپتۇ، ــ دېدى مەھەممەت قاسىم، ــ سەل تۇتۇقلاشتۇرغى-
نى بولمامدۇ؟

ــ رەسساملىقتىكى پېرسپېكتىۋرەك ئىلمىي قانۇنى بويى-
چە ئېيتقاندا، ــ ھېكمەت پېرسپېكتىۋ قائىدىلىرىنى قىسقىلا
چۈشەندۈردى، ــ ئالدىدىكى شەيئىلەر ئېنىق، روشەن سىزى-
لىشى، ئارقىدىكىلەر پەيدىنپەي پەرقلىق ھالدا تۇتۇق سىزىلىشى
كېرەك.

مەھەممەت قاسىم بىر پارچە گېزىت ئېلىپ رەسىمدىكى
قىزنى يېپىۋالدى.

ــ ھېكمەت، رەسىمنىڭ بىر پۈتۈن قۇرۇلمىسىغا ئەمدى
قاراپ باققىنا، ــ دېدى مەھەممەت قاسىم ئۆزىنى
جازىنىڭ يېنىغا ئېلىپ، ــ قانداق كۆرۈنۈۋاتىدۇ؟

ھېكمەت ئۇنىڭ سەزگۈرلىكىگە قايىل بولدى، ئەمدىلىكتە
ئاساسىي پېرسوناژ زىيالىي گەۋدىلىنىپ، تېما يورۇغاندى.

ــ مۇشۇ قىزنى ئېلىۋەتسەممۇ بولىدىكەن جۇمۇ.

ــ توغرا، بۇ قىز بەك چىرايلىق، نازۇك، نازاكەتلىك
ھەم روشەن سىزىلغانىنىڭ ئۈستىگە، بەكمۇ ھەسرەتلىك قىياپەتتە
بولغانلىقى ئۈچۈن، ھەر قانداق ئادەم ئالدى بىلەن مۇشۇ قىزغا
قارايدۇ ھەم خەيرخاھلىق تۇيغۇسى ئۇيغىتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن سەن
ئەكس ئەتتۈرمەكچى بولغان زىيالىي ئوبرازى خۇنۇكلىشىپ، ئىككىنچى

ئورۇنغا چۈشۈپ قالغان، نەتىجىدە تېما يورۇمىغان.

— توغرا، ئەقلىڭگە باركاللا.

ھېكمەتنىڭ پەي قەلىمى بوياقلارغا مىلەندى. بىردەمدىلا قىزنىڭ ئورنىدا سارغايغان قومۇشلار پەيدا بولدى.

— ھەببەللىي، ئەمدى قاراپ باق، بۇلۇتلۇق ئاسمانغا تىكىلىپ تۇرغان زىيالىينىڭ غەزەپ - نەپرەت ئەكس ئەتكەن چىرايى يارقىن ئىپادىلەندى، — مۇھەممەت قاسىم كۆزىنى قىسىپ مېيىقىدا بىلىنەر - بىلىنمەس كۈلۈمسىرىدى، — بۇ رەسىملەرنى ئۇرۇمچىدە قاچان كۆرگەزمە قىلماقچى؟

— ئۇنىڭغا تېخى خېلى بار، ئاۋۋال خوتەندە كۆرگەزمە قىلىپ ئاممىنىڭ پىكرىنى ئالغاندىن كېيىن يوللىماقچى.

— ئاڭلىدىڭمۇ، قۇربان ھاكىم تۇرمىدىن قايتىپ چىقىپتۇ.

— راستىما؟ — ھېكمەتنىڭ كۆزلىرى شادلىقتىن يېنىپ كەتتى.

— تۈنۈگۈن چىققان ئوخشايدۇ.

ھېكمەت ئىشلىرىنى دەرھال يىغىشتۇرۇپ قول سومكىسىنى ئالدى - دە، «ئۈچ بۇرجەك» بازارغا باردى. پۈتۈن شىنجاڭغا داڭ كەتكەن بۇ بازاردىن توخۇ سۈتىدىن باشقا ھەممە نېمە تېپىلاتتى. ئۇ توخۇ كاۋىپىدىن بىرنى، «شىپىڭ» ماركىلىق ھاراقتىن بىر بوتۇلكا سېتىۋېلىپ گېزىتكە ئوراپ سومكىسىغا سالدى ۋە ئالدىراپ يۈرۈپ كەتتى.

نامازشام ۋاقتىنىڭ گۇگۇم تورلىرى ئەتراپقا يېيىلىشقا باشلىغانىدى. ھېكمەت تار كوچىدىن قايرىلىپ مېڭىشى دەرۋازا ئېچىلىپ قۇربان ھاكىم، ئايالى ۋە ماھىنۇرلار بىر مۇنچە ئەر - ئاياللارنى ئۇزىتىپ چىقىشتى. مېھمانلارنىڭ ئۇزاپ كېتىشى بىلەن ئىككى قەدىناس بوسۇغىدىلا قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى، ئاندىن ئۆيگە كىرىپ كېتىشتى. قۇربان ھاكىم كۆن كۆرمىگە-

چىكىمۇ ئاپئاق ئاقىرىپ، سەمرىپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى، بىراق روھىي كەيپىياتى، بۇرۇنقىدەك جۇشقۇن ئەمەس ئىدى. ھەردەكەتلىرى ئېغىر، چىرايى سولغۇن، ھاياتتىن قول ئۈزگەن ئادەمدەك ھەممىگە بىپەرۋا قارايتتى.

— ئائىلىسام يوقلاپ تۇرۇپسەن، رەھمەت ساڭا، — دېدى ھاكىم داستىخاننىڭ قاتلاشلىرىنى تۈزەۋېتىپ، — ھە، ئۆزۈڭنىڭ ئەھۋالىچۇ؟

ئۈستەلگە چاي كېلىپ نانلار ئوشتۇلدى. ھېكمەت چاي ئىچكەچ، بوستاندىكى ئەسلىگە كېلىش جەريانى، شەھەرگە يۆتكەلگەندىن كېيىنكى ئىشلىرىنى قىسقىغىنا بايان قىلدى. بۇ ئارىلىقتا ھاكىمنىڭ ئايالى نۇرگۇل ئاشخانىدا تاراق - تۇرۇق بىلەن ئاۋارە ئىدى. ماھىنۇر بولسا ھويلا پەلەمپىيىدە كۆكتاتئادالاپ يۈيۈۋاتاتتى. قۇربان ھاكىم تۇرمىدىكى سوئال - سوراق، ئاش - تاماق، گۈندىخانىنىڭ تۈزۈملىرى ئۈستىدە بەكمۇ ئىنچىكىلەپ سۆزلىمىدى. ئۇنىڭ چىرايىدىن «شۇ كۆڭۈلسىزلىكنى ئەسلەپ يۈرەكنى زىدە قىلمايلى» دېگەن ئىپادە چىقىپ تۇراتتى. قۇربان ھاكىم شۇ ياشقا كەلگۈچە يۇرتۇم، خەلقىم دەپ كۆرسەتكەن جان پىدالىقى، ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا قولغا كەلتۈرگەن تۆھپە - مېھنەتلىرى بەدىلىگە كەلگەن مۇكاپات — «قارا كۇنلەر» نى سۆزلەپ كېلىپ: « قوي بولدى، ئۆزۈڭنىغا چىقسۇن ئۇنداق ئەمەل - پەمەللىرىڭ» دەپ قويدى. ئۇنىڭ سۆز ئۇرانىدىن: «مىسىرنىڭ شاھى بولغاندىن كۆرە، كەنئاننىڭ گادايى» بولغان تۈزۈككەن دېگەن مەنا چىقىپ تۇراتتى.

ئۈستەلگە بىر نەچچە تەخسە قورۇما كەلدى. نۇرگۇل قېلىن كىرپىكلىرى خۇددى سىھرىلىك شايىدەك، ئېرىنچەكلىك بىلەن قارايدىغان قوڭۇر كۆزلىرىنى يېپىپ تۇرىدىغان ناھايىتى يېقىملىق ۋە سۇباتلىق ئايال ئىدى.

— قېنى ھېكمەت ئېلىڭ، ئۇ سىزنى كۆرۈپ روھلىنىپلا

قالدى، — دېدى نۇرگۈل كۆزلىرىنى سۈزۈپ، — تۈنۈگۈن تۈرمىدىن چىققاندىلا سىزنى سورىغان، ئىككى كۈندىن بېرى كۆڭۈل ئىزدەپ، يوقلاپ كەلگەنلەر بىلەنمۇ ئېچىلىپ - يېيىلىپقىنا ئولتۇرمىدى.

— ھە، بۇگۈن يەنە قامچاڭغا تۇكۇرۇپلا كەلمىگەنسەن؟ — ھاكىمنىڭ ئىچى دەردكە توشۇپ كەتكەندەك قىلاتتى، — راستگېپىڭنى قىل، بۇگۈن كېچە تاڭ ئاتقۇزىمىز.

ماھىنۇر «ماقۇل دەڭ» دېگەندەك تەلمۈرۈپ تۇراتتى. ھېكمەت ھېلىقى بىر چاغدا ئۇنى يوقلاپ بېرىپ سوغۇقلا خوشلىشىپ قايتىپ كەتكەندىن بېرى ئىزدىمىگەنىدى. پەقەت يوللاردا ئۇچرىشىپ قالغىنىدا ھاكىمنىڭ ئەھۋالىنى سوراپ قوياتتى. ماھىنۇر ئۆزى بىرنەچچە قېتىم ھېكمەتنى ئىزدەپ ئۆيىگە، ئىشخانىسىغا كەلگەن بولسىمۇ، مەزىسى يوق سۆھبەتتىن ئوڭايسىزلىنىپ قايتىپ كەتكەنىدى. ھېكمەتنىڭ بۇنداق ئۆزىنى قاچۇرۇپ يۈرۈشىنى ئۇ مەھبۇبەنىڭ ئاجراشماسلىقىدىن كۆرگەچكە ھازىرغىچە ئۇمىدىنى ئۈزمىگەنىدى.

ھېكمەت ھاكىمنىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرىشنىڭ ئورنىغا سومكىدىن توخۇ كاۋىپى بىلەن ھاراقنى چىقىرىپ، ئۈستەلگە قويدى. ئۇنىڭ كۈلۈپ تۇرغان چىھرىدىن «بۇيرۇقىڭىزغا پەرمانبەردارمەن» دېگەن مەنىنى كۆرگەن ھاكىم كۈلۈپ كەتتى:

— قالتىس جۇمۇ سەن شىماللىق، — دېدى ھاكىم ھېكمەتنىڭ دولىسىغا ئۇرۇپ، — قايسىدۇر بىر كىتابتا «ئادەملەر ئالدىدىكى ھەممە نېمىنى كۆرەلىگىنى بىلەن، يازغۇچىلار يۈرەكتىكىنى كۆرەلەيدۇ» دېگەنىكەن. شۇنىڭغا ئوخشاش سەنمۇ ئادەمنىڭ ئىچىدىكىنى كۆرەلەيسەن.

ماھىنۇر توخۇ كاۋىپىنى ئاشخانىدا توغراپ، تەخسىدە ئېلىپ كىردى. ئۇ بەكمۇ خۇشالدەك قىلاتتى. شۇڭا، چاقىقانلىق بىلەن سىركايىلارغا چاي قۇيۇپ، نانلارنى ئۇش-

تۇپ قويدى.

— قېنى، سىلەرمۇ كېلىڭلار، — دېدى ھېكمەت نۇرگۇل بىلەن ماھىنۇرغا، — قۇربانكام ئىككىمىز قۇرۇملار بىلەن بۇ نەرسىلەرنى يەپ كېتەلمەيمىز.

— راست، قېنى سىلەرمۇ كېلىڭلار، ماھىنۇر قىزىم، ئۆيدىكى دۇتتار ساقتۇ؟

— بۇ ئۆيدە چالىدىغان ئادەم بولمىسا، تامدا ئېسىغلىق تۇرغىنى - تۇرغان ...

— ھاراق بىرنەچچە قېتىم ئايلاندى. ساقىلىقنى قۇربان ھاكىم قىلغاچقا، ئۇ چاپسانراق كەيپ بولغۇسى كەلگەندەك سىركايىلارغا ئارقا - ئارقىدىن ھاراق - قۇيۇپ «قېنى ئەمىسە» بىلەن ئېچىلىپ تۇردى. ھاكىم سىركايىنى ھەر قېتىم كۆتۈرۈۋېتىپ، بېشىنى سالغىنىچە «ھەي» دەپ قويىتتى.

— قارا ھېكمەت، — دېدى ھاكىم ھارىقىنى كۆتۈ - رۈۋېتىپ، — سەن «نەچچە يىل تۈرمىدە يېتىپ زېرىكمىدىڭمۇ، ئىچىڭ پۇشمىدىمۇ، تەقەززا بولمۇدۇڭمۇ؟» دەپ سورىمايسەنغۇ؟ ھەي دەرىخ، توخۇنىڭ كاتىكىدەك گۇندىخانىدا تەنھا ئۆزۈڭ ئايلىنىسەن، پىرقىرايسەن، قەپەسكە چۈشكەن قۇشتەك ھەر تەرەپكە ئۆزۈڭنى ئۇرۇۋسەن، ئۇ يەردە ساڭا خىيالدىن باشقا يەنە نېمە ھەمراھ دەيسەن! زېرىكمەيدىغان، ئىچىڭ پۇشمايدىغان، تەقەززا بولمايدىغان بىرەر دەقىقىمۇ يوق!

ھاكىم بېشىنى ئىرغىتقىنىچە سىركايىلارغا ھاراق قۇيدى ۋە بوتۇلكىغا قاراپ قويۇپ « نۇرگۇل، ھېلىقىنى ئېلىپ چىقىڭ» دەپ ھاراققا بۇيرۇدى. ئۇنىڭ ئاھ ئۇرۇشلىرى، چوڭقۇر خورسىنىشلىرى، غەزەپلىك چىكىلداشلىرىدىن ئەركىسىز، مەھكۇملۇقنىڭ ئازاب شەربىتىنى ئىچىپ، ھېكمەت ۋە ھېكمەتلەردەك ناھەقچىلىق قۇربانلىرىنىڭ يۈرىكىنى كۆرگەندەك، ۋەھشىي بىر ھەقىقەتنىڭ تېگىگە يەتكەندەك قىلاتتى.

— قۇربانكا، سەل جىق ئىچىلىپ كەتتىمۇ قانداق؟ — ھېكمەت نۇرگۈلنىڭ ئەكىلىپ قويغان ھارىقىغا قاراپ قويىدى، — ئەلۋەتتە سالامەتلىك ئەۋزەل.

— قوي ئۇنداق گېپىڭنى، سالامەتلىكنى ئاسراپ نېمە كەپتۇ، ھازىر زەھەر بولسىمۇ سېڭىپ كېتىدۇ، قېنى كۆتۈرۈۋېتەيلى.

نۇرگۈل ئېرىنىڭ ھەسرەتلىك چىرايىغا قاراپ مىچچىدە يىغلىۋەتتىيۇ، چاندۇرماي تەتۈر قارىۋالدى.

— سايىتتىن ساڭا، تۇرمىدە خىيالدىن ئۆزگە ياخشى رەپىق يوق دېدىمغۇ، توغرا، — ھاكىم چېپىنى ئوتلاپ قويىدى، — مەن ئۇ يەردە ئىككىلا نەرسىدىن ئۆزۈمگە روھىي ئوزۇق ئىزدىدىم. بىرى سېنىڭ بىلەن يېڭىئېرىق سۇ ئامبىرىدا ئۆتكەن كۈنلەر، ھەي ... ئادەمنىڭ دىل دەپتەرلىرىگە يېزىلىپ قالغۇدەك ئاجايىپ كۈنلەر ئىدى!

— شۇنداق، قۇربانكا، مەنمۇ ئۇ كۈنلەرنى زادىلا ئۇنتالمايمەن.

— ئېسىڭدىدۇ، بىر كۈنى سەن مەست بولۇپ قېلىپ، نېمىلەرنى دېگەنىدىڭ؟ ھە، راست: «ئويلاپ باقسىلا ھاكىم، بىز ھەر قايسىلىرىغا نېمە گۇناھ قىلغان، مائاشىمىزنى ئۆستۈرۈپ بەر دېدۇقمۇ؟ ياخشى ئۆي - ماكان تەلەپ قىلدۇقمۇ ياكى مەنسەپ - ئەمەل تەمەسىدە بولدۇقمۇ؟ ياق! ياخشى ئىشلىسەك ئالدىمىزنى توسساڭلار، ئوغرى، پارىخور، بۇزۇقلار بىلەن ئېلىشساق يامانغا يان تاياق بولۇپ، بىزنى گۇناھكار قىلىپ قويساڭلا ... سىلەر بىزنى ياشىغىلى قويامسىلەر ياكى قويمامسىلەر؟ خۇدانىڭ بۇ كەڭ ئالىمىدە «ئۆزۈملا ياشاي» دەمسىلەر؟» دېگەنىدىڭ.

— بولدى، ئۇ گەپلەرنى تەكرارلىماڭ قۇربانكا، — ھېكمەت خىجىل بولغانىدى، — ئۇچاغدا مەن راستتىنلا...

— ياق، تەكرارلىماي بولمايدۇ، — ھاكىم ئۈستەلگە پاققىدە ئۇرۇپ قويدى، — مەن قايسىدۇر بىر كىتابتا جىبران خېلىلنىڭ «ھەقىقەت ئىككى كىشىگە موھتاج: بىرى ئۇنى سۆزلىگۈچى، يەنە بىرى ئۇنى ئاڭلىغۇچى» دېگەن سۆزىنى ئوقۇغانمەن. ئۆتمۈشتە زالىم پادىشاھلار ئىلىم ئەھلىدىن ئۆلگۈدەك قورققان، نېمە ئۈچۈن؟ چۈنكى ئىلىم ئەھلىنىڭ كۆزى روشەن، كۆڭلى ئويغاق، بىر نەرسىنىڭ ئالدىنى كۆرۈپ ئارقىسىغا باھا بېرەلىگۈدەك ئەقىل - پاراسەت بولغاچقا، ئۇلار قارىغۇلارچە ئەگەشمەيدۇ، ئۇلاردىن بىرەر ئىشنى يوشۇراي دېمۇ يوشۇرالمايسەن. بۇنداق ئىلمىي گۆھەر بىزنىڭ ئەمەلدارلىرىمىزدا بولمىغاچقا، ئۇلارنى كۆزگە قادالغان مىق دەپ بىلىشىدۇ، ھەر پەددىگە سېلىپ جازالاپ يوقىتىشىدۇ، شۇڭا ئۇلار ئەل - يۇرتنىڭ كۆزى تېڭىلغان جۇۋاز كالىسىدەك بولۇشىنى خالايدۇ.

— تولمۇ پاساھەتلىك سۆزلىدىڭىز قۇربانكا، — ھېكمەت ئۇنىڭ ئاچچىق تىللىق بولۇپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدى، — شۇڭا دانىشمەنلىرىمىز: «زېرەك كىشىلەر ھەمىشە بالا بەندىكە باغلاقلىقتۇر، غاپىل ئادەملەر ھەر قاچان خىرامان كېلۇر» دېگەن ئەمەسمۇ.

— مانا بۇ يېڭىئېرىق سۇ ئامبىرىدىكى ئاشۇ مەنىلىك سۆھبەتلەر ئارقىلىق كۆڭلۈمدىكى تۈگۈشلەرنى يېشىپ كەلگەن خۇلاسەم، — ھاكىم ھېكمەتنى قورۇما، گۆشلەرگە تەكلىپ قىلىپ، چىنىلەرگە ھاراق قويدى، — ئىككىنچى روھىي ئۇزۇقۇم، بالىلىق چاغلىرىمنى ئەسلەپ، بارمىغان - كەزمىگەن يەرلىرىم قالمىدى.

قۇربان ھاكىمنىڭ بالىلىقى قەدىمىي يۇرت كېرىيەنىڭ جانغا ھۇزۇر ئاتا قىلىدىغان كۆكۈلمەيدانلىق باغلىرىدىن شېرىن - شەربەت مېۋىلەرنىڭ ھىدلىرى گۈپۈلدەپ

ئۇرۇپ تۇرىدىغان، سۇلـىرى مول، يەرلىرى مۇنبەت، ئىپتىدا-ئىي ئۇزلىقىنى ساقلاپ قالغان يېزىلارنىڭ بىرىدە ئۆتتى. ئۇ يەتتە ـ سەككىز يېشىدىن باشلاپ مەھەللىدىكى باللار بىلەن خېنى[1] دا قوي باقاتتى. ياپيېشىل ئوت بىلەن قاپلانغان خېنى يايلىقىنى يېپىلىپ ئاققان بىر ئۆستەڭ كېسىپ ئۆتەتتى. ئۆس-تەڭنىڭ يۇقىرى ئېقىمىدا سۆگەت، مۇشا، سەنىدىلەچ، قىرى-چىنتاللار بىلەن چاتقاللىشىپ كەتكەن بىر ئورمان بار ئىدى. بالىلار قوي، كالا، ئۆچكىلىرىنى خېنى تۇزلىـەڭلىـ-كىگە قويۇۋېتىپ «گاگار»، «ئودىكام»، «قاشقاد-چۇق» ئويناپ تەرلەپ كەتكەنلىرىدە ئۆستەڭدە چۆمۈلەتتى. ئورمان ئىچىدە نۇرغۇنلىغان ئۇششاق بولاقلار بار بولۇپ، باللار ئۇنى «كۆز» دەپ ئاتىشاتتى ۋە ئۇلارنى «بۇ مېنىڭ كۆزۈم» دېيىشىپ ئۆزلىرىچە ئىگىلەپ ئالاتتى. ئالۋاڭ، سەي-سە، ھاشارلارغا كەتكەن ئاتا ـ ئانىسىنى سېغىنغان بۇ باللار بۇلاق باشلىرىدا پۇتلىرىنى ساڭگىلىتىپ بار ئاۋازىدا ناخشا ئېيـ-تاتتى. بۇ غېرىب ئاھاڭ كەنتنىڭ نە ـ نەلىرىگە ئاڭلىناتتى:

چەشمە زىل چاچرايدۇ،
بۇلاق كۆزى يىغلايدۇ.
كۆز ياشلىرى يىغىلىپ،
ئېقىن بولۇپ ئاقىدۇ.

ۋاي ... ۋاي ... ۋاي جاپاكەش ئاتام! ...

ئېقىن بولۇپ ئاققاندا،
ئۆستەڭلەرگە تولغاندا.

---

[1] خېنى ـ خان يېرى، ۋەخپە يەر.

تۇغۇلۇپلا يۇيۇنغان،
ئاشۇ سۇزۇك ياشلاردا.

ۋاي ... ۋاي ... ۋاي مېھرىبان ئانام ... .

ئورمان ئىچىدە بىر كۈن كەچكىچە ناخشا ئېيتىپ، مۇكۇشمەك ئويناپ، كۈن پېتىپ، ئاسمان سەتھىسى يول -يول قىزىل شايىلار بىلەن پۈركەنگەندە قوي - ئۆچكە، كالىلىرىنى ھەيدىگەن بۇ بالىلار كەنتىكە كىرىپ كېتىشەتتى. بەزى ھاۋا تۇتۇق كۈنلىرى سۇغا چۆمۈلۈپ، تۇمشۇقلىرى كۆكىرۈپ كەتكىنىدە ئاسمانغا قارىغىنىچە:

ئاپتاپ چىق، ئاپتاپ چىق،
بەش بالاڭنى باشلاپ چىق.
ئۇنىمىسا چىققىلى،
سەن ئۇلارنى تاشلىپ چىق ...
دەپ ناخشا ئېيتىشاتتى.

قۇربان ھاكىم تۈرمىدە چېغىدا ھەر كۈنى دېگۈدەك ئاشۇ غەمسىز، تەشۋىشسىز بالىلىق چاغلارنى بىرمۇ بىر ئەسلەيتتى. چەكسىز كەتكەن خېنى يايلىقى، ئوتلاۋاتقان قوي - قوزىلار، بۇلاق بېشىدا ئېيتىشقان ناخشىلار، ھەتتا سۇپسۇزۇك سۇ تېگىدە كۆرۈنۈپ تۇرغان قوڭۇر تاشلارغىچە ئۇنتالمىغانىدى ...

قۇربان ھاكىمنىڭ ئاھ ئۇرۇشلىرى، ھەسرەتلىك تىنىشلىرىدىن، ئۆمۈربويى پاك ئىشلەپ، خەلقنىڭ غېمىنى يەپ، دەردىنى تارتىپ، ئاخىرقى ھېسابتا ئۆزىنىڭ بۇنداق پاجىئەگە يولۇقۇشىدىن ئەلەمگە قالغانلىقى ئېنىقلا ئىدى. دەرۋەقە ئۇنىڭ جۇشقۇن يۈرىكى سولغانىدى.

— دادا، گەپنى سەنلا قىلامسەن؟ — دېدى ماھىنۇر

تۇمشۇقىنى ئۇچلاپ، — ھېكمەتكىمۇ بىرەر پۇرسەت بەرگىن ...

— توغرا، توغرا، گەپنى تولا قىلىپ كەيپىڭنىمۇ ئۇچۇرۇۋەتتىمغۇ دەيمەن، قېنى قىزىم دۇتتارنى ئېلىپ چېقىڭ، — ھاكىم هاراق قۇيۇلغان سىركايىنى ھېكمەتكە سۇندى، — قېنى، سېنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىڭ ئۈچۈن ئىچەيلى.

قۇربان ھاكىم هاراقتا ئۆزىنى بۇنچىۋالا ئۇرمايتتى ھەم كۆپمۇ كۆتۈرەلمەيتتى، لېكىن ئۇ ھازىر سۇدەك ئىچىۋاتىسمۇ گەپ - سۆزلىرىدىن ئازىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. يۈرىكىگە ئۇرۇلغان خورلۇق ھەم دەردۇ ئەلەم نەشتىرى ئۇنى ئەنە شۇنداق ئاچچىق تىللىق، غەزەپكار ئادەمگە ئايلاندۇرۇپ قويغانىدى.

ھېكمەت ماھىنۇر سۇنغان دۇتارنىڭ تارلىرىنى چىڭىتىپ، يۇرۇشۇپ كەتكەن پەدىلىرىنى جايىغا كەلتۇرۇپ تۇرۇۋاتقىنىدا، خىيال كارۋىنى بىردەمدىلا بالىلىق دالالىرىغا سەپەر قىلغان ھاكىم جەينىكىنى ئۇستەلگە تىرەپ پېشانىسىنى ئۇۋۇلاۋاتاتتى. ئۇ چۈشەكىگەندەك كۆزىنى ئاچماي تۇرۇپ: «كۆكتۇللەر سۇ ئىچكۈدەك بىرەر پەدە چالغىنا، يۈرەكلەر تەشنالىقىغا قانسۇن» دەپ غودۇڭشىپ قويدى. ھېكمەت رۇسلىنىپ ئولتۇرۇپ كېيىن ئىلى پەدىلىرىگە چېلىۋەتتى:

بالىلىقتا ئوينايتتۇق،
سۇ بويى بۇلاقلاردا.

— پاھ ... پاھ ... كۆكتۇلدىكىنى تاپسەن جۇمۇ، — ھاكىم قولىنى ئاھاڭ ئۇدارلىرىغا كەلتۇرۇپ ئوينىتىشقا باشلىدى.

شۇ چاغ ئېيتقان ناخشىلار، ئەي ...
ھازىرمۇ قۇلاقلاردا.

— بەرھەق ... بەرھەق ... مەن ھېلىـلا شـۇ يـەردىـن كـەلدىم، — ھاكىمنىڭ كۆزلىرىدە نەملىك يالقۇن كۆرۈندى.

بىز ھازىر يىراقلاردا،
يۈرەكلەر يىراقلاردا.
جان ئىچىدە پەرۋانە، ئەي ...
كۆيىدۇ چىراغلاردا!

— كۆيۈپ تۈگىدۇق ھېكمەت، شۇنداق، كۆيۈپ كۈل بولدۇق. زامانەڭدىن ئۆرگىلىپ كېتەي ... — قېنى بۇنى ئىچىۋەت، — خۇرازنىڭ تاجىسىدەك قىزىرىپ تۇرغان گۆشلۈك يۈزىنى قولىياغلىقى بىلەن پات - پات سۈرتۈپ تۇرۇۋاتقان ھاكىمنىڭ سول كۆزىدىن بىر تامچە ياش سىرغىپ چۈشۈپ، ياقىسى ئىچىگە كىرىپ كەتتى.

كەتسەكمۇ يىراقلارغا،
كۆيسەكمۇ يىراقلاردا.
شۇ ناخشىنى ئېيتارمىز، ئەي ...
كەلگۈسى بىر ۋاقلاردا.
ئەۋلادلارمۇ ئېيتارمۇ؟
كەلگۈسى بىر چاغلاردا! ...

ھېكمەتنىڭ بۇ ناخشىسى ھېلىلا بالىلىق خىياللارغا قايتقان ھاكىمنىڭ يۈرىكىنى ئېزىپ، كۆڭلىنى ئەلەمزىدە قىلدى. ئۇ ھاراق بوتۇلكىسىنى قولىغا ئېلىشى نۇرگۈل ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇۋالدى.

— بولدى قىلىڭ، ئەمدى ئېغىر كېلىدۇ، — نۇرگۈل

ھېكمەتكە قارىدى، — كەچۇرۇڭ، ئۇ سىزنى كۆرۈپ، ناخشىـ
ڭىزنى ئاڭلاپ ئۆزىنى تۇتۇپ ئالالمايۋاتىدۇ.
— ئۇنداق قىلماڭ نۇرگۇل، بىز ··· بىز تېخى قانىمىدۇق۔
قۇ؟ ئىچكىنىـى قـويـۇڭ، سـولغان يـۈرەكلـەر تەشنالىقىغا
قانسۇن ··· ئۆزىمىزمۇ قۇرۇپ قاقشالغا ئايلاندۇق ··· ئەمدى
ئىچىمىزدىكى ئاچچىق زەرداپلارمۇ كۆيۈپ كۇل بولسۇن! ···
— قۇربانكا، نۇرگۇل ئاچام توغرا دەيدۇ، — ھېكمەتمۇ
خېلى ئېغىرلىشىپ قالغانىدى، — ئەمدى ئېچمەيلى.
— بوپتۇ ئەمسە، — قۇربان ھاكىم بىردىنلا قېرىپ
كەتكەندەك لاسسىدا بولۇپ قالدى، — قېنى، دۇتار چال،
ناخشا ئېيت.
ئارقا - ئارقىدىن بىر - ئىككى ناخشا توگىگۈچە ھاكىم
ئۇستەل قىرىغا بېشىنى قويۇپ پۇشۇلداشقا باشلىدى. ھېكمەت
نۇرگۇل بىلەن ماھىنۇرغا شەرەت قىلدى، ئۇلار ھاكىمنى يۆلەپ
ھۇجرا ئۆيگە ئەكىرىپ ياتقۇزۇپ قويۇپ قايتىپ چىقىشتى.
— مەنمۇ قايتاي، — ھېكمەت ئورنىدىن تۇرۇپ سائىتىـ
گە قارىدى، — سائەتمۇ ئىككى بولۇپ قاپتۇ، سىلەرمۇ ئارام
ئېلىڭلار.
— ئۆيلەر كەڭرى بولغاندىن كېيىن قونۇپ قالسىڭىز
بولمامدۇ؟ — نۇرگۇل ئېرىنىڭ مەست بولۇپ قالغىنىدىن خىـ
جىل بولۇپ قالغانىدى.
— مەن كىچىك ھۇجرىغا ئۇرۇنمۇ سېلىپ قويغان، —
ماھىنۇر ئانىسىغا چىڭـراق تـۇتـۇڭ دېـگـەن مـەنادا قاراپ
قويدى، — ھازىر مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ دەرۋازىسىنى تاقىۋەتكەنـ
دۇ تايىنلىق.
— كىنوخانا تەرەپتىكى رېشاتكىدىن ئارتىلىپ كىرىپ
كېتىمەن، خوش.
ھېكمەت ھويلىغا چىقتى. ماھىنۇر ئانىسىغا: «سىز دادامـ

ـنى يېپىپ قويۇڭ. مەن ھېكمەتنى ئۆزىتىپ قوياي» دېدى ـ
دە، ئارقىدىن قوغلاپ چىقتى. ئۇلار چوڭ يولنىڭ ئېغىزىدىكى
دوقمۇشقا كەلگەندە بىردەم تۇرۇشتى، ماھىنۇرنىڭ دەيدىغان
گېپى باردەك قىلاتتى.

— ھېكمەت ئېيتىڭا، مەھبۇبەدىن قاچان ئاجرىشىسىز؟
مەن سىزگە قاچانغىچە ساقلايمەن.

— مەن سىزگە مەھبۇبەدىن ئاجرىشىمەن دېمىدىمغۇ، سىز
ماڭا نېمىشقا ساقلىغۇدەكسىز؟ مېنى ئۇنداق تەڭلىكتە قويماڭ.

— مېنى ··· مېنى زادى ياخشى كۆرمەمسىز؟ كۆزۈمگە
قاراپ دەپ بېقىڭا؟

ھېكمەت شۇنچە يىللاردىن بېرى ئۆزىگە ئۈمىد باغلاپ غايى-
بانە ياخشى كۆرۈپ كېلىۋاتقان ماھىنۇرنىڭ كۆزلىرىگە قارىدى.
راستتىنلا ئۇنىڭ يۈرىكىدە بۇ تولغان چوكانغا ئورۇن يوقمۇ،
ئەمىسە نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭ بىلەن بىر كېچە بىللە ياتقان بولغىيد-
تى، قۇرۇق ۋەدىلەرنى قىلغىنى راستىمىدۇ؟ شۇ چاغدىكى شىر
كەيپىلىكىدە ئۇ گۈلزىباغا ئاجايىپ شېرىن سۆزلەرنى قىلىپ،
ئەركىلەتكىنى خىرە ـ شىرە ئېسىدە، بىراق ئۇنىڭ باغرىغا
باسقىنى باشقا بىرۇلار ئىكەنلىكى كىمنىڭ يادىغا كەلسۇن!
ئۇنداقتا ئۇ ماھىنۇرنى ياخشى كۆرمەمدۇ؟! ياق، بىر چاغ-
لاردا ياخشى كۆرگەن. مەھبۇبە گۈلزىبا ھەم نەبىگە بىلىپ ـ
بىلمەي كۆپ زىيانكەشلىكلەرنى قىلدى، ئاخىرىدا ئوغلىنىڭ
پىراقىدا كۆيۈۋاتقان ئېرىنى قىزىدىنمۇ ئايرىۋەتتى. بۇ، ھېكمەت
ئازابلىق تۇرمۇش ئاچاللىرىدا بويۇن قىسىپ گاڭگىراپ قالغان
چاغلىرىدا يۈز بەرگەن سەۋەنلىك ئىدى. كېيىن، ئۇنىڭ يۈرىكى-
دە ئويغانغان ھېسسىيات تۇۋرۇكلىرى بىردىنلا ئۆرۈلۈپ، گويا-
كى ئاققان يۇلتۇزدەك قەيەرلەردىدۇر غايىب بولدى. بۇنىڭ
نېمە ئۈچۈن ئىكەنلىكىگە ھېكمەتمۇ ئۇچوق بىر نېمە دېيەلمەي-
دۇ، ئەمدى ئۆزىنىڭ بىر ئېغىز سۆزىگە تەلمۈرۈپ تۇرغان

ماھىنۇرغا نېمە دەپ جاۋاب بەرسۇن؟! تەرەببا، قوپال گەپ قىلىپ يۈرىكىگە يېڭىنە سانجىش ئىنسانىي پەزىلەت ئەمەس، ئۇمىدلەندۈرۈپ قويۇپ ئازابلاشمۇ ئەخلاق مىزانىغا توغرا كەلمەيدۇ.

— نېمانداق جىمىپ كەتتىڭىز، گەپ قىلىڭچۇ؟ — ماھىنۇر ھېكمەتنىڭ بويىنىغا گېرە سالدى، — توغرا چۈشىنىمەن، مەھبۇبەنىڭ زىيانكەشلىكلىرى ھەددىدىن ئاشقاندا مېنى ياخشى كۆرگەن ئىدىڭىز، كېيىن ئۇنىڭ بىرنەچچە ئېغىز يامان گېپىنى قىلىپ قويۇۋىدىم، مېنىڭدىن بىردىنلا سوۋۇپ كەتتىڭىز، سىز ئۇنى راستتىنلا ياخشى كۆرەمسىز؟

— ماھىنۇر، گەرچە مەن مەھبۇبەنى ياخشى كۆرمىسەمۇ، بىراق ئۇنىڭغا نىسبەتەن يەنىلا مېھرىم بار، — ھېكمەت كۆڭلىدىكى گەپلىرىنى قىلىۋاتاتتى، — كونىلارنىڭ: «بىر كۈنلۈك ئەر - خوتۇندىمۇ يۈز كۈنلۈك مېھىر - مۇھەببەت قاقلىنىدۇ» دېگەن سۆزى راست ئىكەن. مەن قوشكۆلدە سۈرگۈندە چاغلىرىمدا ئۇ ھايا - نومۇسىنى قايرىپ مېنى يوقلاپ چىققان. ئىنقىلاب يىللىرى يالغۇزلۇقۇمنى بىلىندۈرمەي ماڭا ھەمراھ بولغان، ئاش - تاماقلارنى توشۇپ مېھرىنى يەتكۈزگەن، ئۇ ھازىرغىچە نەبىنى ئۆز ئىنىسىدەك يوقلاپ تۇرۇۋاتىدۇ.

— ئۇنىڭ گۈلزىبا ھەم نەبىگە قىلغان زىيانكەشلىكلىرى، «ۋاپا» ھەم خاتىرە تاختايىنى كۆيدۈرۈشى، سىزنى «بالا يەيدىغان ئوغرى» دەپ قىزىڭىزغا ئۆگىتىپ ئۇنى كۆرسەتمەسلىكتەك رەزىللىكلىرىنى نەبى ئىككىڭلار كەچۈرگەن تەقدىردىمۇ، گۈلزىبا ئاچام كەچۈرەرمۇ؟ ئۇنىڭ دۈشمىنى بىلەن بىر ئۆيدە بولسىڭىز روھى قورۇنماسمۇ؟

— شۇ نەرسە سەمىڭىزدە بولسۇن ماھىنۇر، مېنىڭ يۈرىكىم ئۇنىڭ بىلەن تەڭ دەپنە قىلىنغان، ئۇ ھازىرلەھەت ئىچىدە، شۇڭا گۈلزىبا يۈرەكسىز قالغان ئېرىدىن قورۇنمايدۇ ھەم

مېنى چۈشىنىدۇ ...

— شۇڭا، كېرىم توغرۇلۇق قىلغان گېپىمدىن كۇنداشلىقىڭىز تۇتۇپتىكەن - دە؟

— بۇنى كۇنداشلىق دېگىلى بولمايدۇ، — دېدى ھېكمەت كەسكىن تەلەپپۇزدا، — مەن ئۆزىنى دەپ باشقىلارغا يالاچاپلاپ، تۆھمەت قىلغان ئادەملەرنى ياقتۇرمايمەن.

— ئۇنداقتا مېنى ياخشى كۆرمەمسىز؟

— ھەي بۇزۇق، ھەممە گەپنى ئاڭلاپ تۇرۇپ يەنە نېمانچە چاپلىشىۋالىسەن؟!

ئۇلار يۆلىنىپ تۇرغان چوڭ بىر توپ دەرەخ ئارقىسىدىن قاپقارا بىر سايە ئېتىلىپ چىقتى. ماھىنۇر ھېكمەتنىڭ بوينىغا گىرە سالغان قوللىرىنى چۈشۈرۈپ ئۈلگۈرمەيلا، كىرىشىپ كەتكەن قوللار ئۇنىڭ كانىيىنى بوغۇۋالدى.

— مەھبۇبە! — ھېكمەت چەبدەسلىك بىلەن مەھبۇبەنىڭ قوللىرىنى بوشتىپ چىڭ قۇچاقلاۋالدى - دە، ماھىنۇرغا ۋارقىرىدى، — تېز كېتىڭ.

ماھىنۇر ئاستا ئارقىغا داجىدى، ئاندىن تېز - تېز مېڭىپ تار كوچىغا كىرىپ كەتتى.

مەھبۇبە قىزى ئۇچقۇنئاينى ئېلىپ ھېكمەتنىڭ ئۆيىگە كىرگەن كۈنى، ماھىنۇر ئىشىكنى ئېچىپلا كەينىگە يېنىپ كەتكەنىدى. مانا شۇ چاغدىن باشلاپ يۈرىكىگە ئەنسىزلىك چۈشكەن مەھبۇبە كەچ تەرەپلەردە قىزىنى يېتىلەپ ياكى ئۆزى يالغۇز مەدەنىيەت يۇرتى ئەتراپىنى بىر چاغلارغىچە كۆزىتەتتى. بەزىدە قىزىنى يالغۇز ئەۋەتىپ ھېكمەتنىڭ بار - يوقلۇقىنى ئېنىقلاپ تۇراتتى. ئۇ تۈنۈگۈن قۇربان ھاكىمنىڭ تۇرمىدىن چىققانلىقىنى ئاڭلاپ كېچە بىر ۋاقلارغىچە مۇشۇ دەرەخ ئارقىسىدا يوشۇرۇنۇپ كۆزەتكەنىدى. چۈنكى ئۇ، ئېرىنىڭ قۇربان ھاكىمنى چوقۇم يوقلاپ كېلىدىغانلىقىنى بىلەتتى. بۈگۈنمۇ قاراڭغۇ چۈشۈش

بىلەن يېتىپ كېلىپ دەرۋازا تۈۋىدە تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ قىلىشقان سۆزلىرىنى ئاڭلىلىغان بولسىمۇ، ھېكمەتنىڭ ناخشىسىنى ئاڭ-لىمىدى. ئۇنىڭ كۆڭلىدە ئەگەر ھېكمەت قونۇپ قالغۇدەك بولسىلا ئۆيگە بېسىپ كىرىپ ئېرىنى ئېلىپ چىقىپ كېتىش نىيىتى بار ئىدى.

ھېكمەت مەھبۇبەنىڭ بۇ ئىشىدىن ئاچچىقى كەلگەن بولسى-مۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئۆز ئىگىدارلىقى ئۈچۈن قىلغان بۇ جاسارى-تىدىن تەسىرلەندى. ئۇ ماھىنۇر كىرىپ كەتكەن تار كوچىغا ھېلىمۇ ھۆرپىيىپ تۇرغان مەھبۇبەنىڭ دولىسىدىن ئىتتىرىپ چوڭ كوچىغا ئېلىپ چىقتى.

— يۇرۇڭ، مەن سىزنى ئاپىرىپ قوياي، — ھېكمەتنىڭ كەيپى نەلەرگىدۇر ئۇچۇپ كەتكەنىدى، — ئۆزىڭىز «ئۆيلىنىد-ۋېرىڭ» دەيسىز، ئەمىسە خوتۇن تاپاي دەپ ھەرىكەت قىلسام ئارقامغا ئايغاقچىدەك كىرىۋالىسىز.

— سىز ئۇنى ھەرگىز ئالمايسىز، بۇ دېگەن ئاشنا ئويناش ...

— ئو ... ئو ... ما گەپنى كۆرۈڭ، سىز ساراڭ بولدىڭىز-مۇ؟

— ئالغان تەقدىرىڭىزدىنمۇ، ئاۋۋال ماڭا دەپ، مېنىڭ رازىلىقىمنى ئالغاندىن كېيىن، ئاندىن ...

— ئۇنداقتا «ئانا، مەن خوتۇن ئالماقچىمەن، ئۆيلەپ قويىسىڭىز» دەپ سىزگە يېلىنىدىكەنمەن - دە؟

— خوتۇننى «ئانا» دېسە يامان بولىدۇ، — مەھبۇبە ئادەمسىز جىمجىت كوچىدا ئاۋازىنى قويۇپ بېرىپ سۆزلەۋاتتى، — بېشىڭنى يەيدىغان پۇلۇق نېمانچە قاشاڭ نېمە ئۇ، ئەرلەرنى كۆرسە ھەممە يېرى قىمىشىپ يې-لىمىدەك چاپلاشقان ...

— ھاي، ھاي، ئاغزىڭىزنى يېپىڭ دەيمەن.

مەھبۇبە دەرەخ ئارقىسىدا تۇرۇپ، بولۇۋاتقان گەپ ـ سۆز-
لەرنىڭ ھەممىسىنى ئاڭلىدى. «مەن مەھبۇبەنى ياخشى كۆرمە-
سەممۇ... مېنىڭ يۈرىكىم گۈلزىبا بىلەن بىللە دەپنە قىلىن-
غان ... بۇنى كۆنداشلىق دېگىلى بولمايدۇ ...» دېگەن سۆزلەر
مەھبۇبەنىڭ يۈرىكىگە مىق قىقىلغاندەك تولغىنىپ كەتتى. ئەم-
ما، «مەن مەھبۇبەدىن ئاجرىشىمەن دېمىدىمغۇ ... سىز ماڭا
نېمىشقا ساقلىغۇدەكسىز؟» دېگەن كەسكىن رەت قىلىشلارنى
ئاڭلىغىنىدا ئېرىنىڭ يۇرۇنقىدەكلا ۋىجدانلىق ئەر ئىكەنلىكىدىن
سۆيۈندى. «ئۇنىڭغا يەنىلا مېھرىم بار» بۇ سۆزلەرمۇ مەھبۇبە-
نىڭ ئۈمىد چېچەكلىرىنى ئېچىلدۇرۇپ، باھار شامىلىدەك ئەر-
كىلەتكەن بولسىمۇ، لېكىن نېمە ئۈچۈندۇر ئۆزىنىڭ قىلمىشلى-
رىنى ئەسكە سېلىپ ۋىجدان ئازابىغا قويدى. بولۇپمۇ ماھىنۇر-
نىڭ: «مەھبۇبەنىڭ بىر ئىغىز يامان گېپىنى قىلىپ قويۇۋەد-
دىم، مېنىڭدىن بىردىنلا سوۋۇپ كەتتىڭىز» دېيىشى، ھېكمەتـ-
نىڭ: «مەن ئۆزىنى دەپ باشقىلارغا تۆھمەت قىلغان ئادەمنى
ياقتۇرمايمەن» دېگەن سۆزلىرى ئۇنىڭغا بىر ئۇمۇر ئۇنتۇلغۇسىز
شادلىق شەربىتى ئاتا قىلغاندەك بولدى! مەھبۇبە قاراڭغۇ كوچى-
لاردا جىمجىت كېتىۋېتىپ ئىچىدە «گۈلزىبا ئاچام ھېكمەتنىڭ
يۈرىكىنى قايتۇرۇپ بەرمەپتۇ ... ئۇنىڭ ئەرۋاھى مېنىڭ «ۋاپا»
رەسمىنى، ھېلىقى لەنىتى تاختاينى كۆيدۈرۈۋەتكىنىمنى كۆ-
رۈپ تۇرغان ئوخشايدۇ» دەپ ئويلىدى.

— بالىنى يالغۇز تاشلاپ، كېچىلەردە مۇشۇنداق ئىشلارنى
قىلىپ يۈرسىڭىز ئەرزىمدۇ؟

— ئەلۋەتتە ئەرزىيدۇ، مەن بۇگۈن ناھايىتى كۆپ ئىشلار-
نى بىلىۋالدىم ...

— سىزنىڭ «ئۆيلىنىڭ، مەن رازى» دېگەن گەپلىرىڭىز-
نىڭ ھەممىسى ئالدامچىلىق.

— راستىنلا ئۆيلەنگىڭىز بولسا مەن رازى، لېكىن ماھى-

نۇرنى ئالمايسىز.

ئۇلار جەھەدىن ئۆتۈپ، قورۇ ئالدىغا كېلىپ قالغانىدى. بىردىنلا تەنلىرىنى جىمىرلىتىپ، ئوتلۇق ئېقىندەك كەلگەن تەقەززالىق بىر تۇيغۇ مەھبۇبەنىڭ پۈتۈن ئەزالىرىنى كۆيدۈرۈپ ئۆتتى، ئۇ ھېكمەتنى ئۆيدە ئېلىپ قېلىش ئىستىكىدە ياناماقتا ئىدى. لېكىن، «مەن ئۇنى ياخشى كۆرمىسەممۇ، گۈلزىبا يۈرەكسىز قالغان ئېرىدىن قورۇنمايدۇ» دېگەن سۆزلەر خۇددى قايناۋاتقان سۇغا بىر كاللەك مۇزنى تاشلىۋەتكەندەك ئۇنىڭ ھارارەتلىك يۈرىكىنى دەقىقە ئۆتمەي توڭلىتىۋەتتى. ئۇنىڭغا ھېكمەتنىڭ پىشمىغان ھېسسىياتى لازىم ئەمەس ئىدى، پەقەت ھەممىنى ئېتىپ كەلگەن، ئازاب ۋە جان پىدا قىلىش قازىنىدا قورۇلغان ھېسسىيات كېرەك ئىدى.

— خوش، — ھېكمەت قايرىلىپلا كېتىپ قالدى.

بىر ھەپتە ئۆتكەندە، ئاپتونوم رايونلۇق رەسىم كۆرگەزمىسىگە ئەسەر تاللاش يۈزىسىدىن خوتەن تەنتەربىيە سارىيىدا رەسىم كۆرگەزمىسى ئېچىلدى. ھېكمەت «ئېغىر كۈنلەردە»، «قەدىمكى ئۇيغۇر ئوۋچىلىرى»، «تاھىر - زوھرا» تېمىلىق ئەسەرلىرىنى قاتناشتۇردى. ئۇن نەچچە يىلدىن بىرى بۇنداق ئاممىۋى پائالىيەتلەر ئۆتكۈزۈلمىگەچكىمۇ، ئەتىگەندىلا سارايىنىڭ ئىچى ئادەم بىلەن تولدى. ئۇيغۇر، خەنزۇ رەسىم ئوقۇغۇچىلىرى ھەم ھەربىر ناھىيىلەردىكى كەسپىي رەسساملارنىڭ ھەر خىل ژانىردا سىزىلغان رەسىم ئەسەرلىرى خېلىلا كۆپ ئىدى. تاماشابىنلار چوڭ - كىچىك رامكىلار ئالدىدا توختاپ نېمىلەرنىدۇر دەپ باھا بېرىشەتتى، ھاياجانلىنىشاتتى. ھېكمەت بىردىنلا قارىقاش ناھىيىسىدىن كەلگەن يۇنۇسجاننى كۆرۈپ قالدى. ئۇلار قۇچاقلىشىپ، ناھايىتى قىزغىن ئەھۋاللىشىپ كەتتى. يۇنۇسجان ھېكمەتنىڭ سەنئەت ئىنىستىتوتىدىكى ساۋاقدىشى بولۇپ، ھېكمەت خوتەنگە ماڭغاندا، ئۇ ئۈچىنچى يىللىق رەسىم سىنىپىدا

ئوقۇۋاتاتتى. ھازىر ئۇ، قارىقاش ناھىيە مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ كەسپىي رەسسامى ئىدى.

— سېنىڭ بىلەن مەدەنىيەت ئىنقىلابى باشلانغاندىن بېرى كۆرۈشكىلى بولمىدى، — دېدى ھېكمەت ھاياجانلانغان ھالدا، — قانداق، ئۈرۈمچىگە بارمىدىڭمۇ؟

— نەدىكىنى، ئىنقىلاب باشلىنىپ كېتىپ كۈنىمىز قېچىش بىلەن ئۆتتى.

ئۇلار قىزغىن پاراڭلىشىپ تۇرغاندا ئوتتۇز بەش ياشلاردىكى قاپقارا بۇرۇت قويغان، دۇغىلاقىنا بىر ئادەم كېلىپ، تۇيۇقسىزلا ھېكمەتنى قۇچاقلىۋالدى.

— سىلەر مېنى راستتىنلا تونۇمىدىڭلارما؟، — ئۇ بىرلا كۈلۈۋىدى ئىككى تەرەپتىكى ئوغرى چىشلىرى «مەنمۇبار» دېگەندەك كۆرۈندى، — شۇنچىغا قارىغاندا قېرىپ كېتىپتىمەن جۇمۇڭلار.

— تۇرسۇن! — ۋارقىرىۋەتتى ھېكمەت، — سەن ھازىرمۇ گۇمىدا تۇرۇۋاتامسەن، ئاتىكەمچۇ؟

— ئۇ قارامايغا يۆتكىلىپ كەتكەن، سەن مەتتۇردىنى كۆرمىدىڭمۇ؟

— 67 - يىلى نېيىنغا بارغىنىمدا ئۇنىڭ ئۆيىدە ئىككى كېچە قوندۇم ...

ئىززەت - ئېكراملىق دوستلار، خاتىرە شەرىپىڭلاردا بولسا كېرەك. مەن سىلەرگە ھايات قىسسەمنى باشلاشتىن بۇرۇن، «ئەمدى سىلەر بۇ مۇقەددىمىنى ئۇنتۇپ كېتىڭلار، قىسقىسى تۇرسۇن، مەتتۇردى، ئاتىكەملەرنى كۆڭۈل ئېكرانىڭلاردىن چىقىرىۋېتىڭلار» دېگىنىمدە، سىلەر سەل خاپا بولغاندەك قىلغان ئىدىڭلار. مەن «كىم بىلىدۇ، بەلكىم ھايات سەپىرىڭلاردا ئۇلار بىلەن تاسادىپىي ئۇچرىشىپ قېلىشىڭلارمۇ مۇمكىن» دەپ كۆڭلۈڭلارنى ياسىغانىدىم. مانا كۆرۈپ تۇرۇپسىلەر، بۇ قاپقارا

بۇرۇتلۇق «يېتىم» ئاشۇ تۇرسۇن! مەن سىلەرگە سۆزلەپ بې-
رىشنى ئۇنتۇپتىمەن، ھېكمەت ئوغلىنى ئىزدەپ نېيىغا بارغان-
دا، ئوتتۇرا مەكتەپكە كىرىپ مەتتۇردىنىڭ ئۆيىدە ئىككى كۈن
قوندى، ئاتىكەمنىڭ بولسا يۆتكىلىپ كەتكىنىنى ئاڭلىدىڭلارز.
ساۋاقداشلىقنىڭ خاسىيىتى بەكمۇ ئۇلۇغ بولىدۇ. بۇ خۇد-
دى ئۇچۇم بولغان قۇش بالىلىرى، ئىسسىق ئۇۋىسى، ئاتا -
ئانىسىدىن ئايرىلىپ بويۇن قىسىپ تېڭىرقاپ قالغىنىدەك،
ئۆسمۈرلەرمۇ بالىلىق بىلەن خوشلىشىپ، ياقا يۇرتلاردا راسا
يېتىمسىراپ يۈرگەنلىرىدە تونۇشقان دوستلار قېرىنداشتىن چا-
رى قەدىرلىك بولىدۇ.
ھېكمەت، يۇنۇسجان، تۇرسۇنلار كۆرگەزمىخانىنى ئايلى-
نىپ يۈرۈپ رەسىملەرنى كۆردى ھەم رەسىملەرگە پىكىر بېرىش-
تى. ئۇلار كەڭ رامكىلىق، چوڭ جازىنىڭ ئالدىغا كېلىپ
توختىدى. بۇ ماي بوياق بىلەن سىزىلغان رەسىمنىڭ ئىسمى
«ئورمىلىقتا» بولۇپ، يۇنۇسجان سىزغانىدى. بىر موماي نەۋ-
رىسى بىلەن ئورمىغا ياردەمگە كەلگەن ھەربىيلەرگە چاي قۇيۇپ،
ھال سوراۋاتاتتى. رەسىمنىڭ سىزىلىش ئۇسۇلى، رەڭلەرنىڭ
پىششىقلىقى، كومپوزىتسىيىسىنىڭ مۇللىقى كۆرگەن ھېكمەت
يۇنۇسجاننىڭ خېلىلا ئىلگىرىلەپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلدى.
ئۇلار باشقا رەسىملەرنى كۆرۈپ بولۇپ، تۇرسۇننىڭ «دېھقان
ئەجرى» ناملىق ئەسىرى ئالدىدا توختاشتى، ئۇنىڭغا خاماندا ئارا
تۇتۇپ، يىراققا قاراپ تۇرغان دېھقاننىڭ ئەجىر - ئەجىم قورۇق-
لىرىدىن تەرلەرسىرغىپ چۈشمەكتە ئىدى. تۆۋەندە بولسا قۇم
بارخانلىرىدەك چەشلەر دۆۋىلەنگەنىدى.
— تۇرسۇن، رەسىمىڭ قالتىس سىزىلغان، ئورۇنلاشتۇ-
رۇش، شەكىلدە گەپ يوق، — دېدى ھېكمەت ساۋاقدىشىنىڭ
دولىسىغا ئۇرۇپ، — لېكىن رەڭلىرىڭ سەل خامدەك قىلىدۇ
جۇمۇ ...

— توغرا، — دېدى يۇنۇسجان، — سەل رەڭ تەكشەش-
نى مەشىق قىلساڭ بولغۇدەك.
ئۇلار رەسىملەرگە باھا بېرىپ، ئارىلاپ يۇرگەندە ئوتتۇز
ئۇچ - ئوتتۇز تۆت ياشلار چامىسىدىكى، سىن - سىپاتى قاملاش-
قان، قاپقارا قىرقىم چاچلىرى ناۋات رەڭ، يۇمىلاق چىھرىنى
تېخىمۇ نۇرلاندۇرۇۋەتكەن، مېھىر ئوتلۇق بىر خەنزۇ ئايال
ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ بېرىلگەن باھا، تەنقىدلەرگە
يوشۇرۇن قۇلاق سالاتتى.
— «ئېغىر كۇنلەردە» ، — يۇنۇسجان ئېگىشىپ تونۇش-
تۇرۇشنى ئوقۇدى، — ھېكمەت، بۇ رەسىمنىڭ بولىدىكەن
جۇمۇ، بۇنىڭ مەزمۇنى ئېچىنىشلىق بىر خاتىرىكەن.
— ئۆزۈڭنى سىزمىغانسەن، — چاقچاق قىلدى تۇر -
سۇن، — بالا كۆتۇرۇۋالغان ئادەم ساڭىلا ئوخشاپ كېتىدى-
كەن.
— مەن بېشىمغا كەلگەن كۇلپەتلەرنى رەسىمدە ئەكس
ئەتتۇرەلىسەم، — دېدى ھېكمەت، — سەن پىيالىمىنىڭ ساي-
لىرىغا پىرقىراپلا چىقىپ كېتىسەن.
ئۇلار پاراققىدە كۇلۇشتى. شۇ چاغدا ھېكمەتنىڭ، «ئېغىر
كۇنلەر» نىڭ يېنىغا سەل يانتۇ ئېسىلغان تىك كومپوزىتسىيە-
لىك بىر ماي بوياق رەسىمگە كۆزى چۇشۇپ قالدى. ئۇنىڭغىچە
باشقىلارنىڭمۇ دىققىتى بۇ رەسىمگە مەركەزلەشتى. رەسىمدە
چەكسىز قارلىق دالا ئەكس ئەتتۇرۇلگەن بولۇپ، بىر چىپار ئانا
كېيىك ئىككى قوزىسى بىلەن، ئانچە يىراق بولمىغان ئاپئاق
قاردا، قىپقىزىل قانغا مىلىنىپ ياتقان جۇپتىگە تىكىلىپ تۇرات-
تى. ئۆلگەن كېيىككە ئوۋ مىلتىقىنى چىنەپ، تۇرغان ئوۋچى-
نىڭ قولى قانغا بويالغان بولۇپ، يۇزى قارا تاشقا ئوخشايتتى.
لېكىن، بېشىدىن تارتىپ ئايغىغىچە يېپىنغان يېپىنچىسى قى-
زىل سىزىلغانىدى. قۇرقۇپ كەتكەن ئىككى قوزىنىڭ بىرى

ئانىسىنىڭ ئاستىغا كىرىۋالغان بولسا، يەنە بىرى بىر پۇتىنى كۆتۈرگەن هالدا چەكچىيىپ تۇراتتى. ھېكمەت، ئانا كېپىكنىڭ كۆزلىرىدىكى غەزەپ ۋە تۆكۈلگەن ياشلارنى كۆرۈپ «ۋاپا» رەسىمىنى ئەسكە ئالدى.

— بۇ، بىر ئىنسانپەرۋەلىك تېما قىلىنغان ئەسەركەن، — دېدى تۇرسۇن رەسىمدىن كۆز ئۈزمەي، — نېمە ئۈچۈن يون (ئاسمان) قىسمى، ئۇۋچىنىڭ كىيىملىرى، قوللىرىغا قىزىل رەڭ ئىشلەتكەندۇ؟

— مېنىڭچە بۇ رەسىمدە چوڭقۇر مەزمۇن يوشۇرۇنغان، — يۇنۇسجان بېشىنى ئىرغىتتى، — بىراق، بۇ رەسسام مۇنتىزىم تەربىيە كۆرمىگەن، ئۆزلۈكىدىن ئۆگەنگەن بولۇشى مۇمكىن.

— ۋاڭ شۇمىي دېگەن ئايال سىزىپتۇ، — دېدى تۇرسۇن تونۇشتۇرۇش كاپىيەنىگە ئېگىشىپ، — ئەسەرنىڭ ئىسمى «ئايرىلىش» كەن.

— مەن يۇنۇسجاننىڭ پىكرىگە قوشۇلىمەن، بۇ مەدەنىيەت ئىنقىلابى مەزمۇن قىلىنغان ئەسەر، — ھېكمەت رەسىمگە يېقىن كەلدى، — قاراڭلار، يون قىسمىدا قىزىل بوران ئەكس ئېتىپ قۇياش پەرق ئەتكۈسىز خىرەلەشكەن، ئۇۋچىنىڭ يېپىنچىسى قىزىل، قوللىرى قانغا بويالغان، ئەمما يۈزى قارا، ئەگەر مۇمكىن بولسا رەسسام ئۇنىڭ يۈرىكىنىمۇ قارا سىزغان بولار ئىدى. بۇنىڭغا قارىغاندا ئەسەرنىڭ تېمىسى ئۇۋچىغا بولغان چەكسىز نەپرەتكە مەركەزلەشكەن.

— بىراق، — دېدى يۇنۇسجان كەسكىن هالدا، — يەتمەكچى بولغان نىشان ئىككىنچى ئورۇنغا قويۇلۇپ، ئىككىنچى ئورۇندىكى نىشان بىرىنچى ئورۇنغا چىقىۋالغان.

— ئېيتقىنىڭ توغرا، — دېدى ھېكمەت، — دېمەكچى بولغىنىڭ ئۇۋچى بىلەن ئۆلگەن كېپىك ئالدىغا قويۇلۇپ، ئانا

كېيىك بىلەن ئۇنىڭ ئىككى قوزىسى ئۇلارنىڭ ئورنىغا ئالماشسا، تېما ئەكس ئېتىدۇ دېمەكچىسەن. بىراق، بۇنى سىزغان ئايال دەرد ـ ھەسرەتنى يۇكلەپ قالغان ئانا كېيىك بىلەن ئۇنىڭ ئىككى يېتىم قوزىسىغا خەيرخاھلىق قىلغان ...

— سەن خۇددى ئەدىپتەك تەھلىل قىلىدىكەنسەن، — دېدى تۇرسۇن، — سۆزلىرىڭمۇ بەك ھېسسىياتلىق.

— ئەسەرنىڭ مەزمۇنىغا قارىغاندا، ئىسمى كىشىنى ھاياجانغا سالالمايدۇ، — دېدى يۇنۇسجان، — قويۇلغان تېما يۈزەكى بولۇپ قالغان.

— مېنىڭچە، بۇ ئەسەرنى سىزغان ئايال مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا قانداقتۇر نادامەتتە ئۆرتىلىپ، يۈرىكىدە ئۆچمەس داغ قالغان، شۇڭا ئەسەرگە «داغ» دەپ ئىسىم قويسا مۇۋاپىق بولارمىكىن دەيمەن.

ھېكمەتنىڭ سۆزى ئاياغلاشمايلا، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدا تۇرغان بايىقى خەنزۇ ئايال ئالقانلىرىدا يۈزلىرىنى توسقىنىچە، كۆزگەزمىخانىدىن چىقىپ كەتتى.

چۈش بولۇپ قالغانىدى. ھېكمەت ئىككى ساۋاقدىشىنى باشلاپ چىقىپ، «كىچىك پاتەم» ئاشخانىسىدا مېھمان قىلدى. ئۇلار قورسىقىنى تويغۇزۇپ چىقىپ مەدەنىيەت يۇرتى ئالدىغا كېلىشتى.

— ھېكمەت، ئېسىمدە بار چېغىدا دەۋالاي، — دېدى يۇنۇسجان بىردەم جىمىپ كېتىپ، — «ئېغىر كۆڭۈلەردە» ئەسىرىڭدىكى كىچىك بالىنى ئالدىغا قاراتما، ئۇ دادىسىنىڭ بويىنىنى قۇچاقلاپ تۇرسا يۈزى كۆرۈنمەيدۇ، شۇندىلا خارلانغان زىيالىي تېخىمۇ ئەكس ئېتىدۇ.

— بولىدۇ، ئۇرۇمچىگە ئېلىپ ماڭغىچە يەنە بىر قېتىم ئىشلەيمەن.

يۇنۇسجاننىڭ ئايالى خوتەن شەھەر ئىچىدىن بولغاچقا، ئۇ

قېينانىسىنى يوقلىمىغىنى ئۇزۇن بولغانلىقى، شۇڭا چۈشتىن كېيىن كۆرگەزمىگە كەلمەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ خوشلاشتى. تۇرسۇنمۇ خوتەندىكى تۇغقانلىرىنىڭ ئۆيىنى پەتلەش ئۈچۈن كېتىپ قالدى.

ھېكمەت ئۆيىگە كىرىپ ئەتىگەن يىغىلمىغان يوتقان ـ كۆرپىلىرىنى بىر قۇر تۈزەشتۈرۈپ قويۇپلا كۆرگەزمە زالىغا باردى. تېخى ئىشقا چۈشۈش ۋاقتى توشمىغاچقا، زالغا قارايدىغان خادىم كەلمىگەنىدى. ھېكمەت سائىتىگە قاراپ قويۇپ قۇلۇپلانغان ئىشىك تۈۋىدە ساقلىدى. ئۇ، ئەمدىلا تاماكا تۇتاشتۇرۇپ تۇرۇشىغا ھېلىقى ئاق يۈزلۈك قىرقىم چاچ خەنزۇ چوكان كېلىپ قالدى. ئۇ ھېكمەتكە قاراپ ئىللىققىنە كۈلۈمسىرەپ قويدى.

— سىز مەدەنىيەت يۇرتىدىكى ھېكمەت بولىسىزغۇ دەيمەن، — خەنزۇ ئايال ئۇيغۇرتىلىداتەمتىرىمەيسۆزلەيتتى، — مەن خەنزۇ ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى ۋاڭ شۇمېي بولىمەن.

— ھە، مۇنداق دەڭ «ئايرىلىش» رەسىمىنى سىز سىزغانىكەنسىز ـ دە؟

— مەن ئاغىنىڭىز يۇنۇسجان ئېيتقاندەك ئۆزلۈكىمدىن ئۆگەنگەن، — ۋاڭ شۇمېينىڭ چىرايىدىن ساددا، ئاق كۆڭۈللۈك چىقىپ تۇراتتى، — سىزنىڭ مەدەنىيەت يۇرتىغا يۆتكىلىپ كەلگىنىڭىزنى ئاڭلاپ نەچچە نۆۋەت باردىم، سىز سىرتقا تەكشۈرۈش خىزمىتىگە چىقىپ كەتكەن ئىكەنسىز.

— ئۇنداقتا بولتۇر بېرىپتىكەنسىز.

— بۇ يىلمۇ بىرنەچچە قېتىم باردىم.

— يېزا تەشۋىقات خىزمىتىگە چىقىپ كەتكەن ۋاقتىمغا توغرا كېلىپ قالغان ئوخشايدۇ.

— نېمىشقا ئىزدىدىڭ دېمەمسىز؟ — ۋاڭ شۇمېي قىزدىرىپ كەتتى، — مەن دوغ بوياق، ئاكۋارېل (سۇ بوياق) ھەتتا تىز سىزمىلارنىمۇ ئۆگىنىپ باقتىم، لېكىن مەندە ئۆلچەملەش-

كەن رەسىم قوللانمىسى بولمىغاندىن كېيىن بەكمۇ قىينالدىم.
ــ مەندە سىز ئىزدىگەن نەزەرىيىۋى رەسىم قوللانمىلىرىنىڭ
ھېچقايسىسى يوق، ــ ھېكمەت ئېغىر تىنىپ قويدى، ــ ئۇلار-
نىڭ ھەممىسىنى مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا كۆيدۈرۈۋەتتى.

مەدەنىيەت ئىنقىلابىنىڭ گېپى چىقىش بىلەن ۋاڭ شۆمىي-
نىڭ بەدىنىدىكى قان يۈزىگە تەپكەندەك قىپقىزىل قىزىرىپ
پۈتۈن غەزىپى كۆزلىرىگە يىغىلدى. ھېكمەت شۇندىلا ئۇنىڭ
يۈرىكىدە ئۇنتۇلغۇسىز بىر داغنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلدى.
ئەگەر ئىشىك باققۇچى خادىم كېلىپ قالمىغان بولسا، ئۇ پاڭگىد-
دا يىغلىۋەتكەنمۇ بولاتتى.

ئۇلار زالغا كىرىپ ئۆزلىرىنىڭ رەسىمى ئالدىدا توختاش-
تى. ھېكمەت ۋاڭ شۆمىينىڭ ھېلىھەم جىددىيلىشىپ تۇرغان
كەيپىياتىنى بېسىش ئۈچۈن «ئايرىلىش» رەسىمىنىڭ مۇۋەپپەق-
قىيەتلىك چىققان تەرەپلىرىنى ماختىدى. پېرسپېكتىۋ ۋە رەڭ
جەھەتتىكى يېتەرسىزلىكلىرىنىمۇ كۆرسەتتى. ۋاڭ شۆمىي يې-
نىدىن قەلەمنى ئېلىپ ھېكمەتكە سۇندى.

ــ ئىسمىنى «داغ» دەپ ئۆزگەرتىپ قويسىڭىز.

ــ سىز مېنىڭ ئەتىگەنكى گەپلىرىمنى ئاڭلاپ قاپسىز -
دە، ــ ھېكمەتنىڭ كۆڭلىدىن نېمىدۇر كەچتى، ــ ۋاڭ شۆ-
مىي «قانلىق داغ» دەپ ئالايمۇ ياكى «ئۆچمەس داغ» بولسۇنمۇ؟

ــ ھەر ئىككىلىسى بولىدىغان ئىسىملاركەن، ــ ۋاڭ
شۆمىي ئويلىنىپ قالدى، ــ «ئۆچمەس داغ» دەپ ئۆزگەرتىپ
قويۇڭ ...

ۋاڭ شۆمىي «ئېغىر كۆنلەردە» رەسىمىنىڭ ئالدىغا كېلىپ
خېلى ئۇزۇن قاراپ كەتتى. ئۇنىڭ كۆزى قاپقارا بۇلۇتلار تۇر-
تەكلىشىپ، قاينام ھاسىل قىلىغان ئاسمانغا تىكىلگىنىچە، ئې-
غىر خىياللارغا چۆككەن زىيالىينىڭ يۈزىدىن نېرى كەتمىدى.

ــ ھېكمەت، مەن ئاتىكاچىلىق قىلىپ ئازراق پىكىر

بەرسەم خاپا بولماسسىز، — دېدى ۋاڭ شۈمىي رەسىمدىكى كىچىك بالىنى كۆرسىتىپ، — مۇشۇ بالىنى ئارقىغا قارىتىدۋەتسىڭىز، ئاساسىي قەھرىمانىنىڭ ئوبرازى تېخىمۇ روشەنلەشكۈدەك.

— قاراڭ سىزنى، رەسساملىقتا يېتىشىپ قاپسىز جۇمۇڭ، — ھېكمەت كۈلۈۋەتتى، — تېخى بايىلا يۈنۈسجان مۇشۇ گەپنى قىلغان، ئۇنداقتا چوقۇم ئۆزگەرتسەم بولغۇدەك.

— راست دەۋاتامسىز ياكى مېنىڭ كۆڭلۈمنى ياساپمۇ؟

— چىن سۆزۈم، كۆڭزى بوۋىڭىزمۇ «راستچىللار ھۆرمەت تاپۇر» دېگەن ئەمەسمىدى.

ۋاڭ شۈمىي چىن ئىخلاسى بىلەن كۈلۈۋەتتى.

— تووۋا، تۆت مىڭ يىل ئىلگىرىكى بىر ئەرۋاھنىمۇ گۆرىدە جىم ياتقۇزمىدى.

زالغا ئادەملەر ئارقا - ئارقىدىن توپلىنىشقا باشلىدى. ھېكمەت بىلەن ۋاڭ شۈمىيمۇ بىر قۇر ئايلىنىپ، بىر قانچەدەغان رەسىملەرگە باھا بېرىپ، پىكىر دەپتىرىگە ئويلىغانلىرىنى يېزىشتى. ۋاڭ شۈمىي نېمىدۇر دېمەكچى بولاتتىيۇ، قىزىرىپ يەرگە قارايتتى.

— ھېكمەت، مېنىڭ بىر تەلىپىم بار ئىدى، يەردە قويمىسىڭىز، — ۋاڭ شۈمىي خىجىللىق بىلەن قىزاردى، — بايا سىزگە دېدىم، مېنىڭ سىزغان رەسىملىرىمنى كۆرۈپ بەرسىڭىز، بىزنىڭ ئۆيگە بارساق.

— بولىدۇ، — ھېكمەت ئىككى ئويلۇق بولۇپ تېڭىرقاپ قالدى.

— ئەگەر بارغىڭىز بولمىسا، سىزنى خىجىل قىلماي.

— يا، ياق ئۇنداق ئەمەس، ئەمدى كەچكىچە زالمۇ ئادەمدىن خالىي بولمايدۇ.

خەنزۇ ئوتتۇرا مەكتىپى شەھەرنىڭ سىرتىدىراق بولسىمۇ،

ئانچە يىراق ئەمەس ئىدى. ھېكمەت «ئېغىر كۈنلەردە» رەسىمىدىكى ئاتا - ئانا ئالدىدا ئون بىر - ئون ئىككى ياشلىق بىر قىزنىڭ بارلىقى، لېكىن ئۇنى مۇھەممەت قاسىم دېگەن ئاغىنىسىنىڭ پىكرى بىلەن ئېلىۋەتكەندىن كېيىن، ئاساسىي مەزمۇنىنىڭ ئىپادىلەنگەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى. ۋاڭ شۇمىيمۇ ئەسەر كومپوزىتسىيىسىنى سىزغاندا، ئادەم ھېسسىياتىنىڭ كەينىگە كىرىپ كۆپ نەرسىلەرنى كىرگۈزۈپ قويۇپ، مەزمۇندىن يىراقلاپ كېتىدىغانلىقى، شۇڭا كومپوزىتسىيىنىڭ تەييارلىق شەكلىنى بەش - ئون قېتىم سىزىپ ئۆزگەرتىشنىڭ مۇھىملىقى ھەققىدە تەجرىبىلىرىنى سۆزلىدى. ئۇلار قىزغىن پاراڭ بىلەن بىر دەمدىلا مەكتەپكە يېتىپ كەلدى.

ئۇلار خەنزۇ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ دەرۋازىسىدىن كىرىپ، سول تەرەپكە قايرىلىپ كۆك خىش بىلەن سېلىنغان بىر - بىرىگە تۇتاش ئۆيلەرنىڭ ئەڭ باشتىكى ئۆي ئالدىدا توختىدى. ئوقۇتقۇچ لار ئوتۇن، كۆمۈر، نەرسە كېرەكلىرىنىڭ يوقاپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، ئۆيى ئالدىغا تام سوقۇپ، بەزىلىرى خىش بىلەن قورۇقلىۋالغانىدى. ۋاڭ شۇمىننىڭ ھويلىسىدا بىر قاتار ئۈزۈم بارىڭى بولۇپ، ئۆگزىگە ياماشتۇرۇۋەتكەنىدى.

— تال كۆمىدىغان ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى، — دېدى ھېكمەت جازا ئۈستىدە يىلتىزدەك يېيىلىپ تۇرغان تال شۇخلىرىغا قاراپ، — سىز تېخى كۆممەپسىزغۇ؟

— ئوقۇتقۇچىلار كۆمۈپ بەرمەكچىدى، مېنىڭ ۋاقتىم چىقمىدى.

— يولدىشىڭىزمۇ ئوقۇتقۇچىمۇ؟

— ئوقۇتقۇچى ئىدى ...

ۋاڭ شۇمىي ھېكمەتنى ئۆيگە باشلىدى. تاشقىرىقى مېھمانخانا چوڭ، ئازادە بولۇپ، ئىچكىرىدە يەنە بىر ھۇجرىمۇ بار ئىدى. مېھمانخانىنىڭ سول تەرىپىدىكى كىچىك ئىشىكتىن

قىشلىق ئاشخانا كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ۋاڭ شۇمىي ھېكمەتنى ئۆي ئوتتۇرىسىدىكى قوڭۇر رەڭ شىرەنىڭ ئەتراپىغا قويۇلغان يۆلەنمە ئورۇندۇققا تەكلىپ قىلدى. ئۇ ئالمان - تالمان يۈگۈرۈپ يۈرۈپ چاي تەييارلاپ، شىرەگە ياڭاق، بادام مىغىزى، قۇرۇق ئۈزۈم، گۇلە - قاق تولدۇرۇلغان تەخسىلەرنى تىزىۋەتتى.

— قېنى، چاي ئىچىڭ، بۇ ناننى چۈشتىلا بازاردىن ئەكىرىپ قويغان، — ۋاڭ شۇمىي ئۆزىگىمۇ چاي قۇيدى، — كۆڭلىڭىزگە شەك كېلىپ قالمىسۇن، بىز ھېلىقى سىمىز گۆشنى ئۆيگە يۆلاتمايمىز، ۋاڭ ياڭمۇ، مەنمۇ ئۆچ، بالىلارغۇ يېقىنمۇ كەلمەيدۇ.

— نەچچە بالىڭىز بار؟

— ئىككى بالام بار، ئوغلۇم ئون ئىككى ياش، قىزىم ئون ياشقا كىردى.

ھېكمەت بايا كىرگەندىلا رامكا ئەتراپىغا قارىلىق تۇتۇلغان بىر ئەرنىڭ سۈرىتىنى كۆرگەچكە، ئۇنىڭ ئېرىنى قايتا تىلغا ئالمىدى.

— شىنجاڭغا قايسى يىلى كەلگەنتىڭىز؟

— ۋاڭ ياڭ ئىككىمىز 61 - يىلى بىللە كەلگەن، ئۇ چاغدا مەن ئون سەككىز ياشتا ئىدىم.

— مەنمۇ خوتەنگە 61 - يىلى كەلگەن.

چاي ئىچىلىپ شىرە يىغىشتۇرۇلغاندىن كېيىن، ۋاڭ شۇمىي يىللاردىن بېرى سىزغان رەسىملىرىنى شىرەگە يايدى. ھېكمەت ماي بوياق، دۇغ بوياق، سۇ بوياق رەسىملەرنى بىر - بىرلەپ كۆردى. بۇ رەسىملەر ئەقىلگە مۇۋاپىق رەسساملىق قائىدىلىرىگە ئەمەل قىلىپ سىزىلغان بولسىمۇ، ۋاڭ شۇمىي بۇ كەسىپنى مەخسۇس ئوقۇمىغانلىقى ئۈچۈن يېتەرسىزلىكلەردىن خالىي ئەمەس ئىدى، شۇڭا ھېكمەت رەسىملەردىكى نۇقسانلارنى كۆرسىتىپ بەردى. ئۇ، بىر رەسىمنى قولىغا ئې-

لىپ سىنچىلاپ قارىدى ۋە مېيىقىدا كۈلۈپ قويدى.
— ئادەتتە دۇغ بوياق رەسىمگە ئاق بوياق قويۇق ئىشلى-
تىلىدۇ، — دېدى ھېكمەت قولىدىكى رەسىمنى شىرەگە
قويۇپ، — ئەمما سۇ بوياق رەسىملەرنى سىزغاندا ئاق بوياق
ئىشلەتمەيدۇ ياكى ئاز ئىشلىتىلىدۇ. ئاق سىزىلىدىغان يەرلەر
قەغەز ئۆزىدىن ئاق قالدۇرۇلىدۇ.
— توغرا، بۇ رەسىم ئارىلاشما بولۇپ قاپتۇ، — ۋاڭ
شۈمىي قىزىرىپ كەتتى.
ھېكمەت بىرنەچچە تېز سىزما رەسىملەرنى كۆرگەندىن كې-
يىن، بىر پارچە ئاق قەغەز بىلەن قېرىنداش سورىدى. ئۇ ۋاڭ
شۈمىي ئېلىپ كەلگەن قەغەزنى شىرەگە قويۇپ، بىردەمدىلا
ۋېلىسىپىتتە تېز كېتىۋاتقان ئادەم، چىللاۋاتقان خوراز، توپ
تېپىۋاتقان بالا قاتارلىق بىرنەچچە رەسىمنى سىزىپ، ئىككى-
ئۈچ سىزىق بىلەنلا ئىپادىلەپ قويدى.
— ھەممە يېرىنى ئەستايىدىل سىزمىسىمۇ، بىرنەچچە سى-
زىق بىلەنلا ھەرىكەت ئىپادىلىنىدىكەن، — دېدى ۋاڭ شۈمىي
رەسىمگە قاراپ، — بۇ ئاجايىپ ياخشى ئۇسۇلكەن.
— شۇڭا، ئۇنى تېز سىزما دەيمىز، — ھېكمەت يەنە
بىر قانچىلىغان رەسىمنى بىردەمدىلا سىزىپ كۆرسەتتى، —
تېز سىزما ئىجادىيەتنىڭ خام ماتېرىيالى. بىراق، بىزگە كې-
رەكلىك ھەرىكەت ۋە شەكىل بىر خىل ھالەتنى ساقلاپ جىم
تۇرىۋەرمەيدۇ. شۇڭا، دەقىقە ئارىلىقىدا ھەرىكەتنىڭ ئاساسلىق
يۆلىنىشىنى بىرنەچچە سىزىق بىلەن ئىپادىلەپ ئالساق، قالغى-
نىنى كېيىن سىزىۋالغىنى بولىدۇ.
ھېكمەت سىدام سىزمىنىڭ نېمە ئۈچۈن رەسساملىقنىڭ
«ئانىسى» دېيىلىدىغانلىقى ھەققىدە مىسال كۆرسىتىپ سۆزلە-
ۋاتقىنىدا، ئۆيگە ئاددىي ئەمما پاكىز كىيىنگەن بىر قىز، بىر
ئوغۇل كىرىپ كەلدى. ۋاڭ شۈمىي ئۇلارغا، ھېكمەتنى تونۇش-

تۇرۇشى بىلەن ھەر ئىككىلىسى «ياخشىمۇ سىز تاغا» دېدى - دە، ئەدەب بىلەن ئېگىلىپ تەزىم قىلدى.

— ئانا، بىزنى رەسىم كۆرگەزمىسى كۆرسىلەر، دەپ بالدۇر قويۇۋەتتى، — دېدى ئوغۇل، — ھازىر سىنىپىمىزدىكى باللار مەيدانغا يىغىلماقچى.

— باشلانغۇچ مەكتەپ باللىرىنى ئەتە ئاپىرىدىكەن، — دېدى پومپىلاق قىز رەسىملەر يېپىلغان شىرە ئالدىغا كېلىپ، — ئانا، سىز داۋاملىق «رەسسام تاغاڭلارنىڭكىگە باردىمەن» دەپ كېتىدىغان تاغام شۇمۇ؟

— ھەئە شۇ، قىزىم، — ۋاڭ شۇمېي يۈگۈرۈپ چىقىپ كېتىۋاتقان ئوغلىغا ۋارقىرىدى، — بالام، قايتىپ كېلىپلا تاپشۇرۇقىڭنى ئىشلە.

— تاغا، سىز ئانامنىڭ ئەر دوستىما؟، — ھېكمەتنىڭ تىزىغا يۆلىنىپ تۇرغان قىزنىڭ پۇسۇقىدە چىقىرىپ سالغان سۆزىدىن ھەر ئىككىلىسى قىزىرىپ كەتتى، لېكىن ھېكمەت چاقچاققا ئايلاندۇردى.

— ھە، بولماپتىمۇ؟

— ياق، تازا ئوبدان بوپتۇ، سىزمۇ رەسسام، ئاناممۇ رەسسام، مەن مەكتەپتە رەسىم دەرسىدە يۈز ئالىمەن.

— قىزىم، مەكتەپ ھويلىسىغا چىقىسىڭىز دوستلىرىڭىز ئويناۋاتىدۇ، مېنىڭ، سىزمۇ ئويناپ كىرىڭ.

ئۇنى ئىچىگە چۈشۈپ تۈنجۇقۇپلا قالغان ۋاڭ شۇمېي شىرەدىكى رەسىملەرنى يىغىشتۇرۇپ قايتىدىن چاي دەملەپ كەلدى. ئۇ سىركايىلارغا چاي قۇيۇپ ھېكمەتكە سۇنۇۋاتقىنىدا قوللىرى سۇس تىترەۋاتاتتى ۋە بىردىنلا مۆڭگىنىپ، كۆزلىرىدىن ياش تامچىلىدى.

— كەچۈرۈڭ ھېكمەت، قىزىمنىڭ سۆزىنى كۆڭلىڭىزگە ئالماڭ، ئۇلار چوڭ بولۇپ ئاتىسىنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى

بىلىشمەيدۇ.
— ئۇنداقتا بالىلارنىڭ دادىسى؟
— سىز رامكىدىكى رەسىمنى كۆرگەندىن كېيىن، — دېدى ۋاڭ شۇمىي رەسىمگە كۆز قىرىنى تاشلاپ، — مېنىڭ يۈلدىشىم ھەققىدە گەپ سورىمىدىڭىز، بۇنى بىلدىم، سىز كۆڭ-لۇمنى ئايىدىڭىز. مەن رەسىم سىزىشنى شۇنىڭدىن ئۆگەنگەن. ئۇ بەكمۇ تىرىشچان، ھەممىگە قابىل، قابىلىيەتلىك ئادەم ئىدى.
— نېمە، بىرەر كېسەللىك بىلەن؟ ...
— ياق، ئۇنى مەدەنىيەت ئىنقىلابى باشلانغان يىلى ئېتىۋەتتى، شۇنچىۋالا تېز دەڭا!
— نېمە، ھېلىقى دازىباۋ يىرتقان، دەپ ئېتىلىپ كەتكەن ئوقۇتقۇچىنىڭ ئايالىكەنسىز - دە؟
66 - يىلى مەدەنىيەت ئىنقىلابى ئەمدىلا باشلىنىپ، بىر ئوقۇتقۇچىنىڭ دازىباۋ يىرتىپ ئېتىلىپ كەتكەنلىك خەۋىرى پۈتۈن خوتەنگە پۇر كەتكەنىدى. ئۇ چاغلاردا «دازىباۋ» دۇنياغا يېڭىدىن كۆز ئاچقان «ئۇلۇغ كەشپىيات» بولغاچقا، ئۇنى يىر-تىش زور جىنايەت ھېسابلىناتتى. شۇڭا، دازىباۋنىڭ ھۆرمەت - ئابرويىنى قوغداش ئۈچۈن، ۋاڭ ياڭنى قولغا ئېلىپ بىر ھەپتىنىڭ ئىچىدىلا ئاقتاشتىكى جىگدىلىككە يالاپ ئاپىرىپ ئېتىۋەتكەنىدى.
— ۋاڭ ياڭ، بەلكىم ناھەقچىلىققا چىدىمىغاندۇ، — دېدى ھېكمەت نېمە دەپ تەسەللىي بېرىشنى بىلمەي، — شۇنداق-تىمۇ دازىباۋ يىرتمىسا بوپتىكەن.
— بۇ، سىز ئويلىغاندەك ئۇنداق ئاددىي ئەمەس، — ۋاڭ شۇمىي ئېسەدەپ كەتتى، — ئۇ مېنى، بالىلىرىنى دەپ شۇنداق قىلغان.
ۋاڭ ياڭ باۋدىڭلىق بالا ئىدى. ئۇ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى بېيجىڭدە پۈتتۈردى. ئۇنىڭ ساۋاقداشلىرى «قايتا تەربىيە» ئې-

لىش ئۇچۇن بېيجىڭ ئەتراپىدىكى دېھقانچىلىق، كۆكتاتچىلىق
ۋە زاۋۇت ـ فابرىكىلارغا چۇشكەن بولسىمۇ، ۋاڭ ياڭ شىنجاڭغا
پالاندى. چۈنكى، ئۇ كاپىتالىستىنىڭ ئوغلى بولۇپ، ئاتا ـ ئانىسى
ئازادلىق ھارپىسىدا تەيۋەنگە قېچىپ كەتكەنىدى. ئېغىر بەزگەك
كېسىلىگە گىرىپتار بولغان بەش ياشلىق ۋاڭ ياڭ ئاتىسىنىڭ
ھەشەمەتلىك سارىيىدا ئۆي خىزمەتچىسى تۆل خوتۇننىڭ قولىدا
قېلىپ، نامراتچىلىق ئىچىدە ئۆسۈپ چوڭ بولدى. بىراق،
پاقىنىڭ قۇمچاق ۋاقتىدا قۇيرۇقى بارلىقىنى ئۇنتۇپ قالمىغان
تەشكىل، ئۇنى «كېلىپ چىقىشى»، «تەركىبى» قاپقارا دەپ
قەپەسكە سولىدى. ئۆز تەقدىر ـ ئىقبالىنى ۋاڭ ياڭغا باغلىغان
ۋاڭ شۇمېيمۇ ئۇنىڭ بىلەن شىنجاڭغا بىللە كەلدى.

ئۇلار مەكىت ئازادلىق ئارمىيە دېھقانچىلىق مەيدانىدا بىر
يىل چېنىققاندىن كېيىن خوتەنگە خىزمەتكە تەقسىم قىلىندى،
خەنزۇ ئوتتۇرا مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتقان ئىككىنچى
يىلى توي قىلىشتى. بالىلار تۇغۇلدى. ئوغۇل ئىككى ياش،
قىزى تېخى ئەمچەكتىكى چاغدا مەدەنىيەت ئىنقىلابى باشلاندى.
كاپىتالىستىنىڭ پۇشتى ۋاڭ ياڭ «قارا گېزەندە»، «تەتۈر ھې-
ساب ئالغۇچى»، شۇنداقلا «يەڭ ئىچىدە پىچاق ساقلىغان ئەك-
سىلئىنقىلابچى» دېگەن قالپاقلار ئاستىدا تارتىپ چىقىرىلىپ
كۈرەشكە تارتىلدى ۋە ئۆيىنىڭ ئىشىكىگە «قارا گېزەندىلەر
ئۇۋىسى» دەپ يېزىلغان تاختا ئېسىلدى. ئوغلىنى يېتىلىگەن،
قىزىنى باغرىغا باسقان ۋاڭ شۇمېي بەزى چاغلاردا ئېرى بىلەن
بىر قاتاردا كۈرەش مەيدانىدا ئۆرە تۇراتتى. «سىنىپىي دۈشمەن-
دىن چەك ـ چېگرىنى ئاجرات!»، «ئارقىغا قارىتىپ
نەيزە ئۇر!»، «ئۇنى پاش قىلىش ئارقىلىق چىد-
قىش يولىنى تاپ!» دېگەندەك بېسىم ۋە تەھدىتلەر ۋاڭ
شۇمېينىڭ يۈرىكىگە ئوغىدەك ئورناپ كەتتى.

— شۇمېي، — دېدى بىر كۈنى ۋاڭ ياڭ ئېغىر

تەلەپپۇزدا، — مېنىڭ كۆڭلۈمگە بىر ئىش كېلىۋاتىدۇ. بىلمىدىم، قوشۇلامسىز - يوق؟

— قېنى دەپ بېقىڭ، ئەگەر ئىككىمىزگە پايدىسى بولسىلا.

— سىز مېنىڭ ئۈستۈمدىن دازىباۋ يېزىپ «چەك - چېگرىنى ئاجراتالىمىغىنى» ئېلان قىلىڭ، مەن غەزەپلەنگەن بولۇپ ئۇنى يىرتاي، يەنە ئۇلارنى ئىشەندۈرۈش ئۈچۈن قولۇمغا بىرەر نەرسە ئېلىپ سىزنى «ئۆلتۈرۈۋېتىمەن» دەپ قورقاق سېلىپ ئۇرۇشاي، قانداق سىزچە بولامدۇ؟

— ياق، مەن قوشۇلمايمەن، ۋاڭ شۇمىي ئەندىكتى، — دازىباۋ يېزىش ئۈچۈن يالغاننى توقۇش كېرەك، مۇنداق قىلسام سىزنىڭ مەسىلىڭىز تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ كېتىدۇ. مېنى نېمە قىلسا قىلسۇن، چىدايمەن.

— بۇ، مەن ھەم سىز ئۈچۈن بولسا كارايىتى چاغلىق ئىدى، لېكىن ئىككى بالىمىزنىڭ ئىستىقبالىنى قارا قىلىپ قويۇشنى خالىمايمەن، ئۇلار كېيىن مەكتەپلەرگە ئېلىنمايدۇ، ئوقۇشلارغا بارالمايدۇ، بارغان تەقدىردىمۇ ئۇمۇرۋايەت «سىنىپىي دۈشمەننىڭ پۇشتى» دېگەن قالپاقتىن قۇتۇلالمايدۇ.

— ئۇغۇ شۇنداق، — ۋاڭ شۇمىي ئارىسالدىلىق ئىچىدە قالدى، — لېكىن ...

— مەن دازىباۋ يىرتقانلىقىم ئۈچۈن يۈقىرىسى ئون يىل، بولمىسا بەش يىللىق كېسىلىمەن، كېيىن يەنە قايتىپ چىقىمەن، ئەمىسە شۇنداق كېلىشتۇق.

ھېكمەت شۇمىينىڭ مەرمەردەك يۈزلىرىدىن يۇمىلاپ چۈشۈۋاتقان ياشلارغا قارىغىنىچە ئېغىر پاجىئەنى ئاڭلىماقتا ئىدى. ئۇلار ئىككى بالىسىنى دەپ خەتەرلىك ھاڭغا قەدەم ئالغانىدى.

— ۋاڭ ياڭ دېگىنىنى قىلدى، — شۇمىي يۈزلىرىدىن ئېرىق بولۇپ ئېقىۋاتقان ياشنى ئالىقانلىرىدا سۈرتۈپ

تۇراتتى، — ئۇ، مەن چاپلىغان دازىباۋلارنى ئەسەبىيلەرچە يىرتىپ، تۇتۇۋالغانلارنى ئىتتىرىپ، ئۇرۇپ، ئۆيگە بېسىپ كىردى - دە، قولىغا چەيدۇ ئېلىپ مېنى قوغلىدى. ۋاڭ ياڭ: «سەن مېنىڭ خوتۇنۇم تۇرۇپ ماڭا دۈشمەنلىك قىلدىڭمۇ؟!، ھەي خائىن، مەن سىنى ئۆلتۈرۈۋېتىمەن» دېگەنچە مېنى «پاق-پۇق» ئۇردى. ئاندىن مۇرەم ھەم بىلىكىم چىممىدە قىلىش بىلەن قان يامراپ چىقتى. ئۇنىڭ غالجىرلارچە ئەلپازى ھەممىنى ئىشەندۈردى.

— سىز دازىباۋغا دېيىشكە تېگىشلىك بولمىغان سىياسىي گەپلەرنى يازغانمىدىڭىز؟ — دېدى ھېكمەت ۋاڭ ياڭنىڭ دەھ-شەت ئاچچىقىدىن گۇمانلىنىپ، — مەسىلەن، تەقدىر - ئىقبا-لىغا مۇناسىۋەتلىك.

— نەدىكىنى، دازىباۋتېكىستىنى ئۇ ئۆزى يېزىپ بەرگەنىدى.

— مۇنداق دەڭ ...

— ئويلاپ بېقىڭا ھېكمەت، ئۇنى تۇتۇپ كېتىپ بىر ھەپتە ئىچىدە ئېتىۋېتىشنى كىم ئويلىغان؟ ھاياتىنىڭ نەدىكى ئالىجۇقا گەپلەر يېزىلغان بىرنەچچە تاختا كونا گېزىتچىلىكمۇ قەدرى بولمىسا، بۇ قانداق ئىنقىلاب؟ قانداق قارا كۆڭۈل تاشبېغىرلار-نىڭ ئويلاپ تاپقان ئەسەبىيلىكى؟! ئۇلار قىزىل تۇننى يېپىنىۋې-لىپ، ئىككى قولىنى خەلقنىڭ قېنى بىلەن بويىسا بۇ ئاددىيلىق-مۇ، تارىختا بۇنىڭ سورىقى بولماسمۇ؟ — شۇمىي ئۇن سېلىپ يىغلىۋەتتى، ھېكمەت «كۆڭلىڭىزنى بۇزماڭ» دەپ تەسەللى بەردى، — مەن ئىككى يىل ساراڭ بولۇپ قالدىم، بالىلىرىمنى ئوقۇتقۇچىلار باقتى، كېيىن ئوغلۇم بىلەن قىزىمنى كۆ-رۈپ بارا - بارا ئەسلىمگە كەلدىم، ئۆلگەنىنىڭ ئارقىسىدىن ئۆلگىلى بولمايدىكەن، جان چىقمىغاندىن كېيىن ياشاش ئۈچۈن كۈرەش قىلىدىكەنمىز.

ھېكمەت «ئۆچمەس داغ» رەسىمىدىكى قىزىل يېپىنچا يې-

پىنغان، قوللىرى قان بىلەن بويۇلۇپ، قاپقارا چىرايىدىن ۋەھ-شىيلىك يېغىپ تۇرغان ئوۋچىنى كۆز ئالدىغا كەلتۇردى. مانا بۇ — ۋاڭ شۇمىنىڭ يۇرىكىدىن پارتلاپ چىققان ئىسيانكارلىق غەزىپىنىڭ رەسىم يۈزىدە ئەكس ئېتىشى ئىدى!

ھېكمەت ۋاڭ شۇمىيغا خېلى بىر ۋاقىتقىچە تەسەللى، نە-سىھەتلىرىنى قىلغاندىن كېيىن، ئېغىرلىشىپ كەتكەن تېنىنى ئارانلا كۆتۈرۈپ ئورنىدىن تۇردى. ئۇ خوشلىشىپ ئىشىكتىن چىقاندىمۇ، قىپقىزىل قان بىلەن بويالغان ئاپئاق قار، پۈت - قوللىرىنى تاشلاپ ياتقان كېيىك ئوۋ مىلتىقىنى چىنەپ تۇرغان ھېلىقى قىزىل تونلۇق بەتبەشىرە چىراي يەنە كۆز ئالدىغا كېلى-ۋالدى ...

ۋاڭ شۇمىينىڭ تەقدىرىدىكى تراگېدىيە، ئۇنىڭ مەدەنىيەت ئىنقىلابى ھەققىدىكى بىر - بىرىدىن ئېغىر ۋەزنىلىك سوئاللى-رىنىڭ تەسىرىدىن ۋۇجۇدىنى سوغۇق تىترەك باسقان ھېكمەت، ئاستا قەدەملەر بىلەن مەدەنىيەت يۇرتى ئالدىغا يېتىپ كەلدى. بۇ چاغ كۈن ئولتۇرۇپ كەتكەن بولسىمۇ، گۈلباغدىكى غازاڭلى-رى تۆكۈلۈپ، يالىڭاچلىنىپ قالغان ئېگىز تېرەكلەرنىڭ ئۇچىدا ئۇنىڭ ئالتۇن رەڭ نۇرلىرى يەنىلا تۇراتتى. ئاخىرقى غازاڭلار ئۇچۇشۇپ يۈرگەن كوچىنى نەم سالقىنلىق ئۆز ئىلكىگە ئالغان-دى. يېقىندىنلا «ھېكمەت ئاكا» دەپ ۋارقىرىغان ئاۋاز ئۇنى چۆچۈتىۋەتتى. مەدەنىيەت يۇرتى چوڭ دەرۋازىسىدىن چىققان نەبى يۈگۈرۈپ كەلگىنىچە ئۇنى قۇچاقلىۋالدى. ھېكمەت شەھەر-گە يۆتكەلگەندىن كېيىن ئۇنى يوقلاپ كېرىيە ئۆزگەرتىش مەيدا-نىغا بىرنەچچە ئايدا بىر قېتىم بېرىپ يوقلاپ تۇرغان. ئۇ بۈگۈن ماشىنىدىن چۈشۈپلا ئۇدۇل مەدەنىيەت يۇرتىغا كەلگەنىدى.

— ھە، قاچان كېلىشىڭ؟

— بىرەر سائەت بولغاندۇ، ئۆيىڭىزنىڭ ئالدىغا بارسام، سىزنى ئىككى ئادەم ساقلاپ تۇرىدۇ، سومكىلىرى ئېغىرلا.

— ئۇلار كىمدۇ؟

ھېكمەت بىلەن نەبى ئىشىك ئالدىغا كەلگەندە، كۆكتاتچىلىق مەيدانىنىڭ شۇجىسى تۇرسۇن ھەسەن ھەم قۇرۇلۇش شىركىتىنىڭ باشلىقى مەمتىمىن قارىي تۇراتتى. ھېكمەت ئىشىكنى ئېچىپ ھەممىسىنى ئۆيگە باشلىدى. ئۇلار كارىۋات ۋە ئورۇندۇقلاردا ئولتۇرۇشقاندىن كېيىن، ئاۋۋال بىر - بىرىگە قاراشتى، ئاندىن نەبىگە غەلىتىلا تىكىلىپ تۇنجۇقۇپ كېتىشتى. بۇنى سېزىپ قالغان ھېكمەت، ئۇلارنىڭ بىرەر دەيدىغان گېپى بار ئوخشايدۇ، دەپ ئويلىدى - دە:

— بۇ مېنىڭ ئىنىم بولىدۇ، ھەر قانداق تەلەپ - پىكرىڭلار بولسا دەۋېرىڭلار، ئەنسىرەيدىغان ئىش يوق، — دېدى.

— مۇنداق ئىشتى ھېكمەت ئەپەندى، — دېدى تۇرسۇن ھەسەن مەمتىمىن قارىيغا قاراپ قويۇپ، — سىلى بىزنىڭ ئەنزىمىزنى بىزنىڭمۇ كاللىمىزدىن ئۆتكۈدەك، ھۆكۈمەتمۇ رازى بولغۇدەك ئىشلەپ تولىمۇ ساۋاب ئىش قىلدىلا، خىيانىتىمىزنى تۇتۇپ قىلىپ قالغان مۇلكىمىزنى قايتۇرۇپ بەردى. ھازىر ئىككىمىز پارتىيە مەكتىپىدە ئوقۇۋاتىمىز، ساقال بىر باغ بېدىدەك بولغاندا ئوقۇسىمۇ، خۇددى ئۆچكىنى ئەرگە بەرگەندەكلا بوتكەن.

— لېكىنزە، سىلى جىگەرلىك ئادەمكەنلا جۇما، — دېدى مەمتىمىن قارىي، — ئاشۇ قايتا تەكشۈرۈش ئىشخانىسىدا دېگەن گەپلىرىنى ئاڭلاپ يۈرىكى ئاتنىڭ كاللىسىدەك بار يېتىمەكەن دەپ قالدۇق. تېخى ھېلىقى كالتە كۆسەي ساقچىنىڭ قوندۇرغان ئەنزىسىگە قول قويماپلا ئەمەسما.

— شۇنى دېگىلى كەلگەن بولساڭلار، كۆڭلۈڭلارغا رەھمەت، — ھېكمەت ئۇلارنى چاپسانراق چىقىرىۋېتىپ نەبى بىلەن پاراڭلاشقۇسى بار ئىدى، — ئەنزە ئىشلەشنىڭ جاۋابكارلىقى بار ئىنچىكە ئىش، شۇڭا، كونىلار «دەۋا قىرىماس» دېيىد-

شىدۇ ئەمەسمۇ، مەن پەقەت راست - يالغىنىنى ئايرىپ چىقتىم شۇ.

— ئەسلىدە ئۆزلىرىنى چاقىرتۇپلىپ، راسا بىر بەزمە - مەشرەپ قىلغىمىز بار ئىدى، — تۇرسۇن ھەسەن ھە- جىيىپ قويدى، — ئاڭلىساق ئۇنداق سورۇنلارغا بارمايدىكەنلا ھەم گەپ كالىچى بولۇپ قېلىشتىن ئەنسىرىدۇق. شۇڭا، كۆ- ڭۇل قويغىلى ۋاقتىدا كېلەلمەي ۋاقىت ئۆزىراپ كەتتى.

تۇرسۇن ھەسەن بىلەن مەمتىمىن قارىي سومكا - خۇرجۇن- لاردىكى گۆش، ياغاق، ئۈزۈم، داستىخانغا ئورالغان يەنە قان- داقتۇر نەرسىلەرنى كارىۋات، ئۈستەللەرگە قويۇشقا باشلىدى. كۆزى چەكچىيىپ چىقىپ كېتەيلا دەپ قالغان ھېكمەت ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى.

— بۇ نېمە قىلغىنىڭلار، نەرسەڭلەرنى ئېلىپ چىقىپ كېتىڭلار. ئەگەر سىلەر مۇسۇلمانچىلىقتا ئىشەنسەڭلار، مەن بۇنداق پاسكىنا ئىشنى يامان كۆرۈمەن.

— بىز بۇنى قارىسىلا، — دېدى تۇرسۇن ھەسەن، — ئەنزىمىزنى تەكشۈرۈشتىن بۇرۇن قىلغان بولساق، سىلى «گېپ- لىنى مايلاش»، «ئارقا ئىشىك»، «پارا» دەپ چۈشەنسىلە بوتتى، لېكىن بىزنىڭ ھازىر ياخشى كۆڭلىمىزدىن باشقا يامان غەرىزىمىز يوق.

— يا، ياق بولمايدۇ، مەن بۇ نەرسىلەرنى قوبۇل قىلالمايمەن، — ھېكمەت خۇددى يامان ئىش ئۈستىدە تۇتۇ- لۇپ قالغان ئادەمدەك، قىزىرىپ، خىجىللىق ئىلكىدە ئۆرتۈلۈپ كېتىۋاتاتتى. نەبى بۇنى سېزىپ قالدى بولغاي، ھېكمەتنى ئىت- تىرىپ كارىۋاتقا ئولتۇرغۇزۇپ قويدى ۋە ئاستا پىچىرلىدى:

— ھېكمەت ئاكا، بىردەم سەۋر قىلىپ ئولتۇرمامسىز.

— ئا! ... — مەمتىمىن قارىي قاراملىقىغا ئالدى، — سىلىمۇ شۇ راسا گېپىكەنلا، مۇشۇ تۆت توك - توك نەرسە بىلەن

گال ياغلىغلى بولسا، بۇ جاھاننىڭ ئۆزى، مەرد ھاتەمنىڭ زامانى بولمامدا. قويسىلا سىلىنى، ئەگەر مۇشۇ بىرەمىلەرنى بىزگە يەنە يۇتكۇزۇپ قويسىلا تۇزچىنىڭ ئېشىكىدىن بەتتەر تەۋۇمىز چۇشۇپ كەتمەمتا.

— بولدى، خاپا بولۇشمىسىلا، ھېكمەت ئاكىمىز بۇنداق ئىشلارنى بەكمۇ ھار ئالىدۇ، — دېدى نەبى ئورنىدىن تۇرۇپ، — مەن ئاكامنىڭ ئورنىدا قوبۇل قىلدىم.

— ھەي، ھەي، نەبى! — ھېكمەت ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىشى، نەبى ئۇنى يەنە ئورنىغا ئولتۇرغۇزۇپ قويدى ۋە ئىك-كىسىگە «دەرھال كېتىۋىلىڭلار» دېگەندەك باش ئىشارىسى قى-لىۋەتتى. تۇرسۇن شۇجى بىلەن مەمتىمىن قارىي خوشمۇ دېمەي ئالدىراپ چىقىپ كېتىشتى.

— سىنىڭ بۇ نېمە قىلغىنىڭ؟ — ھېكمەت ئاچچىقىدا پۇشۇلداپ كەتتى.

— ھېكمەت ئاكا، بۇ نەرسىلەر سىزگە كېرەك بولمىسا ماڭا كېرەك، — نەبى داستىخاننى ئېچىپ بىر خۇرۇم ئاياغ ھەم سوكنادىن قىلىنغان بىر قۇر چاپان، ئىشتاننى ئالدى، — تۇرۇڭا ئۆلچەپ باقاي، سىزگە چوڭ كېلەمدۇ نېمە؟

— ھەممىنى ئېلىپ كەت، ماڭا لازىمى يوق ...

ھېكمەتكە قارىغاندا تەمبەل ھەم ئېگىز نەبىگە ئاياغ ھەم كىيىملەر خۇددى ئۆزىنىڭكىدەكلا كەلدى. ھېكمەت ئۇستەلدىكى بىر قويىنىڭ ئىككى سېنى، بىر دەستە نان، ياڭاق ئۇزۇملەرگە قاراپ تېخىمۇ خورلۇق ھېس قىلغاندەك خاپا بولدى.

— قانداق قاملاشمىغان نېمىلەر ئۇ، مېنى نېمە كۆرۈۋاتى-دۇ، بۇ خۇددى ئادەمنىڭ يۈزىگە تۈكۈرگەندەكلا ئىشقۇ.

— ماۋۇ ئەجەب چوڭ قويىكىنا، — نەبى ھېكمەتنىڭ سۆزىنى قەستەن ئاڭلىماسقا سېلىۋالدى، — ئاكا، دەرھال پار-چىلاپ شورپا قىلايمۇ؟

— ياق، ئۆيۈڭگە ئېلىپ كەت دېدىمغۇ، — ھېكمەت ئەسلىدە «قازاننى پاسكىنا قىلما» دېمەكچى بولۇپ تىلىنى يىغىۋالدى، — ئۆزۈڭ ئېلىپ قالغاندىن كېيىن نېمە قىلساڭ قىل.

— ھېكمەت ئاكا، راستىنلا ئاچچىقىڭىز كەلگەن بولسا ھازىرلا ھەممىنى يۇدۇپ ئاپىرىپ بېرەي، — دېدى نەبى، — ئەمما ئۇ بىچارىلەرنى پوق يېگەندەكلا قىلىپ قويىسىز.

ھېكمەت نەبىنىڭ كۆزىگە قارىدى، ئۇنىڭ سوكنا كىيىملەردىن كۆز قىيالمايۋاتقانلىقى ئېنىق ئىدى. يەنە بىر تەرەپتىن تۇرسۇن ھەسەن بىلەن مەتتىمىن قارىينى رەنجىتىپ قويۇشقا كۆڭلى چىدىمىدى. ئەلۋەتتە ئۇلارمۇ «ياخشىلىقنى ئۇنتۇپ قالماي، ئادىمەتچىلىك قىلدۇق» دەپ ئۆزلىرىگە تەسەللى تاپىدۇ.

— نەبى، ساڭا بىر ئىش ئورنى تېپىپ قويىدۇم قىلامسەن؟ — دېدى ھېكمەت بايىقى ئاچچىقى يانمىغان ھالدا، — بىكار يۇرسەڭمۇ قاملاشماس.

— مەنمۇ بۇ توغرۇلۇق سىزگە مەسلىھەت سالاي، دەپ كۆڭلۈمگە پۈككەن، — نەبىنىڭ بېشى مەيدىسىگە ئىگىلدى، — بىزدەك ئۆزگىرىپ چىققانلارنى ھېچقانداق يەردە ئىشقا ئالمايدىكەن، داداممۇ شۇنداق بولۇپ قىمار، نەشىگە بېرىلىپ كەتكەن.

ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ ئىلياخۇن دېگەن بىر خادىمى بار ئىدى. ئۇ، ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلەرگە ئالاقىدار ئالاقىلەرنى توشۇش، كادىرلار مەكتەپلەرنى تەكشۈرگىلى ماڭسا، ئېشەك ھارۋىدا ئاپىرىش، شۇنداقلا ئىدارىنىڭ ئۇششاق - چۈشەك ئىشلىرىنى باشقۇرۇشتەك خىزمەتلەرنى قىلاتتى. ئىلياخۇن بىر ئاي ئالدىدا پېنسىيىگە چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇلار بىر ئادەم تېپىش كويىدا يۈرەتتى. ھېكمەت ئالىمجان زىھرۇللا بىلەن كۆرۈشۈپ، نەبىنىڭ پات - يېقىندا قايتىپ كېلىدىغانلىقى، ئىككى يىللىق چارىسى كەچۈرۈم قىلىنغانلىقى-

نى ئېيتىپ ئورۇننى ساقلاپ كېلىۋاتاتتى.
— بەك ياخشى بوپتۇ ھېكمەت ئاكا، ئەگەر سىز بولمىغان بولسىڭىز، نەلەردە قاڭقىپ يۈرەر ئىدىم.
— ئۇ دېگەن مائارىپ ئىدارىسى، ئىلمىي ئورۇن، شۇڭا سىپلىق - سىپايە، مۇئامىلىدە ئىللىق، يۇرۇش - تۇرۇشلىرىڭ رەتلىك بولۇشى كېرەك، — ھېكمەت، نەپىگە يارىشىپ كەتكەن سوكنا چاپانغا قاراپ كۈلۈپ قويدى، — يېشىڭمۇ يىگىرمە يەتتە - يىگىرمە سەككىز گە كىرىپ قالدى، بىرەر يىل ئىشلىگەندىن كېيىن ئۆيلەپ قويىمەن ئوبدان قىزلارغا كۆز - قۇلاق بولۇپ يۈر.
— مۇقىم، ئىشەنچلىك خىزمەت ئورنى تاپمىغۇچە ئۆي - لەنمەيمەن، — دېدى نەبى قاپىقىنى تۈرۈپ، — دادامغا ئوخ- شاش تەييار تاپ ئاتا بولمايمەن.
— بۇ دېگىنىڭمۇ توغرا، قېنى ئىشلەپ باق، مەن كېيىن- چە ياخشىراق بىر چارە ئويلاپ كۆرەي.
نەبى ئېغىر سومكا، داستىخانلارنى يۈدۈپ ماڭماقچى بول- دى. بىردىنلا گۈلزىبانىڭ ھۆجرىسىنى كۆرۈش ئىستىكى قوز- غالغان ھېكمەت، ئۇنىڭ قولىدىكى داستىخاننى ئېلىپ ئىشىك- تىن بىللە چىقىشتى.

# خوش دوستلار، خوش خوتەن

يۇرۇڭقاش ۋادىلىرى ھېلىھەم كۆكىرىپ تۇرۇپتۇ، ئانا
دەريا سۇلىرى يازدا كۆۋەجەپ، كۈزدە تولىمۇ ياۋاشلاپ، سۈزۈك
سۇلىرى ئاستىدىن قىزىل، سېرىق، سەيۋە رەڭلىك قاش تاشلىـ
رىنى ۋىلىقلىتىپ شىرقىراپ ئاقماقتا؛ شېرىن خاتىرىلەر شاھىـ
دى بولغان ئىگەچى باغچىسىنىڭ شوخ ناخشىلارنى تىنماي ئېيتىـ
دىغان خىلمۇ خىل قوشلىرى «قارا بوران» جاراھەتلىرىنى ساـ
قايتىپ قايتىدىن جانلانماقتا؛ ۋىسال ۋە شادلىق، كۈلپەت ھەم
نادامەت ئۆز قارارىنى تاپقان قورۇم كۆلى، يورەكلەرگە مەڭگۈ
ئۆچمەس كەشتىلەرچەككەن يالغۇز ئارال، بورۇنقىدەكلا سىرلىق
ۋە سېھىرلىك سۈكۈتتە. ئۈچ دوست ناخشىلار ئېيتىپ، تېپىشـ
ماقلارنى تېپىپ ئوينىغان، مۇرات ئۆزىنى كاچاتلاپ، ئوتلارنى
يۇلۇپ دوستى ئۈچۈن خۇداغا نالە قىلغان ئاشۇ ئورمانلار قاراڭـ
غۇلىشىپ تېخىمۇ كامالەتكە يەتتى ... كۆڭۈلگە شۇنچە يېقىن
ھەم قەدىرلىك بولۇپ قالدى! ھۆر ـ غىلمانلار ئىزلىرى چۈشـ
كەن گۈجان كوچىسى ئۇششاق باللار بىلـــەن ئاۋات، ئۇــنىڭ
بىر ـ بىرىگە مىنگەشكەن ئۆيلىرى تېخىمۇ زىچلىشىپ، باغلىرى
ئۆز ئارا تۇتىشىپ كېتىپتۇ. بوستان يوللىرىغا قاراڭ! توپتوز
ئاسپالىتلانغان، ئۇشۇققىچە كېچىدىغان توپىلار نەلەرگە كەتكەنـ
دۇ؟ شۇنداق ھەممە ئۆزگەرگەن، چوكان تاللارنى قېرى سۆگەتـ
لەرگە، ياش نودەرلەرنى دوڭغاق بوۋايلارغا، ھۆسنى كامالدا بەر
قارار گۈزەللەرنى پاخپاق مومايلارغا ئايلاندۇرۇپ قويغان قاتـ
داق قــۇدرەتــلىك كــۈچتــۇ ئۇ؟! ھەي پەلەك بۇ ۋاقىت،
ۋاقىت، يەنىلا ۋاقىت! تاش ـ تۇپراقلار بىرلىشىپ تاغ ھاسىل

بولۇر، قەترە ـ قەترە تامىلار تـوپلـىنىپ، دەريا ـ دېڭىزلارنى ئەھيا قىلۇر! دەل ـ دەرەخلەر جەم بولۇپ، چوڭ ئورمانلار قەد كۆتۈرۈر! ھەر بىر تىنىق ـ دەقىقىلەر ئۆتە ـ ئۆتە، ئۆمۈر مۇساپەڭنى ئىكەكتەك ئۈپرىتىپ، يىللاردىن ئىبارەت ئەجەل خەۋەرچىلىرىنى چىللاپ كېلىدۇ. ئەنە قارا، قۇرۇم تاغ چوققى-لىرىدىن بىر ـ بىرىنى قوغلىشىپ، سۇرتوقاي قىلىپ ئۆتۈۋات-قان بولۇتلارغا ئۇلار نەگە ئالدىرايدىغاندۇ؟ ئېھتىمال يامغۇر بولۇپ تۆكۈلۈپ پاتراق يوقىلىشقىدۇ!؟ ئەمىسە يىللار نېمانداق تېز چېپىشىدۇ؟ ئۇلار كائىناتقا، ئادەملەرگە ئەجەل خەۋىرىنى يەتكۈزۈپ، ئۆزىنىڭ غالىبلىقىنى نامايان قىلىشقا ئالدىرامدىغاند-دۇ؟! ۋاقىت ئەنە شۇنداق رەھىمسىز! ئۇ، ئەڭ ئاۋۋال ئەجەم ـ ئـەجـەم قـورۇقـلار، ئاپـئـاق يىپـەكتەك چـاچـلار، ھاسىراپ ـ خىرقىراشلار، گۇنىسىز كۆزلەر، كامالچىدەك بەل-لەرنى سوۋغا قىلىدۇ، ئاندىن ئۇ دۇنياغا ئېلىپ كېتىدۇ. شۇڭا، خۇرازنىڭ تاڭ سەھەر تۇرۇپ «ئەي ئىنسان ئۆمرۈڭدىن تون ئۆتتى، ئۆزۈڭ بىخەبەر» دەپ ئاھ نالە قىلغىنى، بىزنى ئاگاھلاندۇرغىنى بىكار ئەمەسكەن ـ دە!

ئەمدى كۆڭۈللەرنى ئىزىدىغان ھېس ـ تۇيغۇلىرىمىزنى ئارقىدا قالدۇرايلى. بېشىدىن ئالەمچە كۆلپەتلەر ئۆتكەن ھېك-مەتتىن ھال سورايلى:

— ھالىڭ نىچۈك ئەي ئازاب ـ ئوقۇبەتلەر شاھىدى؟

ھېكمەت ئاق ئارىلاشقان چېكىلىرىنى سىلاپ كۈلۈمسىرە-دى، ئۇ بۇرۇنقىدەكلا خۇشپېئىل ئىدى.

— ھاياتىم ھايانغا قالدى، شۇ پايدا ئۇچۈن خۇشالمەن!

— ئىش ـ ۋەجىڭ نېمە؟

— يىللار بويىنغا تۇمار ئېسىش.

— نېمىگە شۇنچە ئالدىرايسەن؟

— يىللار قۇرۇق كەتمىسۇن دەپ.

— ئالدىراپ نېمىگە يەتمەكچى؟
— ئارمانلار پەللىسىگە.
— شۇنچە ئىچ كۆيەرلىكىڭ بىلەن نېمىگە ئېرىشتىڭ؟
— بىرلا نەرسىگە ـ ئادەمىيلىككە!
— ئون يىلدىن بېرى خوتۇن ـ باللىرىڭدىن ئايرىلىپ، يېتىملىك ھېس قىلمىدىڭمۇ؟
— گۈزەل خاتىرىلىرىم كۆپ ... خىياللار ماڭا ھەمراھ!
— ئوتتۇز توققۇز ياشلىق ھاياتىڭدا شادلىقىڭ كۆپمۇ، نادامىتىڭمۇ؟
— نادامىتىممۇ شادلىققا تەۋە، چۈنكى ئۇ ماڭا ھاياتنى تونۇتتى.
— ھايات ساڭا نېمە ئاتا قىلدى؟
— مۇھەببەتنى، ئادەملەرگە بولغان چىن مۇھەببەتنى!
— داۋانلاردا قېنالدىڭ، قاينامىلاردا تۇنجۇقتۇڭ، ئاتەشـتەك ئۆرتەلدىڭ، تىكەنلىك چاتقاللاردا تەنلىرىڭ تىلىندى، شۇـلارنىڭ بەدىلىگە ئەجىر مېۋىسى كۆرەلىدىڭمۇ؟
— كۆردۈم، بىراق تېخى غورا ... كۆرسىتىشكىمۇ ئويۇلىمەن ...

ئۇستەل ئۈستىگە «شىنجاڭ گېزىتى»، «شىنجاڭ ئەدەبىيات ـ سەنئىتى»، «شىنجاڭ ئاياللىرى»، «يېڭى قاشتېشى①» «خوتەن گېزىتى» قاتارلىق گېزىت ـ ژۇرناللار دۆۋىلەنگەنىدى. ئۇلارغا يىللادىن بېرى بېسىلغان «قان ۋە سۇ»، «دېھقان ئوغلى»، «ئانىنىڭ ئامراقلىقى»، «قۇشلار ماكانىغا قايتتى» قاتارلىق ھېكايە، ئوچېركلار بېسىلـغان بولۇپ، بۇ ئەسەرلەرگە باھا بېرىلگەن ئوبزور ـ ماقالىلەرمۇ بار ئىدى. ھېكمەت شىنجاڭ گېزىتى ئەدەبىيات بېتىدىكى

① كونىلۇن ئەدەبىياتى ـ كېيىن «يېڭى قاشتېشى» غا ئۆزگەرگەن.

«نادامەتلىك كۆي» سەرلەۋھەلىك ماقالىغا كۆز تاشلىدى. بۇ ئاپتونوم رايونلۇق رەسىم ئەسەرلەر كۆرگەزمىسىدە ئىككىنچى دەرىجىلىك مۇكاپات ئالغان «ئېغىر كۈنلەر» رەسىمىگە يۇقىرى باھا بېرىلگەن ماقالە بولۇپ، رەسىمنىڭ رەڭسىز تارتىلغان فوتو سۈرىتىمۇ قوشۇپ بېسىلغانىدى.

— ھېكمەت خىيالغا پېتىپ قاپسىزغۇ؟ — بۇ جارۇللا ئەخمىدى ئىدى، — نېمىلەرنى ئويلاۋاتىسىز؟

— كونا ئىشلار ئېسىمدىن كېچىپ.

— كونا ئىشلار ئارقىدا قالدى، ئەمدى ئالدىنى ئويلاڭ.

ھېكمەت جارۇللا ئەخمىدى، مەھەممەت قاسىملار بىلەن بىللە ئىشلەۋاتقىنىغا ئىككى يىلدىن ئېشىپ قالغانىدى. جارۇللا ئەخمىدى يېڭى قاشتېشى ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى بولۇپ، مەھەممەت قاسىم تەھرىرلىك خىزمىتىنى ئىشلەيتتى. ھېكمەت مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ ئادىمى بولسىمۇ، ژورنالنىڭ گۈزەل سەن-ئەت ئىشلىرىغا ياردەملىشەتتى. جارۇللا ئەخمىدى ئاتاقلىق شا-ئىر، ژۇرنالىست ھەم جامائەت ئەربابى بولغاچقا، ئۇنىڭ خەلق ئىچىدە ھۆرمەت ئىناۋىتى يۇقىرى ئىدى. ئۇ، مۇھەررىرلىك خىزمىتىنى ئىشلىگەندىن بېرى، يېڭى قاشتېشى ژۇرنىلى سان، سۈپەت جەھەتتىن يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، شىنجاڭ بويىچە كۆزگە كۆرۈنگەن ژۇرناللارنىڭ بىرى بولۇپ قالغانىدى.

— ھېكمەت، — جارۇللا ئەخمىدى ئىش ئۈستىلى ئالدى-غا كېلىپ پوپكىسىنى قويدى، — «گۆھەر زېمىن» نەشرىياتى-دىن ئىشانوف ھەم مىرسۇلتان دېگەن ئىككى ئەرباب كەپتۇ. ئەتە ئۇلار يەرلىك كومىتېت مەجلىسخانىسىدا قەلەمكەشلەر بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزمەكچىكەن، سىزنىمۇ قاتناشسۇن دەيدۇ.

— ئۇلار ئەسەر توپلىغىنى كەپتۇمۇ ياكى ...

— ئاڭلىشىمچە ئادەم ئالغىنى كەپتۇمىش ...

ئىشىك ئېچىلىپ نەبىنىڭ بېشى كۆرۈندى. ئۇ، «بۇ يەرگە

چىقىسىڭىز» دېگەندەك ئىشارە قىلدى، ھېكمەت ئۇنىڭ ئۇمىسۇرۇن چىرايىنى كۆرۈپ ئەندىكىپ قالدى. ئەسلىدە نەبىنىڭ تويىنى قىلىش ئۈچۈن پولات زاۋۇتىدىكى بىر ئىشچىنىڭ قىزىغا ئەلچى كىرگۈزگەنىدى. كىم بىلىدۇ ئاردا بىر سېغىزخان ئىشنى بۇزغان بولسا قىز يېنىۋالدىمۇ؟

ھېكمەت جارۇللا ئەخمىدىگە باش لىڭشىتىپ قويۇپ چىقىپ كەتتى. ئۇ نەبىنى باشلاپ مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ باغ ئىچىدىكى يولىدا كېتىۋاتقىنىدا، ۋاڭ شۇمېيگە ئۇچرىشىپ قالدى. ئۇنىڭ قولىدا يۇمىلاق ئورالغان قەغەز بار ئىدى. ھېكمەت ۋاڭ شۇمېي بىلەن تونۇشقان يىللاردىن بېرى ئۇنىڭغا رەسىم سىزىش جەھەتتىن كۆپ ياردەملەرنى قىلدى. بەزىدە بۇ تىرىشچان ئايال ھېكمەت سىزىپ بولالمىغان تەشۋىقات رەسىملىرىنى ئېلىپ كېتىپ سىزىپ كېلەتتى.

— رەسىملەرنى سىزىپ بولغان، — دېدى ۋاڭ شۇمېي قولىدىكىنى كۆرسىتىپ، — سىزنى ئۆيىدىمىكى دەپ بارسام يوقكەنسىز.

— ئىشخانىدا جارۇللاكام قالدى، خاپا بولماي ئەكىرىپ قويىسىڭىز، ئىنىمغا ئازراق گەپ بار ئىدى...

ئۇلار ئايرىلىپ ئۆيگە كىرىشتى. ھېكمەت نەبىنىڭ بىرەر ئىشتىن ئاچچىقى كەلگەنلىكىنى ئۇنىڭ مىس چۆگۈندەك قىزىرىپ كەتكەنلىكىدىن بىلدى.

— ھەي، نېمىگە شۇنچە تۇتۇلۇپ كەتتىڭ، بىرەر ئىش بولدىما ياكى قىز تەرەپ يېنىۋالدىمۇ؟

— يېنىپقۇ ئالمىدى، لېكىن كىم دەپ قويغان، — نەبىنىڭ بېشى چۈشۈپ كەتكەنىدى، — ئۇ قىز: «سىز ئەلەم كۆرىشكە قاتنىشىپ قويغانلىقىم ئۈچۈن كېسىلگەن دېگەن ئىدىڭىز، ئەسلىدە ئادەم ئۆلتۈرۈپتىكەنسىزغۇ» دەپ تىلىنى چايناپ ئولتۇرىدۇ.

— ئويلىغىنىمدەك بوپتۇ، — ھېكمەتنىڭ ئاچچىقى
كەلگەندى، — مەن سۆزلىشىپ كۆرەي.

— بولدى قىلايلىلا ھېكمەتكا، ئۇ قىز ھېلىتىن مۇنداق
دەۋاتقان يەردە، كېيىنچە پېشانەمدىن كەتمەيدىغان ئوخشايدۇ.

— ئەمىسە نېمانچە خاپا كۆرۈنىسەن؟

— بۇگۈن ئەتىگەن ... ھويلىغا ئىككى ئادەم كىرىپ، —
نەبىنىڭ كۆزىنىڭ ئەتراپى قىزاردى، — بۇ قورۇنى سېتىۋال-
دۇق، دەرھال كۆدە - كۆرپەڭنى كۆتۈرۈپ كۆچۈپ كەت دەۋاتىد-
دۇ. قارىسام قولىدا قورۇنى سېتىۋالغان ھۆججەتمۇ بار، ئۇنىڭ-
غا دادام قول قويۇپتۇ.

ئىككى ئاينىڭ ئالدىدا ئون بەش يىللىق كېسىلگەن قايىت
تۈرمىدىن چىققانىدى، ئۆزگەرتىش مەيدانىدا پوچىقى پېتىشماي
بىرنەچچە قېتىم تۇتۇشۇپ يېڭىلگەن قايىت، ئاچچىقىنى ئىچىگە
يۇتۇپ ئىنامىغا پاتقانىدى. تۈرمىدىن چىقىپ ئۆز ئۆيىدە بۇ غورا
قاپاق، چويۇن ھۆررەكنى ئۇچرىتىپ قالغان قايىتنىڭ غەزىپى
تاشتى.

— ھەي، بۇ ئۆيدە نېمىش قىلىسەن، سەن زادى كىم؟

— كۆزۈڭنى ئېچىپ ئوبدانراق قاراپ باق، — نەبى
ئورنىدىن تۇرۇپ دېۋەيلەپ كەلدى، — ئۇنىڭدىن كېيىن كىم-
لىكىمنى بىلىسەن.

قايىت چىقىر كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ، بۇژغۇرسېرىق سا-
قاللىرىنى تاتىلاپ بىر ھازا قارىدى ۋە چىرايى كەكرى يەۋالغاند-
دەك تۈرۈلدى.

— سەن ... سەن ... نەبىما؟ — قايىت سۆپىغا زوككىدا
ئولتۇردى - دە، يا يىغىغا ياكى دادخۇرلۇققا ئوخشىمايدىغان
غەيرىي ئاۋازدا ھۆركىرىگىلى تۇردى، — ۋاي توۋا، ۋاي چەر-
خى پەلەك، ۋاي شۇم پەلەك، رەپتارىڭ بۇزۇق پەلەك، سەككىز
يىل ئۆز پۇشتۇمغا دۈشمەن قىلغان پەلەك، كۆڭلۈمگە قىساس

ئوتمنى سالغان پەلەك ...

نەبى ئۇنىڭ ھاڭراشلىرىغا قۇلاق سالماي چىقىپ كەتتى. شۇنىڭدىن بېرى ئۇلار يات ئادەملەردەك بىر - بىرىگە زۇۋان سۇرمەي، ئۇچرىشىپ قالسا ھومىيىشىپ ياكى يەرگە قاراپ، قايىت مېھمانخانىغا. نەبى گۈلزىبانىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ كې-تىشەتتى. بۇگۈن بولسا قورۇنىڭ سېتىلىپ كەتكەنلىك خەۋىرى كەلدى.

— بولدى، كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما، — دېدى ھېكمەت، — ئاقمۇللا ئىمامنىڭ قورۇسى بولغاندىن كېيىن.

— مېنىڭ يۈرىكىمنىڭ سىقىلىۋاتقىنى، — نەبى كۆزلى-رىگە ياش ئالدى، — ئانام، گۈلزىبا ئاچاملارنىڭ قەدىمى چۈش-كەن، ئەزىمەت يۈگۈرۈپ ئوينىغان، ئۆزۈم تۇغۇلۇپ چوڭ بول-غان ئاشۇ قورۇغا ئەمدى ياتلارنىڭ ئىگىدارچىلىق قىلىشى. چوقۇم ئۇلار ئۆيلىرىمىزنى چېقىپ يېڭىۋاشتىن سالىدۇ.

— ئامال قانچە، بەردەمرەك بول.

— ھېكمەت ئاكا، مەن ئۇرۇمچى تەرەپلەرگە كېتەي دەي-مەن. نەدىكى كىچىك بالا، خوتۇن كىشى قىلىدىغان ئۇششاق ئىشلار بىلەن ئۆمرۈم ئۆتەرمۇ؟

ھېكمەت نەبىنىڭ ھالىغا يېتەتتى. «كېتىمەن» دېيىشىمۇ يوللۇق ئىدى. ئۆز يۇرتىدا ئۇنىڭ قارا تەقدىرىنى ھەممە بىلىشى-دۇ، بىلمىگەن تەقدىردىمۇ بىر - بىرىدىن ئاڭلايدۇ. «مەھ-بۇس» دېگەن كۆزگە كۆرۈنمەس لەنىتى تاختا بويىنىغا ئېسى-لىپ، پېشانىسىغا ئۇرۇلۇپ، ھەممىلا يەردە قېقىلىپ - سوقۇ-لۇپ، ھاياتى خورلۇقتا ئۆتىدۇ. ئەلۋەتتە ھەممىلا يەر خۇدانىڭ ماكانى، تۇرمۇشنى قايتىدىن باشلاشنىڭ نېمە يامىنى بار؟

— بولىدۇ نەبى، مەن كامىلغا خەت يېزىپ، بىرەر ئورۇن-نىڭ ئامالىنى قىلاي، — دېدى ھېكمەت ئىشەنچ بىلەن، — مۇنداقلا بارساڭ ئۇرۇمچىدە تەمتىرەپ قالىسەن.

— بولىدۇ، سىزنىڭ ئاغزىڭىزغا قارايمەن:

ھېكمەت ئەتىسى ئەتىگەندە يەرلىك كومىتېتتىكى قەلەمكەشلەر يېغىلغان يىغىنغا قاتناشتى. «گۆھەر زېمىن» نەشرىياتىنىڭ باش مۇھەررىرى ھەم باشلىقى ئىشانوف بىلەن كادىرلار بۆلۈمى باشلىقى مىرسۇلتانلار، كېچىكىپ كىرگەن ھېكمەت بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى. ئىشانوف ئوتتۇرا بوي، كەڭ ئاق يۈزلۈك ئادەم بولۇپ كۆكۈچ چارلاشقان چاچلىرى گەجگىلدىرىگىچە بۇدۇر ئىدى. مىرسۇلتان ئېگىز، بۇغداي ئۆڭ، ئاتىيۇزلۈك، چۇقاچاشلىرى سەل شالاڭلاشقان، ئەمما قاپقارا ئۆسكىلەك قاشلىرى قويۇق ھەم پارقىراپ تۇراتتى.

يىغىن باشلاندى. ئىشانوف گۆھەر زېمىن نەشرىياتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇپ، نەشر قىلىنىۋاتقان كىتابلارنىڭ سان ـ سۈپەت جەھەتتىكى نەتىجىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئاخىرىدا ئۇ، رومانچىلىق ئىجادىيىتىنىڭ يوق دېيەرلىك ھالدا ئىكەنلىكى، بۇ كۆنسېرى تەرەققىي قىلىۋاتقان جەمئىيەت ۋە خەلقىنىڭ مەنىۋى ئوزۇقى بولغان تەشنالىقىنى قاندۇرالمىغانلىقى ھەققىدە سۆزلەپ، كۆپلەپ ئەسەر يېزىشنى تەلەپ قىلدى. ئىشانوفنىڭ سۆزى تۈگىشى بىلەن بىر قىسىم قەلەمكەشلەر ئۆزلىرىنىڭ ئىجادىيەت پىلانلىرىنى، نېمىلەرنى يېزىپ، قانداق ماتېرىياللارنى تەييارلىغانلىقلىرىغا قەدەر سۆزلەشتى. كادىرلار بۆلۈمىنىڭ باشلىقى مىرسۇلتان گۆھەر زېمىن نەشرىياتىنىڭ ئانا نەشرىيات ئىكەنلىكى، شۇڭا بىر قەدەر قەلىمى پىشقان، نەشرىياتچىلىقتىن خەۋىرى بار تەھرىرلەردىن يېتىشتۈرۈش ھەم تولۇقلاش زۆرۈر ئىكەنلىكىنى شەرھىيلەپ، ئاپتونوم رايونلۇق ھۆكۈمەتتىن قىسمەن ئادەملەرنى تەلەپ قىلغانلىقىنى ئېيتتى. بەزىلەر بىر ـ بىرىگە قاراپ، خۇددى ئۆزلىرىنى ھازىرلا ئايروپىلانغا سېلىپ ئېلىپ كېتىدىغاندەك ھېجىيىپ قويۇشتى. ھەتتا بەزىلىرى يىغىن تۈگەش بىلەنلا ئۇلارنى مېھماندارچىلىققا تەك-

لىپ قىلىشتى ... شۇ كۈنى كەچتە ھېكمەت ئۆيىدە كىتاب كۆرۈپ ئولتۇراتتى. ئىشىك ئېچىلىپ ئىشانوف بىلەن مىرسۇل-تان ئىككىسى كىرىپ كېلىشتى، قىلچە تەييارلىقى يوق ھېكمەت ھودۇقۇشتىن نېمە قىلارىنى بىلمەي قالدى. لېكىن، ئۇلار تاماق يەپ كەلگەنلىكى، ھېچنېمە قىلماسلىقىنى ئېيتتى.

— ئەتىگەن باشقىلار بىلەن خوشلىشىپ بولغۇچە كېتىپ قاپسىزغۇ - ھە، — دېدى ئىشانوف ئورۇندۇققا ئولتۇرۇۋېتىپ، — خوتەنگە كەلسەك بىزدىن قېچىپ يۈرسەڭلار بولامدۇ - ھە، بۇگۈن كەچ زېرىكىپ قالدۇق، بىرەر كىنو-خانىغا ئاپارمامسىز؟

ھېكمەت ئۇلارنى باشلاپ، مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ ئارقىسىدى-كى «قىزىل يۇلتۇز» كىنوخانىسىغا باشلاپ كەلدى. بۇ كىنوخانا 40 - يىللاردا سېلىنغان كونا ۋەيرانە بولۇپ، تېخى يېقىندىلا يېڭىدىن زامانغا لايىق چوڭ قىلىپ سېلىنغانىدى.

— ئىشانوفكا، — دېدى ھېكمەت قورۇنۇۋراق، — ھىندىستاننىڭ «كارۋان» دېگەن كىنوسىكەن.

— ۋۇي بولىدۇ، كۆرەيلى، قانداق دېدىم مىرسۇلتان؟

— بۇ كىنو ئۈرۈمچىدە چالا - پۇچۇق قويۇلۇپلا يوقاپ كەتكەنىدى، كۆرسەك كۆرەيلى.

ئۇلار ئىككىسى كىنو باشلانغىچە، باشلانغاندىن كېيىنمۇ ھېكمەتنىڭ ئېلان قىلىنغان ئەدەبىي ئەسەرلىرىنى، كۆرگەزمىگە قويۇلغان ھەم ژۇرناللارنىڭ مۇقاۋىلىرىغا بېسىلغان رەسىملىرى-نى ماختىغان بولدى. كېيىن، ئۇنى ئۈرۈمچىگە يۆتكىمەكچى بولغانلىقىنى ئوچۇقلا ئېيتتى. ھېكمەت بىر نېمە دېمەي جىمىپ كەتتى. چۈنكى ئۇ، بولتۇر باھار كىرىش بىلەنلا ئاپىسىنى غۇلجىدىن ئەكەلدۇرۇپ يېنىدا تۆت ئاي تۇرغۇزدى. ئاۋغۇست ئايلىرى كېرىش بىلەن شەرىپە قايتىش تەييارلىقىنى قىلدى. ھېكمەت ئۇنى ئاپىرىپ قويۇش باھانىسىدا غۇلجىدا ئون كۈن

تۇردى. ئۇ ئاپىسىنىڭ كۆز - ياشلىرىغا چىدىماي ئىلى گېزىتخا-
نىسى بىلەن ئالاقىلەشتى، ئۇلارمۇ قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى بىل-
دۈرۈشتى. بىراق، يۆتكىلىش قەغىزى كەلمەيۋاتاتتى.

— ئەمدى ··· راست گەپنى قىلمىسام بولمايدۇ، — دېدى
ھېكمەت خىجىل بولۇپ، — ئاپام بولسا ياشىنىپ قالدى، ئۇ-
زۇن يىل ھالىدىن خەۋەر ئالالمىدىم. شۇڭا، مەن ئىلى گېزىتخا-
نىسى بىلەن ئالاقىلەشكەنىدىم. يۆتكىلىش قەغىزىگە ساقلاۋاتىمەن.

ئىشانوف بىلەن مىرسۇلتان بىر - بىرىگە قارىشىپ قانداق-
تۇر ئىشارىلەرنى قىلىشتى. مىرسۇلتان ئەگىتمە يوللار بىلەن
ئۈرۈمچىنىڭ زىيالىيلار توپلاشقان بىلىم يۇرتى ئىكەنلىكى، ھەر
قانداق كەسىپ ئەھلى ئۈچۈن شارائىت تولۇق ئىكەنلىكىنى چۈ-
شەندۈردى.

— ئەگەر رەسمىيلىق جەھەتتە قىيىنالسىڭىز ئۆزىڭىزنىڭ
ئۇستازلىرى بار، — دېدى مىرسۇلتان قويۇلۇۋاتقان كىنوغا
ئىرەنمۇ قىلماي، — ئەدەبىيات جەھەتتە بولسا، كاتتا يازغۇ-
چى، شائىرلار تولۇپ تۇرۇپتۇ.

— ئەگەر ئاپىڭىزدىن ئەنسىرىسىڭىز، يېنىڭىزغا ئە-
كېلىۋالسىڭىزمۇ بولىدۇغۇ - ھە، — ئىشانوفمۇ گەپ
قىستۇردى، — ئەگەر بارىمەن دېسىڭىز غۇلجىمۇ يېقىن.

ئۇلار بىر - بىرىگە پاس چىقىرىپ خېلى كۆپ سۆزلىدى.
ھېكمەتمۇ ئىككى ئويلۇق بولۇپ قالدى. ئىلى گېزىتخانىسىنىڭ
ئەۋەتمەكچى بولغان يۆتكەش قەغىزى ۋەدە قىلغان ۋاقىتتىن ئې-
شىپ كەتتى. بەلكىم ئۇلار ھېكمەتنىڭ ئورنىغا بىرەر يېقىنىنى
ئورۇنلاشتۇرۇپ بولدىمۇ تېخى. ئۇنداقتا ئۈمىد باغلاپ، بۇلار-
نىڭ خېرىدارلىقىدىن قۇرۇق قالسا قېرى ئاپىسى نېمە بولۇپ
كېتەر؟ بولۇپمۇ ھېكمەتنى خۇشال قىلىپ تۇرغىنى، ئەگەر ئۇ
«گۆھەر زېمىن» نەشرىياتىغا بارسا، كامىل بىلەن يەنە بىللە
ئىشلەيدۇ - دە.

لىپ قىلىشتى ... شۇ كۈنى كەچتە ھېكمەت ئۆيىدە كىتاب كۆرۈپ ئولتۇراتتى. ئىشىك ئېچىلىپ ئىشانوف بىلەن مىرسۇلتان ئىككىسى كىرىپ كېلىشتى، قىلچە تەييارلىقى يوق ھېكمەت ھودۇقۇشتىن نېمە قىلارىنى بىلمەي قالدى. لېكىن، ئۇلار تاماق يەپ كەلگەنلىكى، ھېچنېمە قىلماسلىقىنى ئېيتتى.

— ئەتىگەن باشقىلار بىلەن خوشلىشىپ بولغۇچە كېتىپ قاپسىزغۇ - ھە، — دېدى ئىشانوف ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇۋېتىپ، — خوتەنگە كەلسەك بىزدىن قېچىپ يۈرسەڭلار بولامدۇ - ھە، بۈگۈن كەچ زېرىكىپ قالدۇق، بىرەر كىنوخانىغا ئاپارمامسىز؟

ھېكمەت ئۇلارنى باشلاپ، مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ ئارقىسىدىكى «قىزىل يۇلتۇز» كىنوخانىسىغا باشلاپ كەلدى. بۇ كىنوخانا 40 - يىللاردا سېلىنغان كونا ۋەيرانە بولۇپ، تېخى يېقىندىلا يېڭىدىن زامانغا لايىق چوڭ قىلىپ سېلىنغانىدى.

— ئىشانوفكا، — دېدى ھېكمەت قورۇنۇۋراق، — ھىندىستاننىڭ «كارۋان» دېگەن كىنوسىكەن.

— ۋۇي بولىدۇ، كۆرەيلى، قانداق دېدىم مىرسۇلتان؟

— بۇ كىنو ئۈرۈمچىدە چالا - پۇچۇق قويۇلۇپلا يوقاپ كەتكەنىدى، كۆرسەك كۆرەيلى.

ئۇلار ئىككىسى كىنو باشلانغىچە، باشلانغاندىن كېيىنمۇ ھېكمەتنىڭ ئېلان قىلىنغان ئەدەبىي ئەسەرلىرىنى، كۆرگەزمىگە قويۇلغان ھەم ژۇرناللارنىڭ مۇقاۋىلىرىغا بېسىلغان رەسىملىرىنى ماختىغان بولدى. كېيىن، ئۇنى ئۈرۈمچىگە يۆتكىمەكچى بولغانلىقىنى ئوچۇقلا ئېيتتى. ھېكمەت بىر نېمە دېمەي جىمىپ كەتتى. چۈنكى ئۇ، بولتۇر باھار كىرىش بىلەنلا ئاپىسىنى غۇلجىدىن ئەكەلدۇرۇپ يېنىدا تۆت ئاي تۇرغۇزدى. ئاۋغۇست ئايلىرى كىرىش بىلەن شەرىپە قايتىش تەييارلىقىنى قىلدى. ھېكمەت ئۇنى ئاپىرىپ قويۇش باھانىسىدا غۇلجىدا ئون كۈن

تۇردى. ئۇ ئاپىسىنىڭ كۆز - ياشلىرىغا چىدىماي ئىلى گېزىتخا-
نىسى بىلەن ئالاقىلەشتى، ئۇلارمۇ قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى بىل-
دۇرۇشتى. بىراق، يۆتكىلىش قەغىزى كەلمەيۋاتاتتى.

— ئەمدى ··· راست گەپنى قىلمىسام بولمايدۇ، — دېدى ھېكمەت خىجىل بولۇپ، — ئاپام بولسا ياشىنىپ قالدى، ئۇ-
زۇن يىل ھالىدىن خەۋەر ئالالمىدىم. شۇڭا، مەن ئىلى گېزىتخا-
نىسى بىلەن ئالاقىلەشكەنىدىم. يۆتكىلىش قەغىزىگە ساقلاۋاتىمەن.

ئىشانوف بىلەن مىرسۇلتان بىر - بىرىگە قارىشىپ قانداق-
تۇر ئىشارىلەرنى قىلىشتى. مىرسۇلتان ئەگىتمە يوللار بىلەن
ئۇرۇمچىنىڭ زىيالىيلار توپلاشقان بىلىم يۇرتى ئىكەنلىكى، ھەر
قانداق كەسىپ ئەھلى ئۇچۇن شارائىت تولۇق ئىكەنلىكىنى چۈ-
شەندۇردى.

— ئەگەر رەسساملىق جەھەتتە قېينالسىڭىز ئۆزىڭىزنىڭ
ئۇستازلىرى بار، — دېدى مىرسۇلتان قويۇلۇۋاتقان كىنوغا
ئىرەنمۇ قىلماي، — ئەدەبىيات جەھەتتە بولسا، كاتتا يازغۇ-
چى، شائىرلار تولۇپ تۇرۇپتۇ.

— ئەگەر ئاپىڭىزدىن ئەنسىرىسىڭىز، يېنىڭىزغا ئە-
كېلىۋالسىڭىزمۇ بولىدۇغۇ - ھە، — ئىشانوفمۇ گەپ
قىستۇردى، — ئەگەر بارىمەن دېسىڭىز غۇلجىمۇ يېقىن.

ئۇلار بىر - بىرىگە پاس چىقىرىپ خېلى كۆپ سۆزلىدى.
ھېكمەتمۇ ئىككى ئويلۇق بولۇپ قالدى. ئىلى گېزىتخانىسىنىڭ
ئەۋەتمەكچى بولغان يۆتكەش قەغىزى ۋەدە قىلغان ۋاقىتتىن ئې-
شىپ كەتتى. بەلكىم ئۇلار ھېكمەتنىڭ ئورنىغا بىرەر يېقىنىنى
ئورۇنلاشتۇرۇپ بولدىمۇ تېخى. ئۇنداقتا ئۇمىد باغلاپ، بۇلار-
نىڭ خېرىدارلىقىدىن قۇرۇق قالسا قېرى ئاپىسى نېمە بولۇپ
كېتەر؟ بولۇپمۇ ھېكمەتنى خۇشال قىلىپ تۇرغىنى، ئەگەر ئۇ
«گۆھەر زېمىن» نەشرىياتىغا بارسا، كامىل بىلەن يەنە بىللە
ئىشلەيدۇ - دە.

— بولىدۇ، مەن يەنە ئويلىنىپ باقاي …

— سىز ئويلىنىپ باقاي دېگەن گەپنى قىلماڭ ـ ھە، — دېدى ئىشانوف، — بۇ سىزگە پۇرسەت.

— توغرا، بىز سىزنىڭ نەشر قىلغان ئەدەبىي ئەسەرلىرىڭىزنى ۋە رەسىملىرىڭىزنى كۆرۈپ، ھۆكۈمەتكە دوكلات سۇنـدۇق، — مىرسۇلتان كەسكىن ئاھاڭدا قىلاتتى، — چۈنكى يەرلىكنىڭ بەرمەسلىكى تۈرغانلا گەپ، يۈتكەيدىغان نىشان پەقەت سىزلا ئەمەس، شىنجاڭ بويىچە ئون بىر ئادەم.

— ماقۇل، بارسام باراي.

— يەنە ئىككى تايىن گەپ قىلىسىزغۇ ـ ھە، — ئىشانوف تۈز كۆڭۈل، ساددا ئاھاڭدا قىلاتتى، — يېقىندا، بەزى نەشرىياتلار ئادەم ئېلىش ئۈچۈن ھەر قايسى جايلارغا بارىدۇ. بىز يۈتكىلىش رەسمىيىتىنى ئەۋەتىپ بولغۇچە، ئۇلارغا تەسلىم بولۇپ كېتىدىغان ئوخشىمامسىز.

— ياقەي، ئۇنداق ئاسانلا بايراق چىقارماسمەن.

ئۇلار كۈلۈشۈپ كېتىشتى. كىنو تۈگىگەندىن كېيىن ھېكمەت، ئۇلار بىلەن پاراڭلىشىپ، شۆبە ھەربىي رايون مېھمانخانىسىغىچە بىللە كەلدى. ئۇ قايتىدىغان چىغىدا ئىشانوف «ئەتە ئەتىگەن مېھمانخانىغا كېلىڭ، جارۇللا ئەخمىدىمۇ كەلمەكچى» دەپ ئەسكەرتىپ قويدى.

ھېكمەت بىلەن جارۇللا ئەخمىدىنىڭ «گۆھەر زېمىن» نەشرىياتىغا يۈتكىلىش ئىشى رەسمىي بېكىتىلىپ بولغاندىن كېيىن ئىشانوف، مىرسۇلتانلار ئايروپىلان بىلەن ئۈرۈمچىگە قايتتى. ئۇلار كېتىپ يېرىم ئايغا قالماي يۈتكىلىش قەغىزى كەلدى. بۇ دېكابىرنىڭ ئاخىرلىرى ئىدى. ھېكمەت ھەممە رەسمىيەتلىرىنى بېجىرىپ بولۇپ، مېڭىش تەييارلىقىنى قىلىۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، نەبىنىڭ ئۆيىدە قونۇپ قالدى. قايىت قورۇنى سېتىۋېتىپ يوقالغاندىن كېيىن، ئۇ ئاقمۇللا ئىمامنىڭ ۋەسىيەت قى-

لىپ قالدۇرغان قورۇ ـ جايىنى بىر قۇر تۈزەشتۈرۈپ ئولتۇرۇ-
ۋاتاتتى.

سامان تەكىينى تامغا يۆلەپ ئولتۇرغان نەبى يوتقىنىنى تىزلىرىغا تارتىپ قويۇپ، ئەلەملىك خىياللارغا بېرىلىپ كەتكە-
نىدى. گەرچە ھېكمەت ئۇرۇمچىگە بېرىپلا ئۇنىڭغا بىر-
رەر زاۋۇت ـ كارخانا ياكى ئىدارىلەردىن ئىش تېپىپ ئېلىپ
كېتىدىغانلىقىنى ئېيتقان بولسىمۇ، نېمە ئۈچۈندۇر يەنىلا كۆڭ-
لى بەكمۇ يېرىم ئىدى. باللىق ۋاقتىدىن ئۆزىنى تەربىيىلەپ،
ئۆز ئاتىسىدىنمۇ چارى بولۇپ قالغان ھېكمەتنىڭ كەتمەكچى
بولۇشى، ئۇنىڭ يۈرەك باغرىنى ئۆرتىۋەتتى. ئۇ، سەككىز يىل-
لىق تۈرمە ھاياتىدىمۇ بۇنچىلىك غېرىبسىنمىغانىدى. چۈنكى،
بىلىگە تېڭىۋالغان تىللاسى ياكى كۆمۈپ قويغان خەزىنىسى بار-
دەك، ھېكمەت خوتەندە بولغانلىقى ئۈچۈنلا كۆڭلىنى توق تۇتاتتى.
تى. قايىت، بۈمەرەمخان، گۈلزىبا، گۈلرۇز، ماھىگۈل نەبى-
لەردىن تەركىب تاپقان بىر جەمەت ئادەملەرنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن
پاجىئەلەر مەركىزىدە ھېكمەت بار ئىدى. ئۇ، مۇشۇ كىچىككى-
نەقورۇدىن ئىبارەت ھايات سەھنىسىدە ئادەم تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز
تراگېدىيىلىك روللارنى ئېلىپ چىقتى، ئاخىرى بەختسىز بولۇپ
قالدى. گۈلزىبا تۈگىگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ تۇرمۇشىدا ھېچقان-
داق لەززەت ۋە ھۇزۇر بولمىدى. مەھبۇبەنى گەرچە ياخشى
كۆرمىسىمۇ يامان كۆرمىدى، ئىنسانىي بۇرچىنى ئادا قىلىپ
ئىللىقلىق يەتكۈزدى. لېكىن مەھبۇبە، ھېكمەتنىڭ ياشلىقىدا
ئېرىشكەن ھەممە نېمىسىنى ۋەيران قىلىش ئارقىلىق ئۆزىگە
تېگىشلىك بولمىغان نەرسىنى قولغا كەلتۈرمەكچى بولدى، ئەمە-
لىيەتتە ھەممىدىن قۇرۇق قالدى. «ۋاپا» رەسىمىنىڭ ۋە خاتىرە
تاختاينىڭ كۆيدۈرۈلۈشى نەبىنىمۇ قاتتىق ئازابلىدى، مۇنداق
قاراكۆڭۈللۈك ئاچىسى گۈلزىباغاھاقارەت ئىدى. نەبى بىرنەچچە
قېتىم ئۇلارنى ياراشتۇرۇپ قويماقچى بولدى، ئەمما بۇ كۆڭۈلگە

تالىق ئىش بولغاچقا زادى ئۇقتىسىغا كەلتۈرەلمىدى. مەھبۇبە
ھېكمەتنىڭ ئۈرۈمچىگە يۆتكىلىدىغانلىقىنى ئاڭلىغاندا، قانچە
كېچىلەپ ئاچچىق ياشلارنى تۆكمىدى دەيسىز ... ئۇنىڭغا نەبى:
«سىزمۇ بىللە كەتسىڭىز بولمامدۇ» دېگەندە، ئۇ ئۇنىسىز باش
چايقىدى. بۇ نادان مەزلۇم: «بۇرۇنقى ھالەتنى ساقلىغان بول-
سام، ھېكمەت مېنى چىن دىلىدىن ياخشى كۆرۈپمۇ قالغان بولار
ئىدى. ئەپسۇس، ھازىر ئۇ ماڭا تېخىمۇ ئۆچ بولۇپ كەتتى.
بۇ مېنىڭ ھەقىقىي مۇھەببەتنى چۈشەنمەسلىكىمدىن بولدى»
دەپ پۇشايمان قىلدى. مەھبۇبە ئەقىلسىزلىقىدىن ئۆزىنىمۇ،
ھېكمەتنىمۇ بەختسىز قىلىپ قويدى. ئۇلار ھازىر ئوتتۇرا ياش-
لىق بولۇپ قالدى، ياشلىقى نەلەردىدۇر كۆمۈلۈپ كەتتى. دا-
نىشلار: «كىشىنىڭ ھۇزۇرى يالغۇزلۇقتا، پاراغىتى خىلۋەتتە»
دېيىشىدىكەن، بۇ بەلكىم دۇنيانى تەرك ئېتىپ، ئاشىقلىق يولى-
نى تۇتقان دەرۋىشلەر، مۇنەججىملەر ئۈچۈن ئېيتىلغان سۆز-
دۇر. ئەمما، ھەقىقىي ئادەملەر ئۈچۈن رېئاللىق قىچىپ قۇتۇل-
غىلى بولمايدىغان رەھىمسىز كۈچتۇر. ئەگەر ئاچىسى گۈلزىبا
ھايات بولغىنىدا، ھېكمەت ئاشۇنداق دەرۋىش سىياق بولۇپ
قالارمىدى؟ ئوغۇل - قىزلىرىنى دەرقەمتە چوڭ قىلىپ گۈلزىبا
ئاچامىۇ ياخشى كۆرگەن ئېرىنىڭ باغرىغا بېشىنى قويۇپ ئۆتسە،
ئۇلار بۇ دۇنيادىن ئارمانسىز كەتمەسمىدى! ئاھ خۇدا، ھادىس
ئۆز، ماتانەتلىك دۇنيانى يارىتىپسەن، لېكىن بىر ئۆمۈر چۈمۈ-
لىدەك تىرىشىپ ئارمانلارغا يەتكەنلەرنى كۆرمۇدۇم! ياكى كائى-
ناتقا بەخت چاچقۇلىرىنى چاچسام، بەندىلىرىم پاراغەتتە مېنى
ئۇنتۇپ قالىدۇ، دېدىڭمۇ؟ ياش - قېرىغا باقمىساڭ، ئۇلارنىڭ
ئىستەك - ئارزۇلىرى بىلەن ھېسابلاشمىساڭ، بۇ سېنىڭ ئادىل-
لىقىڭمۇ؟ گۈلزىبا ئاچامنىڭ تېخى ئون گۈلىنىڭ بىرى ئېچىل-
مىغان ئىدىغۇ!

نەبى مۇشۇ خىياللارنى قىلىۋاتقىنىدا «ئوتتۇز يەتتە ياشلار-

دىكى تولغان، سۇمباتلىق، ئاق سۇزۇك يۈزىدە قىپقىزىل خالى بار، بوستاندەك كىرپىكلەر سايىسىدا چوڭ كۆزلىرى خۇمارلاشقان، چېھرى - رۇخسارىدىن ئوتلۇق مېھرى يېغىپ تۇرغان لاتاپەتلىك بىر ئايال — ئاچىسى گۈلزىبا كۆز ئالدىدا ئايان بولدى... ئۇ ئۈنسىز ياش تۆكتى.

— ھەي، تېخىچىلا ئۇخلىماپسەنغۇ؟ — ھېكمەت يوتقىنىنى قايرىپ ياستۇققا جەينەكلىدى، — نەبى، كەچتىن تارتىپ كۆڭلۈمگە بىر ئىش كېلىۋالدى، سەن سەككىزىنچى سىنىپنى پۈتتۈرگەن، شۇڭا مەن ئۈرۈمچىگە بېرىپ قىسقا كۇرسلارنى سۆزلىشىپ كۆرسەم، ئوقۇساڭ قانداق بولار؟

— مەنمۇ ئويلىغان، ئەمدى ياش چوڭىيىپ قالغاندا سەل ئەپلەشمەيدىكەن، — نەبى ھېكمەتكە قايرىلدى، — بولسا شوپۇرلۇقتا ئوقۇغان بولسام.

— توغرا، بۇرۇنراق نېمىشقا كاللامغا كەلمىگەن بولغىيدى، بۇ چوڭ - كىچىك دېمەي ئۆگىنىدىغان كەسىپ تۇرسا، — ھېكمەت يوتقىنىنى تارتىپ زەدىۋاللىق تامغا يۆلەندى، — ئەگەر ئۇنداق خىيالىڭ بولسا ماشىنا ھەيدەشنىلا ئەمەس، بەلكى رېمونت قىلالايدىغان، چۇۋۇپ - تۈزەلەيدىغان، ۋاقتى ئۇزۇنراق كۇرستا ئوقۇشۇڭ كېرەك.

— كەتسىڭىز بىرە يىلغىچە ھەل قىلالارسىزمۇ؟

— قارا گېپىڭنى، بىرەر يىلغىچە مەن ئۇخلايمەنمۇ، ئۈرۈنلىشىۋېلىپ خاتىرجەم بولغاندىن كېيىنلا ھەرىكەت قىلىمەن. ئەمدى ئۇخلا، ئۆيمۇ مۇزلاپ كېتىپتۇ.

ھېكمەت ئەتىسى ئەتىگەندە مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ ۋېلىسىپىتى بىلەن بوستانغا چىقتى. ئۇ توختى قۇربان، زىكرۇللاغوجى، جۇمىراخۇن ئۇستاملار بىلەن خوشلىشىپ، ئەخمەت ھوشۇرنىڭ ئۆيىگە كىردى. ئۇ گەرچە شورۋاغ ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ مۇدىرى بولسىمۇ، ئايالى بوستان ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى بول-

غاچقا ئۆينى يۆتكىمىگەنىدى. ئۇلار ئىككىسى چاي ئىچكەچ بىرەر سائەتتەك مۇڭداشقاندىن كېيىن، ھېكمەت ئامۇتلۇق داۋىگە يۈرۈپ كەتتى. ئۇ بوستان بازىرىدا كېتىۋېتىپ تۇيۇقسىزلا كۆڭلىدىن بىر ئوي كەچتى - دە، ۋېلىسىپىتنى گۇڭشې قورۇسىغا قايرىدى. كاتىبات بۆلۈمدە ئابلىز بەكرى ئولتۇراتتى. ھېكمەت كاتىپ بىلەن قىزغىن ئەھۋاللىشىپ تۇراپ ئىمىن بىلەن ۋاڭ لىمىڭنى سورىغانىدى، كاتىپ ئىككى شۇجىنىڭ ئۇرۇمچىگە يىغىنغا كەتكەنلىكىنى، ھازىر ئۇلارنىڭ جان تىكىپ ئىشلەۋاتقانلىقىنى پەخىرلىنىپ سۆزلەپ بەردى.

— ھازىرقى تۇراپ ئىمىن بۇرۇنقىسىغا تۈپتىن ئوخشىمايدۇ، — دېدى كاتىپ كۈلۈپ قويۇپ، — ئۇ بەزىدە سىلەرنى ياد ئېتىپ: «ئاجايىپ ئوت يۈرەك باللار ئىدى» دەپ قويىدۇ.

ھېكمەت ئابلىز بەكرى بىلەن خوشلىشىپ ئامۇتلۇققا يۈرۈپ كەتتى. ئۇ ئۇدۇللا ئامۇتلۇق مازىرىغا كېلىپ، نەفىسەنىڭ قەبرىسى ئاندىن قۇتلۇق ھاجىم ۋە مەرھۇمخانىلارنىڭ قەبرىسى ئالدىدا دۇئا قىلدى. ئۇ يالىڭاچلىنىپ قالغان توغراقلىقلار ئوتتۇرىسىدىكى چىغىر يوللار بىلەن نەفىسەنىڭ قورۇسى ئالدىغا كېلىپ ھاڭ - تاڭ قالدى. چۈنكى، قورۇ ئورنى ئېتىزلىققا ئايلىنىپ كەتكەنىدى. پەقەت ئاستىغا كات قويۇلغان بىر تۈپ ئامۇت، بۇرۇنقى تاتلىق خاتىرىلەرنىڭ ئىزناسىنى ساقلاپ ئېتىز قىرىدا چوقچىيىپ تۇراتتى. كۆڭلى بۇزۇلۇپ، يۈرىكى ئەلەمگە تولغان ھېكمەت ۋېلىسىپىتقا مىنىپ نەفىسەنىڭ ئاچىسىنىڭ ئۆيىگە باردى. ئۇستۇۋېشىغا سامان توپىسى قونغان تۇرسۇنىساخان، كالا ئېغىلىدىن چىقىپ ھويلىدا تۇرغان ھېكمەتنى كۆرۈپلا مىچچىدە يىغلاپ سالدى. ئاندىن ئۇستۇۋېشىنى قېقىشتۇرۇپ ھېكمەتنى ئۆيگە باشلىدى. ئۇ ئالمان - تالمان كان ئوچاققا پاسار تېقىپ چاي قايناتماقچى بولۇۋىدى، ھېكمەت ئالدىرايدىغانلىقىنى

ئېيتىپ ئۇنى تۇستى.

— تۇرسۇننىساخان ئاچا، ئۇرۇمچىگە يۆتكەلگەندىم، — دېدى ھېكمەت، — شۇڭا ئۆزلىرى بىلەن خوشلاشقىلى كەلدىم، بۇ يەردىن قايتىپ يەنە بارىدىغان يەرلىرىم بار.

— كەلگەنلىرى بەكمۇ ئوبدان بوپتۇ، چوڭ ئۆيىنى كۆرگەنلا، — تۇرسۇننىساخان رومال ئۇچىدا كۆزلىرىنى سۈرتتى، — يەرلەرنى توتەن ① لەشتۇرۇمىز دەپ چېقىۋەتتى. بۇنداق چېقىلغان ئۆيلەر ئاز ئەمەس، ئۆيى چېقىلغان دېھقانلارنى جۇمىندەن②گە كۆچۈردى.

— سەمەتكام كۆرۈنمەيدىغۇ؟

— شەھەرگە پىچان ساتقىلى كىرىپ كەتكەن. ھوي راست، سىڭلىم نەفىسەنىڭ يوشۇرغان كىتابلىرى تېپىلدى. ئۇ، لاپاستىكى كەپتەر ئۇۋىسىنىڭ ئاستىدىكەن، بالىنىڭ دادىسى شەھەرگە ئېلىپ كىرىپ سىلىنى تاپالماي ياندۇرۇپ كەپتۇ.

تۇرسۇننىساخان كاجۇ ③ نىڭ ئىچىگە بەلگىچە ئېڭىشىپ لاتىغا ئورالغان بولاقنى ئېلىپ ھېكمەتنىڭ ئالدىغا قويدى. بۇ قاتمۇ قات يۆگەكلەرگە ئورالغان — ئۆز زامانىسىدا غازاخۇن ئۇستاز، قىرقىلغان، يىرتىلغان يەرلىرىنى چاپلاپ ھەم سىرتىنى تاشلاپ، خۇددى كىتابتەك قىلىپ قويغان ئىككى توپلام: XVII ئەسىرنىڭ ئاخىرى XVIII ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ياشىغان خوتەن گۇجانلىق مەھزۇن ۋە نەۋبەتى تەخەللۇسلۇق شائىرلارنىڭ خوتەن قەغىزىگە يېزىلغان قول يازمىلىرى ئىدى. مەرھۇم غازاخۇن ئۇستازنىڭ قولى تەگكەن كىتابتىن مۇشۇ ئىككىسى يالداما بولۇپ ساقلىنىپ قالغانىدى. قالغان ئىككىسىنىڭ بىرى ھەزرىتى مىرئەلىشىر نەۋائىنىڭ خەمسەسى ۋە ئۇنىڭ ئىچىدىكى چاھار

---

① توتەن - تىياۋتەن - يەرلەرنى تاختىلاشتۇرۇش.
② جۇمىندەن - جۇمىندىيەن - ئاھالىلەر ئولتۇراق ئۆيلىرى.
③ كاجۇ - ئاشلىق ساقلايدىغان چوڭ ساندۇق.

دۇانىنىڭ ئەڭ قەدىمكى قولىيازما نۇسخىسى ئىدى.

ھېكمەت كىتاب ۋە قولىيازمىلارنى ۋېلىسىپىت ئارقىسىغا مەھكەم باغلاپ، خوشلىشىپ يولغا چىقتى. ئۇ لاسكوي يولىغا قايرىلدى - دە ۋېلىسىپىتنى كۆرۈنگۈدەك يول ئۈستىگە قويۇپ، مۇرات بىلەن زۇمرەتنىڭ قەبرىسى ئوتتۇرىسىدا تىزلىنىپ ئولتۇردى. ھېكمەتنىڭ بىردىنلا ئۆپكىسى ئۆرۈلۈپ، قىرائەتنىمۇ تېلىقىپ - بۇغۇلۇپ ئارانلا تۈگەتتى. ئۇنىڭ يۈزلىرىدىن يول - يول ئېقىۋاتقىنى تەر ئەمەس ئىدى. بۇ، دوستىدىن ئىككىنچى قېتىم ئايرىلىشتىن ئېتىلىپ چىققان نادامەت ھەم جۇدالىق ياشلىرى ئىدى. ئۇنىڭ كۆڭۈل ئېكرانىدا زۇمرەت كۈلۈمسىرەپ، مۇرات بولسا بىر كۆزىنى ھەييارلارچە قىسىپ «ھە مۇمىناخۇن كەلدىڭمۇ» دەۋاتاتتى.

— مۇرات، مەن كېتىدىغان بولدۇم ... — ھېكمەت ئېسەدەپ كەتتى، — ئەمدى سېنىڭ بىلەن پات - پات، ۋاقتى - ۋاقتىدا كۆرۈشەلمەيدىغان ئوخشايمەن ... ياق ... ياق، ئىلاجى بار سېنى كۆرگىلى كېلىمەن ... .

— ماڭغىن، كېتىۋەر ... خوشپېئىل، خەير - ئېھسانچى دوستۇم، — مۇرات كۈلۈمسىرەپ سۆزلەۋاتاتتى، — كۆرۈپ تۇرۇپتىمەن، سېنىڭ قەلب قەسرەڭدە ئىككى قەبرە قاتۇرۇلغان...، بىرى گۈلزىبانىڭ يەنە بىرى مېنىڭ ... ئۇنداق ئىكەن مەن ھامان سېنىڭ بىلەن بىللە ...

— ئۇنداق دېگىنىڭ بىلەن ئىككىمىزنىڭ بۇ تۇپراققا چۈشكەن ئىزلىرىمىز، تۆككەن ئىسسىق ياش، قان-تەرلىرىمىز، ئۇنتۇلغۇسىز يادنامە-خاتىرىلىرىمىز قالىدىكەن ئەمەسمۇ! ...

— ئارقىمىزدا نېمىلەر قالمىغان، ئەجدادلىرىمىز نېمىلەرنى قالدۇرمىغان ھەم ئېلىپ كەتمىگەن ... بۇ ۋاپاسىز دۇنيانىڭ ئەلمىساقتىن تارتىپ داۋاملىشىپ كەلگەن مىزانى! سەنزە ئۆلۈم ۋەھشىيىتىنى تېتىپ، كۆرمىگەن كۈنۈڭ قالمىسىمۇ،

يەنىلا شۇنداق باغرىلىق يۇمشاق، ئاق كۆڭۈلسەن.

— سەن بۇرۇنمۇ شۇنداق مەدەتكار ئىدىڭ، ھېلىھەم ماڭا مەدەت بېرىۋاتىسەن، — ھېكمەت ئالىقانلىرىدا يۈزىدىكى ياشنى سۈرتتى، — بۇنىڭدىن كېيىنمۇ چۈشلىرىمگە پات - پات كىرىپ ماڭا ئىلھام بەر، مېنى ئۇنداق تاشلىۋەتمە، سېنىڭ خىياللىرىڭسىز بىرەر كۈنمۇ ئۆتكىنىنى بىلمەيمەن.

— ئېسىڭدىمۇ، بىز ئۇچىمىز قوم دۆۋىسى ئۇستىدە ئۆتكۈزگەن ئايدىڭ كېچە! شۇ يەردە كامىل ئىككىمىز ساڭا نېمە دېگەن، قانداق تارىخىي ۋەزىپىنى يۈكلىگەن؟! بۇنى ئۇنتۇما ... مۇبارەك خاتىرەڭدىن كۆتۈرۈلمىسۇن، بىزغۇ مەيلى، ئەۋلادلارنى ئويلا ...

— ئەگەر قۇدرىتىم يەتمىسىچۇ؟

— چوقۇم يېتىدۇ، سەندە تۇگۇنمەس بىر ئىرادە بار، ھەممىگە قادىر ئاللا ئەقىل - پاراسەت ئىشكىلىرىنى ئېچىپ بېرىدۇ ... دوستلار بولسا ساڭا ئىلھام ھەم مەدەت ئاتا قىلىدۇ!

— تىرىشىپ كۆرەي ... تىرىشىپ كۆرەي ...

ھېكمەت مۇرات بىلەن غايىبانە سۆزلىشىپ ۋاقتىنىڭ ئۆتۈپ كەتكىنىنى سەزمەي قالدى. ئۇ جۇپ قەبرە توپىسىدىن ئىككى چاڭگال ئېلىپ ياغلىقىغا تۇگۇپ، كۈيۈشۈپ كەتكەن پۇتلىرىنى ئارانلا رۇسلاپ ئورنىدىن تۇردى چوڭ يولغا چىقىپ ۋېلىسىپىتىغا مىنىش ئالدىدا دوستىنىڭ قەبرىسى تەرەپكە يەنە قارىدى. مۇرات بىلەن زۇمرەت ئۇنىڭغا قول پۇلاڭلىتىپ تۇراتتى ...

دېكابىرنىڭ كۈنلىرى بەكمۇ قىسقا بولىدۇ. ئانچە كەچ بولۇپ كەتمىگەن بولسىمۇ، ئەتىكى قارا سوغۇقتىن دېرەك بېرىپ يېزا يوللىرىنى تۇمان قاپلاشقا باشلىدى. ھېكمەت قوللىرى مۇزلاپ، يۈزلىرى چىملداپ كەتتى. ئۇ ۋېلىسىپىتنى جىددەللەپ ھەيدەپ شەھەرگە كىرىش بىلەن ھېچنېمىنى پەرق ئېتەلمەي قالدى. تۇمان تېخىمۇ قويۇقلىشىپ شەھەرنى پۈتۈنلەي كېپەنلە-

ۋالغانىدى. شۇڭا، ئۇ بىرەر نەرسىگە ئۇرۇلۇپ كەتمەسلىك
ئۈچۈن ۋېلسىپتنى يېتىلەپ مەدەنىيەت يۇرتىغا كىردى. ئاۋ-
ۋىدىن «ئۈچ بۇرجەك» بازارغا بېرىپ قورسىقىنى تويغۇزدى. ئۇ
قۇربان ھاكىم ئائىلىسى بىلەن خوشلىشىپ قويماقچىدى. قۇربان
ھاكىم تۇرمىدىن چىقىپ بىر مەزگىل ئۆيدە دەم ئالدى. ناھىيە-
لىك كومىتېت ئۇنى ئۆز خىزمىتىنى قىلىشقا قانچە ئۈندىگەن
بولسىمۇ زادىلا ئۇنۇمىدى. ئاخىرى ئۆز تەلىپى بويىچە ۋىلايەتلىك
قاتناش باشقارمىسىنىڭ باشلىقى قىلىپ تەيىنلەندى.

ھېكمەت كېتىۋېتىپ ئىچىدە: «ماھىنۇر بولمىسىكەن» دې-
گەن بىرلا سۆزنى تەكرارلايتتى. كېيىنكى چاغلاردا، نېمە ئۈ-
چۈندۇر بۇ چوكانغا نىسبەتەن قەلبىنىڭ قانداقتۇر بۇرجەكلىرىدە
ئىسسىق مېھرى ئۇچقۇنى بىر يېنىپ - بىر ئۆچىدىغان بولۇپ
قالغانىدى. ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىيتتى، شۇنداقلا ئۆزىگە بەش -
ئالتە يىل ساقلىغان ئەقىدىسىدىن ۋىجدان ئازابى تارتاتتى. ھېك-
مەت كېيىنكى ۋاقىتلاردا ماھىنۇردىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ يۈردى،
ماھىنۇر بەزى چاغلاردا ئۇنىڭ ياتىقىغا كەلسىمۇ كۆڭۈلگە تالىق
سۆزلەر بولۇنمايتتى. ھېكمەت كۆڭلىدە: «ئەگەر مەھبۇبەدىن
ئاجراشقان بولسام، تۇرمۇشۇمدا يەنە قانداق قىسمەتلەر يۈز بې-
رەركىن؟» دەپ ئويلايتتىيۇ، يۈرىكى سىلىپ كېتەتتى. بۇ
ئەندىكىش، قورقۇش، ھاياجانمۇ ئۆزىمۇ دەپ بىرەلمەيتتى. ئۇ
يۆتكىلىش رەسمىيەتلىرىنى بېجىرىپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىر
كېچىسى، ماھىنۇر ھېكمەتنىڭ ياتىقىغا كىردى ۋە قىزىرىپ
كەتكەن كۆزلىرىنى يەرگە تىكىپ ئۈنسىز جىم ئولتۇرۇپ كەت-
تى. ئۇ كېيىن بىردىنلا ئورنىدىن چاچراپ تۇردى - دە، بار
ئاۋازى بىلەن ۋارقىرىدى.

— كېتىڭ ... كېتىڭ، قانچە تېز بولسا شۇنچە ياخشى،
سىزدەك باغرى تاش، كۆڭلى قارىنى كۆزۈممۇ كۆرمىسۇن! —
ماھىنۇرنىڭ كۆزلىرىدە بىر تامچىمۇ ياش كۆرۈنمىدى، — سىز

دېگەن رېئاللىقتىن، تۇرمۇشتىن قاچىدىغان توخۇ يۈرەك، ۋىج-
دانسىز، ۋاپاسىز، چۈشەنگىلى بولمايدىغان مەخلۇق! مەن سىز-
گە ئۆچ بولۇپ كەتتىم، سىزدىن نەپرەتلىنىمەن!

ماھنۇر قاڭقىغان توپتەك چىقىپ كەتتى، ھېكمەت بولسا
بىر تۈن خىياللار قاينىمىدا تۇنجۇقۇپ ئۇخلالمىدى.

ھېكمەت كۆڭۈلسىز ئەسلىمىلەر بىلەن قۇربان ھاكىمنىڭ
قورۇسى ئالدىغا يېتىپ كەلدى. ئۇ ئۆزىنى سەل بېسىۋېلىش
ئۈچۈن بىردەم تۇردى. ئىشىك ھالقىسى بىرنەچچە قېتىم ئۇرۇل-
غاندىن كېيىن، ھويلىدا ئىتتىك ماڭغان قەدەم تىۋىشى ئاڭلان-
دى. ناھايىتى تېز ئېچىلغان دەرۋازىدىن ئېتىلىپ چىققان ماھى-
نۇر، ھېكمەتنى قاتتىق قۇچاقلاۋالدى ۋە قارا - قويۇق سۆيۈپلا
كەتتى ... خالتا كوچىدا بىر گەۋدە بولۇپ قالغان بۇ ئىككى
دەردمەننى گويا يات كۆزلەردىن پىنھان تۇتقاندەك، كۈمۈش رەڭ
تۇمان ئۆز باغرىغا ئالغانىدى.

— بولدى، بولدى قىلىڭ ... بىر كىم، بىركىم چىقىپ
قالىدۇ، — پىچىرلىدى ھېكمەت.

— ياق، ياق، ياق! ... — شىۋىرلىدى ماھنۇر ھاسىراپ.

ئۇلار ئۆيگە كىرگەندە، تاماق ئۈستىلى ئالدىدا گېزىت
كۆرۈپ ئولتۇرغان قۇربان ھاكىمنىڭ چىرايى ۋىللىدە ئېچىلدى.
پوپايكا توقۇۋاتقان نۇرگۈل قىزىنىڭ ئىشلىرىدىن خەۋەر تاپقان-
مۇ، يەر ئاستىدىن گۇمانسىراپ قاراپ قويدى.

— كەل ھېكمەت، مەن تېخى سېنى بىز بىلەن خوشلاش-
مايلا كېتىپ قالارمىكىن دېۋىدىم، — دېدى ھاكىم ھېكمەتنى
ئورۇندۇققا تەكلىپ قىلىپ، — ھە، قاچان ماڭىدىغان بول-
دۇڭ؟

— بىرنەچچە كۈن ئىچىدە يولغا چىقىشنى ئويلاۋاتىمەن،
جارۇللا ئەخمىدى دوختۇرخانىدا يېتىپ قالغاچقا شۇنىڭغا ساقلاپ
تۇردۇم.

نۇرگۇل چاي قىلىمەن دېگەندى، ھېكمەت ھازىرلا تۇرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ ئۇزۇر سورىدى. قۇربان ھاكىم خېلى ۋاقىتلارغىچە جىمىپ كېتىپ ئاستا بېشىنى كۆتۈردى.

— قارا ھېكمەت، بىر ئىشنى سەمىڭگە سالمىسام بولمايدۇ، — دېدى قۇربان ھاكىم ئېغىر تىنىپ قويۇپ، — سېنىڭ ئارخىپىڭنى ئارقاڭدىن ئەۋەتىشى مۇمكىن، شۇڭا سەن ئاۋۋال ئارخىپ خالتىسىغا سېلىنغان بەزى شالتاقلارنى ئادالاپ ماڭ.

64 - يىلى خالىق، زەينىدىن، كېرىموفلار ناھىيىگە قارا ماتېرىيال يوللىغاندىن كېيىن، ناھىيىلىك پارتكوم دائىمىي كومىتېتى تەرىپىدىن ھېكمەتكە «بۇزۇق ئۇنسۇر دېگەن قالپاق» ، «ئۈچ يىللىق ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش» چارىسى بېرىلگەندى. دائىمىي كومىتېتنىڭ كوللېكتىپى مۇزاكىرىسىدىن ئۆتكەنىكەن، ھېكمەتنى قولغا ئالسا بولىۋېرەتتى. ئەمما، جامائەت خەۋپسىزلىك خىزمىتىگە مەسئۇل بولغان قۇربا ھاكىم چارىگە قول قويماي، ئۇنى يېڭىئېرىق سۇ ئامبىرىغا ئېلىپ كېتىپ قۇتقۇزۇپ قالغانىدى. ئەمما، چارە كۆرۈلگەن ھۆججەتنىڭ بىر نۇسخىسى ئارخىپ خالتىسىغا كىرىپ كەتكەنلىكى ئېنىق ئىدى.

— مېڭىشىڭ قانچىلىك ئارقىغا سۈرۈلۈپ كېتىشىدىن قەتئىينەزەر، بۇ ئىشقا سەل قارىماي دەرھال ھەرىكەتلەن، — دېدى ھاكىم قەتئىي ھالدا، — بولمىسا كېيىنكى ئىستىقبالىڭ توغرۇلۇق گەپ ئېچىش تەس.

— توغرا، زەينىدىنمۇ بوستاندىن يۆتكىلىش ئالدىدا بۇ ئىشنى دېگەن.

— ئۇنىڭغا ئېيتماسلىققا مەن قورقاق سالغان.

— قۇربانكا، رەھمەت سىزگە، — ھېكمەت ئورنىدىن تۇردى، — مەن يەنە بىر يەرگە بارماقچىدىم، قايتاي.

— ئەمىسە ئېسىڭدە بولسۇن، بۇ سېنى ئۇزاتقىنىم ئە-
مەس، ماڭىدىغان چېغىڭدا ئۇبدان مۇڭدىشىۋالىمىز ...
ھېكمەتنى ئۇزىتىپ چىققان ماھىنۇر كوچا دوقمۇشىغا كەل-
گەندە، مەھبۇبە ئېتىلىپ چىققان بىر تۇپ تېرەك تۈۋىگە ئەندى-
كىپكىنە قارىۋالدى. بۇنى سېزىپ قالغان ھېكمەت ئۇنىڭغا قاراپ
كۈلۈپ قويدى. ئۇلار بىر - بىرىگە نېمە دېيىشنى بىلمەي تۇرۇپ
قېلىشتى. بۇنداق مەڭگۈلۈك ۋىدالىشىدىغان چاغدا نەسىھەت،
ئەھدۇ - ۋاپا، قۇرۇق بەخت تىلەشلەرنىڭ نېمە ئەھمىيىتى
بولسۇن! پەقەت يۈرەك تەشنالىقىنى قاندۇرغۇدەك، قەلب ساراي-
لىرىغا نەقىش بولۇپ ئويۇلۇپ قالغۇدەك بىرەر ئۇنتۇلغۇسىز
خاتىرە قالدۇرۇشنىڭ ئۆزى كۇپايە ئىدى. ھېكمەت ماھىنۇرنى
باغرىغا باستى ... ئۇنىڭ لەۋلىرى شۇنچىلىك مۇزدەك ئىدىكى،
ئاتەش تەپتىدە يېنىۋاتقان كۆڭۈل باغلىرىغا، باھار يامغۇرىدەك
ھۆزۈر ئاتا قىلدى ...
— ھېكمەت ... — ھېكمەتنىڭ مەيدىسىنى كۆز - ياشلى-
رىدا ھول قىلىۋەتكەن ماھىنۇر توختىماي ئېسەدەيتتى، — سىز
بىلمەيسىز، ئاياللارنىڭ ئوتتۇزدىن ئاشقان ۋاقتى «بارغا شۈكۈر
قىلىدىغان، يوققا كايىمايدىغان» ئەڭ بەختسىز دەۋرىنىڭ باشلاذ-
غانلىقى، «ھاسىلى مەقسەت - سەۋر بىلەن» دېگەن گەپلەرگە
ئەمدى ئىشەنمەيمەن. سەۋر قىلدىم، سەۋر قىلدىم، قېنى ئىس-
تەكلىرىمنىڭ ھاسىل بولغىنى؟ ئاخىرى داغدا قالدىم. بۇنىڭ-
دىن كېيىن كىم خېرىدارلىقىمنى قىلسا، قېرىمۇ، ياشمۇ،
سەتمۇ، چىرايلىقمۇ مەن ئۇچۇن بەرىبىر ... باشقىلارنىڭ نەپسى
نەپسىمگە قوشۇلسا، كۆزۈمنى يۇمۇپ تۇرۇپ، بۇ بىرۇلارنىڭ
ئوتلۇق نەپسى دەپ بىلىمەن ... يات قوللار باغرىغا تارتسا،
مۇشۇ دەقىقىلەردىن ھۆزۈر تاپىمەن ... قىسقىسى تىكەن ئاستىدا
تولغىنىپ ئۆزۈم سۆيگەن گۈل ھېدىنى ھىدلايمەن ... بىر سىقىم
توپىغا ئايلىنىدىغان تەننى ئاياپ نېمە قىلاي، پۇرىكىمدە، ئۆچ-

مەس بىر چىراغ يېنىپ تۇرسىلا بەس!
— ماھىنۇر، كۆڭلۈمنى ئەزمەڭ، يۈرىكىمگە نەشتەر ئۇرماڭ، — ھېكمەت بىدەرمان قوللىرىدا باغرىدىكى بىتالەي ئايالنىڭ ياشلىرىنى سۈرتتى، — سىز ئۆتكەنكىدەك تىللاڭ، پۇخادىن چىققىچە ھاقارەتلەڭ، ئۇرۇڭ، «ياخشى كۆرمەيمەن»، «نەپرەتلىنىمەن»، «مەن سىزگە ئۆچ دەڭ»، — ھېكمەت راستتىنلا چىن كۆڭلىدىن يىلىنىپ ئەسەبىيلەرچە ۋارقىرىدى، — شۇنداق قىلسىڭىز يېنىكلەپ قالىدىكەنمەن، مەن سىزدىن خۇش بولۇپ كېتەي، پاراكەندە كۆڭلۈمنى تەسكىن تاپتۇرۇڭ ...
ماھىنۇر ياخشى كۆرگەن ئادىمىنىڭ يىلىنغان ئاخىرقى ئىلتىجاسىنى بەجا كەلتۈردى:
— سىزنىڭ كۆڭلىڭىز ئەمىن تاپسىلا مەن ھەممىنى قىلىشقا رازى، — ماھىنۇر ھېكمەتنىڭ باغرىدىن بوشىنىپ ئارقىغا چېكىندى، — مەن ... مەن سىزدىن نەپرەتلىنىمەن ... مەن سىزگە ئۆچ ... سىز ... سىز قارا كۆڭۈل، ۋاپاسىز!
ماھىنۇر يىغلىغانچە تار خالتا كوچىغا كىرىپ كەتتى. بىراق قويۇق تۇمان ئارىسىدىن يىغا ئارىلاش زەئىپ بىر ئاۋاز كەلدى.
— ھېكمەت ... ھېكمەت ... ھېكمەت! ...
ھېكمەت بىر ھەپتە ئىچىدە ئىسمائىل شۇجىنىڭ ياردىمى ئارقىلىق ئارخىپىنى پاكىزلاپ خاتىرجەم بولدى. ئۇ خەنزۇ ئوتتۇرا مەكتەپكە بېرىپ ۋاڭ شۇمىي بىلەن كۆرۈشتى، ئۆزىگە نەچچە يىلدىن بېرى كۆپ ئەسقاتقان بۇ ئايالغا بەزى رەسىم ماتېرىياللىرىنى قالدۇرماقچىدى.
— كېتىشىڭىزگە زادىلا ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ، — دېدى ۋاڭ شۇمىي مىسكىن كۈلۈپ، — ئىككى يىلدىن بېرى سىزگە

ئىجىل بولۇپ قاپتىكەنمەن، ئىچىم پۇشسا، يىغانىم ئۆرلىسە سىزگە دەردلىرىمنى تۆكۈپ كېلەتتىم. مانا ئەمدى بىزنى تاشلاپ كېتىدىغان بولدىڭىز، بالىلىرىممۇ سىزگە ئامراقتى.

— بۇ جاھان شۇنداق جاھانكەن، قوشۇلۇش، ئايرىلىش بولۇپ تۇرىدىكەن، — ھېكمەت ۋاڭ شۇمېينىڭ يۈزىگە قارى- مىدى، — ئەتە بېرىپ رەسىم ماتېرىياللىرىنى ئېلىۋېلىڭ.

— كېتىشىڭىزنى ئاڭلىغاندىن بۇيان خۇددى ۋاڭ ياڭنى قايتا يىتتۈرۈپ قويغاندەكلا بولۇپ قالدىم. سىزنىڭ خۇشپېئىل- لىكىڭىز، كۆڭۈل ئاياشلىرىڭىز، سۆزلىرىڭىزنىڭ يۇمشاقلىقى شۇنچىلىك ئوخشاپ كېتىشىپسىز، — ۋاڭ شۇمېينىڭ ئاپئاق يۈزى رەڭ چېچىۋەتكەندەك قىزىرىپ كەتتى، — ئۇمۇ رەسىم سىزاتتى ھەم يازاتتى، تىرىشچان، ئۆزلۈكسىز ئىزدىنىدىغان ئىقتىدار ئىگىسى ئىدى ...

— بۇلارنى كۆپ ئويلىماڭ شۇمېي ئويلىغانسېرى روھىڭىز چۈشىدۇ، چۈشكۈنلىشىسىز، ئاقىۋەتتە ھېچنېمىگە ھەپىسلىسى يوق ئادەمگە ئايلىنىپ قالىسىز، — ھېكمەت ۋاڭ شۇمېينىڭ مۆلدۈرلەپ تۇرغان بىچارە كۆزلىرىگە قارىدى، — ھازىر سىز ئوقۇتقۇچىلىق كەسپىڭىزدىن سىرت رەسساملىقتا خېلىلا يېتى- شىپ قالدىڭىز، يەنە تىرىشىڭ، بالىلىرىڭىزنى ئويلاڭ.

ۋاقىت كەچ سائەت ئالتە بولۇپ قالغانىدى. ئۇ خوشلىشىپ ئۆزاپ چىقتى. مەكتەپ دەرۋازىسىغا قايرىلىدىغان دوقمۇشقا كەلگەندە ئىختىيارسىز ئارقىغا قارىدى. ۋاڭ شۇمېي ئىشىك رامىغا يۆلەنگىنىچە بويىنىنى قىسىپ تۇراتتى. ھېكمەتنىڭ ئىچى- دە بىر يېرى ئىچىشقاندەك بولدى - دە، دەرۋازىدىن چىقىپ كەتتى. ئۇ چايخانا مەكتەپ ئالدىدا ئىشتىن چۈشكەن نەبىگە يولۇقۇپ قالدى. نەبى ھېكمەتنىڭ مەھبۇبەنىڭ ئۆيىگە كېتىۋات- قانلىقىنى ئاڭلاپ.

— مەھبۇبە ئاچام بىلەن ئۇچقۇنئاي ماڭا گۈلباغدا يولۇ-

قوپ، سىزنىڭكىگە كەتتىڭمۇ، ــ دېدى.

ــ ھەي نەبى، ئەتىلەتىن ماڭا بىر يولۇققىن - ھە، قىلىدىغان ئىشلار بار.

ــ مەن ھازىر سىزنىڭكىگە ماڭغان، ئۇلارنى كۆرۈپ ...

ــ ئۇلار بولسا نېمە بوپتۇ. يۈر.

ــ بولدىلا ھېكمەتكا، مەھبۇبە ئاچامنىڭ دەيدىغان گەپلىرى باردۇ.

ھېكمەت نەبىدىن ئايرىلىپ ئىدارىغا ئالدىراپ يېتىپ كەلدى. مەھبۇبە ئىشىك تۈۋىدە ساقلاپ تۇراتتى. ئۇن ئىككى ياشلىق ئۇچقۇنئاي ئانىسىنىڭ بىلىكىنى تۇتقان ھالدا جىلمىيىپ كۈلۈپ قويدى. ئۇ، بۇرۇنقىغا قارىغاندا ھېكمەتكە خېلىلا ئۆزلىشىپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن باشقا باللاردەك «ۋاي دادا» دەپ سۈۋۈنۈپ كەتمەيتتى. ئۆي بەكمۇ سوغۇق ئىدى. ھېكمەت بىردەم مەشنىڭ كۈلىنى چۇشۇرۇش، تەييار يىرىقلىق تۇترۇقلارنى سېلىش بىلەن ئاۋارە بولدى. ھېكمەت سەرەڭگىنى چىقىپ بىردەم پۇدىگەندىن كېيىن، تۇترۇقلار گۇلدۇرلەپ تۇتۇشۇپ كەتتى. ئۇ مەش ئۈستىگە چۆگۈننى قويۇپ بولۇپ قوللىرىنى يۇيدى.

مەھبۇبەنىڭ كۆزلىرى توخۇمدەك ئىششىپ چىققانىدى. ئۇ يەردىن ئۈستۈن قارىماي كارىۋاتتا ئولتۇراتتى. ھېكمەت قىزىغا ئىشارە قىلىۋىدى، ئۇ ئاستا كېلىپ دادىسىنىڭ ئالدىدا توختىدى. ئۇچقۇنئاي مەھبۇبەنىڭ قوشكۆلگە بارغان ۋاقىتلىرىغا شۇنداق ئوخشاپ كېتىۋاتاتتى. ھېكمەت ئۇن ئالتە ياشقا كىرىپ قالغان ئەزىمەتنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. ئەگەر ئۇ بولغان بولسا، ئوغۇل - قىزنى بىللە ئېلىپ ئۈرۈمچىگە ماڭغان بولسا نېمىدېگەن كۆڭۈللۈك بولاتتى! ئىسىت، مەھبۇبە ئۆز ۋاقتىدا دەۋەتكەن بولسا، ئەزىمەت تېپىلىپ قالغان بولاتتى، ئۇ چاغدا بۇنداق كۆڭۈلسىزلىكلەرمۇ بولمىغان بولاتتى. مەھبۇبەمۇ ئاشۇ

ساخاۋتتى. بىلەن ھېكمەتنىڭ قەلبىدە ئۆز ئورنىنى تاپقان بولاتتى.

— دادا، كەتسىڭىز ئەمدى كەلمەمسىز؟ — ھېكمەت
تۈنجى قېتىم قىزىنىڭ كۆڭلىدىن چىقىرىپ سۆزلە-
ۋاتقىنىنى ئاڭلاۋاتاتتى، — ئانام شۇنداق دەيدۇ.

— سىلەر بۇ يەردە تۇرساڭلار نېمىشقا كەلمىگۇدەكمەن، —
ھېكمەت ئۈچقۇنئاينىڭ بېشىنى سىلىدى، — كېلىمەن قىزىم،
سىز سېغىنمىغان بىلەن مەن سېغىنىمەن.

— مەنمۇ سېغىنىمەن، ئانامۇ ...

«بۇ گەپلەر چىن دىلىدىن چىقىۋاتامدۇ ياكى ئانىسى ئۆگەت-
كەنمىدۇ» دېگەن ئوي كۆڭلىدىن كەچكەن ھېكمەت ئۈچقۇنئاي-
نىڭ كۆزلىرىگە قارىدى:

— بۇ گەپلەرنى ئانىڭىز ئۆگەتكەندۇ تايىنلىق.

— ياق، ياق، ئەزىرايى خۇدا، مانا مەشەددىن
چىقتى، — ئۈچقۇنئاي يۈرىكى ئۈستىگە كىچىككىنە ئالىقانلى-
رىنى قويدى، — راست دەۋاتىمەن، سىز مېنىڭ دادام تۇرسى-
ڭىز، بۇرۇن، بۇرۇن ... بىلمەپتىكەنمەن، سىز مېنىڭ بەك
ئوبدان دادامكەنسىز.

ئۈچقۇنئاي پاڭگىدا ئېتىلىپ يىغلاپ كەتتى. دېمىغى زىڭگى-
دە ئېچىشىپ، كۆزلىرىنى ياش قاپلاۋالغان ھېكمەت قىزىنى
باغرىغا باستى — دە، يۈز، بويۇن، چاچلىرىغا سۆيۈشكە
باشلىدى. مەھبۇبەمۇ يۈزىنى قاماللا بۇقۇلداپ يىغلىۋەتتى.

— ئاھ، جېنىم ئوماق قىزىم، تاتلىق قىزىم، سىز ئاجىز
ئەمەسمۇ، مېنىڭسىز كىملەرگە بويۇن قىسىپ يۈرەرسىز؟، —
ھېكمەت قىزىنىڭ يۈرەكتىكى كونا يارىلارنى قوزغايدىغان سۆز-
لىرىدىن ئۆزىنى تۇتۇپ ئالالمىدى، — سىز مېنىڭ جىگىرىم،
يۈرەك پارەم، ئاھ خۇدا، ئاكىڭىز ئەزىمەتمۇ بولسىچۇ كاشكى.

— دادا، مېنىڭ ئاكاممۇ بارمىتى؟ — ئۈچقۇنئاي ھېك-
مەتنىڭ يۈزىدىكى ياشنى سۈرتتى، — ئۇ ھازىر نەدە؟ ئانام

ماڭا دېمىگەنتىڭغۇ؟
— ئۇ ··· ئۆلۈپ كەتكەن، — ھېكمەت بۇ سۆزنى دەۋې-
تىپ يۈرىكى جىغلا قىلىپ قالدى، لېكىن قەلبى «ياق، ياق»
دەپ نالە قىلدى، — ئۇ بولغان بولسا ئون ئالتە ياشقا كىرىپ
قالاتتى.
ئانىسى بىلەن دادىسىنىڭ ئازابلىنىپ كەتكىنىنى كۆرگەن
ئۇچقۇنئاي ئىككىنچىلەپ ئاكىسى توغرۇلۇق ئېغىز ئاچمىدى.
بىراق، ئاكا ھەققىدىكى بۇ گەپ چوڭلا بولۇپ قالغان قىزنىڭ
كۆڭلىدە سىرلىق بىر تۇگۈن بولۇپ چىگىلىپ قالدى. ئۇ دەر-
ھاللا گېپىنى يۆتكىدى:
— دادا، قاچان ماڭىسىز؟ بىز سىزنى ئۇزىتىپ چىقماق-
چىدۇق.
— ئەتە ماشىنا ئۇقۇشۇپ، ئۆگۈنلۈككە ماڭاي دەۋاتىمەن.
— ئەگەر بىز كەلمىگەن بولساق، خوشمۇ دېمەي كېتىدى-
كەنسىز - دە، — دېدى مەھبۇبە غارالىق - غۇرۇلىق
ئاۋازدا، — باشقىلارغا ۋاقتىڭىز چىقىدۇ.
— بالىنىڭ ئالدىدا نېمانداق گەپلەرنى قى-
لىپ يۈرۈيسىز؟ — ھېكمەتنىڭ راستىنىلا ئاچچىقلاپ قالغى-
نى چىرايىدىن بىلىندى، — مەن چوڭ ئۆيگە ماڭسام، نەبى
سىلەرنى بۇياققا كەتتى دېگەشكە دەرھال يېتىپ كەلدىمغۇ.
ھېكمەت، ئەگەر قىزى بولمىغان تەقدىردە، مەھبۇبەگە
ئاجرىشىش تەلىپىنى يەنە بىر قېتىم دەپ كۆرمەكچىدى. چۈن-
كى، ياش ئايالنىڭ ئۆمرىنى تۇل ئۆتكۈزۈۋېتىشىگە يۈرىكى
ئېچىشاتتى. ئەگەر ئۇ قۇشۇلۇپلا قالسا ئۇچقۇنئاينى تەلەپ
قىلماقچىدى. ئەمما، قىزىنىڭ گەپ - سۆزلىرى ئانىسىدىن
ئايرىلمايدىغانلىقتىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى. يەنە بىر تەرەپتىن،
ئېرىدىن ئايرىلىشتەك ھىجران يۈكىنى يۈكلىگەن بىر بەختسىز
ئايالنى، بالىسىدىن ئايرىۋېتىشنىڭ ئۆزىمۇ ئادىمىلىك ئەمەس

ئىدى. ھېكمەت يۈرىكىگە تاش قويۇپ، بەرداشلىق بېرىشنى كۆڭلىگە پۈكتى.

— ئاڭلىسام ئۈچقۇنئاينى لوپ ئوتتۇرا مەكتىپىگە يۆتكىمەكچى بولۇپسىزغۇ، — سورىدى ھېكمەت ھەيران بولۇپ، — ئۇ، شەھەردە ئوقۇسا ياخشى ئەمەسمۇ؟

— ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ دەرسلىرى بارغانسېرى قېيىنلىشىدۇ، — دېدى مەھبۇبە يۈزىنى سۈرتۈپ، — بولۇپمۇ ماتېماتىكىدىن مەن كۆپ ياردەم بېرەلمەيمەن، غاپپار ئاكامنىڭ قېشىدا بولسا ياردىمى تېگەرمىكىن دەيمەن.

— بوپتۇ، ئۇنداق ئويلىغان بولسىڭىز، مەن ئايلىق ئوقۇش، تۇرمۇش راسخوتلىرىنى ۋاقتىدا يەتكۈزۈپ بېرىمەن.

ئۇلار ئەمدىلا سۆھبەت يىپلىرىنى چىگىپ تۇرغىنىدا ئىشىك چېكىلىپ، سەئىدە قىزىنى باشلاپ كىرىپ كەلدى. بوسۇغىدىن ئەمدىلا قەدەم ئالغان گۈلچىنئاي «ھېكمەت دادا» دېگىنىچە ۋارقىراپ يىغلاپ ئۆزىنى ھېكمەتكە ئاتتى. ئۇ ئۆپكە - ئۆپكىسىنى باسالماي يىغلاپ، ھېكمەتنىڭ باغرىغا سىڭىپ كەتكەندى. ئۇنىڭ بېشىنى سىلاپ بەزلىگەنسېرى، يىغىسى ئادەمنىڭ ئىچىنى سىيرىلدۇرۇۋەتكۈدەك نىدا بىلەن تولغانىدى.

— ھېكمەت دادا، مېنىڭ دادام، سىز كەتسىڭىز، ئەمدى مەن كىمنى دادا دەپ چاقىرىمەن ··· كىمنى كېلىدۇ دەپ ئىشىككە قارايمەن، كىم ماڭا ھېكايە ئېيتىپ بېرىدۇ، كىم مېنىڭ بېشىمنى سىلاپ چاچلىرىمنى ھىدلايدۇ؟ سىز ئاق ئات مىنىپ كەتكەن دوستىڭىزغىمۇ ساقلىمامسىز؟ ياق، ياق، كەتمەڭ.

— گۈلچىنئاي، يىغلىماڭ، — ئارقا - ئارقىدىن قوغلىشىپ چۈشۈۋاتقان ياشلاردىن ھېكمەتنىڭ يۈزى پۈتۈنلەي ھۆل بولۇپ كەتتى، — مەن ئاق ئات مىنگەن دوستۇمنى ساقلاپ، يۈرەكلىرىم جاراھەت بىلەن قاپلاندى. ئەمدى سىز ئۇ يارىلارنى تاتلىماڭ، ئۇ ··· ئۇ قايتىپ كەلمەيدىغان ئوخشايدۇ ···

گۈلچىنئاينىڭ نالە ـ پىغانىدىن ئۆي ئىچى ھازىغا ئايلاندى.

ــ ھېكمەتنىڭ كېتىش خەۋىرىنى ئاڭلىغاندىن بېرى، ــ دېدى سەئىدە يىغىدە كۆزىنى سۈرتۈپ، ــ بىرەر كېچە تۈزۈك ئۇخلىغىنىنى بىلمەيمەن. كامىل كەتكەندىمۇ ئۇنچىلىك بولۇپ كەتمىگەن. ھەر كۈنى مەكتەپتىن كېلىپلا مەدەنىيەت يۇرتىغا يۈگۈرۈيدۇ، «ھېكمەت دادام يوقكەن» دەپ سۇلتىيىپ يېنىپ كېلىدۇ.

گۈلچىنئاينىڭ ھەسرەتلىك ياشلىرىنى، ئاھ ـ زارلىرىنى كۆرگەن ئۇچقۇنئاي، دادىسىغا باشقىدىنلا دەپ ـ ئېيتقۇسىز مېھىر بىلەن قارىدى ۋە تۇيۇقسىزلا كېلىپ ھېكمەتنىڭ بوينىنى قۇچاقلاۋالدى. ئەگەر مۇشۇ دەقىقىدە مەھبۇبەنىڭ چىرايىغا قاردغان ئادەم، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئۆمۈرلۈك پۇشايمان زەردابلىرى ئېقىۋاتقانلىرىنى كۆرگەن بولاتتى. ئۇ، قىزىنى كۆرسەتمەي، ئېرىنى باش ئەگدۈرمەن دەپ نۇرغۇن ئازاب سالدى. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى ھېكمەت پەرزەنتىنىڭ ئوت ـ پىراقىنى گۈلچىنئاي بىلەن باسقان، بارلىق ئاتىلىق مېھىر ـ مۇھەببىتىنى ئۇنىڭغا ئاتىغان! كۆرۈڭ، ئۆز پۇشتىدىن تامىمىغان گۈلچىنئاينىڭ ھېكمەتكە باغلانغان رىشتى ـ ئەقىدىسىنى! پۇشايمان قىلىش، سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈش، قاتتىق ئۆكۈنۈشنى تەكرارلاپلا كەلگەن مەھبۇبە نادان ۋە ئەقىلسىزلىقىدىن نۇرغۇن پۇرسەتلەرنى ئۆتكۈزۈۋەتتى. ھېكمەت كۆلپەت قازىنىدا قايناۋاتقان چاغلاردا ئۇچقۇنئاينى داۋاملىق كۆرسىتىپ، ئۇنىڭ يالغۇز، مۇساپىرچىلىق يارىلىرىغا ئاز بولسىمۇ مەلھەم بولغان بولسا، يۈرىكىدىكى مەھبۇبە سالغان داغلار يۇيۇلۇپ كەتمەسمىدى! كونىلار «چېچى ئۇزۇن، ئەقلى قىسقا» دېگەن سۆزنى مۇشۇنداق دېۋەڭ ئاياللارغا قارىتا دېگەن بولسا كېرەك.

مەھبۇبە، سەئىدەلەر ئېلىپ كەلگەن يولـلۇق سـوۋغىلىرىنى قالدۇرۇپ ئۇزاپ چىقىشتى. ھېكمەت ئۇلارنى

مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ چوڭ دەرۋازىسىغىچە ئۇزىتىپ قويۇپ قايتىپ كىردى. ئەل ياتقۇ ۋاقتى بولۇپ قالغانىدى. پۈتۈن بىر كۈن ئۈششاق يول مېڭىپ چارچاپ قالغان ھېكمەت ئورۇن سېلىپ يېتىپ قالدى. ئۇ بىر ۋاقىتقىچە ئوغلى ئەزىمەت، قىزى ئۇچقۇنئاي، گۈلچىنئايلارنىڭ كەلگۈسى ئىقبالىلىرىنى ئويلاپ كۆزى ئۇيقۇغا كەتتى ...

ھېكمەت ئوگزىلىرىدە كەپتەر پەغەزلىرى چوقچىيىپ تۇرغان، ئايۋان شادىلىرى كونىراپ كەتكەن تار، مەينەت كوچىلاردا ئۇچقۇنئاينى يېتىلەپ كېتىۋاتاتتى. يولغا ئىلگىرى - كېيىن ئۆسۈپ چىققان پاسىل تاملار بۇلۇڭىدا، قۇرۇتتەك تۈگۈلۈپ قالغان بىر بالا توپىغا چۆكۈپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ تىزلىرىنى قۇچاغلاپ تۇرغان يالاڭ بىلەكلىرىنى جاراھەت بېسىپ كەتكەن بولۇپ، كىيىملىرى شۇنچىلىك مەينەت ھەم جۇلدۇر كېپەن ئىدىكى، دۇمبىلىرىدىكى يېرىڭ يىغقان يارىلارمۇ كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

— دادا، ئاۋۇ دىۋانە بالىغا قولۇمدىكى ناننى بېرەيچۇ، — دېدى ئۇچقۇنئاي بېشىنى قۇچىقىغا تىقىپ تۇرغان بالىنى كۆرسىتىپ.

— بېرىڭ قىزىم، ھېممەت - ساخاۋىتىڭىزگە ھەشقاللا.

ئۇچقۇنئاي دىۋانە بالىنى چاقىرىپ ناننى تەڭلىدى. بالا بېشىنى كۆتۈردى. ئۇنىڭ يۈزىنىمۇ سۇۋارى جاراھەت قاپلاپ كەتكەنىدى. ھېكمەت ئۇنىڭ چىرايىنى كۆرۈپ گويا يۈرىكى بىغىچىدىن ئۈزۈلۈپ قوقاسقا چۈشكەندەك چۆچۈپ كەتتى. ئۇ، غۇپپۇر نىيازنىڭ نەۋرىسى ئەنۋەر ئىدى. بۇ ئەسنادا بالا تولىمۇ ئاجىز، زەئىپ ئاۋازدا ئاستا ئىڭرىدى:

— سىز ... سىز بۇرۇنمۇ مېنى «ئابدال، دىۋانە» دېگەن ئىدىڭىز، — بالىنىڭ كۆزلىرى يۇمۇلۇپ كېتىۋاتاتتى، — مەن دېگەن «ئاتا» دىۋانىسى! سىز ... سىز مېنىڭ دادامنى قايتۇرۇپ بېرىڭ ...

— ئەنۋەر، ئەتۋەر ساڭا نېمە بولدى؟ — ھېكمەت ئۇنىڭ قولتۇقلىرىدىن يۆلىدى، — تۇر ئورنۇڭدىن، قانداق بولۇپ بۇ ھالغا چۈشۈپ قالدىڭ؟

— دادا! ... — ئەنۋەر ھېكمەتنىڭ پۇتلىرىدىن قۇچاقلاپ، يۈزىنى تىزىغا چىڭ ياقتى، — دادا، كۆيۈملۈك دادا، سىز نېمىشقا ئوغلىڭىزنى تونۇمايسىز؟ مەن ئەنۋەر ئەمەس، ئەزىمەت! بىلەمسىز، مەن ئەزىمەت! ... مېنى ئۇنداق ئۆلدىگە چىقىرىۋەتمەڭ ... مەن ئون تۆت يىل ئىلگىرى يوقىتىپ قويغان بالىڭىز، سىز مېنى تاشلاپ كېتىشكە يۈرىكىڭىز چىدامدۇ؟

— ئەزىمەت! ئوغلۇم ئەزىمەت!!

ھېكمەت دەھشەت ۋارقىراپ ئويغىنىپ كەتتى. ئۇ دەرھال چىراغنى ياقتى ـ دە، ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ سوۋۇپ قالغان ئۆي ئىچىدە ئىچ كىيىملىرى بىلەنلا ماڭغىلى تۇردى. ئۇنىڭ مېڭىسى بەكمۇ سوزۇك ئىشلەۋاتاتتى. بۇنداق سىرلىق چۈش ئىككىنچى قېتىم تەكرارلانغانىدى. ھېكمەت چۈشىدە كۆرگەن ئوغلىنىڭ تىتىلغان ئۇستۇۋاشلىرىنى، جاراھەت باسقان تەنلىرىنى، «مەن سىزنىڭ ئوغلىڭىز» دەپ پۇتلىرىنى قۇچاقلىغان ۋاقتىدىكى تولىمۇ بىچارە قىياپەتلىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، خۇددى ھازىدار ئادەمدەك ئۇنى سېغىنىپ يىغلىۋەتتى.

ھېكمەت ئۆي ئىچىنى پىرقىراپ يىغلاپ يۈرگەن مۇشۇ دەقىقىدە، ئۈرۈمچى ئامىنۇۋى مېھمانخانىسىنىڭ كىچىك بىر ياتىقىدا ياتقان ئەنۋەرمۇ «دادا ...» دەپ ۋارقىراپ ئويغىنىپ، كارىۋاتتا تىك ئولتۇراتتى. چۆچۈپ كەتكەن غوپۇر نىياز ئورنىدىن دەرھال تۇرۇپ ئۇنىڭ قېشىغا كەلدى.

— بالام، قارا بېسىپتۇ سېنى، مېنىڭ كارىۋىتىمدا بىللە ياتىلىمۇ؟

— ياق، مېنى قارا باسمىدى، — دېدى ئەنۋەر يىغلاپ، — بىر چاغلاردا بىزنىڭ ئۆيگە كىرگەن ھېكمەت



ئاكاش، مېنى «ئوغلۇم ئەزىمەت ...» دەپ باغرىغا باسقانىدى، مەن ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن، ئۇنى چىڭ قۇچاقلاپ تۇرسام يوقاپ كەتتى ...

غوپۇر نىياز قانچە مىنۇت، نەچچە دەقىقە نەپەس ئالمىغىنىنى ئۆزىمۇ بىلمىدى. سوغۇق ئۆي ئوتتۇرىسىدا قاقشان ئەگرى قوزۇقتەك دومچىيىپ تۇراتتى، چۈنكى ئۇنىڭ ۋىجدان يارىسى قاناپ كەتكەنىدى!

ئەي قۇدرەت - كارامەت ئىگىسى، سەن ھېكمەتنى ئوغلىنى ئۇنتۇپ كەتمىسۇن ئۈچۈن، ئەزىمەتنىڭ ئۆز پۇشتى - پاناھىنى دىلىغا سىلىش ئۈچۈن، غوپۇر نىيازنىڭ گۇناھى كەبىرلىرىنى ئۆزىگە تونۇتۇش ئۈچۈن، بۇ سىھرى كارامەتنى كۆرسىتىۋاتامسەن؟ بۇ قانداق بىشارەت؟ قانداق مەشئۇم چۈش! ئەۋلىيا - ئالىملىرىمىزمۇ چۈشنىڭ قۇرۇق سادا ئەمەسلىكىنى تەھقىقلىگەن ئەمەسمىدى. ئادەمنىڭ چوڭ مېڭىسى مىڭە رادىئو دولقۇنلىرىنى تارقىتىش ئارقىلىق، سېغىنغان، ئويلىغان، تەقەززا قىلغان يېقىنلىرىنىڭ مېڭىسىدە ئەكس ئېتىپ چۈشىدە ئايان قىلىش، تىنىنى ئەيمەندۈرۈش، تۇيۇقسىز يۈرىكى سىلىش، قورقۇش ... سېزىمىنى قوزغايدۇ، بۇ شۇنىڭ ئەكس ساداسى ئەمەسمۇ!

ھېكمەت ئەتىسى سەھەر تۇرۇپ قاتناش بېكىتىگە باردى - دە، بىلەت ئېلىپ لوپقا يۈرۈپ كەتتى. ماشىنا بىر سائەتكە قالماي يېتىپ كەلدى. ھېكمەت ئالدىراپ - تېنەپ غوپۇر نىيازنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كەلدىيۇ، لاسسىدە بولۇپ قالدى، چۈنكى قوش ھالقىدا يوغان قارا قۇلۇپ ئېسىقلىق تۇراتتى. ئۇ كېتىۋاتقان بىر مەھەللىلىك كىشىدىن سورىدى. غوپۇر نىياز ئۆزۈندىن بېرى ئاشقازان كېسىلىدىن ساقىيالمايۋاتقان ئايالىنى ئۈرۈمچىگە ئېلىپ كەتكەنىدى. ئۇ ياشىنىپ قالغاچقا نەۋرىسى ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ بىللە مېڭىپتۇ. ھېكمەت قانداقتۇر باھانە سەۋەبلەرنى

كۆرسىتىپ ئەتراپىتىكى بىر نەچچە قوشنىلارنىڭ ئۆيلىرىگە كىردى ۋە غوپۇر نىيازنىڭ 67 يىللىرى بالا بېقىۋالغان مەسىلىسىنى ئۇستىلىق بىلەن سۈرۈشتە قىلدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى «بۇ ئون توت ـ ئون بەش يىلنىڭ ئالدىدىكى ئىش بولغاچقا خەۋىرىمىز يوقكەن» دېدى. بەزىلىرى بولسا بىر ـ بىرىگە غىل ـ پال قاراپ: «ئەتۋەر ئىككى يېشىغىچە كېلىنىنىڭ ئانا ـ ئانىسى ئالدىدا چوڭ بولغان، كېيىن غوپۇر نىيازنىڭ ئايالى ئۆلۈپ كەتكەن ئوغلىنىڭ دەردىدە تولا يىغلاپ، بالىنى ئۆز يېنىغا ئەكېلىۋالغان» دېيىشتى. ھېكمەت شۇ كۈنى كەچتە روھى چۈشكەن، سولغۇن ھالدا قايتىپ كېلىپ يېتىپ قالدى. ئۇ ئەتىگەن تۇرۇپ يولغا چىقىش ئىشىنى مەسلىھەتلىشىش ئۈچۈن دوختۇرخانىغا باردى، جار ۋۇللا ئەخمىدنىڭ سالامەتلىكى ئەسلىگە كەلمىگەچكە تېخىچە داۋالىنىۋاتاتتى. ھېكمەت بالنىتسىغا كىرگەندە ئالا كىيىم كىيگەن جار ۋۇللا ئەخمىدى كارىۋىتىدا ئولتۇرۇپ كىتاب كۆرۈۋاتاتتى.

— قارىمامسىز ھېكمەت بۇ كېلىشمەسلىكنى، — جارۇللا ئەخمىدى قولىدىكى كىتابنى ياستۇق ئاستىغا تىقىپ قويدى، — تومۇ تەككەن باھانە بولدى، ئىستىمام زادىلا چۈشمەي تۇرىدۇ. سىز ماڭغاچ تۇرۇڭ، ۋاقتىمۇ ئۆتۈپ كېتىۋاتىدۇ.

— ئۇنداقتا سىلى؟

— مەن سەل ئەسلىمگەن كېلىۋالمىسام بۇ قىش ـ قىرولازدا يولدا جاپا تارتىپ قالارمەنمىكىن دەپ ئەنسىرەيمەن.

ھېكمەت جارۇللا ئەخمىدى بىلەن خوشلىشىپ يېنىپ چىقتى. ئۇ يۆتكىلىش رەسمىيەتلىرىنى بېجىرىپ يۈرگەن كۈنلەردە، ئالتىمجان، شادىمان، ئامانىللا قاتارلىق دوستلىرى ئۇنىڭغا ئۇزىتىش چېيى بەرگەنىدى. شۇڭا، ئۇ ئۇدۇل ماشىنا بېكەتكە بېرىپ، باشلىق بىلەن كۆرۈشتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئۈرۈمچىگە يۆتكىلىدىغانلىقى، ئۆي سەرەمجانلىرى بولمىسىمۇ، چوڭ جازىلىق

بىر نەچچە ماي بوياق رەسىملىرىنى قانداق ئېلىپ كېتىش ھەققىدە مەسلىھەت سورىغانىدى. باشلىق ماشىنا ئۈستىدىكى يۈكنى تەكشۈرۈپ بېقىشنى بۇيرىغاندىن كېيىن، ماشىنىدىكى مەدەنىيەت يۇرتى ئالدىغا ئاپىرىپ، رەسىملەر جازىلىرىنى ئوبدان ئورۇنلاشتۇرۇۋېتىدىغانلىقىنى ئېيتىپ ھېكمەتنى خۇشال قىلىۋەتتى. ئۇ ئىدارىگە قايتىپ كەلگەندە، تەبىئى ئۆي ئالدىدا شاقىلاپ تۇراتتى. ئۇ ئىككىسى ماي بوياق جاھازلىرىنى بىر - بىرلەپ جۈپلەپ باغلىدى. ئورۇن - كۆرپىلەرنى تىكىپ بولغاندىن كېيىن، ئۈششاق - چۈششەك نەرسىلەرنى بىر سومكىغا قاچىلىدى. ھېكمەت تاماق شىرەسى، قازان - قومۇچ، كىيىم ئىشكاپلىرى قاتارلىق نەرسىلەرنى مەھبۇبەگە ئاپىرىپ بېرىشنى تەبىگە تاپىلىدى.

چۈشلۈك دەم ئېلىش توشۇپ قالغانىدى. ھېكمەت دۆك مازارغا بېرىپ گۈلزىبانىڭ قەبرىسى بېشىدا ئولتۇرۇپ كۆڭلىنى ئۆزىتىپ قويدى. ئاسمان سەتھىسى لالەرەڭ تاۋلىنىپ، يۇرۇقۇش قاش بويلىرى كەچنىڭ گۆگۈملىقىغا چۆمگەندە، ئۇ ۋەدىسى بويىچە «خوش» دەپ قويۇش ئۈچۈن قۇربان ھاكىمنىڭ ئۆيىگە يۈرۈپ كەتتى. بىراق، «خوش» دېگەن بىر ئېغىز سۆز كېچە سائەت ئون بىرلەرگىچە داۋاملاشتى. چالا كەيىپ بولۇپ قالغان ھېكمەت مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ بېغىدىكى تار يولدا ئەلەڭلەپ كېتىۋاتقاندا، ئۇنىڭ ئىشىك بوسۇغىسىدا بىر قارا-كۆلەڭگە دۈگدىيىپ ئولتۇراتتى:

— مەھبۇبە، بۇ يەردە نېمىش قىلىۋاتىسىز؟ — ھە؟ مېنى سېغىنىپقۇ كەلمىگەنسىز؟ — ھېكمەت سەنتۈرۈلۈپ كېتىۋاتىدى، مەھبۇبە ئۇنى قولتۇقلاۋالدى، — ۋۇي، بۈگۈن مۇشكى ئەنبەر يېگەندەك مەززىلىك پۇرايسىزغۇ؟ چاچلىرىڭىزنى مۇزاي يالىغانداك تاراۋاپسىز ... قارا بۇنىڭ جىن ئۇرغاندەك كېلىپ قالغىنىنى، ئىززىتىقۇ ئۆچۈرمىغانىدۇ — ھە!...

ھېكمەت ئىرغاڭلاپ يۈرۈپ ئىشىكنى ئېچىپ ئۆيگە كىر-

دى. يوتقان ـ كۆرپىلەر مەزمۇت چىگىلىپ كەتكەنىدى. ئۇ ئەسلىدە بۈگۈن چۈشتىلا نەبىگە «ئاخشاملىقىقا سېنىڭكىدە قونىمەن» دەپ ۋەدە قىلغانىدى. ئەمدى بۇ يەرگە قانداق ئىزىتقۇ سۆرەپ كەلدىكىنە؟ ئىزىتقۇغا ئۇچراپ قالغىنى مەھبۇبە بولماي بەلكى ئۆزىكەن ئەمەسمۇ.

— ھېكمەت، يۈرۈڭ، بىزنىڭ ئۆيگە كېتەيلى، — دېدى مەھبۇبە داق كارىۋاتتا ئۆزىنى تاشلىغان ھېكمەتنى يۆلەپ، — بۇ يەردە قانداق ياتىسىز؟

— زىنداندىن مىڭ ياخشى، مەن كۆنۈپ كەتكەن ئاپئاق قىز.

— تۇرۇڭ دەيمەن، ئۇچقۇنئاي دادام بىلەن بىللە ياتىمەن دەپ يىغلاپ ئۆيدە سىزنى ساقلاپ قالدى، — قىزىنىڭ ئىسمىنى ئاڭلىغان ھېكمەت ئورنىدىن تۇردى، — شۇڭا مەن سىزگە ساقلاپ تۇرغان.

مەھبۇبە ئېرىنى يۆلەپ ئېلىپ ماڭدى، گۈلباغ رەستىلىرى شۇنچىلىك جىمجىت ئىدىكى، ئاياغلارنىڭ تاراقلىغان تىۋىشىدىمۇ ئەكس سادا يانغايدەك قىلاتتى. داغسىز ھەم كىرسىز زۇمرەت ئاسماندىكى يۇلتۇز تۇدىلىرى ئەتىكى قاتتىق سوغۇقتىن دېرەك بېرىپ شۇنچە يارقىن چاقناپ كەتكەنىدى. ھېكمەت يولدا بارغىچە تاققۇ ـ تۇققۇ گەپلەرنى قىلىپ ئاغزى بېسىقمىدى.

— مەھبۇبە خوتۇن، سېنى ياخشى دەي دېسەم، ياخشىلىقىنى قاملاشتۇرالمىساڭ، يامان دەي دېسەم، يامانلىقىنى ھەغدادىغا يەتكۈزەلمىسەڭ. سەن خۇددى تۈگمەننىڭ شەيتىنىغا ئوخشايسەن، شەيتانمۇ تاش ئۈستىدە، دېك، دېك، دېك، سەكرەپ تاش تۆشۈكىگە بۇغداي، قوناق، ئارپا، قارىمۇقلارنى چۈشۈرۈپ بەرگەندەك، سەنمۇ ياخشىلىق، يامانلىق ئۇرۇقلىرىنى ئوخشاشلا چاچىۋېرىسەن. بۇ راستمۇ ـ ھە؟

— راست دەيسىز.

— مانا، مانا، ئۆزۈك ئىقرا! مەن سەممىتي ئادەملەرنى پاخشى كۆرىمەن، ئۇلار دات باسماس ئالتۇنغا، ئۇپرىماس ئالماسقا ئوخشايدۇ. سەمىمىيەتسىزلەر بولسا، يوچۇق كامارغا غىلدىرلاپ ئېقىنىپ، بىر يەردە توختىمايدىغان سىمابتەك بىر نىمىلەر.

— ئۇرۇمچىگە بارسىڭىز ماھىگۇل بىلەن كۆرۈشەمسىز؟ — مەھبۇبە مەست ئادەم راست گەپ قىلىدۇ دەپ ئاڭلىغاچقا كوچىلاپ سورىدى، — ئۇ توي قىلايلى دېسە قانداق قىلىسىز؟

— نېمانداق ئالجۇقا سۆزلەيسەن، ئۇنى كۆرمەياقلا قوياي، بولمىسا ...

— بولمىسا دېگىنىڭىز نېمىسى؟

— ئا... سوراۋەرمىسەڭچۇ، قانداق بولساشۇنداق بولمامدۇ.

مەھبۇبە ھېكمەتنىڭ سۆزلىرىدىن ئېنىق مەنا چىقىرالمىدى. ئۇنىڭ «كۆرمەيلا قوياي، بولمىسا» دېگىنى؛ «ئۇنى كۆرسەم كونا ئوتلار تۇتىشىپ، يەنە باغلىنىپ قالىمەن» دېگىنىمۇ ياكى «ئۇنى كۆرسەم تىللاپ قوغلىۋېتىمەن» دېمەكچىمۇ؟ ئەمىسە «قانداق بولسا، شۇنداق بولمامدۇ» دېگەن مۇجمەل سۆزلىرىچۇ؟

ئون يىل ئىلگىرى، ماھىگۇلنىڭ خېتى ھېكمەتنى ئازاب دېڭىزىغا تاشلىغان بولسا، ئەمدىلىكتە، ماھىگۇل توغرۇلۇق بولۇنغان بىر نەچچە ئېغىز سۆز، مەھبۇبەنىڭ يۈرىكىنى ئەندىشىگە سېلىپ قويىدى. زادى بۇ قېرى قىز ئەرۋاھىنىڭ سايىسىدەك ئەگىپ يۈرگىنى يۈرگەن. كۆڭۈل بېغىغا قورت چۈشكەندەك بولۇپ قالغان مەھبۇبە ئۇلۇغ كىچىك تىنىدى ـ دە، ئېرىنى ئەنجان قورۇسىغا ئەكىرىپ كەتتى...

تاڭ سەھەردىلا ئۆيدىن چىققان ھېكمەت مەھبۇبە؛ ئۇچقۇنچىلار مەدەنىيەت يۇرتىغا كېلىپ دەرۋازا ئالدىغا نەرسە كېرەك-

لەرنى توشىدى. ئۇنىڭغىچە نەبىمۇ كەلدى. ئۇ ھېكمەتنىڭ نەدە
قونغانلىقىنى بىلمىگەچكە ئېھتىيات قىلىپ سورىمىدى. بۇ
ئەسنادا ئالىمجان، ئامانىللا، شادىمانلار كېلىپ قالدى.
ئۇلار پاراڭلىشىپ تۇرغاندا ۋاڭ شۇمىي سومكىدا بىرنەرسە كۆتۈ-
رۈپ كەلدى. ئۇ قەغەزگە ئورالغان يوللۇقىنى ھېكمەتكە تۇتقۇ-
زۇپ قىزىرىپ كەتتى. ئاز ئۆتمەي سەئىدە، گۈلچىنىئاي بىلەن
يېتىپ كەلدى.

— ھېكمەت، — دېدى ئالىمجان يەرگە قويۇپ قويغان
نەرسىلەرگە قاراپ، — كامىلدىن ئاڭلىشىمچە سەن كەلگەندە
بىر چامادان، بىر سومكا بىلەن كەلگەن ئىكەنسەن، يىگىرمە
يىلدىن كېيىن يەنىلا شۇ بىر چامادان، بىر سومكا.

— ئەمما، — دېدى شادىمان كۈلۈپ، — ھېكمەتنىڭ
قەلب خەزىنىسىگە يۈكلەپ ماڭغان يۈكىنى، پۈتۈنسۇرۇك بىر
كارۋان توشۇپ تۈگىتەلمەيدۇ.

— بۇ ئۇخشىتىشنىڭ جايىدا بولدى، — دېدى
ئامانىللا، — ئۇ يۈك ھېكمەتنىڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە-ئاش-
ئۇزۇق بولايدۇ.

دوستلارنىڭ ئېيتقانلىرى بەرھەق ئىدى. ھېكمەت كەلگەن-
دە بىر كونا كۆن چامادان، بىر سومكا بىلەنلا كەلگەنىدى.
قايتقاندا يەنىلا شۇ، ئەمما ئۇنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن كەچمىشلەر،
دوستلىرىنىڭ كۆرگەن كۈنلىرى، بولۇپ ئۆتكەن پاجىئەلەر، بۇ
دۇنيا بىلەن خوشلىشىپ سەپەر قىلغان مەرھۇم ۋە مەرھۇمەلەر-
نىڭ ئۆمىد ئارزۇلىرى، ئالىمدىن زالىمغىچە، ئەمەلداردىن قە-
مارۋازغىچە، لۈكچەكلەرگىچە، مەرىپەت مەشئەللىرىدىن زې-
مىستان چىللايدىغان زاغلارغىچە، قارا كۆڭۈل لەئىنىتىلەردىن
ئاق كۆڭۈل ئاۋام دېھقانلارغىچە بولغان ئۆمۈر مەنزىلىدىكى تۈر-
لۈك - تۈمەن قىسمەتلەردىن ئىبارەت ھايات ئېقىنى، ھېكمەت-
نىڭ قەلب خەزىنىسىنى دۇرى - گۆھەر، ئىنجۇ - ياقۇتلار

بىلەن تولدۇرغانىدى!

يولۇچىلار ئاپتوبۇسى مەدەنىيەت يۇرتى ئالدىدا توختىدى. چامادان، ماي بوياق جازىلىرى ئۈستىگە بېسىلغاندىن كېيىن، ھېكمەت دوستلىرى بىلەن بىر - بىرلەپ قۇچاقلىشىپ خوشلاشتى. ئۇ سەئىدە، ۋاڭ شۇمىي، مەھبۇبەلەرگە خوش دەپ بولۇشى، ئۇچقۇنئاي بىلەن گۈلچىنئاي ئۇنى قۇچاقلىۋېلىپ چۇرقىرىشىپ يىغلاپ كېتىشتى. يولۇچىلارمۇ ئابتوبۇس دېرىزىلىرىدىن باشلىرىنى چىقىرىپ، بۇ جۇدالىق كۆرۈنۈشىنى تاماشا قىلىشاتتى. نەبى ھېكمەتنى چىڭ قۇچاقلاپ بىر ھازا قويۇپ بەرمىدى، ئۇنىڭ مۇرىلىرى تىترەۋاتاتتى. ھېكمەت نەبىنىڭ قولىقىغا «چوپچوڭ تۇرۇپ يىغلىساڭ سەت تۇرىدۇ» دەپ پىچىرلىدى.

ھېكمەت ھەممىگە قول پۇلاڭلىتىپ ئاپتوبۇس ئىشىكى ئالدىغا كېلىشىگە، مەھبۇبە يىغلامسىرىغىنىچە قاتتىق ۋارقىراپ ئېتىلىپ كەلدى.

— ھېكمەت! — قانچە قىلىپمۇ ئۆزىنى تۇتۇپ ئالالمىغان مەھبۇبە ئىزا نومۇسىنى قايرىپ ھېكمەتنىڭ باغرىغا تاشلاندى ۋە ھېچكىم ئاڭلالمىغۇدەك پىچىرلىدى، — قىزىڭىز ئۇچقۇننى ئۇنتۇپ قالماڭ، ماھىگۈل بىلەن يېقىنلاشماڭ...

ئاپتوبۇس «خوش»، «ئامان بول»، «خەت يېزىپ تۇر» دېگەندەك سادالار ئىچىدە قارىقاش يولىغا قايرىلدى. ھېكمەت دېرىزىدىن بېشىنى چىقىرىپ دوستلىرى كۆرۈنمەي قالغۇچە قاراپ قول پۇلاڭلىتىپ تۇردى.

— خوش دوستلار، خوش خوتەن!

يىگىرمە يىل كۈرەش ۋە ئىزدىنىش بىلەن ئۆتكەن دىيار ئارقىدا قالماقتا! ھېكمەتنىڭ كۆزلىرى لىپمۇ لىپ سۇزۇك ياش بىلەن تولدى. مانا بۇ 1981 - يىل فېۋرالنىڭ 9 - كۈنى ئىدى.

1999 يىل 4 - ئاينىڭ 15 - كۈنى.

مەسئۇل مۇھەررىر: سۇلتان ھاشىم
مەسئۇل كوررېكتور: ئاسىيە ئەخمەت
موقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى: جالالىدىن بەھرام

# لىيىغان بۇلاق (5) —
# ئاخىرقى دوقال

(رومان)

ئاپتورى: جالالىدىن بەھرام

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 №)
شىنجاڭدىكى ھەرقايسى شىنخۇا كىتابخانىلىرىدا سېتىلىدۇ
ئۈرۈمچى 14 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 850×1168 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 18.875 قىستۇرما ۋارىقى: 7
1999 ـ يىل 12 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
1999 ـ يىل 12 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى: 5,000 —— 1
ISBN7—228—05180—7/I • 1953
باھاسى: 26.50 يۈەن